# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

مۇئەللىپ

مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي

**6 ـ جىلد (5791 ـ ھەدىستىن 7235 ـ ھەدىسقىچە)**

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

تەشكىللىگۈچى: دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ (بۇغدا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرجىمە بۆلۈمى

تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان)
ئابدۇلخالىق ئابدۇلباقى (ئۇيغۇر)
مۆمىنجان سىدىق

مۇھەررىرى: سابىرجان

بەتچىك: ئا. روزى توختى

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

## بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە

**سەنەد** ــ ھەدىسشۇناستىن تاكى ھەدىسنىڭ تېكىستىگە توتاشقۇچە ئارىلىقتىكى راۋىيلار زەنجىرى «سەنەد» دېيىلىدۇ.

**سەھىھ** ـ بىرىنچىدىن، سەنەدى مۇتتەسىل (بىر ـ بىرىگە ئىزچىل تۇتاشقان) بولغان، يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاكى ھەدىسشۇناسقىچە بولغان سەنەد زەنجىرىنىڭ ھەممىسىدىكى راۋىي مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى راۋىيدىن بىۋاسىتە ئالغان؛ ئىككىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى ھەدىسنى پىششىق ياد ئېلىش ياكى يېزىپ قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان؛ تۆتىنچىدىن، ھەدىس شاز بولمىغان، يەنى ئىشەنچلىك بىر راۋىينىڭ ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىكرەك يەنە بىر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ ھەدىسىگە زىت بولمىغان؛ بەشىنچىدىن، ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىللەت (قۇسۇر) بولمىغان (يەنى مەزكۇر بەش شەرت تېپىلغان) ھەدىس «سەھىھ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**ھەسەن** ـ سەھىھ ھەدىسنىڭ بارلىق شەرتلىرى تېپىلغان، پەقەت ئۈچىنچى شەرت ھېسابلانغان "پىششىق ياد ئېلىش قابىلىيىتى" بىر ئاز تۆۋەن بولغان راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «ھەسەن» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**سەھىھ ۋە ھەسەن** ـ ئەگەر ھەدىس ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، مەزكۇر ھەدىس بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن سەھىھ يەنە بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن ھەسەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق ھەدىس بىرلا ۋاقىتتا «سەھىھ ۋە ھەسەن» دېيىلىدۇ. ناۋادا ھەدىسنىڭ سەنەدى بىر بولسا، مۇنداق ھەدىس بىر قىسىم كىشىلەر

تەرىپىدىن «سەھىھ»، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ھەسەن» دەپ قارالغان دېگەنلىك بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسقىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**زەئىپ** ـ ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەرسى تېپىلماي قېلىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ھەرقانداق ھەدىس «زەئىپ» دېيىلىدۇ. زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىلىرى سەنەدتىكى بىرەر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ شەرتكە تولۇق لايىق بولماسلىقىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس ئىنتايىن زەئىپ بولمىسا، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مەلۇم شەرت ئاستىدا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھەدىس ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن تېمىغا مۇراجىئەت قىلىڭ).

**ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ياكى تېكىستىدە ئۇنىڭ زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**سەنەدى سەھىھ** ـ ئەسلىدە بىر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن بولسا، سەھىھ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى ئۈچ شەرتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى، لېكىن ئاخىرقى ئىككى شەرتنى ئىسپاتلاشقا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھەدىس تەتقىقات ئىلمىدە تونۇلغان بىرەر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن، ئەمما مۇنداق دېيىشىنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ھەدىسنىڭ تېكىستىمۇ سەھىھ بولغان بولىدۇ.

**سەنەدى ھەسەن** ـ سەنەدى سەھىھ ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشمايدىغان، پەقەت ھەسەن ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشىدىغان ھەدىس «سەنەدى ھەسەن» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**مۇئەللەق** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ياكى ساھابىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ۋەياكى تابىئىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد كۆتۈرۈۋېتىلىپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «مۇئەللەق» دېيىلىدۇ. (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»دا كەلگەن مۇئەللەق ھەدىسلەردە: ''دېدى... ئېيتتى...'' دېگەندەك كەسكىن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ''دېيىلدى... ئېيتىلدى...'' دېگەندەك ئېھتىماللىق لەۋزى بىلەن كەلسە، ئۇنداق ھەدىس تەكشۈرۈلۈپ، ئاندىن باھا بېرىلىدۇ).

**مۇرسەل** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە تابىئىندىن ئىلگىرىكى كىشى (يەنى ساھابە) چۈشۈپ قالغان، يەنى بىرەر تابىئىن مەزكۇر ھەدىسنى: ''پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن... دېگىنىچە ئۆزى بىۋاسىتە باشلاپ كەتكەن بولسا، مۇنداق ھەدىس «مۇرسەل» دېيىلىدۇ (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما بەزى شەرتلەر ئاستىدا ئەمەل قىلىنىدىغان مۇرسەل ھەدىسلەرمۇ بار).

**مۇئزەل** ـ سەنەدتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈپ قالغان ھەدىس «مۇئزەل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇنقەتىئ** ـ سەنەد مەيلى بېشىدىن ياكى ئوتتۇرىسىدىن ۋەياكى ئاخىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈزۈلۈپ قالسا، يەنى ئارىدىن بىرەر راۋىي چۈشۈپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنقەتىئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇدەللەس** ـ سەنەدتىكى بىرەر ئەيىبنىڭ يوشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ (سەنەدنىڭ) تاشقى ھالىتىنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى «مۇدەللەس» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مەترۇك** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە يالغان ئېيتقانلىقى بايقالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مەترۇك» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇنكەر** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە كۆپ خاتالاشقان ياكى بىپەرۋالىق قىلغان ۋەياكى پاسىقلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنكەر» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىسى زەئىپ بىرىنىڭ رىۋايىتى ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايىتىگە زىت بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسى «مۇنكەر» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇزتەرىب** - بىر - بىرىدىن پەرقلىق بىرقانچە شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما دەرىجە كۈچى جەھەتتە ھەممە شەكلى تەڭلىشىپ قالىدىغان، لېكىن مەزمۇنى بىر - بىرىگە زىت بولغان، قايسىسىنىڭ قايسىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھەدىس «مۇزتەرىب» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، بىر رىۋايەتنىڭ يەنە بىرىدىن كۈچلۈك ياكى ساغلام ئىكەنلىكى بىلىنسە ئەمەل قىلىنىدۇ، بولمىسا ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**شاز** - ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «شاز» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**قۇددۇسىي** - پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارى الله تائالادىن بىزگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەن، لەۋزى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مەنىسى الله تائالاغا ئائىت بولغان ھەدىس «قۇددۇسىي» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەرفۇئ** - پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ياكى ماقۇللۇق ۋەياكى بىرەر سۈپەت تەسۋىرلەنگەن ھەدىس «مەرفۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەۋقۇف** - بىرەر ساھابىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ۋەياكى ماقۇللۇق تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەۋقۇف» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەرمۇ ھەدىسكە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەقتۇئ** ـ بىرەر تابىئىنگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەقتۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەر ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مۇتتەسىل** ـ سەنەدى مەرفۇئ ياكى مەۋقۇف ھالەتتە تۇتاشقان ھەدىس «مۇتتەسىل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەدىس ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىلىشىۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ۋە ئاتالغۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھەدىسنى ئوقۇش جەريانىدا، شۇ ھەدىسكە بېرىلگەن باھانىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى ۋە شۇنىڭغا قارىتا پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. الله تائالادىن بۇ كىتابنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز.

2009 ـ يىل

## ئۈزۈك سېلىش

5791 - عن أنس بن مالك رضي الله عنه أنه رأى في يد رسول الله صلى الله عليه وسلم خاتما من ورق يوما واحدا ثم إن الناس اصطنعوا الخواتيم من ورق ولبسوها فطرح رسول الله صلى الله عليه وسلم خاتمه فطرح الناس خواتيمهم.

5791 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىدا كۈمۈش ئۈزۈك كۆردۈم. ئارقىدىنلا ساھابىلەرمۇ كۈمۈش ئۈزۈك ياسىتىپ، قوللىرىغا سېلىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكىنى چىقىرىۋەتتى. ساھابىلەرمۇ شۇنداق قىلىشتى.

(بۇخارى: 5868)

5792 - عن أنس بن مالك أن رسول الله صلى الله عليه وسلم لبس خاتم فضة في يمينه فيه فص حبشي كان يجعل فصه مما يلي كفه.

5792 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەبەشىستاندا ياسالغان كۆز قويۇلغان بىر كۈمۈش ئۈزۈكنى ئوڭ قولىغا سېلىۋالاتتى ۋە ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى ئالقىنى تەرەپكە قىلىۋالاتتى.

(مۇسلىم: 2094)

5793 - عن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم أراد أن يكتب إلى كسرى وقيصر والنجاشي فقيل إنهم لا يقبلون كتابا إلا بخاتم فصاغ رسول الله صلى الله عليه وسلم خاتما حلقته فضة ونقش فيه محمد رسول الله.

5793 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىسرا، قەيسەر ۋە نەجاشىغا خەت يازماقچى بولغاندا: ''ئۇلار مۆھۈر بېسىلمىغان خەتنى قوبۇل قىلمايدۇ'' دېگەن پىكىر بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېغىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بىر تال مۆھۈر ئۈزۈكى ياساتتى ۋە ئۇنىڭغا ''مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ'' دېگەن خەتنى ئويدۇردى.

(مۇسلىم: 2092)

5794 - عَنْ أَنسٍ قَالَ كَانَ خَاتَمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي يَدِهِ وَفِي يَدِ أَبِي بَكْرٍ بَعْدَهُ وَفِي يَدِ عُمَرَ بَعْدَ أَبِي بَكْرٍ فَلَما كَانَ عُثْمَانُ جَلَسَ عَلَى بِئْرِ أَرِيسَ قَالَ فَـ أَخْرَجَ الْخَاتَمَ فَجَعَلَ يَعْبَثُ بِهِ فَسَقَطَ قَالَ فَاخْتَلَفْنَا ثَلَاثَةَ أَيامٍ مَعَ عُثْمَانَ فَنَزَحَ الْبِئْرَ فَلَمْ يَجِدْهُ.

5794 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۆھۈر ئۈزۈكىنى (ھايات ۋاقتىدا) ئۆزىنىڭ قولىدا تۇتقانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا بولدى. كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىغا ئالدى. بىر كۈنى، ئۇ ئەرىس قۇدۇقىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۈزۈكنى قولىدىن چىقىرىپ ئويناشقا باشلىدى. تۇساتتىن ئۈزۈك قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى. بىز بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئوسمان بىلەن ئۈچ كۈن تالاش ـ تارتىش قىلدۇق، ئوسمان قۇدۇق سۈيىنىڭ ھەممىسىنى تارتقۇزغان بولسىمۇ، ئۈزۈكنى تاپالمىدى.

(بۇخارى: 5879)

5795 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ صَنَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَاتَمًا قَالَ إِنا اتخَذْنَا خَاتَمًا وَنَقَشْنَا فِيهِ نَقْشًا فَلَا يَنقُشَن عَلَيْهِ أَحَدٌ قَالَ فَإِني لَأَرَى بَرِيقَهُ فِي خِنْصَرِهِ.

5795 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تال مۈھۈر ئۈزۈكى ياساتتى. ئاندىن:

ـ بىز مۆھۈر ئۈزۈكى سالدۇق ۋە ئۇ ئۈزۈككە خەت ئويدۇق. شۇڭا ھېچكىم بۇ خەتكە ئوخشاش خەت ئويدۇرمىسۇن! - دېدى. ئۇ ئۈزۈكنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىمچىلاق بارمىقىدا پارقىراپ تۇرغان ھالىتى تېخىچە كۆز ئالدىمدا.

(بۇخارى: 5874)

5796 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ خَاتَمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ فِضةٍ كُلهُ فَصهُ مِنْهُ.

5796 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكىنىڭ بېغى، كۆزى، ئىشقىلىپ ھەممە يېرى كۈمۈش ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4217)

5797 - عَنْ أَنسٍ قَالَ كَانَ نَقْشُ خَاتَمِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثَةَ أَسْطُرٍ مُحَمدٌ سَطْرٌ وَرَسُولُ سَطْرٌ وَاللهِ سَطْرٌ.

5797 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكىدە ئۈچ قۇر خەت بار بولۇپ، بىر قۇرغا "مۇھەممەد"، يەنە بىر قۇرغا "رەسۇل"، يەنە بىر قۇرغا "الله" دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىدى[2].

(تىرمىزى: 1748)

5798 - عَنْ أَنسٍ أَن أَبَا بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ لَما اسْتُخْلِفَ بَعَثَهُ إِلَى الْبَحْرَيْنِ وَكَتَبَ لَهُ هَذَا الْكِتَابَ وَخَتَمَهُ بِخَاتَمِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ نَقْشُ الْخَاتَمِ ثَلَاثَةَ أَسْطُرٍ مُحَمدٌ سَطْرٌ وَرَسُولُ سَطْرٌ وَاللهِ سَطْرٌ.

---

[1] ئەلبانى (3352): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1428): سەھىھ ـ دېگەن.

5798 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغان زاماندا، مېنى بەھرەينگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ۋە بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۆھۈرىنى باستى. ئۇ مۆھۈرنىڭ خېتى ئۈچ قۇر بولۇپ، بىرىنچى قۇرغا "مۇھەممەد"، ئىككىنچى قۇرغا "رەسۇل"، ئۈچىنچى قۇرغا "الله" دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىدى.

(بۇخارى: 3106)

5799 - عَنْ أَنسٍ قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ اتخَذَ حَلْقَةً مِنْ فِضةٍ فَقَالَ مَنْ أَرَادَ أَنْ يَصُوغَ عَلَيْهِ فَلْيَفْعَلْ وَلَا تَنْقُشُوا عَلَى نَقْشِهِ.

5799 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ كەلدى. ئۇ قولىغا كۈمۈش ئۈزۈك سېلىۋالغان بولۇپ:

ـ بۇنىڭغا ئوخشاش ئۈزۈك ياساتماقچى بولساڭلار ياساتىڭلار، ئەمما كۆزىگە بۇنىڭدىكىگە ئوخشاش خەت ئويدۇرماڭلار! ـ دېدى[1].

(نەسائى: 5207)

5800 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَسْتَضِيئُوا بِنَارِ الْمُشْرِكِينَ وَلَا تَنْقُشُوا عَلَى خَوَاتِيمِكُمْ عَرَبِيا.

5800 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇشرىكلاردىن مەسلىھەت ئالماڭلار. ئۈزۈكلىرىڭلارغا ئەرەبلەرگە تونۇلغان (مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ دېگەن) مۆھۈرنى ئويدۇرماڭلار»[2].

(نەسائى: 5209)

[1] ئەلبانى (4805): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (399): زەئىپ، ـ دېگەن.

5801 - عَنْ ٱبنِ عُمَرَ قَالَ اتخَذَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَاتَمًا مِنْ ذَهَبٍ ثُم أَلْقَاهُ ثُم اتخَذَ خَاتَمًا مِنْ وَرِقٍ وَنَقَشَ فِيهِ مُحَمدٌ رَسُولُ اللهِ وَقَالَ لَا يَنقُشْ أَحَدٌ عَلَى نَقْشِ خَاتَمِي هَذَا وَكَانَ إِذَا لَبِسَهُ جَعَلَ فَصهُ مِما يَلِي بَطْنَ كَفهِ وَهُوَ الذِي سَقَطَ مِنْ مُعَيْقِيبٍ فِي بِئْرِ أَرِيسٍ.

5801 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن ئۈزۈك سالدى، ئاندىن ئۇنى تاشلىۋېتىپ، كۈمۈش ئۈزۈك سالدى ۋە ئۇنىڭغا ''مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ'' دېگەن خەتنى ئويدۇردى. ئاندىن:

ــ ھېچكىم بۇ ئۈزۈكۈمنىڭ خېتىگە ئوخشاش خەت ئويدۇرمىسۇن! ـ دېدى. ئەگەر ئۇنى قولىغا سالسا، كۆزىنى ئالقىنى تەرەپكە قىلاتتى. مۇئەيقىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدىن ئەرىس قۇدۇقىغا چۈشۈپ كەتكەن ئۈزۈك دەل شۇ ئىدى.

(مۇسلىم: 2091)

5802 - عَنْ ٱبنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَبِسَ خَاتَمًا مِنْ ذَهَبٍ ثَلَاثَةَ أَيامٍ فَلَما رَآهُ أَصْحَابُهُ فَشَتْ خَوَاتِيمُ الذهَبِ فَرَمَى بِهِ فَلَا نَدْرِي مَا فَعَلَ ثُم أَمَرَ بِخَاتَمٍ مِنْ فِضةٍ فَأَمَرَ أَنْ يَنقَشَ فِيهِ مُحَمدٌ رَسُولُ اللهِ وَكَانَ فِي يَدِ رَسُولِ اللهِ حَتى مَاتَ وَفِي يَدِ أَبِي بَكْرٍ حَتى مَاتَ وَفِي يَدِ عُمَرَ حَتى مَاتَ وَفِي يَدِ عُثْمَانَ سِت سِنِينَ مِنْ عَمَلِهِ فَلَما كَثُرَتْ عَلَيْهِ الْكُتُبُ دَفَعَهُ إِلَى رَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ فَكَانَ يَخْتِمُ بِهِ فَخَرَجَ الْأَنصَارِي إِلَى قَلِيبٍ لِعُثْمَانَ فَسَقَطَ فَالْتُمِسَ فَلَمْ يُوجَدْ فَأَمَرَ بِخَاتَمٍ مِثْلِهِ وَنَقَشَ فِيهِ مُحَمدٌ رَسُولُ اللهِ.

5802 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ كۈن ئالتۇن ئۈزۈك سالدى. ساھابىلەر بۇنى كۆرۈپ ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئۈزۈكنى تاشلىۋەتتى. بىز ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلمەي قالدۇق. ئاندىن بىر تال كۈمۈش ئۈزۈك بۇيرۇتتى ۋە ئۇنىڭغا ''مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ'' دېگەن خەتنى ئويۇشقا بۇيرۇدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇ ئۈزۈكنى ئۆز قولىدا تۇتتى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىغا ئېلىپ، ئۇمۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر تۇتتى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنى قولىدا تۇتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى ئالتە يىلىدا ئۇنى قولىدا تۇتتى. كېيىن، تەرەپ ــ تەرەپلەرگە ئەۋەتىلىدىغان خەتلەر كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئۈزۈكنى ئەنسارىلاردىن بىرىگە تۇتقۇزغان بولۇپ، خەتلەرگە شۇ ئەنسارى مۆھۈر باساتتى. بىر كۈنى، ئۇ ئەنسارى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئائىت قەلىيب قۇدۇقىغا چىققاندى، توساتتىن ئۈزۈك شۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنى كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ئۈزۈككە ئوخشاش ئۈزۈك بۇيرۇتتى ۋە ئۇنىڭغىمۇ ”مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ“ دېگەن خەتنى ئويدۇردى①.

(نەسائى: 5217)

5803 - عَنْ ٱبنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اتخَذَ خَاتَمًا مِنْ ذَهَبٍ وَكَانَ جَعَلَ فَصهُ فِي بَاطِنِ كَفهِ فَاتخَذَ الناسُ خَوَاتِيمَ مِنْ ذَهَبٍ فَطَرَحَهُ رَسُولُ اللهِ صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَطَرَحَ الناسُ خَوَاتِيمَهُمْ وَاتخَذَ خَاتَمًا مِنْ فِضةٍ فَكَانَ يَخْتِمُ بِهِ وَلَا يَلْبَسُهُ.

5803 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن ئۈزۈك سالدى ۋە ئۇنىڭ كۆزىنى ئالقىنى تەرەپكە قىلىۋالدى. باشقىلارمۇ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشقا باشلىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكنى تاشلىۋەتتى. ئارقىدىنلا باشقىلارمۇ ئۈزۈكلىرىنى تاشلىۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈمۈش ئۈزۈك ياساتتى. ئۇنىڭ بىلەن مۆھۈر باساتتى، لېكىن قولىغا سالمايتتى②.

(نەسائى: 5292)

① ئەلبانى (401): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (4814): ”قولىغا سالمايتتى“ دېگەن جۈملىدىن باشقىسى سەھىھ ـ دېگەن.

5804 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ قَالَ قَالَ عُمَرُ لِصُهَيْبٍ مَا لِي أَرَى عَلَيْكَ خَاتَمَ الذهَبِ قَالَ قَدْ رَآهُ مَنْ هُوَ خَيْرٌ مِنْكَ فَلَمْ يَعِبْهُ قَالَ مَنْ هُوَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5804 ـ ئىبنى مۇسەييەبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋاپسەنغۇ؟ - دەپ سورىغاندى، سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئالتۇن ئۈزۈك سالغىنىمنى سەندىن ياخشى بىرى كۆرگەن بولسىمۇ، مېنى ئەيىبلىمىگەنىدى، - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇ كىم؟ - دەپ سورىدى. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، - دەپ جاۋاب بەردى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5805 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَيْهِ خَاتَمٌ مِنْ حَدِيدٍ فَقَالَ مَا لِي أَرَى عَلَيْكَ حِلْيَةَ أَهْلِ النارِ ثُم جَاءَهُ وَعَلَيْهِ خَاتَمٌ مِنْ صُفْرٍ فَقَالَ مَا لِي أَجِدُ مِنْكَ رِيحَ الْأَصْنَامِ ثُم أَتَاهُ وَعَلَيْهِ خَاتَمٌ مِنْ ذَهَبٍ فَقَالَ مَالِي أَرَى عَلَيْكَ حِلْيَةَ أَهْلِ الْجَنةِ قَالَ مِنْ أَيِ شَيْءٍ أَتخِذُهُ قَالَ مِنْ وَرِقٍ وَلَا تُتِمهُ مِثْقَالًا.

5805 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدەنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا تۆمۈر ئۈزۈك بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن نېمىشقا دوزاخ ئەھلىنىڭ زىننەت بۇيۇمىنى سېلىۋالدىڭ؟ - دېدى. كېيىن ئۇ ئادەم تۇچتىن ياسالغان بىر ئۈزۈك سېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمىشقا سېنىڭدىن بۇتلارنىڭ ھىدى كېلىدۇ؟ - دېدى. كېيىن ئۇ ئادەم ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ نېمىشقا جەننەت ئەھلىنىڭ زىننەت بۇيۇمىنى تاقىۋالدىڭ؟ ـ دېدى. ئۇ:

ــ ئۇنداقتا قانداق ئۈزۈك سالسام بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كۈمۈشتىن ياسالغان ئۈزۈك سالغىن ۋە بىر مىسقالدىن ئاشۇرىۋەتمىگىن! ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 1785)

5806 - عن أبي ذُبابٍ قَالَ كَانَ خَاتَمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ حَدِيدٍ مَلْوِي عَلَيْهِ فِضةٌ قَالَ فَرُبمَا كَانَ فِي يَدِهِ قَالَ وَكَانَ الْمُعَيْقِيبُ عَلَى خَاتَمِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5806 ـ ئەبۇ زۇبابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈمۈش قاپلانغان تۆمۈر ئۈزۈكى بار ئىدى. بەزىدە ئۇ ئۈزۈكنى قولىغا سېلىۋالاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئۈزۈكنى (مۆھۈر ئورنىدا قوللانغانلىقتىن) مۇئەيقىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇ ئۈزۈكنى ساقلاشقا بەلگىلىگەنىدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4224)

5807 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَى خَاتَمًا مِنْ ذَهَبٍ فِي يَدِ رَجُلٍ فَنَزَعَهُ فَطَرَحَهُ وَقَالَ يَعْمِدُ أَحَدُكُمْ إِلَى جَمْرَةٍ مِنْ نَارٍ فَيَجْعَلُهَا فِي يَدِهِ فَقِيلَ لِلرجُلِ بَعْدَ مَا ذَهَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُذْ خَاتِمَكَ انْتَفِعْ بِهِ قَالَ لَا وَاللهِ لَا آخُذُهُ أَبَدًا وَقَدْ طَرَحَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5807 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر

[①] ئەلبانى (301): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (907): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئادەمنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆردى - دە، ئۇنى چىقىرىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن:

- بىرىڭلار قوپقىنىچە بېرىپ، چوغنى قولىغا سېلىۋالامدۇ؟ - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمگە:

— ئۈزۈكىڭنى ئېلىپ، باشقا پايدىلىق ئىشقا ئىشلەتكىن! — دېيىلىۋېدى، ئۇ:

- ياق، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاشلىۋەتكەن ئۈزۈكنى ھەرگىز ئالمايمەن، - دېدى.

(مۇسلىم: 2090)

5808 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ أَقْبَلَ رَجُلٌ مِنْ الْبَحْرَيْنِ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَلمَ فَلَمْ يَرد عَلَيْهِ وَكَانَ فِي يَدِهِ خَاتَمٌ مِنْ ذَهَبٍ وَجُبةُ حَرِيرٍ فَأَلْقَاهُمَا ثُم سَلمَ فَرد عَلَيْهِ السلَامَ ثُم قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَتَيْتُكَ آنِفًا فَأَعْرَضْتَ عَني فَقَالَ إِنهُ كَانَ فِي يَدِكَ جَمْرَةٌ مِنْ نَارٍ قَالَ لَقَدْ جِئْتُ إِذًا بِجَمْرٍ كَثِيرٍ قَالَ إِن مَا جِئْتَ بِهِ لَيْسَ بِأَجْزَأَ عَنا مِنْ حِجَارَةِ الْحَرةِ وَلَكِنهُ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدنْيَا قَالَ فَمَاذَا أَتَخَتمُ قَالَ حَلْقَةً مِنْ حَدِيدٍ أَوْ وَرِقٍ أَوْ صُفْرٍ.

5808 - ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم بەھرەيندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردى. بىراق پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك، ئۈچىسىدا يىپەك تون بار ئىدى. ئۇ ئادەم ئۈزۈكنى ئېلىپ، يىپەك تونىنىمۇ سېلىۋېتىپ، ئاندىن سالام قىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. ئۇ ئادەم:

— ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! باياتىن ئالدىڭغا كەلسەم، ماڭا قارىمىغانىدىڭغۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ چاغدا سىېنىڭ قولۇڭدا چوغ بار ئىدى، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:
ـ ئۇنداقتا، مەن ناھايىتى جىق چوغ (بەھرەيندىن زاكاتقا ھېسابلاپ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇنلارنى ـ دېمەكچى) ئېلىپ كەلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ سىېنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرىڭنىڭ بىزگە نىسبەتەن سايىنىڭ تاشلىرىدىن ھېچ پەرقى يوق، لېكىن ئۇ دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ بايلىقى ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:
ـ ئۇنداقتا، مەن نېمىدىن ئۈزۈك سالسام بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ تۆمۈر، كۈمۈش ۋەياكى تۇچتىن سالساڭ بولىدۇ، ـ دېدى[1].
(نەسائى: 5206)

5809 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اتخَذَ خَاتَمًا فَلَبِسَهُ قَالَ شَغَلَنِي هَذَا عَنْكُمْ مُنْذُ الْيَوْمَ إِلَيْهِ نَظْرَةٌ وَإِلَيْكُمْ نَظْرَةٌ ثُم أَلْقَاهُ.

5809 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇمـادىن مۇنـداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئۈزۈك ياسىتىپ قولىغا سالدى. ئاندىن:
ـ بۇ ئۈزۈك مېنى پۈتۈن كۈن مەشغۇل قىلىپ قويدى. بىر ئۇنىڭغا قارايمەن، بىر سىلەرگە قارايمەن، ـ دېدى ۋە ئۇنى چىقىرىپ ئاتتى[2].
(نەسائى: 5289).

5810 - قَالَ يَحْيى: وَأَنَا أَكْرَهُ أَنْ يَلْبَسَ الْغِلْمَانُ شَيْئًا مِنْ الذهَبِ لِأَنهُ بَلَغَنِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ تَخَتمِ الذهَبِ فَأَنَا أَكْرَهُهُ لِلرجَالِ الْكَبِيرِ مِنْهُمْ وَالصغِيرِ.

5810 ـ يەھيا مۇنداق دېگەن: مەن ئوغۇللارنىڭ ئالتۇندىن بىرەر نەرسە ياسىتىپ ئىشلىتىشىنى ياقتۇرمايمەن. چۈنكى ماڭا پەيغەمبەر

[1] ئەلبانى (398): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (4883): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشنى چەكلىگەنلىكى يەتتى. شۇڭا مەن مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بالا بولسۇن، ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرمەيمەن.

(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان)

5811 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَدِمَتْ عَلَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِلْيَةٌ مِنْ عِنْدِ النجَاشِي أَهْدَاهَا لَهُ فِيهَا خَاتَمٌ مِنْ ذَهَبٍ فِيهِ فَص حَبَشِي قَالَـتْ فَأَخَـذَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعُودٍ مُعْرِضًا عَنْهُ أَوْ بِبَعْضِ أَصَابِعِهِ ثُم دَعَا أُمَامَةَ ابْنَةَ أَبِي الْعَا ٱ ِ ابْنَةَ ابْنَتِهِ زَيْنَبَ فَقَالَ تَحَلىْ بِهَذَا يَا بُنَيةُ.

5811 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: نەجاشىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەن زىننەت بۇيۇملىرى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك بولۇپ بار، ئۇنىڭ كۆزى ھەبەشىستاندا ياسالغانىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئۈزۈكنى قارىماي تۇرۇپ ياغاچ بىلەن (ياكى قولىنىڭ ئۇچىدا) ئالدى. ئاندىن زەينەبنىڭ قىزى (يەنى نەۋرىسى) ئۇمامە بىنتى ئەبۇلئاسنى چاقىرىپ:

ــ ئەي قىزىم! بۇ ئۈزۈكنى سەن سېلىۋالغىن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4235)

5812 - عن ابن عباس: أن النساء كُن يَلْبِسْنَ القَتَـ والخَواتيمَ والخُر ٱ والسخَابَ على عهد رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وإن ذلك ما كُن يُلبِسْنهُ أولادَهُن الذكورَ.

5812 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە ئاياللار كۆزسىز ئۈزۈكلەر، نورمال ئۈزۈكلەر، ھالقىلار ۋە زەنجىرلەرنى سالاتتى ۋە ئوغۇللىرىغىمۇ شۇنداق بۇيۇملارنى سېلىپ قوياتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (3564): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

5813 - قَالَ عَلِي نَهَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ أَتخَتمَ فِي إِصْبَعِي هَذِهِ أَوْ هَذِهِ قَالَ فَأَوْمَأَ إِلَى الْوُسْطَى وَالتِي تَلِيهَا.

5813 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ياكى بۇ بارمىقىمغا ئۈزۈك سېلىشتىن توسقانىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2078)

5814 - وفي رواية: نَهَانِي نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْخَاتَمِ فِي السبابَةِ وَالْوُسْطَى.

5814 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسەتكۈچ بارمىقىم بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىمغا ئۈزۈك سېلىشتىن توسقانىدى، ـ دېگەن[1].

(نەسائى: 5286)

5815 - عَنْ أَنسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَتخَتمُ فِي يَمِينِهِ.

5815 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكنى ئوڭ قولىغا سالاتتى[2].

(نەسائى: 5283)

5816 - وفي رواية: كَأَني أَنْظُرُ إِلَى وَبِيصِ خَاتِمِهِ مِنْ فِضةٍ وَرَفَعَ إِصْبَعَهُ الْيُسْرَى الْخِنْصَرَ.

5816 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سول قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: مەن ھازىر ئۈزۈمنى خۇددى

[1] ئەلبانى (4808): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4804): سەھىھ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (سول قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىدىكى) كۈمۈش ئۈزۈكىنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، ـ دېگەن[①].

(نەسائى: 5285)

5817 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ إِسْحَقَ قَالَ رَأَيتُ عَلَى الصلْتِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ نَوْفَلِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ خَاتَمًا فِي خِنْصَرِهِ الْيُمْنَى فَقُلْتُ مَا هَذَا قَالَ رَأَيْتُ ابْنَ عَباسٍ يَلْبَسُ خَاتَمَهُ هَكَذَا وَجَعَلَ فَصهُ عَلَى ظَهْرِهَا قَالَ وَلَا يَخَالُ ابْنَ عَباسٍ إِلا قَدْ كَانَ يَذْكُرُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَلْبَسُ خَاتَمَهُ كَذَلِكَ.

5817 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن سەلت ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ئوڭ قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى كۆرۈپ:

ــ بۇ نېمە قىلىق؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ئۈزۈكنى مۇشۇنداق سېلىپ، كۆزىنى بارمىقىنىڭ دۈمبىسى تەرەپكە قىلىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكنى مۇشۇنداق سالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4229)

5818 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَتَخَتمُ فِي يَسَارِهِ وَكَانَ فَصهُ فِي بَاطِنِ كَفهِ.

5818 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكنى سول قولىغا سالاتتى ۋە كۆزىنى ئالقىنى تەرەپكە قىلىۋالاتتى[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 4227)

---

[①] ئەلبانى (4802): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3559): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (980): بۇ رىۋايەت شاز، ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتتە: "ئوڭ قولىغا سالاتتى" دېيىلىدۇ، ـ دېگەن.

5819 - عَنْ أَبِي رَيْحَانَةَ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ عَشْرٍ عَنْ الْوَشْرِ وَالْوَشْمِ وَالنَّتفِ وَعَنْ مُكَامَعَةِ الرجُلِ الرجُلَ بِغَيْرِ شِعَارٍ وَعَنْ مُكَامَعَةِ الْمَرْأَةِ الْمَرْأَةَ بِغَيْرِ شِعَارٍ وَأَنْ يَجْعَلَ الرجُلُ فِي أَسْفَلِ ثِيَابِهِ حَرِيرًا مِثْلَ الْأَعَاجِمِ أَوْ يَجْعَلَ عَلَى مَنْكِبَيْهِ حَرِيرًا مِثْلَ الْأَعَاجِمِ وَعَنْ النهْبَى وَرُكُوبِ النمُورِ وَلُبُوسِ الْخَاتَمِ إِلا لِذِي سُلْطَانٍ.

5819 ـ ئەبۇ رەيھانەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىشنى (ئىنچىكىلىتىش ئۈچۈن) قىرىدۇرۇش، خال چەكتۈرۈش، تۈكنى يۇلۇش، بىر ئەرنىڭ يەنە بىر ئەر بىلەن (بىر تۆشەكتە) يالىڭاچ يېتىشى، بىر ئايالنىڭ يەنە بىر ئايال بىلەن قىپيالىڭاچ يېتىشى، يات مىللەتلەرگە ئوخشاش كىيىمنىڭ پەۋازلىرىغا ۋە مۈرىلىرىگە يىپەك تۇتۇش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، يولۋاس تېرىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇش، ئىش بېشىدىكىلەر (يەنى باشلىقلار)دىن باشقىلارنىڭ ئۈزۈك سېلىشىدىن ئىبارەت ئون تۈرلۈك ئىشنى چەكلىگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4049)

5820 - عن مُحَمد بْن مَالِكٍ قَالَ رَأَيْتُ عَلَى الْبَرَاءِ خَاتَمًا مِنْ ذَهَبٍ وَكَانَ الناسُ يَقُولُونَ لَهُ لِمَ تَخَتمُ بِالذهَبِ وَقَدْ نَهَى عَنْهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ الْبَرَاءُ بَيْنَا نَحْنُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبَيْنَ يَدَيْهِ غَنِيمَةٌ يَقْسِمُهَا سَبْيٌ وَخُرْثِي قَالَ فَقَسَمَهَا حَتى بَقِيَ هَذَا الْخَاتَمُ فَرَفَعَ طَرْفَهُ فَنظَرَ إِلَى أَصْحَابِهِ ثُم خَفضَ ثُم رَفَعَ طَرْفَهُ فَنظَرَ إِلَيْهِمْ ثُم خَفضَ ثُم رَفَعَ طَرْفَهُ فَنظَرَ إِلَيْهِمْ ثُم قَالَ أَيْ بَرَاءُ فَجِئْتُهُ حَتى قَعَدْتُ بَيْنَ يَدَيْهِ فَأَخَذَ الْخَاتَمَ فَقَبَضَ عَلَى كُرْسُوعِي ثُم قَالَ خُذْ الْبَسْ مَا كَسَاكَ اللهُ وَرَسُولُهُ قَالَ وَكَانَ الْبَرَاءُ يَقُولُ كَيْفَ تَأْمُرُونِي أَنْ أَضَعَ مَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْبَسْ مَا كَسَاكَ اللهُ وَرَسُولُهُ.

[1] ئەلبانى (875): زەئىپ، ـ دېگەن.

5820 ـ مۇھەممەد ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغانلىقىنى كۆردۇم. كىشىلەر:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشنى چەكلىگەن تۇرسا، سەن نېمىشقا ئالتۇن ئۈزۈك سالدىڭ؟ ـ دېيىشىپ ئېتىراز بىلدۈرگەندى، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بىر كۈنى، بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئىدۇق، ئۇنىڭ ئالدىدا غەنىمەتلەر بولۇپ، بۇ غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتاتتى. ئاخىرىدا، بۇ ئۈزۈك ئېشىپ قالدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ساھابىلىرىگە قارىدى، ئاندىن تۆۋەن قارىدى. ئاندىن يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى، ئاندىن تۆۋەن قارىدى. ئاندىن يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى ۋە:

ــ ئەي بەرا! ــ دەپ توۋلىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ بۇ ئۈزۈكنى ئالدى ۋە قولۇمنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇپ:

ــ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ساڭا بەرگەن بۇ ئۈزۈكنى قولۇڭغا سېلىۋالغىن، ـ دېدى.

بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمىشە:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ساڭا بەرگەن بۇ ئۈزۈكنى قولۇڭغا سېلىۋالغىن» دېگەن تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ مېنى ئۇنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇيسىلەر؟! ــ دەيتتى.

(ئەھمەد: 18128)

5821 - عن عبادة بن الصامت عن النبي صلى الله عليه وسلم قال كـان فـص خاتم سليمان بن داود سماويا فألقي عليه فأخذه فوضعه في خاتمه وكان نقشه أنا الله لا إله إلا أنا، محمد عبدي ورسولي.

5821 ــ ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىنىڭ كۆزى ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئالدى ۋە ئۈزۈكىگە سالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە: ”مەن اللهتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد مېنىڭ بەندەم ۋە ئەلچىمدۇر“ دېگەن خەت ئويۇلغانىدى»[1].

(«ئەلكەبىر»)

5822 - عن أبي موسى قال رأني رسول الله صلى الله عليه وسلم وأنا ألبس خاتمي في السبابة والوسطى فقال إنما الخاتم لهذه وهذه يعني الخنصر والبنصر.

5822 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئۈزۈكىمنى كۆرسەتكۈچ بارمىقىم بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىمغا سېلىپ ـ چىقىرىپ تۇرسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرۈپ:

ـ ئۈزۈك بۇ ۋە بۇ بارماققا سېلىنىدۇ، ـ دەپ، ئۈزۈك بارماق بىلەن چىمچىلاق بارماقنى كۆرسەتتى[2].

(«ئەلكەبىر»)

5823 - عَنْ جَمِيلِ بن زَيْدٍ، قَالَ: رَأَيْتُ خَمْسَةً مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَلْبَسُونَ خَوَاتِيمَ الذهَبِ، مِنْهُمْ زَيْدُ بن جَارِيَةَ، وَزَيْدُ بن أَرْقَمَ، وَالْبَرَاءُ بن عَازِبٍ، وَأَنَسُ بن مَالِكٍ، وَعَبْدُ اللهِ بن يَزِيدَ.

5823 ـ جەمىل ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ساھابىلاردىن ئالتۇن ئۈزۈك سالغان بەش كىشىنى

---

[1] ھەيسەمى (8727): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى مۇخەللەد رۇئەينى ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8729): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئۆبەيدۇللاھ ئىسىملىك بىرى بار. گەرچە ئۇ ئەرزىمىلىك بولسىمۇ، ھەدىسى زەئىپتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

كۆردۈم. ئۇلار: زەيد ئىبنى جارىيە، زەيد ئىبنى ئەرقەم، بەرا ئىبنى ئازىب، ئەنەس ئىبنى مالىك ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد قاتارلىقلار[1].

(«ئەلكەبىر»: 5148)

5824 - عن فاطمة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «من تختم بالعقيق لم يزل يرى خيرا».

5824 ــ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەقىق تېشىدىن ئۈزۈك سالسا، ھەمىشە ياخشىلىق كۆرىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 103)

---

[1] ھەيسەمى (8737): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى جەمىل ئىسىملىك كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدىم. قالغان راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8744): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىي ئەمر ئىبنى رەشىد بۇ ھەدىسنى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بىۋاسىتە ئاڭلىمىغان. راۋىيلاردىن يەنە بىرى زۇھەير ئىبنى ئەبباد رەۋاسى بولۇپ، ئەبۇ ھاتەم ئۇنى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## زىننەت بۇيۇملىرى ۋە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملار

5825 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كُنتُ قَاعِدًا عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتَتْهُ امْرَأَةٌ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ سِوَارَيْنِ مِنْ ذَهَبٍ قَالَ سِوَارَانِ مِنْ نَارٍ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ طَوْقٌ مِنْ ذَهَبٍ قَالَ طَوْقٌ مِنْ نَارٍ قَالَتْ قُرْطَيْنِ مِنْ ذَهَبٍ قَالَ قُرْطَيْنِ مِنْ نَارٍ قَالَ وَكَانَ عَلَيْهِمَا سِوَارَانِ مِنْ ذَهَبٍ فَرَمَتْ بِهِمَا قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن الْمَرْأَةَ إِذَا لَمْ تَتَزَينْ لِزَوْجِهَا صَلِفَتْ عِنْدَهُ قَالَ مَا يَمْنَعُ إِحْدَاكُن أَنْ تَصْنَعَ قُرْطَيْنِ مِنْ فِضةٍ ثُم تُصَفرَهُ بِزَعْفَرَانٍ أَوْ بِعَبِيرٍ.

5825 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتىم. بىر ئايال كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئالتۇندىن ئىككى بىلەيزۈك بار (ئۇنى قولۇمغا سالسام بولامدۇ؟) ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئوتتىن ئىككى بىلەيزۈك بار ئىكەن (ئۇنى سالمىغىن)، ـ دېدى. ئۇ:

ـــ بىر ئالتۇن زەنجىر بار (ئۇنى ئېسىۋالسام بولامدۇ؟) ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ ئوت زەنجىردۇر (ئاسمىغىن)، ـ دېدى. ئۇ:

ــ ئىككى ئالتۇن ھالقا بار (ئۇنى سېلىۋالسام بولامدۇ؟) ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئوتتىن ئىككى ھالقا بار ئىكەن (ئۇنى سالمىغىن)، ـ دېدى. ئۇ ئايال قولىدىكى ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈكنى دەرھال چىقىرىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر خوتۇن كىشى ئېرى ئۈچۈن ياسانمىسا، ئۇنىڭغا سەت كۆرۈنۈپ قالىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئىككى كۈمۈش ھالقا ياسىتىپ، ئۇنى زەپىران ياكى ئەبىر[①] بىلەن ئالتۇن رەڭگە بوياپ سىلىۋالساڭلار بولمامدۇ؟ ـ دېدى[②].

(نەسائى: 5142)

5826 - عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم رَأى عَلَيْها مَسَكَتَيْ ذَهَبٍ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلم أَلَا أُخْبِرُكِ بِمَا هُوَ أَحْسَنُ مِنْ هَذَا لَوْ نَزَعْتِ هَـذَا وَجَعَلْتِ مَسَكَتَيْنِ مِنْ وَرِقٍ ثُم صَفرْتِهِمَا بِزَعْفَرَانٍ كَانَتَا حَسَنَتَيْنِ.

5826 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولۇمدىكى ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈكنى كۆرۈپ:

— مەن بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ بۇ بىلەيزۈكلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى كۈمۈش بىلەيزۈك ياسىتىپ، ئۇنى زەپىران بىلەن ساغارتساڭ، تېخىمۇ چىرايلىق بولىدۇ، ـ دېدى[③].

(نەسائى: 5143)

5827 - عَنْ ثَوْبَانَ مَوْلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ جَاءَتْ بِنْتُ هُبَيْرَةَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَفِي يَدِهَا فَتَخٌ فَقَالَ كَذَا فِي كِتَابِ أَبِي أَيْ خَوَاتِيمُ ضِخَامٌ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَضْرِبُ يَدَهَا فَدَخَلَتْ عَلَى فَاطِمَـةَ بِنْـتِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَشْكُو إِلَيْهَا الذِي صَنَعَ بِهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَانْتَزَعَتْ فَاطِمَةُ سِلْسِلَةً فِي عُنُقِهَا مِنْ ذَهَبٍ وَقَالَتْ هَذِهِ أَهْدَاهَا إِلَي أَبُـو حَسَـنٍ

① خۇشپۇراقلىق ماتېرىياللاردىن يۇغۇرۇلغان بىر خىل خۇشپۇراقلىق ماددا.

② ئەلبانى (392): زەئىپ، ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (4749): سەھىھ ـ دېگەن.

فَدَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالسلْسِلَةُ فِي يَدِهَا فَقَالَ يَا فَاطِمَةُ أَيَغُرك أَنْ يَقُولَ الناسُ ابْنَةُ رَسُولِ اللهِ وَفِي يَدِهَا سِلْسِلَةٌ مِنْ نَارٍ ثُم خَرَجَ وَلَمْ يَقْعُدْ فَأَرْسَلَتْ فَاطِمَةُ بِالسلْسِلَةِ إِلَى السوقِ فَبَاعَتْهَا وَاشْتَرَتْ بِثَمَنِهَا غُلَامًا وَقَالَ مَرةً عَبْدًا وَذَكَرَ كَلِمَةً مَعْنَاهَا فَأَعْتَقَتْهُ فَحُدثَ بِذَلِكَ فَقَالَ الْحَمْدُ لِلهِ الذِي أَنْجَى فَاطِمَةَ مِنْ النارِ.

5827 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھۇبەيرەنىڭ قىزى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا يوغان ئۈزۈك بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇئامىلىسى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىرنى چىقىرىپ:

ــ بۇنى ھەسەننىڭ دادىسى (يەنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ماڭا ھەدىيە قىلغانىدى، ـ دەپ تۇرۇشىغا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن زەنجىرنى كۆرۈپ:

ـ ئى فاتىمە! كىشىلەرنىڭ: ”اللهنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قىزىنىڭ قولىدا ئوت زەنجىر بار ئىكەن“ دېيىشى سېنى مەمنۇن قىلامدۇ؟ ـ دېدى ۋە ئولتۇرماستىنلا چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ زەنجىرنى بازارغا ئەۋەتىپ ساتقۇزۇپ، ئۇنىڭ پۇلىغا بىر قۇل سېتىۋالدى ۋە ئۇنى ئازات قىلىۋەتتى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ فاتىمەنى ئوتتىن قۇتۇلدۇرغان اللهقا ھەمدىلەر بولسۇن! ـ دېدى[1].

(نەسائى: 5140)

5828 - عَنْ ثَوْبَانَ مَوْلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا سَافَرَ كَانَ آخِرُ عَهْدِهِ بِإِنْسَانٍ مِنْ أَهْلِهِ فَاطِمَةَ وَأَولُ مَنْ يَدْخُلُ

[1] ئەلبانى (4748): سەھىھ ـ دېگەن.

عَلَيْهَا إِذَا قَدِمَ فَاطِمَةَ فَقَدِمَ مِنْ غَزَاةٍ لَهُ وَقَدْ عَلَقَتْ مِسْحًا أَوْ سِتْرًا عَلَى بَابِهَا وَحَلَّتْ الْحَسَنَ وَالْحُسَيْنَ قُلْبَيْنِ مِنْ فِضَّةٍ فَقَدِمَ فَلَمْ يَدْخُلْ فَظَنَّتْ أَنْ مَا مَنَعَهُ أَنْ يَدْخُلَ مَا رَأَى فَهَتَكَتْ السِّتْرَ وَفَكَّكَتْ الْقُلْبَيْنِ عَنْ الصَّبِيَّيْنِ وَقَطَعَتْهُ بَيْنَهُمَا فَانْطَلَقَا إِلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُمَا يَبْكِيَانِ فَأَخَذَهُ مِنْهُمَا وَقَالَ يَا ثَوْبَانُ اذْهَبْ بِهَذَا إِلَى آلِ فُلَانٍ أَهْلِ بَيْتٍ بِالْمَدِينَةِ إِنَّ هَؤُلَاءِ أَهْلُ بَيْتِي أَكْرَهُ أَنْ يَأْكُلُوا طَيِّبَاتِهِمْ فِي حَيَاتِهِمْ الدُّنْيَا يَا ثَوْبَانُ اشْتَرِ لِفَاطِمَةَ قِلَادَةً مِنْ عَصَبٍ وَسِوَارَيْنِ مِنْ عَاجٍ.

5828 - پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقسا، ئائىلىسىدىكىلەردىن ئەڭ ئاخىرىدا خوشلىشىدىغان كىشى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى. سەپەردىن قايتىپ كەلگەن چاغدىمۇ يەنە ئەڭ باشتا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرەتتى. بىر كۈنى، ئۇ بىر غازاتتىن قايتىپ كەلدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىشىكىگە پەردە تارتىپ قويغان بولۇپ، ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنگە ئىككى كۈمۈش بىلەيزۈك سېلىپ قويغانىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلدى - يۇ، لېكىن ئۆيگە كىرمىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ھۇجرامغا كىرىشىگە توسالغۇ بولدى دەپ ئويلاپ، پەردىنى دەرھال ئېلىۋەتتى ۋە بالىلىرىنىڭ قوللىرىدىن بىلەيزۈكلەرنى تارتىپ ئېلىپ، پارچە - پارچە قىلىپ تاشلاپ بەردى. بالىلار يىغلاشقىنىچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا باردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قولىدىكى پارچە - پارچە بىلەيزۈكنى ئېلىپ، ماڭا:

- ئى سەۋبان! بۇنى ئېلىپ پالانى ئائىلىگە بارغىن. بۇلار مېنىڭ ئەھلىمدۇر، بۇلارنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا يەپ تۈگىتىۋېتىشىنى خالىمايمەن. ئى سەۋبان! فاتىمەگە ئۆگە

سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان بىر زەنجىر، پىل چىشىدىن ياسالغان ئىككى بىلەيزۈك سېتىۋالغىن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4213)

5929 - عن هشام بن عروة: رأيت على عائشة خَواتِمَ الذهَبِ.

5829 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشەنىڭ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى كۆرگەن ئىدىم.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5830 - عَنْ عَرْفَجَةَ بْنِ أَسْعَدَ قَالَ أُصِيبَ أَنْفِي يَوْمَ الْكُلَابِ فِي الْجَاهِلِيَةِ فَاتخَذْتُ أَنفًا مِنْ وَرِقٍ فَأَنْتَنَ عَلَي فَأَمَرَنِي رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ أَتخِذَ أَنفًا مِنْ ذَهَبٍ.

5830 ـ ئەرفەجە ئىبنى ئەسئەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كۇلاب ئۇرۇشىدا مېنىڭ بۇرنۇم چېپىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن كۈمۈشتىن بۇرۇن سىلىۋالدىم. بىراق بىر مەزگىلدىن كېيىن پۇراپ قالدى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئالتۇندىن بۇرۇن سېلىۋېلىشقا بۇيرۇدى[2].

(تىرمىزى: 1770)

5831 - عن عبد الله ابن عبد الله بن أبى أن ثنيته أصيبت مع رسول الله صلى الله عليه وسلم فأمره أن يتخذ ثنية من ذهب.

5831 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى سوقۇشۇۋاتقان ئەسنادا ئۇدۇل چىشىم چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئالتۇن چىش سالدۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇدى[3].

(بەززار: 3011)

[1] ئەلبانى (903): سەنەدى زەئىپ، مۇنكەر (ھەدىس)دۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1449): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (8713): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى بەشر ئىبنى مۇئازدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

5832 - عَنْ حَمادِ بْنِ أَبِي سُلَيْمَانَ الْكُوفِي قَالَ رَأَيتُ الْمُغِيرَةَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قَدْ شَدَ أَسْنَانَهُ بِالذهَبِ فَذُكِرَ مِثْلَ ذَلِكَ لِإِبْرَاهِيمَ فَقَالَ لَا بَأْسَ بِهِ.

5832 ـ ھەممـاد ئىبنـى ئەبـۇ سـۇلايمان كـۇفى مۇنـداق دەيـدۇ: مەن مـۇغىرە ئىبنـى ئابـدۇللاھنىڭ چىشـلىرىنى ئـالتۇن بىـلەن قاپلىـۋالغانلىقىنى كـۆردۈم. ئىبراھىمغـا مۇشـۇنىڭغا ئوخشـاش ئەھـۋال ئېيتىـپ بېرىلگەندە، ئۇ:

ـ ھېچقىسى يوق، ـ دېگەن[1]

(ئەھمەد: 19764)

5833 - عَنْ أَنسٍ قَالَ كَانَ نَعْلُ سَيْفِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ فِضةٍ وَقَبِيعَةُ سَيْفِهِ فِضةٌ وَمَا بَيْنَ ذَلِكَ حِلَقُ فِضةٍ.

5833 ـ ئەنەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ مۇنـداق دېگەنلىكـى رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ قىلىچىنىـڭ غىلىپى بىلەن دەستىسىنىڭ باش تەرىپى كۈمـۈش بولـۇپ، بـۇ ئىككى ئارىلىقتا كۈمۈش ھالقىلار بار ئىدى[2].

(نەسائى: 5374)

5834 - عَنْ مَزِيدَةَ قَالَ دَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ الْفَتْحِ وَعَلَى سَيْفِهِ ذَهَبٌ وَفِضةٌ.

5834 ـ مەزىدە مۇنداق دەيدۇ: مەككە پەتھى بولغان كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كىردى. ئۇنىڭ قىلىچىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈش بار ئىدى[3].

(تىرمىزى: 1690)

---

[1] ھەيسەمى (8715): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4967): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (284): زەئىپ، ـ دېگەن.

5835 - عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حُببَ إِلَيَّ مِنْ الدُّنْيَا النسَاءُ وَالطيبُ وَجُعِلَتْ قُرةُ عَيْنِي فِي الصلَاةِ.

5835 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ماڭا خۇشپۇراقلىق نەرسىلەر ۋە ئاياللار ياخشى كۆرسىتىلدى. كۆڭلۈمنىڭ خۇرسەنلىكى نامازدا قىلىندى»[1].

(نەسائى: 3940)

5836 - عن سَعِيد بْن الْمُسَيبِ قَالَ إِن اللهَ طَيبٌ يُحِب الطيبَ نَظِيفٌ يُحِب النظَافَةَ كَرِيمٌ يُحِب الْكَرَمَ جَوَادٌ يُحِب الْجُودَ فَنظفُوا أُرَاهُ قَالَ أَفْنِيَتَكُمْ وَلَا تَشَبهُوا بِالْيَهُودِ قَالَ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِمُهَاجِرِ بْنِ مِسْمَارٍ فَقَالَ حَدثَنِيهِ عَامِرُ بْنُ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِثْلَهُ إِلا أَنهُ قَالَ نَظفُوا أَفْنِيَتَكُمْ.

5836 ـــ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: شەك ـــ شۈبھىسىزكى، الله پاكتۇر، پاك نەرسىنى ياخشى كۆرىدۇ. پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. سېخىدۇر، سېخىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. مەردتۇر، مەردلىكنى ياخشى كۆرىدۇ. ھويلاڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشىۋالماڭلار.

مەن بۇ سۆزلەرنى مۇھاجىر ئىبنى مىسمارغا ئېيتىپ بەرسەم، ئۇ:

ـــ ئامىر ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ماڭا بۇ ھەدىسنى دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ، دادىسىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 2799)

[1] ئەلبانى (3681): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (528): باش تەرىپى زەئىپ بولۇپ: «الله مەردتۇر...» دېگەن جايىدىن ئاخىرىغىچە سەھىھتۇر، ـ دېگەن.

5837 - عَنْ أَبِي عُثْمَانَ النَهْدِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِذَا أُعْطِيَ أَحَدُكُمْ الرَيْحَانَ فَلَا يَرُدَهُ فَإِنَهُ خَرَجَ مِنْ الْجَنَةِ.

5837 - ئەبۇ ئوسمان نەهدىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرگە رەيھان بېرىلسە، ئۇنى قايتۇرماڭلار. چۈنكى ئۇ جەننەتتىن چىققان»[1].

(تىرمىزى: 2791)

5838 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ ثَلَاثٌ لَا تُرَد الْوَسَائِدُ وَالدهْنُ وَاللَبَنُ الدهْنُ يَعْنِي بِهِ الطِيبَ.

5838 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇنداق ئۈچ نەرسە رەت قىلىنمايدۇ: ياستۇق، خۇشپۇراق نەرسىلەر ۋە سۈت»[2].

(تىرمىزى: 2790)

5839 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ عَلِي قَالَ سَأَلْتُ عَائِشَةَ أَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَتَطَيَبُ قَالَتْ نَعَمْ بِذِكَارَةِ الطِيبِ الْمِسْكِ وَالْعَنْبَرِ.

5839 - مۇھەممەد ئىبنى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇشپۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتەتتىمۇ؟ - دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

- ھەئە، مىسكى - ئەنبەرگە ئوخشاش ئەرلەرگە خاس خۇشپۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتەتتى، - دەپ جاۋاب بەردى[3].

(نەسائى: 5116)

[1] ئەلبانى (527): زەئىپ، - دېگەن.
[2] ئەلبانى (2241): ھەسەن، - دېگەن.
[3] ئەلبانى (383): سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

5840 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُئِلَ عَنْ الْمِسْكِ فَقَالَ هُوَ أَطْيَبُ طِيبِكُمْ.

5840 ـ ئەبۇ سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مىسك ھەققىدە سورالغاندى، ئۇ:

ــ ئەنبەر خۇشپۇراقلىق نەرسەڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 992)

5841 - عَنْ نَافِعٍ قَالَ كَانَ ابْنُ عُمَرَ إِذَا اسْتَجْمَرَ اسْتَجْمَرَ بِالْأَلُوةِ غَيْرَ مُطَرَّاةٍ وَبِكَافُورٍ يَطْرَحُهُ مَعَ الْأَلُوةِ ثُم قَالَ هَكَذَا كَانَ يَسْتَجْمِرُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5841 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىسرىق سالسا، كافۇردىن باشقا ھېچ نەرسە ئارىلاشتۇرۇلمىغان ئۇد بىلەن ئىسرىق سالاتتى ۋە:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق قىلاتتى، ـ دەيتتى.

(مۇسلىم: 2254)

5842 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَتْ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُكةٌ يَتَطَيبُ مِنْهَا.

5842 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇشپۇراق ساقلايدىغان بىر قۇتىسى بار بولۇپ، شۇ قۇتىدىكى خۇشپۇراقلىق نەرسىنى ئىشلىتەتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4162)

---

[1] ئەلبانى (790): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3508): سەھىھ ـ دېگەن.

5843 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طِيبُ الرجَالِ مَا ظَهَرَ رِيحُهُ وَخَفِيَ لَوْنُهُ وَطِيبُ النسَاءِ مَا ظَهَرَ لَوْنُهُ وَخَفِيَ رِيحُهُ.

5843 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەرلەر (خۇش) پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان، لېكىن رەڭگى بىلىنمەيدىغان بۇيۇم ئىشلىتىدۇ. ئاياللار رەڭلىك، لېكىن پۇرىقى سىرتقا چىقمايدىغان بۇيۇم ئىشلىتىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2787)

5844 - عَنْ أَبِي مُوسَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كُل عَيْنٍ زَانِيَةٌ وَالْمَرْأَةُ إِذَا اسْتَعْطَرَتْ فَمَرتْ بِالْمَجْلِسِ فَهِيَ كَذَا وَكَذَا يَعْنِي زَانِيَةً.

5844 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر بىر كۆز (ھارام نەرسىلەرگە قاراش بىلەن) زىنا قىلىدۇ. ئەگەر خوتۇن كىشى ئەتىر ئىشلىتىپ، ئەرلەر تۇرغان جايدىن ئۆتسە، (بۇ ھالدا) ئۇ زىنا قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2786)

5845 - عَنْ أَبِي مُوسَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا اسْتَعْطَرَتْ الْمَرْأَةُ فَمَرتْ عَلَى الْقَوْمِ لِيَجِدُوا رِيحَهَا فَهِيَ كَذَا وَكَذَا.

5845 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر خوتۇن كىشى ئۆزىگە ئەتىر چېچىپ، بىر توپ كىشىنىڭ بۇ پۇراقنى پۇرىشى ئۈچۈن (ئۇلارنىڭ) يېنىدىن ئۆتسە، (بۇ ھالدا) ئۇ زىنا قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4173)

[1] ئەلبانى (2238): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2237): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (3516): ھەسەن، ـ دېگەن.

5846 - أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ لَقِيَتْهُ امْرَأَةٌ وَجَدَ مِنْهَا رِيحَ الطِيبِ يَنفَحُ وَلِذَيْلِهَا إِعْصَارٌ فَقَالَ يَا أَمَةَ الْجَبارِ جِئْتِ مِنْ الْمَسْجِدِ قَالَتْ نَعَمْ قَالَ وَلَهُ تَطَيَّبْتِ قَالَتْ نَعَمْ قَالَ إِنِي سَمِعْتُ حِبي أَبَا الْقَاسِمِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تُقْبَلُ صَلَاةٌ لِامْرَأَةٍ تَطَيَّبَتْ لِهَذَا الْمَسْجِدِ حَتى تَرْجِعَ فَتَغْتَسِلَ غُسْلَهَا مِنْ الْجَنَابَةِ.

5846 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يولدا بىر خوتۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. كۆينىكىنى يەرگە سۆرەپ توپا توزىتىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ۋۇجۇدىدىن ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. مەن:

ــ ئى اللهنىڭ دېدىكى! مەسجىدتىن كېلىۋاتامسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى. مەن:

ـ مەسجىدكە بېرىش ئۈچۈن ئەتىر ئىشلەتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ يەنە:

ـ ھەئە، ـ دېدى. مەن:

ــ ھۆرمەتلىك دوستۇم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەسجىدكە بېرىش ئۈچۈن خۇشپۇراقلىق نەرسە ئىشلەتكەن ئايال خۇددى جۇنۇبلۇقتىن يۇيۇنغاندەك يۇيۇنمىغىچە نامىزى قوبۇل بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4174)

5847 - عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَتْ تُعْجِبُهُ الْفَاغِيَةُ.

5847 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خېنىنىڭ گۈلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى[2].

(ئەھمەد: 12137)

[1] ئەلبانى (3517): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8762): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

5848 - عن عبد الله بن عمرو أن النبي صلى الله عليه وسلم قال سيد رƷان أهل الجنة اΣناء.

5848 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جەننەتتىكى خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى خېنىدۇر»[1].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (8763): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەدتىن باشقا راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەدمۇ ئىشەنچلىك ۋە ئامانەتدار كىشىدۇر، ـ دېگەن.

## چاچ، ساقال ۋە بۇرۇت

5849 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أن أبا قَتَادَةَ الْأَنصَارِي قَالَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن لِي جُمةً أَفَأُرَجِلُهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَعَمْ وَأَكْرِمْهَا فَكَانَ أَبو قَتَادَةَ رُبمَا دَهَنَهَا فِي الْيَوْمِ مَرتَيْنِ لِمَا قَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَعَمْ وَأَكْرِمْهَا.

5849 ــ يەھيا ئىبنى سەئد مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ مېنىڭ يەلكىلىرىمگە چۈشۈپ تۇرىدىغان چاچلىرىم بار، ئۇنى تارىسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەئە، ئۇنى ياخشى ئاسرىغىن! ـ دېدى. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەزى كۈنلىرى چېچىنى ئىككى قېتىم مايلايدىغان بولۇۋالدى.

(مالىك: 1769)

5850 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مُغَفلٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ التَرَجلِ إِلا غِبا.

5850 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاچنى كۈن ئارىلاپ تاراشقا رۇخسەت قىلدى[1].

(تىرمىزى: 1756)

[1] ئەلبانى (1437): سەھىھ ـ دېگەن.

5851 - عَنْ حُمَيْدِ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ الْحِمْيَرِي قَالَ لَقِيتُ رَجُلًا صَحِبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَمَا صَحِبَهُ أَبو هُرَيْرَةَ أَرْبَعَ سِنِينَ قَالَ نَهَانَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَمْتَشِطَ أَحَدُنَا كُل يَوْمٍ.

5851 ـ ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇرراھمان ھىمىيەرى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خۇددى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش تۆت يىل ھەمراھ بولغان بىر ساھابە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ھەر كۈن چاچ تاراشتىن مەنئى قىلغان، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 5054)

5852 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ أَن عَطَاءَ بْنَ يَسَارٍ أَخْبَرَهُ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْمَسْجِدِ فَدَخَلَ رَجُلٌ ثَائِرَ الرأْسِ وَاللحْيَةِ فَأَشَارَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدِهِ أَنْ اخْرُجْ كَأَنهُ يَعْنِي إِصْلَاحَ شَعَرِ رَأْسِهِ وَلِحْيَتِهِ فَفَعَلَ الرجُلُ ثُم رَجَعَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَيْسَ هَذَا خَيْرًا مِنْ أَنْ يَأْتِيَ أَحَدُكُمْ ثَائِرَ الرأْسِ كَأَنهُ شَيْطَانٌ.

5852 ـ ئەتا ئىبنى يەساردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە تۇراتتى، چاچ ـ ساقاللىرى چۇۋۇق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇبارەك قولى بىلەن ئۇنىڭغا چاچ ـ ساقىلىنى تۈزىتىپ كىرىشكە ئىشارەت قىلدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ قايتىپ كىردى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەسجىدكە گويا شەيتانغا ئوخشاش چاچلىرى چۇۋۇق كىرگەندىن، مۇشۇنداق رەتلىك كىرگىنىڭلار ياخشى ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى.

(مالىك: 1770)

[1] ئەلبانى (4679): سەھىھ ـ دېگەن.

5853 - عن ٱبنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ يَنهَى عَنْ الْقَزَعِ قَالَ عُبَيْدُ اللهِ قُلْتُ وَمَا الْقَزَعُ فَأَشَارَ لَنا عُبَيْدُ اللهِ قَـالَ إِذَا حَلَـقَ الصبِي وَتَرَكَ هَا هُنا شَعَرَةً وَهَا هُنا وَهَا هُنا فَأَشَارَ لَنا عُبَيْدُ اللهِ إِلَى نَاصِيَتِهِ وَجَانِبَيْ رَأْسِهِ قِيلَ لِعُبَيْدِ اللهِ فَالْجَارِيَةُ وَالْغُلَامُ قَالَ لَا أَدْرِي.

5853 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۆپۈچەك قويۇشنى مەنئى قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇبەيدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

ــ (نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن) پۆپۈچەك قويۇش دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ئۇ چۈشەندۇرۇپ:

ــ كىچىك بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرگەندە، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە چاچ قالدۇرۇپ قويۇش، ـ دېدى. راۋىي مۇنداق دەيدۇ: ئۇبەيدۇللاھ بىزگە چۈشەندۇرۇپ، قولى بىلەن ماڭلىيىنى ۋە بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىنى كۆرسەتتى. ئۇبەيدۇللاھتىن:

ـــ بۇ ھۆكۈم قىز بالا بىلەن ئوغۇل بالىغا ئوخشاشمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ:

ــ بىلمەيمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 5920)

5854 - عَنْ ٱبنِ عُمَرَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَى صَبِيا قَدْ حُلِـقَ بَعْـضُ شَعْرِهِ وَتُرِكَ بَعْضُهُ فَنَهَاهُمْ عَنْ ذَلِكَ وَقَالَ احْلِقُوهُ كُلهُ أَوْ ٱتْرُكُوهُ كُلهُ.

5854 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىنىڭ يېرىمى چۈشۈرۈلۈپ، يېرىمى قالدۇرۇلغان بىر بالىنى كۆرۈپ، ساھابىلەرنى ئۇنداق قىلىشتىن توستى ۋە:

«چاچىنىڭ يا ھەممىسىنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار ياكى ھەممىسىنى قويۇپ قويۇڭلار!» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4195)

[1] ئەلبانى (3535): سەھىھ ـ دېگەن.

5855 - عن الْحَجاجِ بْنِ حَسانَ قَالَ دَخَلْنَا عَلَى أَنسِ بْنِ مَالِكٍ فَحَدثَتْنِي أُخْتِي الْمُغِيرَةُ قَالَتْ وَأَنتَ يَوْمَئِذٍ غُلَامٌ وَلَكَ قَرْنَانِ أَوْ قُصتَانِ فَمَسَحَ رَأْسَكَ وَبركَ عَلَيْكَ وَقَالَ احْلِقُوا هَذَيْنِ أَوْ قُصوهُمَا فَإِن هَذَا زِي الْيَهُودِ.

5855 ـ ھەججاج ئىبنى ھەسسان مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىپتۇق (لېكىن مەن كىچىك بولغانلىقتىن ئۇ چاغدىكى ئەھۋال تازا ئېسىمدە يوق). مۇغىرە (ئۇ چاغدىكى ئەھۋالنى) ماڭا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

ـ سەن ئۇ چاغدا كىچىك بالا ئىدىڭ، بېشىڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى تال ئۆرۈمە (ياكى ئىككى تۇتام) چاچ بار ئىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك بېشىڭنى سىلاپ تۇرۇپ ساڭا بەرىكەت تىلىدى ۋە: "بۇ ئىككى ئۆرۈمە (ياكى ئىككى تۇتام) چاچنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار ياكى قىرقىۋېتىڭلار. چۈنكى بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئادىتى" دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4197)

5856 - عَنْ وَائِلِ بْنِ حُجْرٍ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلِي شَعْرٌ طَوِيلٌ فَلَما رَآنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ذُبَابٌ ذُبَابٌ قَالَ فَرَجَعْتُ فَجَزَزْتُهُ ثُم أَتَيْتُهُ مِنْ الْغَدِ فَقَالَ إِني لَمْ أَعْنِكَ وَهَذَا أَحْسَنُ.

5856 ـ ۋائىل ئىبنى ھۇجر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا باردىم. مېنىڭ چاچلىرىم ئۇزۇن ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى كۆرۈپ:

ـــ شۇملۇق، شۇملۇق، ـ دېدى. مەن دەرھال بېرىپ چېچىمنى ئالدۇردۇم. ئاندىن ئەتىسى يەنە باردىم. ئۇ:

ـ (شۇملۇق دېگەن) ئۇ سۆزنى ساڭا دېمىگەندىم، لېكىن بۇ تېخىمۇ چىرايلىق بوپتۇ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4190)

[1] ئەلبانى (900): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3530): سەھىھ ـ دېگەن.

5857 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَتْ لِي ذُؤَابَةٌ فَقَالَتْ لِي أُمي لَا أَجُزهَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَمُدهَا وَيَأْخُذُ بِهَا.

5857 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ نىياز چېچىم بار ئىدى. ئانام ماڭا:

— ئۇ چېچىڭنى ئېلىۋەتمەيمەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى تۇتۇپ ئۇيان ـ بۇيانغا تارتاتتى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4196)

5858 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ جَعْفَرٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمْهَلَ آلَ جَعْفَرٍ ثَلَاثًا أَنْ يَأْتِيَهُمْ ثُم أَتَاهُمْ فَقَالَ لَا تَبْكُوا عَلَى أَخِي بَعْدَ الْيَوْمِ ثُم قَالَ ادْعُوا لِي بَنِي أَخِي فَجِيءَ بِنَا كَأَنا أَفْرُخٌ فَقَالَ ادْعُوا لِي الْحَلاقَ فَأَمَرَهُ فَحَلَقَ رُءُوسَنَا.

5858 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاغىسىنىڭ ئوغلى جەئفەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يەتكۈزۈلدى. ئۇ جەئفەرنىڭ بالىلىرىغا ئۈچ كۈن ماتەم تۇتۇشقا رۇخسەت قىلدى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بېرىپ، ئۇلارغا:

— بۈگۈندىن ئېتىبارەن قېرىندىشىم ئۈچۈن ماتەم تۇتماڭلار! — دېدى. ئاندىن:

ـ قېرىندىشىمنىڭ بالىلىرىنى چاقىرىپ بېرىڭلار! ـ دېدى. بىز خۇددى چۈجىلەردەك چۇرقىرىشىپ يېتىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ساتىراچ چاقىرىپ كېلىڭلار! ـ دېدى. ساتىراچ يېتىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرى بىلەن بىزنىڭ چاچلىرىمىزنى چۈشۈرۈۋەتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4192)

[1] ئەلبانى (899): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (3532): سەھىھ ـ دېگەن.

5859 - عَنْ عَلِي نَهى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنْ تَحْلِقَ الْمَرْأةُ رَأسَهَا.

5859 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خوتۇن كىشىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشىنى مەنئى قىلغان[1].

(نەسائى: 5049)

5860 - عن عمر بن الخطاب قال : نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم عن حلق القفا، إلا للحجامة.

5960 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گەدەن چېچىنى چۈشۈرۈشنى مەنئى قىلغان بولۇپ، پەقەت لوڭقا قويۇش ئۈچۈن چۈشۈرۈشكە رۇخسەت قىلغان[2].

(«ئەلئەۋسەت» ۋە «ئەلسەغىر»)

5861 - عن أسْمَاءَ قَالَتْ سَألَتْ امْرَأةٌ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إن ابْنَتِي أصَابَتْهَا الْحَصْبَةُ فَامرَقَ شَعَرُهَا وَإني زَوجْتُهَا أفَأصِلُ فِيهِ فَقَالَ لَعَنَ اللهُ الْوَاصِلَةَ وَالْمَوْصُولَةَ.

5861 ـ ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەسىلە سوراپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ قىزىمغا قىزىل چىقىپ قالغان بولۇپ، چاچلىرى چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ياتلىق قىلغانىدىم. (ئۇنى ئېرىگە قوشۇپ بېرىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا چاچ سېلىپ (ياساپ) قويسام بولامدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (376): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8864): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئىد ئىبنى بەشىر ئىسىملىك بىرى بار. شۇئبە ۋە باشقىلار ئۇنى ئىشەنچلىك ئادەم دەپ قارىغان، بىراق ئىبنى مۇئىن ۋە باشقىلار ئۇنى ھەدىسى زەئىپ كىشىلەردىن دەپ قارىغان. ئۇنىڭدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

— اﷲ چاچ سالغۇچى ۋە چاچ سالدۇرغۇچى ئايالغا لەنەت قىلىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5941)

5862 - عَنْ عَائِشَةَ أن امْرَأَةً مِنْ الْأَنْصَارِ زَوجَتْ ابْنَتَهَا فَتَمَعطَ شَعَرُ رَأْسِهَا فَجَاءَتْ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَتْ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَتْ إن زَوْجَهَا أَمَرَنِي أَنْ أَصِلَ فِي شَعَرِهَا فَقَالَ لَا إِنهُ قَدْ لُعِنَ الْمُوصِلَاتُ.

5862 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئەنسارى ئايال قىزىنى ياتلىق قىلدى. ئۇنىڭ قىزىنىڭ چېچى چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئېيتتى ۋە:

ـ ئېرى ئۇنىڭغا چاچ سېلىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى، شۇنداق قىلسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، چۈنكى اﷲ چاچ سالغۇچى ئاياللارغا لەنەت قىلدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5205)

5863 - عَنْ حُمَيْدِ بنِ عَبْدِ الرحْمَنِ أَنهُ سَمِعَ مُعَاوِيَةَ بْنَ أَبِي سُفْيَانَ عَامَ حَج عَلَى الْمِنْبَرِ فَتَنَاوَلَ قُصةً مِنْ شَعَرٍ وَكَانَتْ فِي يَدَيْ حَرَسِي فَقَالَ يَا أَهْلَ الْمَدِينَةِ أَيْنَ عُلَمَاؤُكُمْ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْهَى عَنْ مِثْلِ هَذِهِ وَيَقُولُ إنمَا هَلَكَتْ بَنُو إِسْرَائِيلَ حِينَ اتخَذَهَا نِسَاؤُهُمْ.

5863 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر ھەج مەۋسۇمىدە مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، مۇھاپىزەتچىسىنىڭ قولىدىن بىر تۇتام چاچنى ئېلىپ:

— ئى مەدىنە خەلقى! سىلەرنىڭ ئالىملىرىڭلار قەيەرگە كەتتى؟ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق چاچ سېلىشنى مەنئى قىلغانلىقىنى ۋە: «ئىسرائىل ئەۋلادى (ئۇلارنىڭ)

ئاياللىرىنىڭ يالغان چاچ سالغانلىقى سەۋەبىدىن هالاك بولغان»
دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3468)

5864 - وفي رواية: قَالَ مَا كُنتُ أُرَى أَن أَحَدًا يَفْعَلُهُ إِلا الْيَهُودَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَلَغَهُ فَسَماهُ الزورَ.

5864 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇئاۋىيە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دېگەن: مەن بۇ ئىشنى يەھۇدىيلاردىن باشقىلار قىلمايدۇ دەپ ئويلايتتىم. بۇ ئىش ئەينى چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈلگەندە، بۇنى يالغانچىلىق دەپ ئاتىغانىدى.

(مۇسلىم: 2127)

5865 - قَالَ قَتَادَةُ يَعْنِي مَا يُكَثرُ بِهِ النسَاءُ أَشْعَارَهُن مِنْ الْخِرَقِ.

5865 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدىن بىرى بولغان قەتادە "يالغانچىلىق" دېگەن سۆزگە چۈشەنچە بېرىپ:

ـــ ئاياللارنىڭ چېچىغا لاتا ـ پۇتىلارنى ئۇلاپ كۆپەيتىشى يالغانچىلىقتۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2127)

5866 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ أَهْلُ الْكِتَابِ يَسْدِلُونَ أَشْعَارَهُمْ وَكَانَ الْمُشْرِكُونَ يَفْرُقُونَ رُءُوسَهُمْ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحِب مُوَافَقَةَ أَهْلِ الْكِتَابِ فِيمَا لَمْ يُؤْمَرْ بِهِ فَسَدَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَاصِيَتَهُ ثُم فَرَقَ بَعْدُ.

5866 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەھلى كىتابلار چاچلىرىنى (تارىغاندا) تۈز قويۇپ بېرەتتى. مۇشرىكلار چاچلىرىنى ئايرىپ تارايتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم الله تەرىپىدىن بۇيرۇق كەلمىگەن ئىشلاردا ئەھلى كىتابلارغا مۇۋاپىق ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى

ۋەسەللەم (چېچىنى تارىغاندا) ماڭلاي چېچىنى تۈز قويۇپ بەرگەنىدى. كېيىن چېچىنى ئايرىيدىغان بولدى.

(مۇسلىم: 2336)

5867 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تَنْتِفُوا الشَّيْبَ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَشِيبُ شَيْبَةً فِي الْإِسْلَامِ قَالَ عَنْ سُفْيَانَ إِلَّا كَانَتْ لَهُ نُورًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

5867 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيبنىڭ بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاق چاچلارنى يۇلماڭلار. چۈنكى ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ھەربىر ئاق چېچى قىيامەت كۈنى (ئۇنىڭ ئۈچۈن) نۇر بولىدۇ».

(ئەبۇ داۋۇد: 4202)

5868 - وفي رواية: كَتَبَ اللهُ لَهُ بِهَا حَسَنَةً وَحَطَّ عَنْهُ بِهَا خَطِيئَةً.

5868 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: الله ھەربىر ئاق چاچ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىپ، بىر يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4202)

5869 - عَنْ عَمْرِو بْنِ عَبَسَةَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ شَابَ شَيْبَةً فِي سَبِيلِ اللهِ كَانَتْ لَهُ نُورًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

5869 ـــ ئەمر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله يولىدا چېچى ئاقارغان كىشىنىڭ ھەربىر ئاق چېچى قىيامەت كۈنى (ئۇنىڭغا) نۇر بولىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1635)

---

[1] ئەلبانى (3539): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1335): سەھىھ ـ دېگەن.

5870 - عَنْ ٱبنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ٱنهَكُوا الشوَارِبَ وَأَعْفُوا اللحَى.

5870 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۇرۇتلىرىڭلارنى قىسقارتىپ، ساقاللىرىڭلارنى قويۇۋېتىڭلار».

(بۇخارى: 5893)

5871 - وفي رواية: خَالِفُوا الْمُشْرِكِينَ وَفرُوا اللحَى وَأَحْفُوا الشوَارِبَ وَكَانَ ٱبنُ عُمَرَ إِذَا حَج أَوْ اعْتَمَرَ قَبضَ عَلَى لِحْيَتِهِ فَمَا فَضَلَ أَخَذَهُ.

5871 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مۇشرىكلارغا زىت ئىش قىلىڭلار! ساقالنى تولۇق قويۇۋېتىڭلار، بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇڭلار». ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆمرە ياكى ھەج قىلسا، ساقىلىنى تۇتاملاپ بېقىپ، بىر تۇتامدىن ئارتۇقىنى ئېلىۋېتەتتى.

(بۇخارى: 5892)

5872 - لرزين: أن ابن عمر كان ‌ﯖفي شاربه ﺣ‍ﮔ ينظر إﺒ‍ الجلد ويأخذ هـ ـذين (يعﮫ ما بين الشارب واللحية).

5872 ـ رەزىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇرۇتىنى تېگى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە قىرقىپ تۇراتتى. بۇرۇتى بىلەن ساقىلىنىڭ ئارىلىقىنى ئېلىۋېتەتتى.

5873 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ كُنا نُعْفِي السبَالَ إِلا فِي حَج أَوْ عُمْرَةٍ.

5873 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ھەج ۋە ئۆمرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ساقاللىرىمىزنىڭ ئۇچىنى قىرقىماستىن قويۇۋېتەتتۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4201)

[1] ئەلبانى (901): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

5875 - عَنْ عَامِرِ بن عَبْدِ اللهِ بن الزُّبَيْرِ أن عُمَرَ بن الْخَطابِ كَانَ إذَا غَضِبَ فَتَلَ شَارِبَهُ وَنَفَخَ.

5875 ـ ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچچىقى كەلسە، بۇرۇتىنى تولغاپ پۈۋلەيتتى[1].

(«ئەلكەبىر»)

5876 - عن جابر «أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى عن جز السبال».

5876 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساقالنىڭ ئۇچىنى قىرقىشنى مەنئى قىلدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

5877 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن عَمْرٍو قَالَ: "نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنِ الْجُمةِ لِلْحُرةِ وَالْعَقِيصَةِ لِلأمَةِ".

5877 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆر ئايالنىڭ چېچىنى (مۇرىسىگە تاشلاپ) تۇز قويۇۋېتىشتىن، دېدەكنىڭ چېچىنى تۇرۇپ تۇگۈۋېلىشتىن توسقان[3].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلسەغىر»)

[1] ھەيسەمى (8840): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەدتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. گەرچە ئۇمۇ ئىشەنچلىك ۋە ئامانەتدار كىشى بولسىمۇ، ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن ئۆمەر زامانداش ئەمەس، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8849): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مىقدام ئىبنى داۋۇد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (8865): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، «ئەلسەغىر»نىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## چاچ بوياش، قولغا خىنە يېقىش ۋە خەلۇق (زەپىران ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك بىر خىل خۇشپۇراق ئارىلاشمىسى) ئىشلىتىش

5878 - عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْيَهُودَ وَالنصَارَى لَا يَصْبُغُونَ فَخَالِفُوهُمْ.

5878 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار چاچلىرىنى بويىمايدۇ. سىلەر ئۇلارغا زىت ئىش قىلىڭلار».

(بۇخارى: 3462)

5879 - وفي رواية: غَيرُوا الشيْبَ وَلَا تَشَبهُوا بِالْيَهُودِ.

5879 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاق چاچنى ئۆزگەرتىڭلار (بوياڭلار)، يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قالماڭلار»[①].

(تىرمىزى: 1752)

5880 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ مَر عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ قَدْ خَضَبَ بِالْحِنَاءِ فَقَالَ مَا أَحْسَنَ هَذَا قَالَ فَمَر آخَرُ قَدْ خَضبَ بِالْحِنَاءِ وَالْكَتمِ فَقَالَ هَذَا أَحْسَنُ مِنْ هَذَا قَالَ فَمَر آخَرُ قَدْ خَضبَ بِالصفْرَةِ فَقَالَ هَذَا أَحْسَنُ مِنْ هَذَا كُلِهِ.

5880 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: چېچىنى خېنە بىلەن بوياۋالغان بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

[①] ئەلبانى (1433): سەھىھ ـ دېگەن.

ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق (چاچ) ـ ھە؟! ـ دېدى. كېيىن چېچىنى خېنە ۋە كەتەم (قارامتۇل چاچ بويىقى) بىلەن بويىۋالغان يەنە بىر ئادەم ئۆتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق بوپتۇ، ـ دېدى. كېيىن چېچىنى سارغۇچ بويىۋالغان يەنە بىر ئادەم ئۆتتۈۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ ھەممىسىدىن چىرايلىق بوپتۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4211)

5881 - عَنْ أَبِي ذَر عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن أَحْسَنَ مَا غُيِّرَ بِهِ الشيْبُ الْحِناءُ وَالْكَتَمُ.

5881 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاق چاچنى بوياشتا ئەڭ ياخشى نەرسە خېنە بىلەن كەتەمدۇر»[2].

(تىرمىزى: 1753)

5882 - عَنْ زَيْدٍ يَعْنِي ابْنَ أَسْلَمَ أَن ابْنَ عُمَرَ كَانَ يَصْبُغُ لِحْيَتَهُ بِالصفْرَةِ حَتى تَمْتَلِئَ ثِيَابُهُ مِنْ الصفْرَةِ فَقِيلَ لَهُ لِمَ تَصْبُغُ بِالصفْرَةِ فَقَالَ إِني رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصْبُغُ بِهَا وَلَمْ يَكُنْ شَيْءٌ أَحَب إِلَيْهِ مِنْهَا وَقَدْ كَانَ يَصْبُغُ ثِيَابَهُ كُلهَا حَتى عِمَامَتَهُ.

5882 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر ساقىلىنى سارغۇچ قىلىپ بويىۋالاتتى. ھەتتا كىيىملىرىمۇ سارغىيىپ كېتەتتى. بەزىلەر ئۇنىڭدىن:

[1] ئەلبانى (902): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1434): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ساقىلىڭنى نېمىشقا سارغۇچ بويىۋالىسەن؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئۇ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ مۇشۇنداق قىلىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى ۋە بەزىدە كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا سەللىسىنىمۇ مۇشۇنداق بويىۋالاتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4064)

5883 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَلْبَسُ النعَالَ السِّبْتِيةَ وَيُصَفرُ لِحْيَتَهُ بِالْوَرْسِ وَالزعْفَرَانِ وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يَفْعَلُ ذَلِكَ.

5883 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كالا تېرىسىدىن ئاياغ كىيەتتى. ساقىلىنى ۋەرس (زەپىرانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل بوياق) ۋە زەپىران بىلەن سارغۇچ بويايتتى. ئىبنى ئۆمەرمۇ شۇنداق قىلاتتى[2].

(نەسائى: 5244)

5884 - عن ثَابِت قَالَ سُئِلَ أَنسُ بْنُ مَالِكٍ عَنْ خِضَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَوْ شِئْتُ أَنْ أَعُد شَمَطَاتٍ كُن فِي رَأْسِهِ فَعَلْتُ وَقَالَ لَمْ يَخْتَضِبْ وَقَدْ اخْتَضَبَ أَبُو بَكْرٍ بِالْحِناءِ وَالْكَتَمِ وَاخْتَضَبَ عُمَرُ بِالْحِناءِ بَحْتًا.

5884 ـ سابىت مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنى نېمە بىلەن بويايدىغانلىقى سورالغانىدى. ئۇ:

ـ ئەگەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىدىكى ئاقنى ساناشنى خالىسام سانىيالايتتىم. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىنى بويىمىغان ئىدى. لېكىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىنە ۋە كەتەم بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەقەت خىنە بىلەنلا بويىغانىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2341)

[1] ئەلبانى (3429): سەنىدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4839): سەنىدى سەھىھ ـ دېگەن.

5885 - عَنْ أَبِي رِمْثَةَ قَالَ انْطَلَقْتُ مَعَ أَبِي نَحْوَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَإِذَا هُوَ ذُو وَفْرَةٍ بِهَا رَدْعُ حِنَّاءٍ وَعَلَيْهِ بُرْدَانِ أَخْضَرَانِ فَقَالَ لَهُ أَبِي أَرِنِي هَذَا الَّذِي بِظَهْرِكَ فَإِنِّي رَجُلٌ طَبِيبٌ قَالَ اللَّهُ الطَّبِيبُ بَلْ أَنْتَ رَجُلٌ رَفِيقٌ طَبِيبُهَا الَّذِي خَلَقَهَا.

5885 ـ ئەبۇ رىمسە مۇنداق دەيدۇ: مەن دادام بىللە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇنىڭ مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان چېچى بار بولۇپ، چېچىدا خېنە قالدۇقلىرى بار ئىدى. ئۇچىسىغا ئىككى يېشىل تون كىيىۋالغانىدى. دادام ئۇنىڭغا:

ــ مەن تېۋىپ، دۈمبەڭدىكى شۇ پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرسەتكىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله ھەقىقىي تېۋىپتۇر. سەن بولساڭ، بىر شەپقەتلىك ئادەمسەن. ئۇنىڭ ئەسلى تېۋىپى ئۇنى ياراتقان زات ــ اللهتۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4206)

5886 - عَنْ أَبِي رِمْثَةَ قَالَ أَتَيْتُ أَنَا وَأَبِي النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَكَانَ قَدْ لَطَّخَ لِحْيَتَهُ بِالْحِنَّاءِ.

5886 ـ ئەبۇ رىمسە مۇنداق دەيدۇ: مەن دادام بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ ساقىلىنى خېنە بىلەن بوياۋالغانىكەن[2].

(نەسائى: 5083)

5887 - عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ مَوْهَبٍ قَالَ أَرْسَلَنِي أَهْلِي إِلَى أُمِّ سَلَمَةَ زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِقَدَحٍ مِنْ مَاءٍ وَقَبَضَ إِسْرَائِيلُ ثَلَاثَ أَصَابِعَ مِنْ قُصَّةٍ فِيهِ شَعَرٌ مِنْ شَعَرِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَكَانَ إِذَا أَصَابَ الْإِنْسَانَ عَيْنٌ أَوْ شَيْءٌ بَعَثَ إِلَيْهَا مِخْضَبَهُ فَاطَّلَعْتُ فِي الْجُلْجُلِ فَرَأَيْتُ شَعَرَاتٍ حُمْرًا.

---

[1] ئەلبانى (3543): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4707): سەھىھ ـ دېگەن.

5887 ــ ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەۋھەب مۇنداق دەيدۇ: ئائىلەمدىكىلەر مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىدىكى كۇمۇش قاچىدىكى سۇ ئۈچۈن ئەۋەتتى (راۋىي ئىسرائىل يا ئۈزىنىڭ ئۈچ قېتىم ئەۋەتىلگەنلىكىنى ياكى قاچىنىڭ چوڭلۇقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ، ئۈچ بارمىقىنى يۇمدى). ئۇنىڭدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قانچە تال چېچى بار ئىدى. ئەگەر بىرەر كىشىگە كۆز تېگىپ قالسا ياكى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى بىر قاچا بىلەن ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېشىغا ئەۋەتەتتى، ئۇممۇ سەلەمە ئۇ چاچلارنى قاچىدىكى سۇغا چىلايتتى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگەن چاغدا، ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىدىكى كىچىك قاچىدا تۇرغان بىر قانچە تال قىزغۇچ چاچنى كۆردۈم.

(بۇخارى: 5896)

5888 - عَنْ أَبِي سَلَمَةَ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ أن عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ الْأَسْوَدِ بْنِ عَبْدِ يَغُوثَ قَالَ وَكَانَ جَلِيسًا لَهُمْ وَكَانَ أَبْيَضَ اللحْيَةِ وَالرأْسِ قَالَ فَغَدَا عَلَيْهِمْ ذَاتَ يَوْمٍ وَقَدْ حَمرَهُمَا قَالَ فَقَالَ لَهُ الْقَوْمُ هَذَا أَحْسَنُ فَقَالَ إن أُمي عَائِشَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْسَلَتْ إِلَي الْبَارِحَـةَ جَارِيَتَهَا نُخَيْلَةَ فَأَقْسَمَتْ عَلَي لَأَصْبُغَن وَأَخْبَرَتْنِي أن أَبَا بَكْرٍ الصديقَ كَانَ يَصْبُغُ.

5888 ـ ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇيەغۇس بىزنىڭ قېشىمىزدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چاچ ۋە ساقىلى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. بىر كۈنى، ئۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا چاچ ۋە ساقىلىنى قىزغۇچ بوياپ كەلدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا:

ــ ناھايىتى چىرايلىق بوپتۇ، ـ دېيىشتى. ئۇ:

ـــ تۈنۈگۈن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دېدىكى نۇخەيلەنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتىپتۇ. دېدەك قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، چاچ ۋە ساقىلىمنى چوقۇم بويىشىمنى، چۈنكى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ـ دېدى.

(مالىك: 1771)

5889 - عن أبي سلمة بن عبد الرþن بلغ‡: أن عمر وعليـاً وأبيـاً لم يكونـوا يغيرون الشيب ولو كانت عائشة علمت أن النبي صلى الله عليه وسلم صبغ لذكرته حين ذكرت أبا بكر.

5889 ــ ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: ئاڭلىشىمچە، ئۆمەر، ئەلى ۋە ئۇبەيلەر بويىمىغانىكەن. ئەگەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنى بويىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئەبۇ بەكرىنىڭ بويىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندا، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ بويىغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولاتتى.

(ئىبنى ئەسۋەد ۋە رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5890 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ أُتِيَ بِأَبِي قُحَافَةَ يَوْمَ فَتْحِ مَكَّةَ وَرَأْسُهُ وَلِحْيَتُـهُ كَالثَّغَامَةِ بَيَاضًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَيِّرُوا هَذَا بِشَيْءٍ وَاجْتَنِبُوا السَّوَادَ.

5890 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەككە پەتھى بولغان كۈنى، ئەبۇ بەكرىنىڭ دادىسى ئەبۇ قۇھافە چاچ ـ ساقاللىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن ھالدا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇنىڭ چېچىنى قايسى رەڭگە بويىساڭلار بوياپ ئۆزگەرتىڭلار، ئەمما قارا بوياقتىن ساقلىنىڭلار!» دېدى.

(مۇسلىم: 2102)

5891 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَكُـونُ قَـوْمٌ يَخْضِبُونَ فِي آخِرِ الزَّمَانِ بِالسَّوَادِ كَحَوَاصِلِ الْحَمَامِ لَا يَرِيحُونَ رَائِحَةَ الْجَنَّةِ.

5891 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاخىر زاماندا كېلىدىغان بىرمۇنچە ئىنسانلار باركى، ئۇلار چاچ ـ ساقاللىرىنى خۇددى كەپتەرلەرنىڭ پوكانلىرىغا ئوخشاش قارا بويىۋالىدۇ. ئەنە شۇلار جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4212)

5892 - عن كَرِيمَة بِنْت هَمامٍ أن امْرَأَةً أَتتْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَسَأَلَتْهَا عَـنْ خِضَابِ الْحِناءِ فَقَالَتْ لَا بَأْسَ بِهِ وَلَكِنْ أَكْرَهُهُ كَانَ حَبِيبِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ يَكْرَهُ رِيحَهُ.

5892 ـ كەرىمە بىنتى ھەممام مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن چاچقا خېنە قويۇش توغرۇلۇق سورىدى. ئۇ:

— ھېچقىسى يوق، لېكىن مەن ئۇنى ياقتۇرمايمەن، چۈنكى سۆيۈملۈك پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خېنىنىڭ پۇرىقىنى ياخشى كۆرمەيتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4164)

5893 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنها قَالَتْ أَوْمَتْ امْرَأَةٌ مِنْ وَرَاءِ سِتْرٍ بِيَدِهَا كِتَابٌ إِلى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَبَضَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَهُ فَقَالَ مَا أَدرِي أَيَدُ رَجُلٍ أَمْ يَدُ امْرَأَةٍ قَالَتْ بَلْ امْرَأَةٌ قَالَ لَوْ كُنْتِ امْرَأَةً لَغَيرْتِ أَظْفَارَكِ يَعْنِي بِالْحِناءِ.

5893 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال قولىنى پەردە ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر پارچە خەت سۇندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتماي تۇرۇپ:

— بۇ ئەر كىشىنىڭ قولىمۇ ياكى خوتۇن كىشىنىڭ قولىمۇ، بىلەلمىدىمغۇ! ـ دېگەن ئىدى. ئۇ ئايال:

[①] ئەلبانى (3548): سەھىھ دېگەن.

[②] ئەلبانى (893): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ خوتۇن كىشىنىڭ قولى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەگەر خوتۇن كىشى بولساڭ، ئەلۋەتتە تىرناقلىرىڭغا خېنە ياققان بولاتتىڭ، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4166)

5894 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن هِنْدَ بِنْتَ عُتْبَةَ قَالَتْ يَا نَبِيَّ اللهِ بَايِعْنِي قَالَ لَا أُبَايِعُكِ حَتى تُغَيرِي كَفيْكِ كَأَنهُمَا كَفا سَبُعٍ.

5894 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئۇتبەنىڭ قىزى ھىند:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەندىن بەيئەت ئالغىن! ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن ئالقانلىرىڭنى (خېنە يېقىپ) ئۆزگەرتمىگىچە، مەن سەندىن بەيئەت ئالمايمەن، چۈنكى قوللىرىڭ خۇددى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ پەنجىسىگە ئوخشايدىكەن، ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4165)

5895 - عن عائشة رفعته: إني لأبغض المرأة أن أراها سلتاء مرهاء.

5895 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قوللىرىغا خېنە ياقمىغان ۋە سۈرمە تارتمىغان ئاياللارنى كۆرۈشنى ياقتۇرمايمەن».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5896 - عَنْ مُعَاذَةَ أن امْرَأَةً سَأَلَتْ عَائِشَةَ قَالَتْ تَخْتَضِبُ الْحَائِضُ فَقَالَتْ قَدْ كُنا عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ نَخْتَضِبُ فَلَمْ يَكُنْ يَنْهَانَا عَنْهُ.

---

[①] ئەلبانى (3510): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (894): زەئىپ، ـ دېگەن.

5896 ـ مۇئازە مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:
ـ ھەيزدار ئايال چىچىنى بويىسا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى. ئۇ:
ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات ۋاقتىدا بىز چاچلىرىمىزنى بويايتتۇق، ئۇ بىزنى توسمايتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].
(ئىبنى ماجە: 656)

5897 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُتِيَ بِمُخَنثٍ قَدْ خَضَبَ يَدَيْهِ وَرِجْلَيْهِ بِالْحِناءِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا بَالُ هَذَا فَقِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ يَتَشَبهُ بِالنسَاءِ فَأَمَرَ بِهِ فَنُفِيَ إِلَى النقِيعِ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَلَا نَقْتُلُهُ فَقَالَ إِني نُهِيتُ عَنْ قَتْلِ الْمُصَلينَ.

5897 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا قول ۋە پۇتلىرىغا خىنە يېقىۋالغان بىر مۇخەننەس (خىنىم مىجەز ئەر) كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ بۇنىڭ نېمە قىلغىنى؟ ـ دېدى. ساھابىلار:
ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئاياللارغا ئوخشىۋاپتۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى نەقىيئ دېگەن جايغا پالىۋېتىشكە بۇيرۇدى. ساھابىلار:
ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيلىمۇ؟ ـ دېگەنىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ مەن ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەندىم، ـ دېدى[②].
(ئەبۇ داۋۇد: 4928)

5898 - عن مالك: بلغه أن ناساً من أهل العلم كرهوا خضاب اليدين والرجلين للرجل لهذا الحديث المذكور عن أبي هريرة ولم يبلغه فيه إلا أنه مستحب للنساء.

---

[①] ئەلبانى (535): سەھىھ دېگەن.

[②] ئەلبانى (4119): سەھىھ ـ دېگەن.

5898 ـ مالىك مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، ئۆلىمالار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسىنى توُتقا قىلىپ، ئەرلەرنىڭ قول ۋە پۇتلىرىغا خېنە يېقىشىنى مەكرۇھ دەپ قارىغان. شۇڭا قول ۋە پۇتقا خېنە يېقىش پەقەت ئاياللار ئۈچۈن مۇستەھەبتۇر.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

5899 - عن أنس أن النبي صلى الله عليه وسلم قال اختضبوا باكناء فانه طيب الريح يسكن الدوخة.

5899 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چاچ ـ ساقاللىرىڭلارنى خېنە بىلەن بوياڭلار، ئۇنىڭ پۇرىقى ياخشى بولۇپ، باش قېيىشنى توختىتىدۇ»[①].

(مەۋسىلى)

5900 - عَنْ أَنسٍ قَالَ نَهَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَتَزَعْفَرَ الرجُلُ.

5900 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر كىشىنىڭ زەپىران ئىشلىتىشىنى مەنئى قىلغان.

(بۇخارى: 5846)

5901 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَجُلًا دَخَلَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَيْهِ أَثَرُ صُفْرَةٍ وَكَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَلمَا يُوَاجِهُ رَجُلًا فِي وَجْهِهِ بِشَيْءٍ يَكْرَهُهُ فَلما خَرَجَ قَالَ لَوْ أَمَرْتُمْ هَذَا أَنْ يَغْسِلَ هَذَا عَنْهُ.

5901 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم سارغۇچ نەرسىلەرنى سۈرگەن ھالدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

[①] ھەيسەمى (8788): ئەبۇ يەئلا بۇ ھەدىسنى ھەسەن ئىبنى دىنامەدىن، ئۇ ئۆمەر ئىبنى شەرىكتىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام زەھەبى: "ھەر ئىككىلىسى نامەلۇم ئادەملەردۇر" دەپ قارىغان، ـ دېگەن.

ئادەتتە بىرسىدە بىرەر ناچار ئىللەتنى كۆرسە، ئۇنى ئامال بار يۈزىگە سالمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئادەم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتراپىدىكىلەرگە:
«ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار، سۈرتۈۋالغان نەرسىنى يۇيۇۋەتسۇن!» دېدى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 4182)

5902 - عَنْ الْوَلِيدِ بْنِ عُقْبَةَ قَالَ لَمَّا فَتَحَ نَبِيُّ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَكَّةَ جَعَلَ أَهْلُ مَكَّةَ يَأْتُونَهُ بِصِبْيَانِهِمْ فَيَدْعُو لَهُمْ بِالْبَرَكَةِ وَيَمْسَحُ رُءُوسَهُمْ قَالَ فَجِيءَ بِي إِلَيْهِ وَأَنَا مُخَلَّقٌ فَلَمْ يَمَسَّنِي مِنْ أَجْلِ الْخَلُوقِ.

5902 ـ ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان چاغدا، مەككە خەلقى كىچىك بالىلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى، باشلىرىنى سىلاپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە، خەلۇق سۈرۈۋالغانىدىم. شۇڭا ئۇ مېنىڭ بېشىمنى سىلىمىدى②.

(ئەبۇ داۋۇد: 4181)

5903 - عَنْ يَعْلَى بْنِ مُرَّةَ الثَّقَفِيِّ قَالَ أَبْصَرَنِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَبِي رَدْعٌ مِنْ خَلُوقٍ فَقَالَ يَا يَعْلَى لَكَ امْرَأَةٌ قُلْتُ لَا قَالَ اغْسِلْهُ ثُمَّ لَا تَعُدْ ثُمَّ اغْسِلْهُ ثُمَّ لَا تَعُدْ ثُمَّ اغْسِلْهُ ثُمَّ لَا تَعُدْ قَالَ فَغَسَلْتُهُ ثُمَّ لَمْ أَعُدْ ثُمَّ غَسَلْتُهُ ثُمَّ لَمْ أَعُدْ ثُمَّ غَسَلْتُهُ ثُمَّ لَمْ أَعُدْ.

5903 ـ يەئلا ئىبنى مۇررە سەقەفىي مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى خەلۇق سۈرۈۋالغان ھالىتىمدە كۆرۈپ:

ــ ئى يەئلا! ئايالىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

① ئەلبانى (1026): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (897): مۇنكەر، ـ دېگەن.

ــ ياق، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ ئۇنى يۇغىن، قايتا سۈرمىگىن. ئاندىن ئۇنى يەنە يۇغىن، قايتا سۈرمىگىن. ئاندىن ئۇنى يەنە بىر قېتىم يۇغىن، قايتا سۈرمىگىن! ــ دېدى. مەن ئۇنى يۇدۇم، قايتا سۈرمىدىم. ئاندىن ئۇنى يەنە يۇدۇم، قايتا سۈرمىدىم. ئاندىن يەنە بىر قېتىم يۇدۇم، قايتا سۈرمىدىم[1].

(نەسائى: 5124)

5904 - عَنْ عَمارِ بْنِ يَاسِرٍ قَالَ قَدِمْتُ عَلَى أَهْلِي وَقَدْ تَشَقَّقَتْ يَدَايَ فَخَلَقُونِي بِزَعْفَرَانٍ فَغَدَوْتُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَلمْتُ عَلَيْهِ فَلَمْ يَرُد عَلَي وَقَالَ اذْهَبْ فَاغْسِلْ هَذَا عَنْكَ.

5904 ـ ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆيۈمگە كەلدىم. قوللىرىم يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۆيۈمدىكىلەر ماڭا زەپىران سۈرۈپ قويدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا سالام بەردىم. لېكىن ئۇ ماڭا سالام قايتۇرمىدى ۋە:

ــ بۇنى يۇيۇۋېتىپ كەلگىن! ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4601)

5905 - عن ابي مُوسَى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَقْبَلُ اللهُ تَعَالَى صَلَاةَ رَجُلٍ فِي جَسَدِهِ شَيْءٌ مِنْ خَلُوقٍ.

5905 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا بەدىنىگە خەلۇق سۈرۈۋالغان ئەرنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4178)

[1] ئەلبانى (387): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3846): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (896): زەئىپ، ـ دېگەن.

5906 - عَنْ أُم لَيْلَى قَالَتْ: بَايَعْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَكَانَ فِيمَـا أَخَذَ عَلَيْنَا أَنْ نَخْتَضِبَ الْغمسَ، وَنَمْتَشِطَ بِالْعسَلِ، وَلا نَقْحَلُ أَيدِينَا مِنْ خِضَابٍ. قَالَـتْ: أَمَرَنا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كَانَتْ إِحْدَانَا تَقْدِرُ أَنْ تتخِذَ فِي يَدِهَا مِسْكَتَيْنِ مِنْ فِضةٍ، فَإِنْ لَمْ تَقْدِرْ فَصَدتْ يَدَيْهَا وَلَوْ بِسَيْرٍ. وَقَالَ: لا تَشَبهْنَ بِالرجَالِ.

5906 ـ ئۇممۇ لەيلا رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خېنە يېقىش، چاچلىرىمىزنى ھەسەل چېپىپ تاراش ۋە قوللىرىمىزنى خېنىسىز قويماسلىق ئۈچۈن بەيئەت قىلدۇق. ئۇ بىزنى ئەگەر قادىر بولالىساق، ئىككى دانە كۈمۈش بىلەيزۈك سېلىشقا، قادىر بولالمىساق، قولىمىزغا تاسمىدىن بولسىمۇ بىلەيزۈك قىلىپ سېلىۋېلىشقا بۇيرۇدى ۋە: «ئەرلەرگە ئوخشاپ قالماڭلار!» دېدى[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (8879): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت» تە بىر سەنەد بىلەن ئىككى قېتىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەددە مەن بىلمەيدىغان كىشى بار، ـ دېگەن.

## خەتنە قىلىش، تىرناقلارنى ئېلىش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش، ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى ئېلىش، خال چەكتۈرۈش ۋە باشقىلار

5907 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْفِطْرَةُ خَمْسٌ الْخِتَانُ وَالِاسْتِحْدَادُ وَتَقْلِيمُ الْأَظْفَارِ وَنَتْفُ الْإِبِطِ وَقَص الشارِبِ.

5907 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خەتنە قىلىش، ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى ئېلىش، بۇرۇتنى قىرقىش، تىرناقنى ئېلىش ۋە قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇشتىن ئىبارەت بەش ئىش يارىتىلىشتىنلا سۈننەتتۇر».

(مۇسلىم: 257)

5908 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ أَنَسٌ وُقتَ لَنَا فِي قَص الشارِبِ وَتَقْلِيمِ الْأَظْفَارِ وَنَتْفِ الْإِبِطِ وَحَلْقِ الْعَانَةِ أَنْ لَا نَتْرُكَ أَكْثَرَ مِنْ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً.

5908 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىزگە بۇرۇتنى قىرقىش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش ۋە ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى چۈشۈرۈشتە 40 كېچىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك بەلگىلەندى.

(مۇسلىم: 258)

5909 - وفي رواية: أَكْثَرَ مِنْ أَرْبَعِينَ يَوْمًا.

5909 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە: 40 كۈندىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك بەلگىلەندى، ـ دېيىلگەن[1].

[1] ئەلبانى (2216): سەھىھ ـ دېگەن.

5910 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اخْتَتَنَ إِبْـرَاهِيمُ بَعْدَ ثَمَانِينَ سَنَةً وَاخْتَتَنَ بِالْقَدُومِ.

5910 ـ ئەبۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىبـراھىم ئەلەيھىسسـالام 80 ياشـقا كىرگەنـدىن كېيىـن پالتـا بىلەن خەتنە قىلىنغان».

(بۇخارى: 6298)

5911 - وفي رواية: اخْتَتَنَ إِبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السلَام وَهُوَ ابْنُ ثَمَانِينَ سَنَةً.

5911 ــ يەنە بىـر رىـۋايەتتە: «ئىبـراھىم ئەلەيھىسسـالام 80 ياشـقا كىرگەندە خەتنە قىلىنغان» دېيىلگەن.

(بۇخارى: 3356)

5912 - عَنْ سَعِيدِ بن الْمُسَيبِ أَنهُ قَالَ كَانَ إِبْرَاهِيمُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ أَولَ الناسِ ضَيفَ الضيْفَ وَأَولَ الناسِ اخْتَتَنَ وَأَولَ الناسِ قَص الشـارِبَ وَأَولَ النـاسِ رَأى الشيْبَ فَقَالَ يَا رَب مَا هَذَا فَقَالَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى وَقَارٌ يَا إِبْرَاهِيمُ فَقَالَ يَـا رَب زِدْنِـي وَقَارًا.

5912 ــ سـەئىد ئىبنـى مۇسـەييەب مۇنـداق دەيـدۇ: ئىبـراھىم ئەلەيھىسسـالام تـۇنجى بولـۇپ مېھمـان كـۈتكەن، تـۇنجى بولـۇپ خەتنە قىلـدۇرغان، تـۇنجى بولـۇپ بـۇرۇت قىسـقارتقان كىشـىدۇر. ئـۇ چاچنىـڭ ئاقارغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ:

ــ ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ نېمە ئىش؟ ـ دېگەن. پەرۋەردىگار الله تائالا:

ـــ ئـى ئىبـراھىم! بـۇ تەمكىنلىكنىـڭ ئالامىتىـدۇر، ـ دېـگەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى پەرۋەردىگـارىم! ئۇنـداقتا، ماڭـا تەمكىنلىكنـى زىيادە قىلىـپ بەرگىن! ـ دېگەن.

(مالىك: 1710)

5913 - زاد رزين: واختf وهو ابن مائة سنة وعشرون Ż عاê بعد ثمانين.

5913 ــ رەزىــن مۇنــۇلارنى قوشــۇپ رىــۋايەت قىلغــان: ئىبــراھىم ئەلەيھىســسالام 120 ياشــقا كىرگەنــدە خەتــنە قىلــدۇرغان ۋە ئۇنــدىن كېيىــن 80 يىــل ياشىغان.

5914 - عَنْ سَعِيدِ ْبنِ جُبَيْرٍ قَالَ سُئِلَ ابْنُ عَباسٍ مِثْلُ مَنْ أَنتَ حِينَ قُبِضَ النبِـي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَنا يَوْمَئِذٍ مَخْتُونٌ قَالَ وَكَانُوا لَا يَخْتِنُونَ الرجُلَ حَتى يُدْرِكَ.

5914 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغانـدا، سەن قانچە ياشلاردا ئىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى. ئۇ:

ـ شۇ چاغدا مەن خەتنە قىلىنغانىدىم. ئۇ چاغدا باللار ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولمىغىچە خەتنە قىلىنمايتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 6299)

5915 - عَنْ أُم عَطِيةَ الْأَنْصَارِيةِ أَن امْرَأَةً كَانَتْ تَخْتِنُ بِالْمَدِينَةِ فَقَالَ لَهَـا النبِـي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تُنْهِكِي فَإِن ذَلِكَ أَحْظَى لِلْمَرْأَةِ وَأَحَب إِلَى الْبَعْلِ.

5915 ـ ئۇممۇ ئەتىييە ئەنسارى مۇنداق دەيدۇ: مەدىنىـدە بىـر ئايـال قىزلارنــى خەتــنە قىلاتتــى. پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئۇنىڭغا: «بەك ئىچكىرى كېسىۋەتمىگىن، چۈنكى ئۇ خوتۇن كىشى ئۈچۈن تېخىمۇ لەززەت، ئېرى ئۈچۈن تېخىمۇ ھۇزۇر بېغىشلايدۇ» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5271)

5916 - لرزين: اةي ولا تنهكي فإنه أنور للوجه وأحظى عند الرجل.

---

[1] ئەلبانى (4391): سەھىھ ـ دېگەن.

5916 - رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قىزلارنى خەتنە قىلغاندا ئۈستى تەرەپتىن كەسكىن، بەك ئىچكىرى كېسىۋەتمىگىن. چۈنكى ئۇ يۈزگە نۇر، ئېرىگە لەززەت بېغىشلايدۇ».

5917 - عَنْ مِيلٍ بنتِ مِشْرَحٍ، قَالَتْ: رَأَيْتُ أَبِي يقَلّم أَظْفَارَهُ، ثُم دَفَنَهَا وَقَالَ: أَيْ بنيةُ هَكَذَا رَأَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَفْعَلُ.

5917 — مەيل بىنتى مۇشرىھ مۇنداق دەيدۇ: مەن دادامنىڭ تىرناقلىرىنى ئېلىپ، يەرگە كۆمۈۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ:

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، - دېدى[①].

(بەززار: 2968؛ «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

5918 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ لَعَنَ اللهُ الْوَاشِمَاتِ وَالْمُوتَشِمَاتِ وَالْمُتَنمصَاتِ وَالْمُتَفَلجَاتِ لِلْحُسْنِ الْمُغَيرَاتِ خَلْقَ اللهِ فَبَلَغَ ذَلِكَ امْرَأَةً مِنْ بَنِي أَسَدٍ يُقَالُ لَهَا أُم يَعْقُوبَ فَجَاءَتْ فَقَالَتْ إِنهُ بَلَغَنِي عَنْكَ أَنكَ لَعَنْتَ كَيْتَ وَكَيْتَ فَقَالَ وَمَا لِي أَلْعَنُ مَنْ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَنْ هُوَ فِي كِتَابِ اللهِ فَقَالَتْ لَقَدْ قَرَأْتُ مَا بَيْنَ اللوْحَيْنِ فَمَا وَجَدْتُ فِيهِ مَا تَقُولُ قَالَ لَئِنْ كُنْتِ قَرَأْتِيهِ لَقَدْ وَجَدْتِيهِ أَمَا قَرَأْتِ وَمَا آتَاكُمْ الرسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا قَالَتْ بَلَى قَالَ فَإِنهُ قَدْ نَهَى عَنْهُ قَالَتْ فَإِني أَرَى أَهْلَكَ يَفْعَلُونَهُ قَالَ فَاذْهَبِي فَانْظُرِي فَذَهَبَتْ فَنَظَرَتْ فَلَمْ تَرَ مِنْ حَاجَتِهَا شَيْئًا فَقَالَ لَوْ كَانَتْ كَذَلِكَ مَا جَامَعْتُهَا.

5918 — ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: الله تائالا ياسىنىش ئۈچۈن خال چەككەن ۋە چەكتۈرگەن، يۈزلىرىدىكى تۈكلەرنى يۇلغان، چىشلىرىنى رەتلەش ئۈچۈن چىش ئارىلىرىغا ئىكەك سالغان ئاياللارغا ۋە الله ياراتقان شەكىلنى ئۆزگەرتكەن ئاياللارغا لەنەت قىلىدۇ، -

[①] ھەيسەمى (8860): بۇ ھەدىسنى ئىمام بەززار رىۋايەت قىلغان. ئىمام تەبەرانىمۇ زەئىپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، - دېگەن.

دېدى. بەنى ئەسەد جەمەتىدىن ئۇممۇ ياقۇب ئىسىملىك بىر ئايال بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال يېتىپ كەلدى ۋە:

ــ ئاڭلىشىمچە سەن مۇنداق، مۇنداق ئىشلارغا لەنەت ئېيتىپسەن، ــ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ اللەنىڭ رەسۇلى لەنەت ئېيتقان ئىشقا مەن نېمىدەپ لەنەت ئېيتمايدىكەنمەن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ اللەنىڭ كىتابىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان، ــ دېدى. ئۇ ئايال:

ــ مەن قۇرئان كەرىمنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم، لېكىن سەن دېگەن گەپلەرنى تاپالمىدىم، ــ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەگەر قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان بولساڭ، ئۇنى ئەلۋەتتە تاپاتتىڭ، سەن: پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟ ــ دېدى. ئۇ:

ــ ھەئە، ئوقۇدۇم، ــ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىشلاردىن توسقان، ــ دېدى. ئۇ:

ــ مەن سېنىڭ خوتۇنلىرىڭنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرىمەنغۇ؟ ــ دېگەنىدى. ئابدۇللاھ:

ــ بېرىپ، قاراپ باققىن! ــ دېدى. ئۇ دەرھال بېرىپ قارىدى، لېكىن ئۆزى دېگەن ئىللەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى تاپالماي قايتىپ كەلدى. ئابدۇللاھ:

ــ ئەگەر مېنىڭ خوتۇنۇم شۇنداق ئىشلارنى قىلسا ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز بىر تۆشەكتە بولمايتتىم، ــ دېدى.

(بۇخارى: 4886)

5919 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَعَنَ اللهُ الْوَاصِلَةَ وَالْمُسْتَوْصِلَةَ وَالْوَاشِمَةَ وَالْمُسْتَوْشِمَةَ وَقَالَ نَافِعٌ الْوَشْمُ فِي اللثَةِ.

---

[1] سۈرە ھەشر، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

5919 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا چاچ سالغۇچى ۋە سالدۇرغۇچى، مەڭزىگە خال چەككۈچى ۋە چەكتۈرگۈچى ئايالغا لەنەت قىلىدۇ».

(بۇخارى: 5937)

5920 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ لُعِنَتْ الْوَاصِلَةُ وَالْمُسْتَوْصِلَةُ وَالنَّامِصَةُ وَالْمُتَنَمِّصَةُ وَالْوَاشِمَةُ وَالْمُسْتَوْشِمَةُ مِنْ غَيْرِ دَاءٍ.

5920 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: چاچ سالغۇچى ۋە سالدۇرغۇچى، يۈزىدىكى تۈكلەرنى تەرگۈچى ۋە تەردۈرگۈچى، بىرەر ئىللەت بولمىسىمۇ (ھۆسن تۈزەش ئۈچۈن) خال چەككۈچى ۋە چەكتۈرگۈچى ئايالغا لەنەت قىلىندى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4170)

5921 - عَنْ قَيْسِ بن أَبِي حَازِمٍ، قَالَ: دَخَلْنَا عَلَى أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللَّهُ تَعَالَى عَنْهُ فِي مَرَضِهِ، فَرَأَيْنَا امْرَأَةً بَيْضَاءَ مَوْشُومَةَ الْيَدَيْنِ تَذُبُّ عَنْهُ وَهِيَ أَسْمَاءُ بنتُ عُمَيْسٍ.

5921 - قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ يېنىغا كىردۇق. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى قولىغا خال چەكتۈرۈۋالغان ئاق يۈزلۈك بىر ئايالنى كۆردۈم. ئۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ ئەتراپىدىكى چىۋىننى قورىۋاتاتتى. قارىسام، ئۇ ئۇمەيسنىڭ قىزى ئەسما ئىكەن[2].

(«ئەلكەبىر»)

5922 - عن عائشة قالت: «كان لا يفارق مسجد رسول الله صلى الله عليه وسلم سواكه ومشطه، وكان ينظر في المرآة إذا سرح لحيته».

---

[1] ئەلبانى (3514): سەھىھ - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8871): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

5922 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىسۋاكى ۋە تاغىقى ئۇنىڭ مەسجىدىدىن ئايرىلمايتتى. ئۇ ساقىلىنى تارىغان چاغلاردا ئەينەككە قارايتتى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

5923 - عن أم الدرداء قالت: سألت عائشة: ما كنت إذا سافرت مع النبي صلى الله عليه وسلم أو حججت أو غزوت معه ما كنت تزودينه؟ قالت: كنت أزوده قارورة دهن ومشطا، ومرآة ومقصين ومكحلة وسواكا.

5923 ـ ئۇممۇ دەردا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەرگە ياكى ھەجگە ۋە ياكى غازاتقا چىققاندا، ئۇنىڭ قانداق نەرسىلىرىنى ئېلىۋالاتتىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ ياغ (چاچ مېيى)، تاغاق، ئەينەك، قايچا، سۈرمە ۋە مىسۋاك قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىۋالاتتىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

5924 - عَنْ أُم سَلَمَةَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا اطلَى بَـدَأَ بِعَوْرَتِـهِ فَطَلَاهَا بِالنورَةِ وَسَائِرَ جَسَدِهِ أَهْلُهُ.

5924 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدەن تازىلىقى قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئەۋرىتىدىن باشلايتتى ۋە ئۇنى نۇۋرە (تۈك چۈشۈرىدىغان بىر خىل ماددا) بىلەن تازىلايتتى. ئاندىن قالغان يەرلىرىنى ئاياللىرى تازىلاپ قوياتتى[3].

(ئىبنى ماجە: 3751)

[1] ھەيسەمى (8876): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۇلايمان ئىبنى ئەرقەم زۇھەرى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8878): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ھەفس ۋەسسابى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (822): زەئىپ، ـ دېگەن.

## رەسىملەر، نەقىشلەر ۋە پەردىلەر

5925 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهَا أَخْبَرَتْهُ أَنهَا اشْتَرَتْ نُمْرُقَةً فِيهَا تَصَاوِيرُ فَلَما رَآهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَامَ عَلَى الْبَابِ فَلَمْ يَدْخُلْ فَعَرَفَتْ فِي وَجْهِهِ الْكَرَاهِيَةَ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ أَتُوبُ إِلَى اللهِ وَإِلَى رَسُولِهِ مَاذَا أَذْنَبْتُ قَالَ مَا بَالُ هَذِهِ النمْرُقَةِ فَقَالَتْ اشْتَرَيْتُهَا لِتَقْعُدَ عَلَيْهَا وَتَوَسدَهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَصْحَابَ هَذِهِ الصوَرِ يُعَذبُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيُقَالُ لَهُمْ أَحْيُوا مَا خَلَقْتُمْ وَقَالَ إِن الْبَيْتَ الذِي فِيهِ الصوَرُ لَا تَدْخُلُهُ الْمَلَائِكَةُ.

5925 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەسىم چۈشۈرۈلگەن بىر ياستۇق سېتىۋالغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم، ئۇ (ئۇنى كۆرۈپ) بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى، ئۆيگە كىرمىدى. مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى كۆرۈپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تەۋبە قىلاي، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ ياستۇق نەدىن كەلدى؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ سېنىڭ ئولتۇرۇشۇڭ ۋە يۆلىنىشىڭ ئۈچۈن سېتىۋالدىم، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ بۇ رەسىملەرنىڭ ئىگىلىرى قىيامەت كۈنى ئازابقا تارتىلىدۇ، ئۇلارغا: "سىلەر ئىجات قىلغان نەرسىگە جان كىرگۈزۈڭلار" دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، رەسىم بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5961)

5926 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ حَشَوْتُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وِسَادَةً فِيهَا تَمَاثِيلُ كَأَنهَا نُمْرُقَةٌ فَجَاءَ فَقَامَ بَيْنَ الْبَابَيْنِ وَجَعَلَ يَتَغَيرُ وَجْهُهُ فَقُلْتُ مَا لَنَا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ مَا بَالُ هَذِهِ الْوِسَادَةِ قَالَتْ وِسَادَةٌ جَعَلْتُهَا لَكَ لِتَضْطَجِعَ عَلَيْهَا قَالَ أَمَا عَلِمْتِ أَن الْمَلَائِكَةَ لَا تَدْخُلُ بَيْتًا فِيهِ صُورَةٌ.

5926 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن رەسىم بار بىر پارچە رەختنىڭ ئىچىنى تولدۇرۇپ ياستۇق تىكتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ، بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى، چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەندى. مەن:

ــ ئى اﷲنىڭ پەيغەمبىرى! بىز نېمە خاتالىق ئۆتكۈزدۇق؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

ــ بۇ نېمە ياستۇق؟ ـ دېدى. مەن:

ــ سىنىڭ يانپاشلاپ يېتىشىڭ ئۈچۈن تىككەن ئىدىم، ـ دېدىم. ئۇ:

ـــ رەسىم بار ئۆيگە پەرىشتىلەرنىڭ كىرمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 3224)

5927 - وزاد في رواية: قَالَتْ فَأَخَذْتُهُ فَجَعَلْتُهُ مِرْفَقَتَيْنِ فَكَانَ يَرْتَفِقُ بِهِمَا فِي الْبَيْتِ.

5927 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنۇلار قوشۇپ بايان قىلىنغان: مەن ئۇنى ئېلىپ ئىككىگە بۆلۈپ، يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان ياستۇق قىلدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدە ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

(مۇسلىم: 2107)

5928 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ سَفَرٍ وَقَدْ سَتَرْتُ بِقِرَامٍ عَلَى سَهْوَةٍ لِي فِيهِ تَصَاوِيرُ فَنَزَعَهُ وَقَالَ أَشَد الناسِ عَذَابًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ الذِينَ يُضَاهُونَ بِخَلْقِ اللهِ.

5928 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇم بىر سەپەردىن قايتىپ كەلدى. مەن قازناق ئۆيگە رەسىملىك رەختتىن پەردە تارتىۋالغانىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى تارتىپ ئېلىۋېتىپ:

«قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا قالىدىغان كىشىلەر الله ياراتقان نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ نەرسە ئىجات قىلغانلاردۇر» دېدى[1].

(نەسائى: 5356)

5929 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ سَفَرٍ وَقَدْ سَتَرْتُ عَلَى بَابِي دُرْنُوكًا فِيهِ الْخَيْلُ ذَوَاتُ الْأَجْنِحَةِ فَأَمَرَنِي فَنَزَعْتُهُ.

5929 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇم بىر سەپەردىن قايتىپ كەلدى. مەن قاناتلىق ئاتلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە رەختنى ئىشىككە پەردە قىلىپ تارتىپ قويغانىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئېلىۋېتىشىمنى ئېيتتى، مەن ئۇنى ئېلىۋەتتىم.

(مۇسلىم: 2107)

5930 – وفي رواية: فَأَخَذْتُ نَمَطًا فَسَتَرْتُهُ عَلَى الْبَابِ فَلَما قَدِمَ فَرَأَى النَمَطَ عَرَفْتُ الْكَرَاهِيَةَ فِي وَجْهِهِ فَجَذَبَهُ حَتى هَتَكَهُ أَوْ قَطَعَهُ وَقَالَ إِن اللهَ لَمْ يَأْمُرْنَا أَنْ نَكْسُوَ الْحِجَارَةَ وَالطينَ قَالَتْ فَقَطَعْنَا مِنْهُ وِسَادَتَيْنِ وَحَشَوْتُهُمَا لِيفًا فَلَمْ يَعِبْ ذَلِكَ عَلَي.

5930 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: مەن بىر پارچە رەخت ئېلىپ، ئۇنى ئىشىككە پەردە قىلىپ تارتىپ قويدۇم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ ئۇنى كۆردى، مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى ھېس قىلدىم. ئۇ پەردىنى تارتىپ ئېلىپ يىرتىۋەتتى ۋە: «الله بىزنى تاش ۋە كېسەكلەرنى يېپىپ قويۇشقا

[1] ئەلبانى (4949): سەھىھ ـ دېگەن.

بۇيرۇمىدى» دېدى. كېيىن ئۇنى كېسىپ، ئىككى ياستۇق تىكىپ، ئىچىنى تولدۇردۇم، بۇ ئىشىمنى ئەيىبلىمىدى.
(مۇسلىم: 2106)

5931 - فَقَالَ انْزَعِيهِ فَإِنَّهُ يُذَكِّرُنِي الدُّنْيَا.

5931 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئۇنى ئېلىۋەتكىن، ئۇ ماڭا مال ــ دۇنيانى ئەسلىتىپ قويىدىكەن» دېدى[1].

(تىرمىزى: 2468)

5932 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ أَبِي الْحَسَنِ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى ابْنِ عَبَّاسٍ فَقَالَ إِنِّي رَجُلٌ أُصَوِّرُ هَذِهِ الصُّوَرَ فَأَفْتِنِي فِيهَا فَقَالَ لَهُ ادْنُ مِنِّي فَدَنَا مِنْهُ ثُمَّ قَالَ ادْنُ مِنِّي فَدَنَا حَتَّى وَضَعَ يَدَهُ عَلَى رَأْسِهِ قَالَ أُنَبِّئُكَ بِمَا سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ كُلُّ مُصَوِّرٍ فِي النَّارِ يَجْعَلُ لَهُ بِكُلِّ صُورَةٍ صَوَّرَهَا نَفْسًا فَتُعَذِّبُهُ فِي جَهَنَّمَ و قَالَ إِنْ كُنْتَ لَا بُدَّ فَاعِلًا فَاصْنَعْ الشَّجَرَ وَمَا لَا نَفْسَ لَهُ.

5932 ـ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ مەن بۇ رەسىملەرنى سىزىمەن، ماڭا پەتىۋا بەرگىن! ــ دېگەنىدى. ئىبنى ئابباس:

ــ ماڭا يېقىن كەلگىن! ـ دېدى. ئۇ يېقىنلاشتى. ئاندىن يەنە:

ــ ماڭا يېقىن كەلگىن! ـ دېدى. ئۇ تېخىمۇ يېقىن كەلدى. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭ بېشىغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ ھەقتە ئاڭلىغانلىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي. مەن ئۇنىڭ: «رەسىم سىزغۇچى ھەرقانداق كىشى دوزاختا كىرىدۇ، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنىڭ ھەممىسىگە جان كىرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن شۇ جان ئۇنى جەھەننەمدە ئازابلايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەگەر سەن چوقۇم رەسىم

[1] ئەلبانى (2007): سەھىھ ـ دېگەن.

سىزىمەن دەپ تۇرىۋالساڭ، دەل ــ دەرەخلەرنى ۋە جانسىز نەرسىلەرنى سىزغىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2110)

5933 - وفي رواية: سَمِعْتُه يَقُولُ مَنْ صَورَ صُورَةً فَإن اللهَ مُعَذبُه حَتى يَنفُخَ فِيهَا الروحَ وَلَيس بِنَافِخٍ فِيهَا أَبَدًا فَرَبَا الرجُلُ رَبْوَةً شَدِيدَةً وَاصْفَر وَجْهُهُ فَقَالَ وَيْحَكَ إنْ أَبَيتَ إلا أَنْ تَصْنَعَ فَعَلَيْكَ بِهَذَا الشجَرِ كُل شَيْءٍ لَيْسَ فِيهِ رُوحٌ.

5933 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «الله رەسىم سىزغۇچىنى: ''سىزغان رەسىمىڭگە جان كىرگۈزۈپ باقە!'' دەپ ئازابلايدۇ، ئۇ ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ جان كىرگۈزەلمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم قاتتىق تىترەپ، يۈزى ساپسېرىق بولۇپ كەتتى. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا:

ــ ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ئەگەر سەن رەسىم سىزمىسام بولمايتتى دەپ تۇرىۋالساڭ، ئاۋۇ دەل ـ دەرەخلەرنى ۋە جانسىز ھەرقانداق نەرسىنى سىزغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 2225)

5934 - عن ابي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ يَقُولُ قَالَ اللهُ عَز وَجَل وَمَنْ أَظْلَمُ مِمنْ ذَهَبَ يَخْلُقُ كَخَلْقِي فَلْيَخْلُقُوا ذَرةً أَوْ لِيَخْلُقُـوا حَبةً أَوْ شَعِيرَةً.

5934 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «الله تائالا: مەن ياراتقان نەرسىلەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى سىزغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى يوق، قېنى ئۇلار بىر تال قوناق ياكى بىر تال دان ۋەياكى بىر تال ئارپا يارىتىپ باقمىسۇنمۇ؟ ـ دەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(بۇخارى: 7559)

5935 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ لَمَّا اشْتَكَى النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَكَرَتْ بَعْضُ نِسَائِهِ كَنِيسَةً رَأَيْنَهَا بِأَرْضِ الْحَبَشَةِ يُقَالُ لَهَا مَارِيَةُ وَكَانَتْ أُمُّ سَلَمَةَ وَأُمُّ حَبِيبَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَتَتَا أَرْضَ الْحَبَشَةِ فَذَكَرَتَا مِنْ حُسْنِهَا وَتَصَاوِيرَ فِيهَا فَرَفَعَ رَأْسَهُ فَقَالَ أُولَئِكِ إِذَا مَاتَ مِنْهُمْ الرَّجُلُ الصَّالِحُ بَنَوْا عَلَى قَبْرِهِ مَسْجِدًا ثُمَّ صَوَّرُوا فِيهِ تِلْكَ الصُّورَةَ أُولَئِكِ شِرَارُ الْخَلْقِ عِنْدَ اللَّهِ.

5935 ـــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، بەزى ئاياللىرى ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزلىرى ھەبەشىستان زېمىنىدا كۆرگەن مارىيە ئىسىملىك بىر چىركاۋنى تىلغا ئېلىشىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭدىكى رەسىملەر توغرىسىدا پاراڭ قىلىشتى. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەبەشىستان زېمىنىغا ھىجرەت قىلىپ بارغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى كۆتۈرۈپ:

«ئۇلار ئىچىدىن ياخشى بىر ئادەم ئۆلسە، شۇنىڭ قەبرىسىگە مەسجىد سېلىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەنە شۇ رەسىملەرنى سىزىدۇ. ئۇلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ يامان كىشىلەردۇر» دېدى.

(بۇخارى: 1341)

5936 - عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ عَنْ أَبِي طَلْحَةَ صَاحِبِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ الْمَلَائِكَةَ لَا تَدْخُلُ بَيْتًا فِيهِ الصُّورَةُ قَالَ بُسْرٌ ثُمَّ اشْتَكَى زَيْدٌ فَعُدْنَاهُ فَإِذَا عَلَى بَابِهِ سِتْرٌ فِيهِ صُورَةٌ فَقُلْتُ لِعُبَيْدِ اللَّهِ رَبِيبِ مَيْمُونَةَ زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَلَمْ يُخْبِرْنَا زَيْدٌ عَنْ الصُّوَرِ يَوْمَ الْأَوَّلِ فَقَالَ عُبَيْدُ اللَّهِ أَلَمْ تَسْمَعْهُ حِينَ قَالَ إِلَّا رَقْمًا فِي ثَوْبٍ.

5936 ـ زەيد ئىبنى خالىد پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «رەسىم بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ» دېگەن. (راۋىيلاردىن) بۇسىر مۇنداق دەيدۇ:

ـ كىيىن، زەيد كېسەل بولۇپ قالدى. بىز ئۇنى يوقلاپ بارساق، ئۇنىڭ ئىشىكىدە رەسىم بار پەردە ئېسىقلىق ئىكەن. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى مەيمۇنەنىڭ ئۆگەي بالىسى ئۇبەيدۇللاھقا:

ـــ زەيد بىرگە بىر كۈن بۇرۇن رەسىم ھەققىدە سۆزلەپ بەرمىگەنمىدى؟ ـ دېدىم. ئۇبەيدۇللاھ:

ـ ئۇنىڭ: ”رەختكە ئىشلەنگەن رەسىم مۇستەسنادۇر“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 5958)

5937 - عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُتْبَةَ أَنَّهُ دَخَلَ عَلَى أَبِي طَلْحَةَ الْأَنصَارِي يَعُودُهُ قَالَ فَوَجَدْتُ عِنْدَهُ سَهْلَ بْنَ حُنَيْفٍ قَالَ فَدَعَا أَبُو طَلْحَةَ إِنْسَانًا يَنزِعُ نَمَطًا تَحْتَهُ فَقَالَ لَهُ سَهْلٌ لِمَ تَنزِعُهُ فَقَالَ لِأَن فِيهِ تَصَاوِيرَ وَقَدْ قَالَ فِيهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا قَدْ عَلِمْتَ قَالَ سَهْلٌ أَوَلَمْ يَقُلْ إِلا مَا كَانَ رَقْمًا فِي ثَوْبٍ فَقَالَ بَلَى وَلَكِنهُ أَطْيَبُ لِنَفْسِي.

5937 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ تەلھە ئەنسارىنى يوقلاپ كىردىم، ئۇنىڭ قېشىدا سەھل ئىبنى ھۇنەيف بار ئىكەن. ئەبۇ تەلھە ئاستىدىكى رەختنى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى چاقىردى. شۇ چاغدا، سەھل ئۇنىڭغا:

ـ ئۇنى نېمىشقا ئېلىۋېتىسەن؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ چۈنكى ئۇنىڭدا رەسىم بار ئىكەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەسىم ھەققىدە نېمە دېگەنلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن، ـ دېدى. سەھل:

ـــ لېكىن: «رەختكە ئىشلەنگەن رەسىم مۇستەسنادۇر» دېمىگەنمىدى؟ ـ دېدى. ئەبۇ تەلھە:

ـ شۇنداق دېگەن، لېكىن ئۇنى ئېلىۋەتسەم، كۆڭلۈم تېخىمۇ ئارام تاپىدۇ، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 1750)

[①] ئەلبانى (1431): سەھىھ ـ دېگەن.

5938 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أَتَى النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَيْتَ فَاطِمَةَ فَلَمْ يَدْخُلْ عَلَيْهَا وَجَاءَ عَلِيٌّ فَذَكَرَتْ لَهُ ذَلِكَ فَذَكَرَهُ لِلنَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنِّي رَأَيْتُ عَلَى بَابِهَا سِتْرًا مَوْشِيًّا فَقَالَ مَا لِي وَلِلدُّنْيَا فَأَتَاهَا عَلِيٌّ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهَا فَقَالَتْ لِيَأْمُرْنِي فِيهِ بِمَا شَاءَ قَالَ تُرْسِلُ بِهِ إِلَى فُلَانٍ أَهْلِ بَيْتٍ بِهِمْ حَاجَةٌ.

5938 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمەنىڭ ئۆيىگە كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ يېنىغا كىرمىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلگەندە، فاتىمە بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆيىگە نېمىشقا كىرمىگەنلىكىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەنگەن بىر پەردە كۆردۈم، مېنىڭ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم بار؟ - دەپ جاۋاب بەردى. ئەلى رەربىيەللاھۇ ئەنھۇ فاتىمەنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى ئېيتتى. فاتىمە:

- ئۇنداقتا، دادام ئۇنى ئۆزى خالىغان يەرگە ئىشلىتىشىمنى بۇيرۇپ بەرسۇن، - دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئۇ پەردىنى پالانى ئائىلىگە ئەۋەتىپ بېرىشىڭنى ئېيتتى، چۈنكى ئۇلار موھتاج كىشىلەر ئىكەن، - دېدى.

(بۇخارى: 2613)

5939 - عَنْ سَفِينَةَ أَبِي عَبْدِ الرَّحْمَنِ أَنَّ رَجُلًا أَضَافَ عَلِيَّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ فَصَنَعَ لَهُ طَعَامًا فَقَالَتْ فَاطِمَةُ لَوْ دَعَوْنَا رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَكَلَ مَعَنَا فَدَعَوْهُ فَجَاءَ فَوَضَعَ يَدَهُ عَلَى عِضَادَتَيْ الْبَابِ فَرَأَى الْقِرَامَ قَدْ ضُرِبَ بِهِ فِي نَاحِيَةِ الْبَيْتِ فَرَجَعَ فَقَالَتْ فَاطِمَةُ لِعَلِيٍّ الْحَقْهُ فَانْظُرْ مَا رَجَعَهُ فَتَبِعْتُهُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا رَدَّكَ فَقَالَ إِنَّهُ لَيْسَ لِي أَوْ لِنَبِيٍّ أَنْ يَدْخُلَ بَيْتًا مُزَوَّقًا.

5939 - سەفىينە ئەبۇ ئابدۇرراھمان مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مېھمانغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بەردى. شۇ ئارىدا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىرغان بولساق، ئۇمۇ بىز بىلەن بىرگە تاماق يېيىشكە بولماسمۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېتىپ كەلدى ۋە (ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن) قوللىرىنى ئىشىكنىڭ كېشەكلىرىگە تايىدى. لېكىن كۆزى ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە تارتىلغان نەقىشلىك پەردىگە چۈشتى ـ دە، قايتىپ كەتتى. فاتىمە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـــ ئارقىسىدىن يېتىشىپ بېرىپ، نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتكەنلىكىنى سوراپ باققىن! ـــ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىشىپ بېرىپ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتتىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مېنىڭ ياكى ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىسسىل جابدۇلغان ئۆيگە كىرىشى لايىق ئەمەس، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3755)

5940 - عن أبي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَانِي جِبْرِيلُ فَقَالَ إِني كُنتُ أَتَيْتُكَ الْبَارِحَةَ فَلَمْ يَمْنَعْنِي أَنْ أَكُونَ دَخَلْتُ عَلَيْكَ الْبَيتَ الذِي كُنتَ فِيهِ إِلا أَنهُ كَانَ فِي بَابِ الْبَيتِ تِمْثَالُ الرجَالِ وَكَانَ فِي الْبَيتِ قِرَامُ سِتْرٍ فِيهِ تَمَاثِيلُ وَكَانَ فِي الْبَيتِ كَلْبٌ فَمُرْ بِرَأْسِ التمْثَالِ الذِي بِالْبَابِ فَلْيُقْطَعْ فَلْيُصَيرْ كَهَيْئَةِ الشجَرَةِ وَمُرْ بِالستْرِ فَلْيُقْطَعْ وَيُجْعَلْ مِنْهُ وِسَادَتَيْنِ مُنْتَبَذَتَيْنِ يُوطَآنِ وَمُرْ بِالْكَلْبِ فَيُخْرَجْ فَفَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ ذَلِكَ الْكَلْبُ جَرْوًا لِلْحَسَنِ أَوْ الْحُسَيْنِ تَحْتَ نَضَدٍ لَهُ فَأَمَرَ بِهِ فَأُخْرِجَ.

5940 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (3194): ھەسەن، ـ دېگەن.

«جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: ”مەن ئاخشام سېنىڭ قېشىڭغا كەلگەنىدىم. بىراق سەن بار ئۆيگە كىرمىدىم. چۈنكى ئۆينىڭ ئىشىكىدە ئەرلەرنىڭ رەسىملىرى، ئۆينىڭ ئىچىدە رەسىم چۈشۈرۈلگەن پەردە ۋە بىر ئىت بار ئىكەن. بۇيرۇغىنكى، ئىشىكتىكى رەسىملەر كېسىلىپ، دەرەخ شەكلىگە كىرگۈزۈلسۇن. بۇيرۇغىنكى، پەردە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يەرگە تاشلاپ ئولتۇرىدىغان ئىككى ياستۇق تىكىلسۇن. بۇيرۇغىنكى، ئىت ئۆينىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىلسۇن! ـ دېدى».

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلدى. ئۇ ئىت ھەسەن ياكى ھۈسەيىننىڭ كۈچۈكى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاستىدا ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇ كۈچۈك سىرتقا ئېلىپ چىقىۋېتىلدى[①].

(تىرمىزى: 2806)

5941 - عن ابن عمر: دعا أبا أيوب فرأى في البيت ستراً على الجدار فقال ابن عمر: غلبنا عليه النساء قال أبو أيوب: من كنت أخشى عليه فلم أكن أخشى عليك والله لا أطعم لك طعاماً فرجع.

5941 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ ئەييۇبنى تاماققا چاقىردىم. ئۇ كەلگەندە، ئۆينىڭ تېمىغا تارتىلغان پەردىنى كۆردى. مەن:

ــ قانداق قىلىمىز، ئاياللارنى گەپكە كىرگۈزۈپ بولغىلى بولمىدى، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ باشقىلار مۇنداق قىلسا مەيلىدى، ئەمما سېنىڭ مۇنداق قىلىشىڭنى كۈتمىگەنىدىم، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ تامىقىڭنى يېمەيمەن، ـ دېدى ۋە قايتىپ كەتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[①] ئەلبانى (2250): سەھىھ ـ دېگەن.

5942 - عن أبي هريرة، يرفع اΣديث إБ النبي صلى الله عليه وسلم: «في التماثيل رخص فيما كان يوطأ، وكره ما كان منصوبا».

5942 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دەسسىلىپ تۇرىدىغان سۈرەتلەرگە رۇخسەت قىلىنىدى، تىكلەپ قويۇلىدىغان سۈرەتلەرگە رۇخسەت قىلىنمىدى»[1].
(«ئەلئەۋسەت»)

5943 - عن عبد الله بن عمر قال: مر النبي صلى الله عليه وسلم بصنم مـن Uـاس، فضرب ظهره بظهر كفه، Ż قال: «خاب وخسر من عبدك من دون الله» Ż أتى النبي صلى الله عليه وسلم جبريل، ومعه ملك فتنحى الملك، فقال النبي صلى الله عليه وسـلم: «مـا شـأنه تنحى؟» قال: إنه وجد منك ريح Uاس وإنا لا نستطيع ريح النحاس.

5943 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىستىن ياسالغان بىر بۇتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن بىرنى ئۇردى. ئاندىن:

«اللهنى قويۇپ، ساڭا چوقۇنغان كىشى ھەقىقەتەن زىيان تارتىدۇ ۋە خارلىققا چۈمىدۇ» دېدى. كېيىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام باشقا بىر پەرىشتە بىلەن بىللە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. بىراق ئۇ پەرىشتە ئارقىغا ياندى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇ نېمىشقا ئارقىغا ياندى؟ ـ دەپ سورىغاندى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

[1] ھەيسەمى (8897): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۈلايمان ئىبنى ئەرقەم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ــ ئۇ سېنىڭدىن مىسىنىڭ ھىدىنى ئاپتۇ، بىز مىس ھىدى بار يەردە تۇرالمايمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (8898): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد ئىبنى يۇسۇف سەنئانى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مەئىن ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇنىڭ ھەدىسى تاشلاندۇقتۇر (يەنى ئەمەل قىلىنمايدۇ). ئەبۇ مۇسھىر ۋە ئەبۇ سەبىرە ئۇنى ماختىغان. لېكىن ئىمام زەھەبى ئۇنىڭ نامەلۇم ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## خەلىپىلىك، ئەمەلدارلىق ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلار

5944 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الناسُ تَبَعٌ لِقُرَيْشٍ فِي هَذَا الشأنِ مُسْلِمُهُمْ تَبَعٌ لِمُسْلِمِهِمْ وَكَافِرُهُمْ تَبَعٌ لِكَافِرِهِمْ وَالناسُ مَعَادِنُ خِيَارُهُمْ فِي الْجَاهِلِيةِ خِيَارُهُمْ فِي الْإِسْلَامِ إِذَا فَقِهُوا تَجِدُونَ مِنْ خَيْرِ الناسِ أَشَد الناسِ كَرَاهِيَةً لِهَذَا الشأنِ حَتى يَقَعَ فِيهِ.

5944 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلار بۇ مەسىلىدە (يەنى كىمنىڭ باشلىق بولۇش مەسىلىسىدە) قۇرەيش خەلقىگە ئەگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىرى مۇسۇلمانلىرىغا، كاپىرلىرى كاپىرلىرىغا ئەگىشىدۇ. ئىنسانلار كان بايلىقلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ياخشىلىرى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، ئەگەر دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ياخشى ئۆگەنسە، يەنە ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئەڭ ياخشى ئادا قىلالايدىغانلارنىڭ بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتىن بۇرۇن، بۇ ئىشقا كىرىپ قىلىشنى ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى بايقايسىلەر».

(بۇخارى: 3496)

5945 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَزَالُ هَذَا الْأَمْرُ فِي قُرَيْشٍ مَا بَقِيَ مِنْهُمْ اثْنَانِ.

5945 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرەيش خەلقىدىن ئىككى كىشى قالغانغا قەدەر خەلىپە (ئەمىر) قۇرەيشتىن بولىدۇ».

(بۇخارى: 3501)

5946 - عن مُحَمد بْن جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ يُحَدثُ أَنهُ بَلَغَ مُعَاوِيَةَ وَهُوَ عِنْدَهُ فِي وَفْدٍ مِنْ قُرَيْشٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرٍو يُحَدثُ أَنهُ سَيَكُونُ مَلِكٌ مِنْ قَحْطَانَ فَغَضِبَ فَقَامَ فَأَثْنى عَلَى اللهِ بِمَا هُوَ أَهْلُهُ ثُم قَالَ أَما بَعْدُ فَإِنهُ بَلَغَنِي أَن رِجَالًا مِنْكُمْ يُحَدثُونَ أَحَادِيثَ لَيْسَتْ فِي كِتَابِ اللهِ وَلَا تُوثَرُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأُولَئِكَ جُهالُكُمْ فَإِياكُمْ وَالْأَمَانِيَ التِي تُضِل أَهْلَهَا فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن هَذَا الْأَمْرَ فِي قُرَيْشٍ لَا يُعَادِيهِمْ أَحَدٌ إِلا كَبهُ اللهُ فِي النارِ عَلَى وَجْهِهِ مَا أَقَامُوا الدينَ.

5946 ـ مۇھەممەد ئىبنى جۇبەير ئىبنى مۇتئىم مۇنداق دەيدۇ: مەن قۇرەيش ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە مۇئاۋىيەنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدىم. ئۇنىڭغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرنىڭ:

ـ كەلگۈسىدە قەھتان خەلقىدىن بىر پادىشاھ چىقىدۇ، ـ دېگەنلىكى يەتكۈزۈلگەندى، ئۇ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، اللهقا لايىق رەۋىشتە ھەمدۇسانالار ئوقۇدى. ئاندىن:

ـ ئاڭلىشىمچە، ئاراڭلاردىكى بىر قىسىم كىشىلەر اللهنىڭ كىتابىدىمۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدىمۇ بولمىغان سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار ئىچىڭلاردىكى نادان ئادەملەردۇر. كىشىنى ئازغۇنلۇققا باشلايدىغان قۇرۇق تەمەدىن قەتئىي ساقلىنىڭلار! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قۇرەيشلەر دىننى بەرپا قىلغان زامانغا قەدەر بۇ ئىش (يەنى خەلىپىلىك) ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇلارغا ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ. ئەگەر قارشى چىقىدىغانلار بولسا، الله ئۇلارنى دوزاخقا دۈم چۈشۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 7139)

5947 - عن عَبْد اللهِ بن أَبِي الْهُذَيْلِ قَالَ كَانَ نَاسٌ مِنْ رَبِيعَةَ عِنْدَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ بَكْرِ بْنِ وَائِلٍ لَتَنْتَهِيَن قُرَيْشٌ أَوْ لَيَجْعَلَن اللهُ هَذَا الْأَمْرَ فِي جُمْهُورٍ مِنْ الْعَرَبِ غَيْرِهِمْ فَقَالَ عَمْرُو بْنُ الْعَاصِ كَذَبْتَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ قُرَيْشٌ وُلَاةُ الناسِ فِي الْخَيْرِ وَالشر إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

5947 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ھۇزەيل مۇنداق دەيدۇ: رەبىئە قەبىلىسىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ قېشىدا ئىدى. شۇ ئارىدا، بەكىر ئىبنى ۋائىل جەمەتىدىن بىر ئادەم:

ـ قۇرەيشلەر خەلىپىلىكتىن يا ۋاز كېچىدۇ ياكى الله ئۇنى ئۇلاردىن باشقا كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ئەرەبلەرگە ئېلىپ بېرىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەمر ئىبنى ئاس:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قۇرەيشلەر ياخشىلىقتىمۇ، يامانلىقتىمۇ ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە سەردارلىرىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 2227)

5948 - عَنْ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن لِلْقُرَشِي مِثْلَيْ قُوةِ الرجُلِ مِنْ غَيْرِ قُرَيْشٍ فَقِيلَ لِلزهْرِي مَا عَنَى بِذَلِكَ قَالَ نُبْلَ الرأْيِ.

5948 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر قۇرەيشلىكتە قۇرەيشلىك بولمىغان ئىككى ئادەمنىڭ كۈچى بار». زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ كۈچتىن يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ[②].

(ئەھمەد: 16300)

---

[①] ئەلبانى (1815): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (835): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

5949 - عَنْ سَفِينَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خِلَافَةُ النُبوةِ ثَلَاثُونَ سَنَةً ثُم يُؤْتِي اللهُ الْمُلْكَ أَوْ مُلْكَهُ مَنْ يَشَاءُ قَالَ سَعِيدٌ قَالَ لِي سَفِينَةُ أَمْسِكْ عَلَيْكَ أَبَا بَكْرٍ سَنَتَيْنِ وَعُمَرُ عَشْرًا وَعُثْمَانُ اثْنَتَيْ عَشْرَةَ وَعَلِي كَذَا قَالَ سَعِيدٌ قُلْتُ لِسَفِينَةَ إِن هَؤُلَاءِ يَزْعُمُونَ أَن عَلِيا عَلَيْهِ السلَام لَمْ يَكُنْ بِخَلِيفَةٍ قَالَ كَذَبَتْ أَسْتَاهُ بَنِي الزرْقَاءِ يَعْنِي بَنِي مَرْوَانَ. قَالَ سَعِيدٌ فَقُلْتُ لَهُ إِن بَنِي أُمية يَزْعُمُونَ أَن الْخِلَافَةَ فِيهِمْ قَالَ كَذَبُوا بَنُو الزرْقَاءِ بَلْ هُمْ مُلُوكٌ مِنْ شَر الْمُلُوكِ.

5949 ـ سەفىينەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەرلىكنىڭ خەلىپىلىكى 30 يىل داۋام قىلىدۇ. ئاندىن الله پادىشاھلىقنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ». (راۋىيلاردىن) سەئىد مۇنداق دەيدۇ:

ــ سەفىينە ماڭا: ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئىككى يىل، ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىكىنى 10 يىل، ئوسمانىنىڭ خەلىپىلىكىنى 12 يىل، ئەلىنىڭ خەلىپىلىكىنى ئالتە يىل ھېسابلىساڭ، (30 يىل) توغرا چىقىدۇ، ـ دېدى. سەئىد يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن سەفىينەگە:

ــ ئۇلار (يەنى مەرۋان ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى): "ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە ئەمەس" دېيىشىدىكەن، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ مەرۋان ۋە ئۇنىڭ جەمەتى يالغان سۆزلەپتۇ، ـ دېدى[1].

سەئىد يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن سەفىينەگە:

ـ ئۇمەييە جەمەتى خەلىپىلىكنىڭ ئۆزلىرىدە بولىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىۋاتىدۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئۇلار يالغان سۆزلەپتۇ. چۈنكى ئۇلار پادىشاھلاردىندۇر، پادىشاھ بولغاندىمۇ ئەڭ ئەسكى پادىشاھلاردىن، ـ دېدى.

(ئەبۇ داۋۇد: 4646)

[1] ئەلبانى (3882): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

5950 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ يقُولُ لَا يَزَالُ هَذَا الدينُ قَاِئمًا حَتى يَكُونَ عَلْيكُمْ اثْنَا عَشَرَ خَلِيفَةً كُلهُمْ تَجْتَمِعُ عَلْيِه الْأمةُ فَسَمِعْتُ كَلَامًا مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ لَمْ أَفْهَمْهُ قُلْتُ ِلأَبِي مَا يَقُولُ قَالَ كُلهُمْ مِنْ قُرْيشٍ.

5950 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«بارلىق ئىسلام ئۇممىتى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان 12 خەلىپە سىلەرگە خەلىپە بولۇپ ئۆتكەنگە قەدەر بۇ دىن پۈت تىرەپ تۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەنە بىر نەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ـ يۇ، لېكىن نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم، دادامدىن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سورىسام، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرەيشتىن بولىدۇ» دېدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: (4279)

5951 - وفي رواية: فَلما رَجَعَ إِلى َمْنزِلِه أَتْتُه قُرْيشٌ فَقَالُوا ُثم يَكُونُ مَاذَا قَالَ ُثـم َيكُونُ الْهَرْجُ.

5951 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، قۇرەيشلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

ــ ئاندىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاندىن كېيىن پىتنە زامانى كېلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4280)

[1] ئەلبانى (3598): بۇ ھەدىسنىڭ: «بارلىق ئىسلام ئۇممىتى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان» دېگەن سۆزىدىن باشقا قىسمى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3599): سەھىھ ـ دېگەن.

5952 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا بُويِعَ لِخَلِيفَتَيْنِ فَاقْتُلُوا الْآخَرَ مِنْهُمَا.

5952 ـــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(بىرلا ۋاقىتتا) ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا، كېيىن بەيئەت قىلىنغىنىنى ئۆلتۈرۈڭلار».

(مۇسلىم: 1853)

5953 - عَنْ عَرْفَجَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَتَاكُمْ وَأَمْرُكُمْ جَمِيعٌ عَلَى رَجُلٍ وَاحِدٍ يُرِيدُ أَنْ يَشُقَّ عَصَاكُمْ أَوْ يُفَرِّقَ جَمَاعَتَكُمْ فَاقْتُلُوهُ.

5953 ـ ئەرفەجە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«سىلەر بىر خەلىپىگە ئىتائەت قىلىۋاتقىنىڭلاردا، قانداق بىر ئادەم كېلىپ سىلەرنىڭ كۈچۈڭلارنى پارچىلاپ، بىرلىكىڭلارنى بۇزماقچى بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار».

(مۇسلىم: 1852)

5954 - عن عَرْفَجَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنهُ سَتَكُونُ هَنَاتٌ وَهَنَاتٌ فَمَنْ أَرَادَ أَنْ يُفَرِّقَ أَمْرَ هَذِهِ الْأُمةِ وَهِيَ جَمِيعٌ فَاضْرِبُوهُ بِالسيْفِ كَائِنًا مَنْ كَانَ.

5954 ـ ئەرفەجە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«كەلگۈسىدە پىتنە چىقىدۇ، كەلگۈسىدە پىتنە چىقىدۇ. (شۇ زاماندا) كىم بىرلىك ئىچىدە ئۇيۇشقان بۇ ئۈممەتنى پارچىلىماقچى بولسا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار».

(مۇسلىم: 1852)

5955 - عن أبي هُرَيْرَةَ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَتْ بَنُو إِسْرَائِيلَ تَسُوسُهُمْ الْأَنْبِيَاءُ كُلمَا هَلَكَ نَبِي خَلَفَهُ نَبِي وَإِنهُ لَا نَبِي بَعْدِي وَسَيَكُونُ خُلَفَاءُ فَيَكْثُرُونَ قَالُوا فَمَا تَأْمُرُنَا قَالَ فُوا بِبَيْعَةِ الْأَولِ فَالْأَولِ أَعْطُوهُمْ حَقهُمْ فَإِن اللهَ سَائِلُهُمْ عَما اسْتَرْعَاهُمْ.

5955 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى پەيغەمبەرلەر باشقۇراتتى. قاچانىكى بىر پەيغەمبەر ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر پەيغەمبەر كېلەتتى. ئەمما مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. بىراق خەلىپىلەر بولىدۇ، لېكىن ئۇلار كۆپىيىپ كېتىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ــ بىزنى ئۇ چاغدا نېمە قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ تۇنجى بەيئەت قىلىنغان خەلىپىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇلاردىن سىلەرنى قانداق باشقۇرغانلىقى ھەققىدە ھېساب ئالىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 3455)

5956 - عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَخْلَفَ ابْنَ أُم مَكْتُومٍ عَلَى الْمَدِينَةِ مَرتَيْنِ.

5956 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ مەكتۇمنى مەدىنىگە ئىككى قېتىم ئۆز ئورنىغا تەيىنلەپ (نائىب قىلىپ) قويغانىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2931)

[1] ئەلبانى (3543): سەھىھ ـ دېگەن.

5957 - عَنْ أَبِي بَكْرَةَ قَالَ عَصَمَنِي اللَّهُ بِشَيْءٍ سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمَّا هَلَكَ كِسْرَى قَالَ مَنْ اسْتَخْلَفُوا قَالُوا ابْنَتَهُ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَنْ يُفْلِحَ قَوْمٌ وَلَّوْا أَمْرَهُمْ امْرَأَةً قَالَ فَلَمَّا قَدِمَتْ عَائِشَةُ يَعْنِي الْبَصْرَةَ ذَكَرْتُ قَوْلَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَعَصَمَنِي اللَّهُ بِهِ.

5957 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: الله مېنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر نەرسە بىلەن ئۆز پاھانىدا ساقلاپ قالدى. كىسرا ئۆلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭ ئورنىغا كىم چىقتى؟ ـ دەپ سورىغاندى، ساھابىلار:

ـ قىزى چىقتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۆزلىرىگە خوتۇن كىشىنى باشلىق قىلىۋالغان قەۋم ھەرگىز غەلىبە قىلالمايدۇ، ـ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بەسرەگە كەلگەندە، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنى ئەسلىدىم ـ دە، ئىچىمدە: "الله مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ قالدى" دەپ ئويلىدىم[1].

(تىرمىزى: 2262)

5958 - عَنْ أَبِي بَكْرَةَ قَالَ لَقَدْ نَفَعَنِي اللَّهُ بِكَلِمَةٍ سَمِعْتُهَا مِنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَيَّامَ الْجَمَلِ بَعْدَ مَا كِدْتُ أَنْ أَلْحَقَ بِأَصْحَابِ الْجَمَلِ فَأُقَاتِلَ مَعَهُمْ.

5958 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: الله ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر سۆز بىلەن تۆگە ئۇرۇشى بولغان كۈنى مەنپەئەت يەتكۈزدى. مەن تۆگە ئۇرۇشى تەرەپدارلىرىغا قېتىلىپ (يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا باشچىلىقىدىكى قوشۇنغا قېتىلىپ، ئۇلار بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى) ئۇرۇش قىلغىلى تاس قالغانىدىم.

(بۇخارى: 4425)

[1] ئەلبانى (1847): سەھىھ ـ دېگەن.

5959 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِذَا كَانَ أُمَرَاؤُكُمْ خِيَارَكُمْ وَأَغْنِيَاؤُكُمْ سُمَحَاءَكُمْ وَأُمُورُكُمْ شُورَى بَيْنَكُمْ فَظَهْرُ الْأَرْضِ خَيْرٌ لَكُمْ مِنْ بَطْنِهَا وَإِذَا كَانَ أُمَرَاؤُكُمْ شِرَارَكُمْ وَأَغْنِيَاؤُكُمْ بُخَلَاءَكُمْ وَأُمُورُكُمْ إِلَى نِسَائِكُمْ فَبَطْنُ الْأَرْضِ خَيْرٌ لَكُمْ مِنْ ظَهْرِهَا.

5959 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئادەملەر باشلىق، سېخى ئادەملەر باي بولسا ۋە ئىشلىرىڭلارنى ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ قىلساڭلار، ھايات ياشىغىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن قەبرىگە كۆمۈلگىنىڭلاردىن ياخشىدۇر. ئەگەر ئىچىڭلاردىكى يامان ئادەملەر باشلىق، بېخىل ئادەملەر باي بولسا ۋە سىلەرنى باشقۇرۇش ئاياللارنىڭ قولىغا قالسا، قەبرىگە كۆمۈلگىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن ھايات ياشىغىنىڭلاردىن ياخشىدۇر»[1].

(تىرمىزى: 2266)

5960 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَقُولُ كُلُكُمْ رَاعٍ وَكُلُكُمْ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَتِهِ الْإِمَامُ رَاعٍ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَتِهِ وَالرجُلُ رَاعٍ فِي أَهْلِهِ وَهُوَ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَتِهِ وَالْمَرْأَةُ رَاعِيَةٌ فِي بَيْتِ زَوْجِهَا وَمَسْئُولَةٌ عَنْ رَعِيَتِهَا وَالْخَادِمُ رَاعٍ فِي مَالِ سَيِدِهِ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَتِهِ قَالَ وَحَسِبْتُ أَنْ قَدْ قَالَ وَالرجُلُ رَاعٍ فِي مَالِ أَبِيهِ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَتِهِ وَكُلُكُمْ رَاعٍ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَتِهِ.

5960 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«سىلەرنىڭ ھەممىڭلار جاۋابكار، (شۇڭا) ھەممىڭلار ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر. باشلىق بولغان ئادەم خەلقىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن ھېساب بېرىدۇ.

[1] ئەلبانى (393): زەئىپ، ـ دېگەن.

ھەربىر ئەر ئۆز ئەھلىگە مەسئۇل بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرىدىن ھېساب بېرىدۇ. خوتۇن كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن ھېساب بېرىدۇ. خىزمەتچىمۇ خوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلكىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۇمۇ ئۇنىڭدىن ھېساب بېرىدۇ».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئېسىمدە قېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئەر دادىسىنىڭ مال ـ مۈلكىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېساب بېرىدۇ. دېمەك، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇل بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر».

(بۇخارى: 893)

5961 - عن أبي مَرْيَمَ الْأَزْدِي قَالَ دَخَلْتُ عَلَى مُعَاوِيَةَ فَقَالَ مَا أَنْعَمَنَا بِكَ أَبَا فُلَانٍ وَهِيَ كَلِمَةٌ تَقُولُهَا الْعَرَبُ فَقُلْتُ حَدِيثًا سَمِعْتُهُ أُخْبِرُكَ بِهِ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ وَلاهُ اللهُ عَز وَجَل شَيْئًا مِنْ أَمرِ الْمُسْلِمِينَ فَاحْتَجَبَ دُونَ حَـاجَتِهِمْ وَخَلتِهِمْ وَفَقْرِهِمْ احْتَجَبَ اللهُ عَنْهُ دُونَ حَاجَتِهِ وَخَلتِهِ وَفَقْرِهِ قَالَ فَجَعَلَ رَجُلًا عَلَى حَوَائِجِ الناسِ.

5961 ـ ئەبۇ مەريەم ئەزدىي مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇ:

ـ ئى ئەبۇ پالان! سېنى بۇ يەرگە قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ ـ دەپ سورىغاندى، مەن مۇنداق دېدىم:

ـــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر ھەدىس ئاڭلىغاندىم، ئۇنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، ئۇ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بىراۋنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل قىلسا، ئاندىن ئۇ ئۇلارنىڭ ئىستەكلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ بەرمىسە، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىستەكلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ بەرمەيدۇ».

مۇئاۋىيە بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە مەخسۇس بىر ئادەم تەيىنلىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2948)

5962 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن الْمُقْسِطِينَ عِنْدَ اللهِ عَلَى مَنَابِرَ مِنْ نُورٍ عَنْ يَمِينِ الرحْمَنِ عَز وَجَل وَكِلْتَا يَدَيْهِ يَمِينٌ الذِينَ يَعْدِلُونَ فِي حُكْمِهِمْ وَأَهْلِيهِمْ وَمَا وَلُوا.

5962 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئادىللىق قىلغانلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدا، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نۇر مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ. الله تائالانىڭ ھەر ئىككىلى تەرىپى ئوڭدۇر. ئۇلار ئىنسانلارغا قىلغان ھۆكۈملىرىدە، ئائىلىسىدىكى ۋە باشقۇرۇش ئىلكىدىكى ئىشلاردا ئادىللىق قىلغۇچىلاردۇر».

(مۇسلىم: 1827)

5963 - عَنْ الْحَسَنِ قَالَ عَادَ عُبَيْدُ اللهِ بْنُ زِيَادٍ مَعْقِلَ بْنَ يَسَارٍ الْمُزنِي فِي مَرَضِهِ الذِي مَاتَ فِيهِ قَالَ مَعْقِلٌ إني مُحَدثُكَ حَدِيثًا سَمِعْتُهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ عَلِمْتُ أَن لِي حَيَاةً مَا حَدثْتُكَ إني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا مِنْ عَبْدٍ يَسْتَرْعِيهِ اللهُ رَعِيةً يَمُوتُ يَوْمَ يَمُوتُ وَهُوَ غَاêِ لِرَعِيتِهِ إلا حَرمَ اللهُ عَلَيْهِ الْجَنةَ.

5963 ـ ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: مەئقەل ئىبنى يەسار مۇزنى بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، شۇ كېسەلدىن قوپالماي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ سەكراتتىكى ۋاقتىدا، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىياد ئۇنى يوقلاپ كىرگەن ئىدى، مەئقەل ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ـ مەن ساڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرەي، ئەگەر مەن بۇندىن كېيىن ھايات

[1] ئەلبانى (2555): سەھىھ ـ دېگەن.

قالىدىغانلىقىمنى بىلسەم ئىدىم، ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرمەيتتىم. ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «اللهنىڭ نېسىپ قىلىشى بىلەن بىرەر خەلققە مەسئۇل بولغان كىشى قول ئاستىدىكىلەرنى ئالدىغان هالدا ۋاپات بولسا، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى هارام قىلىدۇ».

(مۇسلىم: 142)

5964 - عن الْحَسَن أن عَائِذَ بْنَ عَمْرٍو وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ عَلَى عُبَيْدِ اللهِ بْنِ زِيَادٍ فَقَالَ أَيْ بُنَي إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن شَر الرعَاءِ الْحُطَمَةُ فَإِياكَ أَنْ تَكُونَ مِنْهُمْ فَقَالَ لَهُ اجْلِسْ فَإِنمَا أَنْتَ مِنْ نُخَالَةِ أَصْحَابِ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ وَهَلْ كَانَتْ لَهُمْ نُخَالَةٌ إِنمَا كَانَتْ النخَالَةُ بَعْدَهُمْ وَفِي غَيْرِهِمْ.

5964 ــ ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولغان ئائىز ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىيادنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ـ ئى ئوغلۇم! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «باشلىق بولغانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ئىنساپسىزلىرىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. سەن ئۇلاردىن بىرى بولۇپ قالمىغىن! ــ دېۋىدى، ئۇبەيدۇللاھ ئۇنىڭغا:

ـ ئولتۇر! سەن دېگەن مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى چۈپرەندىلەردىن بىرى ئىدىڭ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئائىز ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇلارنىڭ ئىچىدە چۈپرەندىلەر بارمىدى؟! چۈپرەندىلەر دېگەن (ساڭا ئوخشاش) ئۇلاردىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن ۋە ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ ئىچىدە بولغان، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1830)

5965 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَحَب الناسِ إِلَى اللهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَأَدْنَاهُمْ مِنْهُ مَجْلِسًا إِمَامٌ عَادِلٌ وَأَبْغَضَ الناسِ إِلَى اللهِ وَأَبْعَدَهُمْ مِنْهُ مَجْلِسًا إِمَامٌ جَائِرٌ.

5965 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، الله ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە اللهقا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان ئىنسان ئادىل پادىشاھتۇر. الله ئەڭ يامان كۆرىدىغان ۋە اللهتىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان ئىنسان بولسا، زالىم پادىشاھتۇر»[①].

(تىرمىزى: 1329)

5966 - عَنْ الْمِقْدَامِ بْنِ مَعْدِي كَرِبَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَرَبَ عَلَى مَنْكِبِهِ ثُم قَالَ لَهُ أَفْلَحْتَ يَا قُدَيْمُ إِنْ مُت وَلَمْ تَكُنْ أَمِيرًا وَلَا كَاتِبًا وَلَا عَرِيفًا.

5966 ـ مىقدام ئىبنى مەئدىكەرىبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«ئى مىقدام! ئەگەر سەن نە باشلىق، نە كاتىپ، نە مەسئۇل بولماستىن ئۆلۈپ كەتسەڭ، نىجاتلىققا ئېرىشىسەن»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2933)

5967 - عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَلَا تَسْتَعْمِلُنِي قَالَ فَضَرَبَ بِيَدِهِ عَلَى مَنْكِبِي ثُم قَالَ يَا أَبَا ذَر إِنكَ ضَعِيفٌ وَإِنهَا أَمَانَةُ وَإِنهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ خِزْيٌ وَنَدَامَةٌ إِلا مَنْ أَخَذَهَا بِحَقهَا وَأَدى الذِي عَلَيْهِ فِيهَا.

5967 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

---

① ئەلبانى (225): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (628): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى بىر ئەمەلگە تەيىنلەپ ئىشلەتمەمسەن؟ ـ دېگەنىدىم. ئۇ مۇبارەك قولى بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ــ ئى ئەبۇ زەر! سەن ئاجىز ئادەمسەن، ئەمەلدارلىق ئامانەتتۇر. ئەمەلدارلىق ــ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىپ، تولۇق ئادا قىلالايدىغان ئادەمدىن باشقا ئادەمگە قىيامەت كۈنى خارلىق ۋە پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1825)

5968 - عن غَالِب الْقطان عَنْ رَجُلٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَنهُمْ كَانُوا عَلَى مَنْهَلٍ مِنْ الْمَنَاهِلِ فَلَما بَلَغَهُمْ الْإِسْلَامُ جَعَلَ صَاحِبُ الْمَاءِ لِقَوْمِهِ مِائَةً مِنْ الْإِبِلِ عَلَى أَنْ يُسْلِمُوا فَأَسْلَمُوا وَقَسَمَ الْإِبِلَ بَيْنَهُمْ وَبَدَا لَهُ أَنْ يَرْتَجِعَهَا مِنْهُمْ فَأَرْسَلَ ابْنَهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ ائْتِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْ لَهُ إِن أَبِي يُقْرِئُكَ السلَامَ وَإِنهُ جَعَلَ لِقَوْمِهِ مِائَةً مِنْ الْإِبِلِ عَلَى أَنْ يُسْلِمُوا فَأَسْلَمُوا وَقَسَمَ الْإِبِلَ بَيْنَهُمْ وَبَدَا لَهُ أَنْ يَرْتَجِعَهَا مِنْهُمْ أَفَهُوَ أَحَق بِهَا أَمْ هُمْ فَإِنْ قَالَ لَكَ نَعَمْ أَوْ لَا فَقُلْ لَهُ إِن أَبِي شَيْخٌ كَبِيرٌ وَهُوَ عَرِيفُ الْمَاءِ وَإِنهُ يَسْأَلُكَ أَنْ تَجْعَلَ لِي الْعِرَافَةَ بَعْدَهُ فَأَتَاهُ فَقَالَ إِن أَبِي يُقْرِئُكَ السلَامَ فَقَالَ وَعَلَيْكَ وَعَلَى أَبِيكَ السلَامُ فَقَالَ إِن أَبِي جَعَلَ لِقَوْمِهِ مِائَةً مِنْ الْإِبِلِ عَلَى أَنْ يُسْلِمُوا فَأَسْلَمُوا وَحَسُنَ إِسْلَامُهُمْ ثُم بَدَا لَهُ أَنْ يَرْتَجِعَهَا مِنْهُمْ أَفَهُوَ أَحَق بِهَا أَمْ هُمْ فَقَالَ إِنْ بَدَا لَهُ أَنْ يُسْلِمَهَا لَهُمْ فَلْيُسْلِمْهَا وَإِنْ بَدَا لَهُ أَنْ يَرْتَجِعَهَا فَهُوَ أَحَق بِهَا مِنْهُمْ فَإِنْ هُمْ أَسْلَمُوا فَلَهُمْ إِسْلَامُهُمْ وَإِنْ لَمْ يُسْلِمُوا قُوتِلُوا عَلَى الْإِسْلَامِ فَقَالَ إِن أَبِي شَيْخٌ كَبِيرٌ وَهُوَ عَرِيفُ الْمَاءِ وَإِنهُ يَسْأَلُكَ أَنْ تَجْعَلَ لِي الْعِرَافَةَ بَعْدَهُ فَقَالَ إِن الْعِرَافَةَ حَق وَلَا بُد لِلناسِ مِنْ الْعُرَفَاءِ وَلَكِن الْعُرَفَاءَ فِي النارِ.

5968 ــ غالىب قەتتاندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەمنىڭ بوۋىسى مۇنداق دەيدۇ: بىر قىسىم كىشىلەر مەلۇم يول ئۈستىدىكى بىر بۇلاقنىڭ سۈيىدىن تەمىنلىنەتتى. ئىسلام دىنى يېتىپ كەلگەندە، سۇ ئىگىسى ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنى شەرت قىلىپ، ئۇلارغا 100 تۇياق تۆگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەتىجىدە، ئۇلار ئىسلامغا كىردى. ئۇمۇ ئۇلارغا تۆگىلەرنى تەقسىم قىلىپ بەردى. كېيىن، تۆگىلەرنى

قايتۇرىۋالماقچى بولىدى ۋە ئوغلىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا:

— سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ: ”دادام ساڭا سالام ئېيتتى، ئۇ قەۋمىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى شەرت قىلىپ، ئۇلارغا 100 تۇياق تۆگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، نەتىجىدە، ئۇلار ئىسلامغا كىردى، ئۇمۇ ئۇلارغا تۆگىلەرنى تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەمدى ئۇ تۆگىلەرنى ئۇلاردىن قايتۇرىۋالماقچى بولىۋاتىدۇ. بۇ تۆگىلەرگە ئۇ ھەقلىقمۇ ياكى ئۇلار ھەقلىقمۇ؟“ دېگىن. ئەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تۆگىلەرگە داداڭ ھەقلىق» ياكى: «داداڭ ھەقلىق ئەمەس» دېسە، سەن ئۇنىڭغا: ”دادام مەھەللىمىزنىڭ مىرابى بولۇپ، ھازىر ياشىنىپ قالدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىدىن كېيىن سۇنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا مېنى تەيىنلىشىڭنى سوراۋاتىدۇ“ دېگىن! - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- دادام ساڭا سالام ئېيتتى، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ:

- ساڭا ۋە داداڭغا سالام بولسۇن! - دېدى. ئاندىن ئۇ:

- دادام قەۋمىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى شەرت قىلىپ، ئۇلارغا 100 تۇياق تۆگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، نەتىجىدە، ئۇلار ئىسلامغا كىردى ۋە تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ كەتتى. ئەمدى دادام تۆگىلەرنى ئۇلاردىن قايتۇرىۋالماقچى بولىۋاتىدۇ، ئۇ تۆگىلەرگە دادام ھەقلىقمۇ ياكى ئۇلار ھەقلىقمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئەگەر داداڭ تۆگىلەرنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، تاپشۇرۇپ بەرسۇن. ئەگەر قايتۇرىۋالماقچى بولسا، قايتۇرىۋالسۇن. ئەگەر ئۇلار ئىسلامغا كىرسە، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكى ئۆزلىرىگە

پايدىلىنىقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئىسلامغا كىرمىسە، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىنىدۇ. ـ دېدى. ئاندىن ئۇ:

ــ دادام مەھەللىمىزنىڭ مىرابى بولۇپ، ھازىر ياشىنىپ قالدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىدىن كېيىن بۇ سۇنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا مېنى تەيىنلىشىڭنى سورىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مىرابلىق قىلىش ھەق ئىشتۇر. ئىنسانلار (نىڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم يۇرت چوڭلىرى بولۇشى لازىم. لېكىن يۇرت چوڭلىرى (ۋەزىپىلىرىنى ئادىللىق بىلەن ئادا قىلمىسا) دوزاختا كىرىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2934)

5969 - عن عَبْد الرحْمَنِ بْن سَمُرَةَ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ سَمُرَةَ لَا تَسْأَلْ الْإِمَارَةَ فَإِنكَ إِنْ أُوتِيتَهَا عَنْ مَسْأَلَةٍ وُكِلْتَ إِلَيْهَا وَإِنْ أُوتِيتَهَا مِنْ غَيْرِ مَسْأَلَةٍ أُعِنْتَ عَلَيْهَا.

5969 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى ئابدۇرراھمان ئىبنى سەمۇرە! سەن ئەمەلدارلىقنى سورىمىغىن، ئەگەر سەن ئەمەلدارلىقنى سوراپ ئېرىشسەڭ، (الله تەرىپىدىن) ياردەمسىز قالىسەن. ئەگەر سەن ئۇنى سورىماستىن ئېرىشسەڭ، ئۇنى تولۇق ئادا قىلىش يولىدا (الله تەرىپىدىن) ياردەمگە ئېرىشىسەن».

(بۇخارى: 6622)

5970 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِنكُمْ سَتَحْرِصُونَ عَلَى الْإِمَارَةِ وَسَتَكُونُ نَدَامَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَنِعْمَ الْمُرْضِعَةُ وَبِئْسَتْ الْفَاطِمَةُ.

[1] ئەلبانى (629): زەئىپ، ـ دېگەن.

5970 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەلگۈسىدە سىلەر ئەمەلدارلىققا قىزىقىسىلەر، بۇ سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنى پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمەلدارلىق نېمىدېگەن ياخشى! لېكىن ئاقىۋىتى نېمىدېگەن يامان!»

(بۇخارى: 7148)

5971 - عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ دَخَلْتُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنا وَرَجُلَانِ مِنْ بَنِي عَمي فَقَالَ أَحَدُ الرجُلَيْنِ يَا رَسُولَ اللهِ أَمرْنا عَلَى بَعْضِ مَا وَلاكَ اللهُ عَز وَجَل وَقَالَ الْآخَرُ مِثْلَ ذَلِكَ فَقَالَ إنا وَاللهِ لَا نُوَلي عَلَى هَذَا الْعَمَلِ أَحَدًا سَأَلَهُ وَلَا أَحَدًا حَرَصَ عَلَيْهِ.

5971 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: تاغامنىڭ بالىلىرىدىن ئىككىسى بىلەن بىرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇلاردىن بىرى:

ـ ئى اﷲنىڭ پەيغەمبىرى! اﷲ تائالا سىزنى ئىگە قىلغان ئىشلاردىن بىرىگە بىزنى ئەمىر قىلساڭ، ـ دېدى. يەنە بىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆز قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز مۇنداق ئىشقا ئۇنى تىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ھېرىسمەن كىشىنى تەيىنلىمەيمىز، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1733)

5972 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَدِمَ مُسَيْلِمَةُ الْكَذابُ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَعَلَ يَقُولُ إِنْ جَعَلَ لِي مُحَمدٌ الْأَمرَ مِنْ بَعْدِهِ تَبِعْتُهُ وَقَدِمَهَا فِي بَشَرٍ كَثِيرٍ مِنْ قَوْمِهِ فَأَقْبَلَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَعَهُ ثَابِتُ بْنُ قَيْسِ بْنِ شَماسٍ وَفِي يَدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قِطْعَةُ جَرِيدٍ حَتى وَقَفَ عَلَى مُسَيْلِمَةَ فِي أَصْحَابِهِ فَقَالَ لَوْ سَأَلْتَنِي هَذِهِ الْقِطْعَةَ مَا أَعْطَيْتُكَهَا وَلَنْ تَعْدُوَ أَمرَ اللهِ فِيكَ

وَلَئِنْ أَدْبَرْتَ لَيَعْقِرَنكَ اللهُ وَإِني لَأَرَاكَ الذِي أُرِيتُ فِيكَ مَا رَأَيْتُ فَأَخْبَرَنِي أَبُو هُرَيْـرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بَيْنَمَا أَنَا نَائِمٌ رَأَيْتُ فِي يَدَيَّ سِوَارَيْنِ مِنْ ذَهَبٍ.

5972 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا مۇسەيلىمە كاززاب ئۆز قەۋمىدىن نۇرغۇن ئادەم بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە كېلىپ:

ـــ ئەگەر مۇھەممەد ئۆزىدىن كېيىن پەيغەمبەرلىكنى ماڭا قالدۇرسا، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەتتىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما شېخىدىن بىرنى ئېلىپ، سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماس بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئادەملىرى ئىچىدە تۇرغان مۇسەيلىمەنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ:

ـ ئەگەر سەن مەندىن مۇشۇ بىر تال شاخنى سورىساڭمۇ، مەن ئۇنى ساڭا ھەرگىز بەرمەيمەن. سەن اللهنىڭ ئەمرىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايسەن، ئەگەر سەن اللهنىڭ ئەمرىگە ئارقاڭنى قىلساڭ، الله سېنى چوقۇم ھالاك قىلىدۇ. مەن سېنىڭ ھەققىڭدە چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنى شۇ تاپتا (ئۆڭۈمدا) كۆرگەندەك بولىۋاتىمەن» دېدى. كېيىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەنىدى: «مەن چۈشۈمدە ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈكنىڭ قولۇمدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتىمەن...» (بۇ ھەدىسنىڭ داۋامى چۈشلەر بابىدا كېلىدۇ).

(بۇخارى: 3621)

5973 - وفي رواية: وَهَذَا ثَابِتُ بْنُ قَيْسٍ وَسَيُجِيبُكَ عَني فَانْصَرَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5973 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسەيلىمە كاززابقا: «بۇ سابىت ئىبنى قەيستۇر. ئۇ ساڭا مېنىڭ نامىمدا جاۋاب بېرىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇ جايدىن قايتىپ كەتتى.

(بۇخارى: 4379)

5974 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا أَرَادَ اللهُ بِالْأَمِيرِ خَيْرًا جَعَلَ لَهُ وَزِيرَ صِدْقٍ إِنْ نَسِيَ ذَكَرَهُ وَإِنْ ذَكَرَ أَعَانَهُ وَإِذَا أَرَادَ اللهُ بِهِ غَيْرَ ذَلِكَ جَعَلَ لَهُ وَزِيرَ سُوءٍ إِنْ نَسِيَ لَمْ يُذَكِّرْهُ وَإِنْ ذَكَرَ لَمْ يُعِنْهُ.

5974 ـــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر الله بىرەر باشلىققا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، راستچىل كىشىنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالسا، ياردەمچىسى ئۇنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىش ئۇنىڭ ئېسىدە بولسا، ياردەمچىسى ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى بېجىرىشىگە ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر الله بىرەر باشلىققا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلمىسا، ناچار كىشىنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالسا، ياردەمچىسى ئۇنى ئۇنىڭغا ئەسلەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئىش ئۇنىڭ ئېسىدە بولسا، ياردەمچىسى ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى بېجىرىشىگە ياردەم قىلمايدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2932)

5975 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا اسْتُخْلِفَ خَلِيفَةٌ إِلا لَهُ بِطَانَتَانِ بِطَانَةٌ تَأْمُرُهُ بِالْخَيْرِ وَتَحُضهُ عَلَيْهِ وَبِطَانَةٌ تَأْمُرُهُ بِالشر وَتَحُضهُ عَلَيْـهِ وَالْمَعْصُومُ مَنْ عَصَمَ اللهُ.

5975 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرەيلەن خەلىپە ياكى ئورۇنباسار قىلىپ تىكلەنسە، ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئىككى خىل كىشى بولىدۇ. بىرى ئۇنى ھەمىشە ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە ياخشىلىققا رىغبەتلەندۈرىدۇ. يەنە بىرى ئۇنى ھەمىشە يامانلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە يامانلىققا رىغبەتلەندۈرىدۇ. پەقەت الله ساقلىغان كىشىلا مۇنداق يامانلىقتىن ساقلىنىپ قالىدۇ».

(بۇخارى: 6611)

[①] ئەلبانى (2544): سەھىھ ـ دېگەن.

5976 - عَنْ كَعْبِ بْنِ عُجْرَةَ قَالَ خَرَجَ إِلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ تِسْعَةٌ خَمْسَةٌ وَأَرْبَعَةٌ أَحَدُ الْعَدَدَيْنِ مِنْ الْعَرَبِ وَالْآخَرُ مِنْ الْعَجَمِ فَقَالَ اسْمَعُوا هَلْ سَمِعْتُمْ أَنَهُ سَيَكُونُ بَعْدِي أُمَرَاءُ فَمَنْ دَخَلَ عَلَيْهِمْ فَصَدقَهُمْ بِكَذِبِهِمْ وَأَعَانَهُمْ عَلَى ظُلْمِهِمْ فَلَيْسَ مِني وَلَسْتُ مِنْهُ وَلَيْسَ بِوَارِدٍ عَلَي الْحَوْضَ وَمَنْ لَمْ يَدْخُلْ عَلَيْهِمْ وَلَمْ يُعِنْهُمْ عَلَى ظُلْمِهِمْ وَلَمْ يُصَدقْهُمْ بِكَذِبِهِمْ فَهُوَ مِني وَأَنَا مِنْهُ وَهُوَ وَارِدٌ عَلَي الْحَوْضَ.

5976 ـ كەئب ئىبنى ئۇجرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇلاق سېلىپ تىڭشاڭلاركى، مەندىن كېيىن ئەمەلدارلار كېلىدۇ. كىمكى ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنى تەستىقلىسا ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ياردەم قىلسا، ئۇ مەندىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەمەس. ئۇ مېنىڭ ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمنىڭ بويىغا كېلەلمەيدۇ. كىمكى ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرمىسە ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ياردەم قىلمىسا، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنى تەستىقلىمىسا، ئۇ مەندىن، مەنمۇ ئۇنىڭدىن. ئەنە شۇ (ئادەم) ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمنىڭ بويىغا كېلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2259)

5977 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ السجِل كَاتِبٌ كَانَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5977 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: سىجىل (ئىسىملىك بىر ساھابە) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كاتىبى ئىدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2935)

5978 - عَنْ نَافِعٍ قَالَ لَما خَلَعَ أَهْلُ الْمَدِينَةِ يَزِيدَ بْنَ مُعَاوِيَةَ جَمَعَ ابْنُ عُمَرَ حَشَمَهُ وَوَلَدَهُ فَقَالَ إِني سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يُنْصَبُ لِكُل غَادِرٍ لِوَاءٌ يَوْمَ

[1] ئەلبانى (1843): سەھىھ دېگەن.
[2] ئەلبانى (630): زەئىپ ـ دېگەن.

الْقِيَامَةِ وَإِنا قَدْ بَايَعْنَا هَذَا الرجُلَ عَلَى بَيْعِ اللهِ وَرَسُولِهِ وَإِني لَا أَعْلَمُ غَدْرًا أَعْظَمَ مِنْ أَنْ يُبَايَعَ رَجُلٌ عَلَى بَيْعِ اللهِ وَرَسُولِهِ ثُم يُنْصَبُ لَهُ الْقِتَالُ وَإِني لَا أَعْلَمُ أَحَدًا مِنْكُمْ خَلَعَهُ وَلَا بَايَعَ فِي هَذَا الْأَمْرِ إِلا كَانَتْ الْفَيْصَلَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ.

5978 ـــ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: مەدىنە خەلقى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ بەيئىتىدىن چىققان چاغدا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ۋە باللىرىنى يىغىپ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەربىر خىيانەتخور ئۈچۈن قىيامەت كۈنى بىر بايراق تىكلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بىز بۇ ئادەمگە (يەنى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەگە) اللەنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بەيئەت قىلدۇق. مەن بىر ئادەمگە اللەنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بەيئەت قىلىپ، ئاندىن ئۇ ئادەمگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن توغ كۆتۈرۈشتىنمۇ چوڭراق خىيانەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. مەن بىرىڭلارنىڭ ئۇنىڭ بەيئىتىدىن چىقىپ، بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلمىغىنىنى ئاڭلاپ قالسام، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارامدىكى پۈتۈن مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 7111)

5979 - عَنْ نَافِعٍ قَالَ جَاءَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ إِلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ مُطِيعٍ حِينَ كَانَ مِنْ أَمْرِ الْحَرةِ مَا كَانَ زَمَنَ يَزِيدَ بْنِ مُعَاوِيَةَ فَقَالَ اطْرَحُوا لِأَبِي عَبْدِ الرحْمَنِ وِسَادَةً فَقَالَ إِني لَمْ آتِكَ لِأَجْلِسَ أَتَيْتُكَ لِأُحَدثَكَ حَدِيثًا سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُهُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ خَلَعَ يَدًا مِنْ طَاعَةٍ لَقِيَ اللهَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لَا حُجةَ لَهُ وَمَنْ مَاتَ وَلَيْسَ فِي عُنُقِهِ بَيْعَةٌ مَاتَ مِيتَةً جَاهِلِيةً.

5979 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ بەيئىتىدىن چىقىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇتىئنىڭ ئەتراپىغا توپلانغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئابدۇللاھ ئىبنى مۇتىئنىڭ قېشىغا كەلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇتىئ ئادەملىرىگە:

ـ نېمە قاراپ تۇرىسىلەر؟ ئىبنى ئۆمەرگە بىر ياستۇق بېرىڭلار! ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـــ مەن سېنىڭ قېشىڭغا ئولتۇرغىلى ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگىلى كەلدىم. مەن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «كىمكى بىرەر باشلىققا ئىتائەت قىلىشقا (بەرگەن بەيئىتىنى) بۇزسا، قىيامەت كۈنى اللهنىڭ ئالدىغا بارغاندا (قىلمىشىنى ئاقلىغۇدەك بىرەر) پاكىت تاپالمايدۇ. كىمكى بىرەر باشلىققا بەيئەت قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ» دېدى.

(مۇسلىم: 1851)

5980 - عَنْ جَرِيرٍ قَالَ كُنتُ بِالْيَمَنِ فَلَقِيتُ رَجُلَيْنِ مِنْ أَهْلِ الْيَمَنِ ذَا كَلَاعٍ وَذَا عَمْرٍو فَجَعَلْتُ أُحَدِثُهُمْ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ ذُو عَمْرٍو لَئِنْ كَانَ الذِي تَذْكُرُ مِنْ أَمرِ صَاحِبِكَ لَقَدْ مَر عَلَى أَجَلِهِ مُنذُ ثَلَاثٍ وَأَقْبَلَا مَعِي حَتى إِذَا كُنا فِي بَعْضِ الطرِيقِ رُفِعَ لَنا رَكْبٌ مِنْ قِبَلِ الْمَدِينَةِ فَسَأَلْنَاهُمْ فَقَالُوا قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاسْتُخْلِفَ أَبُو بَكْرٍ وَالناسُ صَالِحُونَ فَقَالَا أَخْبِرْ صَاحِبَكَ أَنا قَدْ جِئْنَا وَلَعَلنَا سَنَعُودُ إِنْ شَاءَ اللهُ وَرَجَعَا إِلَى الْيَمَنِ فَأَخْبَرْتُ أَبَا بَكْرٍ بِحَدِيثِهِمْ قَالَ أَفَلَا جِئْتَ بِهِمْ فَلَما كَانَ بَعْدُ قَالَ لِي ذُو عَمْرٍو يَا جَرِيرُ إِن بِكَ عَلَي كَرَامَةً وَإِني مُخْبِرُكَ خَبَرًا إِنكُمْ مَعْشَرَ الْعَرَبِ لَنْ تَزَالُوا بِخَيْرٍ مَا كُنتُمْ إِذَا هَلَكَ أَمِيرٌ تَأَمرْتُمْ فِي آخَرَ فَإِذَا كَانَتْ بِالسيْفِ كَانُوا مُلُوكًا يَغْضَبُونَ غَضَبَ الْمُلُوكِ وَيَرْضَوْنَ رِضَا الْمُلُوكِ.

5980 ـ جەرىر مۇنداق دەيدۇ: مەن يەمەندە ئىدىم. يەمەننىڭ كەلائ ۋە ئەمر قەبىلىسىدىن بولغان ئىككى ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ۋە ئۇلارغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن، ئەمر قەبىلىسىلىك كىشى ماڭا:

ـــ ئەگەر سېنىڭ ھەمراھىڭ (يەنى پەيغەمبىرىڭ) ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئۈچ كۈن بولدى، ـ

دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن مەدىنە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتىم. ئۇ ئىككى ئادەممۇ مەن بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتى.

يېرىم يولغا كەلگەندە، ئالدىمىزغا مەدىنە تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر كارۋان ئۇچرىدى. بىز ئۇلاردىن ئەھۋال سورىۋىدۇق، ئۇلار:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولدى، ئىنسانلارنىڭ ھالى ياخشى، - دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى ماڭا:

— سەن ئەبۇ بەكرىگە بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتقىن، الله خالىسا، بىز يەنە قايتا كېلىشىمىز مۇمكىن، - دېدى ۋە يەمەنگە قايتىپ كەتتى. مەن ئەبۇ بەكرىگە ئۇلارنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدۇم. ئۇ:

- ئۇلارنى قېشىمغا ئېلىپ كەلسەڭ بولماسمىدى؟ - دېدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئەمر قەبىلىسىلىك كىشى ماڭا:

- ئى جەرىر! سېنىڭ ماڭا قىلغان بىر ياخشىلىقىڭ بار. مەن ساڭا شۇ ھەقىقەتنى ئېيتىپ بېرەي، سىلەر ئەرەب خەلقى بىر باشلىق ئۆلگەندىن كېيىن، يەنە بىر باشلىقنى سايلاش ئۇچۇن مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلغان مۇددەتكىچە ياخشىلىق ئۈستىدە بولىسىلەر. باشلىق سايلاش ئىشى قىلىچقا (يەنى ئۇرۇش - تالاشقا) قالغاندا، پادىشاھلار (يەنى پادىشاھلىق تۈزۈم) مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار غەزەپلەنسە، پادىشاھلارچە غەزەپلىنىدۇ. خۇشال بولسىمۇ، پادىشاھلارچە خۇشال بولىدۇ، - دېدى.

(بۇخارى: 4359)

5981 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ شِمَاسَةَ قَالَ أَتَيْتُ عَائِشَةَ أَسْأَلُهَا عَنْ شَيْءٍ فَقَالَتْ مِمنْ أَنتَ فَقُلْتُ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ مِصْرَ فَقَالَتْ كَيْفَ كَانَ صَاحِبُكُمْ لَكُمْ فِي غَزَاتِكُمْ هَذِهِ فَقَالَ مَا نَقَمْنَا مِنْهُ شَيْئًا إِنْ كَانَ لَيَمُوتُ لِلرجُلِ مِنا الْبَعِيرُ فَيُعْطِيهِ الْبَعِيرَ وَالْعَبْدُ فَيُعْطِيهِ الْعَبْدَ وَيَحْتَاجُ إِلَى النفَقَةِ فَيُعْطِيهِ النفَقَةَ فَقَالَتْ أَمَا إِنهُ لَا يَمْنَعُنِي الذِي فَعَلَ فِي مُحَمدِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ أَخِي أَنْ أُخْبِرَكَ مَا سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِي بَيْتِي هَذَا

اللهُم مَنْ وَلِيَ مِنْ أَمْرِ أُمتِي شَيْئًا فَشَق عَلَيْهِمْ فَاشْقُقْ عَلَيْهِ وَمَنْ وَلِيَ مِنْ أَمْرِ أُمتِـي شَـيْئًا فَرَفَقَ بِهِمْ فَارْفُقْ بِهِ.

5981 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى شىماسە مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ:

ـ سەن كىم؟ ـ دېدى. مەن:

ـ مەن مىسىرلىق بىر ئادەممەن، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار (ئەمىر ئىبنى ئاس) بۇ قېتىمقى غازىتىڭلاردا سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ ـ دېدى. مەن:

ـ بىز ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يامانلىق كۆرمىدۇق. ئەگەر ئىچىمىزدىن بىرەر ئادەمنىڭ تۆگىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا تۆگە بەردى. قۇلى ئۆلۈپ كەتسە، قۇل بەردى. خىراجەتكە ئېھتىياجى بولۇپ قالسا، خىراجەت بەردى، ـ دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنىڭ قېرىندىشىم مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرىگە قىلغانلىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانلىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرىشىمگە توسقۇنلۇق قىلماس. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ ئۆيۈمدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئى الله! كىمكى ئۈممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئاندىن ئۇلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرغىن! كىمكى ئۈممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئاندىن ئۇلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلغىن!»

(مۇسلىم: 1828)

5982 - عَنْ أَبِي فِرَاسٍ قَالَ خَطَبَنَا عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقَالَ إِني لَمْ أَبْعَثْ عُمالِي لِيَضْرِبُوا أَبْشَارَكُمْ وَلَا لِيَأْخُذُوا أَمْوَالَكُمْ فَمَنْ فُعِلَ بِهِ ذَلِكَ فَلْيَرْفَعْهُ إِلَي أُقِصهُ مِنْـهُ قَـالَ عَمْرُو بْنُ الْعَاصِ لَوْ أَن رَجُلًا أَدبَ بَعْضَ رَعِيتِهِ أَتُقِصهُ مِنْهُ قَالَ إِي وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ أُقِصهُ وَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقَص مِنْ نَفْسِهِ.

5982 ـ ئەبۇ فىراس مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ بىزگە خۇتبە ئوقۇپ:

ــ مەن ئەمىرلەرنى سىلەرنى ئۇرۇشى ۋە ماللىرىڭلارنى ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن تەيىنلىمىدىم. كىمكى مۇشۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىسا، ماڭا شىكايەت قىلىپ كەلسۇن، مەن ئۇنىڭ قىساسىنى مەسئۇل كىشىدىن ئېلىپ بېرىمەن، ـ دېدى. ئارىدىن ئەمر ئىبنى ئاس:

ــ ئەگەر مەلۇم بىر ئەمەلدار ئۆزىنىڭ تەۋەسىدىن بىرەر ئادەمنى ئەدەپلەپ قويسا، سەن ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىپ بېرەمسەن؟ ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىمەن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزىدىنمۇ باشقىلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4537)

5983- عَنْ جُبَيْرِ بْنِ نُفَيْرٍ وَكَثِيرِ بْنِ مُرةَ وَعَمْرِو بْنِ الْأَسْوَدِ وَالْمِقْدَامِ بْنِ مَعْـدِي كَرِبَ وَأَبِي أُمَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْأَمِيرَ إِذَا ابْتَغَى الريبَةَ فِي النـاسِ أَفْسَدَهُمْ.

5983 ـ جۇبەير ئىبنى نۇفەير، كەسىر ئىبنى مۇررە، ئەمىر ئىبنى ئەسۋەد، مىقدام ئىبنى مەئدىكەرىب ۋە ئەبۇ ئۇمامە قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر باشلىق قول ئاستىدىكىلەرگە گۇمان بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئۇلارنى بۇزۇپ قويىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4889)

[1] ئەلبانى (980): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4089): سەھىھ ـ دېگەن.

5984 - عَنِ ٱبْنِ عَباسٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: أَولُ هَذَا الأَمْرِ نُبوةٌ وَرَحْمَةٌ، ثُم يَكُونُ خِلافَةً وَرَحْمَةً، ثُم يَكُونُ مُلْكًا وَرَحْمَةً، ثُم يَكُونُ إِمَارَةً وَرَحْمَةً، ثُم يَتكادَمُونَ عَلَيْهِ تَكادُمَ الْحُمُرِ، فَعَلَيْكُمْ بِالْجِهَادِ، وَإِن أَفْضَلَ جهـادِكُمُ الربـاطُ، وَإِن أَفْضَلَ رباطِكُمْ عَسْقَلانُ.

5984 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بۇ ئىشنىڭ دەسلىۋى پەيغەمبەرلىك ۋە رەھمەتتۇر. ئاندىن كېيىن خەلىپىلىك ۋە رەھمەت بولىدۇ. ئاندىن كېيىن پادىشاھلىق ۋە رەھمەت بولىدۇ. ئاندىن كېيىن سۇلتانلىق ۋە رەھمەت بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىنسانلار ھوقۇقنى ئېرىشىش ئۈچۈن بىر ـ بىرلىرىنى خۇددى ئېشەكلەر بىر ـ بىرىنى چىشلىگەندەك چىشلەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا سىلەر جىھاد قىلىشىڭلار لازىم. ئەڭ ئەۋزەل جىھاد چېگرا رايونلارنى قوغداشتۇر، قوغدايدىغان ئەڭ ئەۋزەل چېگرا ئەسقىلاندۇر[1]»[2].

(«ئەلكەبىر»: 11138)

5985 - عن أبى هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم ما من أمير عشرة إلا يؤتى به يوم القيامة مغلولا حتى يفكه العدل أو يوثقه الجور.

5985 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئون كىشىنىڭ باشلىقىمۇ قىيامەت كۈنى باغلانغان ھالدا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇنى يا (ئۆزىنىڭ) ئادالىتى بوشىتىدۇ ياكى زۇلمى تېخىمۇ چىڭ باغلىۋېتىدۇ»[3].

(بەززار: 1640، «ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ئەسقىلان پەلەستىنىدىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ھازىر يەھۇدىيلار بېسىۋالغان زېمىنلارنىڭ ئىچىدە.

[2] ھەيسەمى (8964): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (9036): بۇ ھەدىسنى ئىمام بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام بەززارنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

5986 - عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ يَرْفَعُهُ قَالَ: مَا مِنْ رَجُلٍ وَلِيَ عَشَرَةً إِلا أُتِيَ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مَغْلُولَةً يَدُهُ إِلَى عُنُقِهِ حَتَّى يُقْضَى بَيْنَهُ وَبَيْنَهُمْ.

5986 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئون كىشىگە باشلىق بولغان كىشىمۇ قىيامەت كۈنى قوللىرى گەدىنىگە باغلانغان ھالدا ئېلىپ كېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇ ئون كىشى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلغۇچە ئەشۇ پېتى تۇرىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

5987 - عَنْ مُعَاوِيَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: "لا تُقَدَّسُ أُمَّـةٌ لا يُقْضَى فِيهَا بِالْحَقِّ وَيَأْخُذُ الضَّعِيفُ حَقَّهُ مِنَ الْقَوِيِّ غَيْرَ مُتَعْتَعٍ".

5987 ــ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىنمايدىغان، ئاجىزلىرى كۈچلۈكلىرىدىن ھەققىنى ھېچبىر زىيان - زەخمەتكە يولۇقماستىن ئالالمايدىغان مىللەتنى الله ھېچقاچان ئىززەت - ئابرۇيغا ئىگە قىلمايدۇ»[2].

(تەبەرانى «ئەلكەبىر» دە رىۋايەت قىلغان)

5988 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ أَنَّ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ دَخَلَ عَلَى مُعَاوِيَةَ فَقَالَ حَاجَتَكَ يَا أَبَا عَبْدِ الرَّحْمَنِ فَقَالَ عَطَاءُ الْمُحَرَّرِينَ فَإِنِّي رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَوَّلَ مَا جَاءَهُ شَيْءٌ بَدَأَ بِالْمُحَرَّرِينَ.

5988 - زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىردى. مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا:

[1] ھەيسەمى (9042): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9057): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

ـ ئى ئابدۇللاھ! بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ قولۇڭغا كەلگەن كىرىمدىن ئازادلىققا ئېرىشكەن قۇللارغا ياردەم قىلغىن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىغا كەلگەن كىرىمنىڭ تەقسىماتىنى ئالدى بىلەن ئازادلىققا ئېرىشكەن قۇللارغا بېرىش بىلەن باشلايدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2951)

5989 - عن أبى الدرداء قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول من أبلغ ذا سلطان حاجة من لا يستطيع إبلاغه يثبت الله قدميه على الصراط يوم تزول الاقدام.

5989 ــ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پادىشاھقا ئۆز ھاجىتىنى دېيەلمەيدىغان كىشىنىڭ ھاجىتىنى دېيىشىپ بەرسە، الله تائالا پۇتلار تېيىلىپ تۇرىدىغان پىلسىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئۇنىڭ ئىككى قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ»[2].

(بەززار: 1593)

5990 - عن ابن عباس قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم ما من أمG أحد وБ من أمر الناس شيئا لم Зفظهم ɳا حفẎ به نفسه وأهله إلا لم ƶد رائحة الجنة.

5990 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەلبانى (2558): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9064): بۇ ھەدىسنى ئىمام بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ (ئەسلىدە ئۇزۇن ھەدىستۇر)، سەنەدىدە سەئىد ئەلبەرراد ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

«مېنىڭ ئۇممىتىمدىن ھەرقانداق بىر كىشى ئىنسانلارنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنى خۇددى ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى قوغدىغاندەك قوغدىمىسا، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت» ۋە «ئەلسەغىر»)

5991 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: مَنْ وَلِيَ شَيْئًا مِنْ أَمْـرِ الْمُسْلِمِينَ لَمْ يَنظُرِ اللهُ فِي حَاجَتِهِ حَتى يَنظُرَ فِي حَوَائِجِهِمْ.

5991 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل بولسا، ئۇ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى راۋا قىلمىغۇچە، الله ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى راۋا قىلمايدۇ»[2].

(تەبەرانى «ئەلكەبىر» دە رىۋايەت قىلغان)

5992 - عن عِيَاض بن غَنْمٍ قَالَ قال رَسُول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَرَادَ أَنْ يَنصَحَ لِسُلْطَانٍ بِأَمْرٍ فَلَا يُبْدِ لَهُ عَلَانِيَةً وَلَكِنْ لِيَأْخُذْ بِيَدِهِ فَيَخْلُو بِهِ فَإِنْ قَبِلَ مِنْهُ فَذَاكَ وَإِلَّـا كَانَ قَدْ أَدى الذِي عَلَيْهِ لَهُ.

5992 ـــ ئىياز ئىبنى غەنەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پادىشاھقا نەسىھەت قىلماقچى بولسا، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قىلماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، خالىي جايغا بېرىپ قىلسۇن. ئەگەر پادىشاھ ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلسا، بۇ ناھايىتى

---

[1] ھەيسەمى (9069): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى شەيبە تائىفى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9070): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەسەن ئىبنى قەيس ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك (قوبۇل قىلىنمايدىغان) بىرى بار. لېكىن ئەبۇ مۇھسىن ئۇنىڭ راستچىل ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ياخشى. ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، نەسىھەت قىلغۇچى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 14909)

5993 - عن ابن عمر قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «من حضر إماما فليقل خيرا، أو فليسكت».

5993 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىمامنىڭ (ھۆكۈمدارنىڭ) يېنىغا كىرسە، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن!»[2]

(«ئەلئەۋسەت»)

5994 - عن عَلِي بن أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَحِل لِلْخَلِيفَةِ مِنْ مَالِ اللهِ إلا قَصْعَتَان قَصْعَةٌ يَأْكُلُهَا هُوَ وَأَهْلُهُ وَقَصْعَةٌ يَضَعُهَا بين يَدَيْ الناسِ.

5994 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«اللهنىڭ مېلىدىن (يەنى دۆلەت خەزىنىسىدىن) خەلىپىنىڭ پەقەت ئىككى قاچا تاماق ئېلىش ھەققى بولىدۇ. بىرىنى بالا ـ

---

[1] ھەيسەمى (9161): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. لېكىن شۇرەيھ تابىئىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىياز ۋە ھىشامدىن ھەدىس ئاڭلىغان ياكى ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9167): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى زىياد ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، بىر قىسىم ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

چاقىلىرى بىلەن بىللە يەيدۇ، يەنە بىرىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 579)

5995 - عن الحسن بن على قال لما احتضر أبو بكر قال يا عائشة انظري اللقحة التي كنا نشرب من لبنها والجفنة التي كنا نصطبح فيها والقطيفة التي كنا نلبسها فانا كنا ننتفع بذلك حين كنا نلى أمر المسلمين فاذا مت فارديه إلى عمر فلما مات أبو بكر أرسلت به إلى عمر فقال عمر رضي الله عنك لقد أتعبت من جاء بعدك.

5995 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا:

ــ ئى ئائىشە! بىز سېغىپ سۈتىنى ئىچىۋاتقان تۆگىگە، تاماق يېشۈرۈپ يەۋاتقان قازانغا ۋە كىيىۋاتقان كىيىم ـ كېچەكلەرگە قارىغىن. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان چېغىمىزدا، ئۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ كەلگەنىدۇق. ئەگەر مەن ۋاپات بولۇپ كەتسەم، ئۇ نەرسىلەرنى ئۆمەرگە قايتۇرۇپ بەرگىن! ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ نەرسىلەرنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارىتىپ:

ــ اللہ ساڭا رەھمەت قىلسۇن! (ئەمما) سەندىن كېيىن كېلىدىغانلارنىڭ ئىشىنى تەسلەشتۈرۈۋېتىپسەن، ـ دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

5996 - قَالَ ثَعْلَبَةُ بْنُ أَبِي مَالِكٍ إن عُمَرَ بْنَ الْخَطاب رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَسَمَ مُرُوطًا بَيْنَ نِسَاءٍ مِنْ نِسَاءِ الْمَدِينَةِ فَبَقِيَ مِرْطٌ جَيدٌ فَقَالَ لَهُ بَعْضُ مَنْ عِنْدَهُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَعْطِ هَذَا ابْنَةَ

[1] ھەيسەمى (9169): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك، بەزى ھەدىسلىرى ھەسەن، بەزى ھەدىسلىرى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9170): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الَتِي عِنْدَكَ يُرِيدُونَ أُم كُلْثُومٍ بِنْتَ عَلِي فَقَالَ عُمَرُ أُم سَلِيطٍ أَحَق وَأُم سَلِيطٍ مِنْ نِسَاءِ الْأَنصَارِ مِمنْ بَايَعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ عُمَرُ فَإِنهَا كَانَتْ تَزْفِرُ لَنَا الْقِرَبَ يَوْمَ أُحُدٍ.

5996 ـ سەئلەبە ئىبنى ئەبۇ مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنە ئاياللىرىغا كىيىم تارقىتىپ بەردى، لېكىن بىر قۇر ئېسىل كىيىم ئېشىپ قالدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىكىلەر:

— ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇنى سېنىڭ ئايالىڭغا، يەنى ئەلىنىڭ قىزى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ نەۋرىسى ئۇممۇ گۈلسۇمگە بەرگىن! ـ دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بۇنىڭغا ئۇممۇ سەلىت تېخىمۇ ھەقلىق، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغان ئەنسارى ئاياللاردىن بولۇپ، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا بىزگە تۇلۇم بىلەن سۇ توشۇپ بەرگەنىدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2881)

## توغرا يولدا ماڭغان تۆت خەلىپە ۋە ئۇلارغا قىلىنغان بەيئەتلەر

5997 - عن عَبْد اللهِ بن عَباسٍ أن عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ خَرَجَ مِنْ عِنْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي وَجَعِهِ الذِي تُوُفيَ فِيهِ فَقَالَ الناسُ يَا أَبَا حَسَنٍ كَيْفَ أَصْبَحَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَصْبَحَ بِحَمْدِ اللهِ بَارِئًا فَأَخَذَ بِيَدِهِ عَباسُ بْنُ عَبْدِ الْمُطلِبِ فَقَالَ لَهُ أَنتَ وَاللهِ بَعْدَ ثَلَاثٍ عَبْدُ الْعَصَا وَإِني وَاللهِ لَأَرَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَوْفَ يُتَوَفى مِنْ وَجَعِهِ هَذَا إِني لَأَعْرِفُ وُجُوهَ بَنِي عَبْدِ الْمُطلِبِ عِنْدَ الْمَوْتِ اذْهَبْ بِنَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلْنَسْأَلْهُ فِيمَنْ هَذَا الْأَمْرُ إِنْ كَانَ فِينَا عَلِمْنَا ذَلِكَ وَإِنْ كَانَ فِي غَيْرِنَا عَلِمْنَاهُ فَأَوْصَى بِنَا فَقَالَ عَلِي إِنا وَاللهِ لَئِنْ سَأَلْنَاهَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَنَعَنَاهَا لَا يُعْطِينَاهَا الناسُ بَعْدَهُ وَإِني وَاللهِ لَا أَسْأَلُهَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

5997 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى كېسەللى بىلەن ياتاتتى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىدىن سىرتقا چىقتى. كىشىلەر:

— ئى ئەلى! رەسۇلۇللاھ بۈگۈن قانداقراق؟ ـ دەپ سوراشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ اللهقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئۇ بۈگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، ـ دېدى. ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ئۈچ كۈندىن كېيىن باشقىلارغا باشلىق بولىسەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كېسەلدە ۋاپات بولۇپ كېتەمدىكىن دەيمەن. مەن ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىنىڭ ئۆلۈش

ئالدىدىكى ھالىتىنى ئوبدان بىلىمەن. سەن بىزنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرگىن. بىز ئۇنىڭدىن خەلىپىلىك ئىشىنى سورايلى. ئەگەر خەلىپە بىزدىن بولىدىغان بولسا، بۇنى بىز بىلىپ قالايلى. ئەگەر باشقىلاردىن بولىدىغان بولسا، بۇنىمۇ بىلىپ قالايلى. ئۇ بىزگە قانداق قىلىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلسۇن! ـ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەگەر بىز ئۇنىڭدىن خەلىپىلىكنى سورىساق، ئۇنى بىزدىن مەنئى قىلىشى مۇمكىن. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇنىڭدىن كېيىن خەلق بىزگە خەلىپىلىكنى ھەرگىز بەرمەيدۇ. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ توغرۇلۇق ھەرگىز سورىمايمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4447)

5998 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ جُبَيْرِ بْنِ مُطْعِمٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أَتتْ امْرَأَةٌ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَمَرَهَا أَنْ تَرْجِعَ إِلَيْهِ قَالَتْ أَرَأَيتَ إِنْ جِئْتُ وَلَمْ أَجِدْكَ كَأَنها تَقُولُ الْمَوْتَ قَالَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ لَمْ تَجِدِينِي فَأْتِي أَبَا بَكْرٍ.

5998 ــ مۇھەممەد ئىبنى جۇبەير ئىبنى مۇتئىمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ دادىسى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر ئىش ئۈچۈن كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى باشقا بىر ۋاقىتتا كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ:

ـ مۇبادا مەن كېلىپ سىنى تاپالمىسامچۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئايال (بۇ سۆزىدىن) ئۇنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشىنى كۆزدە تۇتقاندەك قىلغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇبادا مېنى تاپالمىساڭ، ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىغا بارغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 3659)

5999 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كُنتُ أُقْرِئُ رِجَالًا مِنْ الْمُهَاجِرِينَ مِنْهُمْ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ فَبَيْنَمَا أَنا فِي مَنْزِلِهِ بِمِنًى وَهُوَ عِنْدَ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فِي آخِرِ حَجةٍ حَجهَا إِذْ رَجَعَ إِلَي عَبْدُ الرحْمَنِ فَقَالَ لَوْ رَأَيتَ رَجُلًا أَتى أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ الْيَوْمَ فَقَالَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ هَلْ لَكَ فِي فُلَانٍ يَقُولُ لَوْ قَدْ مَاتَ عُمَرُ لَقَدْ بَايَعْتُ فُلَانًا فَوَاللهِ مَا كَانَتْ بَيْعَةُ أَبِي بَكْرٍ إِلا فَلْتَةً فَتمتْ فَغَضِبَ عُمَرُ ثُم قَالَ إِني إِنْ شَاءَ اللهُ لَقَائِمٌ الْعَشِيةَ فِي الناسِ فَمُحَذرُهُمْ هَؤُلَاءِ الذِينَ يُرِيدُونَ أَنْ يَغْصِبُوهُمْ أُمُورَهُمْ قَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ فَقُلْتُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ لَا تَفْعَلْ فَإِن الْمَوْسِمَ يَجْمَعُ رَعَاعَ الناسِ وَغَوْغَاءَهُمْ فَإِنهُمْ هُمْ الذِينَ يَغْلِبُونَ عَلَى قُرْبِكَ حِينَ تَقُومُ فِي الناسِ وَأَنا أَخْشَى أَنْ تَقُومَ فَتَقُولَ مَقَالَةً يُطَيرُهَا عَنْكَ كُل مُطَيرٍ وَأَنْ لَا يَعُوهَا وَأَنْ لَا يَضَعُوهَا عَلَى مَوَاضِعِهَا فَأَمْهِلْ حَتى تَقْدَمَ الْمَدِينَةَ فَإِنهَا دَارُ الْهِجْرَةِ وَالسنةِ فَتَخْلُصَ بِأَهْلِ الْفِقْهِ وَأَشْرَافِ الناسِ فَتَقُولَ مَا قُلْتَ مُتَمَكنًا فَيَعِي أَهْلُ الْعِلْمِ مَقَالَتَكَ وَيَضَعُونَهَا عَلَى مَوَاضِعِهَا فَقَالَ عُمَرُ أَمَا وَاللهِ إِنْ شَاءَ اللهُ لَأَقُومَن بِذَلِكَ أَولَ مَقَامٍ أَقُومُهُ بِالْمَدِينَةِ قَالَ ابْنُ عَباسٍ فَقَدِمْنَا الْمَدِينَةَ فِي عُقْبِ ذِي الْحَجةِ فَلَما كَانَ يَوْمُ الْجُمُعَةِ عَجلْتُ الروَاحَ حِينَ زَاغَتْ الشمْسُ حَتى أَجِدَ سَعِيدَ بْنَ زَيْدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ نُفَيْلٍ جَالِسًا إِلَى رُكْنِ الْمِنْبَرِ فَجَلَسْتُ حَوْلَهُ تَمَس رُكْبَتِي رُكْبَتَهُ فَلَمْ أَنْشَبْ أَنْ خَرَجَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَلَما رَأَيْتُهُ مُقْبِلًا قُلْتُ لِسَعِيدِ بْنِ زَيْدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ نُفَيْلٍ لَيَقُولَن الْعَشِيةَ مَقَالَةً لَمْ يَقُلْهَا مُنْذُ اسْتُخْلِفَ فَأَنْكَرَ عَلَي وَقَالَ مَا عَسَيْتَ أَنْ يَقُولَ مَا لَمْ يَقُلْ قَبْلَهُ فَجَلَسَ عُمَرُ عَلَى الْمِنْبَرِ فَلَما سَكَتَ الْمُؤَذنُونَ قَامَ فَأَثْنَى عَلَى اللهِ بِمَا هُوَ أَهْلُهُ ثُم قَالَ أَما بَعْدُ فَإِني قَائِلٌ لَكُمْ مَقَالَةً قَدْ قُدرَ لِي أَنْ أَقُولَهَا لَا أَدْرِي لَعَلهَا بَيْنَ يَدَيْ أَجَلِي فَمَنْ عَقَلَهَا وَوَعَاهَا فَلْيُحَدثْ بِهَا حَيْثُ انْتَهَتْ بِهِ رَاحِلَتُهُ وَمَنْ خَشِيَ أَنْ لَا يَعْقِلَهَا فَلَا أُحِل لِأَحَدٍ أَنْ يَكْذِبَ عَلَي إِن اللهَ بَعَثَ مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْحَق وَأَنْزَلَ عَلَيْهِ الْكِتَابَ فَكَانَ مِما أَنْزَلَ اللهُ آيَةُ الرجْمِ فَقَرَأْنَاهَا وَعَقَلْنَاهَا وَوَعَيْنَاهَا رَجَمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَجَمْنَا بَعْدَهُ فَأَخْشَى إِنْ طَالَ بِالناسِ زَمَانٌ أَنْ يَقُولَ قَائِلٌ وَاللهِ مَا نَجِدُ آيَةَ الرجْمِ فِي كِتَابِ اللهِ فَيَضِلوا بِتَرْكِ فَرِيضَةٍ أَنْزَلَهَا اللهُ وَالرجْمُ فِي كِتَابِ اللهِ حَق عَلَى مَنْ زَنَى إِذَا أُحْصِنَ مِنْ الرجَالِ وَالنسَاءِ إِذَا قَامَتْ الْبَينَةُ أَوْ كَانَ الْحَبَلُ أَوْ الِاعْتِرَافُ ثُم إِنا كُنا نَقْرَأُ فِيمَا نَقْرَأُ مِنْ كِتَابِ اللهِ أَنْ لَا

تَرْغَبُوا عَنْ آبَائِكُمْ فَإِنَّهُ كُفْرٌ بِكُمْ أَنْ تَرْغَبُوا عَنْ آبَائِكُمْ أَوْ إِن كُفْرًا بِكُمْ أَنْ تَرْغَبُوا عَـنْ آبَائِكُمْ أَلَا ثُم إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُطْرُونِي كَمَا أُطْرِيَ عِيسَى ابْـنُ مَرْيَمَ وَقُولُوا عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ ثُم إِنهُ بَلَغَنِي أَن قَائِلًا مِنْكُمْ يَقُولُ وَاللهِ لَوْ قَدْ مَـاتَ عُمَـرُ بَايَعْتُ فُلَانًا فَلَا يَغْتَرن امْرُؤٌ أَنْ يَقُولَ إِنمَا كَانَتْ بَيْعَةُ أَبِي بَكْرٍ فَلْتَةً وَتَمتْ أَلَا وَإِنهَـا قَـدْ كَانَتْ كَذَلِكَ وَلَكِن اللهَ وَقَى شَرهَا وَلَيْسَ مِنْكُمْ مَنْ تُقْطَعُ الْأَعْنَاقُ إِلَيْهِ مِثْلُ أَبِي بَكْرٍ مَنْ بَايَعَ رَجُلًا عَنْ غَيْرِ مَشُورَةٍ مِنْ الْمُسْلِمِينَ فَلَا يُبَايَعُ هُوَ وَلَا الذِي بَايَعَهُ تَغِرةً أَنْ يُقْتَلَا وَإِنهُ قَدْ كَانَ مِنْ خَبَرِنَا حِينَ تَوَفى اللهُ نَبِيهُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن الْأَنْصَارَ خَالَفُونَا وَاجْتَمَعُـوا بِأَسْرِهِمْ فِي سَقِيفَةِ بَنِي سَاعِدَةَ وَخَالَفَ عَنا عَلِي وَالزبَيْرُ وَمَنْ مَعَهُمَا وَاجْتَمَعَ الْمُهَاجِرُونَ إِلَى أَبِي بَكْرٍ فَقُلْتُ لِأَبِي بَكْرٍ يَا أَبَا بَكْرٍ انْطَلِقْ بِنَا إِلَى إِخْوَانِنَا هَؤُلَاءِ مِنْ الْأَنْصَارِ فَانْطَلَقْنَـا نُرِيدُهُمْ فَلَما دَنَوْنَا مِنْهُمْ لَقِيَنَا مِنْهُمْ رَجُلَانِ صَالِحَانِ فَذَكَرَا مَا تَمَالَأَ عَلَيْهِ الْقَوْمُ فَقَالَا أَيْـنَ تُرِيدُونَ يَا مَعْشَرَ الْمُهَاجِرِينَ فَقُلْنَا نُرِيدُ إِخْوَانَنَا هَؤُلَاءِ مِنْ الْأَنْصَارِ فَقَالَا لَا عَلَـيْكُمْ أَنْ لَـا تَقْرَبُوهُمْ اقْضُوا أَمْرَكُمْ فَقُلْتُ وَاللهِ لَنَأْتِيَنهُمْ فَانْطَلَقْنَا حَتى أَتَيْنَاهُمْ فِي سَقِيفَةِ بَنِي سَـاعِدَةَ فَإِذَا رَجُلٌ مُزَملٌ بَيْنَ ظَهْرَانَيْهِمْ فَقُلْتُ مَنْ هَذَا فَقَالُوا هَذَا سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ فَقُلْتُ مَا لَهُ قَالُوا يُوعَكُ فَلَما جَلَسْنَا قَلِيلًا تَشَهدَ خَطِيبُهُمْ فَأَثْنَى عَلَى اللهِ بِمَا هُوَ أَهْلُهُ ثُم قَالَ أَما بَعْدُ فَنَحْنُ أَنْصَارُ اللهِ وَكَتِيبَةُ الْإِسْلَامِ وَأَنْتُمْ مَعْشَرَ الْمُهَاجِرِينَ رَهْطٌ وَقَدْ دَفتْ دَافةٌ مِنْ قَوْمِكُمْ فَإِذَا هُمْ يُرِيدُونَ أَنْ يَخْتَزِلُونَا مِنْ أَصْلِنَا وَأَنْ يَحْضُنُونَا مِنْ الْأَمْرِ فَلَما سَكَتَ أَرَدْتُ أَنْ أَتَكَلمَ وَكُنْتُ قَدْ زَورْتُ مَقَالَةً أَعْجَبَتْنِي أُرِيدُ أَنْ أُقَدمَهَا بَيْنَ يَدَيْ أَبِي بَكْرٍ وَكُنْتُ أُدَارِي مِنْهُ بَعْضَ الْحَد فَلَما أَرَدْتُ أَنْ أَتَكَلمَ قَالَ أَبُو بَكْرٍ عَلَى رِسْلِكَ فَكَرِهْتُ أَنْ أُغْضِبَهُ فَتَكَلمَ أَبُو بَكْرٍ فَكَـانَ هُوَ أَحْلَمَ مِني وَأَوْقَرَ وَاللهِ مَا تَرَكَ مِنْ كَلِمَةٍ أَعْجَبَتْنِي فِي تَزْوِيرِي إِلا قَالَ فِي بَدِيهَتِهِ مِثْلَهَا أَوْ أَفْضَلَ مِنْهَا حَتى سَكَتَ فَقَالَ مَا ذَكَرْتُمْ فِيكُمْ مِنْ خَيْرٍ فَأَنْتُمْ لَهُ أَهْلٌ وَلَنْ يُعْرَفَ هَـذَا الْأَمْرُ إِلا لِهَذَا الْحَي مِنْ قُرَيْشٍ هُمْ أَوْسَطُ الْعَرَبِ نَسَبًا وَدَارًا وَقَدْ رَضِيتُ لَكُمْ أَحَدَ هَذَيْنِ الرجُلَيْنِ فَبَايِعُوا أَيهُمَا شِئْتُمْ فَأَخَذَ بِيَدِي وَبِيَدِ أَبِي عُبَيْدَةَ بْنِ الْجَراحِ وَهُوَ جَالِسٌ بَيْنَنَا فَلَـمْ أَكْرَهْ مِما قَالَ غَيْرَهَا كَانَ وَاللهِ أَنْ أُقَدمَ فَتُضْرَبَ عُنُقِي لَا يُقَربُنِي ذَلِكَ مِنْ إِثْمٍ أَحَب إِلَـي مِنْ أَنْ أَتَأَمرَ عَلَى قَوْمٍ فِيهِمْ أَبُو بَكْرٍ اللهُم إِلا أَنْ تُسَولَ إِلَي نَفْسِي عِنْدَ الْمَوْتِ شَـيْئًا لَـا

أَجِدُهُ الْآنَ فَقَالَ قَائِلٌ مِنْ الْأَنصَارِ أَنا جُذَيْلُهَا الْمُحَكَكُ وَعُذَيْقُهَا الْمُرَجبُ مِنا أَمِيرٌ وَمِنْكُمْ أَمِيرٌ يا مَعْشَرَ قُرَيْشٍ فَكَثُرَ اللغَطُ وَارْتَفَعَتْ الْأَصْوَاتُ حَتى فَرِقْتُ مِنْ الِاخْتِلَافِ فَقُلْتُ ابْسُطْ يَدَكَ يا أَبا بَكْرٍ فَبَسَطَ يَدَهُ فَبَايَعْتُهُ وَبَايَعَهُ الْمُهَاجِرُونَ ثُم بَايَعْتُهُ الْأَنصَارُ وَنَزَوْنا عَلَى سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ فَقَالَ قَائِلٌ مِنْهُمْ قَتَلْتُمْ سَعْدَ بْنَ عُبَادَةَ فَقُلْتُ قَتَلَ اللهُ سَعْدَ بْنَ عُبَادَةَ قَالَ عُمَرُ وَإِنا وَاللهِ مَا وَجَدْنا فِيمَا حَضَرْنا مِنْ أَمْرٍ أَقْوَى مِنْ مُبَايَعَةِ أَبِي بَكْرٍ خَشِينَا إِنْ فَارَقْنَا الْقَوْمَ وَلَمْ تَكُنْ بَيْعَةٌ أَنْ يُبَايِعُوا رَجُلًا مِنْهُمْ بَعْدَنَا فَإِما بَايَعْنَاهُمْ عَلَى مَا لَا نَرْضَى وَإِما نُخَالِفُهُمْ فَيَكُونُ فَسَادٌ فَمَنْ بَايَعَ رَجُلًا عَلَى غَيْرِ مَشُورَةٍ مِنْ الْمُسْلِمِينَ فَلَا يُتَابَعُ هُوَ وَلَا الذِي بَايَعَهُ تَغِرةً أَنْ يُقْتَلَا.

5999 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر قىسىم مۇھاجىرلارغا قۇرئان ئۆگىتىۋاتاتتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفمۇ بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ مىنادىكى ياتىقىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئاخىرقى ھەجىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى. بىر ۋاقىتتا ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف مېنىڭ قېشىمغا قايتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

ـ كاشكى سەن بۈگۈن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا كەلگەن بىر ئادەمنى كۆرسەڭ ئىدىڭ! ئۇ: ”ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سەن پالانى ھەققىدە قانداق قارايسەن؟ ئۇ: ئەگەر ئۆمەر ئۆلسە، مەن پالانىغا (يەنى ئەبۇ تەلھەگە) بەيئەت قىلىمەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەبۇ بەكرىنىڭ بەيئىتى ھە ـ ھۇ بىلەن پۈتكەنىدى، ـ دەپ پىتنە چىقارماقچى بولدى“ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە: الله خالىسا، مەن كەچتە خەلق ئارىسىغا چىقىپ، بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇلارنى قايمۇقتۇرغانلارنى ئاگاھلاندۇرىمەن، ـ دېدى. مەن: ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇنداق قىلمىغىن. چۈنكى ھازىر ھەج مەۋسۇمى بولغاچقا، ئىنسانلار ئىچىدە نادان ۋە جېدەلكەش كىشىلەر بار، سېنىڭ ئەتراپىڭدىكى ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇلارنى تەشكىل قىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ سۆزۈڭنى باشقىچە چۈشىنىپ قېلىشىدىن، شۇنىڭ بىلەن، سېنىڭ ئاساسي

مەقسىتىڭنىڭ ئۇقۇشۇلماي قېلىپ، نەتىجىدە ئىختىلاپ چىقىشىدىن ئەنسىرەيمەن. شۇڭا سەن ھازىر ئۇلارغا بىر نېمە دېمىگىن. مەدىنە ھىجرەت ماكانى ۋە سۈننەت يۇرتىدۇر. ئۇ يەرگە قايتىپ بارغىنىڭدا، فىقھشۇناس ۋە ئاقساقال كىشىلەر بىلەن بىر يەرگە جەم بولالايسەن، شۇ چاغدا دېمەكچى بولغانلىرىڭنى تەمكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويساڭ، ئۇلار بىلىملىك كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى چۈشىنىپ، مەقسىتىڭنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئۇقالايدۇ، ـ دېدىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله خالىسا، مەن مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن، تۇنجى يىغىلىشتا شۇنداق قىلىمەن، ـ دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرىدا مەدىنىگە قايتىپ كەلدۇق. دەسلەپكى جۈمە كۈنى چۈش ۋاقتىدا ئالدىراپ ـ تېنەپ مەسجىدكە كەلدىم. سەئىد ئىبنى زەيد مۇنبەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتىكەن. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. مېنىڭ تىزىم ئۇنىڭ تىزىغا تېگىپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب چىقىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سەئىد ئىبنى زەيدكە:

ـــ ئۆمەر بۈگۈن چوقۇم خەلىپە بولغاندىن بېرى قىلمىغان بىر سۆزنى قىلىدۇ، ـ دېدىم. زەيد ماڭا ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

ـ ئۇنىڭ بۇندىن بۇرۇن قىلمىغان سۆزنى قىلىدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟ ـ دېدى. ئۆمەر مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. مۇئەززىن ئەزاننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، اللەقا ھەمدۇسانالار ئېيتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

ـ سىلەرگە مۇھىم بىر سۆزنى قىلماقچى ئىدىم، مانا بۈگۈن نېسىپ بولدى. مېنىڭ ئەجىلىم يېقىنلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كىمكى مېنىڭ قىلغان سۆزۈمنى ياخشى چۈشەنسە ۋە ئۇنى ئېسىدە چىڭ ساقلىسا، بارغانلىكى يېرىدىكى ئىنسانلارغا يەتكۈزسۇن. كىمكى ئۇنى ياخشى چۈشىنەلمىسە، ھېچكىمنىڭ مېنىڭ نامىمدا يالغان

سۆزلىشىنى كەچۈرمەيمەن. شەك ــ شۈبھىسىزكى، الله تائالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا كىتاب نازىل قىلدى. الله نازىل قىلغان ئايەتلەر ئىچىدە (زىنا قىلغۇچىنى) چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى بايان قىلىنغان ئايەت بار ئىدى. بىز ئۇنى ئوقۇغان، چۈشەنگەن ۋە ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىغانىدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (زىنا قىلغۇچىلارنى) چالما ـ كېسەك قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىزمۇ چالما ـ كېسەك قىلغانىدۇق. مەن زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىنسانلار ئىچىدىن: "اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز چالما ـ كېسەك ھۆكمى بايان قىلىنغان ئايەتنى اللهنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئۇچراتمىدۇق" دەيدىغان كىشىلەرنىڭ چىقىشىدىن، شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلارنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بىر پەرزنى تاشلىۋېتىپ، ئېزىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. چالما ــ كېسەك قىلىش اللهنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئەگەر ئەر ـ ئاياللار ئىچىدىن توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى تېپىلسا، ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىق بەرگەن ياكى ئايال زىنادىن ھامىلدار بولۇپ قالغان ۋەياكى زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردە، چالما ــ كېسەك قىلىنىدۇ. بىز يەنە اللهنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئوقۇيدىغان ئايەتلەر ئىچىدە:

ئاتاڭلاردىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، ئاتاڭلاردىن يۈز ئۆرۈشۈڭلار كۇپرىلىقتۇر ياكى سىلەرنىڭ ئاتاڭلاردىن يۈز ئۆرۈشۈڭلار سىلەرنى كۇپرىلىققا ئېلىپ بارىدۇ دېگەن ئايەتنىمۇ ئوقۇيتتۇق. بىلىڭلاركى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېنى خۇددى خرىستىئانلار مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلىماڭلار. مېنى: "اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى" دەڭلار» دېگەن. مېنىڭ قۇلىقىمغا شۇنداق بىر سۆز يەتتىكى، بىرىڭلار: "اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۆمەر ئۆلسە، مەن پالانىغا بەيئەت قىلىمەن" دەپتۇ. ھېچكىم: "ئەبۇ بەكرىنىڭ بەيئىتى ھە ـ ھۇ بىلەن پۈتكەن" دېمىسۇن. گەرچە ئۇ

بەيئەت شۇنداق پۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن الله تائالا بۇ سەۋەبتىن بىزنى (مۇشۇ ئىشتىن كېلىپ چىقىدىغان) پىتنىگە قويمىغانىدى. ھەم ئارىمىزدا ئەبۇ بەكرىدىن باشقا چىن كۆڭۈلدىن ئىتائەت قىلغۇدەك بىرەيلەن يوق ئىدى. كىمكى مۇسۇلمان مەسلىھەتچىلەرنىڭ مەسلىھەت ۋە پىكىرلىرىنى ئالماستىن بىرەر ئادەمگە بەيئەت قىلسا، كۆپ ئۆتمەيلا، بەيئەت قىلغان ۋە قىلىنغان ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ.

اللهنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغان چاغدا، ئەنسارىلار بىزگە قارشى چىقىپ، بەنى سائىدەنىڭ قورۇسىدا يىغىن ئاچتى. ئەلى، زۇبەير ۋە ئۇ ئىككىسى بىلەن بىرگە بولغانلار بىزگە قېتىلمىدى. مۇھاجىرلار ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. شۇ چاغدا، مەن ئەبۇ بەكرىگە: "ئى ئەبۇ بەكرى! بىز بىلەن بىرلىكتە ئەنسارى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېنىغا بارغىن!" دېدىم. شۇنداق قىلىپ بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا ماڭدۇق. بىز ئۇلار تۇرۇۋاتقان قورۇغا يېقىنلاشقىنىمىزدا، ئۇلاردىن ئىككى ياخشى ئادەم ئۇچرىدى. ئۇلار بىزگە ئەنسارىلارنىڭ كىمنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن: "ئى مۇھاجىرلار جامائەسى! قەيەرگە ماڭدىڭلار؟" دەپ سورىدى. بىز: "ئەنسارى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قېشىغا ماڭدۇق" دېدۇق. ئۇلار: "سىلەر ئۇلارنىڭ قېشىغا بارماڭلار، بۇ ئىشنى ئۆز ئاراڭلاردىلا پۈتتۈرۈڭلار" دېدى. مەن: "اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا چوقۇم بارىمىز" دېدىم.

شۇنداق قىلىپ، بىز بەنى سائىدە قورۇسىغا يىغىلغان ئەنسارى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قېشىغا يېتىپ باردۇق. قارىساق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئادەم كىيىملىرىگە ئورىنىۋاپتۇ. مەن: "بۇ كىم؟" دەپ سورىدىم. ئۇلار: "بۇ سەئد ئىبنى ئۇبادە" دەپ جاۋاب بەردى. مەن: "ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟" دېدىم. ئۇلار: "قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ" دېدى. بىز بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سۆزچىلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، اللهقا ھەمدۇسانالار ئېيتقاندىن كېيىن، كەلىمە

شاھادەت ئېيتتى ۋە سۆز قىلىشقا باشلاپ: ”بىز ئاللاھنىڭ ياردەمچىلىرىمىز، ئىسلام ئەسكەرلىرىمىز. ئى مۇھاجىرلار جامائەسى! سىلەر (مەككىدىكى) ئەسلى قەۋمىڭلار ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن، ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان كىشىلەر سىلەر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، مۇھاجىرلار بىزنى ئەسلى ھەققىمىز بولغان ئىشلاردىن ۋە ئەمىرلىكتىن يىراق تۇتماقچى بولىۋاتىدۇ“ دېدى.

ئۇ سۆزىنى توختاتقاندىن كېيىن، مەن سۆزلىمەكچى بولدۇم. مەن ئۆزەم قانائەت قىلغۇدەك دەرىجىدە سۆز ھازىرلىقى قىلغان ۋە ئۇنى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىدا تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى كەسكىن نارازىلىقنى ئازراق بولسىمۇ پەسەيتمەكچى بولغانىدىم. مەن سۆزلىمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، ئەبۇ بەكرى: ”توختاپ تۇرغىن!“ دېدى. مەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشنى خالىمىدىم. ئەبۇ بەكرى سۆز قىلدى. ئۇ ماڭا قارىغاندا مۇلايىم ۋە ئېغىر بېسىق ئىدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ مېنىڭ ھازىرلىغان سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىدى ۋە ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ مۇنۇلارنى ئېيتقانىدى: ”سىلەر بايام ئىچىڭلاردا ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالدىڭلار، سىلەر ھەقىقەتەن ياخشىلىق ئىگىلىرىسىلەر. لېكىن ئەمىرلىك ئىشىنىڭ نەسەب ۋە يۇرت جەھەتتە ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قۇرەيش خەلقىگە بېرىلگەنلىكى ھەممىگە ئايان. مەن سىلەرگە بۇ قەۋمدىن ئىككى كىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن نامزات قىلىپ كۆرسىتىمەن. سىلەر قايسىسىنى خالىساڭلار، شۇنىڭغا بەيئەت قىلىڭلار“ دېدى ۋە مېنىڭ قولۇم بىلەن ئارىمىزدا ئولتۇرغان ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنىڭ قولىنى تۇتتى.

ئەبۇ بەكرىنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىدىن باشقىسى ماڭا تازا ياقتى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەبۇ بەكرى بار بىر قەۋمنىڭ ئىچىدە مېنىڭ باشلىق سايلىنىشىمدىن كۆرە، ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، كاللام ئېلىنىدىغان بىر گۇناھ ئىشلىگىنىم مەن ئۈچۈن تېخىمۇ

ئەۋرەل ئىدى (مانا بۇ، شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىم ئىدى، ئەمما ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، كاللام ئېلىنىدىغان چاغدا نەپسىم باشقا بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرامدۇ، بۇ باشقا مەسىلە). شۇ ئارىدا ئەنسارىلاردىن بىرى: "مەن سىلەرگە ھەممىمىز قوبۇل قىلىدىغان بىر مەسلىھەتنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن، مېنىڭ پىكرىمگە ياخشى قۇلاق سېلىڭلار. ئى قۇرەيش خەلقى! بىزدىن بىر باشلىق، سىلەردىن بىر باشلىق بولسۇن" دېدى.

نەتىجىدە، ھەر ئادەم ئۆزى بىلگىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى. سورۇننى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلاپ كەتتى. ناھايىتى چوڭ بىر پىتنە چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا مەن دەرھال ئارىدىكى ئىختىلاپنى بېسىپ: "ئى ئەبۇ بەكرى! قولۇڭنى بەرگىن!" دېدىم. ئۇ قولىنى بەردى. مەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدىم. مۇھاجىرلارمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئاندىن ئەنسارىلارمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئاندىن بىز سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ يېنىغا يېتىپ باردۇق. ئەنسارىلاردىن بىرى: "سەئد ئىبنى ئۇبادەنى ئۆلتۈردۈڭلار" دېدى. مەن: "ئۇنى الله ئۆلتۈرسۇن! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئەمىرلىك ئۈچۈن ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىشتىن باشقا لايىق يول تاپالمىدۇق. چۈنكى بۇ ئىش مۇشۇنداق پۈتمىسە ۋە بۇ يەردىن بەيئەتسىز ئايرىلساق ئىدۇق، ئۇلار ئۆز ئىچىدىن بىر ئادەمگە بەيئەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۆزىمىز خالىمىغان بىرىگە بەيئەت قىلىش مەجبۇرىيىتىدە قالاتتۇق ياكى ئۇلارغا قارشى چىقاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار ئىچىدە ناھايىتى چوڭ پىتنە چىقاتتى. كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسلىھەت ۋە پىكىرلىرىنى ئالماستىن بىرەر ئادەمگە بەيئەت قىلسا، كۆپ ئۆتمەستىنلا، بەيئەت قىلغان ۋە قىلىنغان ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ" دېدىم.

(بۇخارى: 6830)

6000 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجِ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَاتَ وَأَبو بَكْرٍ بِالسُنْحِ قَالَ إِسْمَاعِيلُ يَعْنِي بِالْعَالِيَةِ فَقَامَ عُمَرُ يَقُولُ وَاللهِ مَا مَاتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ وَقَالَ عُمَرُ وَاللهِ مَا كَانَ يَقَعُ فِي نَفْسِي إِلا ذَاكَ وَلَيَبْعَثَنهُ اللهُ فَلَيَقْطَعَن أَيْدِيَ رِجَالٍ وَأَرْجُلَهُمْ فَجَاءَ أَبو بَكْرٍ فَكَشَفَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَبلَهُ قَالَ بِأَبِي أَنتَ وَأُمي طِبْتَ حَيا وَمَيتًا وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا يُذِيقُكَ اللهُ الْمَوْتَتَيْنِ أَبَدًا ثُم خَرَجَ فَقَالَ أَيهَا الْحَالِفُ عَلَى رِسْلِكَ فَلَما تَكَلمَ أَبُو بَكْرٍ جَلَسَ عُمَرُ فَحَمِدَ اللهَ أَبو بَكْرٍ وَأَثْنَى عَلَيْهِ وَقَالَ أَلَا مَنْ كَانَ يَعْبُدُ مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِن مُحَمدًا قَدْ مَاتَ وَمَنْ كَانَ يَعْبُدُ اللهَ فَإِن اللهَ حَي لَا يَمُوتُ وَقَالَ إِنكَ مَيتٌ وَإِنهُمْ مَيتُونَ وَقَالَ وَمَا مُحَمدٌ إِلا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرسُلُ أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ وَمَنْ يَنقَلِبْ عَلَى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُر اللهَ شَيْئًا وَسَيَجْزِي اللهُ الشاكِرِينَ قَالَ فَنَشَجَ الناسُ يَبْكُونَ بنحو ما قبله.

6000 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، ئەبۇ بەكرى سۇنھ دېگەن يەردە ئىدى. شۇ چاغدا، ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلمىدى، ئاللاھ ئۇنى چوقۇم تەكرار ئەۋەتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۇنى ئۆلدى دېگەنلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ ـ دېدى. كېيىن ئۆمەر: ”كۆڭلۈمگە شۇنداق ھېس ـ تۇيغۇ كەلگەنىدى“ دېدى.

كېيىن، ئەبۇ بەكرى كەلدى. ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك يۈزىنى ئېچىپ، ئۇنى سۆيدى. ئاندىن:

ـ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ھايات ۋاقتىڭدىمۇ، ۋاپات تاپقاندىمۇ نېمىدېگەن گۈزەلسەن؟! ئى رەسۇلۇللاھ! جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ ساڭا ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئىككى قېتىم تېتىتمىسۇن! ـ دېدى. ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ:

ــــ ئـى (ئـۇنى ئۆلمــــدى دەپ) قەســەم قىلغــان كىشــى! ئـۆزەڭنى بېســىۋالغىن، ـ دېدى. ئەبۇ بەكـرى سـۆز قىلىشـقا باشـلىغانىدى، ئـۆمەر ئولتۇردى. ئەبۇ بەكرى اﷲقا ھەمدۇسانالار ئېيتتى، ئاندىن:

ــــ بىلىــپ قويـۇڭلاركى، كىــم مــۇھەممەد ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسـەللەمگە چوقۇنسـا، مـۇھەممەد سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ۋاپـات بولدى. كىمكى اﷲقا ئىبادەت قىلسا، شەك ـ شۈبھىسىزكى، اﷲ ھەمىشـە تىرىكتــۇر، ھەرگىــز ئۆلمەيـدۇ. ـ دېـدى. ئانــدىن: ســەن ھەقىــقەتەن ئۆلىســەن، ئۇلارمــۇ ھەقىــقەتەن ئۆلىــدۇ [1] ۋە: مــۇھەممەد پەقەت بىــر پەيغەمــبەردۇر، ئۇنىڭـدىن بـۇرۇن كـۆپ پەيغەمــبەرلەر ئـۆتتى (ئۇلارنىــڭ بەزىلىــرى ئـۆز ئەجىلى بىـلەن ئـۆلگەن، بەزىلىـرى باشـقىلار تەرىپىــدىن ئۆلتــۈرۈلگەن)؛ ئــۇ ۋاپــات بولســا يــاكى ئۆلتۈرۈلســە، ئارقاڭلارغــا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئـۇ اﷲقـا قىلـچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اﷲ شـۈكۈر قىلغـۇچىلارنى مۇكاپاتلايـدۇ [2] دېگەن ئــايەتلەرنى ئوقــۇدى. شــۇنىڭ بىــلەن، ئىنســانلار بۇقۇلــداپ يىغلاشــقا باشلىدى.

(بۇخارى: 3670)

6001 - عن ابن عباس رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن أبا بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ خَرَجَ وَعُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يُكَلِّمُ الناسَ فَقَالَ اجْلِسْ فَأَبَى فَقَالَ اجْلِسْ فَأَبَى فَتَشَهدَ أَبو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَمَالَ إِلَيْهِ الناسُ وَتَرَكُوا عُمَرَ فَقَالَ أما بَعْدُ فَمَنْ كَانَ مِنْكُمْ يَعْبُدُ مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِن مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ مَاتَ وَمَنْ كَانَ يَعْبُدُ اللهَ فَإِن اللهَ حَي لَا يَمُوتُ قَالَ اللهُ تَعَالَى وَمَا مُحَمدٌ إِلا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرسُلُ إِلَى الشاكِرِينَ وَاللهِ لَكَأَن الناسَ لَمْ يَكُونُوا يَعْلَمُونَ أن اللهَ أَنْزَلَهَا حَتى تَلَاهَا أَبو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَتَلَقاهَا مِنْهُ الناسُ فَمَا يُسْمَعُ بَشَرٌ إِلا يَتْلُوهَا.

[1] سۈرە زۇمەر، 30 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 144 ـ ئايەت.

6001 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنسانلارغا سۆز قىلىۋاتقاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ:

— ئولتۇرغىن! — دېدى. ئۇ ئولتۇرغىلى ئۇنىمىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە:

— ئولتۇرغىن! — دېدى. ئۇ يەنە ئولتۇرغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز باشلاپ، كەلىمە شاھادەت ئېيتتى. ئىنسانلار ئۆمەرنى تاشلاپ ئۇنىڭغا يۈزلەندى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـ سىلەردىن كىمكى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چوقۇنسا، ئۇ ۋاپات بولدى. كىمكى اللهقا ئىبادەت قىلسا، شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اللهقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ [1].

اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، گويا ئىنسانلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقۇغان بۇ ئايەتنى اللهنىڭ نازىل قىلغانلىقىنى بىلمەيدىغاندەك، خۇددى ئۇلار ئۇ ئايەتنى ئەبۇ بەكرىدىن ئۆگەنگەندەك بولۇشۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ئايەتنى ئاڭلىغانلا ئادەم ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيتتى.

(بۇخارى: 1242)

[1] سۈرە ئال ئىمران، 144 ـ ئايەت.

6002 - عن أَنس بْن مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّهُ سَمِعَ خُطْبَةَ عُمَرَ الْآخِرَةَ حِينَ جَلَسَ عَلَى الْمِنْبَرِ وَذَلِكَ الْغَدَ مِنْ يَوْمٍ تُوُفِّيَ النبي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَشَهَّدَ وَأَبُو بَكْرٍ صَامِتٌ لَا يَتكلمُ قَالَ كُنتُ أَرْجُو أَنْ يَعِيشَ رَسُولُ اللَّهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى يَدْبُرَنَا يُرِيدُ بِذَلِكَ أَنْ يَكُونَ آخِرَهُمْ فَإِنْ يَكُ مُحَمَّدٌ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ مَاتَ فَإِن اللَّهَ تَعَالَى قَدْ جَعَلَ بَيْنَ أَظْهُرِكُمْ نُورًا تَهْتَدُونَ بِهِ هَدَى اللَّهُ مُحَمَّدًا صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِن أَبَا بَكْرٍ صَاحِبِ رَسُولِ اللَّهِ صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَانِيَ اثْنَيْنِ فَإِنَّهُ أَوْلَى الْمُسْلِمِينَ بِأُمُورِكُمْ فَقُومُوا فَبَايِعُوهُ وَكَانَتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ قَدْ بَايَعُوهُ قَبْلَ ذَلِكَ فِي سَقِيفَةِ بَنِي سَاعِدَةَ وَكَانَتْ بَيْعَةُ الْعَامةِ عَلَى الْمِنْبَرِ.

6002 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىنىڭ ئەتىسى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ سۆزلىگەن ئاخىرقى نۇتقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۆمەر سۆز باشلاپ، كەلىمە شاھادەت ئېيتتى. ئەبۇ بەكرى گەپ قىلماي جىم ئولتۇراتتى. ئۆمەر:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن ياشىشىنى، ھەممىمىزنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ھالبۇكى، ئۇ ھەققەتەن ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا، شەك ــ شۈبھىسىزكى، الله تائالا سىلەرنىڭ يېتەكچى قىلىشىڭلار ئۈچۈن مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىمۇ يېتەكچى قىلغان نۇر قۇرئان كەرىمنى سىلەرگە بەردى. ئاراڭلاردا يەنە غاردىكى ئىككى كىشىنىڭ ئىككىنچىسى بولغان، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆيۈملۈك ساھابىسى ئەبۇ بەكرى بار. ئۇ سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق كىشىدۇر. قېنى ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىڭلار! ــ دېدى. ئەسلىدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا بەنى سائىدە قورۇسىدا بەيئەت قىلىپ بولغانىدى. لېكىن ئومۇمىي بەيئەت (ئەنە شۇ) مۇنبەرنىڭ يېنىدا بولدى.

(بۇخارى: 7219)

6003 - وفي رواية: أن عُمَرَ قَالَ وَاللهِ مَا هُوَ إِلا أَنْ سَمِعْتُ أَبَا بَكْرٍ تَلَاهَا فَعَقِرْتُ حَتى مَا تُقِلنِي رِجْلَايَ وَحَتى أَهْوَيْتُ إِلَى الْأَرْضِ حِينَ سَمِعْتُهُ تَلَاهَا عَلِمْتُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ مَاتَ.

6003 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۆمەر مۇنداق دېدى:

ــ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەبۇ بەكرىدىن ھېلىقى ئايەتنى ئاڭلىغىنىمدا، پۇتلىرىم تىترەپ جان قالماي، يىقىلىپ چۈشتۈم ۋە ئەنە شۇ چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

(بۇخارى: 4454)

6004 - لرزين: أن عمرلم يزل يومئذ بأبي بكر حتى صعد المنبر فبايعه الناس عامة وخطب في اليوم الثالث أيها الناس إن الذي رأيتم منى لم يكن حرصا على ولايتكم لكنى خفت الفتنة والاختلاف وقد رددت أمركم إليكم فولوا من شئتم فقالوا: لا نقيلك.

6004 ــ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: شۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى مۇنبەرگە چىقتى، ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئومۇمىي بەيئەت قىلىپ بولغانغا قەدەر، ئۆمەر ئۇنىڭدىن ھېچ ئايرىلمىدى. ئۈچىنچى كۈنى ئەبۇ بەكرى ئۇلارغا خىتاب قىلىپ:

ــ ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە باشلىق بولۇشقا ھېرىسمەن بولغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى پىتنە ۋە ئىختىلاپ چىقىپ قېلىشىدىن قورققانلىقىمدىن شۇنداق مۇئامىلە قىلغانىدىم. ئەمدى ئىشنى ئۆزەڭلارغا قويۇپ بېرىمەن. خالىغان كىشىنى باشلىق تەيىنلىۋېلىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار دەرھاللا:

ــ بىز ساڭا بەرگەن بەيئىتىمىزدىن يانمايمىز! ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6005 - عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا أَخْبَرَتْهُ أَن فَاطِمَةَ بِنْتَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْسَلَتْ إِلَى أَبِي بَكْرٍ الصديقِ تَسْأَلُهُ مِيرَاثَهَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِما أَفَاءَ اللهُ عَلَيْهِ بِالْمَدِينَةِ وَفَدَكٍ وَمَا بَقِيَ مِنْ خُمْسِ خَيْبَرَ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا نُورَثُ مَا تَرَكْنَا صَدَقَةٌ إِنمَا يَأْكُلُ آلُ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي هَذَا الْمَالِ وَإِني وَاللهِ لَا أُغَيرُ شَيْئًا مِنْ صَدَقَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ حَالِهَا التِي كَانَتْ عَلَيْهَا فِي عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَأَعْمَلَن فِيهَا بِمَا عَمِلَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَبَى أَبُو بَكْرٍ أَنْ يَدْفَعَ إِلَى فَاطِمَةَ شَيْئًا فَوَجَدَتْ فَاطِمَةُ عَلَى أَبِي بَكْرٍ فِي ذَلِكَ قَالَ فَهَجَرَتْهُ فَلَمْ تُكَلمْهُ حَتى تُوُفيَتْ وَعَاشَتْ بَعْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سِتةَ أَشْهُرٍ فَلَما تُوُفيَتْ دَفَنَهَا زَوْجُهَا عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ لَيْلًا وَلَمْ يُؤْذِنْ بِهَا أَبَا بَكْرٍ وَصَلى عَلَيْهَا عَلِي وَكَانَ لِعَلِي مِنْ الناسِ وِجْهَةٌ حَيَاةَ فَاطِمَةَ فَلَما تُوُفيَتْ اسْتَنْكَرَ عَلِي وُجُوهَ الناسِ فَالْتَمَسَ مُصَالَحَةَ أَبِي بَكْرٍ وَمُبَايَعَتَهُ وَلَمْ يَكُنْ بَايَعَ تِلْكَ الْأَشْهُرَ فَأَرْسَلَ إِلَى أَبِي بَكْرٍ أَنْ ائْتِنَا وَلَا يَأْتِنَا مَعَكَ أَحَدٌ كَرَاهِيَةَ مَحْضَرِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَقَالَ عُمَرُ لِأَبِي بَكْرٍ وَاللهِ لَا تَدْخُلْ عَلَيْهِمْ وَحْدَكَ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ وَمَا عَسَاهُمْ أَنْ يَفْعَلُوا بِي إِني وَاللهِ لَآتِيَنهُمْ فَدَخَلَ عَلَيْهِمْ أَبُو بَكْرٍ فَتَشَهدَ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ ثُم قَالَ إِنا قَدْ عَرَفْنَا يَا أَبَا بَكْرٍ فَضِيلَتَكَ وَمَا أَعْطَاكَ اللهُ وَلَمْ نَنْفَسْ عَلَيْكَ خَيْرًا سَاقَهُ اللهُ إِلَيْكَ وَلَكِنكَ اسْتَبْدَدْتَ عَلَيْنَا بِالْأَمْرِ وَكُنا نَحْنُ نَرَى لَنَا حَقا لِقَرَابَتِنَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يَزَلْ يُكَلمُ أَبَا بَكْرٍ حَتى فَاضَتْ عَيْنَا أَبِي بَكْرٍ فَلَما تَكَلمَ أَبُو بَكْرٍ قَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَرَابَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحَب إِلَي أَنْ أَصِلَ مِنْ قَرَابَتِي وَأَما الذِي شَجَرَ بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ مِنْ هَذِهِ الْأَمْوَالِ فَإِني لَمْ آلُ فِيهَا عَنْ الْحَق وَلَمْ أَتْرُكْ أَمْرًا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصْنَعُهُ فِيهَا إِلا صَنَعْتُهُ فَقَالَ عَلِي لِأَبِي بَكْرٍ مَوْعِدُكَ الْعَشِيةُ لِلْبَيْعَةِ فَلَما صَلى أَبُو بَكْرٍ صَلَاةَ الظهْرِ رَقِيَ عَلَى الْمِنْبَرِ فَتَشَهدَ وَذَكَرَ شَأْنَ عَلِي وَتَخَلفَهُ عَنْ الْبَيْعَةِ وَعُذْرَهُ بِالذِي اعْتَذَرَ إِلَيْهِ ثُم اسْتَغْفَرَ وَتَشَهدَ عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ فَعَظمَ حَق أَبِي بَكْرٍ وَأَنهُ لَمْ يَحْمِلْهُ عَلَى الذِي صَنَعَ نَفَاسَةً عَلَى أَبِي بَكْرٍ وَلَا إِنْكَارًا لِلذِي فَضلَهُ اللهُ بِهِ وَلَكِنا كُنا نَرَى لَنَا فِي الْأَمْرِ

نَصِيبًا فَاسْتَبِدَّ عَلَيْنَا بِهِ فَوَجَدْنَا فِي أَنْفُسِنَا فَسُرَّ بِذَلِكَ الْمُسْلِمُونَ وَقَالُوا أَصَبْتَ فَكَانَ الْمُسْلِمُونَ إِلَى عَلِيٍّ قَرِيبًا حِينَ رَاجَعَ الْأَمْرَ الْمَعْرُوفَ.

6005 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن الله تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەدىنە ۋە فەدەك زېمىنىدا غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن مالدىن ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسنى، شۇنداقلا خەيبەر غەنىيمىتىنىڭ بەشتىن بىرىدىن ئېشىپ قالغان مالدىكى ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسنى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. بىراق ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىز مىراس قالدۇرمايمىز، قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلكىمىز سەدىقىدۇر، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ مالدىن (يەنى دۆلەت خەزىنىسىدىن) يەيدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېيتىپ:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە قىلىپ قالدۇرۇپ قويغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى (ئۇنىڭ زامانىدىكى ھالىدىن) ئۆزگەرتمەيمەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى قانداق قىلغان بولسا، مەنمۇ چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، ـ دېدى ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ھېچ نەرسە بەرمىدى.

بۇنىڭ بىلەن، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارىتا نارازىلىق كەيپىياتى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاداۋەت تۇتتى ۋە ۋاپات بولۇپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئالتە ئاي ياشىدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ئېرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇقتۇرۇپ قويماستىن، نامىزىنى ئۆزى چۈشۈردى ۋە كېچىدە دەپنە قىلىۋەتتى.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھايات ۋاقتىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىشىلەر ئالدىدا خېلى يۈزى بار ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن

كېيىن، كىشىلەر ئەلىدىن يۈز ئۆرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن يارىشىپ قېلىش ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش ھەققىدە ئىزدەندى. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخى بەيئەت قىلمىغانىدى. ئۇ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ ئۆزەڭ يالغۇز بىزنىڭكىگە كەلگىن! ـ دەپ ئادەم ئەۋەتتى. چۈنكى ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنىڭ بىللە كېلىشىنى خالىمايتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ قېشىغا يالغۇز بارمىغىن! ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ ئۇلار ماڭا نېمە قىلاتتى، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا يالغۇز بارىمەن، ـ دېدى ۋە ئۆزى يالغۇز ئەلىنىڭ قېشىغا باردى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاھادەت ئېيتتى. ئاندىن:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! بىز سېنىڭ پەزىلىتىڭنى ۋە الله ساڭا بەرگەن ئارتۇقچىلىقلىرىڭنى تونۇپ يەتتۇق. بىز الله ساڭا بەرگەن ياخشىلىقنى قىزغانمايمىز. لېكىن سەن ئەمىرلىك ئىشىدا بىزگە مەسلىھەت سالمىدىڭ. بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ئىشتا بىزمۇ ھەقلىق دەپ قارايتتۇق، ـ دېدى. ئۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ناھايىتى تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلدى. نەتىجىدە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ كەتتى.

كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز قىلىپ:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات (الله) بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلىش، مەن ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ تۇغقانلىرىمغا ياخشىلىق قىلىشىمدىنمۇ ئەۋزەلدۇر. ئەمما سىلەر بىلەن مېنىڭ ئارامدىكى ھېلىقى مال

مەسىلىسىگە كەلسەك، مەن بۇ ئىشتا ھەقتىن تېيىپ كەتمىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئىشنى قالدۇرماي قىلدىم، - دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەمىسە پېشىن نامىزىدىن كېيىن، بىز ساڭا بەيئەت قىلىمىز، - دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇنبەرگە چىقتى. ئاندىن شاھادەت ئېيتتى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ كەمگە قەدەر نېمىشقا بەيئەت قىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەب ۋە ئۆزرىلىرىنى تىلغا ئالدى. ئاندىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اللهتىن مەغپىرەت تىلىدى، شاھادەت ئېيتتى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەق - ھوقۇقىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى، ئۆزىنىڭ بۇ كەمگە قەدەر بەيئەت قىلماسلىقىنىڭ ھەرگىزمۇ ئەمىرلىكنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىزغانغانلىقى ۋە الله ئۇنىڭغا بەرگەن ئارتۇقچىلىقلارنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ:

- بىز بۇ ئىشتا بىزنىڭمۇ نېسىۋىمىز بار دەپ قارايتتۇق، بىراق بۇ مەسىلىدە بىزگە مەسلىھەت سېلىنمىدى. شۇڭا كۆڭلىمىزدە بىرئاز نارازىلىق پەيدا بولدى، - دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلدى. مۇسۇلمانلار بۇنىڭ بىلەن تولىمۇ خۇشال بولۇشتى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- بەكمۇ توغرا ئىش قىلدىڭ، - دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئىشلار ئىزىغا چۈشتى ۋە مۇسۇلمانلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بۇرۇنقىدەكلا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە باشلىدى.

(مۇسلىم: 1759)

6006 - عن الْقَاسِمِ بْن مُحَمدٍ قَالَ قَالَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا وَارَأْسَاهْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاكِ لَوْ كَانَ وَأَنا حَي فَأَسْتَغْفِرُ لَكِ وَأَدْعُو لَكِ فَقَالَتْ

عَائِشَةُ وَا ثُكْلِيَاهْ وَاللهِ إني لَأَظُنكَ تُحِب مَوْتي وَلَوْ كَانَ ذَاكَ لَظَلَلْتَ آخِرَ يَوْمِكَ مُعَرسًـا بِبَعْضِ أَزْوَاجِكَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَلْ أَنا وَارَأْسَاهْ لَقَدْ هَمَمْتُ أَوْ أَرَدْتُ أَنْ أُرْسِلَ إِلَى أَبِي بَكْرٍ وَابْنِهِ فَأَعْهَدَ أَنْ يَقُولَ الْقَائِلُونَ أَوْ يَتَمَنى الْمُتَمَنونَ ثُم قُلْتُ يَأْبى اللـهُ وَيَدْفَعُ الْمُؤْمِنُونَ أَوْ يَدْفَعُ اللهُ وَيَأْبى الْمُؤْمِنُونَ.

6006 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ۋاي بېشىمەي! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ناۋادا مەن ھايات چاغدا ئۆلۈپ قالساڭ، ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە دۇئا قىلىمەن، ـ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

ـــ ۋاي ئانىمەي! ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن مېنىڭ ئۆلۈمىمنى تىلەيدىغان ئوخشايسەن، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، شۇ كۈنىلا ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن كېچىنى ئۆتكۈزگىدەكسەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن ئەمەس، بەلكى مەن: ”ۋاي بېشىمەي!“ دېسەم بولىدۇ. مەن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىغا ئادەم ئەۋەتىپ، (خەلىپىلىكنى) ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرەي، كېيىن: ”بۇ ئىشقا بىز تېخىمۇ ھەقلىق“ دېگۈچىلەرگە ياكى ئۇنى ئارزۇ قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئورنىمغا كىمنىڭ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قوياي دېگەنلەرنى نىيەت قىلدىم. بىراق كۆڭلۈمگە: ”(مۇنداق بىر دەۋانى ئەبۇ بەكرىدىن باشقا بىرى قىلسا)، ﷲ ئۇنى قوبۇل قىلماس، مۇئمىنلەرمۇ ئۇنى رەت قىلار ياكى ﷲ ئۇنى رەت قىلار، مۇئمىنلەرمۇ ئۇنى قوبۇل قىلماس“ دېگەنلەر كەچتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 7217)

6007 ـ عن عائشة: نَحَلَهَا أبي جَاد عِشْرِينَ وَسْقا، الحديث الماضي في الهبة. وزاد رزين في أخره: ثم أوصى أن تغسله امرأته، ثم دعا عمر فقـال: إني مسـتخلفك علـى أصحاب رسول الله ﷺ يا عمر إنما ثقلت موازين من ثقلت موازينه يوم القيامة باتبـاعهم الحق وثقله عليهم، و حق لميزان أن لا يوضع فيه إلا الحق أن يكون ثقيلا، يا عمر وإنمـا

خفت موازين من خفت موازينه يوم القيامة باتباعهم الباطل و خفته عليهم وحق لميـزان أن لا يوضع فيه سوى الباطل أن يكون خفيفا، وكتب إБ أمراء الأجناد: وليت علـيكم عمر ولم آل نفسي ولا المسلمين خيراً Ẑ مات. ودفن ليلا Ẑ قام عمر في الناس خطيباً، Ẑ قال بعد أن ɓد الله: أيها الناس إني لأعلمكم من نفسي شيأ θهلونه، أنا عمر ولم أحر Ĩ على أمركم، ولكن المتوẐ أوصى إلي بذلك والله ألهمه ذلك وليس أجعل أمانتي إБ أحـد ليس لها بأهل، ولكن أجعلها إБ من تكون رغبته في التوقير للمسلمين، أولئك أحق بـم ممن سواهم.

6007 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: دادام (ئەبۇ بەكرى) ماڭا (ئۆزىنىڭ خورمىلىرىدىن) 20 ۋەسەق خورما يىغىۋېلىش ھوقۇقىنى بەرگەنىدى... (بۇ ھەدىس ھەببە ھەققىدە تولۇق بايان قىلىنغان). رەزىن بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى قوشۇپ بايان قىلدى: كېيىن ئەبۇ بەكرى ئۆزىنى ئايالىنىڭ يۇيۇپ تارىشىنى ۋەسىيەت قىلدى. ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەرنى چاقىرتىپ:

ـــ ئى ئۆمەر! مەن سېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىغا خەلىپە تەيىنلەيمەن. ھەقكە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ تارازىلىرى قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ. شۇڭا تارازىنىڭ ئېغىر كېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەق ۋە ئادالەت قويۇلۇشى لازىم. ئى ئۆمەر! باتىلغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ تارازىلىرى قىيامەت كۈنى ھەقىقەتەن يېنىك كېلىدۇ. شۇڭا تارازىنىڭ يېنىك كېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا باتىلدىن باشقا نەرسىنى قويماسلىق لازىم بولىدۇ. دېمەك، ھەققە ئەگەشكەنلەرنىڭ تارازىسى ئېغىر بولىدۇ، باتىلغا ئەگەشكەنلەرنىڭ تارازىسى يېنىك بولىدۇ. ـ دېدى.

كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر تەرەپتىكى قوماندانلىرىغا:

ـــ مەن سىلەرگە ئۆمەرنى خەلىپە قىلدىم ۋە بۇنى پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن قىلدىم. ـ دەپ مەكتۇب يوللىدى. ئاندىن ئۇ ۋاپات بولدى ۋە شۇ كېچىسى دەپنە قىلىندى. كېيىن، ئۆمەر

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ خىتاب قىلدى. ئۇ ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن:

ـ ئى ئىنسانلار! مەن ئۆزەمدىكى (سىلەر بىلمەيدىغان) نەرسىلەرنى ياخشى بىلىمەن. مەن ئۆمەر، سىلەرگە باشلىق بولۇشقا ھېرىس ئەمەسمەن، لېكىن ۋاپات بولغان كىشى بۇ ئىشنى ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇردى. الله بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئىلھام قىلغان بولسا كېرەك. مەن ئامانەتنى سالاھىيىتى يوق كىشىگە ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز غەم يەيدىغان كىشىلەرگە تاپشۇرىمەن. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭغا باشقىلاردىن ھەقلىقتۇر، ـ دېدى.

(تەبەرانى «ئەلكەبىر» دە رىۋايەت قىلغان)

6008 - عَنْ الْأَقْرَعِ مُؤَذِنِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ بَعَثَنِي عُمَرُ إِلَى الْأَسْقُف فَدَعَوْتُهُ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ وَهَلْ تَجِدُنِي فِي الْكِتَابِ قَالَ نَعَمْ قَالَ كَيْفَ تَجِدُنِي قَالَ أَجِدُكَ قَرْنًا فَرَفَعَ عَلَيْهِ الدرةَ فَقَالَ قَرْنٌ مَهْ فَقَالَ قَرْنٌ حَدِيدٌ أَمِينٌ شَدِيدٌ قَالَ كَيْفَ تَجِدُ الذِي يَجِيءُ مِنْ بَعْدِي فَقَالَ أَجِدُهُ خَلِيفَةً صَالِحًا غَيْرَ أَنَهُ يُؤْثِرُ قَرَابَتَهُ قَالَ عُمَرُ يَرْحَمُ اللهُ عُثْمَانَ ثَلَاثًا فَقَالَ كَيْفَ تَجِدُ الذِي بَعْدَهُ قَالَ أَجِدُهُ صَدَأَ حَدِيدٍ فَوَضَعَ عُمَرُ يَدَهُ عَلَى رَأْسِهِ فَقَالَ يَا دَفْرَاهُ يَا دَفْرَاهُ فَقَالَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ إِنَهُ خَلِيفَةٌ صَالِحٌ وَلَكِنَهُ يُسْتَخْلَفُ حِينَ يُسْتَخْلَفُ وَالسيْفُ مَسْلُولٌ وَالدمُ مُهْرَاقٌ.

6008 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇئەززىنى ئەقرەئ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر مېنى ئۇسقۇفنى[1] چاقىرىشقا ئەۋەتتى. مەن ئۇنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۆمەر ئۇنىڭغا:

ـ مېنى كىتابتا (يەنى ئىنجىلدا) كۆردۈڭمۇ؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى. ئۆمەر:

ـ قانداقراق ئىكەنمەن؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ خۇددى قورغاندەك كۆردۈم، ـ دېۋىدى، ئۆمەر:

[1] خرىستىئان پوپلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

ــ نېمە؟ مېنى قورغاندەك كۆردۈڭمۇ؟ ـ دېگىنىچە، ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ ھاسىسىنى كۆتۈردى. ئۇ:

ـــ (ئۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن!) مەن سېنى كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم تۆمۈر قورغاندەك كۆردۈم، ـ دېدى. ئۆمەر:

ــ مېنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان خەلىپە قانداقراق ئىكەن؟ ـ دېدى: ئۇ:

ـــ مەن ئۇنى ياخشى بىر خەلىپە سۈپىتىدە كۆردۈم، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا يان باسىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئۈچ قېتىم:

ـ الله ئوسمانغا رەھىم قىلسۇن! ـ دېدى. ئاندىن:

ـ ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان خەلىپە قانداقراق ئىكەن؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ ئۇنى خۇددى تۆمۈرنىڭ دېتىغا ئوخشاپ كەتكەن بىر شەكىلدە كۆردۈم، ـ دېيىشىگە، ئۆمەر يەنە ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈردى ۋە:

ـ پەسكەش، رەزىل! پەسكەش، رەزىل! ـ دېدى. ئۇ:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇ بىر ياخشى خەلىپىدۇر، لېكىن ئۇ قىلىچلار سۇغۇرۇلغان، قانلار تۆكۈلگەن بىر چاغدا خەلىپىلىككە چىقىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4656)

6009 - عَنْ مَعْدَانَ بْنِ أَبِي طَلْحَةَ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ خَطَبَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ فَذَكَرَ نَبِيَّ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَذَكَرَ أَبَا بَكْرٍ قَالَ إِني رَأَيْتُ كَأَن دِيكًا نَقَرَنِي ثَلَاثَ نَقَرَاتٍ وَإِني لَا أُرَاهُ إِلا حُضُورَ أَجَلِي.

6009 ــ مەئدان ئىبنى ئەبۇ تەلھە مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر جۈمە كۈنى خۇتبە ئوقۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تىلغا ئالدى. ئاندىن:

[1] ئەلبانى (1009): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

— مەن بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە بىر خوراز مېنى ئۈچ قېتىم چوقۇۋالغۇدەك، مەن بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، - دېدى.

(مۇسلىم: 567)

6010 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَنهُ سَمِعَهُ يَقُولُ لما صَدَرَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ مِنْ مِنًى أَنَاخَ بِالْأَبْطَحِ ثُم كَوَمَ كَوْمَةً بَطْحَاءَ ثُم طَرَحَ عَلَيْهَا رِدَاءَهُ وَاسْتَلْقَى ثُم مَد يَدَيْهِ إِلَى السمَاءِ فَقَالَ اللهُم كَبِرَتْ سِني وَضَعُفَتْ قُوتي وَانْتَشَرَتْ رَعِيتي فَاقْبِضْنِي إِلَيْكَ غَيْرَ مُضَيعٍ وَلَا مُفَرطٍ ثُم قَدِمَ الْمَدِينَةَ فَخَطَبَ الناسَ فَقَالَ أَيهَا الناسُ قَدْ سُنتْ لَكُمْ السنَنُ وَفُرِضَتْ لَكُمْ الْفَرَائِضُ وَتُرِكْتُمْ عَلَى الْوَاضِحَةِ إِلا أَنْ تَضِلوا بِالناسِ يَمِينًا وَشِمَالًا وَضَرَبَ بِإِحْدَى يَدَيْهِ عَلَى الْأُخْرَى ثُم قَالَ إِياكُمْ أَنْ تَهْلِكُوا عَنْ آيَةِ الرجْمِ أَنْ يَقُولَ قَائِلٌ لَا نَجِدُ حَدينِ فِي كِتَابِ اللهِ فَقَدْ رَجَمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَجَمْنَا وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْلَا أَنْ يَقُولَ الناسُ زَادَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فِي كِتَابِ اللهِ تَعَالَى لَكَتَبْتُهَا الشيْخُ وَالشيْخَةُ فَارْجُمُوهُمَا أَلْبَتةَ فَإِنا قَدْ قَرَأْنَاهَا.

6010 - سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىناغا چۈشۈپ، قۇملۇق بىر يەرگە تۆگىسىنى چۆكتۈردى، ئاندىن بىر جاينى تۈزەشتۈرۈپ، ئۈستىگە تونىنى سېلىپ، ئوڭدىسىغا ياتتى، ئاندىن قولىنى ئاسمانغا سوزۇپ:

— ئى الله! مەن ياشىنىپ قالدىم، كۈچۈمدىن كەتتىم، دۆلەت تېررىتورىيىسى كېڭىيىپ كەتتى. ئەمدى كەمچىلىكلەر ئۆتكۈزۈشتىن ۋە يېتەرسىزلىك قىلىشتىن بۇرۇن جېنىمنى ئالغىن! — دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، جامائەتكە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:

- ئى جامائەت! سىلەرگە سۈننەتلەر (يوللار) كۆرسىتىلدى، پەرزلەر ئۆگىتىلدى. سىلەر روشەن بىر يول ئۈستىدە قېلىپ قالدىڭلار، - دېدى. ئاندىن بىر قولىنى يەنە بىر قولىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

- ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرگە قېيىپ، ئېزىپ كېتىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار! - دېدى. ئاندىن:

ــ ئى جامائەت! ھەرگىزمۇ (زىنا قىلغۇچىنى) چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى بايان قىلىنغان ئايەتنىڭ سەۋەبىدىن ھالاك بولۇپ كېتىدىغان ئىشنى قىلماڭلار. چۈنكى كەلگۈسىدە: ”بىز اللهنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى شەرئى جازا ئۇچراتمىدۇق“ دەيدىغان بىرى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چالما ـ كېسەك قىلغان، بىزمۇ چالما ـ كېسەك قىلدۇق. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات (الله) بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئىنسانلار: ”ئۆمەر ئىبنى خەتتاب الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمگە ئايەت قوشۇپ قويدى“ دەپ پىتنە قىلمايدىغان بولسا، مەن ئەلۋەتتە: ”توي قىلغان ئەر ـ ئاياللار زىنا قىلسا، ئۇلارنى چوقۇم چالما ـ كېسەك قىلىڭلار“ دېگەن ئايەتنى يېزىپ قوياتتىم. بىز ئۇ ئايەتنى ھەقىقەتەن ئوقۇغاندۇق، ـ دېدى.

(مالىك: 1560)

6011 - عَنْ ٱبنِ عُمَرَ قَالَ دَخَلْتُ عَلَى حَفْصَةَ فَقَالَتْ أَعَلِمْتَ أَن أَبَاكَ غَيْرُ مُسْتَخْلِفٍ قَالَ قُلْتُ مَا كَانَ لِيَفْعَلَ قَالَتْ إِنهُ فَاعِلٌ قَالَ فَحَلَفْتُ أَني أُكَلمُهُ فِي ذَلِكَ فَسَكَت حَتى غَدَوْتُ وَلَمْ أُكَلمْهُ قَالَ فَكُنتُ كَأَنمَا أَحْمِلُ بِيَمِينِي جَبَلًا حَتى رَجَعْتُ فَدَخَلْتُ عَلَيْهِ فَسَأَلَنِي عَنْ حَالِ الناسِ وَأَنا أُخْبِرُهُ قَالَ ثُم قُلْتُ لَهُ إِني سَمِعْتُ الناسَ يَقُولُونَ مَقَالَةً فَآلَيْتُ أَنْ أَقُولَهَا لَكَ زَعَمُوا أَنكَ غَيْرُ مُسْتَخْلِفٍ وَإِنهُ لَوْ كَانَ لَكَ رَاعِي إِبِلٍ أَوْ رَاعِي غَنَمٍ ثُم جَاءَكَ وَتَرَكَهَا رَأَيتَ أَنْ قَدْ ضَيعَ فَرِعَايَةُ الناسِ أَشَد قَالَ فَوَافَقَهُ قَوْلِي فَوَضَعَ رَأْسَهُ سَاعَةً ثُم رَفَعَهُ إِلَي فَقَالَ إِن اللهَ عَز وَجَل يَحْفَظُ دِينَهُ وَإِني لَئِنْ لَا أَسْتَخْلِفْ فَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَسْتَخْلِفْ وَإِنْ أَسْتَخْلِفْ فَإِن أَبَا بَكْرٍ قَدْ اسْتَخْلَفَ قَالَ فَوَاللهِ مَا هُوَ إِلا أَنْ ذَكَرَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبَا بَكْرٍ فَعَلِمْتُ أَنهُ لَمْ يَكُنْ لِيَعْدِلَ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحَدًا وَأَنهُ غَيْرُ مُسْتَخْلِفٍ.

6011 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەفسەنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئۇ:

ـــ داداڭنىڭ ئورنىغا بىرىنى خەلىپە تىكلەيدىغان ياكى تىكلىمەيدىغانلىقىنى بىلەلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئۇ ئۇنداق قىلمايدىكەن، ـ دېدىم. ھەفسە:

ـ ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، ـ دېدى. مەن بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن قەسەم قىلدىم. لېكىن بىر ـ ئىككى كۈنگىچە گەپ قىلمىدىم. شۇڭغىچە خۇددى يەلكەمگە تاغ يۈدۈۋالغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدىم. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ مەندىن خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەردىم. ئاندىن ئۇنىڭغا:

ـــ مەن كىشىلەرنىڭ بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەنمۇ بۇنى ساڭا ئېيتىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، سەن ئورنىڭغا خەلىپە تەيىنلەپ قويمىغۇدەكسەن. ئەگەر سېنىڭ بىر تۆگە باققۇچىڭ ياكى قوي باققۇچىڭ بولۇپ، ئۇ پادىلارنى تاشلاپ قويۇپ، سېنىڭ يېنىڭغا كەلسە، ئەلۋەتتە پادىلار يۈتۈپ كېتىدۇ. ئىنسانلارنى نازارەت قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن ئىش، ـ دېدىم. ئۇ مېنىڭ ئېيتقانلىرىمغا قايىل بولدى، ئاندىن بېشىنى بىردەم (ياستۇققا) قويدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى ۋە:

ـ شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا دىنىنى ئۆزى قوغدايدۇ. ئەگەر مەن ئورنىمغا خەلىپە تىكلەپ قويمىسام، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىغا خەلىپە تىكلەپ قويمىغان. ئەگەر مەن ئورنىمغا خەلىپە تىكلەپ قويسام، ئەبۇ بەكرى ئورنىغا خەلىپە تىكلەپ قويغانىدى[①]، ـ دېدى.

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋە ئەبۇ بەكرىنى تىلغا ئالغانلىقىدىن، ھېچكىمنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

[①] يەنى: ئەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك قىلماقچى بولسام، خەلىپە تەيىنلىمەيمەن. ئەگەر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك قىلسام، خەلىپە تەيىنلەيمەن، ـ دېمەكچى.

ۋەسىيەت قىلىشنى ئۆزۈمگە تېگىشلىك قىلمايدىغانلىقىمنى، شۇڭا ئۆز ئورنىمغا ھېچكىمنى خەلىپە تىكلەپ قويمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم.

(مۇسلىم: 1823)

6012 - وفي رواية: فَقَالَ أَتَحَمَّلُ أَمْرَكُمْ حَيًّا وَمَيِّتًا لَوَدِدْتُ أَنَّ حَظِّي مِنْهَا الْكَفَافُ لَا عَلَيَّ وَلَا لِي.

6012 - يەنە بىر رىۋايەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

- مەن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ھايات ۋاقتىمدا ئۈستۈمگە ئالدىم. ئۆلگەندىمۇ ئۈستۈمگە ئالامدىم؟ مەن (خەلىپىلىكتىن) نېسىۋەمنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىنى، زىيانمۇ تارتماسلىقىمنى، پايدىمۇ ئېلىپ كەتمەسلىكىمنى خالايمەن.

(مۇسلىم: 1823)

6013 - عَنْ عَمْرِو بْنِ مَيْمُونٍ قَالَ رَأَيْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَبْلَ أَنْ يُصَابَ بِأَيَّامٍ بِالْمَدِينَةِ وَقَفَ عَلَى حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ وَعُثْمَانَ بْنِ حُنَيْفٍ قَالَ كَيْفَ فَعَلْتُمَا أَتَخَافَانِ أَنْ تَكُونَا قَدْ حَمَّلْتُمَا الْأَرْضَ مَا لَا تُطِيقُ قَالَا حَمَّلْنَاهَا أَمْرًا هِيَ لَهُ مُطِيقَةٌ مَا فِيهَا كَبِيرُ فَضْلٍ قَالَ انْظُرَا أَنْ تَكُونَا حَمَّلْتُمَا الْأَرْضَ مَا لَا تُطِيقُ قَالَ قَالَا لَا فَقَالَ عُمَرُ لَئِنْ سَلَّمَنِي اللهُ لَأَدَعَنَّ أَرَامِلَ أَهْلِ الْعِرَاقِ لَا يَحْتَجْنَ إِلَى رَجُلٍ بَعْدِي أَبَدًا قَالَ فَمَا أَتَتْ عَلَيْهِ إِلَّا رَابِعَةٌ حَتَّى أُصِيبَ قَالَ إِنِّي لَقَائِمٌ مَا بَيْنِي وَبَيْنَهُ إِلَّا عَبْدُ اللهِ بْنُ عَبَّاسٍ غَدَاةَ أُصِيبَ وَكَانَ إِذَا مَرَّ بَيْنَ الصَّفَّيْنِ قَالَ اسْتَوُوا حَتَّى إِذَا لَمْ يَرَ فِيهِنَّ خَلَلًا تَقَدَّمَ فَكَبَّرَ وَرُبَّمَا قَرَأَ سُورَةَ يُوسُفَ أَوْ النَّحْلَ أَوْ نَحْوَ ذَلِكَ فِي الرَّكْعَةِ الْأُولَى حَتَّى يَجْتَمِعَ النَّاسُ فَمَا هُوَ إِلَّا أَنْ كَبَّرَ فَسَمِعْتُهُ يَقُولُ قَتَلَنِي أَوْ أَكَلَنِي الْكَلْبُ حِينَ طَعَنَهُ فَطَارَ الْعِلْجُ بِسِكِّينٍ ذَاتِ طَرَفَيْنِ لَا يَمُرُّ عَلَى أَحَدٍ يَمِينًا وَلَا شِمَالًا إِلَّا طَعَنَهُ حَتَّى طَعَنَ ثَلَاثَةَ عَشَرَ رَجُلًا مَاتَ مِنْهُمْ سَبْعَةٌ فَلَمَّا رَأَى ذَلِكَ رَجُلٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ طَرَحَ عَلَيْهِ بُرْنُسًا فَلَمَّا ظَنَّ الْعِلْجُ أَنَّهُ مَأْخُوذٌ نَحَرَ نَفْسَهُ وَتَنَاوَلَ عُمَرُ يَدَ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ فَقَدَّمَهُ فَمَنْ يَلِي عُمَرَ فَقَدْ رَأَى الَّذِي أَرَى وَأَمَّا نَوَاحِي الْمَسْجِدِ فَإِنَّهُمْ لَا يَدْرُونَ غَيْرَ أَنَّهُمْ قَدْ فَقَدُوا صَوْتَ عُمَرَ وَهُمْ يَقُولُونَ سُبْحَانَ اللهِ سُبْحَانَ اللهِ فَصَلَّى بِهِمْ

عَبْدُ الرحْمَنِ صَلَاةً خَفِيفَةً فَلَما انْصَرَفُوا قَالَ يَا ابْنَ عَباسٍ انْظُرْ مَنْ قَتَلَنِي فَجَالَ سَاعَةً ثُـم جَاءَ فَقَالَ غُلَامُ الْمُغِيرَةِ قَالَ الصنَعُ قَالَ نَعَمْ قَالَ قَاتَلَهُ اللهُ لَقَدْ أَمَرْتُ بِهِ مَعْرُوفًا الْحَمْدُ لِلهِ الذِي لَمْ يَجْعَلْ مِيتَتِي بِيَدِ رَجُلٍ يَدعِي الْإِسْلَامَ قَدْ كُنتَ أَنتَ وَأَبُوكَ تُحِبان أَنْ تَكْثُرَ الْعُلُوجُ بِالْمَدِينَةِ وَكَانَ الْعَباسُ أَكْثَرَهُمْ رَقِيقًا فَقَالَ إِنْ شِئْتَ فَعَلْتُ أَيْ إِنْ شِئْتَ قَتَلْنَا قَالَ كَذَبْتَ بَعْدَ مَا تَكَلمُوا بِلِسَانِكُمْ وَصَلوْا قِبْلَتَكُمْ وَحَجوا حَجكُمْ فَاحْتُمِلَ إِلَى بَيْتِهِ فَانْطَلَقْنَـا مَعَـهُ وَكَأَن الناسَ لَمْ تُصِبْهُمْ مُصِيبَةٌ قَبلَ يَوْمَئِذٍ فَقَائِلٌ يَقُولُ لَا بَأْسَ وَقَائِلٌ يَقُولُ أَخَافُ عَلَيْهِ فَأُتِيَ بِنَبِيذٍ فَشَرِبَهُ فَخَرَجَ مِنْ جَوْفِهِ ثُم أُتِيَ بِلَبَنٍ فَشَرِبَهُ فَخَرَجَ مِنْ جُرْحِهِ فَعَلِمُوا أَنهُ مَيتٌ فَدَخَلْنَا عَلَيْهِ وَجَاءَ الناسُ فَجَعَلُوا يُثْنُونَ عَلَيْهِ وَجَاءَ رَجُلٌ شَاب فَقَالَ أَبْشِرْ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ بِبُشْرَى اللهِ لَكَ مِنْ صُحْبَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدَمٍ فِي الْإِسْلَامِ مَا قَدْ عَلِمْتَ ثُـم وَلِيتَ فَعَدَلْتَ ثُم شَهَادَةٌ قَالَ وَدِدْتُ أَن ذَلِكَ كَفَافٌ لَا عَلَي وَلَا لِي فَلَما أَدْبَـرَ إِذَا إِزَارُهُ يَمَس الْأَرْضَ قَالَ رُدوا عَلَي الْغُلَامَ قَالَ يَا ابْنَ أَخِي ارْفَعْ ثَوْبَكَ فَإِنهُ أَبْقَى لِثَوْبِـكَ وَأَتْقَـى لِرَبكَ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ انْظُرْ مَا عَلَي مِنْ الديْنِ فَحَسَبُوهُ فَوَجَدُوهُ سِتةً وَثَمَانِينَ أَلْفًـا أَوْ نَحْوَهُ قَالَ إِنْ وَفَى لَهُ مَالُ آلِ عُمَرَ فَأَدهِ مِنْ أَمْوَالِهِمْ وَإِلا فَسَلْ فِي بَنِي عَدِي بْنِ كَعْبٍ فَإِنْ لَمْ تَفِ أَمْوَالُهُمْ فَسَلْ فِي قُرَيْشٍ وَلَا تَعْدُهُمْ إِلَى غَيْرِهِمْ فَأَد عَني هَذَا الْمَالَ انْطَلِـقْ إِلَـى عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ فَقُلْ يَقْرَأُ عَلَيْكِ عُمَرُ السلَامَ وَلَا تَقُلْ أَمِيرُ الْمُؤْمِنِينَ فَإِني لَسْتُ الْيَـوْمَ لِلْمُؤْمِنِينَ أَمِيرًا وَقُلْ يَسْتَأْذِنُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ أَنْ يُدْفَنَ مَعَ صَاحِبَيْهِ فَسَلمَ وَاسْـتَأْذَنَ ثُـم دَخَلَ عَلَيْهَا فَوَجَدَهَا قَاعِدَةً تَبْكِي فَقَالَ يَقْرَأُ عَلَيْكِ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ السلَامَ وَيَسْـتَأْذِنُ أَنْ يُدْفَنَ مَعَ صَاحِبَيْهِ فَقَالَتْ كُنتُ أُرِيدُهُ لِنَفْسِي وَلَأُوثِرَن بِهِ الْيَوْمَ عَلَى نَفْسِي فَلَما أَقْبَلَ قِيـلَ هَذَا عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ قَدْ جَاءَ قَالَ ارْفَعُونِي فَأَسْنَدَهُ رَجُلٌ إِلَيْهِ فَقَالَ مَا لَدَيْكَ قَـالَ الـذِي تُحِب يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَذِنَتْ قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ مَا كَانَ مِنْ شَيْءٍ أَهَم إِلَي مِنْ ذَلِكَ فَإِذَا أَنَـا قَضَيْتُ فَاحْمِلُونِي ثُم سَلمْ فَقُلْ يَسْتَأْذِنُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَإِنْ أَذِنَتْ لِي فَـأَدْخِلُونِي وَإِنْ رَدتْنِي رُدونِي إِلَى مَقَابِرِ الْمُسْلِمِينَ وَجَاءَتْ أُم الْمُؤْمِنِينَ حَفْصَةُ وَالنسَاءُ تَسِيرُ مَعَهَا فَلَمـا رَأَيْنَاهَا قُمْنَا فَوَلَجَتْ عَلَيْهِ فَبَكَتْ عِنْدَهُ سَاعَةً وَاسْتَأْذَنَ الرجَالُ فَوَلَجَتْ دَاخِلًا لَهُمْ فَسَمِعْنَا بُكَاءَهَا مِنْ الداخِلِ فَقَالُوا أَوْصِ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ اسْتَخْلِفْ قَالَ مَا أَجِدُ أَحَدًا أَحَق بِهَـذَا

الْأَمرِ مِنْ هَؤُلَاءِ النفَرِ أَوْ الرهْطِ الذِينَ تُوُفيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ عَنْهُمْ رَاضٍ فَسَمى عَلِيا وَعُثْمَانَ وَالزبَيْرَ وَطَلْحَةَ وَسَعْدًا وَعَبْدَ الرحْمَنِ وَقَالَ يَشْهَدُكُمْ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ وَلَيْسَ لَهُ مِنْ الْأَمرِ شَيْءٌ كَهَيْئَةِ التعْزِيَةِ لَهُ فَإِنْ أَصَابَتْ الْإِمْرَةُ سَعْدًا فَهُوَ ذَاكَ وَإِلا فَلْيَسْتَعِنْ بِهِ أَيكُمْ مَا أُمرَ فَإِني لَمْ أَعْزِلْهُ عَنْ عَجْزٍ وَلَا خِيَانَةٍ وَقَالَ أُوصِي الْخَلِيفَةَ مِنْ بَعْدِي بِالْمُهَاجِرِينَ الْأَولِينَ أَنْ يَعْرِفَ لَهُمْ حَقهُمْ وَيَحْفَظَ لَهُمْ حُرْمَتَهُمْ وَأُوصِيهِ بِالْأَنصَارِ خَيْرًا الذِينَ تَبَوءُوا الدارَ وَالْإِيمَانَ مِنْ قَبْلِهِمْ أَنْ يُقْبَلَ مِنْ مُحْسِنِهِمْ وَأَنْ يُعْفَى عَنْ مُسِيئِهِمْ وَأُوصِيهِ بِأَهْلِ الْأَمْصَارِ خَيْرًا فَإِنهُمْ رِدْءُ الْإِسْلَامِ وَجُبَاةُ الْمَالِ وَغَيْظُ الْعَدُو وَأَنْ لَا يُؤْخَذَ مِنْهُمْ إِلا فَضْلُهُمْ عَنْ رِضَاهُمْ وَأُوصِيهِ بِالْأَعْرَابِ خَيْرًا فَإِنهُمْ أَصْلُ الْعَرَبِ وَمَادةُ الْإِسْلَامِ أَنْ يُؤْخَذَ مِنْ حَوَاشِي أَمْوَالِهِمْ وَيُرَد عَلَى فُقَرَائِهِمْ وَأُوصِيهِ بِذِمةِ اللهِ وَذِمةِ رَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُوفَى لَهُمْ بِعَهْدِهِمْ وَأَنْ يُقَاتَلَ مِنْ وَرَائِهِمْ وَلَا يُكَلفُوا إِلا طَاقَتَهُمْ فَلَما قُبِضَ خَرَجْنَا بِهِ فَانْطَلَقْنَا نَمْشِي فَسَلمَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ قَالَ يَسْتَأْذِنُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ قَالَتْ أَدْخِلُوهُ فَأُدْخِلَ فَوُضِعَ هُنَالِكَ مَعَ صَاحِبَيْهِ فَلَما فُرِغَ مِنْ دَفْنِهِ اجْتَمَعَ هَؤُلَاءِ الرهْطُ فَقَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ اجْعَلُوا أَمْرَكُمْ إِلَى ثَلَاثَةٍ مِنْكُمْ فَقَالَ الزبَيْرُ قَدْ جَعَلْتُ أَمْرِي إِلَى عَلِي فَقَالَ طَلْحَةُ قَدْ جَعَلْتُ أَمْرِي إِلَى عُثْمَانَ وَقَالَ سَعْدٌ قَدْ جَعَلْتُ أَمْرِي إِلَى عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ فَقَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ أَيكُمَا تَبَرأَ مِنْ هَذَا الْأَمرِ فَنَجْعَلُهُ إِلَيْهِ وَاللهُ عَلَيْهِ وَالْإِسْلَامُ لَيَنْظُرَن أَفْضَلَهُمْ فِي نَفْسِهِ فَأُسْكِتَ الشيْخَانِ فَقَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ أَفَتَجْعَلُونَهُ إِلَي وَاللهُ عَلَي أَنْ لَا آلُ عَنْ أَفْضَلِكُمْ قَالَا نَعَمْ فَأَخَذَ بِيَدِ أَحَدِهِمَا فَقَالَ لَكَ قَرَابَةٌ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالْقَدَمُ فِي الْإِسْلَامِ مَا قَدْ عَلِمْتَ فَاللهُ عَلَيْكَ لَئِنْ أَمرْتُكَ لَتَعْدِلَن وَلَئِنْ أَمرْتُ عُثْمَانَ لَتَسْمَعَن وَلَتُطِيعَن ثُم خَلَا بِالْآخَرِ فَقَالَ لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ فَلَما أَخَذَ الْمِيثَاقَ قَالَ ارْفَعْ يَدَكَ يَا عُثْمَانُ فَبَايَعَهُ فَبَايَعَ لَهُ عَلِي وَوَلَجَ أَهْلُ الدارِ فَبَايَعُوهُ.

6013 ـ ئەمىر ئىبنى مەيمۇن مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇ سۇيىقەستكە ئۇچراشتىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى مەدىنىدە كۆرگەنىدىم. ئۇ ھۇزەيفە ئىبنى يەمان بىلەن ئوسمان ئىبنى ھۇنەيفنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا:

ــ قانــداق قىلــدىڭلار؟ ئىــراق خەلقىــگە ئــۇلار بەرداشــلىق بېرەلمىگىدەك دەرىجىدە خاراج[1] يۈكلەشتىن قورقمامسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـ بىز ئۇلارغا بەرداشلىق بېرەلىگىدەك دەرىجىدە خاراج يۈكلىدۇق. ئۇ ئانچە جىق نەرسە ئەمەس، ـ دېيىشتى. ئۆمەر:

ــ ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقىڭلار، ئۇلارغا ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمىغىدەك دەرىجىدە خاراج يۈكلىگەن بولۇپ قالماڭلار يەنە، ــ دېدى. ئۇلار:

ـ ياق، بىز ئۇنداق قىلمىدۇق، ـ دېيىشتى. ئۆمەر:

ــ الله مېنى سالامەت قىلسا، ئىراقلىق تۇل ئاياللارنى مەندىن كېيىن ھېچكىمگە موھتاج بولمىغۇدەك ھالغا كەلتۈرىمەن، ـ دېدى.

ئۆمەر بۇ گەپنى قىلىپ، تۆتىنچى كۈنى سۈيىقەستكە ئۇچرىدى. ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسلا بار ئىدى. بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى ئىدى، ھەزرىتى ئۆمەر ھەر ئىككى سەپنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندە: "سەپلىرىڭلارنى تۈز تۇتۇڭلار!" دەيتتى. سەپلەرنىڭ تۈپتۈز بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئالدىغا چىقىپ نامازغا قولاق قاقاتتى. ئۇ، جامائەتنىڭ نامازغا ئۇلگۈرۈۋېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرىنچى رەكئەتكە يا سۈرە يۈسۈفنى ياكى سۈرە نەھلنى ۋەيا شۇنىڭغا ئوخشاشراق بىر سۈرىنى ئوقۇيتتى.

شۇ كۈنى ئۇ ئالدىغا چىقىپ، قولاق قېقىپ بولغاندىن كېيىن:

ــ ئىت مېنى ئۆلتۈردى (ياكى: ئىت مېنى يېدى)، ـ دېگەن ئېچىنىشلىق بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. قارىغۇدەك بولسام، بىرى ئۇنىڭغا پىچاق تىقىپتۇ. بىر ئەجەم قولىدىكى ئىككى بىسلىق خەنجەرنى ئوڭ ۋە سولدا ئۇچرىغانلا ئادەمگە چۆرۈپ سىرتقا قېچىۋاتاتتى. ئۇ جەمئىي 13 ئادەمگە پىچاق تىقىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلاردىن يەتتىسى ئۆلۈپ كەتتى. جامائەتتىن بىرەيلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرنۇس (ئەرەبلەر باش ۋە

[1] خاراج ـ ئىسلام مەملىكەتلىرىدە، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار، يەنى غەيرىي دىندىكىلەردىن ئادەم بېشىغا ئېلىنىدىغان يەر بېجى.

يەلكىلىرىنى ئورايدىغان بىر پارچە لاتا)نى ئاتتى. ئۇ مەلئۇن تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنى ئۆز ئورنىغا ئىمامەتچىلىككە ئۆتكۈزدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېقىن تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مەن كۆرگەن ئىشلارنى كۆردى. ئەمما ئارقا سەپتە تۇرغانلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغاچقا:

— سۇبھانەللاھ! سۇبھانەللاھ! — دېيىشكە باشلىدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمام بولۇپ، نامازنى قىسقىلا ئوقۇدى.

جامائەت نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى ئىبنى ئابباس! ماڭا كىمنىڭ سۇيىقەست قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ كەلگىن! - دېدى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ كەلدى ۋە:

- ئۇ مۇغىرەنىڭ قۇلى ئىكەن، - دېدى. ئۆمەر:

- ھېلىقى ھۈنەرۋەنمۇ؟ - دېدى. ئىبنى ئابباس:

- ھەئە، - دېدى. ئۆمەر:

- الله ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن! مەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىغانىدىم. اللهقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئۇ مېنىڭ ئۆلۈمىمنى ئىسلامنى دەۋا قىلىدىغان بىرىنىڭ قولىدا قىلماپتۇ. داداڭ (يەنى ئابباس) ئىككىڭلار مەدىنىدە كاپىر قۇللارنىڭ كۆپىيىشىنى خالايتتىڭلار، - دېدى.

ئابباس قۇللىرى ئەڭ جىق ئادەم ئىدى. ئىبنى ئابباس:

- ئەگەر خالىساڭ، بىزمۇ ئۇ قۇللارنى ئۆلتۈرەيلى! - دېدى. ئۆمەر:

- ئۇلار سىلەرنىڭ تىلىڭلاردا سۆزلەيدىغان، قىبلەڭلارغا قاراپ ناماز ئوقۇيدىغان، ھەجىڭلارنى قىلىدىغان تۇرسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ - دېدى. ئاندىن ئۇ ئۆيىگە ئاپىرىلدى. بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردۇق. گويا ئىنسانلار شۇ كۈندىن ئىلگىرى مۇنداق بىر پالاكەتكە يولۇقۇپ باقمىغاندەك ئىدى. بەزىلەر:

- ھېچقىسى يوق، ساقىيىپ قالىدۇ، - دېسە، يەنە بەزىلەر:

- ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، - دەيتتى. ئۇنىڭغا خورما شەربىتى بېرىلدى. ئۇنى ئىچىۋىدى، قورسىقىدىكى جاراھەت ئورنىدىن چىقىپ كەتتى. ئاندىن سۈت بېرىلدى. ئۇنى ئىچىۋىدى، ئۇمۇ چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن جامائەت ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

بىز ئۇنىڭ يېنىغا كىردۇق، ئادەملەر توپلاندى. ئۇلار ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ ماختىشاتتى. ئارىدىن بىر ياش يىگىت كېلىپ:

- ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! اللهنىڭ ساڭا بەرگەن ئىمتىيازلىرى بىلەن خۇش بېشارەت ئالغىنكى، سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆھبەتدىشى بولۇش ۋە ئىسلامغا بالدۇر كىرىش شەرىپىگە نائىل بولدۇڭ. كېيىن خەلىپە بولدۇڭ ۋە ئادالەتنى يۈرگۈزدۇڭ. كېيىن شېھىدلىك شەربىتىنى ئىچىش شەرىپىگە ئىگە بولدۇڭ، - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— خەلىپىلىكنىڭ مېنىڭ پايدامغىمۇ، زىيىنىمغىمۇ ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ھال بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، - دېدى. ئۇ يىگىت قايتتى، ئۇنىڭ تامبىلى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن يەردە سۆرىلىپ قالغانىدى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار! - دېدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

- ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! كىيىمىڭنى بىرئاز يۇقىرى كۆتۈر، يەرگە تېگىپ قالمىسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا، كىيىمىڭ پاكىز تۇرىدۇ ۋە اللهقا تېخىمۇ تەقۋادارلىق قىلغىلى بولىدۇ، - دېدى.

كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ئابدۇللاھقا:

- مېنىڭ قانچىلىك قەرزىم بار ئىكەن، ئىنچىكىلەپ ھېسابلاپ چىققىن! — دېدى. ئۇنىڭ قەرزى ھېسابلىنىپ، 86 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلدى. ئۇ:

- ئەگەر ئۆمەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پۇل - مېلى بۇ قەرزگە يەتسە، شۇنىڭ بىلەن ئادا قىلغىن. ئەگەر يەتمىسە، كېيىنكى ئەدىي ئىبنى

كەئىب جەمەتىدىن سورىغىن. ئەگەر ئۇمۇ يەتمىسە، كېمىنى قۇرەيشلەردىن سورىغىن. ئۇلاردىن باشقىلاردىن ھەرگىز پۇل سورىمىغىن. بۇ ماللار بىلەن قەرزىمنى ئادا قىلغىن. ھازىر سەن مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: "ئۆمەر ساڭا سالام ئېيتتى" دېگىن، ھەرگىزمۇ: "مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ساڭا سالام ئېيتتى" دېمىگىن. مەن بۈگۈندىن باشلاپ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەمەس. ئاندىن: "ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىككى دوستىنىڭ (يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرىنىڭ) يېنىغا دەپنە قىلىنىش ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ" دېگىن! ــ دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاناڭ ئۆيىگە بېرىپ سالام بەردى ۋە ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ:

ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئىككى دوستىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىش ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، ـ دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ يېنىدىكى بوش جايدا ئۆزەم يېتىشنى بەكمۇ خالايتتىم. بۈگۈن ئۆز نەپسىمدىن كېچىپ، ئۇنى ئۆمەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىمەن، ـ دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قايتىپ كەلدى. كىشىلەر ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكۈزدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مېنى يۆلەڭلار! ـ دېدى. بىر ئادەم ئۇنى ئۆزىگە يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىدىن:

ــ نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ ئـى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كەلدىم، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇنكى، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىش يوق ئىدى. ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، مېنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىڭلار، ئاندىن ئابدۇللاھ ئائىشەگە سالام قىلسۇن ۋە: ''ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سەندىن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ'' دېسۇن! ئەگەر ئائىشە مېنىڭ ئۇ جايدا يېتىشىمغا ئىجازەت بەرسە، مېنى ئۇ يەرگە قويۇڭلار. ئەگەر ئىجازەت بەرمىسە، مېنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا قايتۇرۇپ ئاپىرىپ دەپنە قىلىڭلار! ـ دېدى.

شۇ ئارىدا، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېتىپ كەلدى. بىر نەچچە ئايال ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەنىدى. بىز ئۇنى كۆرۈپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، بىر ھازا يىغلىدى. ئاندىن ئەرلەر ئۇنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيدە تۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

ئەرلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـــ ئـى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بىزگە ۋەسىيەت قالدۇرغىن ۋە ئورنىڭغا كىمنى تەيىنلەپ قويىدىغانلىقىڭنى ئېيتقىن! ـ دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رازى ۋە مەمنۇن بولۇپ ۋاپات بولغان ئەنە شۇ كىشىلەردىن باشقا ھېچكىمنى بۇ ئىشقا (يەنى خەلىپىلىككە) لايىق كۆرمەيمەن. ئۇلار: ئەلى، ئوسمان، زۇبەير، تەلھە، سەئد ۋە ئابدۇرراھمان قاتارلىقلاردۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئاراڭلارغا نازارەتچى سۈپىتىدە قېتىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ خەلىپە بولۇش ھەققى يوق. ئەگەر خەلىپىلىك سەئدكە نېسىپ بولسا، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئەھلىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا قايسىڭلارغا نېسىپ بولسا، ئۇ سەئدتىن ياردەم تىلىسۇن. مەن ئۇنى كۇفە ۋالىيلىقىدىن خىزمەتتىنىڭ

ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقى ياكى بىرەر خىيانەت تۈپەيلى ئېلىنىۋەتمىگەنىدىم. مەن مېنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان خەلىپىگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، ئۇ دەسلەپكى قەدەمدە مۇھاجىرلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى تونۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوغدىشى لازىم. ئۇ يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە مۇئمىنلەر كېلىشتىن ئىلگىرى مەدىنىگە يەرلەشكەن ھەمدە ئىماننى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەن ئەنسارىلارغا ياخشىلىق قىلسۇن. ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلسۇن، يامانلىقلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن. ئۇ يەنە باشقا يۇرتلارنىڭ ئاھالىسىگىمۇ ياخشىلىق قىلسۇن. چۈنكى ئۇلار ئىسلامنىڭ يارەمچىلىرىدۇر، پۇل - مال توپلىغۇچىلاردۇر، كۆپلىكى ۋە كۈچ — قۇۋۋەتلىرى بىلەن دۈشمەنلەرنى غەزەپلەندۈرگۈچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىنىڭ ئارتۇقىنى پەقەت ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن ئالسۇن. ئۇ يەنە ئەئرابىلارغا ياخشىلىق قىلسۇن. ئۇلار ئەسلى ئەرەبلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئارتۇق ماللىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بەرسۇن. ئۇ يەنە اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا ئەھدىلەشكەن زىممىيلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلسۇن. ئۇلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىگە ۋاپا قىلسۇن. ئۇلارنى قوغداش يولىدا ئۇرۇش قىلسۇن. ئۇلارغا ئۇلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى يۈكلىمىسۇن، - دېدى.

ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن:

— ئۆمەر ئىبنى خەتتاب سەندىن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، - دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها:

— ئۇنى ئېلىپ كىرىڭلار! - دېدى. جامائەت ئۇنى ئىككى دوستىنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ، شۇ يەردىكى بوش ئورۇنغا دەپنە قىلدى.

ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ دەپــنە قىلىنىــپ بولغانــدىن كېيىــن، ھېلىقى كىشىلەر (مەسلىھەتچىلەر) بىر يەرگە يىغىلدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ئۇلارغا سۆز قىلىپ:

ــ خەلىپىلىكنى ئاراڭلاردىن ئۈچ كىشىگە ئۆتۈنۈڭلار! ــ دېدى. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن ئەلىگە ئۆتۈنۈپ بەردىم، ـ دېدى. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن ئوسمانغا ئۆتۈندۈم، ـ دېدى. سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفكە ئۆتۈندۈم، ـ دېدى. ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا) خىتاب قىلىپ:

ــ قايسىڭلار خەلىپىلىك نامزاتلىقىدىن ۋاز كەچسەڭلار، بىز ئۇنىڭغا سايلام ئىشىنى تاپشۇرايلى. الله ۋە يۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا گۇۋاھچىدۇر. ئۇ بۇ ئىشقا كىمنىڭ ئەڭ مۇناسىپ ۋە ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى چوقۇم ياخشى بىلىدۇ، ـ دېدى. بىراق ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ لام ـ جىم دېمىدى. ئاندىن ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا، بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرامسىلەر؟ مەن اللهنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بولىمەن ۋە بۇ ئىشقا چوقۇم ئەڭ ئەۋزىلىڭلارنى سايلايمەن، ـ دېدى. ھەر ئىككىلىسى:

ـ بولىدۇ، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېقىن تۇغقىنىسەن، ئىسلامغىمۇ ئەڭ دەسلەپتە كىرگەنلەردىنسەن، اللهنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيەتچانسەن. ئەگەر مەن سېنى خەلىپىلىككە تەيىنلىسەم، سەن چوقۇم ئادالەتنى يۈرگۈزىسەن. ئەگەر مەن ئوسماننى خەلىپىلىككە تەيىنلىسەم، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشىڭ لازىم، ـ دېدى. ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغىمۇ

ئوخشاش سۆزلەرنى قىلدى. ئۇ ھەر ئىككىلىسىدىن ئەھدە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن:

— ئى ئوسمان! قولۇڭنى بەرگىن! — دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئوسمانغا بەيئەت قىلدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. ئاندىن قورۇدىكىلەر كىرىپ، بەيئەت قىلدى.

(بۇخارى: 3700)

6014 - عن الْمِسْوَر بْن مَخْرَمَة أَخْبَرَهُ أن الرهْطَ الذِينَ وَلاهُمْ عُمَرُ اجْتَمَعُوا فَتشَاوَرُوا فَقَالَ لَهُمْ عَبْدُ الرحْمَنِ لَسْتُ بِالذِي أُنَافِسُكُمْ عَلَى هَذَا الْأَمْرِ وَلَكِنكُمْ إِنْ شِئْتُم اخْتَرْتُ لَكُمْ مِنْكُمْ فَجَعَلُوا ذَلِكَ إِلَى عَبْدِ الرحْمَنِ فَلَما وَلوْا عَبْدَ الرحْمَنِ أَمْرَهُمْ فَمَالَ الناسُ عَلَى عَبْدِ الرحْمَنِ حَتى مَا أَرَى أَحَدًا مِنْ الناسِ يَتْبَعُ أُولَئِكَ الرهْطَ وَلَا يَطَأُ عَقِبَهُ وَمَالَ الناسُ عَلَى عَبْدِ الرحْمَنِ يُشَاوِرُونَهُ تِلْكَ اللَيَالِي حَتى إِذَا كَانَتْ اللَيْلَةُ التِي أَصْبَحْنَا مِنْهَا فَبَايَعْنَا عُثْمَانَ قَالَ الْمِسْوَرُ طَرَقَنِي عَبْدُ الرحْمَنِ بَعْدَ هَجْعٍ مِنْ الليْلِ فَضَرَبَ الْبَابَ حَتى اسْتَيْقَظْتُ فَقَالَ أَرَاكَ نَائِمًا فَوَاللهِ مَا اكْتَحَلْتُ هَذِهِ الليْلَةَ بِكَبِيرِ نَوْمٍ انْطَلِقْ فَادْعُ الزبَيْرَ وَسَعْدًا فَدَعَوْتُهُمَا لَهُ فَشَاوَرَهُمَا ثُم دَعَانِي فَقَالَ ادْعُ لِي عَلِيا فَدَعَوْتُهُ فَنَاجَاهُ حَتى ابْهَارَ الليْلُ ثُم قَامَ عَلِي مِنْ عِنْدِهِ وَهُوَ عَلَى طَمَعٍ وَقَدْ كَانَ عَبْدُ الرحْمَنِ يَخْشَى مِنْ عَلِي شَيْئًا ثُم قَالَ ادْعُ لِي عُثْمَانَ فَدَعَوْتُهُ فَنَاجَاهُ حَتى فَرقَ بَيْنَهُمَا الْمُؤَذنُ بِالصبْحِ فَلَما صَلى لِلناسِ الصبْحَ وَاجْتَمَعَ أُولَئِكَ الرهْطُ عِنْدَ الْمِنْبَرِ فَأَرْسَلَ إِلَى مَنْ كَانَ حَاضِرًا مِنْ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنصَارِ وَأَرْسَلَ إِلَى أُمَرَاءِ الْأَجْنَادِ وَكَانُوا وَافَوْا تِلْكَ الْحَجةَ مَعَ عُمَرَ فَلَما اجْتَمَعُوا تَشَهدَ عَبْدُ الرحْمَنِ ثُم قَالَ أَما بَعْدُ يَا عَلِي إِني قَدْ نَظَرْتُ فِي أَمْرِ الناسِ فَلَمْ أَرَهُمْ يَعْدِلُونَ بِعُثْمَانَ فَلَا تَجْعَلَن عَلَى نَفْسِكَ سَبِيلًا فَقَالَ أُبَايِعُكَ عَلَى سُنةِ اللهِ وَرَسُولِهِ وَالْخَلِيفَتَيْنِ مِنْ بَعْدِهِ فَبَايَعَهُ عَبْدُ الرحْمَنِ وَبَايَعَهُ الناسُ الْمُهَاجِرُونَ وَالْأَنصَارُ وَأُمَرَاءُ الْأَجْنَادِ وَالْمُسْلِمُونَ.

6014 ـ مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامزات كۆرسەتكەن كىشىلەر يىغىلدى ۋە مەسلىھەت قىلىشتى. ئابدۇرراھمان ئۇلارغا:

— مەن خەلىپىلىكنى سىلەردىن تالاشمايمەن. لېكىن سىلەر خالىساڭلار، مەن سىلەرگە ئېچىڭلاردىن ئەڭ لايىق كىشىنى تالLاپ بېرەي، ـ دېدى. ئۇلار ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بۇ ھوقۇقنى بەردى. خەلىپە تاللاش ئىشى ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۇنىڭغا مايىل بولۇشتى. ھەتتا مەن نامزاتلار ھەيئىتىدىكى كىشىلەرنىڭ يېنىغا، ھەتتا بوسۇغىسىغا بىر ئادەمنىڭمۇ بارغانلىقىنى كۆرمىدىم. ئادەملەر پەقەت ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك بولۇشۇپ، كېچىلىرى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى.

بىز ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىشتىن بۇرۇنقى كۈنى كېچىسى ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرئاز ئۇخلاپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ ئىشىكىمنى قاقتى. مەن ئويغاندىم. ئۇ:

— ئۇخلاۋېتىپتىكەنسەندە؟ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئۇيقۇم قاچتى. سەن بېرىپ، زۇبەير بىلەن سەئدنى چاقىرىپ كەلگىن! ـ دېدى. مەن ئۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۇلار بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە مەسلىھەتلەشتى. ئاندىن مېنى چاقىرىپ:

— ئەلىنى چاقىرىپ كەلگىن! — دېدى. مەن ئۇنىمۇ چاقىرىپ كەلدىم. ئۇنىڭ بىلەن تاڭ سۈزۈلگىچە مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئۇنىڭ يېنىدىن تەمە بىلەن ئايرىلدى. ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك ئىشىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن پىتنە چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. كېيىن ئۇ ماڭا:

— ئوسماننى چاقىرىپ كەلگىن! — دېدى. مەن ئۇنىمۇ چاقىرىپ كەلدىم. ئۇنىڭ بىلەن بامدات نامىزىغا ئەزان چىققىچە مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. مۇئەززىن ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار ئايرىلدى.

بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، نامزاتلار مۇنبەر ئەتراپىغا يىغىلدى. ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە كەلگەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. شۇ قېتىم

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھەجدىن قايتىپ، مەدىنىگە كەلگەن قومانداىلارغىمۇ خەۋەر يوللىدى.

ئۇلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇرراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتتى، ئاندىن:

ـ ئى ئەلى! مەن خەلىپىلىك ئىشىدا ئىنسانلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتىم. ئۇلار بۇ مەسىلىدە ئوسمانغا ھېچكىمنى تەڭ قىلمايدىكەن. شۇڭا مېنىڭ ئوسمانغا بەيئەت قىلىشىم سەۋەبىدىن كۆڭلۈڭدە ھېچقانداق غۇم پەيدا بولۇپ قالمىسۇن، ـ دېدى. ئاندىن ئوسمانغا قاراپ:

ــ مەن ساڭا اللهنىڭ قانۇنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى ۋە ئۇنىڭ ئىككى خەلىپىسىنىڭ تۇتقان يولى بويىچە بەيئەت قىلىمەن، ـ دېدى ــ دە، دەرھال بەيئەت قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىدىن مۇھاجىرلار، ئەنسارىلار، قوماندانلار ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار بەيئەت قىلدى.

(بۇخارى: 7207)

6015 - عن عبد الله بن سلام: «لما حُوصِرَ عثمانُ، وَلى أبا هُرَيْرَةَ على الصـلاةِ، وكان ابنُ عباسٍ يُصَلي أحيانا، Ź بَعثَ عثمانُ إليهم، فقال: ما تُرِيدونَ مِ ł؟ قالوا: نُريـدُ أنْ تَخْلَعَ إليهم أمرَهم، قال: لا أَخْلَعُ سِرْبالا سَرْبلنيهِ اللهُ تعاБ، قالوا: فهم قاتِلُوكَ، قـال: لَئِن قَتَلْتُمُوني لا تَتَحابونَ بَعدي أبدا، ولا تُقَاتِلُونَ بعدي عَدوًّا جميعا أبدا، وَلَتَخْتَلِفُن علـى بَصِيرةٍ، يا قَومِ، لا يَجْرِمَنكم شِقَاقي أن يُصِيبَكُمْ ما أَصَابَ مَنْ قَبْلَكُمْ، فلما اشـتَد عليـه الأمْرُ أصبحَ صَائِما يَومَ الجمعةِ، فلما كان في بعض النهارِ نَامَ، قال: رأيتُ الآنَ رسولَ الله -صلى الله عليه وسلم-، وقال لِي: إنكَ تُفْطِرُ عندنا الليلَةَ، فَقُتِلَ مِنْ يَومِهِ، Ź قَامَ علـي خَطيبا، فَحمِدَ اللهَ وأثا عليه، وقال: أيهَا الناسُ، أقْبِلُوا عَلي بِأَسْمَاعِكُمْ وأبصـارِكم، إني أخاف أن أكونَ أنا وأنتم قد أصبَحْنا في فِتَنةٍ، وما علينا فيها إلا الاجتهادُ. وقـال: إن الله أدبَ الأمةَ بِأَدَبين: الكِتابِ والسنةِ، لا هَوادَةَ عند السلطان فيهما، فاتقُوا الله وأَصْـلِحُوا ذَاتَ بَيْنِكم، Ź نَزَلَ، وَعَمَدَ إĺ ما بَقيَ من بَيْتِ المال، فَقَسَمَهُ على المسلمين».

6015 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئوسماننىڭ ئۆيى قورشىۋېلىنغاندا، ئۇ ئىمامەتچىلىككە ئەبۇ ھۇرەيرەنى تەيىنلىدى. بەزىدە ئىبنى ئابباسمۇ ئىمام بولۇپ بېرەتتى. كېيىن ئوسمان ئۆزىنى قورشىۋالغانلارغا ئادەم چىقىرىپ:

ـ مېنىڭدىن نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ خەلىپىلىكتىن ئىستىپا بېرىپ، سايلاش ئىشىنى خەلققە بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمىز، ـ دېيىشتى. ئوسمان:

ـ الله تائالا ماڭا كىيگۈزگەن بۇ تاجنى ھەرگىز چىقارمايمەن، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئۇنداقتا، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، ـ دېدى. ئۇ:

ـ ئەگەر سىلەر مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار، مەندىن كېيىن مەڭگۈ بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرەلمەيسىلەر. دۈشمەنلەرگە قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلالمايسىلەر. بىلىپ تۇرۇپ ئىختىلاپ قىلىشىسىلەر. ئى قەۋمىم! مېنىڭ يۈزۈمدىن بېشىڭلارغا ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر كېلىپ قالمىسۇن! ـ دېدى.

ئىش جىددىيلىشىپ، ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلەشكەنلىكىنى كۆرگەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمە كۈنى روزا تۇتتى. چۈش بولغاندا، بىرئاز ئۇخلىغاندى، ئۇيقىسىدىن ئويغىنىپ مۇنداق دېدى:

ـ مەن ھازىر چۈشۈمدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپتىمەن. ئۇ ماڭا: «سەن بۈگۈن كەچتە بىزنىڭ يېنىمىزدا ئىپتار قىلىسەن» دېدى.

ئۇ، شۇ كۈنى شېھىد قىلىندى. كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىدى. ئالدى بىلەن اللهقا ھەمدۇسانالار ئېيتقاندىن كېيىن:

ــ ئى ئىنسانلار! ماڭا دىققەت بىلەن قاراپ، سۆزۈمنى ياخشى تىڭشاڭلار. مەن ھەممىڭلارنىڭ پىتنە ئىچىدە قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. بىز قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا، ئاندىن بۇ

پىتنىدىن قۇتۇلالايمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله بۇ ئۇممەتنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ئىككى مەنبە بىلەن تەربىيىلىدى. ئۇ ئىككى مەنبەنىڭ ھۆكمى ئالدىدا پادىشاھمۇ ھېچقانداق كەچۈرۈلمەيدىغان قىلالمايدۇ. اللەتىن قورقۇڭلار، ئاراڭلارنى ئىسلاھ قىلىڭلار! ـ دېدى. ئاندىن مۇنبەردىن چۈشۈپ، دۆلەت خەزىنىسىدە ئېشىپ قالغان ماللارنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بەردى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6016 - عن الْحَسَنَ قَالَ اسْتَقْبَلَ وَاللهِ الْحَسَنُ بْنُ عَلِي مُعَاوِيَةَ بِكَتَائِبَ أَمْثَالِ الْجِبَالِ فَقَالَ عَمْرُو بْنُ الْعَاصِ إِني لَأَرَى كَتَائِبَ لَا تُوَلي حَتى تَقْتُلَ أَقْرَانَهَا فَقَالَ لَهُ مُعَاوِيَةُ وَكَانَ وَاللهِ خَيْرَ الرجُلَيْنِ أَيْ عَمْرُو إِنْ قَتَلَ هَؤُلَاءِ هَؤُلَاءِ وَهَؤُلَاءِ هَؤُلَاءِ مَنْ لِي بِأُمُورِ الناسِ مَنْ لِي بِنِسَائِهِمْ مَنْ لِي بِضَيْعَتِهِمْ فَبَعَثَ إِلَيْهِ رَجُلَيْنِ مِنْ قُرَيْشٍ مِنْ بَنِي عَبْدِ شَمْسٍ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ سَمُرَةَ وَعَبْدَ اللهِ بْنَ عَامِرِ بْنِ كُرَيْزٍ فَقَالَ اذْهَبَا إِلَى هَذَا الرجُلِ فَاعْرِضَا عَلَيْهِ وَقُولَا لَهُ وَاطْلُبَا إِلَيْهِ فَأَتَيَاهُ فَدَخَلَا عَلَيْهِ فَتَكَلمَا وَقَالَا لَهُ فَطَلَبَا إِلَيْهِ فَقَالَ لَهُمَا الْحَسَنُ بْنُ عَلِي إِنا بَنُو عَبْدِ الْمُطلِبِ قَدْ أَصَبْنَا مِنْ هَذَا الْمَالِ وَإِن هَذِهِ الْأُمةَ قَدْ عَاثَتْ فِي دِمَائِهَا قَالَا فَإِنهُ يَعْرِضُ عَلَيْكَ كَذَا وَكَذَا وَيَطْلُبُ إِلَيْكَ وَيَسْأَلُكَ قَالَ فَمَنْ لِي بِهَذَا قَالَا نَحْنُ لَكَ بِهِ فَمَا سَأَلَهُمَا شَيْئًا إِلا قَالَا نَحْنُ لَكَ بِهِ فَصَالَحَهُ فَقَالَ الْحَسَنُ وَلَقَدْ سَمِعْتُ أَبَا بَكْرَةَ يَقُولُ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْمِنْبَرِ وَالْحَسَنُ بْنُ عَلِي إِلَى جَنْبِهِ وَهُوَ يُقْبِلُ عَلَى الناسِ مَرةً وَعَلَيْهِ أُخْرَى وَيَقُولُ إِن ابْنِي هَذَا سَيدٌ وَلَعَل اللهَ أَنْ يُصْلِحَ بِهِ بَيْنَ فِئَتَيْنِ عَظِيمَتَيْنِ مِنْ الْمُسْلِمِينَ.

6016 ـ ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيەنىڭ ئالدىغا ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇن بىلەن چىقتى. بۇنى كۆرگەن ئەمر ئىبنى ئاس مۇئاۋىيەگە:

ـ مەن ناھايىتى چوڭ بىر قوشۇننى كۆرىۋاتىمەنكى، سەن ئۇلارنىڭ پالۋانلىرىنى ئۆلتۈرمىگىچە ئۇلار ھەرگىز ئارقىغا چېكىنمەيدۇ، ـ دېدى. مۇئاۋىيە (ئۇ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىدى) ئۇنىڭغا:

ــ ئەگەر بىزنىڭكىلەر ئۇلارنى ئۆلتۈرسە، ئۇلارمۇ بىزنىڭكىلەرنى ئۆلتۈرسە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى كىم قىلىدۇ؟ ئاياللىرىنى كىم باقىدۇ؟ ماللىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ ــ دېدى. ئاندىن قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئابدۇشەمس جەمەتىدىن ئابدۇرراھمان ئىبنى سەمۇرە بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ئىبنى كۇرەيزنى ئەۋەتىپ:

ــ ئىككىڭلار ھەسەننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىڭلار. ئەگەر ئۇ خەلىپىلىكتىن ۋاز كەچسە، مېنىڭ ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىسىنى بېرىدىغانلىقىمنى، ھەرقانداق تەلىپىنى قاندۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتىڭلار، ــ دېدى. ئۇلار بېرىپ ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، ھەسەننىڭ يېنىغا كىرىپ سۆزلەشتى، مۇئاۋىيەنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى ۋە قانداق تەلىپى بولسا، ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئېيتتى.

ھەسەن ئىبنى ئەلى ئۇلارغا:

ــ بىز ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغۇللىرىمىز. دۆلەت خەزىنىسىدە بىزنىڭ ھەققىمىز بار. بۇ ئۈممەت (موھتاجلىقتىن پۇل ـ مال ئۈچۈن) قانغا مىلەندى، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ مۇئاۋىيە ساڭا (خەلىپىلىكتىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە) مۇنداق، مۇنداق نەرسىلەرنى بېرىشكە ۋەدە قىلدى، ـ دېدى. ئۇ:

ـ بۇنىڭغا كىم كېپىل بولىدۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـ بىز كېپىل بولىمىز، ــ دېدى. ئۇ ئۇلارغا قانداقلا بىر تەلەپنى قويسا، ئۇلار:

ـ بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا كېپىل بولىمىز، ــ دېيىشتى. نەتىجىدە، ئۇ مۇئاۋىيە بىلەن سۈلھى تۈزدى.

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇنبەر ئۈستىدە كۆردۈم. ئۇنىڭ يېنىدا ھەسەن ئىبنى ئەلى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىردە ئۇنىڭغا قارىسا، بىردە جامائەتكە قارايتتى. ئۇ شۇ چاغدا مۇنداق دېگەنىدى:

«مېنىڭ بۇ ئوغلۇم ئەڭ شەرەپلىك ئىنساندۇر. الله ئۇنىڭ قولى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ناھايىتى چوڭ ئىككى گۇرۇھنى ياراشتۇرۇپ قىلىشى مۇمكىن».

(بۇخارى: 2704)

6017 - عَنْ عَبْدِ خَيْرٍ قَالَ قَامَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَلَى الْمِنْبَرِ فَذَكَرَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاسْتُخْلِفَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَعَمِلَ بِعَمَلِهِ وَسَارَ بِسِيرَتِهِ حَتى قَبَضَهُ اللهُ عَز وَجَل عَلَى ذَلِكَ ثُم اسْتُخْلِفَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَلَى ذَلِكَ فَعَمِلَ بِعَمَلِهِمَا وَسَارَ بِسِيرَتِهِمَا حَتى قَبَضَهُ اللهُ عَز وَجَل عَلَى ذَلِكَ.

6017 ـ ئابدۇخەير مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تىلغا ئالدى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولدى. الله تائالا ئۇنىڭ جېنىنى ئالغانغا قەدەر، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغان ئىشىنى قىلدى، ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. ئاندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولدى. الله تائالا ئۇنىڭ جېنىنى ئالغانغا قەدەر، ئۇمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ قىلغان ئىشىنى قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭدى[①].

(ئەھمەد: 1057)

6018 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ مَنْ يُؤَمرُ بَعْدَكَ قَالَ إِنْ تُؤَمرُوا أَبَا بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ تَجِدُوهُ أَمِينًا زَاهِدًا فِي الدنْيَا رَاغِبًا فِي الْآخِرَةِ وَإِنْ تُؤَمرُوا عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ تَجِدُوهُ قَوِيا أَمِينًا لَا يَخَافُ فِي اللهِ لَوْمَةَ لَائِمٍ وَإِنْ تُؤَمرُوا عَلِيا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَلَا أُرَاكُمْ فَاعِلِينَ تَجِدُوهُ هَادِيًا مَهْدِيا يَأْخُذُ بِكُمْ الطرِيقَ الْمُسْتَقِيمَ.

[①] ھەيسەمى (8908): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6018 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى اﷲنىڭ پەيغەمبىرى! سەندىن كېيىن كىم باشلىق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ئەگەر ئەبۇ بەكرىنى باشلىق قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك، دۇنياغا بېرىلمەي، ئاخىرەتكە قاتتىق ئىنتىلىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بايقايسىلەر. ئەگەر ئۆمەرنى باشلىق قىلساڭلار، ئۇنىڭ كۈچلۈك، ئىشەنچلىك، اﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقۇپ قالمايدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بايقايسىلەر. ئەگەر ئەلىنى باشلىق قىلساڭلار (سىلەر ئۇنداق قىلىدىغاندەك تۇرمايسىلەر)، ئۇنىڭ توغرا يولغا ئېرىشكۈچى، توغرا يول ئۈستىدە ماڭىدىغان، سىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بايقايسىلەر، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 861؛ بەززار؛ «ئەلئەۋسەت»)

6019 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: لَمَّا أَسسَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم مَسْجِدَ الْمَدِينَةِ، جَاءَ بِحَجَرٍ فَوَضَعَهُ، وَجَاءَ أَبُو بَكْرٍ بِحَجَرٍ فَوَضَعَهُ، وَجَاءَ عُمَرُ بِحَجَرٍ فَوَضَعَهُ، وَجَاءَ عُثْمَانُ بِحَجَرٍ فَوَضَعَهُ، قَالَتْ: فَسُئِلَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ ذَلِكَ، فَقَالَ: هَذَا أَمْرُ الْخِلَافَةِ مِنْ بَعْدِي.

6019 ـــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنە مەسجىدىنى سالغاندا، بىر تاشنى ئېلىپ كېلىپ قويدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى، ئۇندىن كېيىن ئۆمەر، ئاخىرىدا ئوسمان قاتارلىقلار بىردىن تاشنى ئېلىپ كېلىپ قويدى. ساھابىلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ ھەقتە سورىغاندا:

---

[①] ھەيسەمى (8909): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار، تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام بەززارنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

«بۇ، مەندىن كېيىنكى خەلىپىلىك ئىشىنىڭ تەرتىۋىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى[1].

(مۇسلىم: 4884)

6020 - عن عبد اللهِ بن عَمْرٍو قال: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ يَقُولُ: يَكُونُ بَعْدِي اثنا عَشَرَ خَلِيفَةً: أبو بَكْرٍ الصديقُ لا يَلْبَثُ بَعْدِي إلا قَلِيلا، وَصَاحِبُ رَحًى دَارةٍ يَعِيشُ حَمِيدًا، وَيَمُوتُ شَهِيدًا، قِيلَ: مَنْ هُوَ يَا رَسُولَ اللهِ؟، قَالَ: عُمَـرُ بـن الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، ثُم الْتَفَتَ إِلَى عُثْمَانَ، فَقَالَ: وَأَنتَ سَيَسْأَلُكَ النـاسُ أنْ تَخْلَـعَ قَمِيصًا كَسَاكَ اللهُ عَز وَجَل، وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ، لَئِنْ خَلَعْتَهُ، لا تَدْخُلُ الْجَنةَ حَتى يَلِـجَ الْجَمَلُ فِي سَم الْخِيَاطِ.

6020 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەندىن كېيىن 12 خەلىپە ئۆتىدۇ. ئۇلاردىن بىرى ئەبۇ بەكرى سىددىق بولۇپ، مەندىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيدۇ. ئاندىن ئەرەبلەرنىڭ تۈگمىنىنى چۆرگەن كىشى كېلىدۇ. ئۇ مەدھىيە ئىچىدە ياشاپ، شېھىد بولىدۇ، ـ دېدى. ئاربىدىن بىر ئادەم:

ـ ئۇ كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئوسمانغا قاراپ:

ـ ئى ئوسمان! ناۋادا الله ساڭا بىر كۆڭلەك كىيگۈزسە، كىشىلەر ئۇنى سەندىن سالدۇرىۋالماقچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھەرگىز سېلىپ بەرمىگىن! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن ئۇنى

[1] ھەيسەمى (8911): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىسمى ئاتالمىغان بىر تابىئىندىن باشقا راۋىيلىرىنىڭ ھەممىسى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

سىلىقۋەتسەڭ، تۇگە يىغىنە تۆشىكىدىن ئۆتكەنگە قەدەر، جەننەتنى كۆرەلمەيسەن، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

6021 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كُنْتُ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا عُثْمَانُ إِن اللهَ عَز وَجَل مُقَمصُكَ قَمِيصًا فَإِنْ أَرَادَكَ الْمُنَافِقُونَ عَلَى أَنْ تَخْلَعَهُ فَلَا تَخْلَعْهُ لَهُمْ وَلَا كَرَامَةَ يَقُولُهَا لَهُ مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا.

6021 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇ: «ئى ئوسمان! الله تائالا ساڭا بىر كۆينەك كىيگۈزىدۇ. ئەگەر مۇناپىقلار ئۇنى سەندىن سالدۇرىۋالماقچى بولسا، ئۇنى ئۇلارغا ھەرگىز سېلىپ بەرمىگىن! ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن!» دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى[2].

(ئەھمەد: 23945)

6022 - عَنْ فَضَالَةَ بْنِ أَبِي فَضَالَةَ الْأَنصَارِي وَكَانَ أَبو فَضَالَةَ مِنْ أَهْلِ بَدْرٍ قَالَ خَرَجْتُ مَعَ أَبِي عَائِدًا لِعَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ مِنْ مَرَضٍ أَصَابَهُ ثَقُلَ مِنْهُ قَالَ فَقَالَ لَهُ أَبِي مَا يُقِيمُكَ فِي مَنْزِلِكَ هَذَا لَوْ أَصَابَكَ أَجَلُكَ لَمْ يَلِكَ إِلا أَعْرَابُ جُهَيْنَةَ تُحْمَلُ إِلَى الْمَدِينَةِ فَإِنْ أَصَابَكَ أَجَلُكَ وَلِيَكَ أَصْحَابُكَ وَصَلوْا عَلَيْكَ فَقَالَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَهِدَ إِلَي أَنْ لَا أَمُوتَ حَتى أُؤَمرَ ثُم تُخْضَبَ هَذِهِ يَعْنِي لِحْيَتَهُ مِنْ دَمِ هَذِهِ يَعْنِي هَامَتَهُ.

[1] ھەيسەمى (8918): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەتلەب ئىبنى شۇئەيب ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ئەدى: مەن ئۇنىڭ مۇشۇ ھەدىسى بىلەن يەنە بىر ھەدىستىن باشقا مۇنكەر ھەدىسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى. ئۇنىڭدىن باشقا راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8943): بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ سەنەدىدە فەرەج ئىبنى فەزالە ئىسىملىك بىرى بار. بەزىلەر ئۇنى ئىشەنچلىك دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ھەدىسى زەئىپ دەپ قارىغان. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

6022 ـ فەزالە ئىبنى ئەبۇ فەزالە ئەنسارى (ئەبۇ فەزالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقا ساھابە ئىدى) مۇنداق دەيدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولۇپ، خېلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، مەن دادام بىلەن ئۇنى يوقلاپ باردىم. دادام ئۇنىڭغا:

ـ سېنى بۇ يەردە نېمە مەجبۇرلاپ قويدى؟ ئەگەر سېنىڭ ئەجىلىڭ بۇ يەردە توگەپ قالسا، سېنى دەپنە قىلىش ئىشى جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ تومپايلىرىغا قالىدۇ. شۇڭا مەدىنەگە كۆچۈپ كەتكىن. ئەگەر ئۇ يەردە ئەجىلىڭ توگەپ قالسا، سېنى دەپنە قىلىش ئىشلىرىنى دوست ـ بۇرادەرلىرىڭ قىلىدۇ، نامىزىڭنىمۇ شۇلار چۈشۈرىدۇ، ــ دېگەنىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مېنىڭ ئەمىر بولۇپ، چوققامدىن ئاققان قان بىلەن ساقاللىرىم بويالمىغىچە ئەجىلىم توشمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى (يەنى مەن تېخى ئەمىر بولمىدىم، شۇڭا ئەجىلىم تېخى توشمايدۇ)، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەھمەد: 804)

6023 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَلِي إِنْ أَنتَ وُلِيتَ الْأَمْرَ بَعْدِي فَأَخْرِجْ أَهْلَ نَجْرَانَ مِنْ جَزِيرَةِ الْعَرَبِ.

6023 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى ئەلى! ئەگەر سەن مەندىن كېيىن خەلىپە بولساڭ، نەجران ئاھالىسىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىرىۋەتكىن!»[2].

(ئەھمەد: 663)

---

[1] ھەيسەمى (8946): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەقىل ئىسىملىك ھەدىسى ھەسەن بىرى بار. قالغان راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8947): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە قەيس ئىبنى رەبىئ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. شۆئبە ۋە سەۋرى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6024 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: إن مِنْكُمْ مَنْ يُقَاتِلُ عَلَى تَأْوِيلِ الْقُرْآنِ كَمَا قَاتَلْتُ عَلَى تَنْزِيلِهِ، فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ: أَنَا هُوَ يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ: لا، قَالَ عُمَرُ: أَنَا هُوَ يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ: لا، وَلَكِنَّهُ خَاصِفُ النَّعْلِ، وَكَانَ أَعْطَى عَلِيا نَعْلَهُ يَخْصِفُهَا.

6024 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئىچىڭلاردا خۇددى مېنىڭ قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىغا قارشى تۇرغانلارغا ئۇرۇش قىلغىنىمغا ئوخشاش قۇرئاننى بۇرمىلاپ چۈشەندۇرگۈچىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلار بار، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ مەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، ـ دېدى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ مەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، بەلكى ئۇ ئاياقنى ياماۋاتقان ئادەم، ـ دېدى. شۇ چاغدا، ئۇ ئايىقىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياماپ بېرىش ئۈچۈن بەرگەنىدى[1].

(مەۋسىلى: 1086)

6025 - عن مُعَاوِيَةَ رفعه: يَا مُعَاوِيَةُ إِنْ وُلِيتَ أَمْرًا فَاتقِ اللهَ عَز وَجَل وَاعْدِلْ قَالَ فَمَا زِلْتُ أَظُن أَني مُبْتَلَى بِعَمَلٍ لِقَوْلِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى ابْتُلِيتُ.

6025 ــ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئى مۇئاۋىيە! ئەگەر سەن بىرەر ئىشقا مەسئۇل قىلىنساڭ، الله تائالادىن قورقىن ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىلغىن» دېگەنىدى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

[1] ھەيسەمى (8950): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

شۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرەر ئەمەلدارلىقتا مۇپتىلا بولىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلايتتىم. ئاخىرى بۇ ئىشقا مۇپتىلا بولدۇم[1].

(ئەھمەد: 16486؛ مەۋسىلى)

[1] ھەيسەمى (8952): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. بۇنى تەبەرانىمۇ قىسقىچە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇھاجىر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، لېكىن بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، - دېگەن.

## ئەمىرگە ئىتائەت قىلىش، جامائەتتىن ئايرىلماسلىق ۋە زالىم پادىشاھلار

6026 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْمَعُوا وَأَطِيعُوا وَإِنْ اسْتُعْمِلَ عَلَيْكُمْ عَبْدٌ حَبَشِي كَأَن رَأْسَهُ زَبِيبَةٌ.

6026 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ناۋادا سىلەرگە بېشى خۇددى قۇرۇق ئۈزۈمدەك قورۇلۇپ قالغان ھەبەشىستانلىق بىر قۇل باشلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار».

(بۇخارى: 7142)

6027 - عن ابي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَطَاعَنِي فَقَدْ أَطَاعَ اللهَ وَمَنْ عَصَانِي فَقَدْ عَصَى اللهَ وَمَنْ أَطَاعَ أَمِيرِي فَقَدْ أَطَاعَنِي وَمَنْ عَصَى أَمِيرِي فَقَدْ عَصَانِي.

6027 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا، اللهقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى ماڭا قارشى چىقسا، اللهقا قارشى چىققان بولىدۇ. كىمكى قول ئاستىمدىكى ئەمىرگە ئىتائەت قىلسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئەمىرگە قارشى چىقسا، ماڭا قارشى چىققان بولىدۇ».

(بۇخارى: 7137)

6028 - وفي رواية: قَالَ إِنمَا الْإِمَامُ جُنةٌ يُقَاتَلُ مِنْ وَرَائِهِ وَيُتقَى بِهِ فَإِنْ أَمَرَ بِتَقْوَى اللهِ وَعَدَلَ فَإِن لَهُ بِذَلِكَ أَجْرًا وَإِنْ أَمَرَ بِغَيْرِهِ فَإِن عَلَيْهِ وِزْرًا.

6028 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەمىر بىر قالقاندۇر. ئۇنىڭ ئارقىدىن يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قوغدانغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ اللهقا تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇسا ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىلسا، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا ئىشقا بۇيرۇسا، گۇناھى ئۆزىگە بولىدۇ»[1].

(نەسائى: 4196)

6029 - عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ وَائِلِ بْنِ حُجْرٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَجُلٌ سَأَلَهُ فَقَالَ أَرَأَيْتَ إِنْ كَانَ عَلَيْنَا أُمَرَاءُ يَمْنَعُونَا حَقنَا وَيَسْأَلُونَا حَقهُمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْمَعُوا وَأَطِيعُوا فَإِنمَا عَلَيْهِمْ مَا حُملُوا وَعَلَيْكُمْ مَا حُملْتُمْ.

6029 ـ ۋائىل ئىبنى ھۇجر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئەگەر بىزگە ھەقلىرىمىزنى بەرمەيدىغان، بىراق بىزدىكى ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەر باشلىق بولسا، قانداق قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە، سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارمۇ ئۆزەڭلارنىڭ ئۈستۈڭلارغا يۈكلىنىدۇ، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 2199)

[1] ئەلبانى (3912): سەھىھ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1790): سەھىھ ـ دېگەن.

6030 - عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ السمْعُ وَالطاعَةُ عَلَى الْمَرْءِ الْمُسْلِمِ فِيمَا أَحَب وَكَرِهَ مَا لَمْ يُؤْمَرْ بِمَعْصِيَةٍ فَإِذَا أُمِرَ بِمَعْصِيَةٍ فَلَا سَمْعَ وَلَا طَاعَةَ.

6030 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ، مەيلى ئۇ ياخشى كۆرگەن ياكى يامان كۆرگەن ئىشتا بولسۇن، گۇناھ بولىدىغان ئىشقىلا بۇيرۇلمىسا، باشلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر گۇناھ بولىدىغان ئىشقا بۇيرۇلسا، باشلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ».

(بۇخارى: 7144)

6031 - عن عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَيَلِي أُمُورَكُمْ بَعْدِي رِجَالٌ يُطْفِئُونَ السنةَ وَيَعْمَلُونَ بِالْبِدْعَةِ وَيُؤَخِّرُونَ الصلَاةَ عَنْ مَوَاقِيتِهَا فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنْ أَدْرَكْتُهُمْ كَيْفَ أَفْعَلُ قَالَ تَسْأَلُنِي يَا ابْنَ أُم عَبْدٍ كَيْفَ تَفْعَلُ لَا طَاعَةَ لِمَنْ عَصَى اللهَ.

6031 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەندىن كېيىن، سىلەرگە بىر تۈركۈم كىشىلەر باشلىق بولىدۇ. ئۇلار سۈننەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، بىدئەت ئىشلارنى قىلىدۇ، نامازنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلمايدۇ، ـ دېدى. مەن:

ــ ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر مەن ئاشۇنداق باشلىقلارنىڭ زامانىغىچە ياشىسام، قانداق قىلىمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئابدۇللاھ! قانداق قىلىدىغانلىقىڭنىمۇ مەندىن سورامسەن؟ ﷲقا ئاسىيلىق قىلغان كىشىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ، ـ دېدى.

(ئىبنى ماجە: 2865)

6032 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ عَلَيْكَ السَّمْعَ وَالطَاعَةَ فِي عُسْرِكَ وَيُسْرِكَ وَمَنْشَطِكَ وَمَكْرَهِكَ وَأَثَرَةٍ عَلَيْكَ.

6032 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ساڭا قىيىن ئىش بولسۇن ياكى ئاسان ئىش بولسۇن، سەن ئىنتىلىدىغان ئىش بولسۇن ياكى ياقتۇرمايدىغان ئىش بولسۇن، ھەتتا ساڭا قارشى شەخسىيەتچىلىك قىلىنىغان ئىش بولسىمۇ، باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىڭ، بويرۇقىغا ئىتائەت قىلىشىڭ ۋاجىبتۇر».

(مۇسلىم: 1836)

6033 - عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ خِيَارُ أَئِمتِكُمْ الذِينَ تُحِبونَهُمْ وَيُحِبونَكُمْ وَيُصَلونَ عَلَيْكُمْ وَتُصَلونَ عَلَيْهِمْ وَشِرَارُ أَئِمتِكُمْ الذِينَ تُبْغِضُونَهُمْ وَيُبْغِضُونَكُمْ وَتَلْعَنُونَهُمْ وَيَلْعَنُونَكُمْ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ أَفَلَا نُنَابِذُهُمْ بِالسيْفِ فَقَالَ لَا مَا أَقَامُوا فِيكُمْ الصلَاةَ وَإِذَا رَأَيْتُمْ مِنْ وُلَاتِكُمْ شَيْئًا تَكْرَهُونَهُ فَاكْرَهُوا عَمَلَهُ وَلَا تَنْزِعُوا يَدًا مِنْ طَاعَةٍ.

6033 ـ ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ باشلىقلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۇنداق كىشىلەركى، سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. سىلەر ئۇلارغا دۇئا قىلىسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرگە دۇئا قىلىدۇ. باشلىقلىرىڭلارنىڭ ئەڭ يامىنى شۇنداق كىشىلەركى، سىلەر ئۇلارنى غەزەپلەندۈرىسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرنى غەزەپلەندۈرىدۇ. سىلەر ئۇلارغا لەنەت ئېيتىسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت ئېيتىدۇ. ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە، بىز ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشامدۇق؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، ئۇلار ئاراڭلاردا نامازنى بەرپا قىلغانغا قەدەر، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ. ياق، ئۇلار ئاراڭلاردا نامازنى بەرپا قىلغانغا قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ. بىلىپ قېلىڭلاركى، سىلەر باشلىقىڭلاردىن سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشنى كۆرسەڭلار، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلمىشىنى يامان كۆرسەڭلار بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىشقا بولمايدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1855)

6034 - عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ إِنهُ يُسْتَعْمَلُ عَلَيْكُمْ أُمَرَاءُ فَتَعْرِفُونَ وَتُنْكِرُونَ فَمَنْ كَرِهَ فَقَدْ بَرِئَ وَمَنْ أَنْكَرَ فَقَدْ سَلِمَ وَلَكِنْ مَنْ رَضِيَ وَتَابَعَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَلَا نُقَاتِلُهُمْ قَالَ لَا مَا صَلوْا أَيْ مَنْ كَرِهَ بِقَلْبِهِ وَأَنْكَرَ بِقَلْبِهِ.

6034 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ كەلگۈسىدە سىلەرگە بىر قىسىم كىشىلەر باشلىق بولىدۇ، ئۇلاردىن ياخشى ـ يامان ئىشلار سادىر بولىدۇ. كىمكى ئۇلاردىن سادىر بولغان يامان ئىشلارنى يامان كۆرسە، گۇناھتىن قۇتۇلىدۇ. كىمكى ئۇنى ئىنكار قىلسا، (تۆھمەتتىن) ساقلىنىدۇ. بىراق كىمكى ئۇنىڭغا رازى بولسا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشسە (گۇناھتىنمۇ، ئاخىرەتتىكى جازادىنمۇ قۇتۇلالمايدۇ)، ـ دېدى. ساھابىلار:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمامدۇق؟ ـ دەپ سوراشقانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ياق، ئۇلار نامازنى ئادا قىلغانغا قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1854)

6035 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ كَرِهَ مِنْ أَمِيرِهِ شَيْئًا فَلْيَصْبِرْ فَإِنهُ مَنْ خَرَجَ مِنْ السلْطَانِ شِبْرًا مَاتَ مِيتَةً جَاهِلِيةً.

6035 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى باشلىقىنىڭ بىرەر ئىشىنى يامان كۆرسە، سەۋر قىلسۇن! چۈنكى سۇلتانىنىڭ ئەمرىدىن بىر غېرىچ يىراقلاشقان ھالدا ئۆلگەن كىشى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ».

(بۇخارى: 7053)

6036 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ مَنْ خَرَجَ مِنْ الطاعَةِ وَفَارَقَ الْجَمَاعَةَ فَمَاتَ مَاتَ مِيتَةً جَاهِلِيةً وَمَنْ قَاتَلَ تَحْتَ رَايَةٍ عِمِيةٍ يَغْضَبُ لِعَصَبَةٍ أَوْ يَدْعُو إِلَى عَصَبَةٍ أَوْ يَنْصُرُ عَصَبَةً فَقُتِلَ فَقِتْلَةٌ جَاهِلِيةٌ وَمَنْ خَرَجَ عَلَى أُمتِي يَضْرِبُ بَرهَا وَفَاجِرَهَا وَلَا يَتَحَاشَى مِنْ مُؤْمِنِهَا وَلَا يَفِي لِذِي عَهْدٍ عَهْدَهُ فَلَيْسَ مِني وَلَسْتُ مِنْهُ.

6036 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى باشلىقىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، جامائەتتىن ئايرىلسا ۋە شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ. كىمكى قارىغۇلارچە قادالغان بىر بايراقنىڭ ئاستىدا ئۇرۇش قىلىپ، مىللەتچىلىك ئۈچۈن غەزەپلەنسە ياكى مىللەتچىلىككە چاقىرسا ۋەياكى مىللەتچىلىككە ياردەم بەرسە، ئاندىن شۇنداق ئۇرۇشلاردا ئۆلتۈرۈلسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ. كىمكى مېنىڭ ئۈممىتىمگە قارشى چىقىپ، ياخشىسىنىمۇ، يامىنىنىمۇ ئايرىماستىن، مۆئمىنلەرگە پەرۋا قىلماستىن ئۆلتۈرسە، ئەھدە تۈزگەنلەرنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمىسا، ئۇ مەندىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەمەس».

(مۇسلىم: 1848)

6037 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثٌ لَا يُكَلمُهُمْ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلَا يَنظُرُ إِلَيْهِمْ وَلَا يُزَكيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ رَجُلٌ عَلَى فَضْلِ مَاءٍ بِالْفَلَاةِ يَمْنَعُهُ مِنْ ابْنِ السبِيلِ وَرَجُلٌ بَايَعَ رَجُلًا بِسِلْعَةٍ بَعْدَ الْعَصْرِ فَحَلَفَ لَهُ بِاللهِ لَأَخَذَهَا بِكَذَا وَكَذَا فَصَدقَهُ وَهُوَ عَلَى غَيْرِ ذَلِكَ وَرَجُلٌ بَايَعَ إِمَامًا لَا يُبَايِعُهُ إِلا لِدُنْيَا فَإِنْ أَعْطَاهُ مِنْهَا وَفَى وَإِنْ لَمْ يُعْطِهِ مِنْهَا لَمْ يَفِ.

6037 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، چىرايلىرىغا قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر تۈرى، چۆل ـ باياۋاندا ئارتۇق سۈيى بار تۇرۇپ، يولۇچىغا سۇ بەرمىگەن كىشى؛ يەنە بىر تۈرى، ئەسىر ۋاقتىدىن كېيىن مال ساتقان ۋە: "مالنى مۇنداق، مۇنداق پۇلغا ئالدىم" دەپ اللهنىڭ نامى بىلەن يالغان قەسەم قىلىپ (ئالمىغان پۇلغا) خېرىدارنى ئىشەندۇرگەن كىشى؛ ئۈچىنچى تۈرى، بىرەر باشلىققا مال ـ دۇنيانى كۆزلەپ بەيئەت قىلغان، ئەگەر ئۇ باشلىق مال بەرسە، بەيئىتىگە ۋاپا قىلىدىغان، مال بەرمىسە، ۋاپا قىلمايدىغان كىشىدۇر».

(مۇسلىم: 107)

6038 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ مَالِكٍ قَالَ بَعَثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَرِيةً فَسَلحْتُ رَجُلًا مِنْهُمْ سَيْفًا فَلَما رَجَعَ قَالَ لَوْ رَأَيْتَ مَا لَامَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَعَجَزْتُمْ إِذْ بَعَثْتُ رَجُلًا مِنْكُمْ فَلَمْ يَمْضِ لِأَمْرِي أَنْ تَجْعَلُوا مَكَانَهُ مَنْ يَمْضِي لِأَمْرِي.

6038 ـ ئۇقبە ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىچىك بىر قوشۇننى مەلۇم جايغا ئەۋەتتى. مەن قوشۇندىكىلەردىن بىرىگە بىر تال قىلىچ بەرگەنىدىم، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا مۇنداق دېدى:

ــ بىلەمسەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئەيىبلەپ: «بىرىڭلارنى (ئەمىر قىلىپ) بىر جايغا ئەۋەتسەم، ئاندىن ئۇ

بـۇيرۇقـىـمنى ئـىجـرا قـىلـغـىلـى ئۇنـىمـىسـا، ئۇنـىـڭ ئورنـىغـا مـېنـىـڭ بـۇيرۇقـىـمنى ئـىجـرا قـىلـىـدىغان بـىرىنــى ئالماشتۇرۇشــتىن ئــاجـىز كەلدىڭلارمۇ؟!» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2627)

6039 - عن ابي بَكْرَةَ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَهَانَ سُلْطَانَ اللهِ فِي الْأَرْضِ أَهَانَهُ اللهُ.

6039 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى الله تەرىپىدىن يەر يۈزىگە سۇلتان قىلىپ بېكىتىلگەن كىشىگە ئاھانەت قىلسا، الله ئۇنى خار قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[2].

(تىرمىزى: 2224)

6040 - عن الْقَاسِمِ بن عَوْفٍ الشَّيْبَانِي عَنْ رَجُلٍ قَالَ كُنا قَدْ حَمَلْنَا لِأَبِي ذَر شَيْئًا نُرِيدُ أَنْ نُعْطِيَهُ إِيَاهُ فَأَتَيْنَا الرَبَذَةَ فَسَأَلْنَا عَنْهُ فَلَمْ نَجِدْهُ قِيلَ اسْتَأْذَنَ فِي الْحَج فَأُذِنَ لَهُ فَأَتَيْنَاهُ بِالْبَلْدَةِ وَهِيَ مِنًى فَبَيْنَا نَحْنُ عِنْدَهُ إِذْ قِيلَ لَهُ إِن عُثْمَانَ صَلى أَرْبَعًا فَاشْتَد ذَلِكَ عَلَى أَبِي ذَر وَقَالَ قَوْلًا شَدِيدًا وَقَالَ صَلَّيْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَصَلى رَكْعَتَيْنِ وَصَلَّيْتُ مَعَ أَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ ثُم قَامَ أَبو ذَر فَصَلى أَرْبَعًا فَقِيلَ لَهُ عِبْتَ عَلَى أَمِيرِ الْمُؤْمِنِينَ شَيْئًا ثُم صَنَعْتَ قَالَ الْخِلَافُ أَشَد إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَطَبَنَا فَقَالَ إِنهُ كَائِنٌ بَعْدِي سُلْطَانٌ فَلَا تُذِلوهُ فَمَنْ أَرَادَ أَنْ يُذِلهُ فَقَدْ خَلَعَ رِبْقَةَ الْإِسْلَامِ مِنْ عُنُقِهِ وَلَيْسَ بِمَقْبُولٍ مِنْهُ تَوْبَةٌ حَتى يَسُد ثُلْمَتَهُ الَتِي ثَلَمَ وَلَيْسَ بِفَاعِلٍ.

6040 ـ قاسىم ئىبنى ئەۋف شەيبانىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم مۇنداق دېگەن: بىز ئەبۇ زەرگە مەلۇم بىر نەرسىنى ئاپىرىپ بەرمەكچى بولۇپ، رەبەزە دېگەن جايغا كەلدۇق. بىراق ئەبۇ زەرنى سۈرۈشتە قىلىپ تاپالمىدۇق. بىزگە:

---

[1] ئەلبانى (2287): ھەسەن، دېگەن.

[2] ئەلبانى (1812): سەھىھ دېگەن.

– ئۇ ھەجگە بېرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغانىدى. ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلدى، - دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بىزمۇ ھەجگە بېرىپ، مىنادا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇق. بىز ئۇنىڭ يېنىدا تۇرساق، ئۇنىڭغا:

– ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى تۆت رەكئەت ئوقۇدى (يەنى قەسىر قىلمىدى)، - دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەر ئەبۇ زەرگە ئېغىر كەلدى. ئۇ خېلى قاتتىق ئاچچىقلاپ:

– مەن بۇ نامازنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىللەن بىللە ئوقۇدۇم، ئۇ ئىككى رەكئەت ئوقۇغانىدى. كېيىن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر بىلەن ئوقۇدۇم، - دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا:

– سەن مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئوسماننى ئەيىبلەۋاتاتتىڭ، ئەمدى ئۆزەڭ شۇنداق قىلدىڭغۇ؟ - دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

– ئىختىلاپ تۇغدۇرۇش ناھايىتى چوڭ گۇناھ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر خۇتبىسىدە بىزگە: «مەندىن كېيىن بىر پادىشاھ چىقىدۇ. ئۇنى ھەرگىز خارلىماڭلار. كىمكى ئۇنى خارلىسا، بويىنىدىن ئىسلامنىڭ سىرتمىقىنى چىقىرىۋەتكەن بولىدۇ. ئۇ ئۆزى ئاچقان يوچۇقنى ئەتمىگىچە تەۋبىسىمۇ قوبۇل بولمايدۇ. بۇ يوچۇقنى قانداق ئېتەلىسۇنكى؟!» دېگەنىدى، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەھمەد: 20949)

6041 - عن أبي أمامة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «لا تَسُبوا الأَئِمةَ، وادْعُو اللهَ لَهُمْ، فَإِن صَلاحَهُمْ لَكُمْ صَلاحٌ».

6041 – ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (9091): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

«باشلىقلارنى تىللىماڭلار، ئۇلارنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەپ اﷲقا دۇئا قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ ياخشى بولۇشى سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر»[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە ئەلئەۋسەت»)

6042 - عَنْ أَبِي ذَر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ فَارَقَ الْجَمَاعَةَ شِبْرًا فَقَدْ خَلَعَ رِبْقَةَ الْإِسْلَامِ مِنْ عُنُقِهِ.

6042 ــ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جامائەتتىن (يەنى مۇسۇلمانلار ئەمىرىنىڭ ئەمرىدىن) بىر غېرىچ يىراقلاشسا، بوينىدىن ئىسلامنىڭ سىرتمىقىنى چىقىرىۋەتكەن بولىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4758)

6043 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ اقْضُوا كَمَا كُنْتُمْ تَقْضُونَ فَإِني أَكْرَهُ الِاخْتِلَافَ حَتى يَكُونَ لِلناسِ جَمَاعَةٌ أَوْ أَمُوتَ كَمَا مَاتَ أَصْحَابِي فَكَانَ ابْنُ سِيرِينَ يَرَى أَن عَامةَ مَا يُرْوَى عَنْ عَلِي الْكَذِبُ.

6043 ــ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىلگىرى قانداق ھۆكۈم قىلغان بولساڭلار، ھازىرمۇ شۇنداق ھۆكۈم قىلىڭلار. مەن ئىختىلاپ چىقىشىنى ياقتۇرمايمەن. ئىنسانلار يا بىر جامائەت بولىدۇ، يا مەن ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاش ئۆلۈپ تۇگەيمەن.

ئىبنى سىرىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە (رافىزىلەر تەرىپىدىن) رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى يالغان دەپ قارايتتى.

(بۇخارى: 3707)

[1] ھەيسەمى (9270): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇستازى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇسئەب ئەلئەسنانىدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مەن ئۇنى ياخشى بىلمەيمەن. ئۇنىڭدىن باشقا راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3981): سەھىھ ـ دېگەن.

6044 - عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: مَنْ عَمِلَ لِلهِ فِي الْجَمَاعَةِ فَأَصَابَ قَبِلَ اللهُ مِنْهُ، وَإِنْ أَخْطَأَ غَفَرَ لَهُ، وَمَنْ عَمِلَ يَبْتَغِي الْفُرْقَةَ، فَأَصَابَ لَمْ يَتَقَبَّلِ اللهُ مِنْهُ، وَإِنْ أَخْطَأَ فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّارِ.

6044 — ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جامائەتچىلىكنى كۆچەيتىدىغان بىرەر ئەمەلنى قىلغان بولسا ۋە توغرا قىلالىغان بولسا، اللە ئۇنىڭ ئەمەلىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر خاتالىشىپ قالسا، اللە ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى بۆلگۈنچىلىك قىلىش ئۈچۈن بىرەر ئەمەلنى قىلسا، گەرچە ئۇ توغرا ئىش قىلغان تەقدىردىمۇ، اللە ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر خاتالىشىپ قالسا، ئۆزىگە دوزاختىن جاي تەييارلاپ قويسۇن!»[1]

(«ئەلكەبىر»: 12471؛ بەززار)

6045 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَنْ تَجْتَمِعَ أُمَّتِي عَلَى الضَّلَالَةِ أَبَدًا، فَعَلَيْكُمْ بِالْجَمَاعَةِ فَإِنَّ يَدَ اللهِ عَلَى الْجَمَاعَةِ.

6045 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ئۈممىتىم ھەرگىزمۇ خاتا ئىش ئۈستىگە جەم بولمايدۇ، شۇڭا سىلەر جامائەتتىن ئايرىلماڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ قولى جامائەت ئۈستىدە بولىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»: 12623)

[1] ھەيسەمى (9092): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى خەلىد ھەنەفى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. بۇ ھەدىسنى يەنە ئىمام بەززارمۇ زەئىپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9100): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. تەلھە ئىئىلىسىدىكىلەرنىڭ ئازادگەردىسى مەرزۇقتىن باشقا راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6046 - عَنْ مُعَاوِيَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ مَاتَ بِغَيْرِ إِمَامٍ مَاتَ مِيتَةً جَاهِلِيةً.

6046 - مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى (ئىتائەت قىلىشقا) بەيئەت قىلغان بىرەر باشلىقى يوق ھالدا ئۆلسە، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 16434)

6047 - عَنْ مُعَاوِيَةَ، قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، يَقُولُ: "مَنْ مَاتَ وَلَيْسَ فِي عُنُقِهِ بَيْعَةٌ مَاتَ مِيْتَةً جَاهِلِيةً".

6047 — مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرەر باشلىققا بەيئەت قىلماي ئۆلسە، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»)

6048 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الشيْطَانَ ذِئْبُ الْإِنسَانِ كَذِئْبِ الْغَنَمِ يَأْخُذُ الشاةَ الْقَاصِيَةَ وَالناحِيَةَ فَإِياكُمْ وَالشعَابَ وَعَلَيْكُمْ بِالْجَمَاعَـةِ وَالْعَامةِ وَالْمَسْجِدِ.

6048 - مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەيتان ئىنساننىڭ بۆرىسى بولۇپ، خۇددى قويىنىڭ بۆرىسىدەك توپتىن ئايرىلغان ياكى چەتتە قالغان ئادەمنى يۇتۇۋېتىدۇ. شۇڭا

[1] ھەيسەمى (9102): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى زەئىپتۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9103): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى زەئىپتۇر، - دېگەن.

بۆلگۈنچىلىكتىن قەتئىي ساقلىنىپ، جامائەتتىن، ئومۇمىي خەلقتىن ۋە مەسجىدتىن ئايرىلماڭلار»[1].

(ئەھمەد: 21524؛ «ئەلكەبىر»)

6049 - عن زِرٍّ بن حُبَيْشٍ قَالَ: لَما أَنكَرَ الناسُ سِيرَةَ الْوَلِيدِ بن عُقْبَةَ بن أَبِي مُعَيْطٍ، فَزِعَ الناسُ إِلَى عَبْدِ اللهِ بن مَسْعُودٍ، فَقَالَ لَهُمْ عَبْدُ اللهِ بن مَسْعُودٍ: اصْبِرُوا، فَإِن جَوْرَ إِمَامٍ خَمْسِينَ عَامًا خَيْرٌ مِنْ هَرْجِ شَهْرٍ.

6049 ـ زىر ئىبنى ھۇبەيش مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ قىلمىشلىرىنى قوبۇل قىلالماي، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا (شىكايەت ئۈچۈن) كەلگەندە، ئۇ ئۇلارغا:

ـ سەۋر قىلىڭلار. بىر باشلىقنىڭ 50 يىل زۇلۇم قىلغىنى بىر ئايلىق قالايمىقانچىلىقتىن ياخشىدۇر، ـ دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 10210)

6050 - عن ابي ذَر الْغِفَارِي كَانَ يَخْدُمُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا فَرَغَ مِنْ خِدْمَتِهِ آوَى إِلَى الْمَسْجِدِ فَكَانَ هُوَ بَيْتُهُ يَضْطَجِعُ فِيهِ فَدَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَسْجِدَ لَيْلَةً فَوَجَدَ أَبَا ذَر نَائِمًا مُنْجَدِلًا فِي الْمَسْجِدِ فَنَكَتَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِرِجْلِهِ حَتى اسْتَوَى جَالِسًا فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَلَا أَرَاكَ نَائِمًا قَالَ أَبُو ذَر يَا رَسُولَ اللهِ فَأَيْنَ أَنَامُ هَلْ لِي مِنْ بَيْتٍ غَيْرُهُ فَجَلَسَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ كَيْفَ أَنتَ إِذَا أَخْرَجُوكَ مِنْهُ قَالَ إِذَنْ أَلْحَقَ بِالشامِ فَإِن الشامَ أَرْضُ الْهِجْرَةِ وَأَرْضُ الْمَحْشَرِ وَأَرْضُ الْأَنْبِيَاءِ فَأَكُونُ رَجُلًا مِنْ أَهْلِهَا قَالَ لَهُ كَيْفَ أَنتَ إِذَا أَخْرَجُوكَ مِنْ الشامِ قَالَ إِذَنْ أَرْجِعَ إِلَيْهِ فَيَكُونَ هُوَ بَيْتِي وَمَنْزِلِي قَالَ لَهُ كَيْفَ أَنتَ إِذَا

[1] ھەيسەمى (9108): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ ئەلائ ئىبنى زىيادتىن باشقا راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ ھەدىسنى مۇئازدىن ئاڭلىمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9124): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ۋەھبۇللاھ ئىبنى رىزىق ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

أَخْرَجُوكَ مِنْهُ الثانِيَةَ قَالَ إِذَنْ آخُذَ سَيْفِي فَأُقَاتِلَ عَني حَتى أَمُوتَ قَالَ فَكَشَرَ إِلَيْهِ رَسُـولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَثْبَتَهُ بِيَدِهِ قَالَ أَدُلكَ عَلَى خَيْرٍ مِنْ ذَلِكَ قَالَ بَلَى بِـأَبِي أَنْـتَ وَأُمي يَا نَبِي اللهِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَنقَادُ لَهُمْ حَيْثُ قَادُوكَ وَتَنسَاقُ لَهُمْ حَيْثُ سَاقُوكَ حَتى تَلْقَانِي وَأَنتَ عَلَى ذَلِكَ.

6050 ــ ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتىم ۋە ئىشىم تۈگىگەندىن كېيىن، مەسجىدكە كىرىپ ياتاتتىم. مەسجىد مېنىڭ ياتىقىمغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بىر كېچىسى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرىپ، مېنىڭ مەسجىدتە ئۇخلاۋاتقانلىقىمنى كۆردى ـ دە، پۇتى بىلەن تۈرتۈپ ئويغاتتى. مەن ئۆزەمنى رۇسلاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەسجىدتە ئۇخلاپ قاپسەنغۇ؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! قەيەردە ئۇخلاي؟ مېنىڭ مەسجىدتىن باشقا ئۆيۈم يوق تۇرسا؟! ــ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمدا ئولتۇرۇپ:

ـ سېنى مەسجىدتىن چىقىرىۋەتكەن كۈنلەردە قانداق قىلارسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇ چاغدا شامغا كېتىمەن. شام ھىجرەت يۇرتىدۇر، مەھشەرگاھ زېمىنىدۇر، پەيغەمبەرلەرنىڭ دىيارىدۇر. مەن شام ئەھلىدىن بىرى بولۇپ ياشايمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سېنى شامدىنمۇ چىقىرىۋەتكەن چاغدا قانداق قىلارسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇ چاغدا بۇ مەسجىدكە قايتىپ كېلىمەن. بۇ مېنىڭ ئۆيۈم ۋە قارارگاھىم بولىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سېنى بۇ يەردىن يەنە چىقىرىۋەتسە قانداق قىلارسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن قىلىچىمنى ئېلىپ، ئۆلگەنگە قەدەر ئۈزەمنى قوغداش يولىدا ئۇرۇشىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى ۋە يەلكەمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

ـ مەن ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەرسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ شۇنداق قىلغىن، ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇلار سېنى قەيەرگە سۈرگۈن قىلسا، شۇ يەرگە كەتكىن. قەيەرگە ھەيدىسە، شۇ يەرگە بارغىن ۋە ماڭا ئۇچراشقانغا قەدەر شۇ يەردە تۇرغىن! ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 27041)

6051 - عن عُبَادَةَ بْنَ الصامِتِ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أبـا الْقَاسِمِ مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنهُ سَيَلِي أُمورَكُمْ بَعْدِي رِجَالٌ يُعَرفُونَكُمْ مَـا تُنكِرُونَ وَيُنكِرُونَ عَلَيْكُمْ مَا تَعْرِفُونَ فَلَا طَاعَةَ لِمَنْ عَصَى اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى.

6051 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«مەندىن كېيىن سىلەرگە سىلەر يامان كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرسىتىدىغان، سىلەر ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى يامان كۆرسىتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر باشلىق بولىدۇ. بىلىپ

---

[1] ھەيسەمى (9129): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە شەھر ئىبنى ھەۋشەب ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

قىلىنغۇلاركى، الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ»①.

(ئەھمەد: 22263؛ «ئەلكەبىر»)

6052 - عَنْ مُعَاذِ بن جَبَلٍ، قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ: "ألا إن رَحَى اqسْلامِ دَائِرَةٌ، فَدُورُوا مَعَ الْكِتَابِ حَيْثُ دَارَ، ألا إن الْكِتَابَ وَالسـلْطَانَ سَيَفْتَرِقَانِ، فَلا تُفَارِقُوا الْكِتَابَ، ألا إنهُ سَيَكُونُ عَلَيْكُمْ أُمَرَاءُ يَقْضُونَ لأنفُسِـهِمْ مَـا لا يَقْضُونَ لَكُمْ، إنْ عَصَيْتُمُوهُمْ قَتَلُوكُمْ، وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ أَضَلوكُمْ". قَالُوا: يَا رَسُولَ اللـهِ كَيْفَ نَصْنَعُ؟ قَالَ: "كَمَا صَنَعَ أَصْحَابُ عِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ، نُشِرُوا بِالْمَنَاشِيرِ، وَحُمِلُوا عَلَى الْخَشَبِ، مَوْتٌ فِي طَاعَةِ اللهِ خَيْرٌ مِنْ حَيَاةٍ فِي مَعْصِيَةِ اللهِ".

6052 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئىسلام تاكى قىيامەتكىچىلىك دەۋر سۈرىدىغان بىر دىندۇر. سىلەر قۇرئان نەگە باشلىسا، شۇ يەردە تۇرۇڭلار. بىلىڭلاركى، كەلگۈسىدە قۇرئان كەرىم بىلەن پادىشاھ ئايرىلىپ كېتىدۇ (يەنى قۇرئاننى قانۇن قىلىش ئەمەلدىن قالىدۇ). شۇڭا سىلەر ئۇ چاغدىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتىدىن ھەرگىز ئايرىلماڭلار! بىلىپ قىلىڭلاركى، كەلگۈسىدە سىلەرگە بىر قىسىم كىشىلەر باشلىق بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە راۋا كۆرگەننى سىلەرگە راۋا كۆرمەيدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلارغا قارشى چىقساڭلار، سىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەرنى ئازدۇرىۋېتىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ چاغدا بىز قانداق قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى قىلغاندەك قىلىڭلار. كاپىرلار ئۇلارنى ھەرىدەپ پارچىلىغان، دارغا ئاسقان بولسىمۇ،

① ھەيسەمى (9145): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. لېكىن ئۇنىڭ راۋىيلىرىدىن بىرى ئىسمائىل ئىبنى ئەياش بولۇپ، ئۇ بۇ ھەدىسنى ھىجازلىقلاردىن رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭ ھىجازلىقلاردىن قىلغان بۇ رىۋايىتى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

ئۇلار ھەقتىن يانمىغانىدى. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ ئۆلۈش، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ ياشىغاندىن كۆپ ياخشىدۇر، - دەپ جاۋاب بەردى[①].

(«ئەلكەبىر»)

6053 - عَنْ أَبِي سَلامٍ السلِمِي قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ: سَيَكُونُ عَلَيْكُمْ أَئِمةٌ يَمْلِكُونَ رِقَابَكُمْ وَيُحَدثُونَكُمْ فَيَكْذِبُوا لَكُمْ، وَيَعْمَلُونَ فَيُسِيئُونَ لا يَرْضَوْنَ مِنْكُمْ حَتى تُحَسنُوا قَبِيحَهُمْ وَتُصَدقُوا كَذِبَهُمْ فَأَعْطُوهُمُ الْحَق مَا رَضُوا بِهِ.

6053 - ئەبۇ سالام سۇلەمىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەلگۈسىدە سىلەرگە بىر قىسىم كىشىلەر باشلىق بولىدۇ. ئۇلار سىلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، سىلەر بىلەن سۆزلىشىدۇ، بىراق يالغان سۆزلەيدۇ. بىر ئىشلارنى قىلىدۇ، بىراق يامانلىق قىلىدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى دەپ، يالغان سۆزلىرىنى تەستىقلىمىغىچە، ئۇلار سىلەردىن رازى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئۇلار رازى بولغىچە بېرىڭلار!»[②].

(«ئەلكەبىر»)

6054 - زاد من طريق أخره: فَإِذَا تَجَاوَزُوا فَمَنْ قُتِلَ عَلَى ذَلِكَ فَهُوَ شَهِيدٌ.

6054 - يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا باشقا بىر سەنەد بىلەن مۇنۇلار قوشۇپ بايان قىلىنغان:

① ھەيسەمى (9153): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭ رىۋايەتچىلىرىدىن بىرى يەزىد ئىبنى مەرسەد بولۇپ، ئۇ بۇ ھەدىسنى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاڭلىمىغان. يەنە بىر رىۋايەتچىسى ۋەزىن ئىبنى ئەتا بولۇپ، ئىبنى ھىببان ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

② ھەيسەمى (9155): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

«ئەگەر ئۇلار چىقىلغان تەقدىردە، كىم ئۇزىنى قوغداش يولىدا ئۇرۇشۇپ ئۆلۈپ كەتسە، بىلسۇنكى، ئۇ شېھىدتۇر»[①].

(«ئەلكەبىر»)

6055 - عَنْ مُعَاذِ بن جَبَلٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "أَخْوَفُ مَا أَخَافُ عَلَى أُمتِي ثَلاثٌ: رَجُلٌ قَرَأَ كِتَابَ اللهِ، حَتى إِذَا رَأَيتَ عَلَيْهِ بَهْجَةً، وَكَانَ عَلَيْهِ رِدَاءُ الإِسْلامِ أَعَارَهُ اللهُ إِياهُ اخْتَرَطَ سَيْفَهُ وَضَرَبَ بِهِ جَارَهُ، وَرَمَاهُ بِالشرْكِ"، قِيلَ: يَا رَسُولَ اللهِ، الرامِي أَحَق بِهَا أَمِ الْمَرْمِي؟ قَالَ: "الرامِي، وَرَجُلٌ آتَاهُ اللهُ سُلْطَانًا، فَقَالَ: مَنْ أَطَاعَنِي فَقَدْ أَطَاعَ اللهَ، وَمَنْ عَصَانِي فَقَدْ عَصَى اللهَ وَكَذَبَ لَيْسَ لِخَلِيفَةٍ أَنْ يَكُونَ جُنةً دُونَ الْخَالِقِ وَرَجُلٌ اسْتَخَفتْهُ الأَحَادِيثُ، كُلمَا قَطَعَ أُحْدُوثَةً حَدثَ بِأَطْوَلَ مِنْهَا، إِنْ يُدْرِكِ الدجالَ يَتبَعْهُ".

6055 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇممىتىم ھەققىدە مۇنداق ئۈچ ئىشتىن ئەڭ قورقىمەن: بىرىنچى، بىر ئادەم باركى، ئۇ اللەنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇنىڭ چېھرىنى نۇرلاندۇرىدۇ. ئۇ، الله تائالا ئۇزىگە ئاتا قىلغان ئىسلام تونىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، قوشنىسىنى مۇشرىكلىك بىلەن قارىلايدۇ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار:

— ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! مۇشرىكلىككە قارىلىغۇچى لايىقمۇ ياكى قارىلانغۇچى لايىقمۇ؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەلۋەتتە قارىلىغۇچى لايىق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلىپ:

---

[①] ھەيسەمى (9155): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ ئىككىنچى بىر ئادەم باركى، الله ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىقنى بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ: ”كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا، اللهقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى ماڭا قارشى چىقسا، اللهقا قارشى چىققان بولىدۇ“ دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ يالغان سۆزلەيدۇ. چۈنكى اللهنى قويۇپ خەلىپىنى ياخشى كۆرۈش توغرا ئەمەس. ئۈچىنچى بىر ئادەم باركى، يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە سەل قارايدۇ. قاچانكى بىر ھادىسىنى ئۆتكۈزۈپ بولسا، ئۇنىڭدىن چوڭى يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ دەججال چىققىچە ياشىسا، دەججالغا ئەگىشىپ كېتىدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلسەغىر»)

6056 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: ”إِنَهُ سَيَكُونُ أُمَرَاءُ يَدَعُونَ مِنَ السنةِ مِثْلَ هَذِهِ، وَإِنْ تَرَكْتُمُوهَا جَعَلُوهَا مِثْلَ هَذِهِ، فَإِنْ تَرَكْتُمُوهَا جَاءُوا بِالطامةِ الْكُبْرَى“.

6056 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كەلگۈسىدە سىلەرگە بىر قىسىم كىشىلەر باشلىق بولىدۇ. ئۇلار بىر قىسىم سۈننەتلەرنى تەرك ئېتىدۇ. ئەگەر سىلەرمۇ ئۇ سۈننەتلەرنى تەرك ئەتسەڭلار، ئۇلار ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ سۈننەتلەرنى تەرك ئېتىدۇ. سىلەرمۇ ئۇ سۈننەتلەرنى تەرك ئەتسەڭلار، ئۇلار ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىشلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ[2].

(تەبەرانى: 9497)

5057 - عن أبى هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم يا أبا هريـرة لا تدخلن على الامراء فان غلبت على ذلك فلا θاوز سنG ولا ơافن سـيفه وسـوطه ان تأمرهم بتقوى الله.

---

[1] ھەيسەمى (9159): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە شەھر ئىبنى ھەۋشەب ئىسىملىك، ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، بىراق كىتابقا يېزىشقا بولىدۇ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9164): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6057 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ئەمىرلەرنىڭ يېنىغا كىرمىگىن. ئەگەر ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، سۈننىتىمنى تەرك ئەتمىگىن. ئۇلارنى قىلىچ ۋە قامچىسىدىن قورقماستىن، اللهقا تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇغىن!»[1]

(«ئەلئەۋسەت»)

6058 - عن ابي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قال رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ وَلِيَ مِنْ أَمْرِ الْمُسْلِمِينَ شَيْئًا فَأَمرَ عَلَيهِمْ أَحَدًا مُحَابَاةً فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللهِ لَا يَقْبَلُ اللهُ مِنْهُ صَرْفًا وَلَا عَدْلًا حَتى يُدْخِلَهُ جَهنمَ.

6058 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارغا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىرىنى باشلىق قىلىپ قويسا، ئۇنىڭغا اللهنىڭ لەنىتى بولىدۇ. الله ئۇنىڭ نە پۇشمانىنى، نە تەۋبىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەتتا ئۇنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ»[2].

(ئەھمەد: 22)

6059 - عَنْ رِبْعِي بْنِ حِرَاêٍ قَالَ سَمِعْتُ حُذْيفَةَ يَقُولُ ضَرَبَ لَنا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمْثَالًا وَاحِدًا وَثَلَاثَةً وَخَمْسَةً وَسَبْعَةً وَتِسْعَةً وَأَحَدَ عَشَرَ قَالَ فَضَرَبَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهَا مَثَلًا وَتَرَكَ سَائِرَهَا قَالَ إِن قَوْمًا كَانُوا أَهْلَ ضَعْفٍ وَمَسْكَنَةٍ قَاتَلَهُمْ أَهْلُ تَجَبرٍ وَعَدَدٍ فَأَظْهَرَ اللهُ أَهْلَ الضعْفِ عَلَيهِمْ فَعَمَدُوا إِلَى عَدُوهِمْ فَاسْتَعْمَلُوهُمْ وَسَلطُوهُمْ فَأَسْخَطُوا اللهَ عَلَيْهِمْ إِلَى يَوْمِ يَلْقَوْنَهُ.

---

[1] ھەيسەمى (9166): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9175): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

6059 ـ رىبئىي ئىبنى ھىراش مۇنداق دەيدۇ: مەن ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە تاق قىلىپ، بىر، ئۈچ، بەش، يەتتە، توققۇز ۋە ئون بىر ئىبرەتلىك ھېكايە سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى. كېيىن ئۇ بىزگە شۇ ئىبرەتلىك ھېكايىلەردىن بىرنى سۆزلەپ بېرىپ، قالغانلىرىنى سۆزلىمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئىچىدە ئاجىز ۋە بىچارە بىر قەۋم بار ئىكەن. بىر كۈنى كۈچلۈك ۋە سانى كۆپ بىر قەۋم ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىپتۇ. الله ئاجىز قەۋمنى تاجاۋۇزچى قەۋم ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرۇپتۇ. كېيىن ئۇلار (ئۆز ئادەملىرىنى تاشلاپ) دۈشمەنلىرىنى خىزمەتكە ئېلىپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرگە شۇلارنى قويۇپتۇ. نەتىجىدە، ئۇلار تاكى اللهقا مۇلاقات بولغانغا قەدەر اللهنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپتۇ»①.

(ئەھمەد: 22952)

6060 - عن أبي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «يكون في آخر الزمان أمراء ظلمة، ووزراء فسقة، وقضاة خونة، وفقهاء كذبة، فمن أدرك منكم ذلـك الزمان فلا يكونن لهم جابيا، ولا عريفا، ولا شرطيا».

6060 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاخىر زاماندا زالىم پادىشاھلار، پاسىق ۋەزىرلەر، خىيانەتخور قازىلار ۋە يالغانچى فىقھشۇناسلار مەيدانغا چىقىدۇ. كىمكى شۇ زامانغىچە ياشىسا، ھەرگىز ئۇلاردىن خىزمەت ئالمىسۇن! نە زاكات يىغىش، نە ھوقۇق تۇتۇش، نە ساقچى بولۇش ۋەزىپىسىنى قىلمىسۇن!»②

(«ئەلئەۋسەت» ۋە «ئەلسەغىر»)

① ھەيسەمى (9176): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەلجەھ كىندىي ئىسىملىك، ھەدىسى ئىشەنچلىك بىرى بار. لېكىن بەزىلەر ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (9177): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە داۋۇد ئىبنى سۇلايمان خۇراسانى ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام تەبەرانى: ئۇنىڭ ھەدىسىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق، ـ

6061 - عن أبى أمامة عن رسول الله صلى الله عليه وسلم صنفان من أمتي لن تنالهما شفاعتي إمام ظلوم غشوم وكل غال مارق.

6061 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىم ئىچىدىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كىشى شاپائىتىمگە ئېرىشەلمەيدۇ: بىرى، زالىم، تاش يۈرەك باشلىق. يەنە بىرى، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، دىندىن چىقىپ كەتكەن كىشى»[1].

(«ئەلكەبىر» ۋە ئەلئەۋسەت»)

6062 - عن أم سَلَمَةَ: كُنتُ عِنْدَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَذَاكَرُوا الْخِلافَةَ بَعْدَهُ، فَقَالُوا: وَلَدُ فَاطِمَةَ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: لَنْ يَصِلُوا إِلَيْهَا أَبَدًا وَلَكِنهَا فِي وَلَدِ عَمي صِنْوِ أَبِي حَتى يُسْلِمُوهَا إِلى الدجال.

6062 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق. ساھابىلار ئۇنىڭدىن كېيىن كىمنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى ۋە:

ــ ھەر ھالدا فاتىمەنىڭ ئوغۇللىرى بولىدۇ، ــ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇلار خەلىپىلىككە ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ. خەلىپىلىك تاغامنىڭ (يەنى دادامنىڭ ئانا بىر قېرىندىشىنىڭ) ئوغۇللىرى تەرىپىدىن دەججالغا تاپشۇرۇلغانغا قەدەر، ئۇلارنىڭ (يەنى تاغامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ) قولىدا بولىدۇ، ـ دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

دەيدۇ. ئەلئەزەدى: ئۇنىڭ ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپتۇر، ـ دەيدۇ. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيسەم: مەن ئۇ كىشىنى تونىمايمەن، ـ دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[1] ھەيسەمى (9195): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (8954): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان بىرمۇنچە كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

6063 - عن عقبة بن عامر الجهني قال: رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم أخذ بيد عمه العباس، ثم قال: «يا عباس إنه لا يكون نبوة إلا كانت بعدها خلافة، وسيلي من ولدك في آخر الزمان سبعة عشر، منهم السفاح، ومنهم المنصور، ومنهم المهدي، وليس بالمهدي، ومنهم الجموح، ومنهم العاقب، ومنهم الواهن من ولدك، وويل لأمتي منه، كيف يعقرها ويهلكها، ويذهب بأموالها هو وأتباعه على غير دين الإسلام، فإذا بويع لصبيه فعند الثامن عشر انقطاع دولتهم وخروج أهل الغرب من بيوتهم».

6063 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئابباسنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم:

«ئى ئابباس! بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، لېكىن خەلىپىلىك بولىدۇ. ئاخىر زاماندا سېنىڭ پۇشتۇڭدىن 17 سۇلتان چىقىدۇ. سەففاھ، مەنسۇر، مەھدى (كۈتۈلگەن مەھدى ئەمەس)، جەمۇھ، ئاقىب قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدۇر. ۋاھىنمۇ سېنىڭ پۇشتۇڭدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ زۇلمىدىن ئۇممىتىمنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ماللىرىنى تالان ـــ تاراج قىلىدۇ. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نەسلىگە بەيئەت قىلىنسا، 18 ـ سۇلتانمۇ مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتى ئۇنىڭ قولىدا مۇنقەرز بولىدۇ. مەغرىب ئەھلى ئۆيلىرىدىن چىقىدۇ»[1].

((«ئەلئەۋسەت»))

6064 - عن ابي هُرَيْرَةَ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَيَرْعَفَن عَلَى مِنْبَرِي جَبارٌ مِنْ جَبَابِرَةِ بَنِي أُمية يَسِيلُ رُعَافُهُ قَالَ فَحَدثَنِي مَنْ رَأَى عَمْرَو بْنَ سَعِيدِ بْنِ الْعَاصِ رَعَفَ عَلَى مِنْبَرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى سَالَ رُعَافُهُ.

[1] ھەيسەمى (8957): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سەنەدىدە ئابدۇلئەۋۋەل ئىبنى ئابدۇللاھ مۇئەللىم ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنى بىلمەيمەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6064 ـــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۈممىيە ئوغۇللىرىدىن زالىم بىرىنىڭ بۇرنى بۇ مۇنبىرىمنىڭ ئۈستىدە قانايدۇ. ئۇنىڭ بۇرنىدىن قان ئاقىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. كېيىن ئەمر ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ بۇرنىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرىنىڭ ئۈستىدە قانىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىققان قاننىڭ ئاققانلىقىنى كۆرگەن بىرى بۇ ئەھۋالنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى[1].

(ئەھمەد: 10385)

6065 - عَنِ الشعْبِي قَالَ سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ الزبَيْرِ وَهُوَ مُسْتَنِدٌ إِلَى الْكَعْبَةِ وَهُوَ يَقُولُ وَرَب هَذِهِ الْكَعْبَةِ لَقَدْ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فُلَانًا وَمَا وُلِدَ مِنْ صُلْبِهِ.

6065 ـ شەئبى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ كەئبىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پالانىغا تېخى ئۇ تۇغۇلماي تۇرۇپ لەنەت ئېيتقان[2].

(ئەھمەد: 15695؛ بەززار؛ «ئەلكەبىر»)

6066 - عَنْ أَبِي يَحْيَى قَالَ: كُنتُ بَيْنَ الْحُسَيْنِ وَالْحَسَنِ، وَمَرْوَانَ يَتَشَاتَمَانِ، فَجَعَلَ الْحَسَنُ يَكُف الْحُسَيْنَ، فَقَالَ مَرْوَانُ: أَهْلُ بَيْتٍ مَلْعُونُونَ، فَغَضِبَ الْحَسَنُ فَقَالَ: أَقُلْتَ: أَهْلُ بَيْتٍ مَلْعُونُونَ؟ فَوَاللهِ لَقَدْ لَعَنَكَ اللهُ عَلَى لِسَانِ نَبِيِهِ صلى الله عليه وسلم وَأَنتَ فِي صُلْبِ أَبِيكَ.

[1] ھەيسەمى (9227): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9230): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئۇنى يەنە ئىمام بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىدە: "الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلى بىلەن ھەكەمگە ۋە ئۇنىڭ پۇشتىدىن كېلىدىغانلارغا لەنەت ئېيتتى" دەپ بايان قىلىنغان، ـ دېگەن.

6066 ـ ئەبۇ يەھيا مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەسەن، ھۇسەين ۋە مەرۋاننىڭ ئارىسىدا ئىدىم. ھۇسەين بىلەن مەرۋان بىر ـ بىرىنى تىللىشىۋاتاتتى. ھەسەن ھۇسەيننى توسۇپ تۇراتتى. مەرۋان:

ـ ئەھلى بەيت (ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى دېمەكچى) لەنەتكە ئۇچرىغانلاردۇر، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەسەن دەرغەزەپ بولۇپ:

ـ ئەھلى بەيت لەنەتكە ئۇچرىغانلاردۇر دېدىڭمۇ؟ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن تېخى داداڭنىڭ سۆلبىدىكى چاغدا ﷲ ساڭا پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلى بىلەن لەنەت ئېيتقان، ـ دېدى.

(مەۋسىلى: 6764)

6067 - عن أبى سعيد الخدرى قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا بلغ بنو أبى فلان ثلاثين رجلا اتخذوا مال الله دولا ودين الله دغلا وعباد الله خولا.

6067 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەبۇ پالانىنىڭ ئوغۇللىرى 30 غا يەتكەندە، ﷲنىڭ مېلىنى (يەنى دۆلەت خەزىنىسىنى) ئۆزئارا ئىشلىتىدۇ، ﷲنىڭ دىنىنى بۇزىدۇ، بەندىلىرىنى قۇل قىلىدۇ»[1] (بەززار: 1620؛ «ئەلئەۋسەت»؛ مەۋسىلى)

6068 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ كُنا جُلُوسًا عِنْدَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ ذَهَبَ عَمْرُو بْنُ الْعَاصِ يَلْبَسُ ثِيَابَهُ لِيَلْحَقَنِي فَقَالَ وَنَحْنُ عِنْدَهُ لَيَدْخُلَن عَلَيْكُمْ رَجُلٌ لَعِينٌ فَوَاللهِ مَا زِلْتُ وَجِلًا أَتَشَوفُ دَاخِلًا وَخَارِجًا حَتى دَخَلَ فُلَانٌ يَعْنِي الْحَكَمَ.

6068 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئەمر

[1] ھەيسەمى (9231): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار، تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتىييە ئەۋفى بار. ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئىبنى ئاس كىيىملىرىنى كىيىپ (قېشىمغا) كىرىش ئۈچۈن كەتكەندى. شۇ ئەسنادا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ يېنىڭلارغا لەنىتى بىر ئادەم كىرىدۇ، - دېدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنى تىترەك بېسىپ كەتتى. يېنىمىزغا كىرگەن — چىققانلارغا دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. نەتىجىدە، ھەكەم كىرىپ كەلدى[1].

(ئەھمەد: 6484)

6069 - عن أبى عبيدة بن الجراح قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لا يزال هذا أمر أمتي قائما بالقسط حتى يكون أول من يثلمه رجل من بني أمية يقال له يزيد.

6069 ـ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممەيىيە جەمەتىدىن يەزىد ئىسىملىك بىرى (ئادالەتتىن) تۇنجى بولۇپ تۆشۈك ئاچىدۇ. شۇنىڭغا قەدەر ئۈممىتىمنىڭ ئىشى ئادالەت بىلەن داۋام قىلىدۇ»[2].

(مەۋسىلى: 870؛ بەززار)

6070 - عن عمرو بن مرة الجهني وكانت له صحبة قال استأذن الحكم بن أبى العاصى على رسول الله صلى الله عليه وسلم فعرف كلامه فقال ائذنوا له فعليه لعنة الله والملائكة والناس أجمعين وما يخرج من صلبه إلا الصالحين منهم وقليل ما هم يشرفون في الدنيا ويرذلون في الآخرة ذوو مكر وخديعة.

6070 — ئەمر ئىبنى مۇررە جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەكەم ئىبنى ئەبۇ ئاس پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

---

[1] ھەيسەمى (9233): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9236): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن مەكھۇل (راۋىيلاردىن بىرى) ئەبۇ ئۇبەيدە بىلەن ئۇچراشمىغان، - دېگەن.

ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇپ:

«ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىڭلار. ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنىتى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىدىن سالىھ ئەمەسلەرگە بولسۇن! (ئۇنىڭ ئۇرۇق -ئەۋلادىدىن سالىھ كىشىلەرغۇ بەك ئاز چىقىدۇ). ھەكەمنىڭ ئەۋلادى دۇنيادا شەرەپكە ئىگە بولىدۇ، ئاخىرەتتە رەسۋا بولىدۇ. ئۇلار ھىيلىگەر ۋە مەككار كىشىلەردۇر» دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

6071 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم رَأَى فِي الْمَنَامِ كَأَن بَنِي الْحَكَمِ يَنْزُونَ عَلَى مِنْبَرِهِ وَيَنْزِلُونَ، فَأَصْبَحَ كَالْمُتَغَيِّظِ وَقَالَ: مَا لِي رَأَيْتُ بَنِي الْحَكَمِ يَنْزُونَ عَلَى مِنْبَرِي نَزْوَ الْقِرَدَةِ؟ قَالَ: فَمَا رُئِيَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم مُسْتَجْمِعًا ضَاحِكًا بَعْدَ ذَلِكَ حَتى مَاتَ صلى الله عليه وسلم.

6071 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە مۇنبىرىگە ھەكەمنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چىقىپ - چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سەھەردە ئاچچىقلانغان ھالدا ئويغىنىپ:

«مەن نېمىشقا ھەكەم ئوغۇللىرىنىڭ مۇنبىرىمگە خۇددى مايمۇنلار دەرەخكە چىقىپ - چۈشكەندەك چىقىپ - چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىمەن؟!» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر كۈلگىنىنى كۆرمىدىم[2].

(مەۋسىلى: 6461)

---

[1] ھەيسەمى (9241): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بىرىمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىنىڭ ئاخىرى يۇقىرىقىدەك بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ سەنەدىدە ئەبۇ ھەسەن جەزەرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (9246): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسئەب ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيردىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. مۇسئەب ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرمۇ ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

**6072 - عَنْ عَابِسٍ الْغِفَارِي قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَتخَوفُ عَلَى أُمتِهِ سِت خِصَالٍ: إِمْرَةُ الصبْيَانِ، وَكَثْرَةُ الشرَطِ، وَالرشْوَةُ فِي الْحُكْمِ، وَقَطِيعَةُ الرحِمِ، واسْتِخْفَافُ بِالدمِ، وَنَشْوٌ يَتخِذُونَ الْقُرْآنَ مَزَامِيرَ يُقَدمُونَ الرجُلَ لَيْسَ بِأَفْقَهِهِمْ وَلا أَفْضَلِهِمْ يُغَنيهِمْ غِنَاءً.**

6072 ـ ئابىس غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى ھەققىدە مۇنداق ئالتە ئىشتىن قاتتىق ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم:

«نارەسىدىلەرنىڭ باشلىق بولۇشى، ساقچىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى[1]، ھۆكۈم ئىشلىرىدا پارىخورلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، تۇغقاندارچىلىق ئالاقىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈشى، قان تۆكۈشنىڭ نورمال ئىش قاتارىدىن سانىلىشى ۋە قۇرئاننى غەزەللەرگە ئوخشىتىۋالىدىغان ئۆسمۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىقلار». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار شۇ چاغدا ئۆزلىرىدىن ئالىمۇ ئەمەس (ۋە يا ئۆزلىرىدىن ئەۋزەلمۇ ئەمەس) كىشىلەرنى قۇرئاننى ناخشا ئوقۇغاندەك ئاھاڭلىق ئوقۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئالدىغا چىقىرىپ، ئىمام قىلىشىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»؛ بەززار)

[1] ساقچىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىقنىڭ، جىنايەتنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

[2] ھەيسەمى (9235): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى «ئەلكەبىر»دە ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىرىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## تەپسىر بۆلۈمى

6701 ـ عَنْ جُنْدُبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَالَ فِي كِتَابِ اللهِ عَز وَجَل بِرَأْيِهِ فَأَصَابَ فَقَدْ أَخْطَأَ. زاد رزين: ومن قال برأيه فأخطأ فقد كفر.

6701 ـــ جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللهنىڭ كىتابىنى ئۆز رەيىچە تەپسىر قىلىپ، توغرىسىنى دېيەلىسىمۇ خاتالاشقان بولىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3062)

رەزىن مۇنداق قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: «كىمكى ئۆز رەيى بىلەن تەپسىر قىلىپ خاتالاشسا، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ».

6702 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَالَ فِي الْقُرْآنِ بِغَيْرِ عِلْمٍ فَلْيَتَبَوأْ مَقْعَدَهُ مِنْ النارِ.

6702 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قۇرئاننى بىلمەي تۇرۇپ تەپسىر قىلسا، دوزاختىن ئورۇن ئالسۇن»[②].

(تىرمىزى: 2950)

6703 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَنّ النبِي صلى الله عليه وسلم كَانَ لا يُفَسرُ شَيْئًا مِنَ الْقُرْآنِ بِرَأْيِهِ، إلا آيًا بِعَدَدٍ عَلمَهُن إياهُ جِبْرِيلُ.

---

① ئەلبانى (789): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (569): زەئىپ، ـ دېگەن.

6703 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن تەلىم ئالماي تۇرۇپ ھېچبىر ئايەتنى ئۆز رەيى بىلەن تەپسىر قىلمايتتى[1].
(مەۋسىلى: 4528؛ بەززار)

[1] ھەيسەمى (10804): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى نامەلۇم بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

# قۇرئاننىڭ پەزىلىتى، مۇئەييەن سۈرە ۋە ئايەتلەرنىڭ پەزىلەتلىرى

6704 ـ عَنْ الْحَارِثِ قَالَ مَرَرْتُ فِي الْمَسْجِدِ فَإِذَا النَّاسُ يَخُوضُونَ فِي الْأَحَادِيثِ فَدَخَلْتُ عَلَى عَلِيٍّ فَقُلْتُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَلَا تَرَى أَنَّ النَّاسَ قَدْ خَاضُوا فِي الْأَحَادِيثِ قَالَ وَقَدْ فَعَلُوهَا قُلْتُ نَعَمْ قَالَ أَمَا إِنِّي قَدْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ أَلَا إِنَّهَا سَتَكُونُ فِتْنَةٌ فَقُلْتُ مَا الْمَخْرَجُ مِنْهَا يَا رَسُولَ اللَّهِ قَالَ كِتَابُ اللَّهِ فِيهِ نَبَأُ مَا كَانَ قَبْلَكُمْ وَخَبَرُ مَا بَعْدَكُمْ وَحُكْمُ مَا بَيْنَكُمْ وَهُوَ الْفَصْلُ لَيْسَ بِالْهَزْلِ مَنْ تَرَكَهُ مِنْ جَبَّارٍ قَصَمَهُ اللَّهُ وَمَنْ ابْتَغَى الْهُدَى فِي غَيْرِهِ أَضَلَّهُ اللَّهُ وَهُوَ حَبْلُ اللَّهِ الْمَتِينُ وَهُوَ الذِّكْرُ الْحَكِيمُ وَهُوَ الصِّرَاطُ الْمُسْتَقِيمُ هُوَ الَّذِي لَا تَزِيغُ بِهِ الْأَهْوَاءُ وَلَا تَلْتَبِسُ بِهِ الْأَلْسِنَةُ وَلَا يَشْبَعُ مِنْهُ الْعُلَمَاءُ وَلَا يَخْلَقُ عَلَى كَثْرَةِ الرَّدِّ وَلَا تَنْقَضِي عَجَائِبُهُ هُوَ الَّذِي لَمْ تَنْتَهِ الْجِنُّ إِذْ سَمِعَتْهُ حَتَّى قَالُوا إِنَّا سَمِعْنَا قُرْآنًا عَجَبًا يَهْدِي إِلَى الرُّشْدِ فَآمَنَّا بِهِ مَنْ قَالَ بِهِ صَدَقَ وَمَنْ عَمِلَ بِهِ أُجِرَ وَمَنْ حَكَمَ بِهِ عَدَلَ وَمَنْ دَعَا إِلَيْهِ هَدَى إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ.

6704 ــ ھارىس مۇنداق دەيدۇ: مەسجىدكە كىردىم. قارىسام، كىشىلەر قۇرۇق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! كىشىلەر مەسجىدتە قۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ شۇنداق قىلىشقا باشلاپتىمۇ؟ ـ دېدى، مەن:

ـ ھەئە، ـ دېدىم، ئۇ:

ـ گېپىمگە قۇلاق سالغىن! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، كېيىنچە چوڭ پىتنە ــ پاسات بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭدىن قانداق

ساقلىنىمىز؟“ دەپ سورىغىنىمدا، ماڭا: «ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى اﷲنىڭ كىتابىدۇر. ئۇنىڭدا سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى بار، سىلەردىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنىڭمۇ خەۋىرى بار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھۆكمىمۇ بار. ئۇ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىغۇچىدۇر، چاقچاق ئەمەستۇر. ئۇنى تەرك ئەتكەن ھەرقانداق زالىمنى اﷲ ۋەيران قىلىدۇ. ھىدايەتنى ئۇنىڭ غەيرىدىن ئىزدىگەن ھەرقانداق كىشىنى اﷲ ئازدۇرىۋېتىدۇ. ئۇ اﷲنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسىدۇر، ئىنسانلارغا ھېكمەتلىك ۋەز ـ نەسىھەتتۇر، توغرا يولدۇر، تىلغا راۋاندۇر. ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ ئارقىغا كىرىپ ئېزىپ كەتمەيدۇ. ئۆلىمالار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تويمايدۇ، ئىنسان ئۇنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇسىمۇ قانمايدۇ، ئاجايىباتلىرى تۈگىمەيدۇ. جىنلارمۇ ئۇنى ئاڭلىغان ھامان: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق [1] دەپ ئىمان ئېيتقان. كىمكى ئۇنى تەشۋىق قىلسا، راست سۆزنى يەتكۈزگەن بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلسا، ئادىل بولىدۇ. ئۇنىڭغا چاقىرسا، توغرا يولغا يېتەكلىگەن بولىدۇ» دېگەنىدى، ـ دېدى [2].

(تىرمىزى: 2906)

6705 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا اجْتَمَعَ قَوْمٌ فِي بَيْتٍ مِنْ بُيُوتِ اللهِ تَعَالَى يَتْلُونَ كِتَابَ اللهِ وَيَتَدَارَسُونَهُ بَيْنَهُمْ إِلا نَزَلَتْ عَلَيْهِمْ السكِينَةُ وَغَشِيَتْهُمْ الرحْمَةُ وَحَفتْهُمْ الْمَلَائِكَةُ وَذَكَرَهُمْ اللهُ فِيمَنْ عِنْدَهُ.

6705 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداق بىر قەۋم اﷲنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىدە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، اﷲنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىشىپ ئولتۇرىدىغانلا

---

[1] سۈرە جىن، 1 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (554): زەئىپ، ـ دېگەن.

بولسا، ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، رەھمەت ياغىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى پەرىشتىلەر چۆرىدەپ تۇرىدۇ، الله ئۇلارنى ھۇزۇرىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالىدۇ».

(مۇسلىم: 2699)

6706 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُيحِب أَحَدُكُمْ إِذَا رَجَعَ إِلَى أَهْلِهِ أَنْ يَجِدَ فِيهِ ثَلَاثَ خَلِفَاتٍ عِظَامٍ سِمَانٍ قُلْنَا نَعَمْ قَالَ فَثَلَاثُ آيَاتٍ يَقْرَأُ بِهِن أَحَدُكُمْ فِي صَلَاتِهِ خَيْرٌ لَهُ مِنْ ثَلَاثِ خَلِفَاتٍ عِظَامٍ سِمَانٍ.

6706 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۆيۈڭلارغا قايتىپ بارغاندا، ئۈچ تۇياق سېمىز ھەم بوغاز تۆگەڭلار بولۇشىنى ياقتۇرامسىلەر؟ ـ دېۋىدى، بىز:

ـ ھەئە، دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بىرىڭلارنىڭ نامازدا ئۈچ ئايەت ئوقۇغىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ تۇياق سېمىز ھەم بوغاز تۆگىسى بولغىنىدىنمۇ خەيرلىكتۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 802)

6707 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ فِي الصفةِ فَقَالَ أَيكُمْ يُحِب أَنْ يَغْدُوَ كُل يَوْمٍ إِلَى بُطْحَانَ أَوْ إِلَى الْعَقِيقِ فَيَأْتِيَ مِنْهُ بِنَاقَتَيْنِ كَوْمَاوَيْنِ فِي غَيْرِ إِثْمٍ وَلَا قَطْعِ رَحِمٍ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللِهِ نُحِب ذَلِكَ قَالَ أَفَلَا يَغْدُو أَحَدُكُمْ إِلَى الْمَسْجِدِ فَيَعْلَمُ أَوْ يَقْرَأُ آيَتَيْنِ مِنْ كِتَابِ اللِهِ عَز وَجَل خَيْرٌ لَهُ مِنْ نَاقَتَيْنِ وَثَلَاثٌ خَيْرٌ لَهُ مِنْ ثَلَاثٍ وَأَرْبَعٌ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَرْبَعٍ وَمِنْ أَعْدَادِهِن مِنْ الْإِبِلِ.

6707 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (مەسجىد ھويلىسىدىكى) سۇپىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزغا چىقىپ:

ـ قايسىڭلار گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن ھەم سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويمىغان ھالدا ھەر كۈنى ئەتىگىنى بۇتھان ياكى ئەقىق دېگەن يەرگە

بېرىپ، لوكىسى يوغان ئىككى تۇياق تۆگىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىشنى خالايدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، بىز:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى ھەممىمىز خالايمىز، - دېدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنداقتا، كىمكى ئەتىگەندە مەسجىدكە بېرىپ، الله ئەززە ۋەجەللەنىڭ كىتابىدىن ئىككى ئايەت ئۆگىنىپ ياكى ئوقۇپ كەلسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تۇياق تۆگىدىنمۇ خەيرلىكتۇر. ئۈچ ئايەت ئۈچ تۇياق تۆگىدىن، تۆت ئايەت تۆت تۇياق تۆگىدىن خەيرلىكتۇر. يەنى قانچە ئايەت ئوقۇغان بولسا، شۇنچە تۇياق تۆگىسى بولغىنىدىنمۇ خەيرلىكتۇر، - دېدى.

(مۇسلىم: 803)

6708 ـ عن مُحَمدُ بن كَعْبٍ الْقُرَظِي قَال سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَرَأَ حَرْفًا مِنْ كِتَابِ اللهِ فَلَهُ بِهِ حَسَنَةٌ وَالْحَسَنَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا لَا أَقُولُ الم حَرْفٌ وَلَكِنْ أَلِفٌ حَرْفٌ وَلَامٌ حَرْفٌ وَمِيمٌ حَرْفٌ.

6708 - مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللهنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. مەن ''ئەلىف لام مىم''نى بىر ھەرپ دېمەيمەن. بەلكى، ئەلىف بىر ھەرپ، لام بىر ھەرپ، مىم بىر ھەرپتۇر»[1].

(تىرمىزى: 2910)

[1] ئەلبانى (2327): سەھىھ - دېگەن.

6709 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَذِنَ اللهُ لِعَبْدٍ فِي شَيْءٍ أَفْضَلَ مِنْ رَكْعَتَيْنِ يُصَليهِمَا وَإِن الْبِر لَيُذَر عَلَى رَأْسِ الْعَبْدِ مَا دَامَ فِي صَلَاتِهِ وَمَا تَقَربَ الْعِبَادُ إِلَى اللهِ بِمِثْلِ مَا خَرَجَ مِنْهُ قَالَ أَبو النضْرِ يَعْنِي الْقُرْآنَ.

6709 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا بەندىسىنىڭ ھېچبىر ئىشىنى ئۇنىڭ (ئوقۇغان) ئىككى رەكئەت نامىزىنى ئىلىك ئالغاندەك ئىلىك ئالمايدۇ. بەندە نامازدا قانچىلىك تۇرسا، ئۇنىڭ بېشىغا شۇنچىلىك ياخشىلىق ياغىدۇ. بەندىلەر الله تائالاغا باشقا ئىبادەتلەرگە قارىغاندا قۇرئان بىلەن بەكرەك يېقىنلىشالايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2911)

6710 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ أَي الْعَمَلِ أَحَب إِلَى اللهِ قَالَ الْحَال الْمُرْتَحِلُ قَالَ وَمَا الْحَال الْمُرْتَحِلُ قَالَ الذِي يَضْرِبُ مِنْ أَولِ الْقُرْآن إِلَى آخِرِهِ كُلمَا حَل ارْتَحَلَ.

6710 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى ئەمەل اللهقا ئەڭ سۆيۈملۈك؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەپەردىن كېلىپلا يەنە سەپەرگە ئاتلىنىش، ـ دېدى، ئۇ كىشى:

— ”سەپەردىن كېلىپلا يەنە سەپەرگە ئاتلىنىش“نىڭ مەنىسى نېمە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قۇرئاننى باشتىن ئاخىرىغىچە ئوقۇش. ئاخىرلاشقان ھامان يەنە بېشىدىن باشلاش، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 2948)

---

[1] ئەلبانى (555): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (568): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

6711 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الرب عَز وَجَل مَنْ شَغَلَهُ الْقُرْآنُ وَذِكْرِي عَنْ مَسْأَلَتِي أَعْطَيْتُهُ أَفْضَلَ مَا أُعْطِي السائِلِينَ.

6711 ــ ئەبــۇ ســەئىد خــۇدرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رەببىمىز ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ: كىمكى قۇرئان ئوقۇش ۋە ماڭا زىكرى ئېيتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەندىن بىر نەرسە تىلىيەلمىسە، مەن تىلىگەنلەرگە بېرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى ئۇنىڭغا بېرىمەن»[①].

(تىرمىزى: 2926)

6712 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْجَاهِرُ بِالْقُرْآنِ كَالْجَاهِرِ بِالصدَقَةِ وَالْمُسِر بِالْقُرْآنِ كَالْمُسِر بِالصدَقَةِ.

6712 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

«قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇغان كىشى سەدىقىنى ئاشكارا بەرگەن كىشىگە، قۇرئاننى ئىچىدە ئوقۇغان كىشى بولسا، سەدىقىنى مەخپى بەرگەن كىشىگە ئوخشايدۇ»[②].

(تىرمىزى: 2919)

6713 ـ عَنْ سَهْلِ بْنِ مُعَاذٍ الْجُهَنِي عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَرَأَ الْقُرْآنَ وَعَمِلَ بِمَا فِيهِ أُلْبِسَ وَالِدَاهُ تَاجًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ ضَوْءُهُ أَحْسَنُ مِنْ ضَوْءِ الشمْسِ فِي بُيُوتِ الدنْيَا لَوْ كَانَتْ فِيكُمْ فَمَا ظَنكُمْ بِالذِي عَمِلَ بِهَذَا.

6713 ـ سەھل ئىبنى مۇئاز جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[①] ئەلبانى (562): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2331): سەھىھ ـ دېگەن.

«كىمكى قۇرئان ئوقۇسا ۋە ئوقۇغىنىغا ئەمەل قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قۇياش نۇرىدىنمۇ پارلاق بىر تاج كىيدۈرۈلىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، قۇرئاننى ئوقۇپ ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئۆزىگە قانداق ساۋاب بېرىلەر؟ ئويلاپ بېقىڭلار!»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1453)

6714 ـ عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَرَأَ الْقُرْآنَ وَاسْتَظْهَرَهُ فَأَحَل حَلَالَهُ وَحَرمَ حَرَامَهُ أَدْخَلَهُ اللهُ بِهِ الْجَنةَ وَشَفعَهُ فِي عَشْرَةٍ مِنْ أَهْلِ بَيْتِهِ كُلُّهُمْ قَدْ وَجَبَتْ لَهُ النارُ.

6714 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۇنى تولۇق ياد ئالسا ۋە ئۇنىڭدىكى ھالال ـ ھاراملارغا ئەمەل قىلسا، الله تائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ئائىلىسىدىن دوزاخقا كىرىشى مۇئەييەنلىشىپ بولغان ئون كىشىگە شاپائەت قىلىش ھەققى بېرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2905)

6715 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِيِّ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَجِيءُ الْقُرْآنُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيَقُولُ يَا رَب حَلِّهِ فَيُلْبَسُ تَاجَ الْكَرَامَةِ ثُم يَقُولُ يَا رَب زِدْهُ فَيُلْبَسُ حُلةَ الْكَرَامَةِ ثُم يَقُولُ يَا رَب ارْضَ عَنْهُ فَيَرْضَى عَنْهُ فَيُقَالُ لَهُ اقْرَأْ وَارْقَ وَتُزَادُ بِكُل آيَةٍ حَسَنَةً.

6715 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، قۇرئان كېلىپ: ئى رەببىم! ئۇنى (قۇرئان ئوقۇغۇچىنى) زىننەتلىگىن! ــ دەيدۇ. ئۇنىڭغا كارامەت تاجى كىيدۈرۈلىدۇ. ئاندىن يەنە: ئى رەببىم! ئۇنىڭغا تېخىمۇ زىيادە

[1] ئەلبانى (315): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (553): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

ئىلتىپات قىلغىن، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا كارامەت تونى كىيدۈرىلىدۇ، ئاندىن يەنە: ئى رەببىم! ئۇنىڭدىن رازى بولغىن! ـ دەيدۇ. الله ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: ئوقۇپ ئۆرلەۋەرگىن! ـ دېيىلىپ، ھەر بىر ئايەتكە بىر دەرىجە قوشۇپ بېرىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2915)

6716 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُقَالُ لِصَاحِبِ الْقُرْآنِ اقْرَأْ وَارْتَقِ وَرَتلْ كَمَا كُنتَ تُرَتلُ فِي الدنْيَا فَإِن مَنْزِلَتَكَ عِنْدَ آخِرِ آيَةٍ تَقْرَأُ بِهَا.

6716 ـــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئان ئوقۇيدىغان كىشىگە: ئوقۇپ ئۆرلەۋەرگىن، دۇنيادا ئوقۇغاندەك تىلاۋەت قىلىۋەرگىن. مەرتىۋەڭ سەن ئوقۇغان ئاخىرقى ئايەتكىچە بولىدۇ، ـ دېيىلىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2914)

6717 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَاهِرُ بِالْقُرْآنِ مَعَ السفَرَةِ الْكِرَامِ الْبَرَرَةِ وَالذِي يَقْرَأُ الْقُرْآنَ وَيَتَتَعْتَعُ فِيهِ وَهُوَ عَلَيْهِ شَاق لَهُ أَجْرَانِ.

6717 ـــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئان ئوقۇشقا ماھىر (يەنى يادقا ۋە مۇخلۇق ئوقۇيالايدىغان) كىشى ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. قۇرئاننى دۇدۇقلاپ قىينىلىپ ئوقۇيدىغان كىشىگە بولسا، قوش ئەجىر بېرىلىدۇ».

(مۇسلىم: 798)

[1] ئەلبانى (2328): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2329): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

6718 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَثَلُ الْمُؤْمِنِ الذِي يَقْرَأُ الْقُرْآنَ مَثَلُ الْأُتْرُجةِ رِيحُهَا طَيبٌ وَطَعْمُهَا طَيبٌ وَمَثَلُ الْمُؤْمِنِ الذِي لَا يَقْرَأُ الْقُرْآنَ كَمَثَلِ التمْرَةِ طَعْمُهَا طَيبٌ وَلَا رِيحَ لَهَا وَمَثَلُ الْفَاجِرِ الذِي يَقْرَأُ الْقُرْآنَ كَمَثَلِ الريْحَانَةِ رِيحُهَا طَيبٌ وَطَعْمُهَا مُر وَمَثَلُ الْفَاجِرِ الذِي لَا يَقْرَأُ الْقُرْآنَ كَمَثَلِ الْحَنْظَلَةِ طَعْمُهَا مُر وَلَا رِيحَ لَهَا وَمَثَلُ الْجَلِيسِ الصالِحِ كَمَثَلِ صَاحِبِ الْمِسْكِ إِنْ لَمْ يُصِبْكَ مِنْهُ شَيْءٌ أَصَابَكَ مِنْ رِيحِهِ وَمَثَلُ جَلِيسِ السوءِ كَمَثَلِ صَاحِبِ الْكِيرِ إِنْ لَمْ يُصِبْكَ مِنْ سَوَادِهِ أَصَابَكَ مِنْ دُخَانِهِ.

6718 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇئمىن كىشى تۇرۇنچقا ئوخشاش ھەم خۇشپۇراقلىق ھەم تەملىك بولىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇئمىن كىشى خورمىغا ئوخشاش تەملىك، ئەمما پۇراقسىز بولىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان پاسىق كىشى رەيھانغا ئوخشاش خۇشپۇراقلىق، ئەمما تەمى ئاچچىق بولىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان پاسىق كىشى ھەم تەمى ئاچچىق ھەم پۇراقسىز بىر خىل مېۋىگە ئوخشايدۇ. ياخشى ھەمراھ مۇشكى ـ ئەنبەر ساتىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. گەرچە ئۇنىڭدىن ساڭا بىر نەرسە تەگمىسىمۇ، خۇش ھىدى ھوزۇر بەخش ئېتىدۇ. ناچار ھەمراھ تۆمۈرچىگە ئوخشايدۇ. ساڭا ئۇنىڭ قارىسى يۇقمىغان تەقدىردىمۇ، ئىس ـ تۈتەكى بىئارام قىلىدۇ»①.

(ئەبۇ داۋۇد: 4829)

6719 ـ عَنْ عَامِرِ بْنِ وَاثِلَةَ أَن نَافِعَ بْنَ عَبْدِ الْحَارِثِ لَقِيَ عُمَرَ بِعُسْفَانَ وَكَانَ عُمَرُ يَسْتَعْمِلُهُ عَلَى مَكةَ فَقَالَ مَنْ اسْتَعْمَلْتَ عَلَى أَهْلِ الْوَادِي فَقَالَ ابْنَ أَبْزَى قَالَ وَمَنْ ابْنُ أَبْزَى قَالَ مَوْلًى مِنْ مَوَالِينَا قَالَ فَاسْتَخْلَفْتَ عَلَيْهِمْ مَوْلًى قَالَ إِنهُ قَارِئٌ لِكِتَابِ اللهِ عَز وَجَل وَإِنهُ عَالِمٌ بِالْفَرَائِضِ قَالَ عُمَرُ أَمَا إِن نَبِيكُمْ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ قَالَ إِن اللهَ يَرْفَعُ بِهَذَا الْكِتَابِ أَقْوَامًا وَيَضَعُ بِهِ آخَرِينَ.

① ئەلبانى (4042): سەھىھ ـ دېگەن.

6719 ـ ئامىر ئىبنى ۋاسىلەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: نافىئ ئىبنى ئابدۇلھارىس ئۇسفان دېگەن جايدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى مەككىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن:

ــ ئۇ ۋادى خەلقىگە كىمنى مەسئۇل قىلىپ قويدۇڭ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ئىبنى ئەبزانى، ـ دېدى. ھەزرىتى ئۆمەر:

ـ ئىبنى ئەبزا دېگەن كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـ بىزنىڭ ئازادگەردىلىرىمىزدىن بىرى، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇلارغا ئازادگەردە ئادەمنى ئەمىر نائىب قىلىپ قويدۇڭمۇ؟ ـ دېۋىدى، ئۇ:

ــ ئۇ اللهنىڭ كىتابىنى ئوقۇيدىغان قارى، ھەم پەرائىز (مىراس) ئىلمىنى بىلىدىغان ئالىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

ــ پەيغەمبىرىڭلار سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇشۇ كىتاب بىلەن بەزى قەۋملەرنىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈپ، بەزى قەۋملەرنىڭ قەدرىنى چۈشۈرىدۇ».

(مۇسلىم: 817)

**6720 ـ عَنْ عُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَيْـرُكُمْ مَنْ تَعَلمَ الْقُرْآنَ وَعَلمَهُ.**

6720 ــ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلىرىڭلاردۇر».

(بۇخارى: 5027)

6721 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الذِي لَيْسَ فِي جَوْفِهِ شَيْءٌ مِنْ الْقُرْآنِ كَالْبَيْتِ الْخَرِبِ.

6721 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىچىدە قۇرئاندىن ھېچنېمە بولمىغان كىشى خارابە ئۆيگە ئوخشايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2913)

6722 ـ عَنْ سَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ امْرِئٍ يَقْرَأُ الْقُرْآنَ ثُم يَنْسَاهُ إِلا لَقِيَ اللهَ عَز وَجَل يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَجْذَمَ.

زاد رزين: واقرأوا إن شئتم (قال رب لم حشرتني أعمى وقد كنت بصيرا قال كذلك أتتك آياتنا فنسيتها وكذلك اليوم تنسى)

6722 ـــ سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئاننى ئوقۇپ (يەنى يادلاپ)، كېيىن ئۇنتۇپ قالسا، قىيامەت كۈنى اللهنىڭ ھۇزۇرىغا قول بارماقلىرى چولاق ھالەتتە بارىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 1474)

رەزىن بۇنىڭغا: «خالىساڭلار: ئۇ: ”ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ؟ ۋەھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟“ دەيدۇ. الله ئېيتىدۇ: ”شۇنىڭدەك، ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا

[1] ئەلبانى (557): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (317): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن“ [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بېقىڭلار!» دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

6723 ـ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أَنَّهُ مَرَّ عَلَى قَاصٍّ يَقْرَأُ ثُمَّ سَأَلَ فَاسْتَرْجَعَ ثُمَّ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ قَرَأَ الْقُرْآنَ فَلْيَسْأَلِ اللَّهَ بِهِ فَإِنَّهُ سَيَجِيءُ أَقْوَامٌ يَقْرَءُونَ الْقُرْآنَ يَسْأَلُونَ بِهِ النَّاسَ.

6723 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر مەدداھنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇپ كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەسرەتلىنىپ: بىز ئەلۋەتتە ﷲنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ﷲنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ئاندىن مۇنداق دېدى:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «كىمكى قۇرئان ئوقۇسا، ئۇنىڭ بىلەن ﷲتىن (تىلەيدىغىنىنى) تىلىسۇن، كېيىن شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، قۇرئان ئوقۇپ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەردىن (ھەق) تىلەيدۇ» [2].

(تىرمىزى: 2917)

6724 ـ عَنْ صُهَيْبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا آمَنَ بِالْقُرْآنِ مَنِ اسْتَحَلَّ مَحَارِمَهُ.

6724 ـ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئان ھارام قىلغان ئىشلارنى ھالال دەپ قارىغان كىشى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرمىگەن بولىدۇ» [3].

(تىرمىزى: 2918)

---

[1] سۇرە تاھا، 125 ـ ۋە 126 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەلبانى (2330): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (559): زەئىپ، ـ دېگەن.

6725 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى أَنْ يُسَافَرَ بِالْقُرْآنِ إِلَى أَرْضِ الْعَدُو قَالَ مَالِك وَإِنمَا ذَلِكَ مَخَافَةَ أَنْ يَنَالَهُ الْعَدُو وقال أيوب: فقد ناله العدو وخاصمكم به.

6725 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان بىلەن دۈشمەن تەۋەلىكىگە سەپەر قىلىشتىن توسقان.

(بۇخارى: 2990)

6726 ـ عن عُقْبَةَ بْنَ عَامِرٍ قال إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ أَن الْقُرْآنَ جُعِلَ فِي إِهَابٍ ثُم أُلْقِيَ فِي النارِ مَا احْتَرَقَ.

6726 ــ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ناۋادا قۇرئان تېرىگە يۆگىلىپ ئوتقا تاشلانسا كۆيمەيدۇ»[①].

(ئەھمەد: 16914؛ مەۋسىلى)

6727 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: الْقُرْآنُ غِنًى لا فَقْرَ بَعْدَهُ، وَلا غِنًى دُونَهُ.

6727 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئان شۇنداق بىر بايلىقتۇركى، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشى كەمبەغەل ئەمەستۇر، ئۇنىڭدەك بايلىقمۇ يوقتۇر»[②].

(«ئەلكەبىر»: 738)

---

[①] ھەيسەمى (11627): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (11631): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد ئىبنى رەققاشى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

6728 ـ عن عبد الله بن عمرو قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم يـؤتى برجل يوم القيامة ويمثل له القرآن قد كان يضيع فرائضه ويتعدى حدوده ويخالف طاعتـه ويركب معاصيه فيقول أي رب ϸلت آياتى بئس حامل تعدى حدودى وضيع فـرائض وترك طاعتي وركب معصيƓ فما يزال عليه باΣجج حƓ يقال فشأنك به فيأخذ بيده فما يفارقه حƓ يكبه على منخره في النار ويؤتى بالرجل قد كان Ʒفـ Ş حـدوده ويعمـل بفرائضه ويعمل بطاعته وƶتنب معصيته فيصبر خصما دونه فيقول أي رب ϸلت آيـاتى خير حامل اتقى حدودى وعمل بفرائضى واتبع طاعتي واجتنب معصيƓ فلا يـزال لـه باΣجج حƓ يقال فشأنك به فيأخذ بيده فما يزال به حƓ يكسوه حلة الاستبرق ويضـع عليه تاج الملك ويسقيه بكأس الملك.

6728 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، قۇرئاننىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلمىغان، چەكلىمىلىرىگە تاجاۋۇز قىلغان، بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلغان، توسقان گۇناھلارنى سادىر قىلغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن قۇرئان ئادەم سۈرىتىدە ھازىر بولۇپ: ئى رەببىم! مېنى شۇنداق ناچار ھامالغا كۆتۈرگۈزۈپسەن (ياد ئالدۇرۇپسەن)كى، ئۇ مېنىڭ چەك ــ چېگرامغا تاجاۋۇز قىلدى، پەرزلىرىمنى ئادا قىلمىدى، ماڭا ئىتائەت قىلماي، گۇناھلىرىمنى سادىر قىلدى، ـ دەپ نۇرغۇن دەلىل ـ پاكىت ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭغا: ئۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇرۇلدى، خالىغىنىڭنى قىلغىن! ــ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قۇرئان ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، سۆرىگەن پېتى دوزاخقا تاشلايدۇ. ئاندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ چەك ــ چېگرىسىغا رىئايە قىلغان، پەرزلىرىنى ئادا قىلغان، بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، گۇناھ سادىر قىلمىغان بىر ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ. قۇرئان: ئى رەببىم! ئايەتلىرىمنى شۇنداق بىر ھامالغا كۆتۈرگۈزۈپسەنكى، ئۇ چەك ــ چېگرىلىرىمغا رىئايە قىلدى، پەرزلىرىمنى ئادا قىلدى، بۇيرۇقلىرىمغا ئىتائەت قىلىپ، گۇناھ سادىر قىلمىدى، ـ دەپ نۇرغۇن

دەلىل ـ پاكىت ئارقىلىق ئۇنى ئاقلاشقا باشلايدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭغا: ئۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇرۇلدى، خالىغىنىڭنى قىلغىن! ــ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، (ئادەم سىياقىغا كىرگەن) قۇرئان ئۇ كىشىگە يېپەك تون كىيگۈزۈپ، بېشىغا تاج تاقايدۇ ۋە پادىشاھنىڭ قەدىھى بىلەن سۇ ئىچۈرىدۇ»[①].

(بەززار: 2337)

6729 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ اسْتَمَعَ إِلَى آيَةٍ مِنْ كِتَابِ اللهِ تَعَالَى كُتِبَ لَهُ حَسَنَةٌ مُضَاعَفَةٌ وَمَنْ تَلَاهَا كَانَتْ لَهُ نُورًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

6729 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللهنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەتكە قۇلاق سالسا، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ساۋاب يېزىلىدۇ. كىمكى ئۇنى تىلاۋەت قىلسا، (ئايەت) قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا نۇر بولىدۇ»[②].

(ئەھمەد: 8289)

6730 ـ عن عمر بن الخطاب قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «القرآن ألف ألف حرف، وسبعة وعشرون ألف حرف، فمن قرأه صابرا آتسبا كان لـه بكـل حرف زوجة من الحور العين».

6730 ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[①] ھەيسەمى (11638): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى ئىسھاق ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار، ئەمما ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدۇ. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (11650): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇبادە ئىبنى مەيسەرە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

«قۇرئان بىر مىلىيون يىگىرمە يەتتە مىڭ ھەرپتۇر، كىمكى ئۇنى ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇيدىكەن، ئوقۇغان ھەر بىر ھەرپكە بىردىن ھۆر پەرى مۇكاپات بېرىلىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 6616)

6731 ـ عَنْ أُسَيْدِ بنِ حُضَيْرٍ قَالَ بَيْنَمَا هُوَ يَقْرَأُ مِنْ اللَّيْلِ سُورَةَ الْبَقَرَةِ وَفَرَسُهُ مَرْبُوطَةٌ عِنْدَهُ إِذْ جَالَتْ الْفَرَسُ فَسَكَتَ فَسَكَتَتْ فَقَرَأَ فَجَالَتْ الْفَرَسُ فَسَكَتَ وَسَكَتَتْ الْفَرَسُ ثُم قَرَأَ فَجَالَتْ الْفَرَسُ فَانْصَرَفَ وَكَانَ ابْنُهُ يَحْيَى قَرِيبًا مِنْهَا فَأَشْفَقَ أَنْ تُصِيبَهُ فَلَما اجْتَرهُ رَفَعَ رَأْسَهُ إِلَى السمَاءِ حَتى مَا يَرَاهَا فَلَما أَصْبَحَ حَدثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ اقْرَأْ يَا ابْنَ حُضَيْرٍ اقْرَأْ يَا ابْنَ حُضَيْرٍ قَالَ فَأَشْفَقْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَنْ تَطَأَ يَحْيَى وَكَانَ مِنْهَا قَرِيبًا فَرَفَعْتُ رَأْسِي فَانْصَرَفْتُ إِلَيْهِ فَرَفَعْتُ رَأْسِي إِلَى السمَاءِ فَإِذَا مِثْلُ الظلةِ فِيهَا أَمْثَالُ الْمَصَابِيحِ فَخَرَجَتْ حَتى لَا أَرَاهَا قَالَ وَتَدْرِي مَا ذَاكَ قَالَ لَا قَالَ تِلْكَ الْمَلَائِكَةُ دَنَتْ لِصَوْتِكَ وَلَوْ قَرَأْتَ لَأَصْبَحَتْ يَنْظُرُ الناسُ إِلَيْهَا لَا تَتَوَارَى مِنْهُمْ.

6731 ـ ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كېچىسى سۈرە بەقەرەنى ئوقۇۋاتاتتىم، نېرىغا باغلاپ قويغان ئېتىم ئۈركۈشكە باشلىدى. ئوقۇشتىن توختىسام، ئاتمۇ ئۈركۈشتىن توختاپ قالدى. قايتا ئوقۇسام ئۈركۈيدۇ، توختىسام توختايدۇ. يەنە ئوقۇسام، يەنە ئۈركۈيدۇ. ئوغلۇم يەھيا ئاتقا يېقىن يەردە ياتاتتى. ئۇنى دەسسىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، چەتكە تارتىپ ئېلىۋالدىم. ئاندىن ئاسمانغا قارىغاندىم، ئىچى چىراغقا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن لىق تولغان بىر پارچە بۇلۇت كۆردۈم.

ئەتىسى بۇ ئىشنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرگەندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قېتىم:

ـ ئى ئىبنى ھۇزەير! ئوقۇۋەرسەڭ بولماسمىدى؟ ـ دېدى. مەن:

[1] ھەيسەمى (11653): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى ئۇبەيدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، زەھەبىي ئۇنى ھەدىسى زەئىپ كىشى دەپ قارىغان، ئەمما باشقىلار ئۇنىڭغا سەلبىي باھا بەرمىگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! يەھيانى ئات دەسسىۋەتمىسۇن دەپ قورقتۇم. قارىسام، ئۇ ئاتنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىكەن. بېرىپ ئۇنى چەتكە ئېلىۋالدىم. ئاندىن ئاسمانغا قارىسام، ئىچىدە چىراغقا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن لىق تولغان بىر پارچە بۇلۇت كۆردۈم. بۇلۇت ئاستا - ئاستا يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆزدىن غايىب بولدى، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ - دېدى. مەن:

- ياق، - دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇلار پەرىشتىلەر بولۇپ، سېنىڭ تىلاۋىتىڭنى ئاڭلاش ئۈچۈن يېقىنلاشقانىكەن. ئەگەر ئوقۇۋەرگەن بولساڭ، پەرىشتىلەرمۇ تاڭ سۈزۈلگىچە تۇرغان بولاتتى. كىشىلەرمۇ ئۇلارنى ئوپئوچۇق كۆرەلىگەن بولاتتى، - دېدى.

(بۇخارى: 5018)

6732 ـ عن أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أن أُسَيْدَ بْنَ حُضَيْرٍ بَيْنَمَا هُوَ لَيْلَةً يَقْرَأُ فِي مِرْبَدِهِ إِذْ جَالَتْ فَرَسُهُ بنحوه بلا قيد القراءة البقرة.

6732 - ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير بىر كېچىسى ئېغىلىدا قۇرئان ئوقۇۋاتسا، ئېتى ئۈركۈپ كەتتى... دەپ يۇقىرىدىكىدەك رىۋايەت قىلغان. لېكىن سۈرە بەقەرنى ئوقۇغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن.

(مۇسلىم: 796)

6733 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدِ بْنِ الْمُعَلى قَالَ كُنتُ أُصَلي فِي الْمَسْجِدِ فَدَعَانِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ أُجِبْهُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِني كُنتُ أُصَلي فَقَالَ أَلَمْ يَقُلْ اللهُ اسْتَجِيبُوا لِلهِ وَلِلرسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ ثُم قَالَ لِي لَأُعَلمَنكَ سُورَةً هِيَ أَعْظَمُ السوَرِ فِي الْقُرْآنِ قَبْلَ أَنْ تَخْرُجَ مِنْ الْمَسْجِدِ ثُم أَخَذَ بِيَدِي فَلَما أَرَادَ أَنْ يَخْرُجَ قُلْتُ لَهُ أَلَمْ تَقُلْ لَأُعَلمَنكَ سُورَةً هِيَ أَعْظَمُ سُورَةٍ فِي الْقُرْآنِ قَالَ الْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ هِيَ السبْعُ الْمَثَانِي وَالْقُرْآنُ الْعَظِيمُ الذِي أُوتِيتُهُ.

6733 ـ ئەبۇ سەئىد ئەلمۇئەللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى چاقىردى. مەن جاۋاب بەرمەي، نامىزىمنى ئوقۇپ بولۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى چاقىرغان ۋاقىتتا ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، ـ دېسەم، ئۇ:

ــ الله: ئى مۇئمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان نەرسىگە چاقىرسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار [①] دېگەن ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى. ئاندىن:

ـ مەسجىدتىن چىقىشتىن بۇرۇن، مەن ساڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن، ـ دېدى. ئاندىن قولۇمنى تۇتتى. مەسجىدتىن چىقىدىغان چاغدا، مەن:

ــ ماڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىماقچى ئىدىڭغۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ھەئە، ئۇ سۈرە: جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر [②]. ئۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتلىك سۈرە ۋە ماڭا ئاتا قىلىنغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4474)

6734 ـ عن أبي سَعِيدٍ مَوْلَى عَامِرِ بْنِ كُرَيْزٍ أَخْبَرَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَادَى أُبَيَّ بْنَ كَعْبٍ وَهُوَ يُصَلي فَلَما فَرَغَ مِنْ صَلَاتِهِ لَحِقَهُ فَوَضَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَهُ عَلَى يَدِهِ وَهُوَ يُرِيدُ أَنْ يَخْرُجَ مِنْ بَابِ الْمَسْجِدِ فَقَالَ إِني لَأَرْجُو أَنْ لَا تَخْرُجَ مِنْ الْمَسْجِدِ حَتى تَعْلَمَ سُورَةً مَا أُنْزِلَ اللهُ فِي التوْرَاةِ وَلَا فِي الْإِنْجِيلِ وَلَا فِي الْقُرْآنِ مِثْلَهَا بنحوه.

[①] سۈرە ئەنفال، 24ـ ئايەت.

[②] سۈرە فاتىھە، 1 ـ ئايەت.

6734 ــ ئامىر ئىبنى كۈرەيزنىڭ خىزمەتچىسى ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەي ئىبنى كەئبنى نامـاز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا چاقىردى، ئۇ نامازنى تاماملاپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندىن كېيىن، مەسجىدتىن چىقىش ئۈچۈن ماڭغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ:

ــ مەن سېنىڭ مەسجىدتىن چىقىپ كېتىپ بولغىچە شۇنداق ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ئۆگىنىۋېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. الله تائالا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى تەۋرات ياكى ئىنجىلدا نازىل قىلمىغان، ـ دېدى... داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشىشىدۇ.

(مالىك: 187)

6735 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ أُم الْقُرْآنِ وَأُم الْكِتَابِ وَالسبْعُ الْمَثَانِي.

6735 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سۈرە فاتىھە قۇرئاننىڭ ئانىسى، كىتابنىڭ نېگىزى ۋە نامازدا تەكرارلىنىدىغان يەتتە ئايەتتۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1457)

6736 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ بَيْنَمَا جِبْرِيلُ قَاعِدٌ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَمِعَ نَقِيضًا مِنْ فَوْقِهِ فَرَفَعَ رَأْسَهُ فَقَالَ هَذَا بَابٌ مِنْ السمَاءِ فُتِحَ الْيَوْمَ لَمْ يُفْتَحْ قَط إِلا الْيَوْمَ فَنَزَلَ مِنْهُ مَلَكٌ فَقَالَ هَذَا مَلَكٌ نَزَلَ إِلَى الْأَرْضِ لَمْ يَنْزِلْ قَط إِلا الْيَوْمَ فَسَلمَ وَقَالَ أَبْشِرْ بِنُورَيْنِ أُوتِيتَهُمَا لَمْ يُؤْتَهُمَا نَبِي قَبْلَكَ فَاتِحَةُ الْكِتَابِ وَخَوَاتِيمُ سُورَةِ الْبَقَرَةِ لَنْ تَقْرَأَ بِحَرْفٍ مِنْهُمَا إِلا أُعْطِيتَهُ.

[1] ئەلبانى (1293): سەھىھ ـ دېگەن.

6736 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمان تەرەپتىن خۇددى دەرۋازا ئېچىلغاندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ بۇ ئاسماننىڭ ھېچقاچان ئېچىلىپ باقمىغان بىر دەرۋازىسى ئىدى، بۈگۈن ئېچىلدى، ـ دېدى. ئۇنىڭدىن بىر پەرىشتە چۈشتى، جىبرىئىل:

ـ بۇ بۈگۈندىن باشقا چاغدا زېمىنغا چۈشۈپ باقمىغان پەرىشتە، ـ دېدى، ئۇ پەرىشتە سالام قىلىپ:

ــ ساڭا خۇشخەۋەر! ساڭا ئىلگىرى ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئاتا قىلىنمىغان ئىككى نۇر ئاتا قىلىندى، ئۇلار قۇرئاننىڭ فاتىھە سۈرىسى بىلەن بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرىدۇر. ئۇنىڭدىكى بىرەر دۇئانى ئوقۇپ، تىلىكىڭنى سورىساڭ، ئىجابەت قىلىنماي قالمايدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 806)

6737 ـ عن أبي أُمَامَةَ الْبَاهِلِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اقْرَءُوا الْقُرْآنَ فَإِنهُ يَأْتي يَوْمَ الْقِيَامَةِ شَفِيعًا لِأَصْحَابِهِ اقْرَءُوا الزهْرَاوَيْنِ الْبَقَـرَةَ وَسُـورَةَ آلِ عِمْرَانَ فَإِنهُمَا تَأْتِيَانِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ كَأَنهُمَا غَمَامَتَانِ أَوْ كَأَنهُمَا غَيَايَتَانِ أَوْ كَأَنهُمَا فِرْقَانِ مِنْ طَيْرٍ صَوَافَّ تُحَاجانِ عَنْ أَصْحَابِهِمَا اقْرَءُوا سُورَةَ الْبَقَرَةِ فَإِن أَخْذَهَا بَرَكَةٌ وَتَرْكَهَا حَسْرَةٌ وَلَا تَسْتَطِيعُهَا الْبَطَلَةُ قَالَ مُعَاوِيَةُ بَلَغَنِي أن الْبَطَلَةَ السحَرَةُ.

6737 ـ ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

«قۇرئان ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئوقۇغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. بەقەرە بىلەن ئالى ئىمراندىن ئىبارەت

ئىككى نۇرلۇق سۈرىنى ئوقۇڭلار، چۈنكى بۇ ئىككى سۈرە قىيامەت كۈنى خۇددى ئىككى پارچە بۇلۇتتەك ياكى سايىۋەنەدەك ۋە ياكى قاناتلىرىنى ئېچىپ، ئىككى قۇر بولۇپ تىزىلغان قۇشلاردەك، ئوقۇغان ئىگىلىرىنى ئاقلايدۇ. بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇنى ئوقۇش بەرىكەت، تاشلاپ قويۇش ھەسرەتتۇر. ئۇنى سېھىرگەرلەر ئوقۇيالمايدۇ».

(مۇسلىم: 804)

6738 ـ زاد في رواية: ما من عبد يقرأ بها في ركعة قبل أن يسجد ثم سأل الله شيأ إلا أعطاه إن كادت لتحصي الدين كله.

6738 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنۇ ئىبارىلەر قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان: «قايسىبىر بەندە ئۇنى سەجدىگە بېرىشتىن بۇرۇن بىر رەكئەتتە ئوقۇپ، ئاندىن الله تائالادىن بىر نەرسە تىلىسە، ئۇنى چوقۇم بېرىدۇ. بۇ سۈرە پۈتۈن دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىلى تاس قالغان».

6739 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْثًا وَهُمْ ذُو عَدَدٍ فَاسْتَقْرَأَهُمْ فَاسْتَقْرَأَ كُل رَجُلٍ مِنْهُمْ مَا مَعَهُ مِنْ الْقُرْآنِ فَأَتَى عَلَى رَجُلٍ مِنْهُمْ مِنْ أَحْدَثِهِمْ سِنا فَقَالَ مَا مَعَكَ يَا فُلَانُ قَالَ مَعِي كَذَا وَكَذَا وَسُورَةُ الْبَقَرَةِ قَالَ أَمَعَكَ سُورَةُ الْبَقَرَةِ فَقَالَ نَعَمْ قَالَ فَاذْهَبْ فَأَنتَ أَمِيرُهُمْ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ أَشْرَافِهِمْ وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ مَا مَنَعَنِي أَنْ أَتَعَلمَ سُورَةَ الْبَقَرَةِ إِلا خَشْيَةَ أَلا أَقُومَ بِهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَعَلمُوا الْقُرْآنَ وَاقْرَءُوهُ فَإِن مَثَلَ الْقُرْآنِ لِمَنْ تَعَلمَهُ فَقَرَأَهُ وَقَامَ بِهِ كَمَثَلِ جِرَابٍ مَحْشُوٍ مِسْكًا يَفُوحُ رِيحُهُ فِي كُل مَكَانٍ وَمَثَلُ مَنْ تَعَلمَهُ فَيَرْقُدُ وَهُوَ فِي جَوْفِهِ كَمَثَلِ جِرَابٍ وُكِئَ عَلَى مِسْكٍ.

6739 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چوڭ بىر قوشۇننى (بىر يەرگە) ئەۋەتىدىغان چاغدا، ھەر بىر مۇجاھىدنى چاقىرىپ، يادلىغان قۇرئاننى ئوقۇتۇپ باققان. ئۇلاردىن يېشى ئەڭ كىچىك بىرىگە نۆۋەت كەلگەندە:

ـ ئەي پالانى! قانچىلىك ياد بىلىسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـــ پــالانى، پــالانى ســۈرىلەرنى بىلــمەن، ئۇنــدىن باشــقا، بەقەرە سۈرىســـنىمۇ يـــاد بىلـــمەن، ـ دەپ جـــاۋاب بەردى. پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بەقەرە سۈرىسىنى ياد بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا، سېنى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىدىم، ـ دېدى. ئابرويلۇقراق بىر كىشى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ سۈرە بەقەرەنى ئۆگەنمەكچى ئىدىم. لېكىن ئۇنىڭدىكى كۆرسەتمىلەرگە رىئايە قىلالماسلىقىمدىن قورقتۇم (شۇڭا ئۆگەنمىدىم)، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ـــ قۇرئاننى ئــۆگىنىڭلار، ئوقــۇڭلار! چــۈنكى قۇرئــاننى ئــۆگەنگەن، ئوقۇغــان ھەم ئەمەل قىلغــان كىشــى خۇشــبۇيى ھەر يەرگە تارىلـــىپ تۇرىدىغان مۇشكى ـ ئەنبەرگە لىق تولغان خالتىغا ئوخشايدۇ. ئۆگەنگەن، ئەممــا قورســىقىدا تــۇرۇپ ئوقۇمــاي يېتىۋالغــان ھەم ئەمەل قىلمىغــان كىشــى بولســا، مۇشــكى ــ ئەنــبەر قاچىلىنــىپ ئــاغزى چىــگە بىــلەن بوغۇۋېتىلگەن خالتىغا ئوخشايدۇ[①].

(تىرمىزى: 2876)

6740 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ مَقَابِرَ إِن الشيْطَانَ يَنْفِرُ مِنْ الْبَيْتِ الذِي تُقْرَأُ فِيهِ سُورَةُ الْبَقَرَةِ.

6740 ـ ئەبۇ ھــۈرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆيۈڭلارنى قەبرىســتانلىق قىلىۋالمــاڭلار. چۈنكى شــەيتان بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلىدىغان ئۆيدىن قاچىدۇ».

(مۇسلىم: 708)

[①] ئەلبانى (541): زەئىپ، ـ دېگەن.

6741 ـ عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ عن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قال مَنْ قَرَأَ بِالْآيَتَيْنِ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْبَقَرَةِ فِي لَيْلَةٍ كَفَتَاهُ.

6741 ـ ئەلقەمە مۇنداق دەيدۇ: كەئبەنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېيتىپ بەردى:

«كىمكى كېچىسى سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئايەتنى ئوقۇيدىكەن، ھەرقانداق ئىشقا كۇپايە قىلىدۇ».

(بۇخارى: 5051)

6742 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِكُل شَيْءٍ سَنَامٌ وَإِن سَنَامَ الْقُرْآنِ سُورَةُ الْبَقَرَةِ وَفِيهَا آيَةٌ هِيَ سَيدَةُ آيِ الْقُرْآنِ هِيَ آيَةُ الْكُرْسِي.

6742 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر بىر نەرسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولىدۇ، قۇرئاننىڭ يۇقىرى پەللىسى بەقەرە سۈرىسىدۇر. ئۇنىڭدا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ خوجىسى بولغان بىر ئايەت باركى، ئۇ ئايەتۇلكۇرسىدۇر»[1].

(تىرمىزى: 2878)

6743 ـ عَنْ أُبَي بْنِ كَعْبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ يَا أَبَا الْمُنْذِرِ أَتَدْرِي أَي آيَةٍ مِنْ كِتَابِ اللهِ مَعَكَ أَعْظَمُ قَالَ قُلْتُ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ يَا أَبَا الْمُنْذِرِ أَتَدْرِي أَي آيَةٍ مِنْ كِتَابِ اللهِ مَعَكَ أَعْظَمُ قَالَ قُلْتُ اللهُ لَا إِلَهَ إِلا هُوَ الْحَي الْقَيومُ قَالَ فَضَرَبَ فِي صَدْرِي وَقَالَ وَاللهِ لِيَهْنِكَ الْعِلْمُ أَبَا الْمُنْذِرِ.

6743 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن:

ـ ئى ئەبۇ مۇنزىر! سەن ياد ئالغان ئايەتلەر ئىچىدە قايسى ئايەت ئەڭ ئۇلۇغ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

---

[1] ئەلبانى (539): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ــ ئى ئەبۇ مۇنزىر! سەن ياد ئالغان ئايەتلەر ئىچىدە قايسى ئايەت ئەڭ ئۇلۇغ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ ئايەتۇلكۇرسى، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيدەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ــ ئى ئەبۇ مۇنزىر! ئىلمىڭگە مۇبارەك بولسۇن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 810)

6744 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ وَكَلَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِحِفْظِ زَكَاةِ رَمَضَانَ فَأَتَانِي آتٍ فَجَعَلَ يَحْثُو مِنْ الطَعَامِ فَأَخَذْتُهُ وَقُلْتُ وَاللهِ لَأَرْفَعَنكَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِني مُحْتَاجٌ وَعَلَي عِيَالٌ وَلِي حَاجَةٌ شَدِيدَةٌ قَالَ فَخَلَيْتُ عَنْهُ فَأَصْبَحْتُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا أَبَا هُرَيْرَةَ مَا فَعَلَ أَسِيرُكَ الْبَارِحَةَ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ شَكَا حَاجَةً شَدِيدَةً وَعِيَالًا فَرَحِمْتُهُ فَخَلَيْتُ سَبِيلَهُ قَالَ أَمَا إِنهُ قَدْ كَذَبَكَ وَسَيَعُودُ فَعَرَفْتُ أَنهُ سَيَعُودُ لِقَوْلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنهُ سَيَعُودُ فَرَصَدْتُهُ فَجَاءَ يَحْثُو مِنْ الطَعَامِ فَأَخَذْتُهُ فَقُلْتُ لَأَرْفَعَنكَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ دَعْنِي فَإِني مُحْتَاجٌ وَعَلَي عِيَالٌ لَا أَعُودُ فَرَحِمْتُهُ فَخَلَيْتُ سَبِيلَهُ فَأَصْبَحْتُ فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا أَبَا هُرَيْرَةَ مَا فَعَلَ أَسِيرُكَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ شَكَا حَاجَةً شَدِيدَةً وَعِيَالًا فَرَحِمْتُهُ فَخَلَيْتُ سَبِيلَهُ قَالَ أَمَا إِنهُ قَدْ كَذَبَكَ وَسَيَعُودُ فَرَصَدْتُهُ الثالِثَةَ فَجَاءَ يَحْثُو مِنْ الطَعَامِ فَأَخَذْتُهُ فَقُلْتُ لَأَرْفَعَنكَ إِلَى رَسُولِ اللهِ وَهَذَا آخِرُ ثَلَاثِ مَراتٍ أَنكَ تَزْعُمُ لَا تَعُودُ ثُم تَعُودُ قَالَ دَعْنِي أُعَلمْكَ كَلِمَاتٍ يَنْفَعُكَ اللهُ بِهَا قُلْتُ مَا هُوَ قَالَ إِذَا أَوَيْتَ إِلَى فِرَاشِكَ فَاقْرَأْ آيَةَ الْكُرْسِي {اللهُ لَا إِلَهَ إِلا هُوَ الْحَي الْقَيومُ} حَتى تَخْتِمَ الْآيَةَ فَإِنكَ لَنْ يَزَالَ عَلَيْكَ مِنْ اللهِ حَافِظٌ وَلَا يَقْرَبَنكَ شَيْطَانٌ حَتى تُصْبِحَ فَخَلَيْتُ سَبِيلَهُ فَأَصْبَحْتُ فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا فَعَلَ أَسِيرُكَ الْبَارِحَةَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ زَعَمَ أَنهُ يُعَلمُنِي كَلِمَاتٍ يَنْفَعُنِي اللهُ بِهَا فَخَلَيْتُ سَبِيلَهُ قَالَ مَا هِيَ قُلْتُ قَالَ لِي إِذَا أَوَيْتَ إِلَى فِرَاشِكَ فَاقْرَأْ آيَةَ الْكُرْسِي مِنْ أَولِهَا حَتى تَخْتِمَ الْآيَةَ {اللهُ لَا إِلَهَ إِلا هُوَ الْحَي

الْقَيومُ} وَقَالَ لِي لَنْ يَزَالَ عَلَيْكَ مِنْ اللهِ حَافِظٌ وَلَا يَقْرَبكَ شَيْطَانٌ حَتى تُصْبِحَ وَكَـانُوا أَحْرَ ا شَيْءٍ عَلَى الْخَيْرِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَا إِنهُ قَدْ صَدَقَكَ وَهُوَ كَذُوبٌ تَعْلَمُ مَنْ تُخَاطِبُ مُنْذُ ثَلَاثِ لَيَالٍ يَا أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ لَا قَالَ ذَاكَ شَيْطَانٌ.

6744 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى رامىزاننىڭ سەدىقە پىترىنى ساقلاشقا تەيىنلىگەنىدى. بىرسى كېلىپ، تائامدىن ئوچۇملاپ قاچىلىغىلى تۇردى. مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ بۇنىڭغا بەكمۇ موھتاجمەن. بالا ـ چاقا ھەممىمىز قىيىنچىلىقتا قالدۇق، ـ دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى قويۇپ بەردىم. تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! كېچە ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟ ـ دېۋىدى، مەن:

ــ ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ قىيىنلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ دەرت تۆكتى. مەن ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، قويۇپ بەردىم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ساڭا يالغان ئېيتىپتۇ، ئۇ يەنە كېلىدۇ، ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۈتۈشكە باشلىدىم. دەرۋەقە، ئۇ يەنە كېلىپ، تائامنى ئوچۇملاۋاتقان چېغىدا تۇتۇۋېلىپ:

ـ سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ مېنى قويۇۋەت، بەكمۇ موھتاجمەن. بالىلىرىم قىيىنلىپ قالدى، ئەمدى ھەرگىز بۇنداق قىلمايمەن، ـ دېدى. ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ قويۇپ بەردىم. تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەسىرىڭ نېمە قىلدى؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بەكمۇ ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى ۋە بالىلىرىنىڭ قىيىنلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ يىلىنغانىدى، مەن

ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، قويۇپ بەردىم، - دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇ ساڭا يالغان ئېيتىپتۇ. يات ئارىدا يەنە كېلىدۇ، - دېدى. ئۇنى يەنە كۈتۈشكە باشلىدىم. دەرۋەقە، ئۇ يەنە كېلىپ، تائامنى ئوچۇملاپ ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— سېنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، بۇ ئۈچىنچى قېتىم يۈز بەردى. سەن ئالدىنقى ئىككى قېتىم بۇ ئىشنى قايتا قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنىدىڭ، يەنە قىلىۋاتىسەن، - دېسەم، ئۇ:

- مېنى قويۇپ بەرگىن، ساڭا اﷲ تائالادىن مەنپەئەت كېلىدىغان بىر قانچە كەلىمىنى ئۆگىتىپ قويىمەن، - دېدى. مەن:

- قايسى كەلىمە ئۇ؟ - دېسەم، ئۇ:

- ياتىدىغان چېغىڭدا، ئايەتۇلكۇرسىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇساڭ، اﷲ تەرەپتىن بىر قوغدىغۇچى سېنى قوغداپ تۇرىدۇ، تاڭ ئاتقىچە شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنى قويۇپ بەردىم. تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

- ئەسىرىڭ قانداق قىلدى؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ماڭا مەنپەئەت يېتىدىغان كەلىمە ئۆگىتىپ قويغانىدى، ئۇنى قويۇپ بەردىم، - دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- قايسى كەلىمىكەن ئۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

— ئۇ ماڭا: ”ياتىدىغان چېغىڭدا ئايەتۇلكۇرسىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇساڭ، اﷲ تەرەپتىن بولغان بىر قوغدىغۇچى سېنى ھەمىشە قوغداپ تۇرىدۇ. شەيتان تاڭ ئاتقىچە ساڭا يېقىنلىشالمايدۇ“ دېدى، - دېدىم. ساھابىلەر ياخشىلىققا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇ يالغانچى تۇرۇپ، بۇ قېتىم ساڭا راست ئېيتىپتۇ. ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن ئۈچ كېچىدىن بېرى كىم بىلەن سۆزلەشكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ - دېدى. مەن:

- ياق، - دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ شەيتان ئىدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2311)

6745 ـ عَنْ أَبِي أَيوبَ الْأَنصَارِي أَنَهُ كَانَتْ لَهُ سَهْوَةٌ فِيهَا تَمْرٌ فَكَانَتْ تَجِيءُ الْغُـولُ فَتَأْخُذُ مِنْهُ قَالَ فَشَكَا ذَلِكَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَاذْهَبْ فَإِذَا رَأَيْتَهَا فَقُلْ بِسْمِ اللهِ أَجِيبِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَأَخَذَهَا فَحَلَفَتْ أَنْ لَا تَعُودَ مثل قصة أبي هريرة.

6745 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇنىڭ قازنىقىدا خورما بار ئىدى، ئالۋاستى كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئوغرىلىدى. ئەبۇ ئەييۇب بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنى قايتا كۆرسەڭ: بىسمىللاھ دېگىن، ئاندىن ئۇنىڭغا: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارغىن“ دېگىن! ـ دېدى. ئەبۇ ئەييۇب ئالۋاستىنى تۇتۇۋالغانىدى، ئالۋاستى قايتا ئوغرىلىق قىلمايدىغانلىقىغا قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋالدى... داۋامى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشاش بايان قىلىنغان[1].

(تىرمىزى: 2880)

6746 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ حَفِظَ عَشْرَ آيَاتٍ مِنْ أَولِ سُورَةِ الْكَهْفِ عُصِمَ مِنْ الدجالِ.

6746 ــ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم كەھف سۈرىسىنىڭ بېشىدىن ئون ئايەت يادلىسا، دەججالدىن ئامان بولىدۇ».

(مۇسلىم: 809)

6747 ـ وفي رواية: مِنْ آخِرِ الْكَهْفِ.

[1] ئەلبانى (2309): سەھىھ ـ دېگەن.

6747 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «كەھف سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىن ئون ئايەت» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 809)

6748 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَرَأَ ثَلَاثَ آيَاتٍ مِنْ أَولِ الْكَهْفِ عُصِمَ مِنْ فِتْنَةِ الدجالِ.

6748 ــ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كەھف سۈرىسىنىڭ بېشىدىن ئۈچ ئايەت ئوقۇسا، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئامان قالىدۇ».

(تىرمىزى: 2886)

6749 ـ عَنْ الْبَرَاءِ قَالَ كَانَ رَجُلٌ يَقْرَأُ سُورَةَ الْكَهْفِ وَعِنْدَهُ فَرَسٌ مَرْبُوطٌ بِشَطَنَيْنِ فَتَغَشتْهُ سَحَابَةٌ فَجَعَلَتْ تَدُورُ وَتَدْنُو وَجَعَلَ فَرَسُهُ يَنْفِرُ مِنْهَا فَلَما أَصْبَحَ أَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ تِلْكَ السكِينَةُ تَنَزلَتْ لِلْقُرْآنِ.

6749 ــ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلاردىن بىرى ئېتىنى قوش ئارغامچا بىلەن يېنىغا باغلاپ قويۇپ، كەھف سۈرىسىنى ئوقۇۋاتاتتى، بىر پارچە بۇلۇت يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن ئات ئۈركۈشكە باشلىدى. تاڭ ئاتقاندا، بۇ ئىشنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بېرىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلار رەھمەت پەرىشتىلىرى بولۇپ، قۇرئان سەۋەبىدىن چۈشكەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 795)

6751 ـ عَنْ عَطَاءِ بْنِ أَبِي رَبَاحٍ قَالَ بَلَغَنِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَرَأَ يس فِي صَدْرِ النهَارِ قُضِيَتْ حَوَائِجُهُ.

6751 ـ ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

«كىمكى ئەتىگەندە سۈرە ياسىننى ئوقۇسا، ئۇنىڭ ھاجەتلىرى راۋا قىلىنىدۇ».

(دارىمى: 3418)

6753 ـ وعن ابن مسعود رفعه: من قرأ الواقعة كل ليلة لم تصـبه فاقـة، وفي المسبحات آية كألف آية.

6753 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى ھەر كېچىسى ۋاقىئە سۈرىسىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ نامراتلىق يەتمەيدۇ. مۇسەببىھات (سەببەھە بىلەن باشلانغان) سۈرىلەردە مىڭ ئايەتكە تەڭ كېلىدىغان بىر ئايەت بار»[①].

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6754 ـ عَنْ مَعْقِلِ بْنِ يَسَارٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَالَ حِـينَ يُصْبِحُ ثَلَاثَ مَراتٍ أَعُوذُ بِاللهِ السمِيعِ الْعَلِيمِ مِنْ الشيْطَانِ الرجِيمِ وَقَرَأَ ثَلَاثَ آيَاتٍ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْحَشْرِ وَكلَ اللهُ بِهِ سَبْعِينَ أَلْفَ مَلَكٍ يُصَلونَ عَلَيْهِ حَتى يُمْسِيَ وَإِنْ مَاتَ فِي ذَلِكَ الْيَوْمِ مَاتَ شَهِيدًا وَمَنْ قَالَهَا حِينَ يُمْسِي كَانَ بِتِلْكَ الْمَنْزِلَةِ.

6754 ـ مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى تاڭ ئاتقاندا ئۈچ قېتىم: "ئەئۇزۇ بىللاھىسسەمىيئۇل ئەلىيم مىنەششەيتانىررەجىيم" دەپ، ھەشر سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ ئايەتنى ئوقۇيدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭغا كەچكىچە دۇئا ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرىدىغان يەتمىش مىڭ پەرىشتىنى مۇۋەككەل قىلىدۇ. ئۇ شۇ

---

① ھەيسەمى (10551): ئىمام ئەھمەد بۇ ھەدىسنى "مۇنكەر" دەپ باھالىغان. ئەمما ئىككىنچى يېرىمىنى نەسائى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

كۈنى ئۆلۈپ قالسا، شېھىد كەتكەن بولىدۇ. كىم ئۇنى كەچتە دېسىمۇ، ئەشۇنداق مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2922)

6755 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن سُورَةً مِنْ الْقُرْآنِ ثَلَاثُونَ آيَةً شَفَعَتْ لِرَجُلٍ حَتى غُفِرَ لَهُ وَهِيَ سُورَةُ تَبَارَكَ الذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ.

6755 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرئاندا 30 ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە تاكى گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغانغا قەدەر، شاپائەت قىلىدۇ. ئۇ مۇلك سۈرىسىدۇر»[2].

(تىرمىزى: 2891)

6756 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ ضَرَبَ بَعْضُ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خِبَاءَهُ عَلَى قَبْرٍ وَهُوَ لَا يَحْسِبُ أَنهُ قَبْرٌ فَإِذَا فِيهِ إِنْسَانٌ يَقْرَأُ سُورَةَ تَبَارَكَ الذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ حَتى خَتَمَهَا فَأَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني ضَرَبْتُ خِبَائِي عَلَى قَبْرٍ وَأَنَا لَا أَحْسِبُ أَنهُ قَبْرٌ فَإِذَا فِيهِ إِنْسَانٌ يَقْرَأُ سُورَةَ تَبَارَكَ الْمُلْكِ حَتى خَتَمَهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هِيَ الْمَانِعَةُ هِيَ الْمُنْجِيَةُ تُنْجِيهِ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ.

6756 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەردىن بىرى ئۇقماستىنلا بىر قەبرىستانلىقتا چېدىر قۇرۇپ ئولتۇرغانىدى، ئۇ يەردە بىرىنىڭ سۈرە مۈلكنى ئاخىرىغىچە ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

[1] ئەلبانى (560): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2315): ھەسەن، ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن چېدىرىمنى ئۇقماستىن بىر قەبرىستانلىققا قۇرۇپتىمەن. ئۇ يەردە بىرىنىڭ سۈرە مۇلكنى ئاخىرىغىچە ئوقۇغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ (يەنى سۈرە مۇلك) قەبرە ئازابىنى توسقۇچىدۇر، قۇتۇلدۇرغۇچىدۇر. ئۇ ئىنساننى قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ـ دېدى[1].
(تىرمىزى: 2890)

6757 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ عَمْرٍو قَالَ أَتى رَجُلٌ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَقْرِئْنِي يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ اقْرَأْ ثَلَاثًا مِنْ ذَوَاتِ الر فَقَالَ كُبرَتْ سِني وَاشْتَد قَلْبِي وَغَلُظَ لِسَانِي قَالَ فَاقْرَأْ ثَلَاثًا مِنْ ذَوَاتِ حاميم فَقَالَ مِثْلَ مَقَالَتِهِ فَقَالَ اقْرَأْ ثَلَاثًا مِنْ الْمُسَبحَاتِ فَقَالَ مِثْلَ مَقَالَتِهِ فَقَالَ الرجُلُ يَا رَسُولَ اللهِ أَقْرِئْنِي سُورَةً جَامِعَةً فَأَقْرَأَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ إِذَا زُلْزِلَتْ الْأَرْضُ حَتى فَرَغَ مِنْهَا فَقَالَ الرجُلُ وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق لَا أَزِيدُ عَلَيْهَا أَبَدًا ثُم أَدْبَرَ الرجُلُ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ أَفْلَحَ الروَيْجِلُ مَرتَيْنِ.

6757 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا قۇرئان ئۆگىتىپ قويغىن! ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ "ئەلىف لام رائ" دەپ باشلانغان سۈرىدىن ئۈچنى ئوقۇغىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ــ يېشىم چوڭىيىپ كەتتى، ئۇنۇتقاق بولۇپ قالدىم، تىلىممۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا: "ھا مىم" بىلەن باشلانغان سۈرىدىن ئۈچنى ئوقۇغىن! ـ دېۋىدى، ئۇ ئادەم ئىلگىرىكىدەكلا گەپ قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (546): زەئىپ، ئەمما: "قەبرە ئازابىنى توسقۇچىدۇر" دېگەن ئىبارە سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئۇنداقتا: ”سەببەھە لىللەھى“ ياكى ”يۇسەببىھۇ لىللەھى“ دەپ باشلانغان سۈرىدىن ئۇچنى ئوقۇغىن! ـ دېۋىدى، ئۇ ئادەم ئىلگىرىكىدەكلا گەپ قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا قىسقا، ئەمما مەزمۇنى مول سۈرىدىن بىرنىلا ئۆگىتىپ قويساڭ، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا زەلزەلە سۈرىسىنى ئاخىرىغىچە ئۆگىتىپ قويدى. ئۇ ئادەم:

ـ سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن زىيادە ئوقۇمايمەن، ـ دېدى، ئاندىن قايتىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم:

ـ بۇ ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشتى، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1399)

6758 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَن رَجُلًا سَمِعَ رَجُلًا يَقْرَأُ قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ يُرَدِّدُهَا فَلَمـا أَصْبَحَ جَاءَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ وَكَأَن الرجُلَ يَتَقَالهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنهَا لَتَعْدِلُ ثُلُثَ الْقُرْآنِ.

6758 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ھەر دائىم سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇۋېرىشىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە ئۇنى ئاز كۆرگەندەك قىلدى ـ دە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ (سۈرە ئىخلاس) قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6643)

6759 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ احْشُدُوا فَـإِني سَأَقْرَأُ عَلَيْكُمْ ثُلُثَ الْقُرْآنِ فَحَشَدَ مَنْ حَشَدَ ثُم خَرَجَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَـرَأَ

[①] ئەلبانى (300): زەئىپ، ـ دېگەن.

قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ ثُم دَخَلَ فَقَالَ بَعْضُنَا لِبَعْضٍ إني أُرَى هَذَا خَبَرٌ جَاءَهُ مِنْ السمَاءِ فَذَاكَ الذِي أَدْخَلَهُ ثُم خَرَجَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إني قُلْتُ لَكُمْ سَأَقْرَأُ عَلَيْكُمْ ثُلُثَ الْقُرْآنِ أَلَا إنهَا تَعْدِلُ ثُلُثَ الْقُرْآنِ.

6759 — ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— يىغىلىڭلار! مەن سىلەرگە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇپ بېرىمەن، - دېدى. دەررۇ يىغىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ، سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇپ بېرىپ كىرىپ كەتتى. بىز: "ۋەھيى كېلىپ قالغاچقا، كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ" دېيىشكىنىمىزچە بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە چىقىپ:

— مەن سىلەرگە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇپ بېرىمەن دېگەن ئىدىم. دىققەت قىلىڭلار، ئۇ (يەنى سۈرە ئىخلاس) قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ، - دېدى.

(مۇسلىم: 6643)

6760 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَرَأَ كُل يَوْمٍ مِائَتَيْ مَرةٍ قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ مُحِيَ عَنْهُ ذُنُوبُ خَمْسِينَ سَنَةً إلا أَنْ يَكُونَ عَلَيْهِ دَيْنٌ وَبِهَذَا الْإِسْنَادِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَرَادَ أَنْ يَنَامَ عَلَى فِرَاشِهِ فَنَامَ عَلَى يَمِينِهِ ثُم قَرَأَ قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ مِائَةَ مَرةٍ فَإِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ يَقُولُ لَهُ الرب تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَا عَبْدِيَ ادْخُلْ عَلَى يَمِينِكَ الْجَنةَ.

6760 — ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى سۈرە ئىخلاسنى ھەر كۈنى ئىككى يۈز قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئەللىك يىللىق گۇناھى يۇيۇلۇپ كېتىدۇ، ئەمما قەرزى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ يېتىپ، سۈرە ئىخلاسنى يۈز قېتىم ئوقۇسا، قىيامەت كۈنى الله

سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۇنىڭغا: ”ئى بەندەم! جەننەتكە ئۇلۇغ تەرىپىڭدىن كىرگىن!“ دەيدۇ»[①].

(تىرمىزى: 2898)

6761 ـ عن سَعِيد بن الْمُسَيبِ قال إن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ قَرَأَ قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ عَشْرَ مَراتٍ بُنِيَ لَهُ بِهَا قَصْرٌ فِي الْجَنةِ وَمَنْ قَرَأَ عِشْرِينَ مَرةً بُنِيَ لَهُ بِهَا قَصْرَانِ فِي الْجَنةِ وَمَنْ قَرَأَهَا ثَلَاثِينَ مَرةً بُنِيَ لَهُ بِهَا ثَلَاثَةُ قُصُورٍ فِي الْجَنةِ فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ إِذَنْ لَنُكْثِرَن قُصُورَنَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُ أَوْسَعُ مِنْ ذَلِكَ.

6761 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىمكى سۈرە ئىخلاسنى ئون قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئۈچۈن جەننەتتە بىر قەسىر بىنا قىلىنىدۇ. كىمكى يىگىرمە قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئۈچۈن جەننەتتە ئىككى قەسىر بىنا قىلىنىدۇ. كىمكى ئوتتۇز قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئۈچۈن جەننەتتە ئۈچ قەسىر بىنا قىلىنىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا، قەسىرلىرىمىز كۆپ بولغۇدەك، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ الله ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بېرىشكە قادىردۇر، ـ دېدى.

(دارىمى: 3429)

6762 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ أَقْبَلْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَمِعَ رَجُلًا يَقْرَأُ قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ اللهُ الصمَدُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجَبَتْ قُلْتُ وَمَا وَجَبَتْ قَالَ الْجَنةُ.

[①] ئەلبانى (551): زەئىپ، ـ دېگەن.

6762 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ:

ـ ۋاجىب بولدى، ـ دېدى. مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ۋاجىب بولدى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ جەننەت، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2897)

6763 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُنزِلَ أَوْ أُنزِلَتْ عَلَي آيَاتٌ لَمْ يُرَ مِثْلُهُن قَط الْمُعَوذَتَيْنِ.

6763 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:

«ماڭا شۇنداق ئايەتلەر نازىل قىلىنىدىكى، ئۇنىڭدەك ئايەتلەر قەتئىي كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى، ئۇلار مۇئەۋۋىزەتەين (يەنى فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى)دۇر».

(مۇسلىم: 6643)

6764 ـ زاد في رواية: مَا سَأَلَ سَائِلٌ بِمِثْلِهِمَا وَلَا اسْتَعَاذَ مُسْتَعِيذٌ بِمِثْلِهِمَا.

6764 ـــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ھاجىتىنى تىلىگۈچىلەر ئۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوخشىشى بىلەن تىلەپ باقمىغان، پاناھلانغۇچىلارمۇ ئۇلاردەك سۈرىلەر بىلەن پاناھلىق سوراپ باقمىغان».

(نەسائى: 5438)

[1] ئەلبانى (2320): سەھىھ ـ دېگەن.

6765 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لِرَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِهِ هَلْ تَزَوَّجْتَ يَا فُلَانُ قَالَ لَا وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ وَلَا عِنْدِي مَا أَتَزَوَّجُ بِهِ قَالَ أَلَيْسَ مَعَكَ قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ قَالَ بَلَى قَالَ ثُلُثُ الْقُرْآنِ قَالَ أَلَيْسَ مَعَكَ إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللهِ وَالْفَتْحُ قَالَ بَلَى قَالَ رُبُعُ الْقُرْآنِ قَالَ أَلَيْسَ مَعَكَ قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ قَالَ بَلَى قَالَ رُبُعُ الْقُرْآنِ قَالَ أَلَيْسَ مَعَكَ إِذَا زُلْزِلَتْ الْأَرْضُ قَالَ بَلَى قَالَ رُبُعُ الْقُرْآنِ قَالَ تَزَوَّجْ.

6765 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن بىرىدىن:

ـ ئى پالانى ئۆيلەندىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ ياق. ئى رەسۇلۇللاھ! ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەندە ئۆيلەنگۈدەك ئىقتىساد يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سۈرە ئىخلاسنى بىلمەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ، قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرى، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ سۈرە نەسرنى بىلمەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ، قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرى، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ سۈرە كافىرۇننى بىلمەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ، قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرى، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ سۈرە زەلزەلەنى بىلمەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ئۇمۇ قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرى، ـ دېدى، ئاندىن كېيىن:

ـ (مانا مۇشۇلارنى مەھرى قىلىپ) ئۆيلەنگىن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2895)

[1] ئەلبانى (549): زەئىپ، ـ دېگەن.

6766 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَرَأَ إِذَا زُلْزِلَتْ عُدِلَتْ لَهُ بِنِصْفِ الْقُرْآنِ.

6766 ـــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم سۈرە زەلزەلەنى ئوقۇسا، قۇرئاننىڭ يېرىمىنى ئوقۇغان بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2893)

6768 ـ عن ابْنَ عُمَرَ قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَرهُ أَنْ يَنظُرَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ كَأَنهُ رَأْيُ عَيْنٍ فَلْيَقْرَأْ إِذَا الشمْسُ كُورَتْ وَإِذَا السمَاءُ انفَطَرَتْ وَإِذَا السمَاءُ انْشَقتْ.

6768 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قىيامەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلسا، سۈرە شەمسنى، سۈرە ئىنفىتارنى ۋە سۈرە ئىنشىقاقنى ئوقۇسۇن!»[2]

(تىرمىزى: 3333)

6769 ـ عَنْ جَابِرٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ لَا يَنَامُ حَتى يَقْرَأَ الم تَنْزِيلُ وَتَبَارَكَ الذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ و عَنْ طَاوُسٍ قَالَ تَفْضُلَانِ عَلَى كُل سُورَةٍ فِي الْقُرْآنِ بِسَبْعِينَ حَسَنَةً.

6769 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە مۈلكنى ئوقۇماي ياتمايتتى.

تاۋۇس مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئىككى سۈرە پەزىلەت جەھەتتە قۇرئاندىكى پۈتۈن سۈرىلەردىن يەتمىش ھەسسە ئارتۇق[3].

(تىرمىزى: 2892)

[1] ئەلبانى (2317): سۈرە زەلزەلەدىن باشقا قىسمى ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2653): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2316): سەھىھ ـ دېگەن.

6770 ـ عَنْ حُمَيْدِ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ أَنهُ أَخْبَرَهُ أَن قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ تَعْدِلُ ثُلُثَ الْقُرْآنِ وَأَن تَبَارَكَ الذِي بِيَدِهِ الْمُلْكُ تُجَادِلُ عَنْ صَاحِبِهَا.

6770 ـ ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف مۇنداق دەيدۇ: سۈرە ئىخلاس قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ. سۈرە مۇلك (ئۇنى) تىلاۋەت قىلغۇچىنى (قەبرىدە ۋە قىيامەت كۈنىدە) ئاقلايدۇ.

(مالىك: 487)

6771 ـ عَنْ وَاثِلَةَ بْنِ الْأَسْقَعِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أُعْطِيتُ مَكَانَ التوْرَاةِ السبْعَ وَأُعْطِيتُ مَكَانَ الزبُورِ الْمِئِينَ وَأُعْطِيتُ مَكَانَ الْإِنْجِيلِ الْمَثَانِيَ وَفُضلْتُ بِالْمُفَصلِ.

6771 ــ ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ماڭا تەۋراتنىڭ ئورنىنى باسىدىغان يەتتە ئۇزۇن سۈرە بېرىلدى، زەبۇرنىڭ ئورنىنى باسىدىغان يۈز ئايەتلىك سۈرىلەر، ئىنجىلنىڭ ئورنىنى باسىدىغان يۈزدىن ئاز ئايەتلىك سۈرىلەر بېرىلدى. ئۇندىن باشقا، قىسقا سۈرىلەر ماڭا ئىنئام قىلىندى».

(ئەھمەد: 17023؛ «ئەلكەبىر»: 75/22)

6772 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَة قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "أَتَانِي رَبـي السبْعَ الطوَالَ مَكَانَ التوْرَاةِ، وَالْمِئِينِ مَكَانَ الْإِنْجِيلِ، وَفُضلْتُ بِالْمُفَصلِ".

6772 ــ ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رەببىم ماڭا تەۋراتنىڭ ئورنىغا يەتتە ئۇزۇن سۈرىنى ئاتا قىلدى، ئىنجىلنىڭ ئورنىغا يۈز ئايەتلىك سۈرىلەرنى ئاتا قىلدى، ئۇندىن باشقا قىسقا سۈرىلەرنى ماڭا ئىنئام قىلدى»[1].

(«ئەلكەبىر»: 8003)

[1] ھەيسەمى (11626): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە لەيس ئىبنى ئەبۇ سۇلەيم ئىسىملىك بىرى بار. بىر قىسىم ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، ھەدىسى يەنىلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

6773 ـ عَنْ عُثْمَانَ بن عَبْدِ اللهِ بن أَوْسٍ الثقفي، عَنْ جَدِهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: قِرَاءَةُ الرجُلِ الْقُرْآنَ فِي غَيْرِ الْمُصْحَفِ أَلْفُ دَرَجَةٍ، وَقِرَاءَتُـهُ فِـي الْمُصْحَفِ يُضَاعَفُ عَلَى ذَلِكَ إِلَى أَلْفَيْ دَرَجَةٍ.

6773 ـ ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋس سەقەفىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىشىنىڭ قۇرئانغا قارىماي ئوقۇشىنىڭ مۇكاپاتى مىڭ ھەسسە بولىدۇ. قۇرئانغا قاراپ ئوقۇشىنىڭ مۇكاپاتى بولسا، يەنە بىر قاتلىنىدۇ (ئىككى ھەسسە بولىدۇ)»[①].

(«ئەلكەبىر»: 601)

6774 ـ عن أنس بن مالك قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «من علم ابنـه القرآن نظرا غفر الله له ما تقدم من ذنبه وما تأخر، ومن علمه إياه ظاهرا بعثه الله يوم القيامـة على صورة القمر ليلة البدر، ويقال لابنه: اقرأ. فكلما قرأ آية رفع الله عز وجل بها الأب درجة، حتى ينتهي إلى آخر ما معه من القرآن».

6774 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بالىسىغا قۇرئاننى قاراپ ئوقۇشنى ئۆگەتسە، الله ئۇنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. كىمكى يادقا ئوقۇشنى ئۆگەتسە، الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنى تولۇنئايدەك چىرايلىق شەكىلدە تىرىلدۈرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بالىسىغا:

ـ ئوقۇ! ـ دېيىلىدۇ. ئۇ قۇرئاننى ئۆگەنگەن يېرىگىچە ئوقۇيدۇ. الله تائالا ئۇ ئوقۇغان ھەربىر ئايەتنىڭ بەدىلىگە دادىسىنىڭ مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 1935)

[①] ھەيسەمى (11668): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەۋن ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مەئىن بىر رىۋايەتتە ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بىر رىۋايەتتە ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (11671): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كىملىكى نامەلۇم كىشى بار، ـ دېگەن.

## فاتىھە ۋە بەقەرە سۈرىلىرىنىڭ تەپسىرلىرى

6775 ـ عن عَبْد اللهِ بن شَقِيقٍ أنهُ أخبره مَنْ سَمِعَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ بِوَادِي الْقُرَى وَهُوَ عَلَى فَرَسِهِ فَسَأَلَهُ رَجُلٌ مِنْ بُلْقِينَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ هَؤُلَاءِ قَالَ هَؤُلَاءِ الْمَغْضُوبُ عَلَيْهِمْ وَأَشَارَ إِلَى الْيَهُودِ قَالَ فَمَنْ هَؤُلَاءِ قَالَ هَؤُلَاءِ الضالينَ يَعْنِي النصَارَى.

6775 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىرى ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋادىلقۇرا دېگەن جايدا ئات ئۈستىدە تۇراتتى، (شامنىڭ) بۇلقىين دېگەن يەردىن كەلگەن بىر كىشى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ــ ئۇلار غەزەپكە يولۇققانلار، ـ دەپ يەھۇدىيلارغا ئىشارەت قىلدى.

ــ ئۇنداقتا ئاۋۇلارچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ــ ئۇلار ئازغانلاردۇر، ـ دەپ خرىستىئانلارغا ئىشارەت قىلدى[①].

(ئەھمەد: 20366)

6776 ـ عن عبد الله بن عمرو قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «ما من مولود يولد إلا وهو مكتوب في تشبيك رأسه خمس آيات من فاتحة الكتاب».

6776 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[①] ھەيسەمى (10809): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

«ھەرقانداق بوۋاق بىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاتىھەدىن بەش ئايەت يېزىلغان ھالەتتە تۇغۇلىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 1763)

6777 ـ عن ابي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قِيلَ لِبَنِي إِسْرَائِيلَ ادْخُلُوا الْبَابَ سُجدًا وَقُولُوا حِطةٌ فَبدلُوا فَدَخَلُوا يَزْحَفُونَ عَلَى أَسْتَاهِهِمْ وَقَالُوا حَبةٌ فِي شَعْرَةٍ.

6777 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەنى ئىسرائىلغا: (بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن (شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار ۋە: "(پەرۋەردىگارىمىز) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن" دەڭلار! ــ دېيىلسە، ئۇلار بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىپ، قوڭچە ئۆمىلەپ كىرگەن ۋە مەغپىرەت تىلەشنىڭ ئورنىغا ئارپا تىلىگەن».

(بۇخارى: 3403)

6778 ـ عن أبى هريرة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: إن بنا إسرائيل لو أخذوا أدb بقرة لأجزأتهم أو لأجزأت عنهم.

6778 ــ يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەنى ئىسرائىل ئادەتتىكى كالىدىن بىرنى بوغۇزلىغان بولسا، كۇپايە قىلاتتى»[2].

(بەززار: 2188)

[1] ھەيسەمى (10814): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ۋەلىد ئىبنى ۋەلىد ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ۋە ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئەمما باشقا ئۆلىمالار ئۇنىڭغا باھا بەرمىگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (10834): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇبادە ئىبنى مەنسۇر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6779 ـ عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ يَهُودَ كَانُوا يَقُولُونَ هَذِهِ الدُّنْيَا سَبْعَةُ آلافِ سَنَةٍ، وَإِنَّمَا نُعَذَّبُ لِكُلِّ أَلْفِ سَنَةٍ يَوْمًا فِي النَّارِ وَإِنَّمَا هِيَ سَبْعَةُ أَيَّامٍ مَعْدُودَاتٌ، فَأَنْزَلَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ فِي ذَلِكَ: "وَقَالُوا لَنْ تَمَسَّنَا النَّارُ إِلا أَيَّامًا مَعْدُودَةً" [البقرة آية 80] إِلَى قَوْلِهِ: "فِيهَا خَالِدُونَ".

6779 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلار:

ـ بۇ دۇنيانىڭ ئۆمرى يەتتە مىڭ يىل بولۇپ، ھەر بىر مىڭ يىل ئۈچۈن دوزاختا بىر كۈن ئازابلىنىمىز. (شۇنداق بولغاندا) دوزاختا پەقەت يەتتە كۈنلا ئازابلىنىمىز. ـ دېگەنىدى، الله تائالا: ئۇلار: "بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ" دەيدۇ. (ئۇلارغا) "سىلەرگە الله شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ، (ۋەدە بەرگەن بولسا) الله ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ، ياكى ئۆزەڭلار بىلمەيدىغاننى الله نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟" دېگىن. ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ)، گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].
(«ئەلكەبىر»: 11160)

6780 ـ عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَامِرِ بْنِ رَبِيعَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كُنَّا مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي سَفَرٍ فِي لَيْلَةٍ مُظْلِمَةٍ فَلَمْ نَدْرِ أَيْنَ الْقِبْلَةُ فَصَلَّى كُلُّ رَجُلٍ مِنَّا عَلَى حِيَالِهِ فَلَمَّا أَصْبَحْنَا ذَكَرْنَا ذَلِكَ لِلنَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَنَزَلَ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا فَثَمَّ وَجْهُ اللَّهِ.

6780 ـ ئامىر ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقتۇق. قاراڭغۇ كېچىدە قىبلىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قېلىپ، ھەممەيلەن ئۆز ئالدىغا قاراپ ناماز ئوقۇدى. تاڭ ئاتقاندا، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ

[1] سۈرە بەقەرە، 80 ـ ۋە 81 ـ ئايەتلەر.

[2] ئىبنى ھەجەر: سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

بېرىشۇدۇق، شۇ ھامان: قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ اللەنىڭ قىبلىسىدۇر [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[2].

(تىرمىزى: 345)

6781 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ فِي قَوْلِهِ: "رَب اجْعَلْ هَذَا بَلَدًا آمِنًا وَارْزُقْ أَهْلَهُ مِنَ الثمَرَاتِ مَنْ آمَنَ مِنْهُمْ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ" [البقرة آية 126] قَالَ ابْنُ عَباسٍ: كَانَ إِبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السلامُ احْتَجَرَهَا دُونَ الناسِ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل: وَمَنْ كَفَرَ أَيضًا فَأَنَا أَرْزُقُهُمْ كَمَا أَرْزُقُ الْمُؤْمِنِينَ أَخْلُقُ خَلْقًا لا أَرْزُقُهُمْ أُمَتعُهُمْ قَلِيلا ثُم اضْطَرهُمْ إِلَى عَذَابِ النارِ ثُم قَرَأَ ابْنُ عَباسٍ: "كُلا نُمِد هَؤُلاءِ وَهَؤُلاءِ مِنْ عَطَاءِ رَبكَ وَمَا كَانَ عَطَاءُ رَبكَ مَحْظُورًا" [qlسراء آية 20].

6781 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: "پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن" دېدى [3] دېگەن ئايىتىنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئاسىنى مەككە ئاھالىسىدىن ئىمان ئېيتقانلارغىلا خاس قىلغانىدى، اللە: "كافىر بولغان ئادەمگىمۇ مۇئمىنلەرگە بەرگەندەك رىزىق بېرىمەن، مەن رىزىق بېرىلمەيدىغان مەخلۇقلارنى يارىتامدىم؟ ئۇلارغا ئازغىنە مۇددەت رىزىق بېرىپ بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن ئۇلارنى جەھەننەمگە تاشلايمەن" دېدى. ئاندىن ئىبنى ئابباس: بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز.

[1] سۈرە بەقەرە، 115 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (284): ھەسەن. ـ دېگەن.

[3] سۈرە بەقەرە، 126 ـ ئايەت.

پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ [1]
دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 12402)

6782 ـ عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ أولَ مَا قَدِمَ الْمَدِينَةَ نَزَلَ عَلَى أجْدَادِهِ أوْ قَالَ أخْوَالِهِ مِنْ الْأنصَارِ وَأنهُ صَلى قِبَلَ بَيْتِ الْمَقْدِسِ سِتةَ عَشَرَ شَهْرًا أوْ سَبْعَةَ عَشَرَ شَهْرًا وَكَانَ يُعْجِبُهُ أنْ تَكُونَ قِبْلَتُهُ قِبَلَ الْبَيْتِ وَأنهُ صَلى أولَ صَلَاةٍ صَلاهَا صَلَاةَ الْعَصْرِ وَصَلى مَعَهُ قَوْمٌ فَخَرَجَ رَجُلٌ مِمنْ صَلى مَعَهُ فَمَر عَلَى أهْلِ مَسْجِدٍ وَهُمْ رَاكِعُونَ فَقَالَ أشْهَدُ بِاللهِ لَقَدْ صَليْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قِبَلَ مَكةَ فَدَارُوا كَمَا هُمْ قِبَلَ الْبَيْتِ وَكَانَتْ الْيَهُودُ قَدْ أعْجَبَهُمْ إذْ كَانَ يُصَلي قِبَلَ بَيْتِ الْمَقْدِسِ وَأهْلُ الْكِتَابِ فَلَما وَلى وَجْهَهُ قِبَلَ الْبَيْتِ أنكَرُوا ذَلِكَ.

6782 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ئەنسارىلاردىن بولغان ئانا تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭكىگە چۈشتى ۋە مەدىنىدە ئون ئالتە ياكى ئون يەتتە ئايغىچە بەيتۇل مۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇدى. لېكىن كەئبىنىڭ قىبلىسى بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىبلە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، كەئبە تەرەپكە قاراپ ئوقۇغان تۇنجى نامىزى ناماز ئەسىر ئىدى. بۇ نامازنى بىر توپ جامائەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، ئۇ جامائەتتىن بىر كىشى باشقا بىر مەسجىدنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ مەسجىدتىكى جامائەتنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە:

[1] سۈرە ئىسرا، 20 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10839): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـــ اللهنىــڭ نــامى بىـــلەن قەســەم قىلىمەنكــى، مەن پەيغەمـــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەككە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇپ كەلدىم، ـ دېدى. جامائەت رۇكۇدا ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ، سالام بەرمەي تۇرۇپلا كەئبىگە يۈزلەندى. مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇشى يەھۇدىيلارنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقاتتى. مۇسۇلمانلار كەئبىگە يۈز كەلتۈرگەندى، يەھۇدىيلار ئۇلارنى ئەيىبلەشكە باشلىدى.

(بۇخارى: 41)

6783 ـ وفي رواية: أَنَّهُ مَاتَ عَلَى الْقِبْلَةِ قَبْلَ أَنْ تُحَولَ رِجَالٌ وَقُتِلُوا فَلَمْ نَدْرِ مَا نَقُولُ فِيهِمْ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى وَمَا كَانَ اللهُ لِيُضِيعَ إِيمَانَكُمْ.

6783 ـــ يەنە بىر رىۋايەتتە بەرا مۇنداق دېگەن: قىبلىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ نامىزى توغرىسىدا نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي تۇرغىنىمىزدا، الله تائالا: الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 41)

6784 ـ وفي رواية: وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يُحِب أَنْ يُوَجَهَ إِلَى الْكَعْبَةِ فَأَنْزَلَ اللهُ قَدْ نَرَى تَقَلبَ وَجْهِكَ فِي السمَاءِ فَتَوَجهَ نَحْوَ الْكَعْبَةِ وَقَالَ السفَهَاءُ مِنْ الناسِ وَهُمْ الْيَهُودُ مَا وَلاهُمْ عَنْ قِبْلَتِهِمْ التِي كَانُوا عَلَيْهَا قُلْ لِلهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ.

6784 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ئون ئالتە ياكى ئون يەتتە ئاي ناماز ئوقۇدى. ئەمما ئۇ كەئبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. الله تائالا: بىز سېنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە، 143 ـ ئايەت.

(كەئبىنىڭ قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز [1] دېگەن ئايەتنى چۈشۈرىۋىدى، دەرھال كەئبە تەرەپكە يۈزلەندى. بەزى ئەخمەقلەر (يەنى يەھۇدىيلار):

– پەيغەمبەر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزەلدىن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان بەيتۇلمۇقەددەستىن يۈز ئۆرۈشىگە نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟ - دېيىشتى. الله تائالا: بەزى ئەخمەق كىشىلەر: ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇل مۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟ - دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) اللهنىڭدۇر، الله خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ [2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 399)

6785 - عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُصَلي نَحْوَ بَيْتِ الْمَقْدِسِ فَنَزَلَتْ قَدْ نَرَى تَقلبَ وَجْهِكَ فِي السمَاءِ فَلَنُوَلِّيَنكَ قِبْلَةً تَرْضَاهَا فَوَل وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ فَمَر رَجُلٌ مِنْ بَنِي سَلِمَةَ وَهُمْ رُكُوعٌ فِي صَلَاةِ الْفَجْرِ وَقَدْ صَلوْا رَكْعَةً فَنَادَى أَلَا إِن الْقِبْلَةَ قَدْ حُولَتْ فَمَالُوا كَمَا هُمْ نَحْوَ الْقِبْلَةِ.

6785 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. الله تائالا: بىز سېنىڭ (كەئبىنىڭ قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۇئمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار [3] دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بىر ئادەم بەيتۇل

[1] سۈرە بەقەرە، 144 - ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 142 - ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە، 144 - ئايەت.

مۇقەددەسكە قاراپ بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقان بىر جامائەتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ بىلىپ قېلىڭلار! قىبلە ئۆزگەرتىلدى، ـ دەپ ئىككى قېتىم توۋلىغاندى، جامائەت رۇكۇدا تۇرۇپلا قىبلە تەرەپكە يۈزلەندى.

(مۇسلىم: 527)

6786 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَجِيءُ نُوحٌ وَأُمَّتُهُ فَيَقُولُ اللهُ تَعَالَى هَلْ بَلَّغْتَ فَيَقُولُ نَعَمْ أَيْ رَب فَيَقُولُ لِأُمَّتِهِ هَلْ بَلَّغَكُمْ فَيَقُولُونَ لَا مَا جَاءَنَا مِنْ نَبِي فَيَقُولُ لِنُوحٍ مَنْ يَشْهَدُ لَكَ فَيَقُولُ مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأُمَّتُهُ فَنَشْهَدُ أَنَّهُ قَدْ بَلَّغَ وَهُوَ قَوْلُهُ جَل ذِكْرُهُ وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمةً وَسَطًا لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى الناسِ وَالْوَسَطُ الْعَدْلُ.

6786 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«نۇھ بىلەن ئۇنىڭ ئۈممىتى كەلگەندە، الله تائالا ئۇنىڭدىن: ”يەتكۈزدىڭمۇ؟“ دەپ سورايدۇ، ئۇ: ”ھەئە، ئى رەببىم!“ دەيدۇ. ئاندىن ئۈممىتىدىن: ”سىلەرگە يەتكۈزدىمۇ؟“ دەپ سورايدۇ، ئۇلار: ”ياق، بىزگە پەيغەمبەر كېلىپ باقمىدى“ دېيىشىدۇ. ئاندىن نۇھقا: ”ساڭا كىم گۇۋاھ بولىدۇ؟“ دەيدۇ، نۇھ: ”مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى“ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇنىڭ يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز. ئۇلۇغ اللهنىڭ: شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىد بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. الله ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ (يەنى قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى) ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى

بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. اللّٰه كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر [①] دېگەن ئايىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

(بۇخارى: 3339)

6787 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ فِي قَوْلِهِ: "الذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ قَالُوا إِنا لِلهِ وَإِنا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِنْ رَبهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ" [البقرة آية 156] قَالَ: أَخْبَرَنَا اللهُ عَز وَجَل أَن الْمُؤْمِنَ إِذَا سَلمَ لأَمْرِ اللهِ وَرَجَعَ فَاسْتَرْجَعَ عِنْدَ الْمُصِيبَةِ كُتبَ ثَلاثَ خِصَالٍ مِنَ الْخَيْرِ: الصلاةُ وَالرحْمَةُ وَتَحْقِيقُ سَبِيلِ الْهُدَى وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: مَنِ اسْتَرْجَعَ عِنْدَ الْمُصِيبَةِ جَبَرَ اللهُ مُصِيبَتَهُ وَأَحْسَنَ عُقْبَاهُ.

6787 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئاللاھ تائالانىڭ: ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: "بىز ئەلۋەتتە اللّٰهنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللّٰهنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللّٰهنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز" دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر [②] دېگەن ئايەتلىرىنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: اللّٰه تائالا بىزگە مۇنداق دەيدۇ: مۇئمىن بەندە مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا، اللّٰه تائالانىڭ تەقدىرىگە بويسۇنۇپ: "بىز ئەلۋەتتە اللّٰهنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللّٰهنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللّٰهنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز" دېسە، ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە ھىدايەت يولىدىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەت يېزىلىدۇ.

مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا: "بىز ئەلۋەتتە اللّٰهنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللّٰهنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللّٰهنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز" دېسە،

[①] سۈرە بەقەرە، 143 ـ ئايەت.
[②] سۈرە بەقەرە، 156 ـ ۋە 157 ـ ئايەتلەر.

ﷲ تائالا ئۇنىڭ مۇسىبىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلىدۇ»①.

(«ئەلكەبىر»: 13027)

6788 ـ عن الزهْري قال عُرْوَةُ سَأَلْتُ عَائِشَةَ رضي الله عنها فقلت لها أَرَأَيتِ قَوْلَ اللهِ تَعَالَى (إِن الصفَا وَالْمَرْوَةَ من شَعَائِرِ اللهِ فَمَنْ حَج الْبَيتَ أو اعْتَمَرَ فلا جُنَاحَ عليه أَنْ يَطوفَ بِهِمَا) فَوَاللهِ ما على أَحَدٍ جُنَاحٌ أَنْ لَا يَطُوفَ بِالصفَا وَالْمَرْوَةِ قالت بِئْسَ ما قُلْتَ يا ابن أُخْتِي إن هذه لو كانت كما أَوَلْتَهَا عليه كانت لَا جُنَاحَ عليه أَنْ لَا يَتطوفَ بِهِمَا وَلَكِنهَا أُنزلَتْ في الْأَنصَارِ كَانُوا قبل أَنْ يُسْلِمُوا يُهِلونَ لِمَنَاةَ الطاغِيَةِ التي كَانُوا يَعْبُدُونَهَا عِنْدَ الْمُشَلَّلِ فَكَانَ من أَهَل يَتحَرجُ أَنْ يَطُوفَ بِالصفَا وَالْمَرْوَةِ فلما أَسْلَمُوا سَأَلُوا رَسُولَ اللهِ ﷺ عن ذلك قالوا يا رَسُولَ اللهِ إنا كنا نَتحَرجُ أَنْ نَطُوفَ بين الصفَا وَالْمَرْوَةِ فَأَنْزَلَ الله تَعَالَى (إِن الصفَا وَالْمَرْوَةَ من شَعَائِرِ اللهِ) الْآيَةَ قالت عَائِشَةُ رضي الله عنها وقد سَن رسول اللهِ ﷺ الطوَافَ بَيْنَهُمَا فَلَيْسَ لِأَحَدٍ أَنْ يَتْرُكَ الطوَافَ بَيْنَهُمَا ثُم أَخْبَرْتُ أَبَا بَكْرِ بن عبد الرρن فقال إن هذا لَعِلْمٌ ما كنت سَمِعْتُهُ وَلَقَدْ سمعت رِجَالًا من أَهْلِ الْعِلْمِ يَذْكُرُونَ أن الناس إلا من ذَكَرَتْ عَائِشَةُ مِمنْ كان يُهِل بِمَنَاةَ كَانُوا يَطُوفُونَ كلهم بِالصفَا وَالْمَرْوَةِ فلما ذَكَرَ الله تَعَالَى الطوَافَ بِالْبَيتِ ولم يذكر الصفَا وَالْمَرْوَةَ في الْقُرْآنِ قالوا يا رَسُولَ اللهِ كنا نَطُوفُ بِالصفَا وَالْمَرْوَةِ وَإِن اللهَ أَنْزَلَ الطوَافَ بِالْبَيتِ فلم يذكر الصفَا فَهَلْ عَلَيْنَا من حَرَجٍ أَنْ نَطوفَ بِالصفَا وَالْمَرْوَةِ فَأَنْزَلَ الله تَعَالَى (إِن الصفَا وَالْمَرْوَةَ من شَعَائِرِ اللهِ) الْآيَةَ قال أبو بَكْرٍ فَأَسْمَعُ هذه الْآيَةَ نَزَلَتْ في الْفَرِيقَيْنِ كِلَيْهِمَا في الذِينَ كَانُوا يَتحَرجُونَ أَنْ يَطُوفُوا بِالْجَاهِلِيةِ بِالصفَا وَالْمَرْوَةِ وَالذِينَ يَطُوفُونَ ثُم تَحَرجُوا أَنْ يَطُوفُوا بِهِمَا في الْإِسْلَامِ من أَجْلِ أَن اللهَ تَعَالَى أَمَرَ بِالطوَافِ بِالْبَيتِ ولم يذكر الصفَا حG ذَكَرَ ذلك بَعْدَ ما ذَكَرَ الطوَافَ بِالْبَيتِ.

6788 ـ ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: سەفا بىلەن مەرۋە ھەققەتەن ﷲنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر، ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم

① ھەيسەمى (10846): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەن. ـ دېگەن.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا، ھېچ باك يوق [1] دېگەن ئايەت توغرۇلۇق سورىدىم ۋە:

ــ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا، باك يوق ئىكەن. ئۇنداقتا، سەئيى قىلمىسىمۇ ھېچ باك بولمىغۇدەكقۇ؟ ـ دېسەم، ئائىشە:

ــ ئەي جىيەنىم! بۇ نېمە دېگەن قاباھەتلىك سۆز؟! ئەگەر ئۇ ئايەت سەن دېگەندەك بولسا: "سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلمىسا، ھېچ باك يوق" دەپ نازىل قىلىنغان بولاتتى. بۇ ئايەت ئەنسارىلار ھەققىدە چۈشكەن. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى مۇشەللەل دېگەن جايدىكى مەنات دېگەن بۇتنى تاۋاب قىلاتتى ۋە بۇ بۇت ئۈچۈن ئېھرام باغلىغاندا سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشتىن ساقلىناتتى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن: "ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى گۇناھ دەپ بىلگەچكە، سەئيى قىلىشتىن ساقلىناتتۇق" دەپ بۇ ھەقتە سوراشقان ئىدى، اﷲ تائالا: ھەقىقەتەن سەفا بىلەن مەرۋە اﷲنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، ـ دېدى. ئائىشە يەنە:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشنى سۈننەت قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇڭا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىنى سەئيى قىلىشنى ھەرقانداق كىشى تەرك ئەتسە بولمايدۇ، ـ دېدى. زۆھرىي مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇراھمانغا سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ:

ــ مەن بۇ مەلۇماتنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەھلى ئىلىملەردىن نۇرغۇن ھەدىس ئاڭلىغان بولسامۇ، ئائىشەنىڭ سۆزلىرىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن. مەناتنى تاۋاب قىلىش ئۈچۈن ئېھرامغا كىرگەنلەر سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشتىن ساقلىناتتى. اﷲ قۇرئاندا كەئبىنى تاۋاب قىلىشنى بايان قىلىپ، سەفا بىلەن مەرۋەنى تىلغا

[1] سۈرە بەقەرە، 158 ـ ئايەت.

ئالمىغان ئىدى، ئۇلار: ”ئى رەسۇلۇللاھ! بىز (جاھىلىيەتتە) سافا بىلەن مەرۋەنى تاۋاپ قىلالاتتۇق، الله كەئبىنى تاۋاپ قىلىشنى بايان قىلىپ، سەفا بىلەن مەرۋەنى تىلغا ئالمىدى. سەفا بىلەن مەرۋەنى تاۋاپ قىلساق، بىزگە گۇناھ بولامدۇ؟“ دەپ سورىغانىدى، الله تائالا: سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اللهنىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئەبۇ بەكرى يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتكە ئوبدان زەڭ سالغىن! بۇ ئايەت جاھىلىيەت دەۋرىدە سەفا بىلەن مەرۋەنى تاۋاپ قىلىشتىن ساقلانغان ۋە ساقلانمىغان ھەر ئىككى پىرقىگە نازىل بولغان. الله تائالا كەئبىنى تاۋاپ قىلىشنى بايان قىلىپ، سەفا بىلەن مەرۋەنى تىلغا ئالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنمۇ بۇنى جاھىلىيەت ئىشى دەپ قاراپ، تاۋاپ قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ، سەئيى قىلسا ھېچ باك يوقلۇقىنى بىلدۈردى. (بۇخارى: 1643)

6789 ـ عن عُرْوَةَ بن الزبير أن عَائِشَةَ أَخْبَرَتْهُ أن الْأَنصَارَ كَانُوا قبل أَنْ يُسْلِمُوا هُمْ وَغَسانُ يُهِلونَ لِمَنَاةَ فَتَحَرجُوا أَنْ يَطُوفُوا بين الصفَا وَالْمَرْوَةِ وكان ذلك سُنةً في آبَائِهِمْ من أَحْرَمَ لِمَنَاةَ لم يَطُفْ بين الصفَا وَالْمَرْوَةِ وَإِنهُمْ سَأَلُوا رَسُولَ اللهِ ﷺ عن ذلك حين أَسْلَمُوا فَأَنْزَلَ الله عز وجل في ذلك (إِن الصفَا وَالْمَرْوَةَ من شَعَائِرِ اللهِ فَمَنْ حَج الْبَيتَ أو اعْتَمَرَ فلا جُنَاحَ عليه أَنْ يطوفَ بِهِمَا وَمَنْ تَطَوعَ خَيْرًا فإن اللهَ شَاكِرٌ عَلِيمٌ).

6789 ــ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: ئەنسارىلار مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى غەسسان قەبىلىسى بىلەن بىللە مەنات دېگەن بۇتنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئېھرام باغلايتتى. ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، سەفا بىلەن مەرۋە ئارىلىقىدا سەئيى قىلىشتىن سىقىلىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە مەناتنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان كىشى سەفا بىلەن مەرۋە ئارىلىقىدا سەئيى قىلمايتتى. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن،

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇنىڭ ھۆكمىنى سورىغان ئىدى، اللە تائالا: سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن اللەنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا، ھېچ باك يوق. كىمكى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن (اللە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ)، اللە ئەلۋەتتە شۇكرىنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، اللە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر[①] دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى.

(مۇسلىم: 1277)

6790 ـ عن ابن عباس رضي الله عنهما قال كان في بني إسرائيل القصاص ولم تكن فيهم الدية فقال الله تعالى لهذه الأمة كتب عليكم القصاص في القتلى الحر بالحر والعبد بالعبد والأنثى بالأنثى فمن عفي له من أخيه شيء فالعفو أن يقبل الدية في العمد فاتباع بالمعروف وأداء إليه بإحسان يتبع بالمعروف ويؤدي بإحسان ذلك تخفيف من ربكم ورحمة مما كتب على من كان قبلكم فمن اعتدى بعد ذلك فله عذاب أليم قتل بعد قبول الدية.

6790 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەنى ئىسرائىلدا قىساس ئېلىشلا بار بولۇپ، دىيەت ئېلىش يوق ئىدى. اللە تائالا مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىگە مۇنداق دېدى: ئى مۆئمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى. ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم. (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق)

[①] سۈرە بەقەرە، 158 ـ ئايەت.

بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن) چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ[1]. "ۋاز كەچسە" دېگەن ئىبارىدىن، دىيەتنى قوبۇل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان.

(بۇخارى: 4498)

6791 ـ عن ٱبنَ عَباسٍ يَقْرَأُ وَعَلَى الذِينَ يُطَوقُونَهُ فَلَا يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ قَالَ ٱبْنُ عَباسٍ لَيْسَتْ بِمَنْسُوخَةٍ هُوَ الشيْخُ الْكَبِيرُ وَالْمَرْأَةُ الْكَبِيرَةُ لَا يَسْتَطِيعَانِ أَنْ يَصُومَا فَيُطْعِمَانِ مَكَانَ كُل يَوْمٍ مِسْكِينًا.

6791 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: روزىنى ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم[2] دېگەن ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئەمەس. بۇ ئايەت روزا تۇتالمىغۇدەك دەرىجىدە ياشىنىپ قالغان ئەر ـ ئاياللارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار روزا تۇتالمىسا، ھەر كۈنى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بېرىدۇ.

(بۇخارى: 4505)

6792 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ وَعَلَى الذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ فَكَانَ مَنْ شَاءَ مِنْهُمْ أَنْ يَفْتَدِيَ بِطَعَامِ مِسْكِينٍ افْتَدَى وَتم لَهُ صَوْمُهُ فَقَالَ فَمَنْ تَطوعَ خَيْرًا فَهُوَ خَيْرٌ لَهُ وَأَنْ تَصُومُوا خَيْرٌ لَكُمْ و قَالَ فَمَنْ شَهِدَ مِنْكُمْ الشهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَنْ كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدةٌ مِنْ أَيامٍ أُخَرَ.

6792 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن

[1] سۈرە بەقەرە، 178 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 184 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم دېگەن ئايىتىنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەتكە ئاساسەن ئۇنداق كىشىلەرنىڭ خالىغانلىرى بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بەرسە، روزىسى تامام بولغان بولاتتى. كېيىن، الله تائالا: كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر دېدى. ئۇندىن كېيىن يەنە: سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن [1] دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2316)

6793 ـ عَنْ سَلَمَةَ قَالَ لَمَّا نَزَلَتْ {وَعَلَى الَّذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ} كَانَ مَنْ أَرَادَ أَنْ يُفْطِرَ وَيَفْتَدِيَ حَتَّى نَزَلَتْ الْآيَةُ الَّتِي بَعْدَهَا فَنَسَخَتْهَا.

6793 ـ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ: روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، روزا تۇتماي دېگەنلەر ئېغىز ئېچىپ، فىدىيە بەرسە بولاتتى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇندىن كېيىنكى ئايەت نازىل بولۇپ، بۇ ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

(بۇخارى: 4507)

[1] سۈرە بەقەرە، 185 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (2031): ھەسەن، ـ دېگەن.

6794 ـ عَنْ النعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الدعَاءُ هُوَ الْعِبَادَةُ ثُم قَرَأَ {وَقَالَ رَبكُمْ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِن الذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنمَ دَاخِرِينَ} رواه الترمذي.

فقال أصحابه: أقرب ربنا فنناجيه، أم بعيد فنناديه؟ فنزلت: (وإذا سألك عبادي عني فإني قريب أجيب دعوة الداع إذا دعان) لرزين.

6794 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«دۇئا ئىبادەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر» دېگەندىن كېيىن: پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: "ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ" [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى [2].

(تىرمىزى: 3247)

ساھابىلار:

ـ رەببىمىز بىزگە يېقىنمۇ؟ (شۇنداق بولسا) ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا يالۋۇرايلى. ياكى يىراقتىمۇ؟ (شۇنداق بولسا) يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دۇئا قىلايلى، ـ دېگەن ئىدى، الله تائالانىڭ: مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن [3] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] سۈرە غافىر، 60 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (2590): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] سۈرە بەقەرە، 186 ـ ئايەت.

6795 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمْ الصيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ فَكَانَ الناسُ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا صَلوْا الْعَتَمَةَ حَرُمَ عَلَيهِمْ الطعَامُ وَالشرَابُ وَالنسَاءُ وَصَامُوا إِلَى الْقَابِلَةِ فَاخْتَانَ رَجُلٌ نَفْسَهُ فَجَامَعَ امْرَأَتَهُ وَقَدْ صَلى الْعِشَاءَ وَلَمْ يُفْطِرْ فَأَرَادَ اللهُ عَز وَجَل أَنْ يَجْعَلَ ذَلِكَ يُسْرًا لِمَنْ بَقِيَ وَرُخْصَةً وَمَنْفَعَةً فَقَالَ سُبْحَانَهُ عَلِمَ اللهُ أَنكُمْ كُنْتُمْ تَخْتَانُونَ أَنْفُسَكُمْ الْآيَةَ وَكَانَ هَذَا مِما نَفَعَ اللهُ بِهِ الناسَ وَرَخصَ لَهُمْ وَيَسرَ.

6795 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئى مۆئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى [1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاكى ئەتىسى ئىپتارغىچە، يەپ ـ ئىچىش ۋە ئاياللارغا يېقىنلىشىش هارام قىلىنغان ئىدى. بىرسى ئۆز نەپسىگە خىيانەت قىلىپ، خۇپتەندىن كېيىن ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىپ سالدى. لېكىن روزىسىنى بۇزمىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا كېيىنكىلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، رۇخسەت قىلىپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە هالال قىلىندى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر، كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر). الله ئۆزەڭلارنىڭ ئۆزەڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى. الله تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن

[1] سۈرە بەقەرە، 183 ـ ئايەت.

ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، ئەنە شۇلار الله بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ (هارام قىلىنغان ئىشلاردىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، الله ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ[1]. مانا بۇ ئايەت ئارقىلىق كىشىلەرگە قولايلىق يارىتىلدى ۋە كېچىسى يەپ - ئىچىش ۋە ئايالىلارغا يېقىنچىلىق قىلىش رۇخسەت قىلىندى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2313)

6796 ـ عَنْ الْبَرَاءِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ أَصْحَابُ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كَانَ الرجُلُ صَائِمًا فَحَضَرَ الْإِفْطَارُ فَنَامَ قَبْلَ أَنْ يُفْطِرَ لَمْ يَأْكُلْ لَيْلَتَهُ وَلَا يَوْمَهُ حَتى يُمْسِيَ وَإِن قَيْسَ بْنَ صِرْمَةَ الْأَنصَارِي كَانَ صَائِمًا فَلَما حَضَرَ الْإِفْطَارُ أَتى امْرَأَتَهُ فَقَالَ لَهَا أَعِنْدَكِ طَعَامٌ قَالَتْ لَا وَلَكِنْ أَنطَلِقُ فَأَطْلُبُ لَكَ وَكَانَ يَوْمَهُ يَعْمَلُ فَغَلَبَتْهُ عَيْنَاهُ فَجَاءَتْهُ امْرَأَتُهُ فَلَما رَأَتْهُ قَالَتْ خَيْبَةً لَكَ فَلَما انْتَصَفَ النهَارُ غُشِيَ عَلَيْهِ فَذُكِرَ ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ أُحِل لَكُمْ لَيْلَةَ الصيَامِ الرفَثُ إِلَى نِسَائِكُمْ فَفَرِحُوا بِهَا فَرَحًا شَدِيدًا وَنَزَلَتْ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا حَتى يَتَبَينَ لَكُمْ الْخَيْطُ الْأَبْيَضُ مِنْ الْخَيْطِ الْأَسْوَدِ.

6796 ـ بەرائ رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رامىزان پەرز بولغان دەسلەپكى چاغلاردا، ساهابىلەردىن بىرەرسى ئىپتار ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالسا، شۇ كېچىسى ۋە ئەتىسى كۈندۈزىمۇ بىر نەرسە يېمەيتتى. قەيس ئىبنى سىرمە ئەنسارى بىر كۈنى ئىپتار ۋاقتىدا ئايالىدىن:

ـ يەيدىغان نەرسە بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئايالى:

[1] سۈرە بەقەرە، 187 - ئايەت.

[2] ئەلبانى (2028): هەسەن ۋە سەهىه - دېگەن.

— يوق، لېكىن مەن بىر ئىلاجىنى قىلاي، - دېدى. قەيس كۈندۈزى ئىشلىگەن بولغاچقا ئۇخلاپ قالدى. ئايالى ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھەي ئىسىت! تاماقتىن قۇرۇق قالدىڭ، - دېدى. ئەتىسى چۈش بولغاندا، قەيس ھوشسىدىن كەتتى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنى خۇشاللىقتا چۆمدۈردى. بۇ ئايەتنىڭ داۋامى مۇنداق ئىدى: تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا قەدەر) يەڭلار، ئىچىڭلار .

(بۇخارى: 1915)

6797 ـ عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ أُنزِلَتْ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا حَتى يَتَبينَ لَكُمْ الْخَيْطُ الْأَبيَضُ مِنْ الْخَيْطِ الْأَسْوَدِ وَلَمْ يَنزِلْ مِنْ الْفَجْرِ فَكَانَ رِجَالٌ إِذَا أَرَادُوا الصوْمَ رَبطَ أَحَدُهُمْ فِي رِجْلِهِ الْخَيْطَ الْأَبيَضَ وَالْخَيْطَ الْأَسْوَدَ وَلَمْ يَزَلْ يَأْكُلُ حَتى يَتَبينَ لَهُ رُؤْيَتُهُمَا فَأَنْزَلَ اللهُ بَعْدُ مِنْ الْفَجْرِ فَعَلِمُوا أَنهُ إِنمَا يَعْنِي اللَّيْلَ وَالنهَارَ.

6797 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئاق يىپ قارا يىپتىن ئايرىلغانغا قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار دېگەن ئايەت نازىل بولۇپ، تاڭنىڭ دېگەن سۆز نازىل بولمىغان چاغدا، روزا تۇتماقچى بولغانلار پۇتىغا ئاق يىپ بىلەن قارا يىپنى باغلىۋېلىپ، تاكى ئۇ ئىككىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرەلىگەنگە قەدەر يەيتتى. الله: تاڭنىڭ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندىن كېيىن، ئاق يىپ بىلەن قارا يىپ دېگەن ئىبارىدىن كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقى مەلۇم بولدى.

(بۇخارى: 1917)

6798 ـ عَنْ عَدِيِّ بْنِ حَاتِمٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَما نَزَلَتْ حَتى يَتَبينَ لَكُمْ الْخَيْطُ الْأَبيَضُ مِنْ الْخَيْطِ الْأَسْوَدِ عَمَدْتُ إِلَى عِقَالٍ أَسْوَدَ وَإِلَى عِقَالٍ أَبيَضَ فَجَعَلْتُهُمَا تَحْتَ

وِسَادَتِي فَجَعَلْتُ أَنظُرُ فِي اللَّيْلِ فَلَا يَسْتَبِينُ لِي فَغَدَوْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرْتُ لَهُ ذَلِكَ فَقَالَ إِنمَا ذَلِكَ سَوَادُ اللَّيْلِ وَبَيَاضُ النهَارِ.

6798 ــ ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ: تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، بىر تال قارا يىپ بىلەن بىر تال ئاق يىپنى ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويدۇم. لېكىن ھەرقانچە قارىغان بولساممۇ، قاراڭغۇدا ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلمىدىم. سەھەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم:

ــ ئۇ دېگەن كېچىنىڭ قارىلىقى بىلەن كۈندۈزنىڭ ئاقلىقى، - دېدى.

(بۇخارى: 1916)

6799 ـ وفي رواية: قَالَ إِن وِسَادَكَ إِذًا لَعَرِيضٌ أَنْ كَانَ الْخَيْطُ الْأَبْيَضُ وَالْأَسْوَدُ تَحْتَ وِسَادَتِكَ.

6799 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«تاڭنىڭ ئاق يىپى بىلەن قارا يىپى ياستۇقىڭنىڭ ئاستىغا سىغقان بولسا، ياستۇقۇڭ ھەقىقەتەن كەڭرى ئىكەن» دېگەن.

(بۇخارى: 4509)

6800 ـ وفي رواية: قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا {الْخَيْطُ الْأَبْيَضُ مِنْ الْخَيْطِ الْأَسْوَدِ} أَهُمَا الْخَيْطَانِ قَالَ إِنكَ لَعَرِيضُ الْقَفَا إِنْ أَبْصَرْتَ الْخَيْطَيْنِ ثُم قَالَ لَا بَلْ هُوَ سَوَادُ اللَّيْلِ وَبَيَاضُ النهَارِ.

6800 ـ ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاق يىپى قارا يىپىدىن دېگەنىنىڭ مەنىسى نېمە ياكى ئۇلار ھەقىقەتەن ئىككى خىل يىپمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەگەر سەن ئۇنى ئىككى خىل يىپ دەپ قارىغان بولساڭ، ھەقىقەتەن قاپاق كاللا ئادەمكەنسەن. ئۇ، سەن ئويلىغاندەك (يىپ) ئەمەس، بەلكى كېچە قاراڭغۇسى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4510)

6801 ـ عن الْبَرَاءَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قال نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ فِينَا كَانَتْ الْأَنْصَارُ إِذَا حَجوا فَجَاءُوا لَمْ يَدْخُلُوا مِنْ قِبَلِ أَبْوَابِ بُيُوتِهِمْ وَلَكِنْ مِنْ ظُهُورِهَا فَجَاءَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ فَدَخَلَ مِنْ قِبَلِ بَابِهِ فَكَأَنَّهُ عُيِّرَ بِذَلِكَ فَنَزَلَتْ وَلَيْسَ الْبِرُّ بِأَنْ تَأْتُوا الْبُيُوتَ مِنْ ظُهُورِهَا وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ اتَّقَى وَأْتُوا الْبُيُوتَ مِنْ أَبْوَابِهَا.

6801 ـ ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مەن بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: بۇ ئايەت بىز توغرۇلۇق چۈشكەن. ئەنسارىلار ھەجدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىدىن كىرمەي، ئارقا تامدىن (تۆشۈك ئېچىپ) كىرەتتى. ئەنسارىلاردىن بىرى ھەجدىن كېلىپ، ئىشىكىدىن (ئۆيىگە) كىرىۋىدى، باشقىلار ئۇنىڭ قىلمىشىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالانىڭ: (جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلاردەك ھەجدىن قايتقاندا) ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن (تۆشۈك ئېچىپ) كىرىش ياخشىلىقتا ياتمايدۇ. (اللهنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلىشتىن) قورققان ئادەم ياخشى ئەمەل (ئىگىسى)دۇر. (ھەجدىن قايتقان چېغىڭلاردا ئادەتتىكىدەك) ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن اللهقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى.

(بۇخارى: 1803)

[1] سۈرە بەقەرە، 189 ـ ئايەت.

6802 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَهْلُكَـةِ قَـالَ نَزَلَتْ فِي النفَقَةِ.

6802 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿اللهنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾ [1] دېگەن ئايىتى الله يولىدا جىھاد ئۈچۈن پۇل خەجلەش ھەققىدە نازىل بولغانىدى.

(بۇخارى: 4516)

6803 ـ عن النعمان بن بشير في قوله تعاБ (ولا تلقوا بأيديكم إن التهلكة) قال كان الرجل يذنب الذنب فيقول لا يغفر الله Б فأنزل الله تعاБ (ولا تلقوا بأيـديكم إБ التهلكة وأحسنوا إن الله 3ب ا‡سنين).

6803 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ﴿اللهنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بىرسى گۇناھ قىلىپ سېلىپ:

ـ ئەمدى الله مېنى كەچۈرمەيدۇ، ـ دېگەنىدى، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 5672)

6804 ـ عَنْ أَسْلَمَ أَبِي عِمْرَانَ قَالَ غَزَوْنَا مِنْ الْمَدِينَةِ نُرِيدُ الْقُسْطَنْطِينِيةَ وَعَلَى الْجَمَاعَةِ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ خَالِدِ بْنِ الْوَلِيدِ وَالرومُ مُلْصِقُو ظُهُورِهِمْ بِحَائِطِ الْمَدِينَةِ فَحَمَلَ رَجُلٌ عَلَى الْعَدُو فَقَالَ الناسُ مَهْ مَهْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ يُلْقِي بِيَدَيْهِ إِلَى التَهْلُكَةِ فَقَالَ أَبُو أَيـوبَ

---

[1] سۈرە بەقەرە، 195 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10849): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

إنَمَا نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ فِينَا مَعْشَرَ الْأَنصَارِ لَمَا نَصَرَ اللهُ نَبِيهُ وَأَظْهَرَ الْإِسْلَامَ قُلْنَا هَلُم نُقِيمُ فِي أَمْوَالِنَا وَنُصْلِحُهَا فَأنْزَلَ اللهُ تَعَالَى وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إلَى التهْلُكَةِ فَالْإِلْقَاءُ بِالْأَيْدِي إِلَى التهْلُكَةِ أَنْ نُقِيمَ فِي أَمْوَالِنَا وَنُصْلِحَهَا وَنَدَعَ الْجِهَادَ قَالَ أَبو عِمْرَانَ فَلَمْ يَزَلْ أَبو أَيوبَ يُجَاهِدُ فِي سَبِيلِ اللهِ حَتى دُفِنَ بِالْقُسْطَنطِينِيةِ.

6804 ـ ئەسلەم ئەبۇ ئىمران مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز مەدىنىدىن قۇستەنتىنىيە (ھازىرقى ئىستانبۇل)نى نىشانلاپ غازاتقا ئاتلاندۇق. قوشۇنغا خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئوغلى ئابدۇراھمان قوماندان ئىدى. رىملىقلار شەھەرنىڭ سېپىلىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇشاتتى. بىرەيلەن دۈشمەنگە يالغۇز ھۇجۇم قىلىۋىدى، كىشىلەر:

ــ توختا! توختا! لا ئىلاھە ئىللەللاھ! بۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاۋاتىدىغۇ؟! ــ دېيىشتى، بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

ـ بۇ ئايەت بىز ئەنسارىلار جامائەسى ھەققىدە نازىل بولغان. الله تائالا پەيغەمبىرىگە نۇسرەت ئاتا قىلىپ، ئىسلامنى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقارغاندا، بىز: كېلىڭلار! يەر ـ مۈلۈكلىرىمىزنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرايلى، ـ دېيىشكەنىدۇق، الله تائالا: اللهنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى. دېمەككى، ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش دېگەن، يەر ـ مۈلۈكلىرىمىزنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، مال ـ مۈلكىمىزنى ئاۋۇتۇپ، جىھادنى تاشلاشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله يولىدىكى جىھادنى داۋاملاشتۇرۇپ، قۇستەنتىنىيەدە شېھىد بولدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2512)

[1] ئەلبانى (2193): سەھىھ ـ دېگەن.

6805 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَتْ عُكَاظٌ وَمَجَنةُ وَذُو الْمَجَـازِ أَسْوَاقًا فِي الْجَاهِلِيةِ فَلَما كَانَ الْإِسْلَامُ تَأَثمُوا مِنْ التجَارَةِ فِيهَا فَأَنْزَلَ اللَّهُ لَيسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَبْتَغُوا فَضْلًا مِنْ رَبكُمْ فِي مَوَاسِمِ الْحَج قَرَأَ ابْنُ عَباسٍ كَذَا.

6805 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: ئۇكاز، مەجەننە، زۇلمەجاز دېگەن جايلار جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بازارلار ئىدى. ئىسلام كەلگەندە، كىشىلەر ھەج پائالىيەتلىرى ۋاقتىدا ئىبادەت بىلەن بولماي، ئۇ بازارلاردا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى گۇناھ بولارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ ① دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئىبنى ئابباس ئايەتنى: ھەج مەۋسۇملىرىدە دەپ ئوقۇغان.

(بۇخارى: 2098)

6806 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ أَهْلُ الْيَمَنِ يَحُجونَ وَلَا يَتَـزَودُونَ وَيَقُولُونَ نَحْنُ الْمُتَوَكلُونَ فَإِذَا قَدِمُوا مَكةَ سَأَلُوا الناسَ فَأَنْزَلَ اللَّهُ تَعَالَى وَتَزَودُوا فَإِن خَيْرَ الـزادِ التقْوَى.

6806 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: يەمەنلىكلەر: ”بىز اللهقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز“ دەپ، ئوزۇق ــ تۈلۈك ئالمايلا ھەج قىلغىلى كېلەتتى ۋە مەككىدە باشقىلاردىن ئوزۇق ـ تۈلۈك سورايتتى، شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: (ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد راھىلە (ئوزۇق ـ تۈلۈك) ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد راھىلە تەقۋادارلىقتۇر ② دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 1523)

① سۈرە بەقەرە، 198 ـ ئايەت.

② سۈرە بەقەرە، 197 ـ ئايەت.

6807 ـ عن ابي أُمَامَةَ التَّيْمِي قَالَ كُنْتُ رَجُلًا أُكَرِي فِي هَذَا الْوَجْهِ وَكَانَ نَاسٌ يَقُولُونَ لِي إِنَّهُ لَيْسَ لَكَ حَج فَلَقِيتُ ابْنَ عُمَرَ فَقُلْتُ يَا أَبَا عَبْدِ الرحْمَنِ إِنِي رَجُلٌ أُكَرِي فِي هَذَا الْوَجْهِ وَإِن نَاسًا يَقُولُونَ لِي إِنَّهُ لَيْسَ لَكَ حَج فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ أَلَيْسَ تُحْرِمُ وَتُلَبِي وَتَطُوفُ بِالْبَيْتِ وَتُفِيضُ مِنْ عَرَفَاتٍ وَتَرْمِي الْجِمَارَ قَالَ قُلْتُ بَلَى قَالَ فَإِن لَكَ حَجا جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَأَلَهُ عَنْ مِثْلِ مَا سَأَلْتَنِي عَنْهُ فَسَكَتَ عَنْهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يُجِبْهُ حَتى نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَبْتَغُوا فَضْلًا مِنْ رَبكُمْ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَرَأَ عَلَيْهِ هَذِهِ الْآيَةَ وَقَالَ لَكَ حَج.

6807 ـ ئەبۇ ئۇمامە تەيمىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەج سەپىرىدە كىراكەشلىك قىلاتتىم. بەزى كىشىلەر ماڭا:

ـ سىنىڭ ھەججىڭ قوبۇل بولمايدۇ، ـ دېيىشەتتى. مەن ئىبنى ئۆمەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئەبۇ ئابدۇرراھمان! مەن ھەج سەپىرىدە كىراكەشلىك قىلىدىغان ئادەممەن، بەزىلەر مېنىڭ ھەججىمنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىشۋاتىدۇ، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ سەن ئېھرام باغلاپ، تەلبىيە ئېيتىپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ئەرافاتقا بېرىپ قايتىپ، شەيتانغا تاش ئاتىدىغانسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ئەلۋەتتە، ھەممىسىنى قىلىمەن، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ سېنىڭ ھەججىڭ قوبۇل بولىدۇ. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سەن مەندىن سورىغان مەسىلىنى سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي سۈكۈت قىلدى. كېيىن مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ [1]. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى ۋە:

[1] سۈرە بەقەرە، 198 ـ ئايەت.

ـ سىنىڭ ھەجىڭ قوبۇل بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1733)

6808 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ، فِي قَوْلِهِ: "كَانَ الناسُ أُمةً وَاحِدَةً" [البقرة آية 213] ، قَالَ: عَلَى اqسْلامِ. وقال الكلبي يعا على الكفر كلهم.

6808 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: ئىنسانلار دەسلەپتە بىر ئۇممەت ئىدى [2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە توختىلىپ: ئىسلام دىنىدىكى بىر ئۇممەت ئىدى، ـ دېسە، كەلبى: ھەممىسى كۇپرى ئۈستىدىكى بىر مىللەت ئىدى، ـ دېگەن[3].

(مۇسلىم: 2606)

6809 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَما أُنزلَ اللهُ عَز وَجل {وَلَا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَتِي هِيَ أَحْسَنُ} وَ{ إِن الذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْمًا} الْآيَةَ انْطَلَقَ مَنْ كَانَ عِنْدَهُ يَتِيمٌ فَعَزَلَ طَعَامَهُ مِنْ طَعَامِهِ وَشَرَابَهُ مِنْ شَرَابِهِ فَجَعَلَ يَفْضُلُ مِنْ طَعَامِهِ فَيُحْبَسُ لَهُ حَتى يَأْكُلُهُ أَوْ يَفْسُدَ فَاشْتَد ذَلِكَ عَلَيْهِمْ فَذَكَرُوا ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجل {وَيَسْأَلُونَكَ عَنْ الْيَتَامَى قُلْ إِصْلَاحٌ لَهُمْ خَيْرٌ وَإِنْ تُخَالِطُوهُمْ فَإِخْوَانُكُمْ} فَخَلَطُوا طَعَامَهُمْ بِطَعَامِهِ وَشَرَابَهُمْ بِشَرَابِهِ.

6809 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: اللە ئەززە ۋەجەللە: يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق

[1] ئەلبانى (1525): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە بەقەرە، 203 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (10857): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە يەنە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

بىـرىلگەن ئـادەم) تـۇغقىنىـڭلار بولغـان تەقـدىردىمۇ اللهقـا بىـرىلگەن ئەھـدىگە ۋاپـا قـىلـىڭـلار، ئـىبـرەت ئېلـىشـىڭلار ئۈچـۈن، الله سـىلـەرگـە بـۇ ئـىشلارنى تەۋسىيە قىلـىـدۇ ① دېگەن ئـايىتى بىـلەن: زۇلـۇم قـىلـىـپ يېتـىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (نـاھەق) يەۋالـىدىغانلار، شۈبھىـسـىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئـوتنى يەۋالغـان بولىـدۇ، ئۇلار يېنىـپ تۇرغان ئوتقـا (يەنـى دوزاخقـا) كـىرىـدۇ ② دېگەن ئـايىتىنى نازىـل قىلغانـدىن كېيىـن، يېتىـمـدىن خەۋەر ئېلىـۋاتقـانلار ئۆزىنىـڭ يېمىكىنـى يېتىمنىـڭ يېمىكىـدىن، ئىچمىكىنـى يېتىمنىـڭ ئىچمىكىدىن ئايرىۋەتتى. نەتىجىدە، يېتىمنىڭ تامىقى ئېشىـپ قالسـا، يـا سـاقلاپ قويـۇپ، ئۇنىـڭغـا كېيىـن يەنە بېرىـدىغان يـاكى بۇزۇلـۇپ قالـىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى، بۇ ئەھۋال كىشىلەرگە ئېغىر كەلدى. ئـۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋال ئېيتىشقان ئىدى، الله تائـالا: (ئـى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، "(تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئـۇلارنى تـۈزەش ياخشىـدۇر، ئـۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغـان رەۋىشتە) ئارىلىشىـپ ياشىسـاڭلار، ئـۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىندىشىڭلاردۇر. الله (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغـۇچى ۋە تۈزىگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى (قىيىـن ئىشقا تەكلىـپ قىلـىـش بىـلەن) چوقـۇم جاپاغـا سـالاتتى". الله ھەقىـقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ③ دېگەن ئايىتىنى نازىـل قىلـدى. شـۇنىڭ بىـلەن، ئـۇلار ئۆزلىرىنىـڭ يېمەك ــ ئىچمىكىنـى يېتىملەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە ئارىلاشتۇرىدىغان بولدى④.

(ئەبۇ داۋۇد: 2817)

---

① سۈرە ئەنئام، 152 ـ ئايەت.

② سۈرە نىسا، 10 ـ ئايەت.

③ سۈرە بەقەرە، 220 ـ ئايەت.

④ ئەلبانى (2495): ھەسەن، ـ دېگەن.

6810 ـ عَنْ ٱبنِ عُمَرَ {فَأْتوا حَرْثَكُمْ أنى شِئْتُمْ} قَالَ ـيَأْتِيهَا ـفِي دُبرِها. قَالَ الحُمَيدي: يعني الفرج.

6810 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار ① دېگەن ئايىتى ھەققىدە: ئەر كىشى ئايالىغا خالىغان تەرەپتىن يېقىنلاشسا بولىدۇ. لېكىن چوقۇم بالىلىنىدىغان جايغا يېقىنلىشىشى كېرەك، ـ دېگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6811 ـ ولرزين قال ابن عمر: إن شاء أتاها مقبلة أو مدبرة غير أن ذلـك في صمام واحد.

6811 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: مەيلى يان تەرەپتىن بولسۇن، ئالدى ياكى ئارقا تەرەپتىن بولسۇن، ئاشۇ بىرلا جايغا (پەرجىگە) يېقىنلىشىدۇ.

6812 ـ عن ابن عمر قال: «إنما نزلت على رسول الله صلى الله عليـه وسـلم (نساؤكم حرث لكم) رخصة في إتيان الدبر».

6812 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار ② دېگەن ئايەت ئاياللارغا ئارقا تەرەپتىن بالىلىنىدىغان جايغا (پەرجىگە) يېقىنلاشسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) نازىل بولغانىدى③.

(«ئەلئەۋسەت»: 3827)

① سۈرە بەقەرە، 223 ـ ئايەت.

② سۈرە بەقەرە، 223 ـ ئايەت.

③ ھەيسەمى (10860): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6813 ـ عن ابن عمر: «أن رجلا، أصاب امرأة في دبرها في زمن النبي صلى الله عليه وسلم، فأنكر ذلك الناس، فأنزل الله: (نساؤكم حرث لكم)».

6813 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بىر ئادەم ئايالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئالدى تەرىپىگە يېقىنلاشقانىدى، باشقىلار ئۇنى ئەيىبلىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 6298)

6814 ـ عن جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَتْ الْيَهُودُ تَقُولُ إِذَا جَامَعَهَا مِنْ وَرَائِهَا جَاءَ الْوَلَدُ أَحْوَلَ فَنَزَلَتْ نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنى شِئْتُمْ.

6814 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلار ئۆز ئارىلىرىدا: ئاياللارغا كەينى تەرەپتىن جىما قىلسا، بالا ئالغاي بولۇپ قالىدۇ، ـ دېيىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئايەت نازىل بولغان: ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار.

(بۇخارى: 4528)

6815 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ جَاءَ عُمَرُ إِلى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ هَلَكْتُ قَالَ وَمَا أَهْلَكَكَ قَالَ حَولْتُ رَحْلِي الليْلَةَ قَالَ فَلَمْ يَرُد عَلَيْهِ رَسُولُ

[1] ھەيسەمى (10862): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەئقۇب ئىبنى ھۇمەيد ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَيْئًا قَالَ فَأُنزِلَتْ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذِهِ الْآيَةَ نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنى شِئْتُمْ أَقْبِلْ وَأَدْبِرْ وَاتقِ الدبُرَ وَالْحَيْضَةَ.

6815 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھالاك بولدۇم، ھالاك بولدۇم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سېنى نېمە ھالاك قىلىۋەتتى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۆمەر:

ـ بۇ كېچە ئۇلىغىمنى تەتۈر مىنىپ سالدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىدى. كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ ئايەت نازىل بولدى: ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار . ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە:

— مەيلى ئالدى تەرەپتىن بولامدۇ ياكى ئارقا تەرەپتىن بولامدۇ بەلگىلەنگەن جايغا كەلسەڭ بولىدۇ، ئەمما ئارقا تەرەت يولىغا يېقىن كېلىشتىن ۋە ھەيزدار چاغدا يېقىنلىشىشتىن ساقلان، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2980)

6816 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ إِن ابْنَ عُمَرَ وَاللهُ يَغْفِرُ لَهُ أَوْهَمَ إِنمَا كَانَ هَذَا الْحَي مِنْ الْأَنصَارِ وَهُمْ أَهْلُ وَثَنٍ مَعَ هَذَا الْحَي مِنْ يَهُودَ وَهُمْ أَهْلُ كِتَابٍ وَكَانُوا يَرَوْنَ لَهُمْ فَضْلًا عَلَيْهِمْ فِي الْعِلْمِ فَكَانُوا يَقْتَدُونَ بِكَثِيرٍ مِنْ فِعْلِهِمْ وَكَانَ مِنْ أَمْرِ أَهْلِ الْكِتَابِ أَنْ لَا يَأْتُوا النسَاءَ إِلا عَلَى حَرْفٍ وَذَلِكَ أَسْتَرُ مَا تَكُونُ الْمَرْأَةُ فَكَانَ هَذَا الْحَي مِنْ الْأَنصَارِ قَدْ أَخَذُوا بِذَلِكَ مِنْ فِعْلِهِمْ وَكَانَ هَذَا الْحَي مِنْ قُرَيْشٍ يَشْرَحُونَ النسَاءَ شَرْحًا مُنكَرًا وَيَتَلَذذُونَ مِنْهُن مُقْبِلَاتٍ وَمُدْبِرَاتٍ وَمُسْتَلْقِيَاتٍ فَلَما قَدِمَ الْمُهَاجِرُونَ الْمَدِينَةَ تَزَوجَ رَجُلٌ

[1] ئەلبانى (2381): ھەسەن، ـ دېگەن.

مِنْهُمْ امْرَأَةً مِنْ الْأَنصَارِ فَذَهَبَ يَصْنَعُ بِهَا ذَلِكَ فَأَنكَرَتْهُ عَلَيْهِ وَقَالَتْ إِنَمَا كُنا نُؤْتَى عَلَى حَرْفٍ فَاصْنَعْ ذَلِكَ وَإِلا فَاجْتَنِبْنِي حَتى شَرِيَ أَمْرُهُمَا فَبَلَغَ ذَلِكَ رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَنزَلَ اللهُ عَز وَجَل نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتوا حَرْثَكُمْ أَنى شِئْتُمْ أَيْ مُقْبِلَاتٍ وَمُدْبِرَاتٍ وَمُسْتَلْقِيَاتٍ يَعْنِي بِذَلِكَ مَوْضِعَ الْوَلَدِ.

6816 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما خاتا چۈشىنىپ قالغان. ئەسلىدە بۇ يەردىكى ئەنسارىلار بۇتپەرەست بولۇپ، ئەھلى كىتاب يەھۇدىيلار بىلەن بىللە ياشايتتى. ئۇلار يەھۇدىيلارنى ئۆزلىرىدىن ئىلىم ـ مەرىپەتتە ئۈستۈن دەپ قارايدىغان بولغاچقا، كۆپىنچە ئىشلىرىدا ئۇلارنى دورايتتى. ئەھلى كىتابلاردا ئاياللارغا پەقەتلا يانچە يېتىپ يېقىن كېلىش ئادىتى بار ئىدى ۋە بۇنىڭدا ئايال كىشى ئېچىلىپ قالمايدۇ دەپ قارىلاتتى. بۇ يەردىكى ئەنسارىلار بۇ ئادەتنى ئاشۇ يەھۇدىيلاردىن سىڭدۈرىۋالغان ئىدى. قۇرەيشلەر بولسا، ئاياللارنى راۋۇرۇس ئېچىپ ئالدى تەرەپتىن، ئارقا تەرەپتىن ۋە ياكى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ھوزۇرلىناتتى. مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇلاردىن بىرى ئەنسارىلاردىن بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ، ئۇ ئايال بىلەن ئۆز يۇرتىنىڭ ئادىتى بويىچە يېقىنلاشماقچى بولغان ئىدى، خوتۇنى بۇنى ئەيىبلەپ:

ـ بىز يان يېتىپ يېقىنچىلىق قىلاتتۇق. سەنمۇ شۇنداق قىل، بولمىسا ماڭا يېقىن كەلمە! ـ دېدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىش يېيىلىپ كېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. يەنى، ئاياللىرىڭلارغا مەيلى ئالدى تەرەپتىن ياكى ئارقا تەرەپتىن بولسۇن ۋە ياكى ئوڭدا ياتقان

ھــالــەتتــە بولســۇن، بــالا تۆرىلــــدىغان جايغــا يېقىــنچىلــىــق قىلــســاڭلار بولــۇۋېرىدۇ، دېــمــەكچى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2164)

6817 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ وَالْمُطَلَقَاتُ يَتَرَبصْنَ بِأنفُسِهِن ثَلَاثَةَ قُرُوءٍ وَلَا يَحِـ ـلُ لَهُن أنْ يَكْتُمْنَ مَا خَلَقَ اللهُ فِي أرْحَامِهِن الْآيَةَ وَذَلِكَ أن الرجُلَ كَانَ إذَا طَلَقَ امْرَأتَهُ فَهُـ ـوَ أحَق بِرَجْعَتِهَا وَإنْ طَلقَهَا ثَلَاثًا فَنَسَخَ ذَلِكَ وَقَالَ الطلَاقُ مَرتَانِ.

6817 ـ ئــىــبــنــى ئابــبــاس رەزىيــەللاھــۇ ئــەنهــۇمــا الله تائالانــىــڭ: تــالاق قىــلــىــنغان ئايال ئــۈچ ھــەيــز ئــۆتكــىچە ئــىــددەت تۇتــىــدۇ. ئەگــەر ئــۇلار اللهقــا، ئاخىــرەت كــۈنــىگە ئــىــشــىــنــىــدىــكەن، بەچچىــدانلاردىكى الله ياراتقان نەرســىــنــى (يەنــى بــالــىــنى يــاكــى ھــەيزنــى) يوشــۇرۇشــى دۇرۇس ئەمــەس. ئۇلارنــىــڭ ئەرلــىرى ئەگــەر ئەپلــىــشــىــپ قېلــىــشنى خالــىسا، شۇ مۇددەت ئــىــچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلــىــشكە (باشــقىــلارغا قارىغانــدا) ئەڭ ھــەقلــىــقتــۇر. ئايــالــلــىرى ئۈســـتــىــدە ئەرلــەرنــــىڭ ھــەقلــىـــرى بولغــىــنــــىدەك، ئەرلــــىرى ئۈســـتــىــدە ئاياللارنــىڭمۇ ھــەقلــىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپــىــق دەرىجــىــدە ھــوقــۇقتــىــن بەھرىمەن بولــۇشــى كــېــرەك، مۇۋاپــىــق دەرىجــىــدە مــەجبــۇرىيــەتمــۇ ئۆتــىــشــى كــېــرەك). (ئاياللارغــا مــەھــرى بېــرىش ۋە ئۇلارنــىــڭ تۇرمــۇشــىــنى قامــداش مــەجبــۇرىيــەتلــىرى ئەرلــەرگــە يــۈكلــەنگەنلــىكتــىن) ئەرلــەر ئاياللاردىن بىــر دەرىـــجە ئارتۇقلــۇقــا ئــىــگە. الله غــالــىــبتــۇر. ھـــېكمــەت بىـــلــەن ئــىـــش قىــلــغۇچىــدۇر [2] دېــگەن ئــايــىــتى ھــەققــىــدە مۇنــداق دېــگەن: ئەســلــىدە ئەر كىــشــى ئايــالــىــنى تــالاق قىــلغــان بولــسا (گەرچە ئــۈچ تــالاق قىــلــىــۋەتكەن بولســــىمۇ)، قايتۇرىۋېلــىــشــقا ھــەقلــىــق ئــىــدى. كــېــيــىن، بــۇ ئەمەلــدىن قالدۇرۇلۇپ: (قايتــا يارىشــىــشقا بولــىدىغان) تــالاق ئــىــككــى قېتــىــمــدۇر، ئۇنــىڭدىن كــېــيــىن (خوتــۇنــىــنى) چىــرايلــىقچە تۇتــۇش يــاكــى ياخشــىــلــىق بىــلــەن (يەنــى زۇلــۇم قىــلمــاي، يامــان گــېــپــىــنــى قىــلمــاي، كىــشــىــلەرنى ئۇنــىڭدىن يىــراقلاشتۇرمــاي) قويۇۋېتــىــش لازىم. اللهنىــڭ بەلگىــلــىمــىلــىرىگە

[1] ئەلبانى (1896): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] سۈرە بەقەرە، 228 ـ ئايەت.

رىئـــايە قىلالماســـلىق خەۋپــى (يەنـــى ياخشـــى ئۆتەلمەســـلىك، الله بەلگىلىگەن ئەر ـ خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەڭلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۆچۈن) بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال)نىڭ اللهنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار اللهنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار. اللهنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2195)

6818 ـ عن مَعْقِل بن يَسَارٍ قَالَ كَانَتْ لِي أُخْتٌ تُخْطَبُ إِلَي فَأَتَانِي ابْنُ عَم لِي فَأَنكَحْتُهَا إِياهُ ثُم طَلقَهَا طَلَاقًا لَهُ رَجْعَةٌ ثُم تَرَكَهَا حَتى انْقَضَتْ عِدتُهَا فَلما خُطِبَتْ إِلَي أَتَانِي يَخْطُبُهَا فَقُلْتُ لَا وَاللهِ لَا أُنكِحُهَا أَبَدًا قَالَ فَفِي نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ وَإِذَا طَلقْتُم النسَاءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُن فَلَا تَعْضُلُوهُن أَنْ يَنكِحْنَ أَزْوَاجَهُن الْآيَةَ قَالَ فَكَفرْتُ عَنْ يَمِينِي فَأَنكَحْتُهَا إِياهُ.

6818 ـ مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مېنىڭ بىر ھەمشىرەم بار بولۇپ، ئەلچىلەر ماڭا كېلەتتى. تاغامنىڭ ئوغلى كەلگەن ئىدى، مەن ھەمشىرەمنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ قويدۇم. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ ھەمشىرەمنى (يېنىشىۋالغىلى بولىدىغان) تالاق قىلىپ، ئىددىتى توشقىچە تاشلاپ قويدى. كېيىن ماڭا ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىغاندى، تاغامنىڭ ئوغلى يەنە كېلىپ، ھەمشىرەمنى قايتا ئالماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا:

---

[1] سۈرە بەقەرە، 229 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (1921): ھەسەن سەھىھ ـ دېگەن.

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى ساڭا ھەرگىزمۇ نىكاھلاپ بەرمەيمەن، ـ دېدىم، شۇنىڭ بىلەن، مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ، (ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا) تۇتۇڭلار ياكى ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار، زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىددىتىنى ئۇزارتىپ زۇلۇم قىلىش نىيىتىدە خوتۇنى بىلەن يارىشىدىكەن)، ئۆزىگە ـ ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. اللهنىڭ ئايەتلىرىنى كۈلكە قىلىۋالماڭلار (يەنى اللهنىڭ ئەھكاملىرىنى خىلاپلىق قىلىش يولى بىلەن مەسخىرە قىلماڭلار)، اللهنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابىنى، ھېكمىتىنى (يەنى كىتابىدىكى ئەھكاملارنى) ياد ئېتىڭلار، اللهقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [①].

شۇنىڭ بىلەن، مەن قەسىمىمنىڭ كاپپارىتىنى بېرىپ، ھەمشىرەمنى ئۇنىڭغا قايتا نىكاھلاپ قويدۇم [②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2087)

6819 ـ عَنْ ٱبْنِ عَبَاسٍ {فِيمَا عَرَضْتُمْ بِهِ مِنْ خِطْبَةِ النِسَاءِ} يَقُولُ إِنِي أُرِيدُ التَزْوِيجَ وَلَوَدِدْتُ أَنَهُ تَيَسَرَ لِي ٱمْرَأَةٌ صَالِحَةٌ.

6819 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى پۇرىتىپ ئۆتسەڭلار ياكى بۇنى دىلىڭلاردا يوشۇرۇن تۇتساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۇلارغا ئېغىز ئاچىدىغانلىقىڭلار اللهقا مەلۇمدۇر، لېكىن ئۇلار بىلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپ قويماڭلار، پەقەت (ئاشكارا ئېيتىلسا، كىشى خىجىل بولمايدىغان) مۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلساڭلار بولىدۇ. ئىددەت توشمىغىچە

[①] سۈرە بەقەرە، 231 ـ ئايەت.

[②] ئەلبانى (1838): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشقا بەل باغلىماڭلار، بىلىڭلاركى، الله دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن (يەنى اللهنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (اللهتىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلەنگەنلەرگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ) [1] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: (ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالنى ئالماقچى بولغانلار) مەن توي قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. ماڭا بىر سالىھ ئايال ئۇچرىغان بولسىكەن، ـ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسا بولىدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6820 ـ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ الْأَحْزَابِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَلأَ اللهُ بُيوتَهُمْ وَقُبورَهُمْ نَارًا شَغَلُونَا عَنْ الصلَاةِ الْوُسْطَى حَتى غَابَتْ الشمْسُ.

6820 ــ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھزاب غازىتىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«الله ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ۋە قەبرىلىرىنى ئوتقا توشقۇزىۋەتسۇن. ئۇلار بىزنى كۈن ئولتۇرغىچىلىك ئوتتۇرا ناماز (ئەسىر نامىزى)نى ئوقۇتماي ئاۋارە قىلدى» دېدى.

(بۇخارى: 2931)

6821 ـ عَنْ عَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ الْأَحْزَابِ شَغَلُونَا عَنْ الصلَاةِ الْوُسْطَى صَلَاةِ الْعَصْرِ.

6821 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىزنى ئوتتۇرا نامازدىن توسۇپ قويدى».

(مۇسلىم: 627)

[1] سۈرە بەقەرە، 235 ـ ئايەت.

6822 ـ وفي أخرى: ثُم صَلاهَا بَيْنَ الْعِشَاءَيْنِ بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ.

6822 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇنى (يەنى ئەسىر نامىزىنى) شام بىلەن خۇپتەن نامىزى ئارىلىقىدا ئوقۇۋالدى.

(مۇسلىم: 627)

6823 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ حَبَسَ الْمُشْرِكُونَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ صَلَاةِ الْعَصْرِ حَتى احْمَرتْ الشمْسُ أَوْ اصْفَرتْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَغَلُونَا عَنْ الصلَاةِ الْوُسْطَى صَلَاةِ الْعَصْرِ مَلَأَ اللهُ أَجْوَافَهُمْ وَقُبُورَهُمْ نَارًا أَوْ قَالَ حَشَا اللهُ أَجْوَافَهُمْ وَقُبُورَهُمْ نَارًا.

6823 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇشرىكلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەشغۇل قىلىپ، ئەسىر نامىزىنى تاكى كۈن قىزارغىچە (ياكى سارغايغىچە) ئوقۇتمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«بىزنى ئوتتۇرا نامازنى ئوقۇشتىن توسۇپ قويۇشتى. الله ئۇلارنىڭ قورساقلىرىنى ۋە قەبرىلىرىنى ئوت بىلەن تولدۇرغاي!»

(مۇسلىم: 628)

6824 ـ عَنْ أَبِي يُونُسَ مَوْلَى عَائِشَةَ أَنهُ قَالَ أَمَرَتْنِي عَائِشَةُ أَنْ أَكْتُبَ لَهَا مُصْحَفًا وَقَالَتْ إِذَا بَلَغْتَ هَذِهِ الْآيَةَ فَآذِني حَافِظُوا عَلَى الصلَوَاتِ وَالصلَاةِ الْوُسْطَى فَلَما بَلَغْتُهَا آذَنْتُهَا فَأَمْلَتْ عَلَي حَافِظُوا عَلَى الصلَوَاتِ وَالصلَاةِ الْوُسْطَى وَصَلَاةِ الْعَصْرِ وَقُومُوا لِلهِ قَانِتِينَ قَالَتْ عَائِشَةُ سَمِعْتُهَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

6824 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ خىزمەتچىسى ئەبۇ يۇنۇستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەزرىتى ئائىشە مېنى قۇرئاننى كۆچۈرۈشكە بۇيرۇپ:

— نامازلارنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرانچى نامازنى داۋاملاشتۇرۇڭلار [1] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، ماڭا مەلۇم قىلغىن! ـ دېدى. مەن شۇ ئايەتكە

[1] سۈرە بەقەرە، 238 ـ ئايەت.

كەلگىنىمدە، ئائىشەگە مەلۇم قىلىۋىدىم، ئۇ ماڭا: ناماﺯلارنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرانچى ناماز (ناماز دىگەر)نى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، اﷲنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار دەپ يازدۇرۇپ:

— مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشۇنداق ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 629)

6825 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ رَافِعٍ أَنَّهُ قَالَ كُنْتُ أَكْتُبُ مُصْحَفًا لِحَفْصَةَ أُمِّ الْمُؤْمِنِينَ فَقَالَتْ إِذَا بَلَغْتَ هَذِهِ الْآيَةَ فَآذِنِّي حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلَاةِ الْوُسْطَى وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ فَلَمَّا بَلَغْتُهَا آذَنْتُهَا فَأَمْلَتْ عَلَيَّ حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلَاةِ الْوُسْطَى وَصَلَاةِ الْعَصْرِ وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ.

6825 ـ ئەمىر ئىبنى رافىئ مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قۇرئان كۆچۈرۈپ بېرىۋاتاتتىم، ئۇ:

ـ نامازلارنى بولۇپمۇ، ئوتتۇرانچى نامازنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، اﷲنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار [1] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، ماڭا مەلۇم قىلغىن! ـ دېدى. مەن شۇ ئايەتكە كەلگەندە ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىۋىدىم، ئۇ ماڭا: نامازلارنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرانچى ناماز (نامازدىگەر)نى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار)، اﷲنىڭ ھوزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار دەپ يازدۇردى.

(مالىك: 316)

6826 ـ عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ {حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ} وَصَلَاةِ الْعَصْرِ فَقَرَأْنَاهَا مَا شَاءَ اللَّهُ ثُمَّ نَسَخَهَا اللَّهُ فَنَزَلَتْ {حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلَاةِ

[1] سۈرە بەقەرە، 238 ـ ئايەت.

الْوُسْطَى} فَقَالَ رَجُلٌ كَانَ جَالِسًا عِنْدَ شَقِيقٍ لَهُ هِيَ إِذَنْ صَلَاةُ الْعَصْرِ فَقَالَ الْبَرَاءُ قَدْ أَخْبَرْتُكَ كَيْفَ نَزَلَتْ وَكَيْفَ نَسَخَهَا اللهُ وَاللهُ أَعْلَمُ.

6826 ــ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: الله تائالانىڭ: نامازلارنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرانچى نامىاز نامازدىگەرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، بىر مۇددەتكىچە شۇنداق ئوقۇپ كەلدۇق. كېيىن الله ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا: نامازلارنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرانچى نامازنى داۋاملاشتۇرۇڭلار (يەنى پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار). اللەنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بەرانىڭ تۇغقىنىنىڭ يېنىدا بىرەيلەن ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

ــ ئۇنداقتا، ئۇ ئەسىر نامىزى ئىكەندە؟! ـ دېگەنىدى، بەرا:

ــ مەن ساڭا ئۇنىڭ قانداق نازىل بولۇپ، قانداق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىمغۇ؟ قالغىنىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 630)

6827 ـ عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أن عَلِيّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ وَعَبْدَ اللهِ بْنَ عَبَّاسٍ كَانَا يَقُولَانِ الصَلَاةُ الْوُسْطَى صَلَاةُ الصُبْحِ.

6827 ـ ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ: ئوتتۇرانچى ناماز بامدات نامىزىدۇر، ـ دېگەنلىكى يەتتى.

(مالىك: 316)

6828 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُصَلي الظُهْرَ بِالْهَاجِرَةِ وَلَمْ يَكُنْ يُصَلي صَلَاةً أَشَد عَلَى أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهَا فَنَزَلَتْ حَافِظُوا عَلَى الصلَوَاتِ وَالصلَاةِ الْوُسْطَى وَقَالَ إِن قَبْلَهَا صَلَاتَيْنِ وَبَعْدَهَا صَلَاتَيْنِ.

6828 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىنى كۈن تازا قىززىغاندا ئوقۇيتتى. ساھابىلەرگە بۇنىڭدىنمۇ قىيىن ناماز يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالانىڭ: نامازلارنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرانچى نامازنى داۋاملاشتۇرۇڭلار دېگەن ئايىتى نازىل بولغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنىڭ ئالدىدا (خۇپتەن بىلەن بامداتتىن ئىبارەت) ئىككى ناماز، كەينىدە ئىككى ناماز بار، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 411)

6829 ـ قَالَ ابْنُ الزُّبَيْرِ قُلْتُ لِعُثْمَانَ بْنِ عَفَّانَ وَالَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنْكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَاجًا قَالَ قَدْ نَسَخَتْهَا الْآيَةُ الْأُخْرَى فَلِمَ تَكْتُبُهَا أَوْ تَدَعُهَا قَالَ يَا ابْنَ أَخِي لَا أُغَيِّرُ شَيْئًا مِنْهُ مِنْ مَكَانِهِ.

6828 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئوسمان ئىبنى ئەففانغا:

ـ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئايالى قالىدىغانلار ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنىڭ) بىر يىلغىچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن. ئەگەر (ئاياللىرى) ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[2] دېگەن ئايەتنى يەنە بىر ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرغان تۇرسا، نېمىشقا بۇ ئايەتنى يازىسەن؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ ھېچقاندىقىنى ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتمەيمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4530)

[1] ئەلبانى (397): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە بەقەرە، 234 ـ ئايەت.

6830 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ كَانَتْ الْمَرْأَةُ تَكُونُ مِقْلَاتًا فَتَجْعَلُ عَلَى نَفْسِهَا إِنْ عَاشَ لَهَا وَلَدٌ أَنْ تُهَوِّدَهُ فَلَما أُجْلِيَتْ بَنُو النضِيرِ كَانَ فِيهِمْ مِنْ أَبْنَاءِ الْأَنْصَارِ فَقَالُوا لَا نَدَعُ أَبْنَاءَنَا فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل لَا إِكْرَاهَ فِي الدينِ قَدْ تَبينَ الرشْدُ مِنْ الْغَيِّ قَالَ أَبُو دَاوُد الْمِقْلَاتُ التِي لَا يَعِيشُ لَهَا وَلَدٌ.

6830 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارى ئاياللاردىن بىرەرسىنىڭ بالىسى تۇرماي ئۆلۈپ كەتكەندە:

ــ ئەگەر بالام بولۇپ قالسا، ئۇنى يەھۇدىي قىلىۋېتىمەن، ـ دەپ نەزىر قىلاتتى. بەنى نەزىر قەبىلىسى مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەھۇدىيلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئەنسارى بالىلار خېلىلا كۆپساندا ئىدى. ئەنسارى ئاياللار:

ــ بىز باللىرىمىزنى قويۇپ بەرمەيمىز، ـ دېيىشكەن ئىدى. الله تائالا: دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى اللهتىن باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، اللهقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2682)

6831 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ نَحْنُ أَحَق بِالشك مِنْ إِبْرَاهِيمَ إِذْ قَالَ رَب أَرِنِي كَيْفَ تُحْيِي الْمَوْتَى قَالَ أَوَ لَمْ تُؤْمِنْ قَالَ بَلَى وَلَكِنْ لِيَطْمَئِن قَلْبِي وَيَرْحَمُ اللهُ لُوطًا لَقَدْ كَانَ يَأْوِي إِلَى رُكْنٍ شَدِيدٍ وَلَوْ لَبِثْتُ فِي السجْنِ طُولَ مَا لَبِثَ يُوسُفُ لَأَجَبْتُ الداعِيَ.

6831 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] سۈرە بەقەرە، 256 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (2333): سەھىھ ـ دېگەن.

«شەك قىلىشقا ئىبراھىمدىن بىز بەكرەك لايىقراق، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن، ـ دېدى. الله: (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئىبراھىم: ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن) [1] دېدى. الله لۇتقا رەھىم قىلسۇن، ئۇ تايانغان الله كۈچلۈك تايانچ ئىدى. ئەگەر مەن تۈرمىدە يۈسۈپتەك ئۇزۇن ياتقان بولسام، چاقىرىپ كەلگەن كىشى بىلەن بىللە تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتىم».

(بۇخارى: 3372)

6832 ـ عَنْ عُبَيْدِ بْنِ عُمَيْرٍ قَالَ قَالَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَوْمًا لِأَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَ تَرَوْنَ هَذِهِ الْآيَةَ نَزَلَتْ أَيَود أَحَدُكُمْ أَنْ تَكُونَ لَهُ جَنةٌ قَالُوا اللهُ أَعْلَمُ فَغَضِبَ عُمَرُ فَقَالَ قُولُوا نَعْلَمُ أَوْ لَا نَعْلَمُ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ فِي نَفْسِي مِنْهَا شَيْءٌ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ قَالَ عُمَرُ يَا ابْنَ أَخِي قُلْ وَلَا تَحْقِرْ نَفْسَكَ قَالَ ابْنُ عَباسٍ ضُرِبَتْ مَثَلًا لِعَمَلٍ قَالَ عُمَرُ أَي عَمَلٍ قَالَ ابْنُ عَباسٍ لِعَمَلٍ قَالَ عُمَرُ لِرَجُلٍ غَنِي يَعْمَلُ بِطَاعَةِ اللهِ عَز وَجَل ثُم بَعَثَ اللهُ لَهُ الشيْطَانَ فَعَمِلَ بِالْمَعَاصِي حَتى أَغْرَقَ أَعْمَالَهُ.

6832 ــ ئىبنى ئابباس ۋە ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرگە:

ـ الله تائالانىڭ: ئاراڭلاردا كىممۇ ياقتۇرسۇنكى، ئۇنىڭ خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئېرىقلار ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بولغان بىر بېغى بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆزى قېرىپ قالغان، بالىلىرى ئۇششاق بولۇپ، بۇ باغ ئوت ئېلىپ كەلگەن بىر قارا بورانىدا كۆيۈپ كەتسۇن [2] دېگەن ئايىتىنى قانداق چۈشىنىسىلەر؟ ـ دېگەنىدى، ئۇلار:

[1] سۈرە بەقەرە، 260 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 266 ـ ئايەت.

ــ اللە ئوبدان بىلىدۇ، ـ دېدى. ئۆمەر ئاچچىقلىنىپ:

ــ بىلىمىز ياكى بىلمەيمىز دەڭلار! ـ دېدى. ئىبنى ئابباس:

ــ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇ ئايەت توغرىسىدا كۆڭلۈمدە ئازراق چۈشەنچە بار، ـ دېۋىدى، ئۆمەر:

ــ ئى جىيەنىم، ئۆزۈڭنى كىچىك چاغلىما، قېنى ئېيتقىن! ـ دېدى. ئىبنى ئابباس:

ــ ئۇ ئايەت بىر ئەمەل ئۈچۈن مەسەل قىلىنغان، ـ دېدى، ئۆمەر:

ــ قايسى ئەمەل؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس:

ــ بۇ ئايەت بىر ئەمەلگە مىسال قىلىنغان، ـ دېدى. ئۆمەر:

ــ ئۇ ئايەت اللەنىڭ تائىتى بىلەن ئەمەل قىلىدىغان بىر باي ئادەمگە مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن. كېيىن، اللە ئۇ ئادەمگە شەيتاننى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم گۇناھ ئەمەللەرنى قىلىپ، نەتىجىدە ياخشى ئەمەللىرىنى سۇپۇرۇپ تاشلايدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4538)

6833 ـ عَنْ الْبَرَاءِ وَلَا تَيَمَّمُوا الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنْفِقُونَ قَالَ نَزَلَتْ فِينَا مَعْشَرَ الْأَنْصَارِ كُنَّا أَصْحَابَ نَخْلٍ فَكَانَ الرَّجُلُ يَأْتِي مِنْ نَخْلِهِ عَلَى قَدْرِ كَثْرَتِهِ وَقِلَّتِهِ وَكَانَ الرَّجُلُ يَأْتِي بِالْقِنْوِ وَالْقِنْوَيْنِ فَيُعَلِّقُهُ فِي الْمَسْجِدِ وَكَانَ أَهْلُ الصُّفَّةِ لَيْسَ لَهُمْ طَعَامٌ فَكَانَ أَحَدُهُمْ إِذَا جَاعَ أَتَى الْقِنْوَ فَضَرَبَهُ بِعَصَاهُ فَيَسْقُطُ مِنْ الْبُسْرِ وَالتَّمْرِ فَيَأْكُلُ وَكَانَ نَاسٌ مِمَّنْ لَا يَرْغَبُ فِي الْخَيْرِ يَأْتِي الرَّجُلُ بِالْقِنْوِ فِيهِ الشِّيصُ وَالْحَشَفُ وَبِالْقِنْوِ قَدْ انْكَسَرَ فَيُعَلِّقُهُ فَأَنْزَلَ اللَّهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنْفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنْ الْأَرْضِ وَلَا تَيَمَّمُوا الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنْفِقُونَ وَلَسْتُمْ بِآخِذِيهِ إِلَّا أَنْ تُغْمِضُوا فِيهِ قَالَ لَوْ أَنَّ أَحَدَكُمْ أُهْدِيَ إِلَيْهِ مِثْلُ مَا أَعْطَاهُ لَمْ يَأْخُذْهُ إِلَّا عَلَى إِغْمَاضٍ أَوْ حَيَاءٍ قَالَ فَكُنَّا بَعْدَ ذَلِكَ يَأْتِي أَحَدُنَا بِصَالِحِ مَا عِنْدَهُ.

6833 ــ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندا چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە

قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، الله (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر [1] دېگەن ئايەت بىز ئەنسارىلار جامائەسى ھەققىدە نازىل بولغان. بىزنىڭ خورمىلىرىمىز بار ئىدى، ھەر بىرىمىز خورمىمىزنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئەكىلەتتۇق. بەزىلەر بىر ـ ئىككى ساپاق خورما ئەكىلىپ مەسجىدكە ئېسىپ قوياتتى. ئوزۇق ـ تۈلۈكى يوق سۇپا ئەھلى قورسىقى ئاچسا، ساپاقنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ يەيتتى. بەزى خەير ـ ئېھسان قىلىشنى خالىمايدىغانلار خورمىسى پۇچەك ياكى قۇرۇپ قالغان ۋە ياكى سۇنۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ساپاقنى ئەكىلىپ ئېسىپ قوياتتى. بۇ سەۋەبتىن الله تائالا: ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزەڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، الله (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. يەنى، ئاۋادا بىرىڭلارغا ئۇ بەرگەندەك ناچار خورما سوۋغا قىلىنسا، پەقەتلا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ياكى ھايا قىلغانلىقتىن قوبۇل قىلىپ سالىدۇ، دېمەكچى. شۇندىن كېيىن، ھەممىمىز قولىمىزدىكى ئەڭ ياخشى خورمىنى ئەكىلىپ قويىدىغان بولدۇق [2].

(تىرمىزى: 2987)

6834 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن لِلشيْطَانِ لَمةً بِابْنِ آدَمَ وَلِلْمَلَكِ لَمةً فَأَما لَمةُ الشيْطَانِ فَإِيعَادٌ بِالشر وَتَكْذِيبٌ بِالْحَق وَأَما لَمةُ الْمَلَكِ فَإِيعَادٌ بِالْخَيْرِ وَتَصْدِيقٌ بِالْحَق فَمَنْ وَجَدَ ذَلِكَ فَلْيَعْلَمْ أَنهُ مِنْ اللهِ فَلْيَحْمَدْ اللهَ

[1] سۈرە بەقەرە، 267 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3389): سەھىھ ـ دېگەن.

وَمَنْ وَجَدَ الْأُخْرَى فَلْيَتَعَوذْ بِاللهِ مِنْ الشَيْطَان الرجِيمِ ثُم قَرَأَ الشـ ـيْطَانُ يَعِـ ـدُكُمْ الْفَقْـ ـرَ وَيَأْمُرُكُمْ بِالْفَحْشَاءِ الْآيَةَ.

6834 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەيتانمۇ، پەرىشتىمۇ ئىنساننىڭ كۆڭلىگە بىر نەرسىلەرنى تاشلايدۇ. شەيتاننىڭ كۆڭۈلگە تاشلايدىغانلىرى يامانلىق ۋە ھەقتىن تېنىۋېلىش قاتارلىقلار. پەرىشتىنىڭ كۆڭۈلگە تاشلايدىغىنى بولسا، ياخشىلىق ۋە ھەقنى تەستىقلاشتىن ئىبارەتتۇر. كىمكى كۆڭلىگە شۇنداق ئويلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلسا، بۇنى اللهتىن دەپ بىلىپ، اللهقا ھەمدى ئېيتسۇن. يامان ئوي كەلگەنلىكىنى ھېس قىلسا، اللهتىن قوغلاندى شەيتاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھلىق تىلىسۇن». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ؛ الله سىلەرگە ئۆز مەغفىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. اللهنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(تىرمىزى: 2988)

6835 ـ عَنِ ابْنِ عَبَاسٍ فِي قَوْلِ اللهِ عَز وَجَل: "الذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهمْ بِاللَيْـ ـلِ وَالنهَارِ سِرا وَعَلانِيَةً" [البقرة آية 274] قَالَ: نَزَلَتْ فِي عَلِي بن أَبِي طَالِبٍ كَانَتْ عِنْـ ـدَهُ أَرْبَعَةُ دَرَاهِمَ، فَأَنفَقَ بِاللَيْلِ وَاحِدًا، وَبِالنهَارِ وَاحِدًا، وَفِي السر وَاحِدًا، وَفِي الْعَلانِيَةِ وَاحِدًا.

6835 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت)، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا خەيرى ـ ئېھسان قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ [3]

[1] سۈرە بەقەرە، 268 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (572): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] سۈرە بەقەرە، 274 ـ ئايەت.

دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەت ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇنىڭ يېنىدا تۆت تەڭگە بار ئىدى. ئۇنىڭدىن بىرىنى كېچىدە، بىرىنى كۈندۈزدە، بىرىنى مەخپىي، يەنە بىرىنى ئاشكارا سەدىقە قىلدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 11164)

6836 ـ عن ابن عمر { وَإِنْ تُبْدُوا مَا فِي أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُمْ بِهِ اللَّهُ فَيَغْفِرُ لِمَنْ يَشَاءُ وَيُعَذِّبُ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ } نسخته الآية التي بعدها.

6836 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ دېگەن ئايەت مەنسۇخ قىلىنغان، ـ دېگەن[②].

(بۇخارى: 4545)

6837 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ لَمَّا نَزَلَتْ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَإِنْ تُبْدُوا مَا فِي أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُمْ بِهِ اللَّهُ فَيَغْفِرُ لِمَنْ يَشَاءُ وَيُعَذِّبُ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ قَالَ فَاشْتَدَّ ذَلِكَ عَلَى أَصْحَابِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَتَوْا رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ بَرَكُوا عَلَى الرُّكَبِ فَقَالُوا أَيْ رَسُولَ اللَّهِ كُلِّفْنَا مِنْ الْأَعْمَالِ مَا نُطِيقُ الصَّلَاةَ وَالصِّيَامَ وَالْجِهَادَ وَالصَّدَقَةَ وَقَدْ أُنْزِلَتْ عَلَيْكَ هَذِهِ الْآيَةُ وَلَا نُطِيقُهَا قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَتُرِيدُونَ أَنْ تَقُولُوا كَمَا قَالَ أَهْلُ الْكِتَابَيْنِ مِنْ قَبْلِكُمْ سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا بَلْ قُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ قَالُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ فَلَمَّا اقْتَرَأَهَا الْقَوْمُ ذَلَّتْ بِهَا أَلْسِنَتُهُمْ فَأَنْزَلَ اللَّهُ فِي إِثْرِهَا آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ وَقَالُوا سَمِعْنَا

① ھەيسەمى (10884): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلۋاھىد ئىبنى مۇجاھىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

② سۈرە بەقەرە، 284 ـ ئايەت.

وَأَطَعْنا غُفْرَانَكَ رَبَنا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ فَلَما فَعَلُوا ذَلِكَ نَسَخَهَا اللهُ تَعَالَى فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل لَا يُكَلفُ اللهُ نَفْسًا إِلا وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبنا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا قَالَ نَعَمْ رَبنا وَلَا تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الذِينَ مِنْ قَبْلِنَا قَالَ نَعَمْ رَبنا وَلَا تُحَملْنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنا بِهِ قَالَ نَعَمْ وَاعْفُ عَنا وَاغْفِرْ لَنا وَارْحَمْنَا أَنْتَ مَوْلَانَا فَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ قَالَ نَعَمْ.

6837 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) اللهنىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارە قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. الله خالىغان كىشىگە مەغفىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ ھۆكۈم ساھابىلەرگە بەك ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز كۆتۈرەلەيدىغان ناماز، روزا، جىھاد ۋە زاكاتقا بۇيرۇلىۋىدۇق، ئەمدى ساڭا بۇ ئايەت نازىل بولدى، بىز بۇنىڭغا چىدىيالمايمىز. ـ دېيىشكەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سىلەرمۇ بۇرۇنقى ئەھلى كىتابلاردەك: "ئاڭلىدۇق ۋە ئاسىيلىق قىلدۇق" دېمەكچىمۇ؟ ئۇنداق دېمەي: "ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق. ئى رەببىمىز! مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىرى ساڭا قايتىمىز" دەڭلار! ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق. ئى رەببىمىز! مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىرى ساڭا قايتىمىز، ـ دەپ ئوقۇۋاتقاندا، تىللىرى گاچىلىشىپ قالدى. شۇنىڭ ئارقىسىدىلا الله تائالا: پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان

[1] بەقەرە، 284 ـ ئايەت.

كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللهقا ۋە اللهنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) ''اللهنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)'' دەيدۇ. ئۇلار: ''بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر'' دەيدۇ [1] دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى. ساھابىلار ئۇ ئايەتنى ئوقۇپ شۇنداق دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، الله تائالا بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى بىكار قىلىپ: الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر دېدى. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن دېگەنىدى، الله تائالا ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن) دېدى، الله تائالا يەنە ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، (بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كافىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن [2] دېگەنىدى، الله تائالا يەنە ماقۇللۇق بىلدۈردى.

(مۇسلىم: 125)

6838 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَرْفَعُهُ قَالَ إِن اللهَ تَجَاوَزَ لِأُمتِي عَما وَسْوَسَتْ أَوْ حَدثَتْ بِهِ أَنفُسَهَا مَا لَمْ تَعْمَلْ بِهِ أَوْ تَكَلمْ.

[1] سۈرە بەقەرە، 285 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 286 ـ ئايەت.

6838 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا مەن ئۈچۈن ئۈممىتىمنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەن ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە قىلىپ سالمىغان ياكى سۆزلەپ يۈرمىگەن بولسىلا كەچۈرىۋەتتى».

(بۇخارى: 6664)

# ئالى ئىمران سۈرىسى

6839 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ تَلَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذِهِ الْآيَةَ هُوَ الذِي أَنزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ مِنْهُ آيَاتٌ مُحْكَمَاتٌ هُن أُم الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ فَأَما الذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاءَ تَأْوِيلِهِ وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ إِلا اللهُ وَالراسِخُونَ فِي الْعِلْمِ يَقُولُونَ آمَنا بِهِ كُل مِنْ عِنْدِ رَبنَا وَمَا يَذكرُ إِلا أُولُو الْأَلْبَابِ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا رَأَيْتِ الذِينَ يَتبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ فَأُولَئِكِ الذِينَ سَمى اللهُ فَاحْذَرُوهُمْ.

6839 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (ئى مۇھەممەد!) ئۇ (الله) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت الله بىلىدۇ. ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: ”ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان“. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دېدى:

[1] سۈرە ئال ئىمران، 7 ـ ئايەت.

«سىلەر قۇرئاندىكى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەرگە ئەگىشىدىغان (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدىغان) كىشىلەرنى كۆرسەڭلار، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئەنە شۇلار اللە: ”دىللىرىدا شەك بار“ دەپ ئاتىغان كىشىلەردۇر».

(بۇخارى: 4547)

6840 ـ عن أبي الدرْدَاءِ وأبي أُمَامَةَ ووَاثِلَة بن الأَسْقَعِ وأَنس بن مَالِكٍ، قَالُوا: سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمْ مَن الراسِخُونَ فِي الْعِلْمِ؟ قَالَ: ”هُوَ مَنْ بَرتْ يَمِينُهُ، وَصَدَقَ لِسَانُهُ، وَعَف بَطْنُهُ وَفَرْجُهُ، فَذَاكَ الراسِخُ“.

6840 ـ ئەبۇ دەرداﺋ، ئەبۇ ئۇمامە، ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەﺋ ۋە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئىلىمدا توشقانلار كىملەر؟ ـ دەپ سورالغاندى:

ـ قەسىمىنى بۇزمايدىغان، تىلى راستچىل، قورسىقى بىلەن نۇمۇسلۇق جايلىرى ئىپپەتلىك بولغان كىشى ئىلىمدا توشقان كىشىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(«ئەلكەبىر»: 7658)

6841 ـ عَنْ سَعِيدِ بن جُبَيْرٍ قَالَ قَالَ رَجُلٌ لِابْنِ عَباسٍ إِني أَجِدُ فِي الْقُرْآنِ أَشْيَاءَ تَخْتَلِفُ عَلَي قَالَ {فَلَا أَنسَابَ بَيْنَهُمْ يَوْمَئِذٍ وَلَا يَتَسَاءَلُونَ} {وَأَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ يَتَسَاءَلُونَ} {وَلَا يَكْتُمُونَ اللهَ حَدِيثًا} {وَاللهِ رَبنَا مَا كُنا مُشْرِكِينَ} فَقَدْ كَتَمُوا فِي هَذِهِ الْآيَةِ وَقَالَ { أَمِ السمَاءُ بَنَاهَا إِلَى قَوْلِهِ دَحَاهَا} فَذَكَرَ خَلْقَ السمَاءِ قَبْلَ خَلْقِ الْأَرْضِ ثُم قَالَ {أَئِنكُمْ لَتَكْفُرُونَ بِالذِي خَلَقَ الْأَرْضَ فِي يَوْمَيْنِ إِلَى قَوْلِهِ طَائِعِينَ} فَذَكَرَ فِي هَذِهِ خَلْقَ الْأَرْضِ قَبْلَ خَلْقِ السمَاءِ وَقَالَ {وَكَانَ اللهُ غَفُورًا رَحِيمًا} {عَزِيزًا حَكِيمًا} {سَمِيعًا بَصِيرًا} فَكَأَنهُ كَانَ ثُم مَضَى فَقَالَ {فَلَا أَنسَابَ بَيْنَهُمْ} فِي النفْخَةِ الْأُولَى ثُم يُنْفَخُ فِي

[①] ھەيسەمى (10887): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد ئىسمىلىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

الصور {فَصَعِقَ مَنْ فِي السَمَوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ إِلا مَنْ شَاءَ اللَّهُ } فَلَا أَنْسَابَ بَيْنَهُمْ عِنْدَ ذَلِكَ وَلَا يَتَسَاءَلُونَ ثُم فِي النفْخَةِ الْآخِرَةِ {أَقْبَلَ بَعْضُهُمْ عَلَى بَعْضٍ يَتَسَاءَلُونَ} وَأَما قَوْلُهُ {مَا كُنا مُشْرِكِينَ} {وَلَا يَكْتُمُونَ اللهَ حَدِيثًا} فَإِن اللهَ يَغْفِرُ لِأَهْلِ الْإِخْلَا ا ذُنُوبَهُمْ وَقَالَ الْمُشْرِكُونَ تَعَالَوْا نَقُولُ لَمْ نَكُنْ مُشْرِكِينَ فَخُتِمَ عَلَى أَفْوَاهِهِمْ فَتَنْطِقُ أَيْدِيهِمْ فَعِنْدَ ذَلِكَ عُرِفَ أَن اللهَ لَا يُكْتَمُ حَدِيثًا وَعِنْدَهُ.

6841 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا مۇنداق دېدى:

ــ مەن قۇرئاندا بىر ــ بىرىگە قارىمۇ قارشى مەنىلىك ئايەتلەرنى ئۇچرىتىپ چۈشىنەلمەي قالىمەن، مەسىلەن: سۈر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، بىر ــ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ [1] دېگەن ئايىتى بىلەن: ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ مۇنازىرىلىشىدۇ [2] دېگەن ئايىتى. ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) اللهتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ [3] دېگەن ئايىتى بىلەن: ئۇلار: "پەرۋەردىگارىمىز! الله بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق" دەيدۇ [4]. ئۇلار بۇ ئايەتتە يوشۇرغان. يەنە: سىلەرنى يارىتىش مۇشكۈلمۇ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۈلمۇ؟ الله ئاسماننى ياراتتى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۈكسەك قىلدى ۋە كەم ــ كۈتىسىز قىلدى. ئۇنىڭ كېچىسىنى قاپقاراڭغۇ، كۈندۈزىنى يورۇق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇشىغا لايىق قىلىپ) يايدى [5] دېگەن ئايىتىدە ئاسماننى يارىتىشنى زېمىننى يارىتىشتىن بۇرۇن تىلغا ئالغان، ئاندىن: (سەن ئۇلارغا) "سىلەر زېمىننى ئىككى كۈندە ياراتقان اللهنى ئىنكار

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 101 ـ ئايەت.
[2] سۈرە سافات، 27 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا، 42 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەنئام، 23 ـ ئايەت.
[5] سۈرە نىسا، 42 ـ ئايەت.

قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر“ دېگىن. ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم ـ زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى)، (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن بۇ جاۋابتۇر. ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى، ئاسمان بىلەن زېمىنغا: ”ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)“ دېدى. ئىككىلىسى ”ئىختىيارىي كەلدۇق“ دېدى [1] دېگەن بۇ ئايەتتە زېمىننى يارىتىشنى ئاسماننى يارىتىشتىن بۇرۇن تىلغا ئالغان. ئۇندىن باشقا يەنە: الله ھەقىقەتەن مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [2]؛ الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [3]؛ الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [4] دېگەن بۇ ئايەتلەردىن خۇددى الله تائالا بۇرۇن مۇشۇنداق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن ئىدى، ھازىر ئۇنداق ئەمەس دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— سۇر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ [5] دېگەن ئايەتتىكى ئەھۋال بىرىنچى قېتىم سۇر چېلىنغاندا بولىدۇ. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم سۇر چېلىنىدۇ. سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى الله خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 9 ـ دىن 11 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە نىسا، 23 ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 56 ـ ئايەت.

[4] سۈرە نىسا، 58 ـ ئايەت.

[5] سۈرە مۇئمىنۇن 101 ـ ئايەت.

ھەممىسى ئۆلىدۇ [1]. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سورىشمايدۇ. ئاندىن سۆر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا: ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ مۇنازىرىلىشىدۇ [2]. ئەمدى: (ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) اللهتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ [3] دېگەن ئايىتى بىلەن: ئۇلار: "پەرۋەردىگارىمىز! الله بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق" دەيدۇ [4] دېگەن ئايەتلىرىگە كەلسەك، الله تائالا ئىخلاس ئىگىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ، بۇ چاغدا مۇشرىكلار: "كېلىڭلار، بىز بېرىپ ئۇلارغا: بىز مۇشرىك ئەمەس ئىدۇق، ـ دەپ تۇرىۋالايلى" دېيىشىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا پېچەت ئۇرۇلۇپ، قوللىرى سۆزلەيدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا، الله تائالادىن بىر نەرسە يوشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6842 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ لَما أَصَابَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُرَيْشًا يَوْمَ بَدْرٍ وَقَدِمَ الْمَدِينَةَ جَمَعَ الْيَهُودَ فِي سُوقِ بَنِي قَيْنقَاعَ فَقَالَ يَا مَعْشَرَ يَهُودَ أَسْلِمُوا قَبْلَ أَنْ يُصِيبَكُمْ مِثْلُ مَا أَصَابَ قُرَيْشًا قَالُوا يَا مُحَمدُ لَا يَغُرنكَ مِنْ نَفْسِكَ أَنكَ قَتَلْتَ نَفَرًا مِنْ قُرَيْشٍ كَانُوا أَغْمَارًا لَا يَعْرِفُونَ الْقِتَالَ إِنكَ لَوْ قَاتَلْتَنَا لَعَرَفْتَ أَنا نَحْنُ الناسُ وَأَنكَ لَمْ تَلْقَ مِثْلَنَا فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل فِي ذَلِكَ قُلْ لِلذِينَ كَفَرُوا سَتُغْلَبُونَ قَرَأَ مُصَرفٌ إِلَى قَوْلِهِ فِئَةٌ تُقَاتِلُ فِي سَبِيلِ اللهِ بِبَدْرٍ وَأُخْرَى كَافِرَةٌ.

6842 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا قۇرەيشلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنى بەنى قەينۇقا بازىرىغا يىغىپ، ئۇلارغا:

[1] سۈرە زۇمەر، 68 ـ ئايەت.

[2] سۈرە سافغات، 27 ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 42 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ئىنئام، 23 ـ ئايەت.

ــ ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بىشىڭلارغا قۇرەيشلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەر كەلگىچە مۇسۇلمان بولۇڭلار! ـ دېگەن ئىدى، ئۇلار:

ـ ئى مۇھەممەد! قۇرەيشلەردىن بىر قانچىسىنى ئۆلتۈرۈپلا ئۆزۈڭنى كۈچلۈك ئويلاپ قالمىغىن، ئۇلار ئۇرۇش قىلىشنى بىلمەيدىغان، تەجرىبىسىز سويمىلار ئىدى. ئەگەر بىز بىلەن ئېلىشىپ قالساڭ، ئاندىن بىزنىڭ ھەقىقىي ئۇرۇشالايدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىمىزنى، بىزدەك بىرەرسى بىلەن تېخى ئېلىشىپ باقمىغانلىقىڭنى بىلىپ قالاتتىڭ، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: (ئى مۇھەممەد!) كافىرلارغا ئېيتقىنكى، ''سىلەر (دۇنيادا) مەغلۇپ قىلىنىسىلەر ۋە (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلىنىسىلەر، جەھەننەم نېمە دېگەن يامان تۆشەك''. (ئى يەھۇدىلار جامائەسى! بەدردە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار، بىرى الله يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنى (سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كافىرلار گۇرۇھىدۇر (يەنى الله كافىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كافىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3001)

6843 ـ قَالَ الأَعْمَشُ: وَأَنا أَشْهَدُ بِمَا شَهِدَ اللهُ بِهِ، وَأَسْتَوْدِعُ اللهَ هَذِهِ الشهَادَةَ، وَهِيَ عِنْدَ اللهِ وَدِيعَةٌ "إن الدينَ عِنْدَ اللهِ الإسْلامُ"، قَالَهَا مِرَارًا، قُلْتُ: لَقَدْ سَمِعَ فِيهَا شَيْئًا، فَغَدَوْتُ إِلَيْهِ فَوَدعْتُهُ، ثُم قُلْتُ: يَا أَبا مُحَمدٍ، إني سَمِعْتُكَ تُرَددُ هَذِهِ الآيَةَ، قَالَ: أَوَ مَا بَلَغَكَ مَا فِيهَا؟ قُلْتُ: أَنا عِنْدَكَ مُنْذُ شَهْرٍ لَمْ تُحَدثْنِي، قَالَ: وَاللهِ لأُحَدثَنكَ بِهَا إِلَى سَنَةٍ، فَأَقَمْتُ سَنَةً فَكُنْتُ عَلَى بَابِهِ، فَلَما مَضَتِ السنَةُ، قُلْتُ: يَا أَبا مُحَمدٍ، قَدْ مَضَتِ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 12 ـ ۋە 13 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەلبانى (647): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

السَنَةُ، قَالَ: حَدثَنِي أَبو وَائِلٍ، عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: يُجَاءُ بِصَاحِبِهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ، فَيَقُولُ اللهُ عَز وَجَل: عَبْدِي عَهِدَ إِلَي، وَأَنا أَحَق مَنْ وَفى بِالْعَهْدِ، أَدْخِلُوا عَبْدِي الْجَنةَ.

6843 ـ ئەئمەش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (ھەقىقەتەن اللهنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلامدۇر) [1] دېگەن ئايىتىنى بىر قانچە قېتىم تەكرار ئوقۇپ:

ـ مەنمۇ الله گۇۋاھلىق بەرگەن نەرسىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن ھەم ئاشۇ گۇۋاھلىقىمنى اللهقا ئامانەت تاپشۇرىمەن. ئۇ، اللهنىڭ ھۇزۇرىدا ئامانەتتۇر، ـ دېگەنىدى، بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا، مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ ئەبۇ ۋائىل ماڭا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىپ بەردى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەشۇنداق گۇۋاھلىق بەرگەن كىشى قىيامەت كۈنى كەلتۈرۈلگەندە، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بەندەم ماڭا ئامانەت قىلىپ تاپشۇردى، مەن ئامانەتنى تاپشۇرۇشقا ئەڭ ھەقلىق زاتمەن، بەندەمنى جەننەتكە كىرگۈزۈڭلار »[2].

(«ئەلكەبىر»: 10453)

6844 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن لِكُل نَبِي وُلَاةً مِنْ النبِيينَ وَإِن وَلِيي أَبِي وَخَلِيلُ رَبي ثُم قَرَأَ إِن أَوْلَى الناسِ بِإِبْرَاهِيمَ لَلذِينَ اتبَعُوهُ وَهَذَا النبِي وَالذِينَ آمَنُوا وَاللهُ وَلِي الْمُؤْمِنِينَ.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 18 ـ ۋە 19 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى: (10890): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇمەر ئىبنى مۇختار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

6844 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلەردىن يېقىنلىرى بولىدۇ، مېنىڭ يېقىنىم رەببىمنىڭ دوستى ۋە ئاتام ئىبراھىمدۇر» دېگەندىن كېيىن: ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار شۈبھىسىزكى، (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)دۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان) مۆئمىنلەردۇر. الله مۆئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر [①] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان[②].

(تىرمىزى: 2995)

6845 ـ قَالَ ٱبْنُ عَباسٍ وَآلُ عِمْرَانَ الْمُؤْمِنُونَ مِنْ آلِ إِبْرَاهِيمَ وَآلِ عِمْـرَانَ وَآلِ يَاسِينَ وَآلِ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ {إِن أَوْلَى الناسِ بِإِبْرَاهِيمَ لَلذِينَ اتبَعُـوهُ} وَهُمْ الْمُؤْمِنُونَ.

6845 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئىمران ئەۋلادىدىن ئىبراھىم، ئىمران، ياسىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۆئمىنلەر مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى الله: ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار شۈبھىسىزكى، (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر دېگەن. ئۇلار بولسا مۆئمىنلەردۇر.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6846 ـ وَقَالَ ٱبْنُ عَباسٍ {نَذَرْتُ لَكَ مَا فِي بَطْنِي مُحَررًا} لِلْمَسْجِدِ يَخْدُمُهَا.

6846 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئىمراننىڭ ئايالى: پەرۋەردىگارىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن)

[①] سۈرە ئال ئىمران، 68 ـ ئايەت.

[②] ئەلبانى (2394): سەھىھ ـ دېگەن.

[1] ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم، ـ دېدى دېگەن ئايەتنى: (پەرزەنتىنى) مەسجىد خىزمىتىگە ئاتىغان، ـ دەپ تەپسىر قىلغان.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6847 ـ وَقَوْلِهِ عَز وَجَل {إِذْ يُلْقُونَ أَقْلَامَهُمْ أَيهُمْ يَكْفُلُ مَرْيَمَ} وَقَالَ ابْنُ عَبـاسٍ اقْتَرَعُوا فَجَرَتْ الْأَقْلَامُ مَعَ الْجِرْيَةِ وَعَالَ قَلَمُ زَكَرِياءَ الْجِرْيَةَ.

6847 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: مەريەمنى ئۇلارنىڭ قايسىسى تەربىيىسىگە ئېلىش (مەسىلىسىدە چەك تاشلاش يۈزىسىدىن) قەلەملىرىنى (سۇغا) تاشلىغان چاغدا، سەن ئۇلارنىڭ يېنىدا يوق ئىدىڭ [2] دېگەن ئايىتىنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: ئۇلار چەك تاشلىغاندا، قەلەملىرى ئېقىپ كېتىپ، پەقەت زەكەرىيانىڭلا قەلىمى ئېقىنىنىڭ ئۈستىدە ئاقماي لەيلىگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

6848 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ أَسْلَمَ ثُم ارْتَد وَلَحِقَ بِالشرْكِ ثُم تَندمَ فَأَرْسَلَ إِلَى قَوْمِهِ سَلُوا لِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ لِي مِنْ تَوْبَةٍ فَجَاءَ قَوْمُهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا إِن فُلَانًا قَدْ نَدِمَ وَإِنهُ أَمَرَنَا أَنْ نَسْأَلَكَ هَلْ لَهُ مِنْ تَوْبَةٍ فَنَزَلَتْ كَيْفَ يَهْدِي اللهُ قَوْمًا كَفَرُوا بَعْدَ إِيمَانِهِمْ إِلَى قَوْلِهِ غَفُورٌ رَحِيمٌ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ فَأَسْلَمَ.

6848 ــ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر كىشى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، مۇرتەد بولۇپ مۇشرىكلارغا قېتىلىپ كەتتى. كېيىن (بۇ قىلمىشىغا) پۇشمان قىلىپ، ئۆز تۇغقانلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ:

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 35 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 44 ـ ئايەت.

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ بىرىڭلار، ماڭا تەۋبە بارمۇ ـ يوق؟ ـ دېگەندى، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزدى. شۇ ئارىدا، الله تائالانىڭ بۇ ئايىتى نازىل بولدى: ئىمان ئېيتقاندىن، پەيغەمبەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە شاھىد بولغاندىن ۋە ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن كافىر بولغان قەۋمنى الله قانداقمۇ ھىدايەت قىلسۇن! الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. اللهنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچراش ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. پەقەت تەۋبە قىلغانلار ۋە (بۇزۇق ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله (مۇنداقلارغا) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مېھرىباندۇر [1]. تۇغقانلىرى بۇنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىۋىدى، ئۇ قايتا مۇسۇلمان بولدى[2].

(نەسائى: 4068)

6849 ـ عن عبد الله بن عمر قال حضرتI هذه الآية (لن تنالوا البر حتى تنفقوا مما تحبون) فذكرت ما أعطاني الله عزوجل فلم أجد شيئا أحب إلي من مرجانة جارية لي رومية فقال هي حرة لوجه الله فلو أني أعود في شئ جعلته لله لنكحتها.

6849 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كاللامغا الله تائالانىڭ: ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغىچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغىچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (اللهنىڭ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [3] دېگەن ئايىتى كېلىۋىدى، مەن الله تائالا ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن رىملىق كېنىزىكىم مەرجانەدىنمۇ (مەن ئۇچۇن)

[1] سۈرە ئال ئىمران، 86 ـ دىن 89 ـ ئايەتكىچە.
[2] ئەلبانى (3792): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 92 ـ ئايەت.

سۈيۈملۈكرەك نەرسىنى تاپالماي: ”ئۇ، الله رازىلىقى ئۈچۈن ھۆردۇر“ دەۋەتتىم. ناۋادا، الله ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن نەرسىدىن يېنىۋالغاندەك بولۇپ قالمايدىغان بولسام، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىۋالغان بولاتتىم[1].

(بەززار: 2194)

6850 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بن مَسْعُودٍ، فِي قَوْلِهِ: "اتقُوا اللهَ حَق تُقَاتِهِ" [آل عمران: 102]، قَالَ: "أَنْ يُطَاعَ وَلاَ يُعْصَى، وَأَنْ يُشْكَرَ وَلاَ يُكْفَرَ، وَأَنْ يُذْكَرَ، وَلاَ يُنْسَى".

6850 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ئى مۆئمىنلەر! اللهقا مۇۋاپىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار [2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: بۇ ئايەتتىن الله تائالاغا ئىتائەت قىلىش، ئاسىيلىق قىلماسلىق، شۈكۈر قىلىش، تانماسلىق، ياد ئېتىش، ئۇنتۇماسلىق كۆزدە تۇتۇلغان، ـ دېگەن[3].

(«ئەلكەبىر»: 8501)

6851 ـ عَنْ أَبِي غَالِبٍ قَالَ رَأَى أَبُو أُمَامَةَ رُءُوسًا مَنْصُوبَةً عَلَى دَرَجِ مَسْجِدِ دِمَشْقَ فَقَالَ أَبُو أُمَامَةَ كِلَابُ النارِ شَر قَتْلَى تَحْتَ أَدِيمِ السمَاءِ خَيْرُ قَتْلَى مَنْ قَتَلُوهُ ثُم قَرَأَ يَوْمَ تَبْيَض وُجُوهٌ وَتَسْوَد وُجُوهٌ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ قُلْتُ لِأَبِي أُمَامَةَ أَنتَ سَمِعْتَهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ لَمْ أَسْمَعْهُ إِلا مَرةً أَوْ مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا أَوْ أَرْبَعًا حَتى عَد سَبْعًا مَا حَدثْتُكُمُوهُ.

6851 ـ ئەبۇ غالىبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەمەشىق مەسجىدىنىڭ پەلەمپەيلىرىگە تىكىلەپ تىزىلغان كاللىلارنى كۆرۈپ:

[1] ھەيسەمى (10892): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى نامەلۇم بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 92 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (10893): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىرىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى، يەنە بىر سەنەدى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

ــ بۇ كاللىلارنىڭ ئىگىلىرى (خاۋارىجلار) ئۇتنىڭ ئىتلىرىدۇر. بۇلار كۆك ئاسمانىنىڭ ئاستىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر، ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولسا، بۇلار ئۆلتۈرگەنلەردۇر، ـ دېدى ۋە: شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) بەزى يۈزلەر (يەنى مۆئمىنلەرنىڭ يۈزلىرى) ئاقىرىدۇ، بەزى يۈزلەر (يەنى كۇففارلارنىڭ يۈزلىرى) قارىيىدۇ. يۈزى قارايغانلارغا (پەرىشتىلەر ئېيتىدۇكى) ”ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن كافىر بولدۇڭلارمۇ؟ كافىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار“ [①] دېگەن ئايەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇدى، مەن ئەبۇ ئۇمامەدىن:

ــــ سەن بۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ مەن بۇنى بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت... يەتتە قېتىم ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاڭلىمىغان بولسام، سىلەرگە سۆزلەپ يۈرمىگەن بولاتتىم، ـ دېدى [②].

(تىرمىزى: 3000)

6852 ـ عَنْ بَهْزِ بْنِ حَكِيمٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَنَّهُ سَمِعَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِي قَوْلِهِ تَعَالَى كُنْتُمْ خَيْرَ أُمةٍ أُخْرِجَتْ لِلناسِ قَالَ إِنكُمْ تَتِمونَ سَبْعِينَ أُمةً أَنْتُمْ خَيْرُهَا وَأَكْرَمُهَا عَلَى اللهِ.

6852 ـ بەھز ئىبنى ھەكىم دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، اللهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن

---

[①] سۈرە ئال ئىمران، 106 ـ ئايەت.

[②] ئەلبانى (2398): ھەسەن سەھىھ ـ دېگەن.

(دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى، ئۇلاردىن مۆئمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەر يەتمىش ئۈممەتنىڭ يەتمىشىنچىسى، بىراق سىلەر الله تائالانىڭ نەزىرىدە ھەممىدىن ياخشىسى ۋە ئىززەتلىكىسىلەر»[2].

(تىرمىزى: 3001)

6853 ـ عَن ابْنِ عَباسٍ فِي قَوْلِهِ عَز وَجَل كُنْتُمْ خَيْرَ أُمةٍ أُخْرِجَتْ لِلناسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنْ الْمُنْكَرِ قَالَ هُمْ الذِينَ هَاجَرُوا مَعَ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمَدِينَةِ.

6853 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، اللهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى، ئۇلاردىن مۆئمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر [3] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇلار مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلاردۇر[4].

(ئەھمەد: 2463)

6854 ـ عَن ابْنِ عَباسٍ رَضِي اللهُ تَعَالَى عَنْهمَا، قَالَ: لَما أَسْلَمَ عَبْدُ اللهِ بن سَلامٍ، وَثَعْلَبَةُ بن سَعْيَةَ، وَأَسَدُ بن عُبَيْدٍ، وَمَنْ أَسْلَمَ مِنْ يَهُودَ، فَآمَنُوا، وَصَدقُوا، وَرَغِبُوا

[1] سۈرە ئال ئىمران، 110 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2399): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 110 ـ ئايەت.

[4] ھەيسەمى (10898): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ﻓِﻲ اﻹِﺳْﻼﻡِ، ﻗَﺎﻟَﺖْ ﺃَﺣْﺒَﺎﺭُ ﻳَﻬُﻮﺩَ ﺃَﻫْﻞُ ﺍﻟْﻜُﻔْﺮِ: ﻣَﺎ ﺁﻣَﻦَ ﺑِﻤُﺤَﻤَّﺪٍ، ﻭَﻻ ﺗَﺒِﻌَﻪُ ﺇِﻻ ﺷِﺮَﺍﺭُﻧَﺎ، ﻭَﻟَﻮْ ﻛَﺎﻧُﻮﺍ ﻣِﻦْ ﺧِﻴَﺎﺭِﻧَﺎ، ﻣَﺎ ﺗَﺮَﻛُﻮﺍ ﺩِﻳﻦَ ﺁﺑَﺎﺋِﻬِﻢْ، ﻓَﺄَﻧْﺰَﻝَ ﺍﻟﻠَّﻪُ ﻋَﺰَّ ﻭَﺟَﻞَّ ﻓِﻲ ﺫَﻟِﻚَ ﻣِﻦْ ﻗَﻮْﻟِﻬِﻢْ: {ﻟَﻴْﺴُﻮﺍ ﺳَﻮَﺍﺀً ﻣِﻦْ ﺃَﻫْﻞِ ﺍﻟْﻜِﺘَﺎﺏِ} ﺇِﻟَﻰ ﻗَﻮْﻟِﻪِ: {ﻣِﻦَ ﺍﻟﺼَّﺎﻟِﺤِﻴﻦَ} [آل عمران: 113 ، 114].

6854 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى سەلام، سەئلەبە ئىبنى سەئيە، ئەسەد ئىبنى ئۇبەيد ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم يەھۇدىيلار مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامنى تاللىغانىدى، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى:

— مۇھەممەدكە بىزنىڭ پەقەت ئوساللىرىمىز ئىمان ئېيتىپ ئەگەشتى. ئۇلار بىزنىڭ ئوبدانلىرىمىز بولغان بولسا ئىدى، ئاتا ــ بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى تاشلىمىغان بولاتتى، ـ دېيىشتى. الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ: ئۇلار بىر خىل ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالاردىن) كېچىلىرى اللهنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار. ئۇلار اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ؛ ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 1388)

6855 ـ ﻋَﻦْ ﺃَﺑِﻲ ﺃُﻣَﺎﻣَﺔَ، ﻋَﻦِ ﺍﻟﻨَّﺒِﻲِّ ﺻَﻠَّﻰ ﺍﻟﻠَّﻪُ ﻋَﻠَﻴْﻪِ ﻭَﺳَﻠَّﻢَ، ﻓِﻲ ﻗَﻮْﻝِ ﺍﻟﻠَّﻪِ ﻋَﺰَّ ﻭَﺟَﻞَّ: "ﻳَﺎ ﺃَﻳُّﻬَﺎ ﺍﻟَّﺬِﻳﻦَ ﺁﻣَﻨُﻮﺍ ﻻ ﺗَﺘَّﺨِﺬُﻭﺍ ﺑِﻄَﺎﻧَﺔً ﻣِﻦْ ﺩُﻭﻧِﻜُﻢْ ﻻ ﻳَﺄْﻟُﻮﻧَﻜُﻢْ ﺧَﺒَﺎﻻ، ﻭَﺩُّﻭﺍ ﻣَﺎ ﻋَﻨِﺘُّﻢْ ﻗَﺪْ ﺑَﺪَﺕِ ﺍﻟْﺒَﻐْﻀَﺎﺀُ ﻣِﻦْ ﺃَﻓْﻮَﺍﻫِﻬِﻢْ، ﻭَﻣَﺎ ﺗُﺨْﻔِﻲ ﺻُﺪُﻭﺭُﻫُﻢْ ﺃَﻛْﺒَﺮُ ﻗَﺪْ ﺑَﻴَّﻨَّﺎ ﻟَﻜُﻢُ ﺍﻵﻳَﺎﺕِ ﺇِﻥْ ﻛُﻨْﺘُﻢْ ﺗَﻌْﻘِﻠُﻮﻥَ" [آل عمران: 118] ﻗَﺎﻝَ: "ﻫُﻢُ ﺍﻟْﺨَﻮَﺍﺭِﺝُ".

6855 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] سۈرە ئال ئىمران، 113 ـ ۋە 114 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (10899): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

«الله تائالانىڭ: ئى مۆئمىنلەر! ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدا مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق [1] دېگەن ئايىتىدىكىلەر خاۋارىجلاردۇر» دېگەن[2].

(«ئەلكەبىر»: 8047)

6856 ـ عن جَابِرِ بْن عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَقُولُ فِينَا نَزَلَتْ إِذْ هَمَّتْ طَائِفَتَانِ مِنْكُمْ أَنْ تَفْشَلَا وَاللهُ وَلِيُّهُمَا قَالَ نَحْنُ الطَّائِفَتَانِ بَنُو حَارِثَةَ وَبَنُو سَلِمَةَ وَمَا نُحِب وَقَالَ سُفْيَانُ مَرَّةً وَمَا يَسُرُّنِي أَنَّهَا لَمْ تُنْزَلْ لِقَوْلِ اللهِ وَاللهُ وَلِيُّهُمَا.

6856 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: الله تائالانىڭ: ئۆز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئاجىزلىق كۆرسەتمەكچى بولدى [3] دېگەن ئايىتى بىز بەنى سەلەمە ۋە بەنى ھارىسە جەمەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ ھەققىدە نازىل بولغان. بۇ ئايەتنى چۈشمىگەن بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلمايمەن. چۈنكى الله تائالا (شۇ ئايەتتە): الله ئۇلارنىڭ ئىگىسى دېگەن.

(بۇخارى: 4558)

6857 ـ عن أبى هريرة قال جاء رجل إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال أرأيت قوله (وجنة عرضها السموات والارض) قال فأين النار قال أرأيت الليل في التمس كل شئ فأين النهار قال حيث شاء الله قال فكذلك النار حيث شاء الله.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 118 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10900): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 122 ـ ئايەت.

6857 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ الله تائالا: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغفىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ــ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار [1] دېگەن تۇرسا، ئۇنداقتا دوزاخ قەيەردە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەممە نەرسىنى قاپلىغان كېچىنى كۆرمىدىڭمۇ، ئۇنداقتا، كۈندۈز قېنى؟ ـ دېدى. ئۇ:

ـ الله خالىغان جايدا، ـ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ دوزاخمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، الله خالىغان جايدا، ـ دېدى[2].

(بەززار: 2196)

6858 ـ سَالِمٌ عن أبيه: أنَهُ سمع رَسُولَ اللهِ ﷺ إذا رَفَعَ رَأْسَهُ من الركُوعِ من الركْعَةِ الْآخِرَةِ من الْفَجْرِ يقول اللهم الْعَنْ فُلَانًا وَفُلَانًا وَفُلَانًا بَعْدَ ما يقول سمع اللهُ لِمَنْ حَمِدَهُ رَبنَا وَلَكَ الْحَمْدُ فَأَنزَلَ الله (ليس لك من الْأَمرِ شَيْءٌ) إلى قَوْلِهِ (فَإِنهُمْ ظَالِمُونَ) وَعَنْ حَنْظَلَةَ بن أبي سُفْيَانَ سمعت سَالِمَ بن عبد اللهِ يقول كان رسول اللهِ ﷺ يَدْعُو على صَفْوَانَ بن أُمية وَسُهَيْلِ بن عَمْرٍو وَالْحَارِثِ بن هِشَامٍ فَنَزَلَتْ (ليس لك من الْأَمرِ شَيْءٌ) إلى قَوْلِهِ (فَإِنهُمْ ظَالِمُونَ)

6858 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە، سۇھەيل ئىبنى ئەمر ۋە ھارىس ئىبنى ھىشاملارغا بەددۇئا قىلاتتى، كېيىن الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 133 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10902): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، الله يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن (كۇفرىدا چىڭ تۇرسا) ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى.

(بۇخارى: 4070)

6859 ـ عن سَالِمٍ عن أبيه أَنَّهُ سمع النبي ﷺ حين رَفَعَ رَأْسَهُ من صَلَاةِ الصُّبْحِ من الركْعَةِ الْآخِرَةِ قال اللهم الْعَنْ فُلَانًا وَفُلَانًا يَدْعُو على أُناسٍ من الْمُنَافِقِينَ فَأَنْزَلَ الله عز وجل (ليس لك من الْأَمرِ شَيْءٌ أو يَتُوبَ عليهم أو يُعَذِّبَهُمْ فَإِنَّهُمْ ظَالِمُونَ).

6859 ـ سالىم دادىسى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بامدات نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە:

«ئى الله! پالانى پالانىغا لەنەت قىلغىن!» دەپ، بىر قانچە مۇناپىقنى قارغاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئارقىدىنلا الله تائالا: (ئى مۇھەممەد!) ھېچ ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرى) سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس، الله يا ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولسا) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، يا ئۇلار زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن (كۇفرىدا چىڭ تۇرسا) ئۇلارنى ئازابقا دۇچار قىلىدۇ [2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[3].

(نەسائى: 1078)

6860 ـ عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ أن النسَاءَ كُن يَوْمَ أُحُدٍ خَلْفَ الْمُسْلِمِينَ يُجْهِزْنَ عَلَى جَرْحَى الْمُشْرِكِينَ فَلَوْ حَلَفْتُ يَوْمَئِذٍ رَجَوْتُ أَنْ أَبر إِنَّهُ لَيْسَ أَحَدٌ مِنا يُرِيدُ الدُّنْيا حَتى أَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل مِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الدنْيا وَمِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الْآخِرَةَ ثُم صَرَفَكُمْ عَنْهُم لِيَبْتَلِيَكُمْ.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 128 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 128 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (1033): سەھىھ ـ دېگەن.

6860 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۇھۇد غازىتىدا ئاياللار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ مۇشرىكلارنىڭ يارىدارلىرىنى ئۆلتۈرەتتى. ناۋادا مەن شۇ كۈنى: ”بىزدىن ھېچكىممۇ دۇنيانى خالىمايدۇ“ دەپ قەسەم قىلغان بولسام، قەسىمىم توغرا چىقىدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئەمما الله تائالا: الله سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى؛ اللهنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، الله سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار، (پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن الله سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. الله مۇئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى قارىشىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدىم[2].

(ئەھمەد: 4414؛ «ئەلئەۋسەت»)

6861 ـ قَالَ ٱبْنُ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ وَمَا كَانَ لِنَبِيٍ أَنْ يَغُـلَّ فِي قَطِيفَةٍ حَمْرَاءَ فُقِدَتْ يَوْمَ بَدْرٍ فَقَالَ بَعْضُ الناسِ لَعَل رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ أَخَذَهَا فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل وَمَا كَانَ لِنَبِيٍ أَنْ يَغُل إِلَى آخِرِ الْآيَةِ

6861 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ: ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ). كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ھەر

[1] سۈرە ئال ئىمران، 152 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10904): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات، (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ [1] دېگەن ئايىتى بەدر غازىتىدا يوقاپ كەتكەن بىر قىزىل مەخمەل يېپىنچا ھەققىدە نازىل بولغان. بەزى مۇناپىقلار:

ـ ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئالغاندۇ، ـ دېگەن ئىدى، الله تائالا: (ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ دېگەن ئايەتنى ئاخىرىغىچە نازىل قىلدى [2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3971)

6862 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ حَسْبُنَا اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ قَالَهَا إِبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السلَام حِينَ أُلْقِيَ فِي النارِ وَقَالَهَا مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ قَالُوا إِن الناسَ قَدْ جَمَعُوا لَكُمْ فَاخْشَوْهُمْ فَزَادَهُمْ إِيمَانًا وَقَالُوا حَسْبُنَا اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ.

6862 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى ئۇلار: ”بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!“ دېدى [3] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! دېگەن بۇ سۆزنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغان چاغدا ئېيتقانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ مۇشرىك تەرەپدارلىرى: شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار دېگەن چاغدا، شۇنداق دېگەن.

(بۇخارى: 4563)

6863 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رِجَالًا مِنْ الْمُنَافِقِينَ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْغَزْوِ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 161 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3360): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 173 ـ ئايەت.

تَخَلَّفُوا عَنْهُ وَفَرِحُوا بِمَقْعَدِهِمْ خِلَافَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَإِذَا قَدِمَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اعْتَذَرُوا إِلَيْهِ وَحَلَفُوا وَأَحَبُّوا أَنْ يُحْمَدُوا بِمَا لَمْ يَفْعَلُوا فَنَزَلَتْ لَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَفْرَحُونَ بِمَا أَتَوْا وَيُحِبُّونَ أَنْ يُحْمَدُوا بِمَا لَمْ يَفْعَلُوا الْآيَةَ.

6863 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتقا چىقسا، بەزى مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە بىللە چىقمايتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرغانلىقىدىن خۇشال بولۇشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتىن قايتىپ كەلگەندە، يالغان باھانىلەر بىلەن قەسەم قىلىشىپ، ئۆزرە ئېيتىشاتتى. ئۇلار قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد!) قىلغان ئىشلىرىدىن (يەنى ھەقنى ياپقانلىقىدىن) خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى.

(بۇخارى: 4567)

6864 ـ عَنْ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ أَنَّ عَلْقَمَةَ بْنَ وَقَّاصٍ أَخْبَرَهُ أَنَّ مَرْوَانَ قَالَ لِبَوَّابِهِ اذْهَبْ يَا رَافِعُ إِلَى ابْنِ عَبَّاسٍ فَقُلْ لَئِنْ كَانَ كُلُّ امْرِئٍ فَرِحَ بِمَا أُوتِيَ وَأَحَبَّ أَنْ يُحْمَدَ بِمَا لَمْ يَفْعَلْ مُعَذَّبًا لَنُعَذَّبَنَّ أَجْمَعُونَ فَقَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ وَمَا لَكُمْ وَلِهَذِهِ إِنَّمَا دَعَا النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَهُودَ فَسَأَلَهُمْ عَنْ شَيْءٍ فَكَتَمُوهُ إِيَّاهُ وَأَخْبَرُوهُ بِغَيْرِهِ فَأَرَوْهُ أَنْ قَدْ اسْتَحْمَدُوا إِلَيْهِ بِمَا أَخْبَرُوهُ عَنْهُ فِيمَا سَأَلَهُمْ وَفَرِحُوا بِمَا أُوتُوا مِنْ كِتْمَانِهِمْ ثُمَّ قَرَأَ ابْنُ عَبَّاسٍ وَإِذْ أَخَذَ اللَّهُ مِيثَاقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ كَذَلِكَ حَتَّى قَوْلِهِ يَفْرَحُونَ بِمَا أَتَوْا وَيُحِبُّونَ أَنْ يُحْمَدُوا بِمَا لَمْ يَفْعَلُوا.

[1] سۈرە ئال ئىمران، 188 ـ ئايەت.

6864 ـ ئەلقەمە ئىبنى ۋەققاستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەرۋان ئىشىك باقارىغا:

ـــ ئى رافىئ! ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا بېرىپ: "ئەگەر ئاتا قىلىنغان نەرسىگە خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشى بىلەن ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق ئادەم ئازابلىنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، ھەممىمىز ئازابلىنىمىز" دېگىن! ـ دېدى. (ئۇ ئىبنى ئابباسقا خەۋەر قىلغاندىن كېيىن) ئىبنى ئابباس:

ـــ بۇ مەسىلە بىلەن سىلەرنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىڭلار بار؟ بۇ ئىشنىڭ ئەسلى مۇنداق: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىيلارنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن بىر نەرسە توغرۇلۇق سوئال سورىغاندى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورىغان سوئالنىڭ راست جاۋابىنى يوشۇرۇپ، يالغان نەرسىلەر بىلەن جاۋاب بەردى ۋە يالغان جاۋابى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىنى ماختىشىنى ئارزۇ قىلدى ھەم ھەقىقەتنى يوشۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۆز ۋاقتىدا، الله كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار)دىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكى اللەنىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى، لېكىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئۇلار ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنا بەدەلگە (يەنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىگە) تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ ئالغىنى نېمىدېگەن يامان! (ئى مۇھەممەد!) قىلغان ئىشلىرىدىن (يەنى ھەقنى يايپقانلىقىدىن) خۇشال بولىدىغان، قىلمىغان ئىشلىرى بىلەن مەدھىيىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغىن، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [1].

(بۇخارى: 4568)

[1] سۈرە ئال ئىمران، 177 ـ ۋە 178 ـ ئايەتلەر.

6865 ـ عن ابن عباس: ما من بر ولا فاجر إلا والموت خير له، Ź تلا: (إِنَّمَا نُمْلِي لهم لِيَزْدَادُوا إِثْمًا) وتلا: (وَمَا عِندَ اللّٰهِ خَيْرٌ لِلْأَبْرَارِ).

6865 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: مەيلى ياخشى ياكى پاسىق بولسۇن، ھەرقانداق ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈم ياخشىدۇر، ـ دېگەنلىكى، ئاندىن: كافىرلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ[1] ۋە: ﷲنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنا راھەتتىن) ئارتۇقتۇر[2] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[3].

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6866 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ لَا أَسْمَعُ اللهَ ذَكَرَ النسَاءَ فِي الْهِجْرَةِ فَأَنزَلَ اللهُ تَعَالَى أني لَا أُضِيعُ عَمَلَ عَامِلٍ مِنْكُمْ مِنْ ذَكَرٍ أَوْ أُنثَى بَعْضُكُمْ مِنْ بَعْضٍ.

6866 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ھىجرەت توغرىسىدا ئاياللارنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىمايمەنغۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، كۆپ ئۆتمەي، ﷲ تائالا: ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى: ”مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش

[1] سۈرە ئال ئىمران، 178 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 198 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىدىكى يەزىد ئىبنى ئەبۇ زىيادتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇنىڭ ھەدىسىمۇ ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن. ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا (يەنى اللهنىڭ دىنى ئۈچۈن) ئەزىيەت تارتقانلار، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار (يەنى مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقانلار) ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى (مەغفىرىتىم ۋە رەھمىتىم بىلەن) ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن". بۇ (ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) الله تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. اللهنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات (يەنى جەننەت) بار[1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى[2].

(تىرمىزى: 3023)

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 195 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2420): سەھىھ ـ دېگەن.

## نىسا سۈرىسى

6867 ـ عن عُرْوَة أَنَّهُ سَأَلَ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا وَإِنْ خِفْتُمْ أَلا تُقْسِطُوا فِي الْيَتَامَى قَالَتْ يَا ابْنَ أُخْتِي هَذِهِ الْيَتِيمَةُ تَكُونُ فِي حَجْرِ وَلِيهَا فَيَرْغَبُ فِي جَمَالِهَا وَمَالِهَا وَيُرِيدُ أَنْ يَنْتَقِصَ صَدَاقَهَا فَنُهُوا عَنْ نِكَاحِهِن إِلا أَنْ يُقْسِطُوا فِي إِكْمَالِ الصدَاقِ وَأُمِرُوا بِنِكَاحِ مَنْ سِوَاهُن قَالَتْ وَاسْتَفْتَى الناسُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأَنْزَلَ اللهُ وَيَسْتَفْتُونَكَ فِي النسَاءِ إِلَى وَتَرْغَبُونَ أَنْ تَنْكِحُوهُن فَأَنْزَلَ اللهُ لَهُمْ أَن الْيَتِيمَةَ إِذَا كَانَتْ ذَاتَ جَمَالٍ وَمَالٍ رَغِبُوا فِي نِكَاحِهَا وَنَسَبِهَا وَسُنتِهَا فِي إِكْمَالِ الصدَاقِ وَإِذَا كَانَتْ مَرْغُوبَةً عَنْهَا فِي قِلةِ الْمَالِ وَالْجَمَالِ تَرَكُوهَا وَأَخَذُوا غَيْرَهَا مِنْ النسَاءِ قَالَتْ فَكَمَا يَتْرُكُونَهَا حِينَ يَرْغَبُونَ عَنْهَا فَلَيْسَ لَهُمْ أَنْ يَنْكِحُوهَا إِذَا رَغِبُوا فِيهَا إِلا أَنْ يُقْسِطُوا لَهَا وَيُعْطُوهَا حَقهَا الْأَوْفَى فِي الصدَاقِ.

6867 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر [1] دېگەن ئايەت توغرۇلۇق سورىغانىدىم. ئۇ:

[1] سۈرە نىسا، 3 ـ ئايەت.

ــ ئى جىيەنىم! بۇ ئايەتتە دېيىلىۋاتقىنى پۇل ـ ماللىرىنى ئۆزىنىڭ مېلىغا قوشۇپ باشقۇرۇۋاتقان تەربىيىچىنىڭ ھىمايىسىدىكى يېتىم قىز بولۇپ، قىزنىڭ مېلى ۋە چىرايى تەربىيىچىنى قىزىقتۇرىدۇ. تەربىيىچى باشقىلار ئۇ قىزغا ئۆيلەنسە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان تويلۇقنى تولۇق ئادا قىلمايلا، ئۇ قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر قىزنىڭ تەڭتۇشلىرىغا بېرىلىدىغان تويلۇقنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە تولۇق ئادا قىلماي تۇرۇپ، ئۇ قىزلارغا ئۆيلىنىشتىن چەكلىنىپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىرى ياقتۇرغان باشقا ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشكە بۇيرۇلدى. بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن، كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاياللار توغرۇلۇق پەتىۋا سورىغاندى، الله تائالا: (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرىسىدا الله پەتىۋا بېرىدۇ. قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان (ئاياللارنىڭ مىراسىغا ئائىت) ئايەتلەرمۇ پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنداق يېتىملەر توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەيىن قىلىنغان مىراسىنى بەرمەيسىلەر، ئۇ ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە قىزىقمايسىلەر، بوزەك قىلىنغان بالىلار ۋە يېتىملەرگە ھەققانىي بولۇشۇڭلار ھەققىدە پەتىۋا بېرىدۇ. (ئاياللارغا ۋە يېتىملەرگە) قانداقلا ياخشىلىق قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (يەنى شۇنىڭغا ئاساسەن الله سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ) [1] دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. يەنى بىرىڭلار ئۆز تەربىيىسىدىكى يېتىم قىزنىڭ پۇلى كۆپ، چىرايى گۈزەل بولسا، ئۇنىڭغا مەھرى ھەققىنى تولۇق بېرىپ ئەمرىگە ئېلىشنى خالايدۇ. پۇلى ئاز، ئۆزى چىرايلىق بولمىغان يېتىم قىزلارنى بولسا، ئالماي تاشلاپ قويۇپ باشقا ئاياللارنى ئېلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا قىزىقمىغاندا ئالماي تاشلاپ قويغىنىدەك، قىزىققان ئەھۋالدىمۇ تويلۇقنى تولۇق ئادا قىلمىغىچە، ئۇلارغا ئۆيلىنىشتىن چەكلەندى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5092)

---

[1] سۈرە نىسا، 127 ـ ئايەت.

6868 ـ عن عُرْوَةْ بن الزبَيْرِ أنه سَأَلَ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا عَنْ قَوْلِ اللهِ تَعَالَى وَإِنْ خِفْتُمْ أَنْ لَا تُقْسِطُوا إِلَى وَرُبَاعَ فَقَالَتْ يَا ابْنَ أُخْتِي هِيَ الْيَتِيمَةُ تَكُونُ فِي حَجْرِ وَلِيهَا تُشَارِكُهُ فِي مَالِهِ فَيُعْجِبُهُ مَالُهَا وَجَمَالُهَا فَيُرِيدُ وَلِيهَا أَنْ يَتَزَوجَهَا بِغَيْرِ أَنْ يُقْسِطَ فِي صَدَاقِهَا فَيُعْطِيهَا مِثْلَ مَا يُعْطِيهَا غَيْرُهُ فَنُهُوا أَنْ يَنْكِحُوهُن إلا أَنْ يُقْسِطُوا لَهُن وَيَبْلُغُوا بِهِن أَعْلَى سُنتِهِن مِنْ الصدَاقِ وَأُمِرُوا أَنْ يَنْكِحُوا مَا طَابَ لَهُمْ مِنْ النسَاءِ سِوَاهُن قَالَ عُرْوَةُ قَالَتْ عَائِشَةُ ثُم إِن الناسَ اسْتَفْتَوْا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ هَذِهِ الْآيَةِ فَأَنْزَلَ اللهُ وَيَسْتَفْتُونَكَ فِي النسَاءِ إِلَى قَوْلِهِ وَتَرْغَبُونَ أَنْ تَنْكِحُوهُن وَالذِي ذَكَرَ اللهُ أَنهُ يُتْلَى عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ الْآيَةُ الْأُولَى التِي قَالَ فِيهَا وَإِنْ خِفْتُمْ أَنْ لَا تُقْسِطُوا فِي الْيَتَامَى فَانْكِحُوا مَا طَابَ لَكُمْ مِنْ النسَاءِ قَالَتْ عَائِشَةُ وَقَوْلُ اللهِ فِي الْآيَةِ الْأُخْرَى وَتَرْغَبُونَ أَنْ تَنْكِحُوهُن يَعْنِي هِيَ رَغْبَةُ أَحَدِكُمْ لِيَتِيمَتِهِ التِي تَكُونُ فِي حَجْرِهِ حِينَ تَكُونُ قَلِيلَةَ الْمَالِ وَالْجَمَالِ فَنُهُوا أَنْ يَنْكِحُوا مَا رَغِبُوا فِي مَالِهَا وَجَمَالِهَا مِنْ يَتَامَى النسَاءِ إلا بِالْقِسْطِ مِنْ أَجْلِ رَغْبَتِهِمْ عَنْهُن.

6868 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن الله تائالانىڭ: ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر [1] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا سورىغانىدى، ئائىشە ئۇنىڭغا:

ـ ئى جىيەنىم! ئايەتتە دېيىلىۋاتقىنى پۇل ـ ماللىرىنى ئۆزىنىڭ مېلىغا قوشۇپ باشقۇرۇۋاتقان تەربىيىچىنىڭ ھىمايىسىدىكى يېتىم

[1] سۈرە نىسا، 3 ـ ئايەت.

قىز بولۇپ، قىزنىڭ مېلى ۋە چىرايى تەربىيىچىنى قىزىقتۇرىدۇ. تەربىيىچى باشقىلار ئۇ قىزغا ئۆيلەنسە بېرەلەيدىغان تويلۇقنى تولۇق ئادا قىلمايلا، ئۇ قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر قىزنىڭ تەڭتۇشلىرىغا بېرىلىدىغان تويلۇقنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە تولۇق ئادا قىلماي تۇرۇپ، ئۇ قىزلارغا ئۆيلىنىشتىن چەكلىنىپ، ئۇلارنى ياقتۇرغان باشقا ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە بۇيرۇلدى. بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاياللار توغرۇلۇق پەتىۋا سورىغاندى. الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرىسىدا الله پەتىۋا بېرىدۇ. قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان (ئاياللارنىڭ مىراسىغا ئائىت) ئايەتلەرمۇ پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنداق يېتىملەر توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەيىن قىلىنغان مىراسىنى بەرمەيسىلەر، ئۇ ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە قىزىقمايسىلەر، بوزەك قىلىنغان باللار (نىڭ ھەققىنى بېرىشىڭلار) ۋە يېتىملەرگە ھەققانىي بولۇشۇڭلار ھەققىدە پەتىۋا بېرىدۇ. (ئاياللارغا ۋە يېتىملەرگە) قانداقلا ياخشىلىق قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (يەنى شۇنىڭغا ئاساسەن الله سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ) [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. بۇ ئايەتتىكى تىلغا ئېلىنغان: "سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئايەتلەر" بولسا، الله تائالانىڭ: ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم

[1] سۈرە نىسا، 127 ـ ئايەت.

قىلماسلىقا ئەڭ يېقىندۇر [1] دېگەن ئايىتىدۇر. الله تائالانىڭ: ئۇ ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە قىزىقمايسىلەر دېگەن يەنە بىر ئايىتىنىڭ مەنىسى بولسا: يەنى بىرىڭلارنىڭ ئۆز تەربىيىسىدىكى پۇلى ئاز، ئۆزى چىرايلىق بولمىغان يېتىم قىزغا قىزىقماسلىقىڭلارنى دېمەكچى. ئۇلارنىڭ پۇلى ئاز، ئۆزى چىرايلىق بولمىغان قىزلارغا قىزىقمايدىغان تەرىپى بولغاچقا، پۇل - مېلىغا قىزىقىدىغان قىزلارنىڭ تويلۇقىنى تولۇق ئادا قىلمىغىچە، ئۇلارغا ئۆيلىنىشتىن چەكلەندى.

(بۇخارى: 2494)

6869 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فِي قَوْلِهِ تَعَالَى وَمَنْ كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ وَمَنْ كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِالْمَعْرُوفِ أَنَهَا نَزَلَتْ فِي وَالِي الْيَتِيمِ إِذَا كَانَ فَقِيرًا أَنَهُ يَأْكُلُ مِنْهُ مَكَانَ قِيَامِهِ عَلَيْهِ بِمَعْرُوفٍ.

6869 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: الله تائالانىڭ: (يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق مىقتاردا يېسۇن [2] دېگەن ئايىتى يېتىمنىڭ مېلىدىن خەۋەر ئالىدىغان پېقىر كىشى ھەققىدە نازىل بولغان. ئۇ يېتىمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مېلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا يېسە بولىدۇ.

(بۇخارى: 4575)

6870 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا { وَإِذَا حَضَرَ الْقِسْمَةَ أُولُو الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينُ فَارْزُقُوهُمْ مِنْهُ } قَالَ إِنَ نَاسًا يَزْعُمُونَ أَن هَذِهِ الْآيَةَ نُسِخَتْ وَلَا وَاللهِ مَا نُسِخَتْ وَلَكِنَهَا مِمَا تَهَاوَنَ النَاسُ هُمَا وَالِيَانِ وَالٍ يَرِثُ وَذَاكَ الذِي يَرْزُقُ وَوَالٍ لَا يَرِثُ فَذَاكَ الذِي يَقُولُ بِالْمَعْرُوفِ يَقُولُ لَا أَمْلِكُ لَكَ أَنْ أُعْطِيَكَ.

[1] سۈرە نىسا، 3 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 6 ـ ئايەت.

6870 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: بەزىلەر: تەقسىمات ۋاقتىدا (ۋارىس ئەمەس) تۇغقانلار، (تۇغقان ئەمەس) يېتىملەر ۋە مىسكىنلەر ھازىر بولسا، ئۇلارغا بۇنىڭدىن (يەنى تەرەكىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ئاز نەرسە) بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار (يەنى بۇ كىچىكلەرنىڭ مېلى، بىزنىڭ ئەمەس دېگەنگە ئوخشاش ئۆزرىنى ئېيتىڭلار) [1] دېگەن ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دەپ گۇمان قىلىدۇ. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان. لېكىن بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، كىشىلەر بۇ ئايەتنىڭ تەقەززاسىغا ئەمەل قىلماي سەل قارىغان. مىراسقا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، مىراس تېگىدىغانلار؛ يەنە بىرى، مىراس تەگمەيدىغانلار. مىراس تېگىدىغانلار مىراسخور ئەمەس تۇغقانلىرىغا مىراستىن ئازراق بېرەلەيدۇ. مىراس تەگمەيدىغانلار (بۇلار يېتىم بالىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋاقىتلىق ئىگىدارچىلىق قىلىپ بېرىدۇ) مىراس ئالالمايدىغان تۇغقانلارغا چىرايلىق سۆز قىلىپ:

ــ مېنىڭ ساڭا (مىراستىن) بىر نەرسە بېرىش سالاھىيىتىم يوق، ـ دەيدۇ.

(بۇخارى: 2759)

6871 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ اشْتَكَيْتُ وَعِنْدِي سَبْعُ أَخَوَاتٍ فَدَخَلَ عَلَيَّ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَفَخَ فِي وَجْهِي فَأَفَقْتُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَلَا أُوصِي لِأَخَوَاتِي بِالثلُثِ قَالَ أَحْسِنْ قُلْتُ الشطْرُ قَالَ أَحْسِنْ ثُم خَرَجَ وَتَرَكَنِي فَقَالَ يَا جَابِرُ لَا أُرَاكَ مَيِّتًا مِنْ وَجَعِكَ هَذَا وَإِن اللهَ قَدْ أَنْزَلَ فَبَينَ الذِي لِأَخَوَاتِكَ فَجَعَلَ لَهُن الثلُثَيْنِ قَالَ فَكَانَ جَابِرٌ يَقُولُ أُنْزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ فِي يَسْتَفْتُونَكَ قُلْ اللهُ يُفْتِيكُمْ فِي الْكَلَالَةِ.

6871 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ يەتتە قىز قېرىندىشىم بار ئىدى. بىر كۈنى، ئاغرىپ يېتىپ قالدىم، پەيغەمبەر

[1] سۈرە نىسا، 8 ـ ئايەت.

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يوقلاپ كىرىپ، يۈزۈمگە سۇفلىۋىدى، ھوشۇمغا كەلدىم ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاچا ـ سىڭىللىرىمغا مىلىمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلايمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئېھسان قىل! ـ دېدى، مەن:

ـ يېرىمىنى (ۋەسىيەت قىلايمۇ)؟ ـ دېسەم، يەنە:

ـ ئېھسان قىل! ـ دېدى. ئاندىن يېنىمدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

ـــ ئى جابىر! مەن سېنى مۇشۇ كېسەلدە ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ قارىمايمەن. الله تائالا ئايەت نازىل قىلىپ، سېنىڭ ئاچا ـــ سىڭىللىرىڭنىڭ نېسىۋىسىنى بايان قىلدى ۋە ئۇلارغا ئۈچتىن ئىككى ئۈلۈشنى بەلگىلىدى، ـ دېدى. جابىر ھەردائىم: (ئى مۇھەممەد!) سەندىن (ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق) پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، "الله ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق كىشى (قالدۇرغان مىراس) توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇ، ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولسا، بالىسى بولمىسا، پەقەت بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ تەرىكەنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ بالىسى بولمىسا، ئەر بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ ۋارىسى بولىدۇ (يەنى مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ)، ئەگەر ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار تەرىكەنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئالىدۇ، ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ، ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدۇ. الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر" ① دېگەن ئايەت مەن توغرۇلۇق نازىل بولغان، ـ دەيتتى②.

(ئەبۇ داۋۇد: 2887)

① سۈرە نىسا، 176 ـ ئايەت.

② ئەلبانى (2510): سەھىھ ـ دېگەن.

6872 ـ وفي رواية: كُنَّ لِي تِسْعَ أَخَوَاتٍ.

6872 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: مېنىڭ توققۇز ھەمشىرەم بار ئىدى، ـ دەپ كەلگەن.

(بۇخارى: 4062)

6873 ـ عن جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ دَخَلَ عَلَيَّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنا مَرِيضٌ فَتَوَضأَ فَصَب عَلَيَّ أَوْ قَالَ صُبوا عَلَيْهِ فَعَقَلْتُ فَقُلْتُ لَا يَرِثُنِي إِلا كَلَالَةٌ فَكَيْفَ الْمِيرَاثُ فَنَزَلَتْ آيَةُ الْفَرَائِضِ.

6873 ـ مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: مەن كېسەل بولۇپ، ھېچ نەرسىنى تونۇيالمايدىغان ھالەتتە ياتاتتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يوقلاپ كېلىپ، تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، تاھارەت سۈيىنى ماڭا قۇيغان ئىكەن، ھوشۇمغا كېلىپتىمەن. مەن ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ قىز قېرىنداشلىرىمدىن باشقا ۋارىسلىرىم يوق، مىراسىم كىمگە قالىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. كۆپ ئۆتمەي، مىراس ئايىتى نازىل بولدى.

(بۇخارى: 5676)

6874 ـ وفي رواية: فَلَمْ يَرُد عَلَيَّ شَيْئًا حَتى نَزَلَتْ آيَةُ الْمِيرَاثِ يَسْتَفْتُونَكَ قُلْ اللهُ يُفْتِيكُمْ فِي الْكَلَالَةِ.

6874 ـــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ماڭا جاۋاب بەرمىدى، كېيىن بۇ مەسىلە ھەققىدە الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: (ئى مۇھەممەد!) سەندىن (ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق) پەتىۋا سورىشىدۇ،

ئېيتقىنىكى، ”الله ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق كىشى (قالدۇرغان مىراس) توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇ“[1].

(مۇسلىم: 1616)

6875 ـ وفي أخرى: فَقُلْتُ يَا نَبِي اللهِ كَيْفَ أَقْسِمُ مَالِي بَيْنَ وَلَدِي فَلَمْ يَرُد عَلَي شَيْئًا فَنَزَلَتْ يُوصِيكُمُ اللهُ فِي أَوْلَادِكُمْ لِلذكَرِ مِثْلُ حَظِّ الْأُنْثَيَيْنِ الْآيَةَ.

6875 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن مال ـ مۈلكۈمنى بالىلىرىم ئارىسىدا قانداق تەقسىم قىلىمەن؟ ـ دەپ سورىغاندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمىدى. ئاندىن الله تائالانىڭ: الله بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاتا ــ ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن (يەنى بۇ ئىككىسىدىن) قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزەڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇلار الله تەرىپىدىن بېكىتىلگەن

[1] سۈرە نىسا، 176 ـ ئايەت.

بەلگىلىمىدۇر. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى[2].
(تىرمىزى: 2096)

6876 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى جِئْنَا امْرَأَةً مِنْ الْأَنصَارِ فِي الْأَسْوَاقِ فَجَاءَتْ الْمَرْأَةُ بِابْنَتَيْنِ لَهَا فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ هَاتَانِ بِنْتَا ثَابِتِ بْنِ قَيْسٍ قُتِلَ مَعَكَ يَوْمَ أُحُدٍ وَقَدْ اسْتَفَاءَ عَمهُمَا مَالَهُمَا وَمِيرَاثَهُمَا كُلهُ فَلَمْ يَدَعْ لَهُمَا مَالًا إِلا أَخَذَهُ فَمَا تَرَى يَا رَسُولَ اللهِ فَوَاللهِ لَا تُنْكَحَانِ أَبَدًا إِلا وَلَهُمَا مَالٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْضِي اللهُ فِي ذَلِكَ قَالَ وَنَزَلَتْ سُورَةُ النسَاءِ يُوصِيكُمُ اللهُ فِي أَوْلَادِكُمْ الْآيَةَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ادْعُوا لِي الْمَرْأَةَ وَصَاحِبَهَا فَقَالَ لِعَمهِمَا أَعْطِهِمَا الثلُثَيْنِ وَأَعْطِ أُمهُمَا الثمُنَ وَمَا بَقِيَ فَلَكَ.

6876 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ، بازاردىكى بىر ئايالنىڭ قېشىغا كەلدۇق. ئۇ ئايال ئىككى قىزىنى ئېلىپ كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئىككىسى سابىت ئىبنى قەيسنىڭ قىزلىرى. ئۇ سەن بىلەن بىللە ئۇھۇد غازىتىغا چىقىپ شېھىد بولدى. بۇ قىزلارنىڭ تاغىسى بۇلارنىڭ مال ـ مۈلك ۋە مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىپ، بۇلارغا ھېچنېمە قويمىدى. سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ بۇ قىزلارنىڭ قولىدا مال ـ مۈلۈك بولمىسا، ئۇلارنى ئەر ئالمايدۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇنىڭغا الله ئۆزى ھۆكۈم قىلىدۇ، ـ دېدى. كېيىن نىسا سۈرىسىدىكى: الله بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا

[1] سۈرە نىسا، 11 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (2413): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاتا ـ ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن (يەنى بۇ ئىككىسىدىن) قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزەڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇلار اللہ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر. اللہ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايەت چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ماڭا ھېلىقى ئايال بىلەن قېيىن ئىنىسىنى چاقىرىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار كەلگەندە، قىزلارنىڭ تاغىسىغا:

ـــ قىزلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى، ئانىسىغا سەككىزدىن بىرىنى بېرىپ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ ئېلىپ قال! ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2891)

6877 ـ وفي رواية: أن امْرَأَةَ سَعْدِ بنِ الربيع قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إن سَعْدًا هَلَكَ وَتَرَكَ ابْنَتَيْنِ وَسَاقَ نَحْوَهُ قَالَ أبو دَاوُد وَهَذَا هُوَ أَصَح وللترمذي: جَاءَتْ امْرَأَةُ سَعْدِ بْنِ الربيع بِابْنَتَيْهَا مِنْ سَعْدٍ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بنحوه.

[1] سۈرە نىسا، 11 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2514): ھەسەن، لېكىن سابىت ئىبنى قەيسنىڭ ئىسمى خاتا ئېلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەئد ئىبنى رەبىيئ ئېلىنسا توغرا بولىدۇ، ـ دېگەن.

6877 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: سەئد ئىبنى رەبىئىنىڭ ئايالى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەئد ئىككى قىزىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتتى، ـ دېدى... داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2892)

تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: سەئد ئىبنى رەبىئىنىڭ ئايالى (سەئدتىن بولغان) ئىككى قىزىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى... داۋامى يۇقىرىقىدەك[2].

(تىرمىزى: 2092)

6878 ـ عَن ابنِ عباس في قول الله تبارك وتعاБ (واللاŹ يأتين الفاحشـة مـن نسائكم) قال: كن Зبسن في البيوت حG يمf فلما نزلت سورة النور ونزلـت اΣـدود نسختها.

6778 ــ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا اللە تائالانىڭ: ئايالـلىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ ئايالنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا)، تاكى ئايالـلىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى اللە ئۇنىڭغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار[3] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: تاكى ئۆلگەنگە قەدەر ئۆيلەردە سولاپ قويۇلاتتى. كېيىن نۇر سۈرىسى

[1] ئەلبانى (2515): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1701): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] سۈرە نىسا، 15 ـ ئايەت.

نازىل بولۇپ، بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلەر يولغا قويۇلدى ۋە بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى[1].

(بەززار: 2199)

6879 ـ عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُذُوا عَني خُذُوا عَني قَدْ جَعَلَ اللهُ لَهُن سَبِيلًا الْبِكْرُ بِالْبِكْرِ جَلْدُ مِائَةٍ وَنَفْيُ سَنَةٍ وَالثيبُ بِالثيبِ جَلْدُ مِائَةٍ وَالرجْمُ.

6879 ــ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەندىن زىناغا بەلگىلەنگەن ھۆكۈمنى تاپشۇرۇپ ئېلىڭلار! مەندىن زىناغا بەلگىلەنگەن ھۆكۈمنى تاپشۇرۇپ ئېلىڭلار! الله تائالا ئۇلار (زىنا قىلغۇچىلار)غا ئېنىق جازا بەلگىلىدى، توي قىلمىغان يىگىت بىلەن توي قىلمىغان قىز زىنا قىلغان بولسا، يۈز دەررە ئۇرۇلۇپ، بىر يىل پالىنىدۇ. ئۆيلەنگەن ئەر كىشى بىلەن ياتلىق بولغان چوكان زىنا قىلغان بولسا، يۈز دەررە ئۇرۇلۇپ، چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ».

(مۇسلىم: 1690)

6880 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لَا يَحِل لَكُمْ أَنْ تَرِثُوا النسَاءَ كَرْهًا وَلَا تَعْضُلُوهُن لِتَذْهَبُوا بِبَعْضِ مَا آتَيْتُمُوهُن قَالَ كَانُوا إِذَا مَاتَ الرجُلُ كَانَ أَوْلِيَاؤُهُ أَحَق بِامْرَأَتِهِ إِنْ شَاءَ بَعْضُهُمْ تَزَوجَهَا وَإِنْ شَاءُوا زَوجُوهَا وَإِنْ شَاءُوا لَمْ يُزَوجُوهَا فَهُمْ أَحَق بِهَا مِنْ أَهْلِهَا فَنَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ فِي ذَلِكَ.

6880 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ئى مۇئمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار

[1] ھەيسەمى (10916): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇستازى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر. ئۇندىن باشقا مۇسا ئىبنى ئىسھاقمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئىشەنچلىكتۇر. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئوپىئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: جاھىلىيەت دەۋرىدە، بىر كىشى ئۆلۈپ قالسا، ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئايالىغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. خالىسا ئۇنى خوتۇن قىلىپ ئالاتتى، خالىسا باشقىلارغا ياتلىق قىلىۋېتەتتى، خالىسا ياتلىق قىلماي تاشلاپ قوياتتى. دېمەك، ئۇلار ئۇ ئايالغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتا (ئايالنىڭ) تۇغقانلىرىدىنمۇ بەكرەك ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇ ئايەت شۇنىڭ ئۈچۈن نازىل بولغان.

(بۇخارى: 4579)

6881 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ لَا يَحِل لَكُمْ أنْ تَرِثُوا النسَاءَ كَرْهًا وَلَا تَعْضُلُوهُن لِتَذْهَبُوا بِبَعْضِ مَا آتَيْتُمُوهُن إلا أنْ يَأْتِينَ بِفَاحِشَةٍ مُبَينَةٍ وَذَلِكَ أن الرجُلَ كَانَ يَرِثُ امْرَأَةَ ذِي قَرَابَتِهِ فَيَعْضُلُهَا حَتى تَمُوتَ أوْ تَرُد إلَيْهِ صَدَاقَهَا فَأَحْكَمَ اللهُ عَنْ ذَلِكَ وَنَهَى عَنْ ذَلِكَ.

6881 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ئى مۇئمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپىئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن [2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، جاھىلىيەت دەۋرىدە، بىر كىشى ئۆلۈپ قالسا، ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ئايالىنى ئۆزىنىڭ مىراسى قىلىۋېلىپ، ئۇنى ئۆلگەنگە قەدەر ياتلىق بولغىلى

[1] سۈرە نىسا، 19 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا، 19 ـ ئايەت.

قويمايتتى، ئەگەر ياتلىق بولماقچى بولسا، ئېرىدىن ئالغان مەھرى ھەققىنى ئېرىنىڭ تۇغقىنىغا قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، الله تائالا يۇقىرىقى ئايەتنى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى بۇنداق قىلىشتىن توستى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2090)

6882 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً عَنْ تَرَاضٍ مِنْكُمْ فَكَانَ الرجُلُ يَحْرَجُ أَنْ يَأْكُلَ عِنْدَ أَحَدٍ مِنْ الناسِ بَعْدَ مَا نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ فَنَسَخَ ذَلِكَ الْآيَةُ الَتِي فِي النورِ قَالَ لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَأْكُلُوا مِنْ بُيُوتِكُمْ إِلَى قَوْلِهِ أَشْتَاتًا كَانَ الرجُلُ الْغَنِي يَدْعُو الرجُلَ مِنْ أَهْلِهِ إِلَى الطعَامِ قَالَ إِني لَأَجنحُ أَنْ آكُلَ مِنْهُ وَالتجَنحُ الْحَرَجُ وَيَقُولُ الْمِسْكِينُ أَحَق بِهِ مِني فَأُحِل فِي ذَلِكَ أَنْ يَأْكُلُوا مِما ذُكِرَ اسْمُ اللهِ عَلَيْهِ وَأُحِل طَعَامُ أَهْلِ الْكِتَابِ.

6882 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ئى مۇئمىنلەر! بىر ــ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ــ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر ــ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر [②] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر بىرەرسىنىڭ ئۆيىدە تاماق يېيىشتىن تارتىنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن، نۇر سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەت بۇرۇنقى ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى: (ئى ئىنسانلار! سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا يەنى ئەرلىرىڭلارنىڭ، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە) ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ

[①] ئەلبانى (1840): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[②] سۈرە نىسا، 29 ـ ئايەت.

ئۆيلىرىدە، ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەر ئاچقۇچلىرىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن ئاچقۇچىنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، يا دوستلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر، سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ ياكى يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر [1].

بۇ ئايەت چۈشۈشتىن ئىلگىرى بىر باي كىشى يەنە بىر باي كىشىنى تاماققا چاقىرسا، چاقىرىلغان باي كىشى:

ـ مەن سېنىڭ تامىقىڭنى يېيىشنى گۇناھ دەپ قارايمەن، بىچارە ـ مىسكىنلەر مەندىن ھەقلىقراق، ـ دەيتتى، نۇر سۈرىسىدىكى ئايەت چۈشكەندىن كېيىن، اللهنىڭ نامى ئاتالغان ياكى ئەھلى كىتابنىڭ تامىقى بولسىلا يېيىش ھالال قىلىندى [2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3753)

6883 ـ عن ابن مسعود قال: إ[illegible]كمة ما نسخت.

6883 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان، ـ دېگەن [3].

(«ئەلكەبىر»: 10061)

6884 ـ عَنْ أُم سَلَمَةَ أَنهَا قَالَتْ يَغْزُو الرجَالُ وَلَا تَغْزُو النسَاءُ وَإِنمَا لَنَا نِصْفُ الْمِيرَاثِ فَأَنْزَلَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى وَلَا تَتَمَنوْا مَا فَضلَ اللهُ بِهِ بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ قَالَ مُجَاهِدٌ وَأُنْزِلَ فِيهَا إِن الْمُسْلِمِينَ وَالْمُسْلِمَاتِ وَكَانَتْ أُم سَلَمَةَ أَولَ ظَعِينَةٍ قَدِمَتْ الْمَدِينَةَ مُهَاجِرَةً.

---

[1] سۈرە نۇر، 61 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3192): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (10921): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6884 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ:

ـ ئەرلەر جىھاد قىلىدۇ ـ يۇ، ئاياللار جىھاد قىلالمامدىكەن؟ نېمىشقا بىزگە مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدىكەن؟ ـ دېگەنىدى، الله تائالا: ئى مۇئمىنلەر! الله سىلەردىكى بىر ـ بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. اللهتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار (الله بېرىدۇ). الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەققىدە نازىل قىلدى: مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، تائەت ــ ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت ــ ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، اللهتىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە اللهتىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەفسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەفسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، اللهنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە اللهنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا الله مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى [2].

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەدىنىگە بىرىنچى بولۇپ (كاجۋىغا ئولتۇرۇپ) ھىجرەت قىلغان ئايال ئىدى[3].

(تىرمىزى: 3022)

---

[1] سۈرە نىسا، 32 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب، 35 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (2419): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

6885 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا وَلِكُلٍّ جَعَلْنَا مَوَالِيَ قَالَ وَرَثَةً وَالَّذِينَ عَاقَدَتْ أَيْمَانُكُمْ كَانَ الْمُهَاجِرُونَ لَمَّا قَدِمُوا الْمَدِينَةَ يَرِثُ الْمُهَاجِرِيُّ الْأَنْصَارِيَّ دُونَ ذَوِي رَحِمِهِ لِلْأُخُوَّةِ الَّتِي آخَى النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَيْنَهُمْ فَلَمَّا نَزَلَتْ وَلِكُلٍّ جَعَلْنَا مَوَالِيَ نُسِخَتْ ثُمَّ قَالَ وَالَّذِينَ عَاقَدَتْ أَيْمَانُكُمْ مِنْ النَّصْرِ وَالرِّفَادَةِ وَالنَّصِيحَةِ وَقَدْ ذَهَبَ الْمِيرَاثُ وَيُوصِي لَهُ.

6885 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ھەر بىر ئادەمگە ئىگىلىرىنى قىلدۇق [1] دېگەن ئايەتنى: ۋارىسلىرىنى قىلدۇق، ـ دەپ تەپسىر قىلغان ۋە: سىلەر ئەھدۇ پەيمان قىلىشىپ قېرىنداش بولغان كىشىلەر [2] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: مۇھاجىرلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئەنسارىلارغا قېرىنداش قىلىپ قويغاچقا، ئۇلار ئەنسارىلاردىن تۇغقانلىرىنىڭ ئورنىدا مىراس ئالاتتى. كېيىن الله تائالانىڭ: ھەربىرىگە ۋارىسلارنى قىلدۇق دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، الله تائالانىڭ: سىلەر ئەھدۇ پەيمان قىلىشىپ قېرىنداش بولغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىنى بېرىڭلار دېگەن ئايەتتىن مىراس ئېلىش ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ھەمكارلىشىش ۋە نەسىھەت قىلىشلار قېلىپ قالدى.

(بۇخارى: 4580)

6886 ـ عَنْ دَاوُدَ بْنِ الْحُصَيْنِ قَالَ كُنْتُ أَقْرَأُ عَلَى أُمِّ سَعْدٍ بِنْتِ الرَّبِيعِ وَكَانَتْ يَتِيمَةً فِي حِجْرِ أَبِي بَكْرٍ فَقَرَأْتُ وَالَّذِينَ عَقَدَتْ أَيْمَانُكُمْ فَقَالَتْ لَا تَقْرَأْ وَالَّذِينَ عَقَدَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّمَا نَزَلَتْ فِي أَبِي بَكْرٍ وَابْنِهِ عَبْدِ الرَّحْمَنِ حِينَ أَبَى الْإِسْلَامَ فَحَلَفَ أَبُو بَكْرٍ أَلَّا يُوَرِّثَهُ فَلَمَّا أَسْلَمَ أَمَرَ اللَّهُ تَعَالَى نَبِيَّهُ عَلَيْهِ السَّلَام أَنْ يُؤْتِيَهُ نَصِيبَهُ.

زَادَ عَبْدُ الْعَزِيزِ فَمَا أَسْلَمَ حَتَّى حُمِلَ عَلَى الْإِسْلَامِ بِالسَّيْفِ.

[1] سۈرە نىسا، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نىسا، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

6886 ـ داۋۇد ئىبنى ھۇسەين مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ سەئد بىنتى رەبىئكە قۇرئان تىڭشىتىۋاتاتتىم، ئۇ بۇرۇن ئەبۇ بەكرىنىڭ رىئايىتىدىكى يېتىم قىز ئىدى. مەن: سىلەر بىلەن (ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە مىراسخور بولۇشقا) ئەھدۇ پەيمان قىلىشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (مىراستىن) ھەسسىسىنى بېرىڭلار [①] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، ئۇ:

ـ بۇ ئايەتنى ئوقۇما، بۇ ئايەت ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىسلامغا كىرمەي تۇرىۋالغان ئوغلى ئابدۇرراھمان ھەققىدە نازىل بولغان. ئەبۇ بەكرى ئۇنى مىراسىدىن مەھرۇم قىلىشقا قەسەم قىلغانىدى، كېيىن ئوغلى مۇسۇلمان بولغاندا، الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ئۆز نېسىۋىسىنى بېرىشكە بۇيرىغان، ـ دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئۇنىڭ ئوغلى ئىسلام قىلىچ بىلەن نۇسرەت تاپقاندا (يەنى مەككە فەتھى قىلىنغاندا)، ئاندىن مۇسۇلمان بولغان[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2923)

6887 ـ عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أن عَلِيَّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ قَالَ فِي الْحَكَمَيْنِ اللذين قَالَ اللهُ تَعَالَى {وَإِنْ خِفْتُمْ شِقَاقَ بَيْنِهِمَا فَابْعَثُوا حَكَمًا مِنْ أَهْلِهِ وَحَكَمًا مِنْ أَهْلِهَا إِنْ يُرِيدَا إِصْلَاحًا يُوَفِّقْ اللهُ بَيْنَهُمَا إِن اللهَ كَانَ عَلِيمًا خَبِيرًا} إن إِلَيْهِمَا الْفُرْقَةَ بَيْنَهُمَا وَالْاجْتِمَاعَ قَالَ مَالِك وَذَلِكَ أَحْسَنُ مَا سَمِعْتُ مِنْ أَهْلِ الْعِلْمِ أن الْحَكَمَيْنِ يَجُوزُ قَوْلُهُمَا بَيْنَ الرجُلِ وَامْرَأَتِهِ فِي الْفُرْقَةِ وَالْاجْتِمَاعِ.

6887 ـ ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ئەگەر ئەر ـــ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، الله ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى

① سۈرە نىسا، 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② ئەلبانى (626): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر [1] دېگەن ئايىتىدىكى ئىككى ھەققانىي كىشى توغرىسىدا: ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش ياكى ياراشتۇرۇپ قويۇش ھوقۇقى بولىدۇ، ـ دېگەن. ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئەھلى ئىلىملەردىن مەن ئاڭلىغان ئەڭ ياخشى قاراشتۇر. يەنى ئىككى ھەققانىي كىشىنىڭ ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا چىقارغان ئايرىلىش ياكى يارىشىش توغرىسىدىكى ھۆكمى ئىناۋەتكە ئىگە[2].

(مالىك: 1214)

6888 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ لَا يَظْلِمُ مُؤْمِنًا حَسَنَةً يُعْطَى بِهَا فِي الدنْيَا وَيُجْزَى بِهَا فِي الْآخِرَةِ وَأَما الْكَافِرُ فَيُطْعَمُ بِحَسَنَاتِ مَا عَمِلَ بِهَا لِلهِ فِي الدنْيَا حَتى إِذَا أَفْضَى إِلَى الْآخِرَةِ لَمْ تَكُنْ لَهُ حَسَنَةٌ يُجْزَى بِهَا.

6888 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ [3] دېگەن ئايىتىنى مۇنداق تەپسىر قىلغان:

«الله تائالا ياخشىلىق قىلغان مۆئمىنگە زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ، يەنى ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ. ئەمما كاپىرنىڭ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتى بۇ دۇنيادىلا بېرىلىدۇ، لېكىن ئاخىرەتتە ساۋاب ئالغۇدەك ھېچقانداق ياخشىلىقى بولمايدۇ». (مۇسلىم: 2808)

[1] سۈرە نىسا، 35 ـ ئايەت.

[2] ئىبنى مۇلەققىن: بۇ ئەسەر سەھىھتۇر، ـ دېگەن.

[3] سۈرە نىسا، 40 ـ ئايەت.

6889 ـ عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ صَنَعَ لَنَا عَبْدُ الرَّحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ طَعَامًا فَدَعَانَا وَسَقَانَا مِنْ الْخَمْرِ فَأَخَذَتْ الْخَمْرُ مِنَّا وَحَضَرَتْ الصَّلَاةُ فَقَدَّمُونِي فَقَرَأْتُ قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ لَا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ وَنَحْنُ نَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ قَالَ فَأَنْزَلَ اللَّهُ تَعَالَى يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَقْرَبُوا الصَّلَاةَ وَأَنْتُمْ سُكَارَى حَتَّى تَعْلَمُوا مَا تَقُولُونَ.

6889 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف بىزنى زىياپەتكە چاقىرىپ، هاراق قۇيۇپ بەردى. تازا مەستخۇش بولغان ۋاقتىمىزدا، ناماز ۋاقتى كىرىپ قالدى. ئۇلار مېنى ئىمامىلىققا چىقاردى. نامازدا سۈرە كافىرۇننى ئوقۇدۇم، ئەمما ئېزىپ كېتىپ، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن دېگەن ئايەتنى: سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقانغا بىزمۇ ئىبادەت قىلىمىز دەپ ئوقۇپ سالدىم. كۆپ ئۆتمەي، اللە تائالا: ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇپ بولساڭلار (يول ئۈستىدە بولغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار، ئەگەر كېسەل (يەنى كېسەلگە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى هاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار، اللە ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى اللە بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3026)

---

[1] سۈرە نىسا، 43 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2422): سەھىھ ـ دېگەن.

6890 ـ عَنْ عَلِيٍّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ مَا فِي الْقُرْآنِ آيَةٌ أَحَبُّ إِلَيَّ مِنْ هَذِهِ الْآيَةِ إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ.

6890 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ﴿الله ھەقىقەتەن اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت ماڭا ھەممىدىن بەك سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ[2].

(تىرمىزى: 3038)

6891 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ قَالَ نَزَلَتْ فِي عَبْدِ اللَّهِ بْنِ حُذَافَةَ بْنِ قَيْسِ بْنِ عَدِيٍّ إِذْ بَعَثَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي سَرِيَّةٍ.

6891 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللهقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾[3] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە ئىبنى قەيس ئىبنى ئەدىي ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بىر قوشۇنغا باشلىق قىلىپ (بىر يەرگە) ئەۋەتكەن ئىدى.

(بۇخارى: 4584)

6892 ـ عن ابْنَ عَبَّاسٍ {وَمَا لَكُمْ لَا تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنْ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ} الْآيَةَ قَالَ كُنْتُ أَنَا وَأُمِّي مِنْ الْمُسْتَضْعَفِينَ مِنْ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ.

---

[1] سۈرە نىسا، 48 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (580): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] سۈرە نىسا، 59 ـ ئايەت.

6892 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: ئانام ئىككىمىز الله تائالا مۇشۇ ئايەتتە تىلغا ئالغان (ھىجرەت قىلىشقا) چارىسىز مۇسۇلمانلار قاتارىدىن ئىدۇق، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 4587)

6893 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ عَبْدَ الرَّحْمَنِ بْنَ عَوْفٍ وَأَصْحَابًا لَهُ أَتَوْا النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِمَكَّةَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِنَّا كُنَّا فِي عِزٍّ وَنَحْنُ مُشْرِكُونَ فَلَمَّا آمَنَّا صِرْنَا أَذِلَّةً فَقَالَ إِنِّي أُمِرْتُ بِالْعَفْوِ فَلَا تُقَاتِلُوا فَلَمَّا حَوَّلَنَا اللهُ إِلَى الْمَدِينَةِ أَمَرَنَا بِالْقِتَالِ فَكَفُّوا فَـ أَنْزَلَ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوا أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ.

6893 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بىر نەچچە ھەمراھى بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز مۇشرىك چېغىمىزدا ئىززەتتە ياشايتتۇق. ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن خارلىققا دۇچار بولدۇق، ـ دېگەنىدى (يەنى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئىجازەت سورىغانىدى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن ئەپۇ قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، شۇڭا ئۇرۇشماڭلار! ـ دېدى. الله تائالا بىز مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدۇرغاندىن كېيىن، بىزنى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۇلار ئۇرۇشماي تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): ”(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، نامازنى ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار!“ دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟) ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا،

[1] سۈرە نىسا، 75 ـ ئايەت.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا الله (نىڭ ئازابى)دىن قورققاندەك بەلكى ئۇنىڭدىن بەتتەررەك قورقىدۇ. ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ): ”پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىهادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)“ دېدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ”دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېئمىتى پانىيدۇر)، (اللهتىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەلىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ) [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(نەسائى: 3086)

6894 ـ عن ابْنِ عَباسٍ قَالَ: كَانَ أَبو بَرْزَةَ الأَسْلَمِي كَاهِنًا يَقْضِي بَيْنَ الْيَهُودِ فِيمَا يَتَنافَرُونَ إِلَيْهِ، فتنافرَ إِلَيْهِ نَاسٌ مِنَ الْمُسْلِمِينَ، فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل ”أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنهُمْ آمَنُوا بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِنْ قَبْلِكَ , يُرِيدُونَ أَنْ يَتَحَاكَمُوا إِلَى الطاغوتِ وَقَدْ أُمِرُوا أَنْ يَكْفُرُوا بِهِ“[النساء آية 60] إِلَى قَوْلِهِ: ”إِنْ أَرَدْنَا إِلا إِحْسَانًا“.

6894 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى يەھۇدىيلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىنغان مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىپ قويىدىغان كاھىن ئىدى. بىر كۈنى، مۇسۇلمانلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىغا دەۋالىشىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ

[1] سۈرە نىسا، 77 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2891): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)غا: ”اللّٰه نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار“ دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرىگەنلىكىنى كۆرىسەن. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، اللّٰه بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: ”بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق“ دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 12045)

6895 ـ عن عائشة، قالت: جاء رجل إلى النبي صلى الله عليه وسلم فقال: يـا رسول الله، والله إنك لأحب إلي من نفسي، وإنك لأحب إلي من أهلي، وأحب إلي مـن ولدي، وإني لأكون في البيت، فأذكرك فما أصبر حتى آتيك، فأنظر إليك، وإذا ذكـرت موتي وموتك عرفت أنك إذا دخلت الجنة رفعت مع النبيين، وإني إذا دخلت الجنة خشيت أن لا أراك. فلم يرد عليه النبي صلى الله عليه وسلم حتى نزل جبريل بهذه الآية: (ومن يطع الله والرسول فأولئك مع الذين أنعم الله عليهم من النبيين والصديقين (النساء آية رقـم: 69) الآية.

6895 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! اللّٰهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا ئۆزەمدىنمۇ، ئائىلەمدىنمۇ، پەرزەنتلىرىمدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇرسەن. ئۆيدىكى چاغلىرىمدا يادىمغا كېلىپ قالسەن، شۇ ھامان يېتىپ كېلىپ، جامالىڭغا بىر قارىۋالمىغۇچە چىداپ تۇرالمايمەن. ئۇندىن

[1] سۈرە نىسا، 60 ـ تىن 62 ـ ئايەتكىچە.

[2] ھەيسەمى (10934): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

باشقا، ئۆلۈم يادىمغا كەلسىلا، سىنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە جەننەتنىڭ ئالىي مەرتىۋىدە تۇرىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ، گەرچە جەننەتكە كىرسەممۇ سىنىڭ جامالىڭنى كۆرەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى، كۆپ ئۆتمەي: كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىدلار)، شېھىدلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 480؛ «ئەلسەغىر»)

6896 ـ عن الحسن: «(وإذا حييتم بتحية فحيوا بأحسن منها) لأهل الإسلام (أو ردوها) على أهل الشرك».

6896 ـ ھەسەن بەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ: سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار [3] دېگەن سۆزى مۆئمىنلەر ئۈچۈن؛ ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار دېگەن سۆزى بولسا، كاپىرلار ئۈچۈندۇر[4].

(مەۋسىلى: 1531)

6897 ـ عن خَارِجَةَ بْنَ زَيْدٍ قَالَ سَمِعْتُ زَيْدَ بْنَ ثَابِتٍ فِي هَذَا الْمَكَانِ يَقُولُ أُنزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ وَمَنْ يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُتَعَمدًا فَجَزَاؤُهُ جَهَنمُ خَالِدًا فِيهَا بَعْدَ التِي فِي الْفُرْقَانِ وَالذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النفْسَ التِي حَرمَ اللهُ إلا بِالْحَق بِسِتةِ أَشْهُرٍ.

---

[1] سۈرە نىسا، 69 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10937): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئىمران ئابىدىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] سۈرە نىسا، 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ھەيسەمى (10938): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6897 ـ خارىجە ئىبنى زەيد مۇنداق دېگەن: مەن زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇشۇ جايدا تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ﴿كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، اللهنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾ [1] دېگەن ئايەت، ﴿ئۇلار اللهقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله هارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ﴾ [2] دېگەن ئايەتتىن ئالتە ئاي كېيىن نازىل بولغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4272)

6898 ـ وفي رواية: بِثَمَانِيَةِ أَشْهُرٍ.

6898 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: سەككىز ئاي كېيىن نازىل بولغان، ـ دېيىلگەن[4].

(نەسائى: 4007)

6899 ـ عن زَيْدِ بنِ ثَابِتٍ قَالَ نَزَلَتْ وَمَنْ يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُتَعَمِّدًا فَجَزَاؤُهُ جَهَنَّمُ خَالِدًا فِيهَا أَشْفَقْنَا مِنْهَا فَنَزَلَتْ الْآيَةُ الَّتِي فِي الْفُرْقَانِ وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللهُ إِلَّا بِالْحَقِّ.

6899 ــ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، اللهنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا

---

[1] سۈرە نىسا، 93 ـ ئايەت.

[2] سۈرە فۇرقان، 68 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (919): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (3742): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

(ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ[1] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، بىز قاتتىق ئەندىشە قىلىشقا باشلىدۇق. كېيىن: ئۇلار اﷲقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اﷲ هارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ[2] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[3].

(نەسائى: 4008)

6900 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ قُلْتُ لِابْنِ عَباسٍ أَلِمَنْ قَتَلَ مُؤْمِنًا مُتَعَمدًا مِنْ تَوْبَةٍ قَالَ لَا قَالَ فَتَلَوْتُ عَلَيْهِ هَذِهِ الْآيَةَ الِتي فِي الْفُرْقَانِ {وَالذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النفْسَ الِتي حَرمَ اللهُ إلا بِالْحَق} إِلَى آخِرِ الْآيَةِ قَالَ هَذِهِ آيَةٌ مَكيةٌ نَسَخَتْهَا آيَةٌ مَدَنِيةٌ {وَمَنْ يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُتَعَمدًا فَجَزَاؤُهُ جَهَنمُ خَالِدًا}.

6900 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ــ بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ ياق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا: ئۇلار اﷲقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اﷲ هارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، اﷲ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، اﷲ تولىمۇ مەغفىرەت

[1] سۈرە نىسا، 93 ـ ئايەت.

[2] سۈرە فۇرقان، 68 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (264): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەرگەنىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ بۇ ئايەتلەر مەككىدە چۈشكەن بولۇپ، بۇلارنى مەدىنىدە چۈشكەن مۇنۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرغان، ـ دېدى ۋە: كىمكى بىر مۆئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، اللهنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ [2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. (مۇسلىم: 3023)

6901 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ بِمَكةَ {وَالذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللهِ إِلَٰهًا آخَرَ} إِلى قَوْله {مُهَانًا} فَقَالَ الْمُشْرِكُونَ وَمَا يُغْنِي عَنا الْإِسْلَامُ وَقَدْ عَدَلْنَا بِاللهِ وَقَدْ قَتَلْنَا النفْسَ التِي حَرمَ اللهُ وَأَتَيْنَا الْفَوَاحِشَ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل {إِلا مَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا} إِلى آخِرِ الْآيَةِ قَالَ فَأَما مَنْ دَخَلَ فِي الْإِسْلَامِ وَعَقَلَهُ ثُم قَتَلَ فَلَا تَوْبَةَ لَهُ.

6901 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئۇلار اللهقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ [3] دېگەن ئايەتلەر مەككىدە نازىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇشرىكلار:

ـــ بىز اللهنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلغان، الله ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرۈپ، زىنا ـ پاھىشىلەرنى قىلغان تۇرساق، ئىسلامغا كىرگىنىمىزنىڭ بىزگە پايدىسى يوق ئىكەن، ـ دېيىشكەن ئىدى، الله تائالا: پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا

[1] سۈرە فۇرقان، 68 ـ دىن 70 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە نىسا، 93 ـ ئايەت.

[3] سۈرە فۇرقان، 68 ـ ۋە 69 ـ ئايەتلەر.

بۇ ھالدا قالمايدۇ، الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، الله تولىمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئەمما ئىسلامغا كىرىپ، دىننى چۈشىنىپ تۇرۇپ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(مۇسلىم: 3023)

6902 ـ عَنْ سَالِمِ بْنِ أَبِي الْجَعْدِ أَن ابْنَ عَباسٍ سُئِلَ عَمنْ قَتلَ مُؤْمِنًا مُتَعَمدًا ثُم تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا ثُم اهْتَدَى فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ وَأَنى لَهُ التوْبَةُ سَمِعْتُ نَبِيكُمْ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يَجِيءُ مُتَعَلقًا بِالْقَاتِلِ تَشْخَبُ أَوْدَاجُهُ دَمًا فَيَقُولُ أَيْ رَب سَلْ هَذَا فِيمَ قَتَلَنِي ثُم قَالَ وَاللهِ لَقَدْ أَنْزَلَهَا اللهُ ثُم مَا نَسَخَهَا.

6902 ـ سالىم ئىبنى ئەبۇ جەئدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىۋەتكەندىن كېيىن، تەۋبە قىلىپ ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە توغرا يولدا ماڭغان كىشى ھەققىدە سورالغاندى، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنىڭغا نەدە تەۋبە بولسۇن! مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قىيامەت كۈنى، ئۆلتۈرۈلگەن مۇئمىن بويۇن تومۇرلىرىدىن قان ئاققان، قاتىلغا ئېسىلىۋالغان ھالەتتە كېلىپ: ئى رەببىم! بۇنىڭدىن سوراپ باققىن، بۇ مېنى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈپتۇ؟ ـ دەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله تائالانىڭ: كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، اللهنىڭ غەزىۋىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ [2] دېگەن ئايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى[3].

(نەسائى: 3999)

[1] سۈرە فۇرقان، 70 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 93 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (3740): سەھىھ ـ دېگەن.

6903 ـ عَنْ أَبِي مِجْلَزٍ فِي قَوْلِهِ وَمَنْ يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُتَعَمِّدًا فَجَزَاؤُهُ جَهَنَّمُ قَالَ هِـيَ جَزَاؤُهُ فَإِنْ شَاءَ اللَّهُ أَنْ يَتَجَاوَزَ عَنْهُ فَعَلَ.

6903 ــ ئەبۇ مىجلەز اللە تائالانىڭ: كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، اللەنىڭ غەزىۋىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. اللە ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: جەھەننەم ئۇنىڭ جازاسى، ئەمما اللە ئۇنى كەچۈرىۋېتىشنى خالىسا كەچۈرىۋېتىدۇ[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4276)

6904 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ لَقِيَ نَاسٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ رَجُلًا فِي غُنَيْمَةٍ لَـهُ فَقَـالَ السَّلَامُ عَلَيْكُمْ فَأَخَذُوهُ فَقَتَلُوهُ وَأَخَذُوا تِلْكَ الْغُنَيْمَةَ فَنَزَلَتْ وَلَا تَقُولُوا لِمَنْ أَلْقَـى إِلَـيْكُمْ السَّلَمَ لَسْتَ مُؤْمِنًا وَقَرَأَهَا ابْنُ عَبَّاسٍ السَّلَامَ.

6904 ــ ئىبنى ئاببās رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (غازاتقا كېتىۋاتقان) بىر توپ مۇسۇلمانىنىڭ ئالدىغا بىر قويچى ئۇچراپ قالدى. قويچى ئۇلارغا:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ــ دېگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قويلىرىنى ئېلىۋالغاندى، اللە تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى:

ئى مۇئمىنلەر! اللە يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقىتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۇئمىن ياكى كافىرلىقى ئېنىق بولغىچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە ـ دۇنيانىڭ مال ــ مۈلكىنى (غەنىمەتنى) كۆزلەپ: سەن مۇئمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار)، اللەنىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت

[1] سۈرە نىسا، 93 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3595): ھەسەن ۋە مەقتۇئ ـ دېگەن.

قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىمەتلەر (يەنى ساۋاب بار)، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كافىر) ئىدىڭلار، كېيىن الله سىلەرگە (ئىمانىنى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزەڭلارغا سىلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [1].

(مۇسلىم: 3025)

6905 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ: لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ عَنْ بَدْرٍ وَالْخَارِجُونَ إِلَى بَدْرٍ.

6905 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن) ئارتۇق قىلدى [2] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا: بەدر ئۇرۇشىغا چىقمىغانلار بىلەن چىققانلار باراۋەر بولمايدۇ، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 3954)

6906 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ أَنَّهُ قَالَ لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَرَرِ عَنْ بَدْرٍ وَالْخَارِجُونَ إِلَى بَدْرٍ لَمَا نَزَلَتْ غَزْوَةُ بَدْرٍ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ جَحْشٍ وَابْنُ أُم مَكْتُومٍ إِنا أَعْمَيَانِ يَا رَسُولَ اللهِ فَهَلْ لَنا رُخْصَةٌ فَنَزَلَتْ لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَرَرِ وَ فَضلَ اللهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً فَهَؤُلَاءِ الْقَاعِدُونَ غَيْرُ أُولِي

[1] سۈرە نىسا، 94 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 95 ـ ئايەت.

الضَرَرِ وَفَضلَ اللهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا دَرَجَاتٍ مِنْهُ عَلَى الْقَاعِدِينَ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرِ أُولِي الضَرَرِ.

6906 — ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇما اللہ تائالانىڭ: مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار اللہ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. اللہ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە اللہ جەننەتنى ۋەدە قىلدى. اللہ جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن) ئارتۇق قىلدى [1] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا توختىلىپ: بۇ ئايەت بەدر ئۇرۇشىغا چىقمىغانلار بىلەن چىققانلار باراۋەر بولمايدۇ، - دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى بەدر غازىتىغا چىقىش بۇيرۇقى چۈشكەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش بىلەن ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئىككىيلەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئەما كىشىلەرمىز، بىزگە چىقماسلىققا رۇخسەت بارمىدۇ؟ - دېگەنىدى، اللہ تائالا ئەشۇ ئايەتنى نازىل قىلغان، - دېدى [2].

(تىرمىزى: 3032)

6907 - عن مُحَمد بن عَبْدِ الرحْمَنِ أَبو الْأَسْوَدِ قَالَ قُطِعَ عَلَى أَهْلِ الْمَدِينَةِ بَعْثٌ فَاكْتُتِبْتُ فِيهِ فَلَقِيتُ عِكْرِمَةَ مَوْلَى ابْنِ عَبَاسٍ فَأَخْبَرْتُهُ فَنَهَانِي عَنْ ذَلِكَ أَشَد النهْيِ ثُم قَالَ أَخْبَرَنِي ابْنُ عَباسٍ أَن نَاسًا مِنْ الْمُسْلِمِينَ كَانُوا مَعَ الْمُشْرِكِينَ يُكَثِرُونَ سَوَادَ الْمُشْرِكِينَ

[1] سۈرە نىسا، 95 - ئايەت.

[2] ئەلبانى (2428): "بەدر غازىتىغا چىقىش بۇيرۇقى چۈشكەندە" دېگەن ئىبارىدىن باشقىسى سەھىھ - دېگەن.

عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْتِي السهْمُ فُيُرْمَى بِهِ فُيُصِيبُ أَحَدَهُمْ فَيَقْتُلُهُ أَوْ يُضْرَبُ فُيُقْتَلُ فَأنْزَلَ اللهُ إِن الذِينَ تَوَفاهُمْ الْمَلَائِكَةُ ظَالِمِي أَنفُسِهِمْ الْآيَةَ.

6907 ـ ئەبۇ ئەسۋەد مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھماندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (ئىبنى زۇبەيرنىڭ زامانىدا) مەدىنە خەلقىدىن بىر روتا ئەسكەر يىغىش ئۈچۈن قارار ئېلىنىدى. مەنمۇ پىدائىي بولۇپ قاتنىشىش ئۈچۈن، تىزىمغا ئالدۇردۇم. ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئازادگەردىسى ئىكرىمەگە ئۇچراپ قېلىپ، ئەسكەرلىككە تىزىملاتقانلىقىمنى سۆزلەپ بەرگەندىم، ئۇ مېنى بۇ ئىشتىن قاتتىق توسۇپ مۇنداق دېدى:

ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەندى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە، بەزى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلغان دۈشمەنلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى ئاشۇرۇپ بېرەتتى. ئۇرۇش جەريانىدا بەزىلىرىگە ئوق تېگىپ، بەزىلىرىگە قىلىچ چېپىلىپ كېتىپ ئۆلۈپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار اللهنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان)لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 4596)

[1] سۈرە نىسا، 97 ـ ئايەت.

6908 ـ عن ابن عباس، قال: خرج ضمرة بن جندب من بيته مهـاجرا، فقـال لأهله: اþلوني، فأخرجوني من أرض المشركين إБ رسول الله صلى الله عليـه وسـلم، فمات في الطريق قبل أن يصل إБ النبي صلى الله عليه وسلم، «ﻓ ل الوحي (ومن يخـرج من بيته مهاجرا إБ الله ورسوله Ż يدركه الموت...) حـG بلـغ (وكـان الله غفـورا رحيما)».

6908 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: زەمرە ئىبنى جۇندۇب ھىجرەت قىلماقچى بولۇپ، بالا ـ چاقىلىرىغا:

ـ مېنى مۇشرىكلارنىڭ زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭلار! ـ دېدى، لېكىن (مەدىنىگە يېتىپ بارالماي) يولدا ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن: كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم الله بېرىدۇ. الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[2].

(مەۋسىلى: 2679)

6909 ـ عَنْ يَعْلَى بْنِ أُمية قَالَ قُلْتُ لِعُمَرَ بْنِ الْخَطابِ لَيْسَ عَلَـيْكُمْ جُنَـاحٌ أَنْ تَقْصُرُوا مِنْ الصلَاةِ إِنْ خِفْتُمْ أَنْ يَفْتِنَكُمْ الذِينَ كَفَرُوا فَقَدْ أَمِنَ الناسُ فَقَالَ عَجِبْتُ مِمـا عَجِبْتَ مِنْهُ فَسَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ صَدَقَةٌ تَصَدقَ اللهُ بِهَا عَلَيْكُمْ فَاقْبَلُوا صَدَقَتَهُ.

6909 ـ يەئلا ئىبنى مۇنيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەپەرگە چىققان ۋاقىتلاردا كافىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسىر قىلىپ (يەنى

---

[1] سۈرە نىسا، 100 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10949): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كافىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر (ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنى ئۆلتۈرىۋېتىشتىن يانمايدۇ) [1] دېگەن ئايەت ھەققىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا:

ـ مۇسۇلمانلار ئەمدى ئامانلىققا ئېرىشتىغۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ سەن ھەيران قالغان ئىشتىن مەنمۇ ھەيران قېلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىسام، ماڭا: «بۇ، الله سىلەرگە بەرگەن سەدىقىدۇر، اللهنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار!» دەپ جاۋاب بەرگەندى.

(مۇسلىم: 686)

6910 ـ عَنْ قَتَادَةَ بْنِ النُعْمَانِ قَالَ كَانَ أَهْلُ بَيْتٍ مِنا يُقَالُ لَهُمْ بَنُو أُبَيْرِقٍ بِشْرٌ وَبُشَيْرٌ وَمُبَشرٌ وَكَانَ بُشَيْرٌ رَجُلًا مُنَافِقًا يَقُولُ الشعْرَ يَهْجُو بِهِ أَصْحَابَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم يَنْحَلُهُ بَعْضَ الْعَرَبِ ثُم يَقُولُ قَالَ فُلَانٌ كَذَا وَكَذَا قَالَ فُلَانٌ كَذَا وَكَذَا فَإِذَا سَمِعَ أَصْحَابُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَلِكَ الشعْرَ قَالُوا وَاللهِ مَا يَقُولُ هَذَا الشعْرَ إِلا هَذَا الْخَبِيثُ أَوْ كَمَا قَالَ الرجُلُ وَقَالُوا ابْنُ الْأُبَيْرِقِ قَالَهَا قَالَ وَكَانُوا أَهْلَ بَيْتِ حَاجَةٍ وَفَاقَةٍ فِي الْجَاهِلِيةِ وَالْإِسْلَامِ وَكَانَ الناسُ إِنمَا طَعَامُهُمْ بِالْمَدِينَةِ التمْرُ وَالشعِيرُ وَكَانَ الرجُلُ إِذَا كَانَ لَهُ يَسَارٌ فَقَدِمَتْ ضَافِطَةٌ مِنْ الشامِ مِنْ الدرْمَكِ ابْتَاعَ الرجُلُ مِنْهَا فَخَص بِهَا نَفْسَهُ وَأَما الْعِيَالُ فَإِنمَا طَعَامُهُمْ التمْرُ وَالشعِيرُ فَقَدِمَتْ ضَافِطَةٌ مِنْ الشامِ فَابْتَاعَ عَمي رِفَاعَةُ بْنُ زَيْدٍ حِمْلًا مِنْ الدرْمَكِ فَجَعَلَهُ فِي مَشْرَبَةٍ لَهُ وَفِي الْمَشْرَبَةِ سِلَاحٌ وَدِرْعٌ وَسَيْفٌ فَعُدِيَ عَلَيْهِ مِنْ تَحْتِ الْبَيْتِ فَنُقِبَتْ الْمَشْرَبَةُ وَأُخِذَ الطعَامُ وَالسلَاحُ فَلَما أَصْبَحَ أَتَانِي عَمي رِفَاعَةُ فَقَالَ يَا ابْنَ أَخِي إِنهُ قَدْ عُدِيَ عَلَيْنَا فِي لَيْلَتِنَا هَذِهِ فَنُقِبَتْ مَشْرَبَتُنَا وَذُهِبَ بِطَعَامِنَا وَسِلَاحِنَا قَالَ فَتَحَسسْنَا فِي الدارِ وَسَأَلْنَا فَقِيلَ لَنَا قَدْ رَأَيْنَا بَنِي أُبَيْرِقٍ اسْتَوْقَدُوا فِي هَذِهِ اللَيْلَةِ وَلَا نَرَى فِيمَا نَرَى إِلا عَلَى بَعْضِ طَعَامِكُمْ قَالَ وَكَانَ بَنُو أُبَيْرِقٍ قَالُوا وَنَحْنُ نَسْأَلُ فِي

[1] سۈرە نىسا، 101 ـ ئايەت.

الدارِ وَاللهِ مَا نُرَى صَاحِبَكُمْ إلا لَبِيدَ بْنَ سَهْلٍ رَجُلٌ مِنا لَهُ صَلَاحٌ وَإِسْلَامٌ فَلَما سَمِعَ لَبِيدٌ اخْتَرَطَ سَيْفَهُ وَقَالَ أَنا أَسْرِقُ فَوَاللهِ لَيُخَالِطَنكُمْ هَذَا السيْفُ أَوْ لَتُبَيِنُن هَذِهِ السرِقَةَ قَالُوا إِلَيْكَ عَنْهَا أَيهَا الرجُلُ فَمَا أَنتَ بِصَاحِبِهَا فَسَأَلْنا فِي الدارِ حَتى لَمْ نَشُك أَنهُمْ أَصْحَابُهَا فَقَالَ لِي عَمي يَا ابْنَ أَخِي لَوْ أَتَيْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرْتَ ذَلِكَ لَهُ قَالَ قَتَادَةُ فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ إِن أَهْلَ بَيْتٍ مِنا أَهْلَ جَفَاءٍ عَمَدُوا إِلَى عَمي رِفَاعَةَ بْنِ زَيْدٍ فَنَقَبُوا مَشْرَبَةً لَهُ وَأَخَذُوا سِلَاحَهُ وَطَعَامَهُ فَلْيَرُدوا عَلَيْنا سِلَاحَنَا فَأَما الطعَامُ فَلَا حَاجَةَ لَنا فِيهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَآمُرُ فِي ذَلِكَ فَلَما سَمِعَ بَنُو أُبَيْرِقٍ أَتَوْا رَجُلًا مِنْهُمْ يُقَالُ لَهُ أُسَيْرُ بْنُ عُرْوَةَ فَكَلمُوهُ فِي ذَلِكَ فَاجْتَمَعَ فِي ذَلِكَ نَاسٌ مِنْ أَهْلِ الدارِ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِن قَتَادَةَ بْنَ النعْمَانِ وَعَمهُ عَمَدَا إِلَى أَهْلِ بَيْتٍ مِنا أَهْلِ إِسْلَامٍ وَصَلَاحٍ يَرْمُونَهُمْ بِالسرِقَةِ مِنْ غَيْرِ بَينَةٍ وَلَا ثَبَتٍ قَالَ قَتَادَةُ فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَلمْتُهُ فَقَالَ عَمَدْتَ إِلَى أَهْلِ بَيْتٍ ذُكِرَ مِنْهُمْ إِسْلَامٌ وَصَلَاحٌ تَرْمِهِمْ بِالسرِقَةِ عَلَى غَيْرِ ثَبَتٍ وَلَا بَينَةٍ قَالَ فَرَجَعْتُ وَلَوَدِدْتُ أَني خَرَجْتُ مِنْ بَعْضِ مَالِي وَلَمْ أُكَلمْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي ذَلِكَ فَأَتَانِي عَمي رِفَاعَةُ فَقَالَ يَا ابْنَ أَخِي مَا صَنَعْتَ فَأَخْبَرْتُهُ بِمَا قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ اللهُ الْمُسْتَعَانُ فَلَمْ يَلْبَثْ أَنْ نَزَلَ الْقُرْآنُ {إِنا أَنْزَلْنا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَق لِتَحْكُمَ بَيْنَ الناسِ بِمَا أَرَاكَ اللهُ وَلَا تَكُنْ لِلْخَائِنِينَ خَصِيمًا} بَنِي أُبَيْرِقٍ {وَاسْتَغْفِرْ اللهَ} أَيْ مِما قُلْتَ لِقَتَادَةَ {إِن اللهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا وَلَا تُجَادِلْ عَنْ الذِينَ يَخْتَانُونَ أَنْفُسَهُمْ إِن اللهَ لَا يُحِب مَنْ كَانَ خَوانًا أَثِيمًا يَسْتَخْفُونَ مِنْ الناسِ وَلَا يَسْتَخْفُونَ مِنْ اللهِ إِلَى قَوْلِهِ غَفُورًا رَحِيمًا} أَيْ لَوْ اسْتَغْفَرُوا اللهَ لَغَفَرَ لَهُمْ {وَمَنْ يَكْسِبْ إِثْمًا فَإِنمَا يَكْسِبُهُ عَلَى نَفْسِهِ إِلَى قَوْلِهِ إِثْمًا مُبِينًا } قَوْلَهُ لِلَبِيدٍ {وَلَوْلَا فَضْلُ اللهِ عَلَيْكَ وَرَحْمَتُهُ إِلَى قَوْلِهِ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا} فَلَما نَزَلَ الْقُرْآنُ أَتَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالسلَاحِ فَرَدهُ إِلَى رِفَاعَةَ فَقَالَ قَتَادَةُ لَما أَتَيْتُ عَمي بِالسلَاحِ وَكَانَ شَيْخًا قَدْ عَشَا أَوْ عَسَى فِي الْجَاهِلِيةِ وَكُنْتُ أُرَى إِسْلَامُهُ مَدْخُولًا فَلَما أَتَيْتُهُ بِالسلَاحِ قَالَ يَا ابْنَ أَخِي هُوَ فِي سَبِيلِ اللهِ فَعَرَفْتُ أَن إِسْلَامَهُ كَانَ صَحِيحًا فَلَما نَزَلَ الْقُرْآنُ لَحِقَ بُشَيْرٌ بِالْمُشْرِكِينَ فَنَزَلَ عَلَى سُلَافَةَ بِنْتِ سَعْدِ ابْنِ سُمَيةَ فَأَنْزَلَ اللهُ {وَمَنْ

يُشَاقِقْ الرسُولَ مِنْ بَعْدِ مَا تَبينَ لَهُ الْهُدَى وَيَتبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِهِ مَا تَوَلى وَنُصْلِهِ جَهَنمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا إِن اللهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللهِ فَقَدْ ضَل ضَلَالًا بَعِيدًا} فَلَما نَزَلَ عَلَى سُلَافَةَ رَمَاهَا حَسانُ بْنُ ثَابِتٍ بِأَبْيَاتٍ مِنْ شِعْرِهِ فَأَخَذَتْ رَحْلَهُ فَوَضَعَتْهُ عَلَى رَأْسِهَا ثُم خَرَجَتْ بِهِ فَرَمَتْ بِهِ فِي الْأَبْطَحِ ثُم قَالَتْ أَهْدَيْتَ لِي شِعْرَ حَسانَ مَا كُنتَ تَأْتِينِي بِخَيْرٍ.

6910 ـ قەتادە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەنۇ ئۇبەيرىق دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئائىلە بار بولۇپ، ئۇ ئائىلىدە بىشر، بۇشەير ۋە مۇبەششىر دەپ ئۈچ ئوغۇل بار ئىدى. بۇشەير مۇناپىق بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى ھاقارەتلەپ، ھەجۋىي بېيىتلارنى ئوقۇيتتى. ئاندىن ئۆزى ئوقۇغان بېيىتلارنى:

ــ بۇ پالانىنىڭ، ماۋۇ پالانىنىڭ، ـ دەپ بەزى ئەرەبلەرگە نىسبەت بېرەتتى (يەنى دۆڭگەپ قوياتتى). بۇ بېيىتلارنى ئاڭلىغان ساھابىلەر:

ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ بېيىتلارنى مۇشۇ كاساپەتتىن باشقا بىرسى توقۇمايدۇ. بۇنى چوقۇم ئۇبەيرىقنىڭ بالىسى ئوقۇپتۇ، ـ دېيىشەتتى. ئۇ ئائىلە جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ، ئىسلام دەۋرىدىمۇ نامراتلىقتا ئۆتكەن، موھتاج ئائىلە ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەدىنە خەلقىنىڭ ئوزۇقى خورما بىلەن ئارپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى كىشىلەر شامدىن ئاشلىق ئېلىپ كېلىدىغان تىجارەتچىلەردىن ئاق ئۇن سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە خاس ئوزۇقلۇق قىلاتتى، ئەمما بالا ـ چاقىلىرىغا يەنىلا خورما بىلەن ئارپا بېرەتتى.

بىر كۈنى، تاغام رىفائە ئىبنى زەيد شام تىجارەتچىلىرىدىن بىر تاغار ئاق ئۇن سېتىۋېلىپ، ئامبىرىغا قويۇپ قويدى. ئامباردا ساۋۇت، قىلىچ قاتارلىق قورال ـ ياراقلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ كېچىسى، ئوغرى كېلىپ، ئۆينى ئاستىدىن تېشىپ، ئاشلىق ۋە قورال ـ ياراقنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، تاغام رىفائە قېشىمغا كېلىپ:

ـ ئى جىيەنىم! بۇ كېچە ئۆيگە ئوغرى كىرىپ، ئامبارنى تېشىپ، ئاشلىق بىلەن قورال ــ ياراقلىرىمىزنى ئوغرىلاپ كەتتى. قولۇم ـ

قوشنىلاردىن ئۆچۈر ئىگەللەپ، سۈرۈشتە قىلدۇق. كىشىلەر: ”ئۇبەيرىق ئوغۇللىرى بۇ كېچە ئوت ياقتى، ئۇلار چوقۇم سېنىڭ ئاشلىقىڭنى ئاپىرىپ يېشۇرۇپ يەپتۇ“ دېيىشتى، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، مەھەللىدە سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدۇق. ئۇبەيرىق ئوغۇللىرى:

ـ سىلەر ئىزدەۋاتقان ئوغرى لەبىد ئىبنى سەھلدىن باشقا بىرى ئەمەس، ـ دېيىشتى. ھالبۇكى، ئۇ ئادەم ئارىمىزدا مۇسۇلماندارچىلىقى ۋە دىيانىتى بىلەن تونۇلغان بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان لەبىد قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ:

ـ دېمەك، مەن ئوغرىلىدىم ـ ھە؟! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يا بۇ سۆزۈڭلارنى ئىسپاتلايسىلەر ياكى بولمىسا مېڭەڭلارغا بۇ قىلىچنى يەيسىلەر، ـ دېگەنىدى، ئۇلار دەرھال:

ــ بولدى، بولدى. بىزدىن نېرى تۇر، سەن ئۇ ئوغرى ئەمەس، ـ دېيىشتى.

بىز يەنە مەھەللىدە سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئوغرىلارنىڭ ئاشۇلار ئىكەنلىكىگە شەك ـ شۈبھە قىلمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتۇق. تاغام ماڭا:

ــ ئى جىيەنىم! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ ئىشنى دەپ باقساڭ، ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇنداق دېدىم:

ـ ئارىمىزدىكى تۇغقانچىلىقىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى بىلمەيدىغان كۆڭلى قارا بىر ئائىلە تاغام رىفائە ئىبنى زەيدنىڭ ئامبىرىنى تېشىپ كىرىپ، قورال ـ ياراقلىرى بىلەن ئاشلىقىنى ئوغرىلاپتۇ. بىزگە قورال ــ ياراقلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئاشلىققا ئېھتىياجىمىز يوق، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بولىدۇ، بۇ ئىشنى مەن ئۆزەم بىر تەرەپ قىلاي، ـ دېدى.

ئۇبەيرىق جەمەتى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇسەير ئىبنى ئۇرۋە دېگەن بىر ئادىمىگە بۇ توغرىدا ئەھۋال ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئاشۇ

جەمەتتىن بىر توپ كىشى يىغىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! قەتادە ئىبنى نۇئمان بىلەن تاغىسى بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى مۇسۇلماندارچىلىقى ۋە دىيانىتى بار بىر ئائىلىنى ئىسپاتسىز ھالدا ئوغرىلىق بىلەن قارىلاۋاتىدۇ. ـ دېيىشتى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سۆزلەشكىلى بارغانىدىم، ماڭا:

ـ مۇسۇلماندارچىلىقى ۋە دىيانىتى بار بىر ئائىلىنى ئىسپاتسىز ھالدا ئوغرىلىق بىلەن قارىلىغىنىڭ نېمىسى؟ ـ دېدى. مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە: " مال ـ مۈلكۈمدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسامدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ توغرىدا سۆز ئاچمىغان بولسام بوپتىكەن" دەپ پۇشايمان قىلغان ھالدا قايتتىم. تاغام كېلىپ:

ـ ئى جىيەنىم! قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ:

ـ ياردەم تىلەشكە لايىق بىردىنبىر زات اللهتۇر، ـ دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قۇرئاننىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى نازىل بولدى: (ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا اللهنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن [1]. ئايەتتىكى: "خائىنلار" دېگەن سۆز ئۇبەيرىق ئوغۇللىرىغا قارىتىلغانىدى. قەتادەگە ئېيتقان سۆزلىرىڭ ئۈچۈن اللهتىن مەغفىرەت تىلىگىن . (ئى ئۇبەيرىق ئوغۇللىرى!) الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر . (گۇناھ قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ، اللهتىن

[1] سۈرە نىسا، 105 ـ ئايەت.

(خىجىل بولۇپ) يوشۇرمايدۇ؛ ئۇلار الله رازى بولمايدىغان سۆزنى (بوھتان چاپلاش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە يالغان قەسەمنى) پىلانلىغان چاغدا، الله ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇراتتى، سۆزىنى ئاڭلاپ تۇراتتى). ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى الله تامامەن بىلگۈچىدۇر. سىلەر شۇنداق كىشىلەر سىلەركى، ھاياتىي دۇنيادا ئۇلارنىڭ (يەنى ئوغرى ۋە خائىنلارنىڭ) تەرىپىنى ئالدىڭلار، قىيامەت كۈنى كىم اللهقا قارشى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ؟ (يەنى اللهنىڭ ئازابىنى كىم ئۇلاردىن دەپئى قىلىدۇ؟) ياكى كىم ئۇلارغا ھامىي بولىدۇ. كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن اللهتىن مەغفىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ اللهنىڭ مەغفىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ [1]. يەنى، ناۋادا ئۇلار اللهتىن مەغپىرەت تىلىگەن بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى كەچۈرىۋەتكەن بولاتتى.

كىمكى (قەستەن) بىرەر گۇناھ قىلسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا قىلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ۋابالىنى ئۆزى تارتىدۇ). الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. كىمكى بىر كىچىك گۇناھ ياكى بىر چوڭ گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۈزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ [2].

يەنى، لەبىيدكە دېگەن سۆزنى دېمەكچى. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ساڭا اللهنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم چوقۇم سېنى ئازدۇرۇشنى قەستلەيتتى؛ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيىب ئىشلارنى) بىلدۈردى. اللهنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر. ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبەتلىرىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمىر قىلغان

---

[1] سۈرە نىسا، 106 ـ دىن 110 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە نىسا، 111 ـ ۋە 112 ـ ئايەتلەر.

كىشىلەر(نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ (ئىش)لارنى اللهنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز [1].

بۇ ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، ئوغرى قورال ــ ياراقنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەكىلىپ بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى رىفائەگە قايتۇرۇپ بەردى. تاغام جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشىغان ھەم كۆزى ئاجىزلاپ قالغان كىشى بولغاچقا، مەن ئۇنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىناتتىم. قوراللارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىنىمدا:

ـ ئى جىيەنىم! بۇ قوراللارنى الله يولىغا ۋەخپە قىلىۋەتتىم. ـ دېدى. شۇندىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدىم.

بۇشەير بولسا، مۇشرىكلارنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ، سەئد ئىبنى سۇمەييەنىڭ قىزى سۇلافەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. الله تائالا بۇ ھەقتە:

كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۇرۇلۇشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغفىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ [2] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

ئۇ سۇلافەنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندىن كېيىن، ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قانچە بېيىت ئارقىلىق سۇلافەنى مەسخىرە

---

[1] سۈرە نىسا، 113 ـ ۋە 114 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە نىسا، 115 ـ ۋە 116 ـ ئايەتلەر.

قىلىشۋىدى، سۈلافە بۈشەيرىنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ مەككە سىرتىدىكى سايلىققا چۆرۈۋەتتى، ئاندىن:

ـ كۆزۈمدىن يوقال! ماڭا ھەسساننىڭ بېيىتلىرىدىن باشقا بىر ياخشىلىق ھەدىيە قىلالمىدىڭ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3036)

6911 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ لَمَّا نَزَلَتْ مَنْ يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ بَلَغَتْ مِنْ الْمُسْلِمِينَ مَبْلَغًا شَدِيدًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَارِبُوا وَسَدِّدُوا فَفِي كُلِّ مَا يُصَابُ بِهِ الْمُسْلِمُ كَفَّارَةٌ حَتَّى النَّكْبَةِ يُنْكَبُهَا أَوْ الشَّوْكَةِ يُشَاكُهَا.

6911 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالانىڭ: كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن اللهتىن مەغفىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ اللهنىڭ مەغفىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ[2] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

«ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىڭلاردا ئوتتۇرا ھال بولۇڭلار، توغرىنى نىشانلاپ ئىش قىلىڭلار! مۇسۇلمان كىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق مۇسىبەت، ھەتتا پۇتلىشىپ كەتسىمۇ ياكى پۇتىغا تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىنى يۇيىدىغان كاپپارەت بولىدۇ» دېدى.

(مۇسلىم: 2574)

6912 ـ عَنْ أَبِي بَكْرٍ الصِّدِّيقِ قَالَ كُنْتُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأُنْزِلَتْ عَلَيْهِ هَذِهِ الْآيَةَ مَنْ يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ وَلَا يَجِدْ لَهُ مِنْ دُونِ اللهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَا أَبَا بَكْرٍ أَلَا أُقْرِئُكَ آيَةً أُنْزِلَتْ عَلَيَّ قُلْتُ بَلَى يَا

[1] ئەلبانى (2432): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] سۈرە نىسا، 110 ـ ئايەت.

رَسُولَ اللهِ قَالَ فَأَقْرَأَنِيهَا فَلَا أَعْلَمُ إِلَا أَني قَدْ كُنتُ وَجَدْتُ انْقِصَامًا فِي ظَهْرِي فَتَمَطأْتُ لَهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا شَأْنُكَ يَا أَبَا بَكْرٍ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ بِأَبِي أَنتَ وَأُمي وَأَيُنا لَمْ يَعْمَلْ سُوءًا وَإِنا لَمُجْزَوْنَ بِمَا عَمِلْنَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما أَنتَ يَا أَبَا بَكْرٍ وَالْمُؤْمِنُونَ فَتُجْزَوْنَ بِذَلِكَ فِي الدنْيَا حَتى تَلْقَوْا اللهَ وَلَيْسَ لَكُمْ ذُنوبٌ وَأَما الْآخَرُونَ فَيُجْمَعُ ذَلِكَ لَهُمْ حَتى يُجْزَوْا بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

6912 ـــ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇراتتىم، ئۇنىڭغا مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن اللهتىن باشقا (اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ [①].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! ماڭا نازىل قىلىنغان بىر ئايەتنى ئوقۇپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئوقۇپ بەرگىن! ـ دېسەم، يۇقىرىقى ئايەتنى ماڭا ئوقۇپ بەرگەندى، بىلىم خۇددى سۇنۇپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كېتىپ، ئاغرىققا چىدىماي ئىڭىشتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، قايسىبىرىمىز بىرەر يامانلىق قىلىپ سالمىغان دەيسەن. بىز پۈتۈن قىلغانلىرىمىز ئۈچۈن چوقۇم جازاغا تارتىلامدۇق؟ ـ دېسەم:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! سەن ۋە باشقا مۇئمىن بەندىلەر مۇشۇ دۇنيادىلا جازالىنىپ، الله تائالانىڭ ھوزۇرىغا گۇناھىڭلار قالمىغان ھالدا كېتىسىلەر. ئەمما كاپىرلارنىڭ گۇناھلىرى يىغىپ قويۇلۇپ، جازاسى قىيامەتتە بېرىلىدۇ، ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 3039)

---

[①] سۈرە نىسا، 123 ـ ئايەت.

[②] ئەلبانى (581): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

6913 ـ عَنْ عَلِيِّ بْنِ زَيْدٍ عَنْ أُمَيَّةَ أَنَّهَا سَأَلَتْ عَائِشَةَ عَنْ قَوْلِ اللهِ تَعَالَى إِنْ تُبْدُوا مَا فِي أَنْفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُمْ بِهِ اللهُ وَعَنْ قَوْلِهِ مَنْ يَعْمَلْ سُوءًا يُجْزَ بِهِ فَقَالَتْ مَا سَأَلَنِي عَنْهَا أَحَدٌ مُنْذُ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ هَذِهِ مُعَاتَبَةُ اللهِ الْعَبْدَ فِيمَا يُصِيبُهُ مِنْ الْحُمَّى وَالنَّكْبَةِ حَتَّى الْبِضَاعَةُ يَضَعُهَا فِي كُمِّ قَمِيصِهِ فَيَفْقِدُهَا فَيَفْزَعُ لَهَا حَتَّى إِنَّ الْعَبْدَ لَيَخْرُجُ مِنْ ذُنُوبِهِ كَمَا يَخْرُجُ التِّبْرُ الْأَحْمَرُ مِنْ الْكِيرِ.

6913 ـ ئۇمەييەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن اللە تائالانىڭ: دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارە قىلىڭلار مەيى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن اللە سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. اللە خالىغان كىشىگە مەغفىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. اللە ھەممە نەرسىگە قادىردۇر [1] دېگەن ئايىتى بىلەن: كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن اللەتىن باشقا (اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ [2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە سورىغانىدىم، ئۇ:

— مەن بۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغاندىن بۇيان، ھېچكىم (مەندىن) سوراپ باقمىغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا بەندىنى كېسەللىك، پۇتلىشىپ كېتىش، ھەتتا كۆڭلىكىنىڭ يېڭىگە تۈرۈپ ساقلىغان پۇلىنى يۈتتۈرۈپ قويۇشى چاغلىق ھەر تۈرلۈك مۇسىبەتلەرگە مۇپتىلا قىلىپ، قايغۇغا سالىدۇ، بۇ ئارقىلىق بەندىنى دۇنيادا خۇددى ئالتۇننى كۆرۈكتە تاۋلىغاندەك گۇناھلىرىدىن پاكلاپ ئېلىپ كېتىدۇ»[3].

(تىرمىزى: 2991)

---

[1] سۈرە بەقەرە، 284 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 123 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (574): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

6914 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ خَشِيَتْ سَوْدَةُ أَنْ يُطَلِّقَهَا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ لَا تُطَلِّقْنِي وَأَمْسِكْنِي وَاجْعَلْ يَوْمِي لِعَائِشَةَ فَفَعَلَ فَنَزَلَتْ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا أَنْ يُصْلِحَا بَيْنَهُمَا صُلْحًا وَالصلحُ خَيْرٌ فَمَا اصْطَلَحَا عَلَيْهِ مِنْ شَيْءٍ فَهُوَ جَائِزٌ كَأَنهُ مِنْ قَوْلِ ابْنِ عَباسٍ.

6914 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ:

ـــ مېنى تالاق قىلماي، ئەمرىڭدە تۇتقىن. مەن نۆۋەت كۈنۈمنى ئائىشەگە بېرەي، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى نازىل بولدى: ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش (ئۇزلۇشۇپ كېتىشتىن) ياخشى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن، ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار (الله سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ). الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر [1]. دېمەككى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەرقانداق خۇسۇستا كېلىشىم ھاسىل قىلىشى جائىزدۇر [2].

(تىرمىزى: 3040)

[1] سۈرە نىسا، 138 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2434): سەھىھ ـ دېگەن.

## مائىدە سۈرىسى

6915 ـ عن عَبْد اللهِ بْن عَمْرٍو قال أُنزِلَتْ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ سُورَةُ الْمَائِدَةِ وَهُوَ رَاكِبٌ عَلَى رَاحِلَتِهِ فَلَمْ تَسْتَطِعْ أَنْ تَحْمِلَهُ فَنَزَلَ عَنْهَا.

6915 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىۋاتقان چاغدا، مائىدە سۈرىسى نازىل بولدى. ئۇلاغ كۆتۈرەلمەي قېلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرگە چۈشۈۋالدى[1]. (ئەھمەد: 6605).

6916 ـ عَنْ طَارِقِ بْنِ شِهَابٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ مِنْ الْيَهُودِ إِلَى عُمَرَ فَقَالَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ آيَةٌ فِي كِتَابِكُمْ تَقْرَءُونَهَا لَوْ عَلَيْنَا نَزَلَتْ مَعْشَرَ الْيَهُودِ لَاتخَذْنَا ذَلِكَ الْيَوْمَ عِيدًا قَالَ وَأَي آيَةٍ قَالَ {الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمْ الْإِسْلَامَ دِينًا} فَقَالَ عُمَرُ إِني لَأَعْلَمُ الْيَوْمَ الذِي نَزَلَتْ فِيهِ وَالْمَكَانَ الذِي نَزَلَتْ فِيهِ نَزَلَتْ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعَرَفَاتٍ فِي يَوْمِ جُمُعَةٍ.

6916 ـ تارىق ئىبنى شىھابتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر يەھۇدىي ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! سىلەر كىتابىڭلاردىن بىر ئايەتنى ئوقۇيسىلەر. ناۋادا ئۇ ئايەت بىز يەھۇدىيلارغا نازىل قىلىنغان بولسا، بىز شۇ كۈننى ھېيت ـ بايرام قىلىۋالغان بولاتتۇق، ـ دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

---

[1] ھەيسەمى (10962): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھەيئە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ـــ ئــۇ قايســى ئــايەت؟ ـ دەپ ســورىدى، ئــۇ: بۈگــۈن ســىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تامامىلىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ مەن بۇ ئايەت نازىل قىلىنغان كۈن بىلەن جاينى ئوبدان بىلىمەن. بۇ ئايەت پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جۈمە كۈنى ئەرافاتتا نازىل بولغان (يەنى، سەن دېمىسەڭمۇ، بۇ ئىككى كۈن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمىدۇر)، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 3017)

6917 ـ وعن ابن عباس: فَقَالَ له يَهُودِي: لَوْ أُنزِلَتْ هَذِهِ عَلَيْنا لَاتخَذْنا يَوْمَهَا عِيدًا قَالَ ٱبْنُ عَباسٍ فَإِنهَا نَزَلَتْ فِي يَوْمِ عِيدٍ فِي يَوْمِ جُمْعَةٍ وَيَوْمِ عَرَفَةَ.

6917 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كەلگەن يەنە بىر رىۋايەتتە، بىر يەھۇدىي ئۇنىڭغا:

ـ بۇ ئايەت بىز يەھۇدىيلارغا نازىل قىلىنغان بولسا، بىز بۇ كۈننى ھېيت ـ ئايەم كۈنى قىلىۋالغان بولاتتۇق، ـ دېگەن بولۇپ، ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا:

ـــ بۇ ئايەت جۈمە كۈنى ۋە ئەرافات كۈنىدىن ئىبارەت (مۇسۇلمانلارنىڭ) ئىككى ھېيت كۈنىدە نازىل بولغان، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

(تىرمىزى: 3044)

6918 ـ عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ قَالَ إِنمَا جَزَاءُ الذِينَ يُحَارِبُونَ اللهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا أَنْ يُقَتلُوا أَوْ يُصَلبُوا أَوْ تُقَطعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ مِنْ خِلَافٍ أَوْ يُنفَوْا مِنْ

[1] سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى: سەھىھ ـ دېگەن.

الْأَرْضِ إِلَى قَوْلِهِ غَفُورٌ رَحِيمٌ نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ فِي الْمُشْرِكِينَ فَمَنْ تَابَ مِنْهُمْ قَبْلَ أَنْ يُقْدَرَ عَلَيْهِ لَمْ يَمْنَعْهُ ذَلِكَ أَنْ يُقَامَ فِيهِ الْحَد الذِي أَصَابَهُ.

6918 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلارچوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بىلىڭلاركى، الله مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [1] دېگەن ئايەتلەر مۇشرىكلار ھەققىدە نازىل بولغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلار تۇتۇلۇپ قېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلغان بولسىمۇ، بەربىر قىلمىشى تۈپەيلىدىن بەلگىلەنگەن جازاغا تارتىلىدۇ، تەۋبىسى جازانى توسۇپ قالالمايدۇ[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4372)

6919 ـ عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ مُر عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَهُودِي مُحَممٍ مَجْلُودٍ فَدَعَاهُمْ فَقَالَ هَكَذَا تَجِدُونَ حَد الزانِي فَقَالُوا نَعَمْ بنحو أحاديث مرت في الحدود.

وفيه: فَأَمَرَ بِهِ فَرُجِمَ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل يَا أَيهَا الرسُولُ لَا يَحْزُنْكَ الذِينَ يُسَارِعُونَ فِي الْكُفْرِ إِلَى قَوْلِهِ يَقُولُونَ إِنْ أُوتِيتُمْ هَذَا فَخُذُوهُ وَإِنْ لَمْ تُؤْتَوْهُ فَاحْذَرُوا إِلَى قَوْلِهِ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللهُ فَأُولَئِكَ هُمْ الْكَافِرُونَ فِي الْيَهُودِ إِلَى قَوْلِهِ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللهُ فَأُولَئِكَ هُمْ الظالِمُونَ فِي الْيَهُودِ إِلَى قَوْلِهِ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللهُ فَأُولَئِكَ هُمْ الْفَاسِقُونَ قَالَ هِيَ فِي الْكُفارِ كُلهَا يَعْنِي هَذِهِ الْآيَةَ.

[1] سۈرە مائىدە، 33 ـ ۋە 34 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەلبانى (3675): ھەسەن، ـ دېگەن.

6919 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدىن يۈزىگە قارا سۈرۈلۈپ، دەررە ئۇرۇلغان بىر يەھۇدىي ئۆتكۈزۈلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنى چاقىرىپ:

ــ كىتابىڭلاردا زىناخورنىڭ جازاسى مۇشۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار:

ــ ھەئە، ـ دېيىشتى.

بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەر «شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن جازالار بۆلۈمى»دە بايان قىلىنغان.

ئۇ ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمر قىلغانىدى، ئۇ يەھۇدىيغا چالما ـ كېسەك جازاسى ئىجرا قىلىندى. كۆپ ئۆتمەي، الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى نازىل بولدى: ئى پەيغەمبەر! دىللىرىدا ئىشەنمەي، ئېغىزلىرىدا: ”ئىمان ئېيتتۇق“ دەپ قويىدىغانلار (يەنى مۇناپىقلار)دىن ۋە يەھۇدىيلاردىن كۇفرىغا (پۇرسەت تاپسىلا كۇفرىنى ئىزھار قىلىشقا) ئالدىرايدىغان كىشىلەر سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلار (ئەھبارلىرى توقىغان) يالغانغا قۇلاق سالىدۇ، ساڭا كەلمىگەن (يەنى ئۆچلۈك قىلىپ سېنىڭ سۆھبىتىڭگە ھازىر بولمىغان) باشقا بىر قەۋمگە (يەنى خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ سۆزىگە) قۇلاق سالىدۇ، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى جايلىرىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ (يەنى اللهنىڭ ئەھكاملىرىنى باشقىلارغا ئالماشتۇرىۋېتىدۇ). ئۇلار: ”ئەگەر سىلەرگە بۇ ھۆكۈم بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر ئۇ بېرىلمىسە قوبۇل قىلماڭلار“ دەيدۇ، الله بىركىمنىڭ گۇمراھلىقنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن اللهقا قارشى قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ (يەنى ھېچ ئادەم ئۇنىڭدىن گۇمراھلىقنى دەپئى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ). دىللىرىنى (قىلمىشى قەبىھ بولغانلىقتىن كۇفرىدىن) پاك قىلىشنى الله خالىمىغان كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر، ئۇلار دۇنيادا رەسۋالىققا، ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا قالىدۇ. ئۇلار يالغانغا قۇلاق سالغۇچىلاردۇر، (پارا ۋە جازانىغا ئوخشاش) ھارامنى

بېگىۈچىلەردۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ كەلسە)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭ بولىدۇ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش سېنىڭ ئىختىيارىڭ)، ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ (چۈنكى الله سېنى كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا اللهنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا (يەنى تەۋراتتىكى ھۆكۈملەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايۋاتسا)، (ئى مۇھەممەد) قانداقچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؟ ئاندىن كېيىن (يەنى ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن) سېنىڭ ھۆكمىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئەنە شۇلار (تەۋراتقىمۇ، ساڭىمۇ) ئىشەنمىگۈچىلەردۇر. بىز ھەقىقەتەن مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (اللهنىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللاھ (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل ـــ مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كافىرلاردۇر. ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى)غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى

كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا)، بۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ، الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر. ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند ـ نەسىھەتتۇر. ئەھلى ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) الله ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر [1].

بەرا ئىبنى ئازىب مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، پەقەت ئاخىرقى: الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر دېگەن ئايەتلا كاپىرلار ھەققىدە نازىل بولغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4448)

6920 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ كَانَ قُرَيْظَةُ وَالنَّضِيرُ وَكَانَ النَّضِيرُ أَشْرَفَ مِنْ قُرَيْظَةَ فَكَانَ إِذَا قَتَلَ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْظَةَ رَجُلًا مِنْ النَّضِيرِ قُتِلَ بِهِ وَإِذَا قَتَلَ رَجُلٌ مِنْ النَّضِيرِ رَجُلًا مِنْ قُرَيْظَةَ فُودِيَ بِمِائَةِ وَسْقٍ مِنْ تَمْرٍ فَلَمَّا بُعِثَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَتَلَ رَجُلٌ مِنْ النَّضِيرِ رَجُلًا مِنْ قُرَيْظَةَ فَقَالُوا ادْفَعُوهُ إِلَيْنَا نَقْتُلْهُ فَقَالُوا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَتَوْهُ فَنَزَلَتْ وَإِنْ حَكَمْتَ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ بِالْقِسْطِ وَالْقِسْطُ النَّفْسُ بِالنَّفْسِ ثُمَّ نَزَلَتْ أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ.

---

[1] سۈرە مائىدە، 41 ـ دىن 47 ـ ئايەتكىچە.

[2] ئەلبانى (3738): سەھىھ ـ دېگەن.

6920 ـ ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەدىنىدە يەھۇدىيلاردىن بەنى قۇرەيزە ۋە بەنى نەزىر قەبىلىلىرى بار بولۇپ، بەنى نەزىر بەنى قۇرەيزەدىن شان ـ شەرەپتە ئۈستۈن تۇراتتى. بەنى قۇرەيزەدىن بىرى بەنى نەزىردىن بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭغا قىساس ئىجرا قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلەتتى. ئەمما بەنى نەزىردىن بىرى بەنى قۇرەيزەدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنماي، يۈز ۋەسەق خورما تۆلىتىلەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، بەنى نەزىردىن بىرى بەنى قۇرەيزەدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى، ئۆلتۈرۈلگۈچى تەرەپ:

ــ قاتىلنى بىزگە تاپشۇرۇڭلار! قىساس ئالىمىز، ـ دېسە، قاتىل تەرەپ:

ــ پەيغەمبەر (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارسۇن، ـ دەپ تۇرىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدى. شۇ چاغدا: ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ كەلسە)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭ بولىدۇ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش سېنىڭ ئىختىيارىڭ)، ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ (چۈنكى الله سېنى كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

ئادىللىق ـ جانغا جان قىساس ئېلىشتۇر. ئاندىن كېيىن: ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللهقا) چىن

[1] سۈرە مائىدە، 42 ـ ئايەت.

ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللهتىنمۇ ئادىل كىم بار [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4494)

**6921 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ فَإِنْ جَاءُوكَ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ أَوْ أَعْرِضْ عَنْهُمْ فَنُسِخَتْ قَالَ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ.**

6921 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ كەلسە)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭ بولىدۇ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش سېنىڭ ئىختىيارىڭ)، ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ (چۈنكى الله سېنى كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)، ئەگەرئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ [3] دېگەن ئايەت نازىل بولغانىدى، كېيىن بۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئورنىغا: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن [4] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[5].

(ئەبۇ داۋۇد: 3590)

**6922 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَما نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ فَإِنْ جَاءُوكَ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ أَوْ أَعْرِضْ عَنْهُمْ وَإِنْ حَكَمْتَ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ بِالْقِسْطِ الْآيَةُ قَالَ كَانَ بَنُو النضِيرِ إِذَا قَتَلُوا مِنْ بَنِي قُرَيْظَةَ أَدوْا نِصْفَ الدِيَةِ وَإِذَا قَتَلَ بَنُو قُرَيْظَةَ مِنْ بَنِي النضِيرِ أَدوْا إِلَيْهِمْ الدِيَةَ كَامِلَةً فَسَوى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَهُمْ.**

---

[1] سۈرە مائىدە، 50 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3772): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] سۈرە مائىدە، 42 ـ ئايەت.

[4] سۈرە مائىدە، 48 ـ ئايەت.

[5] ئەلبانى (3061): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

6922 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ كەلسە)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭ بولىدۇ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش سېنىڭ ئىختىيارىڭ)، ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ (چۈنكى الله سېنى كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ [1] دېگەن ئايەت نازىل بولۇشتىن بۇرۇن، بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن بىرى بەنى قۇرەيزەدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، تۆلەمنىڭ يېرىمىنى تۆلەيتتى. بەنى قۇرەيزەدىن بىرى بەنى نەزىر قەبىلىسىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، تۆلەمنى تولۇق تۆلەيتتى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى تەڭ ـ باراۋەر قىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3591)

6923 ـ عن جابر قال: سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن قوله: (فسوف يأ́ الله بقوم 3بهم و3بونه) المائدة آية رقم : 54 ) قال: «هؤلاء قوم من اليمن، Ż مـن كندة، Ż من السكون، Ż من θيب».

6923 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جانابى اللهنىڭ: ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللهنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كافىرلارغا شەپقەتسىز، اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان

[1] سۈرە مائىدە، 42 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (3062): سەنەدى ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

بىــر قەۋمنــى كەلتۈرىــدۇ. بــۇ (يەنــى يۈقىرىــدىكى ســۈپەتلەر بىــلەن سۈپەتلىنىش) اللەنىڭ پەزلىدۇركى، الله ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشــــىگە بېرىـــدۇ، الله (نىــــڭ پەزلىــــى) كەڭـــدۇر، الله ھەممىنــــى بىلگۈچىدۇر[①] دېگەن ئايىتى ھەققىدە سورالغاندا، مۇنداق دېگەن:

«ئۇلار يەمەندىكى كىندە قەبىلىسىنىڭ سەكۇن ئايمىقى تۇجىيب جەمەتىدىن بولغان بىر قەۋمدۇر»[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 1414)

6924 ـ عن عمار بن ياسر، قال: وقف على علي بن أبي طالب سـائل، وهـو راكع في تطوع فـ ع خا ه، فأعطاه السائل، فأتى رسول الله صلى الله عليه وسلم فأعلمه ذلك، فـ لت على النبي صلى الله عليه وسلم هذه الآية: (إ ا وليكم الله ورسوله والـذين آمنوا الذين يقيمون الصلاة ويؤتون الزكاة وهم راكعون (المائدة آية رقم: 55)، فقرأهـا رسول الله صلى الله عليه وسلم، ثم قال: «من كنت مولاه فعلي مولاه، اللهم وال مـن والاه، وعاد من عاداه»

6924 ـ ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب نەفلە ناماز ئوقۇۋاتاتتى، رۇكۇدا تۇرۇۋاتقىنىدا، بىر تىلەمچى كېلىپ، ئۇنىڭدىن (بىر نەرسە) تىلىگەن ئىدى، ئۇ دەرھال ئۈزۈكىنى چىقىرىپ تىلەمچىگە سەدىقە بەردى. كېيىن كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. دەل شۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنۇ ئايەت نازىل قىلىندى: شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار اللەتۇر، اللەنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۇئمىنلەردۇركى، مۇئمىنلەر تەئدىل ـ ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (اللەنىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر[③].

---

[①] سۈرە مائىدە، 54 ـ ئايەت.

[②] ھەيسەمى (10977): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[③] سۈرە مائىدە، 55 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دېگەندى: «مەن كىمنىڭ دوستى بولسام، ئەلىمۇ شۇنىڭ دوستىدۇر. ئى الله! ئۇنى دوست تۇتقاننى دوست تۇتقىن، دۈشمەن تۇتقاننى دۈشمەن تۇتقىن»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 1414)

6925 ـ عَنِ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ: قَالَ رَجُلٌ مِنَ ٱلْيَهُودِ يُقَالُ لَهُ: النباشُ بن قَيسٍ: إن رَبكَ بَخِيلٌ لا يُنفِقُ فَأَنزَلَ اللهُ عَز وَجَل: "وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ يَدُ اللهِ مَغْلُولَةٌ غُلت أَيدِيهِمْ وَلُعِنُوا بِمَا قَالُوا بَلْ يَدَاهُ مَبْسُوطَتَانِ يُنفِقُ كَيفَ يَشَاءُ" [المائدة آية 64] .

6925 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلاردىن نەبباش ئىبنى قەيس دېگەن بىرى:

ــ سېنىڭ رەببىڭ بېخىل، ـ دېگەندى، الله تائالا: يەھۇدىيلار: "اللەنىڭ قولى باغلاقلىقتۇر (يەنى الله بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)" دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك اللەنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى، ئەمەلدە اللەنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، قانداق خالىسا شۇنداق رىزىق بېرىدۇ[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[3].

(«ئەلكەبىر»: 12497)

6926 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ يُحْرَسُ حَتى نَزَلَتْ هَذِهِ ٱلْآيَةَ وَاللهُ يَعْصِمُكَ مِنْ الناسِ فَأَخْرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ رَأْسَهُ مِنْ الْقُبةِ فَقَالَ لَهُمْ يَا أَيهَا الناسُ ٱنصَرِفُوا فَقَدْ عَصَمَنِي اللهُ.

6926 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاكى: ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ

[1] ھەيسەمى (10978): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كىملىكى نامەلۇم كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

[2] سۈرە مائىدە، 64 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (10979): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ، الله ھەقىقەتەن كافىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [1] دېگەن ئايەت نازىل بولغىچە، ئۆزىگە مۇھاپىزەتچى تۇتاتتى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، بېشىنى چېدىردىن چىقىرىپ، ساھابىلارغا:

«ئى خالايىق! قايتىپ كېتىڭلار، الله مېنى قوغدايدىغان بولدى» دېدى[2].

(تىرمىزى: 3046)

6927 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ أن رَجُلًا أتى النبِي صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُـولَ اللهِ إني إذَا أصَبْتُ اللحْمَ ٱنتَشَرْتُ لِلنسَاءِ وَأخَذَتنِي شَهْوَتي فَحَرمْتُ عَلَي اللحْمَ فَأنْزَلَ اللهُ يَا أيهَا الذِينَ آمَنُوا لَا تُحَرمُوا طَيبَاتِ مَا أحَل اللهُ لَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا إن اللهَ لَا يُحِب الْمُعْتَدِينَ وَكُلُوا مِما رَزَقَكُمْ اللهُ حَلَالًا طَيبًا.

6927 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! گۆش يېسەملا شەھۋىتىم قوزغىلىپ، ئاياللارغا بېرىلىپ كېتىدىكەنمەن. شۇڭا مەن ئۆزۈمگە گۆشنى ھارام قىلدىم، ـ دېگەنىدى، الله تائالا: ئى مۇئمىنلەر! الله سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا) ھارام قىلماڭلار، (الله بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، الله چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. الله سىلەرگە رىزق قىلىپ

[1] سۈرە مائىدە، 67 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2440): ھەسەن، ـ دېگەن.

بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقان اللەقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى[2].
(تىرمىزى: 3054)

6928 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ لَما نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ لَيْسَ عَلَى الذِينَ آمَنُـوا وَعَمِلُـوا الصالِحَاتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُوا إِذَا مَا اتقَوْا وَآمَنُوا إِلَى آخِرِ الْآيَةِ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قِيلَ لِي أَنتَ مِنْهُمْ لمسلم وللترمذي: قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: أَنتَ مِنْهُمْ.

6928 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [3] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ماڭا سېنىڭمۇ شۇلاردىن ئىكەنلىكىڭ ئۇقتۇرۇلدى» دېگەن.
(مۇسلىم: 2459)

تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە: «سەنمۇ شۇلاردىن» دېگەن.
(تىرمىزى: 3953)

[1] سۈرە مائىدە، 87 ـ ۋە 88 ـ ئايەتلەر.
[2] ئەلبانى (2441): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] سۈرە مائىدە، 93 ـ ئايەت.

6929 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَرَأَيْتَ الَّذِينَ مَاتُوا وَهُمْ يَشْرَبُونَ الْخَمْرَ لَمَّا نَزَلَ تَحْرِيمُ الْخَمْرِ فَنَزَلَتْ لَيْسَ عَلَى الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُوا إِذَا مَا اتَّقَوْا وَآمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ.

6929 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھاراق ھارام قىلىنغان ئايەتلەر نازىل بولغاندا ساھابىلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇرۇن ھاراق ئىچىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولار؟ ـ دەپ سورىغاندى: ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[2].

(تىرمىزى: 3052)

6930 ـ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ أَنَّهُ قَالَ اللَّهُمَّ بَيِّنْ لَنَا فِي الْخَمْرِ بَيَانَ شِفَاءٍ فَنَزَلَتْ الَّتِي فِي الْبَقَرَةِ يَسْأَلُونَكَ عَنْ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ الْآيَةَ فَدُعِيَ عُمَرُ فَقُرِئَتْ عَلَيْهِ فَقَالَ اللَّهُمَّ بَيِّنْ لَنَا فِي الْخَمْرِ بَيَانَ شِفَاءٍ فَنَزَلَتْ الَّتِي فِي النِّسَاءِ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَقْرَبُوا الصَّلَاةَ وَأَنْتُمْ سُكَارَى فَدُعِيَ عُمَرُ فَقُرِئَتْ عَلَيْهِ ثُمَّ قَالَ اللَّهُمَّ بَيِّنْ لَنَا فِي الْخَمْرِ بَيَانَ شِفَاءٍ فَنَزَلَتْ الَّتِي فِي الْمَائِدَةِ إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُوقِعَ بَيْنَكُمْ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ إِلَى قَوْلِهِ فَهَلْ أَنْتُمْ مُنْتَهُونَ فَدُعِيَ عُمَرُ فَقُرِئَتْ عَلَيْهِ فَقَالَ انْتَهَيْنَا انْتَهَيْنَا. للترمذي

[1] سۈرە مائىدە، 93 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2445): سەھىھ ـ دېگەن.

زاد أبو داود بعد وَأَنْتُمْ سُكَارَى: فَكَانَ مُنَادِي رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إذَا أُقِيمَتْ الصلَاةُ يُنَادِي أَلَا لَا يَقْرَبَن الصلَاةَ سَكْرَانُ.

6930 ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ:

ــ ئى الله! بىزگە هاراق توغرىسىدا كۆڭۈل ئارام تاپقۇدەك ئېنىق بىر هۆكۈم چىقىرىپ بەرگىن! ــ دېگەنىدى، بەقەرە سۈرىسىدىكى: (ئى مۇھەممەد!) سەندىن هاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: ”بۇنىڭ هەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ“ دېگىن، ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، ”(ئېھتىياجىدىن) ئارتۇقنى (سەدىقە قىلىڭلار)“ دېگىن. (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاقىرتىلىپ، بۇ ئايەت ئوقۇپ بېرىلىۋىدى، ئۇ يەنە:

ــ ئى الله! بىزگە هاراق توغرىسىدا كۆڭۈل ئارام تاپقۇدەك ئېنىق بىر هۆكۈم چىقىرىپ بەرگىن! ــ دېگەنىدى، نىسا سۈرىسىدىكى: ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇپ بولساڭلار (يول ئۈستىدە بولغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار، ئەگەر كېسەل (يەنى كېسەلگە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى هاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار، الله هەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى الله

[1] سۈرە بەقەرە، 219 ـ ئايەت.

بەنىدىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاقىرتىلىپ، بۇ ئايەت ئوقۇپ بېرىلگەندى، ئۇ يەنە:

ـ ئى الله! بىزگە ھاراق توغرىسىدا كۆڭۈل ئارام تاپقۇدەك ئېنىق بىر ھۆكۈم چىقىرىپ بەرگىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مائىدە سۈرىسىدىكى: ئى مۇئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە اللهنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟ [2] دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە چاقىرتىلىپ، بۇ ئايەت ئوقۇپ بېرىلگەندى، ئۇ:

ـ بولدى، ئەمدى ھەرگىز ئىچمەيمىز، بولدى، ـ دېدى[3].

(تىرمىزى: 3049)

ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە: مەست بولساڭلار، نامازغا يېقىنلاشماڭلار دېگەن ئايەتتىن كېيىن مۇنداق كەلگەن: نامازغا تەكبىر چۈشۈرۈلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جاكارچىسى:

ـ مەست كىشىلەر نامازغا كەلمىسۇن! ـ دەپ جاكارلايتتى.

6931 ـ عن أنس بن مَالِكٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ حِينَ زَاغَتْ الشمْسُ فَصَلى لَهُمْ صَلَاةَ الظهْرِ فَلَما سَلمَ قَامَ عَلَى الْمِنْبَرِ فَذَكَرَ الساعَةَ وَذَكَرَ أن

[1] سۈرە نىسا، 43 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 90 ـ ۋە 91 ـ ئايەتلەر.

[3] ئەلبانى (2442): سەھىھ ـ دېگەن.

قَبْلَهَا أُمُورًا عِظَامًا ثُم قَالَ مَنْ أَحَب أَنْ يَسْأَلَنِي عَنْ شَيْءٍ فَلْيَسْأَلْنِي عَنْهُ فَوَاللهِ لَا تَسْأَلُونَنِي عَنْ شَيْءٍ إِلا أَخْبَرْتُكُمْ بِهِ مَا دُمْتُ فِي مَقَامِي هَذَا قَالَ أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ فَأَكْثَرَ النَّاسُ الْبُكَاءَ حِينَ سَمِعُوا ذَلِكَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَكْثَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَقُولَ سَلُونِي فَقَامَ عَبْدُ اللهِ بْنُ حُذَافَةَ فَقَالَ مَنْ أَبِي يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ أَبُوكَ حُذَافَةُ فَلَما أَكْثَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ أَنْ يَقُولَ سَلُونِي بَرَكَ عُمَرُ فَقَالَ رَضِينَا بِاللهِ رَبا وَبِالْإِسْلَامِ دِينًا وَبِمُحَمدٍ رَسُولًا قَالَ فَسَكَتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ قَالَ عُمَرُ ذَلِكَ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْلَى وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ لَقَدْ عُرِضَتْ عَلَي الْجَنةُ وَالنارُ آنِفًا فِي عُرْضِ هَذَا الْحَائِطِ فَلَمْ أَرَ كَالْيَوْمِ فِي الْخَيْرِ وَالشر.

قَالَ ابْنُ شِهَابٍ أَخْبَرَنِي عُبَيْدُ اللهِ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُتْبَةَ قَالَ قَالَتْ أُم عَبْدِ اللهِ بْنِ حُذَافَةَ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ حُذَافَةَ مَا سَمِعْتُ بِابْنٍ قَط أَعَق مِنْكَ أَأَمِنْتَ أَنْ تَكُونَ أُمكَ قَدْ قَارَفَتْ بَعْضَ مَا تُقَارِفُ نِسَاءُ أَهْلِ الْجَاهِلِيةِ فَتَفْضَحَهَا عَلَى أَعْيُنِ الناسِ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ حُذَافَةَ وَاللهِ لَوْ أَلْحَقَنِي بِعَبْدٍ أَسْوَدَ لَلَحِقْتُهُ.

6931 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن قىيىلغان ۋاقىتتا چىقىپ پېشىنىنى ئوقۇدى، ئاندىن مۇنبەردە تۇرۇپ قىيامەت ۋە قىيامەتتە بولىدىغان چوڭ ئىشلارنى بايان قىلدى. ئاندىن:

— سوئال سوراشنى خالىغانلار سورىسۇن، مۇشۇ ئورنۇمدىلا بولىدىكەنمەن، ھەرقانداق سوئالىڭلارغا جاۋاب بېرىمەن، ـ دېدى. كىشىلەر قاتتىق يىغلاپ كېتىشتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتا ـ قايتا:

ـ (مەندىن) سوئال سوراڭلار! ـ دەۋەرگەندى، ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە سەھمىي ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ مېنىڭ دادام كىم؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سېنىڭ داداڭ ھۇزافە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ــ (مەندىن) سوئال سوراڭلار! ــ دېگەن سۆزىنى تەكرارلىغانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

ـــ ﷲنىڭ رەببىمىز، ئىسلامنىڭ دىنىمىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولغانلىقىدىن مەمنۇنمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بايا ماڭا جەننەت بىلەن دوزاخ مۇشۇ تام تەرەپتە كۆرسىتىلدى. مەن جەننەتتىكىدەك ئۇنداق ياخشىلىقنى، دوزاختىكىدەك ئۇنداق يامانلىقنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، ـ دېدى.

ئىبنى شىھابنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافەنىڭ ئانىسى:

ـ ئاتا ـ ئانىسىنى سەندىنمۇ قاتتىقراق رەنجىتكەن بىر بالىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئاناڭنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ قىلىقلىرىنى قىلمىغانلىقىغا ئىشەنچىڭ بارمىدى؟! ئاناڭنى پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلماقچىمىدىڭ؟ ـ دەپ كايىدى. كېيىن ئابدۇللاھ:

ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا مېنىڭ دادامنىڭ بىر قارا قۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسا، مەن شۇنىڭ بالىسى بولۇپ كېتەتتىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2359)

6932 ـ عن أَنسَ بْنَ مَالِكٍ قال قَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ مَنْ أَبِي قَالَ أَبُوكَ فُلَانٌ فَنَزَلَتْ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لَا تَسْأَلُوا عَنْ أَشْيَاءَ إِنْ تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ.

6932 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! دادام كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ داداڭ پالانى، ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ: ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەرلەردىن) سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ، ئۆتكەندە سورىغانلىرىڭلارنى الله ئەپۇ قىلدى، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى[2].

(تىرمىزى: 3056)

6933 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ قَوْمٌ يَسْأَلُونَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتِهْزَاءً فَيَقُولُ الرجُلُ مَنْ أَبِي وَيَقُولُ الرجُلُ تَضِل نَاقَتُهُ أَيْنَ نَاقَتِي فَـأَنْزَلَ اللهُ فِيهِمْ هَذِهِ الْآيَةَ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لَا تَسْأَلُوا عَنْ أَشْيَاءَ إِنْ تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ حَتى فَرَغَ مِنْ الْآيَةِ كُلهَا.

6933 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەسخىرە قىلىدىغان سوئاللارنى سورايتتى. مەسىلەن، بىرى:

ــ مېنىڭ دادام كىم؟ ـ دېسە؛ تۆگىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغان يەنە بىرى:

ــ تۆگەم قەيەردە؟ ـ دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇلار توغرىسىدا: ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەرلەردىن) سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ، ئۆتكەندە سورىغانلىرىڭلارنى الله ئەپۇ قىلدى، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى

[1] سۈرە مائىدە، 101 ـ ئايىتى.

[2] ئەلبانى (2447): سەھىھ ـ دېگەن.

جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ [1] دېگەن بۇ ئايەتنى ئاخىرىغىچە نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 4622)

6934 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيِّبِ قَالَ الْبَحِيرَةُ الَّتِي يُمْنَعُ دَرُّهَا لِلطَّوَاغِيتِ فَلَا يَحْلُبُهَا أَحَدٌ مِنْ النَّاسِ وَالسَّائِبَةُ كَانُوا يُسَيِّبُونَهَا لِآلِهَتِهِمْ لَا يُحْمَلُ عَلَيْهَا شَيْءٌ قَالَ وَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ رَأَيْتُ عَمْرَو بْنَ عَامِرٍ الْخُزَاعِيَّ يَجُرُّ قُصْبَهُ فِي النَّارِ كَانَ أَوَّلَ مَنْ سَيَّبَ السَّوَائِبَ وَالْوَصِيلَةُ النَّاقَةُ الْبِكْرُ تُبَكِّرُ فِي أَوَّلِ نِتَاجِ الْإِبِلِ ثُمَّ تُثَنِّي بَعْدُ بِأُنْثَى وَكَانُوا يُسَيِّبُونَهَا لِطَوَاغِيتِهِمْ إِنْ وَصَلَتْ إِحْدَاهُمَا بِالْأُخْرَى لَيْسَ بَيْنَهُمَا ذَكَرٌ وَالْحَامِ فَحْلُ الْإِبِلِ يَضْرِبُ الضِّرَابَ الْمَعْدُودَ فَإِذَا قَضَى ضِرَابَهُ وَدَعُوهُ لِلطَّوَاغِيتِ وَأَعْفَوْهُ مِنْ الْحَمْلِ فَلَمْ يُحْمَلْ عَلَيْهِ شَيْءٌ وَسَمَّوْهُ الْحَامِيَ.

6934 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەھىرە ـ (جاھىلىيەت دەۋرىدە) سۈتى بۇتلارغا ئاتىۋېتىلگەن، ھېچكىم ساغمايدىغان تۆگە؛ سائىبە ـ يۈك ئارتىلمايدىغان، ئىلاھلارغا ئاتاپ ئۆز مەيلىگە قويىۋېتىلگەن تۆگە ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى:

«مەن ئەمر ئىبنى ئامىر خۇزائىينىڭ دوزاختا ئۈچەيىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ تۆگىلەرنى بۇتلارغا ئاتاپ قويۇپ بەرگەن تۇنجى كىشى ئىدى». سەئىد ئىبنى مۇسەييەب سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ۋەسىيلە ـ دەسلەپكى ئىككى قېتىمدا چىشى بوتىلاقلىغان تۆگە بولۇپ، ئارقىمۇ ئارقىدىن ئىككى چىشى بوتىلاقلىغانلىقى ئۈچۈن، جاھىلىيەتتىكى كىشىلەر ئۇ تۆگىنى ئىلاھلىرىغا ئاتاپ قويىۋېتەتتى. ھام ـ ئارقىمۇ ئارقىدىن ئون بوتىلاققا ئاتا بولغان ئەركەك تۆگە بولۇپ، ھام دەپ ئاتىلاتتى ۋە كوچىغا قويۇپ بېرىلىپ، يۈك ئارتىلمايتتى.

(بۇخارى: 4623)

[1] سۈرە مائىدە، 101 ـ ئايەت.

6935 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَيتُ عَمْرَو بْنَ لُحَيِّ بْنِ قَمْعَةَ بْنِ خِنْدِفَ أَبا بَنِي كَعْبٍ هَؤُلَاءِ يَجُر قُصْبَهُ فِي النارِ.

6935 ــ ئەبـۇ هــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇ رىــۋايەت قىلـــدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن بەنى كەئب جەمەتىنىڭ بوۋىسى ئەمىر ئىبنى لۇھەي ئىبنى قەمــئە ئىبنـــى خىنـــدىفنىڭ دوزاختـــا ئـــۈچەي ـــ بـــاغىرلىرىنى سۆرەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم».

(مۇسلىم: 2856)

6936 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ خَرَجَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي سَهْمٍ مَعَ تَمِيمٍ الدارِي وَعَدِي بْنِ بَداءٍ فَمَاتَ السهْمِي بِأَرْضٍ لَيْسَ بِهَا مُسْلِمٌ فَلَما قَدِمَا بِتَرِكَتِهِ فَقَدُوا جَامًا مِنْ فِضةٍ مُخَوصًا مِنْ ذَهَبٍ فَأَحْلَفَهُمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم وُجِدَ الْجَامُ بِمَكةَ فَقَالُوا ابْتَعْنَاهُ مِنْ تَمِيمٍ وَعَدِي فَقَامَ رَجُلَانِ مِنْ أَوْلِيَائِهِ فَحَلَفَا لَشَهَادَتُنَا أَحَق مِنْ شَهَادَتِهِمَا وَإِن الْجَامَ لِصَاحِبِهِمْ قَالَ وَفِيهِمْ نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا شَهَادَةُ بَيْنِكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمْ الْمَوْتُ.

6936 ــ ئىبنـى ئابباس رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇمـادىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىدۇ: بەنى سەھمىلىك بىر ئادەم (ئۇ مۇسۇلمان ئىدى) تەمىم دارى ۋە ئەدىي ئىبنى بەدداڭ (ئۇ چاغلاردا، بۇ ئىككىسى خرىستىئان ئىدى) بىلەن سەپەرگە چىقتى ۋە سەھمىلىك ئادەم مۇسۇلمان يوق بىر يەردە ئۆلۈپ قالدى (ئۇ جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن ئىككى ھەمراھىغا ماللىرىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە بېرىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى). ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ كەلگەندە، ۋارىسلىرى:

ــ نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئارىسىدا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كۈمۈش جام يوق تۇرىدۇ، ـ دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى قەسەم قىلدۇردى. ئاندىن جام مەككىدىن چىقىپ قالدى. ئۇلار:

ـ بىز جامنى تەمىم بىلەن ئەدىي ئىككىسىدىن سېتىۋالدۇق، ـ دېيىشتى، ۋارىسلاردىن ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

ـ بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرا، جام بىزنىڭ ئاتىمىزنىڭ مۈلكىدۇر، ـ دەپ قەسەم قىلىشتى. مانا شۇلار ھەققىدە: ئى مۇئمىنلەر! ئاراڭلاردىن بىر كىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى (ئۆز دىنىڭلاردىكىلەردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىككى كىشى تېپىلمىسا) غەيرى دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ئەگەر سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلگەندە، سىلەر (بۇ ئىككى گۇۋاھنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار: ”بىز پايدىسىغا قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرمىز، بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، خۇدالىق ئۈچۈن بولغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز. ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز“ دەپ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن [1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان.

(بۇخارى: 2780)

6937 ـ عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ عَنْ تَمِيمٍ الداري فِي هَذِهِ الْآيَةِ يَا أَيها الذِينَ آمَنُوا شَهَادَةُ بَيْنِكُمْ إِذَا حَضَر أَحَدَكُمْ الْمَوْتُ قَالَ بَرِئَ مِنْهَا الناسُ غَيْرِي وَغَيْرَ عَدِيِ بْنِ بَداءٍ وَكَانَا نَصْرَانِيينِ يَخْتَلِفَانِ إِلَى الشامِ قَبْلَ الْإِسْلَامِ فَأَتَيَا الشامَ لِتِجَارَتِهِمَا وَقَدِمَ عَلَيْهِمَا مَوْلًى لِبَنِي هَاشِمٍ يُقَالُ لَهُ بُدَيْلُ بْنُ أَبِي مَرْيَمَ بِتِجَارَةٍ وَمَعَهُ جَامٌ مِنْ فِضةٍ يُرِيدُ بِهِ الْمَلِكَ وَهُوَ عُظْمُ تِجَارَتِهِ فَمَرِضَ فَأَوْصَى إِلَيْهِمَا وَأَمَرَهُمَا أَنْ يُبَلغَا مَا تَرَكَ أَهْلَهُ قَالَ تَمِيمٌ فَلَما مَاتَ أَخَذْنَا ذَلِكَ الْجَامَ فَبِعْنَاهُ بِأَلْفِ دِرْهَمٍ ثُم اقْتَسَمْنَاهُ أَنَا وَعَدِيُ بْنُ بَداءٍ فَلَما قَدِمْنَا إِلَى أَهْلِهِ دَفَعْنَا إِلَيْهِمْ مَا كَانَ مَعَنَا وَفَقَدُوا الْجَامَ فَسَأَلُونَا عَنْهُ فَقُلْنَا مَا تَرَكَ غَيْرَ هَذَا وَمَا دَفَعَ إِلَيْنَا غَيْرَهُ قَالَ

[1] سۈرە مائىدە، 106 ـ ئايەت.

تَمِيمٌ فَلَمَّا أَسْلَمْتُ بَعْدَ قُدُومِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْمَدِينَةَ تَأَثَّمْتُ مِنْ ذَلِكَ فَأَتَيْتُ أَهْلَهُ فَأَخْبَرْتُهُمْ الْخَبَرَ وَأَدَّيْتُ إِلَيْهِمْ خَمْسَ مِائَةِ دِرْهَمٍ وَأَخْبَرْتُهُمْ أَنَّ عِنْدَ صَاحِبِي مِثْلَهَا فَأَتَوْا بِهِ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَسَأَلَهُمْ الْبَيِّنَةَ فَلَمْ يَجِدُوا فَأَمَرَهُمْ أَنْ يَسْتَحْلِفُوهُ بِمَا يُقْطَعُ بِهِ عَلَى أَهْلِ دِينِهِ فَحَلَفَ فَأَنْزَلَ اللَّهُ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا شَهَادَةُ بَيْنِكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمْ الْمَوْتُ إِلَى قَوْلِهِ أَوْ يَخَافُوا أَنْ تُرَدَّ أَيْمَانٌ بَعْدَ أَيْمَانِهِمْ فَقَامَ عَمْرُو بْنُ الْعَاصِ وَرَجُلٌ آخَرُ فَحَلَفَا فَنُزِعَتْ الْخَمْسُ مِائَةِ دِرْهَمٍ مِنْ عَدِيِّ بْنِ بَدَّاءٍ.

6937 ـ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــادىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، تەمىم دارى الله تائالانىڭ: ئى مۇئمىنلەر! ئاراڭلاردىن بىر كىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى (ئۆز دىنىڭلاردىكىلەردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىككى كىشى تېپىلمىسا) غەيرى دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ئەگەر سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلگەندە، سىلەر (بۇ ئىككى گۇۋاھنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار: "بىز پايدىسىغا قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرمىز، بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، خۇدالىق ئۈچۈن بولغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز. ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز" دەپ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن [1] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەت ئەدىي ئىبنى بەدداﺋ ئىككىمىز ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ بۇ ئايەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

(ئىبنى ئاببــاس دەيدۇكى) ئۇ ئىككىسى خرىستىئان بولۇپ، ئىسلامدىن ئىلگىرى شامغا بېرىپ ـ كېلىپ تۇراتتى. بەنى ھاشىم قەبىلىسىنىڭ بۇدەيل ئىبنى ئەبۇ مەريەم ئىسىملىك بىر ئازادگەردىسى قولىدىكى بىر كۈمۈش جامنى ساتماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا

[1] سۈرە مائىدە، 106 ـ ئايەت.

كەلدى. بۇ قىممەتلىك جام ئۇنىڭ ئاساسلىق سەرمايىسى بولۇپ، پادىشاھقا ساتماقچى ئىدى. ئەمما ئۇ ئاغرىپ قالدى ۋە جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن، ئۇ ئىككىسىگە ئەگەر ئۆزى ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، مال ـ مۈلكىنى ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلىدى.

تەمىم مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى جامنى ئەچىقىپ، مىڭ تەڭگىگە سېتىپ، ئەدىي ئىبنى بەددائ ئىككىمىز بۆلۈشتۇق. يۇرتىمىزغا قايتىپ بارغىنىمىزدا، قولىمىزدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بەردۇق. ئۇلار جامنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. بىز:

ـ بىزگە بۇنىڭدىن باشقا نەرسە بەرمىگەن، ـ دەپ تۇرىۋالدۇق.

(تەمىم مۇنداق دەيدۇ) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمان بولدۇم. (مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن) ئۇ ئىشتىن ئىچىم سىقىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ، بەش يۈز تەڭگىنى قايتۇرۇپ بەردىم ۋە ھەمراھىمدىمۇ شۇنچىلىك پۇل بارلىقىنى دەپ قويدۇم. ئۇلار دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارغاندى، ئۇلاردىن ئىسپات تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئىسپات كەلتۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەمراھىمنى ئۆز دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە قەسەم قىلدۇرۇشقا بۇيرىدى، ئۇ قەسەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: ئى مۇئمىنلەر! ئاراڭلاردىن بىر كىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى (ئۆز دىنىڭلاردىكىلەردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىككى كىشى تېپىلمىسا) غەيرى دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ئەگەر سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلگەندە، سىلەر (بۇ ئىككى گۇۋاھنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار: ”بىز پايدىسىغا قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرمىز، بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، خۇدالىق ئۈچۈن بولغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز. ئەگەر

ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز“ دەپ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن. ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ (يالغان گۇۋاھ بەرگەنلىك ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق) گۇناھى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ: ”بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز شەرىئەتتىن چىقىپ كەتمىدۇق، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولىمىز“ دەپ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن. بۇ (ئۇسۇل) گۇۋاھچىلارنى ئەڭ توغرا گۇۋاھلىق قىلىدىغان قىلىشقا، قىلغان قەسىمىنى رەت قىلىشتىن (يەنى ئۇلاردىن كېيىن باشقىلار قەسەم قىلىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەسۋا بولۇشىدىن) قورقىدىغان قىلىشقا ئەڭ يېقىن (ئۇسۇل)دۇر. اللهتىن قورقۇڭلار، (اللهنىڭ ئەمرىنى) ئاڭلاڭلار. الله پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

كېيىن، ئەمر ئىبنى ئاس بىلەن يەنە بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ قەسەم قىلغاندى، ئەدىي ئىبنى بەددائىدىن بەش يۈز تەڭگە تارتىپ ئېلىندى[2].

(تىرمىزى: 3059)

6938 ـ عَنْ عَمارِ بْنِ يَاسِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُنزِلَتْ الْمَائِدَةُ مِنْ السمَاءِ خُبْزًا وَلَحْمًا وَأُمِرُوا أَنْ لَا يَخُونُوا وَلَا يَدخِرُوا لِغَدٍ فَخَانُوا وَادخَرُوا وَرَفَعُوا لِغَدٍ فَمُسِخُوا قِرَدَةً وَخَنَازِيرَ.

6938 ــ ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاسماندىن نان ۋە گۆش بار داستىخان چۈشۈرۈلگەندە، ئۇلار خىيانەت قىلماسلىققا، ئەتىگە ساقلىۋالماسلىققا بۇيرۇلغان ئىدى،

[1] سۈرە مائىدە، 106 ـ دىن 108 ـ ئايەتكىچە.

[2] ئەلبانى (586): سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

خىيانەت قىلىپ ساقلىنىۋېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا جازا بېرىلىپ، سۈرىتى مايمۇن بىلەن چوشقىلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىلدى»[1].

(تىرمىزى: 3061)

[1] ئەلبانى (587): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

## ئەنئام سۈرىسى

6939 ـ عن أَسْمَاءَ بنتِ يَزِيدَ قالت نَزَلَتِ الانعام على النبي صلى اللهُ عليه وسلم جُمْلَةً وَاحِدَةً وأنا آخِذَةٌ بِزِمَامِ نَاقَةِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم ان كانت من ثِقَلِهَا لَتَكْسِرُ عَظْمَ الناقَةِ.

6939 ـ ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنئام سۈرىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قېتىمدىلا نازىل بولغان بولۇپ، شۇ چاغدا، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۇۋرىنى تۇتۇپ تۇراتتىم. سۈرىنىڭ ئېغىرلىقىدىن تۆگىنىڭ بېلى سۇنۇپ كەتكىلى تاس قالغانىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 178/24)

6940 ـ عن ابن عمر قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم نزلت على سورة الانعام جملة واحدة يشيعها سبعون ألف ملك لهم زجل بالتسبيح والتحميد.

6940 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەنئام سۈرىسى ماڭا بىرلا قېتىمدا نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنى يەتمىش مىڭ پەرىشتە تەسبىھ ۋە ھەمدۇ سانالار توۋلىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويىدى»[2].

(«ئەلسەغىر»: 220)

---

[1] ھەيسەمى (10993): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە شەھر ئىبنى ھەۋشەب ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (10991): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يۈسۈف ئىبنى ئەتىيە سەففار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ـ دېگەن.

6941 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ: "وَهُمْ يَنْهَوْنَ عَنْهُ وَيَنْأَوْنَ عَنْهُ" [الأنعام آية 26] نَزَلَتْ فِي أَبِي طَالِبٍ كَانَ يَنْهَى عَنْ أَذَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيَنْأَى عَنِ اتبَاعِهِ.

6941 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇلار كىشىلەرنى قۇرئاندىن (ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن) توسىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ [1] دېگەن ئايەت ئەبۇ تالىب ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇ باشقىلارنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئازار بېرىشتىن توساتتى، لېكىن ئۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن قاچاتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 12682)

6942 ـ عَنْ عَلِي أن أَبا جَهْلٍ قَالَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إنا لَا نُكَذبُكَ وَلَكِنْ نُكَذبُ بِمَا جِئْتَ بِهِ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى فَإِنهُمْ لَا يُكَذبُونَكَ وَلَكِن الظالِمِينَ بِآيَاتِ اللهِ يَجْحَدُونَ.

6942 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ جەھل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ بىز سېنى يالغانچى دېمەيمىز، ئەمما سەن ئېلىپ كەلگەن كىتابنى يالغان دەيمىز. ـ دېگەنىدى، الله تائالا: ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار اللهنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ [3] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[4].

(تىرمىزى: 3064)

[1] سۈرە ئەنئام، 26 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10994): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە قەيس ئىبنى رەبىيئە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

[3] سۈرە ئەنئام، 33 ـ ئايەت.

[4] ئەلبانى (590): سەنەدى زەئىپ. ـ دېگەن.

6943 ـ عَنِ ٱبنِ عَباسٍ فِي قَوْلِهِ: "فَإِنهُمْ لا يَكْذِبُونَكَ" [الأنعام آية 33] مُخَففَةً وَكَذَلِكَ كَانَ يَقْرَؤُهَا قَالَ: لا يَقْدِرُونَ عَلَى أَنْ لا يَكُونَ رَسُولا وَلا عَلَى أَنْ لا يَكُونَ الْقُرْآنُ قُرْآنًا فَإِما أَنْ يُكَذبُونَكَ بِأَلْسِنَتِهِمْ فَهُمْ يُكَذبُونَكَ وَذَلِكَ إِلا كَذابٌ وَذَاكَ التكْذِيبُ.

6943 ـ تەبەرانى مۇنداق دەيدۇ: سۈرە ئەنئامنىڭ 33 ـ ئايىتىدىكى: لا يۇكەززىبۇنەكە دىگەن ئىبارە تەشدىدسىز شەكىلدە: لا يەكزىبۇنەكە دەپ ئوقۇلىدۇ، ئىبنى ئابباسمۇ شۇنداق ئوقۇغان ۋە مۇنداق تەپسىر قىلغان: ئۇلار سىنىڭ پەيغەمبەر بولماسلىقىڭغا چارە قىلالمايدۇ، قۇرئانىڭمۇ قۇرئان بولماسلىقىغا چارە قىلالمايدۇ. ئەمما سىنى تىللىرى بىلەن يالغانچى دەپ تۇرىۋىلىشى كاززابلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر لا يۇكەززىبۇنەكە دەپ تەشدىد بىلەن ئوقۇلسا، ئۇنىڭ مەنىسى: ئۇلار سىنى يالغانغا چىقىرىدۇ. ـ دىگەن بولىدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 12658)

6944 ـ عَنْ عُقْبَةَ بنِ عَامِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا رَأَيْتَ اللهَ يُعْطِي الْعَبْدَ مِنْ الدنْيَا عَلَى مَعَاصِيهِ مَا يُحِب فَإِنمَا هُوَ اسْتِدْرَاجٌ ثُم تَلَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما نَسُوا مَا ذُكِرُوا بِهِ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَابَ كُل شَيْءٍ حَتى إِذَا فَرِحُوا بِمَا أُوتُوا أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً فَإِذَا هُمْ مُبْلِسُونَ. رواه أρد والكبير وزاد: فَقُطِعَ دَابِرُ الْقَوْمِ الذِينَ ظَلَمُوا وَالْحَمْدُ لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ.

6944 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«الله تائالا بەندىسىگە قىلغان گۇناھلىرىغا قارىماي دۇنيادا ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى بەرسە، بۇ تۈيدۇرماي ھالاكەتكە ئاپىرىشتىن ئىبارەتتۇر» دىگەندىن كىيىن، مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئىچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە

[1] ھەيسەمى (10995): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، سەنەدىدە بىشر ئىبنى ئۇمارە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ـ دىگەن.

بىرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى[1].

تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە يەنە: زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلەرگە ياردەم بېرىپ، كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر![2] دېگەن ئايەتنى زىكرى قىلىنغان[3].

(ئەھمەد: 17349؛ «ئەلكەبىر»: 320/17)

6945 ـ عَنْ سَعْدٍ قَالَ كُنا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سِتةَ نَفَرٍ فَقَالَ الْمُشْرِكُونَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اطْرُدْ هَؤُلَاءِ لَا يَجْتَرِئُونَ عَلَيْنَا قَالَ وَكُنْتُ أَنَا وَابْنُ مَسْعُودٍ وَرَجُلٌ مِنْ هُذَيْلٍ وَبِلَالٌ وَرَجُلَانِ لَسْتُ أُسَميهِمَا فَوَقَعَ فِي نَفْسِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَقَعَ فَحَدثَ نَفْسَهُ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل {وَلَا تَطْرُدْ الذِينَ يَدْعُونَ رَبهُمْ بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِي يُرِيدُونَ وَجْهَهُ}.

6945 ـ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئالتە كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۇراتتۇق. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ بۇلارنى قوغلىۋەتكىن، بۇلارنىڭ بىز بار سورۇنغا ھازىر بولۇش سالاھىيىتى يوق، ـ دېدى. (سەئد مۇنداق دەيدۇ) ئۇ يەردىكى ئالتە كىشى: مەن، ئىبنى مەسئۇد، ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بىر كىشى، بىلال ۋە مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان يەنە ئىككى كىشى ئىدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆڭلىگە بەزى ئويلار كەلگەنىدى، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: اللهنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا

[1] سۈرە ئەنئام، 44 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 45 ـ ئايەت.

[3] ئىراقىي: سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن [①].

(مۇسلىم: 2413)

6946 ـ عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقَّاصٍ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي هَذِهِ الْآيَةِ قُلْ هُوَ الْقَادِرُ عَلَى أَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِنْ فَوْقِكُمْ أَوْ مِنْ تَحْتِ أَرْجُلِكُمْ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَمَا إِنَّهَا كَائِنَةٌ وَلَمْ يَأْتِ تَأْوِيلُهَا بَعْدُ.

6946 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ”الله سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇلفىلگە ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (فىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر“. ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن [②] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: «ئۇ تېخى بولمىدى، لېكىن چوقۇم بولماي قالمايدۇ» دېگەن [③].

(تىرمىزى: 3066)

6947 ـ عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ فِي قَوْلِهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى هُوَ الْقَادِرُ عَلَى أَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِنْ فَوْقِكُمْ الْآيَةَ قَالَ هُنَّ أَرْبَعٌ وَكُلُّهُنَّ عَذَابٌ وَكُلُّهُنَّ وَاقِعٌ لَا مَحَالَةَ فَمَضَتْ

[①] سۈرە ئەنئام، 53 ـ ئايەت.

[②] سۈرە ئەنئام، 65 ـ ئايەت.

[③] ئەلبانى (592): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

اثْنَتَانِ بَعْدَ وَفَاةِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِخَمْسٍ وَعِشْرِينَ سَنَةً فَأُلْبِسُوا شِيَعًا وَذَاقَ بَعْضُهُمْ بَأْسَ بَعْضٍ وَثِنْتَانِ وَاقِعَتَانِ لَا مَحَالَةَ الْخَسْفُ وَالرَّجْمُ.

6947 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اللە تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ”اللە سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇلفىلگە ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (فىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر“. ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ، ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بۇ تۆت ئىشنىڭ ھەممىسى ئازابتۇر، ھەممىسى چوقۇم بولماي قالمايدۇ.

رەبىئ (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يىگىرمە بەش يىل كېيىن، ئۇنىڭ ئىككىسى يۈز بەردى، كىشىلەر پىرقە ـ پىرقە بولۇپ بۆلۈنۈپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئازابىنى تېتىشتى. قالغان يەر يۇتۇش بىلەن كۆكتىن تاش بىلەن سوقۇشتىن ئىبارەت ئىككى بالامۇ چوقۇم بولماي قالمايدۇ[2].

(ئەھمەد: 21265)

6948 ـ عن جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ لَمَّا نَزَلَ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قُلْ هُوَ الْقَادِرُ عَلَى أَنْ يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِنْ فَوْقِكُمْ قَالَ أَعُوذُ بِوَجْهِكَ أَوْ مِنْ تَحْتِ أَرْجُلِكُمْ قَالَ أَعُوذُ بِوَجْهِكَ فَلَمَّا نَزَلَتْ أَوْ يَلْبِسَكُمْ شِيَعًا وَيُذِيقَ بَعْضَكُمْ بَأْسَ بَعْضٍ قَالَ هَاتَانِ أَهْوَنُ أَوْ أَيْسَرُ.

[1] سۈرە ئەنئام، 65 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (10999): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6948 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئېيتقىنكى، "اللہ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن ئازاب ئەۋەتىشكە قادىردۇر [1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زاتىڭ بىلەن پاناھلىق تىلەيمەن» دېگەن؛ ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «زاتىڭ بىلەن پاناھلىق تىلەيمەن» دېگەن؛ ياكى سىلەرنى ئۆرۈشقا سېلىپ بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا: «كېيىنكى ئىككىسى سەل يەڭگىلرەك» دېگەن.

(بۇخارى: 7313)

6949 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَما نَزَلَتْ الذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يَلْبِسُوا إِيمَانَهُمْ بِظُلْمٍ شَق ذَلِكَ عَلَى الْمُسْلِمِينَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَيّنَا لَا يَظْلِمُ نَفْسَهُ قَالَ لَيْسَ ذَلِكَ إِنمَا هُوَ الشرْكُ أَلَمْ تَسْمَعُوا مَا قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَي لَا تُشْرِكْ بِاللهِ إِن الشرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ.

6949 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىمان ئېيتقان، ئىمانغا زۇلۇمنى (شېرىكنى) ئارىلاشتۇرمىغانلار [2] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئېغىر تۇيۇلۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قايسىبىرىمىز زۇلۇم قىلىپ سالمايمىز؟ ـ دېيىشكەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سىلەر دېگەندەك ئەمەس. ئىمانغا زۇلۇم ئارىلاشتۇرمىغان دېگەن، ئىمانغا شېرىك ئېتىقاد ئارىلاشتۇرمىغان دېگەنلىكتۇر. سىلەر لوقماننىڭ ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: ئى

[1] سۈرە ئەنئام، 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەنئام، 82 ـ ئايەت.

ئوغلۇم! ﷲقا شېرىك كەلتۈرمە، چۈنكى شېرىك ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر[1] دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 3429)

6950 ـ قَالَ عَبْدُ اللهِ: "مُسْتَوْدَعُهَا فِي الدُّنيا، وَمُسْتَقَرّهَا فِي الرحِمِ".

6950 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﷲ سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، سىلەرنىڭ قويۇلىدىغان ۋە قارارلاشتۇرۇلىدىغان بىر جايىڭلار باردۇر، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق[2] دېگەن ئايەت ھەققىدە: قويۇلىدىغان جاي دۇنيا، قارارلاشتۇرۇلىدىغان جاي بەچچىدانىدۇر، ـ دېگەن[3].

(«ئەلكەبىر»: 208/9)

6951 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ عَباسٍ قَالَ أَتى أُناسٌ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَنَأْكُلُ مَا نَقْتُلُ وَلَا نَأْكُلُ مَا يَقْتُلُ اللهُ فَأَنْزَلَ اللهُ {فَكُلُوا مِما ذُكِرَ اسْمُ اللهِ عَلَيْهِ إِنْ كُنْتُمْ بِآيَاتِهِ مُؤْمِنِينَ إِلَى قَوْلِهِ وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ إِنكُمْ لَمُشْرِكُونَ}.

6951 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر تۈپ كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزىمىز ئۆلتۈرگەن مالنى يەيمىز ـ يۇ، ﷲ ئۆلتۈرگەننى يېمەمدۇق؟ ـ دېگەندى، ﷲ تائالا: ﷲنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ﷲنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار. زۆرۈرىيەت بولمىغىچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ﷲ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، ﷲنىڭ ئىسمى

---

[1] سۈرە لوقمان، 13 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 98 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11000): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ نۇرغۇن كىشىلەر نەفسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، بىلمەستىن، (باشقىلارنى) ھەقىقەتتىن ئازدۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ (شەرئى دەلىلسىز ھالال، ھارام دەپ) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار، شۈبھىسىزكى، گۇناھ قىلغۇچىلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئاخىرەتتە) جازاغا تارتىلىدۇ. (ئى مۆئمىنلەر!) اﷲنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلىساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3069)

6952 ـ عَنْ اْبنِ عَباسٍ قَالَ فَكُلُوا مِما ذُكِرَ اسْمُ اللهِ عَلَيْهِ وَلَا تَأْكُلُوا مِمـا لَـمْ يُذْكَرْ اسْمُ اللهِ عَلَيْهِ فَنُسِخَ وَاسْتَثْنى مِنْ ذَلِكَ فَقَالَ وَطَعَامُ الذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حِل لَكُـمْ وَطَعَامُكُمْ حِل لَهُمْ.

6952 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، اﷲ تائالا: اﷲنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار دېگەن ئايەت بىلەن: اﷲنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېمەڭلار [3] دېگەن ئىككى ئايەتنىڭ ئومۇملىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەھلى كىتاب بوغۇزلىغان مالنى بۇنىڭ سىرتىدا تۇتقان ھالدا: بۇگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال

[1] سۈرە ئەنئام، 118 ـ دىن 121 ـ ئايەتكىچە.
[2] ئەلبانى (2454): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] سۈرە ئەنئام، 118 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر [1] دېگەن[2].
(ئەبۇ داۋۇد: 2817)

6953 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ إِذَا سَرَكَ أَنْ تَعْلَمَ جَهْلَ الْعَرَبِ فَاقْرَأْ مَا فَوْقَ الثلَاثِينَ وَمِائَةٍ فِي سُورَةِ الْأَنْعَامِ {قَدْ خَسِرَ الذِينَ قَتلُوا أَوْلَادَهُمْ سَفَهًا بِغَيرِ عِلْمٍ إِلَى قَوْلِهِ قَدْ ضَلوا وَمَا كَانُوا مُهْتَدِينَ}.

6953 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: ئەرەبلەرنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلىشكە قىزىقساڭ، سۈرە ئەنئامنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئوقۇغىن: ھاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرىدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە الله نامىدىن يالغان ئېيتىپ، الله رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. ئۇلار ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئاداشتى، ھىدايەت تاپمىدى [3].
(بۇخارى: 3524)

6954 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ مَنْ سَرهُ أَنْ يَنظُرَ إِلَى الصحِيفَةِ التِي عَلَيْهَا خَاتَمُ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلْيَقْرَأْ هَذِهِ الْآيَاتِ قُلْ تَعَالَوْا أَتْلُ مَا حَرمَ رَبكُمْ عَلَيْكُمْ الْآيَةَ إِلَى قَوْلِهِ لَعَلكُمْ تَتقُونَ.

6954 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: كىمكى قۇرئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان (يەنى بىرمۇ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان) سەھىپىگە قاراي دېسە: ئېيتقىنكى، ''سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، الله ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر اللهقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى

[1] سۈرە مائىدە، 5 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (2443): ھەسەن، ـ دېگەن.
[3] سۈرە ئەنئام، 140 ـ ئايەت.

ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، اللهنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا، سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ باالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ اللهقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ". بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يولالاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى اللهنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (اللهنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ [1] دېگەن ئۈچ ئايەتنى ئوقۇسۇن [2].

(تىرمىزى: 3070)

6955 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثٌ إِذَا خَرَجْنَ لَا يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا طُلُوعُ الشمْسِ مِنْ مَغْرِبِهَا وَالدجالُ وَدَابةُ الْأَرْضِ.

6955 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ نەرسە بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا چىقسىلا، پەرۋەردىگارىنىڭ بەزى ئاالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى

---

[1] سۈرە ئەنئام، 151 ـ دىن 153 ـ ئايەتكىچە.

[2] ئەلبانى (593): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

پايدىسىز بولىدۇ[1]. ئۇلار: قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشى، دەججالنىڭ چىقىشى ۋە زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ چىقىشى».

(مۇسلىم: 158)

6956 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِ اللهِ عَز وَجَل أَوْ يَأْتِيَ بَعْضُ آيَاتِ رَبكَ قَالَ طُلُوعُ الشمْسِ مِنْ مَغْرِبِهَا.

6956 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە[2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: «قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشى» دېگەن[3].

(تىرمىزى: 3071)

6957 ـ عن عمر بن الخطاب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال لعائشة يا عائشة إن الذين فرقوا دينهم وكانوا شيعا هم أصحاب البدع وأصحاب الاهواء ليس لهم توبة أنا منهم برئ وهم مني برآء.

6957 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن:

«ئى ئائىشە! دىنىڭدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلار[4] بىدئەت ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەس ئىگىلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ، مەن ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدامەن؛ ئۇلارمۇ مەندىن ئادا ـ جۇدادۇر»[5].

(«ئەلسەغىر»: 560)

[1] سۈرە ئەنئام، 158 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەلبانى (2455): سەھىھ ـ دېگەن.

[4] سۈرە ئەنئام، 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] ھەيسەمى (11008): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ياخشى، ـ دېگەن.

6958 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَقُولُ اللـهُ إِذَا أَرَادَ عَبْدِي أَنْ يَعْمَلَ سَيئَةً فَلَا تَكْتُبوهَا عَلَيْهِ حَتى يَعْمَلَهَا فَإِنْ عَمِلَهَا فَاكْتُبوهَا بِمِثْلِهَـا وَإِنْ تَرَكَهَا مِنْ أَجْلِي فَاكْتُبوهَا لَهُ حَسَنَةً وَإِذَا أَرَادَ أَنْ يَعْمَلَ حَسَنَةً فَلَمْ يَعْمَلْهَا فَاكْتُبوهَـا لَـهُ حَسَنَةً فَإِنْ عَمِلَهَا فَاكْتُبوهَا لَهُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا إِلَى سَبْعِ مِائَةِ ضِعْفٍ ثُم قَرَأَ {مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا}.

6958 ـــ ئەبـۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ رىـۋايەت قىلـىـدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە ئەززە ۋە جەللە: بەندەم بىرەر يامانلىقنى كۆڭلىگە پۈكسە، تاكى ئۇنى قىلمىغانغا قەدەر يازماڭلار. قىلىپ قالسا، بىر يامانلىق يېزىڭلار. مەندىن قورقۇپ ئۇنى قىلمىسا، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابىنى يېزىڭلار. ئەگەر بىر ياخشىلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىڭلار. ئەگەر ئۇ بىر ياخشىلىقنى كۆڭلىگە پۈكسە ۋە ئەمەلىيەتتە قىلسا، ئۇنىڭغا شۇ ياخشىلىقنىڭ بەدىلىگە ئوندىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ساۋاب يېزىڭلار، ـ دەيدۇ».

(بۇخارى: 7501)

6959 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ لَـوه وفيه: إِلَى سَبْعِ مِائَةِ ضِعْفٍ إِلَى أَضْعَافٍ كَثِيرَةٍ.

6959 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يۇقىرىقىدەك رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتتە: «يەتتە يۈز ھەسسىدىنمۇ كۆپ ساۋاب يېزىڭلار، ـ دەيدۇ» دېيىلگەن.

(بۇخارى: 6491)

## ئەئراف ۋە ئەنفال سۈرىلىرى

6960 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ كَانَتْ الْمَرْأَةُ تَطُوفُ بِالْبَيْتِ وَهِيَ عُرْيَانَةٌ فَتَقُولُ مَنْ يُعِيرُنِي تِطْوَافًا تَجْعَلُهُ عَلَى فَرْجِهَا وَتَقُولُ الْيَوْمَ يَبْدُو بَعْضُهُ أَوْ كُلُّهُ فَمَا بَدَا مِنْهُ فَلَا أُحِلُّهُ فَنَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِنْدَ كُلِّ مَسْجِدٍ.

6960 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (جاھىلىيەت دەۋرىدە) ئاياللار كەئبىنى يالىڭاچ ھالەتتە تاۋاپ قىلاتتى ۋە:

ــ كىم ماڭا تاۋابلىق كىيىم بېرىپ تۇرىدۇ؟ ـ دەيتتى. ئاندىن (ئۆزىگە بېرىلگەن كىيىمنى ئېلىپ) ئەۋرىتىنى يۆگىۋالغاندىن كېيىن:

ــ بۈگۈن بۇنىڭ (يەنى ئەۋرەتنىڭ) ھەممىسى ياكى بەزىسى ئېچىلىپ قالىدۇ، ئېچىلىپ قالغىنىغىمۇ قاراش دۇرۇس ئەمەس، ـ دەيتتى. كېيىن، مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: ئى ئادەم باللىرى! ھەر نامــاز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ [1].

(مۇسلىم: 3028)

6961 ـ عن أبي سعيد الخدري قال: سئل النبي صلى الله عليه وسلم، عن أصحاب الأعراف؟ فقال: «قوم قتلوا في سبيل الله وهم عصاة لآبائهم، فمنعتهم الشهادة أن يدخلوا النار، ومنعتهم المعصية أن يدخلوا الجنة، فهم وقوف على سور بين الجنة

[1] سۈرە ئەئراف، 31 ـ ئايەت.

والنار، حتى تذوب شحومهم وتذبل لحومهم، حتى يفرغ الله من حساب الخلائق، فـإذا فرغ من حساب الخلائق تغمدهم برحمة منه، فأدخلوا الجنة».

6961 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ رىـۋايەت قىلىـدۇكى، پەيغەمبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمدىن ئەئـرافتىكىلەر ھەققىـدە سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن:

«ئۇلار الله يولىدا ئۆلتـۈرۈلگەن، ئەممـا ئاتـا ـ ئانىلىرىغـا ئاسـىيلىق قىلغـان كىشـىلەر بولـۇپ، شـېھىدلىقى ئـۇلارنى دوزاخقـا كىرىشـتىن، ياماناىقلىرى جەننەتكە كىرىشتىن توسىۇپ قويغان. ئـۇلار دوزاخ بىـلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدىكى سېپىل ئۈستىدە ياغلىرى ئېرىـپ، گۆشلىرى قورۇلۇپ كەتكەن ھالدا تاكى الله تائـالا پۈتـۈن مەخلۇقلارنىـڭ ھېسـابىنى تاماملاپ بولغىچە تۇرىدۇ. مەخلۇقلارنىڭ ھېسابى تاماملانغانـدا، الله تائـالا ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى ئىچىگە ئېلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىۋېتىدۇ»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 3053؛ «ئەلسەغىر»: 666)

6962 ـ عن عبد الله بن بسر قال خرجت من حمص فآواني الليـل إلى البقيعـة فحضرني من أهل الأرض فقرأت هذه الآية من الأعراف (إن ربكـم الله الـذي خلـق السماوات والأرض) إلى آخر الآية فقال بعضهم لبعض احرسوه الآن حتى يصبح فلمـا أصبحت ركبت دابتي.

6962 ـ ئابـدۇللاھ ئىبنـى بۇسـر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ مۇنـداق دېگەنلىكى رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: مەن ھىمىس شـەھرىدىن چىقىـپ، كەچ كىرگەندە بەقىئە دېگەن جايغا بېرىپ قوندۇم. ئۇ يەرلىك كىشىلەردىن بەزىسـى قېشىـمغا كەلـگەن ئىـدى، مەن ئەئـراف سۈرىسـىدىكى: شۈبھىسـىزكى ، پەرۋەردىگـارىڭلار الله ئاسـمانلارنى ۋە زېمىننـى ئـالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىـڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىـق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، الله كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىـڭ

---

[1] ھەيسەمى (11013): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى مۇخەللەد رەئىينىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر - بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى اللهنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللهنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهنىڭ دەربىجىسى كاتتىدۇر[①] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانىدىم، ئۇلار بىر - بىرىگە:

— بۇ ئادەمنى تاڭ ئاتقۇچە قوغدايلى! — دېيىشتى. تاڭ ئاتقاندا، ئۇلىقىمغا مىنىپ، يولۇمغا راۋان بولدۇم[②].

(تەبەرانى رىۋايەت قىلغان)

6963 ـ عَنْ أَبِي وَاقِدٍ اللَّيْثِي أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما خَرَجَ إِلَى حُنَيْنٍ مَر بِشَجَرَةٍ لِلْمُشْرِكِينَ يُقَالُ لَهَا ذَاتُ أَنْوَاطٍ يُعَلقُونَ عَلَيْهَا أَسْلِحَتَهُمْ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ اجْعَلْ لَنَا ذَاتَ أَنْوَاطٍ كَمَا لَهُمْ ذَاتُ أَنْوَاطٍ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُبْحَانَ اللهِ هَذَا كَمَا قَالَ قَوْمُ مُوسَى اجْعَلْ لَنَا إِلَهًا كَمَا لَهُمْ آلِهَةٌ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتَرْكَبُن سُنةَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ.

6963 ـ ئەبۇ ۋاقىد لەيسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇنەينگە چىققان كۈنى، مۇشرىكلار قوراللىرىنى ئېسىپ قويۇپ چوقۇنىدىغان زاتۇ ئەنۋات ئىسىملىك بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ساھابىلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! (ئۇلارنىڭ زاتۇ ئەنۋات دەرىخى بولغىنىدەك) بىزگىمۇ زاتۇ ئەنۋاتتىن بىرنى قىلىپ بەرسەڭ، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[①] سۈرە ئەئراف، 54 ـ ئايەت.

[②] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسەييەب ئىبنى ۋازىھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭ ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، - دېگەن.

ــ سۇبھانالالاھ! مۇسانىڭ قەۋمى: ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن [1] دېگەندەكلا ئىش بولدىغۇ بۇ؟! جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئىزىنى باسماي قالمايسىلەر، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 2180)

6964 ـ زاد رزين: حَذْوَ النعْلِ بِالنعْلِ وَالْقُذةِ بِالْقُذةِ حتى إن كان منهم من أتى أمه يكون فيكم فَلاَ أَدْرِي أَتَعْبُدُونَ الْعِجْلَ أَمْ لاَ.

6964 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: ئاياق ئاياققا، (يا ئوقيدىكى) بىر پەي يەنە بىر پەيگە جىپسىلاشقاندەك (ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئىزىنى بىرمۇ بىر باسماي قالمايسىلەر). ھەتتاكى بۇرۇنقىلاردىن ئانىسىغا ئارتىلغانلار بولسا، سىلەردىنمۇ شۇنداقلار بولىدۇ، ئەمما بۇرۇنقىلاردەك موزايغا ئىبادەت قىلامسىلەر ياكى قىلمامسىلەر، بۇنى بىلمەيمەن».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

6965 ـ عَنْ أَنسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ هَذِهِ الْآيَةَ فَلَما تَجَلى رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكا قَالَ حَمادٌ هَكَذَا وَأَمْسَكَ سُلَيْمَانُ بِطَرَفِ إِبْهَامِهِ عَلَى أُنْمُلَةِ إِصْبَعِهِ الْيُمْنَى قَالَ فَسَاخَ الْجَبَلُ وَخَر مُوسَى صَعِقًا.

6965 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى [3] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، باش بارمىقىنى چىمچىلىقىنىڭ ئۇچىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ:

[1] سۈرە ئەئراف، 138 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (1771): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] سۈرە ئەئراف، 143 ـ ئايەت.

«مۇشۇنچىلىك ئازغىنە تەجەللى قىلىنىۋىدى، تاغ چۇكۇپ كەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 3074)

6966 ـ عن ابن عباس قال سئل موسى صلى الله عليه وسلم مسـألة فأعطيهـا محمد صلى الله عليه وسلم قوله (واختار موسى قومه سبعين رجلا) إلى قوله (فسـأكتبها للذين يتقون).

6966 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر نەرسە تىلىگەن ئىدى، الله ئۇ (نىڭ تىلىگەن نەرسىسى)نى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاتا قىلدى، ـ دېگەندىن كېيىن: مۇسا بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا كېلىش ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىدىن 70 كىشىنى تاللىدى؛ ئۇلارغا زىلزىلە يۈزلەنگەندە، مۇسا: "پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ، ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن ئەڭ ياخشى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن. بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق" دېدى. الله ئېيتتى: "ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن" [2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[3].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ئەلبانى (2458): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئەئراف، 155 ـ ۋە 156 ـ ئايەتلەر.

[3] ھەيسەمى (11018): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتا ئىبنى سائىب ئىسىملىك بىرى بار، كېيىنچە ئۇ ھەدىسنى ئېلىشتۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇندىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

6967 ـ عَنْ مُسْلِمِ بْنِ يَسَارٍ الْجُهَنِيِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ سُئِلَ عَنْ هَذِهِ الْآيَةِ وَإِذْ أَخَذَ رَبكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ قَالَ قَرَأَ الْقَعْنَبِي الْآيَةَ فَقَالَ عُمَرُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سُئِلَ عَنْهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ عَز وَجَل خَلَقَ آدَمَ ثُم مَسَحَ ظَهْرَهُ بِيَمِينِهِ فَاسْتَخْرَجَ مِنْهُ ذُريةً فَقَالَ خَلَقْتُ هَؤُلَاءِ لِلْجَنةِ وَبِعَمَلِ أَهْلِ الْجَنةِ يَعْمَلُونَ ثُم مَسَحَ ظَهْرَهُ فَاسْتَخْرَجَ مِنْهُ ذُريةً فَقَالَ خَلَقْتُ هَؤُلَاءِ لِلنارِ وَبِعَمَلِ أَهْلِ النارِ يَعْمَلُونَ فَقَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ فَفِيمَ الْعَمَلُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ عَز وَجَل إِذَا خَلَقَ الْعَبْدَ لِلْجَنةِ اسْتَعْمَلَهُ بِعَمَلِ أَهْلِ الْجَنةِ حَتى يَمُوتَ عَلَى عَمَلٍ مِنْ أَعْمَالِ أَهْلِ الْجَنةِ فَيُدْخِلَهُ بِهِ الْجَنةَ وَإِذَا خَلَقَ الْعَبْدَ لِلنارِ اسْتَعْمَلَهُ بِعَمَلِ أَهْلِ النارِ حَتى يَمُوتَ عَلَى عَمَلٍ مِنْ أَعْمَالِ أَهْلِ النارِ فَيُدْخِلَهُ بِهِ النارَ.

6967 ـ مۇسلىم ئىبنى يەسار جۇھەنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: "مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟" دېدى (يەنى الله ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: "ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق" دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: "بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز" دېمەسلىكلىرى، ياكى "ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار)، گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟" دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر [①] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى سورالغاندى، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشۇ ئايەت توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ

[①] سۈرە ئەئراف، 172 ـ ئايەت.

مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنىدى: «الله ئەززە ۋەجەللە ئادەمنى ياراتتى، ئاندىن دۈمبىسىنى قولى بىلەن سىلاپ، ئۇنىڭدىن بىر بۆلۈك نەسلىنى چىقىرىپ: ”بۇلارنى جەننەتكە ياراتتىم، بۇلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ“ دېگەندىن كېيىن، دۈمبىسىنى سىلاپ، ئۇنىڭدىن يەنە بىر بۆلۈك نەسلىنى چىقىرىپ: ”بۇلارنى دوزاخقا ياراتتىم، بۇلار دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ“ دېدى». بىر كىشى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! (ھەممە ئىش پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا) ئۇنداقتا، نېمىشقا ئەمەل قىلىپ يۈرىمىز؟ ــ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ الله ئەززە ۋەجەللە بىر بەندىسىنى جەننەتكە ياراتقان بولسا، ئۇنى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمەلى ئۈستىدە ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بىر بەندىسىنى دوزاخقا ياراتقان بولسا، ئۇنى دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىشقا مۇپتىلا قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلى ئۈستىدە ۋاپات بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇنى دوزاخقا تاشلايدۇ، ــ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4703)

6968 ــ عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ فِي قَوْلِ اللهِ عَزَّ وَجَلَّ وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّاتِهِمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ الْآيَةَ قَالَ جَمَعَهُمْ فَجَعَلَهُمْ أَرْوَاحًا ثُمَّ صَوَّرَهُمْ فَاسْتَنْطَقَهُمْ فَتَكَلَّمُوا ثُمَّ أَخَذَ عَلَيْهِمْ الْعَهْدَ وَالْمِيثَاقَ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالَ فَإِنِّي أُشْهِدُ عَلَيْكُمْ السَّمَوَاتِ السَّبْعَ وَالْأَرَضِينَ السَّبْعَ وَأُشْهِدُ عَلَيْكُمْ أَبَاكُمْ آدَمَ عَلَيْهِ السَّلَام أَنْ تَقُولُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ لَمْ نَعْلَمْ بِهَذَا اعْلَمُوا أَنَّهُ لَا إِلَهَ غَيْرِي وَلَا رَبَّ غَيْرِي فَلَا تُشْرِكُوا بِي شَيْئًا وَإِنِّي سَأُرْسِلُ إِلَيْكُمْ رُسُلِي يُذَكِّرُونَكُمْ عَهْدِي وَمِيثَاقِي وَأُنْزِلُ عَلَيْكُمْ كُتُبِي قَالُوا شَهِدْنَا بِأَنَّكَ رَبُّنَا وَإِلَهُنَا لَا رَبَّ لَنَا غَيْرُكَ فَأَقَرُّوا بِذَلِكَ وَرَفَعَ عَلَيْهِمْ آدَمَ يَنْظُرُ إِلَيْهِمْ فَرَأَى الْغَنِيَّ وَالْفَقِيرَ وَحَسَنَ الصُّورَةِ وَدُونَ ذَلِكَ فَقَالَ رَبِّ لَوْلَا سَوَّيْتَ بَيْنَ عِبَادِكَ

[1] ئەلبانى (3936): ”دۈمبىسىنى سىلاش“ دېگەن ئىبارىدىن باشقىسى سەھىھ ـ دېگەن.

قَالَ إني أَحْبَبْتُ أَنْ أُشْكَرَ وَرَأَى الْأَنبِيَاءَ فِيهِمْ مِثْلُ السُرُجِ عَلَيْهِمْ النورُ خُصوا بِمِيثَاقٍ آخَرَ فِي الرسَالَةِ وَالنُبوةِ وَهُوَ قَوْلُهُ تَعالَى وَإِذْ أَخَذْنَا مِنْ النبِيينَ مِيثَاقَهُمْ إِلَى قَوْلِهِ عِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ كَانَ فِي تِلْكَ الْأَرْوَاحِ فَأَرْسَلَهُ إِلَى مَرْيَمَ فَحَدثَ عَنْ أُبي أَنهُ دَخَلَ مِنْ فِيهَا.

6968 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: ”مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟“ دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: ”ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق“ دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: ”بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز“ دېمەسلىكلىرى، ياكى ”ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟“ دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ، جانلىرىنى يارىتىپ، ئاندىن سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، سۆز قىلدۇرۇشىدى، ئۇلار سۆز قىلدى. ئاندىن ئۇلاردىن ئەھدە ۋە مۇستەھكەم ۋەدە ئالدى، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ:

ـ مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى. ئاندىن:

ـ مەن سىلەرگە يەتتە قات ئاسمان بىلەن يەتتە زېمىننى گۇۋاھ قىلىمەن، يەنە سىلەرگە ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى گۇۋاھ قىلىمەن، بۇنداق قىلىشىم قىيامەت كۈنى: ”بىز بۇنى بىلمەي قاپتىمىز“ دەپ تۇرىۋالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر، بىلىڭلاركى، مەندىن باشقا ئىلاھ يوق، مەندىن باشقا پەرۋەردىگار يوق، شۇڭا ماڭا ھېچ

[1] سۈرە ئەئراف، 172 ـ ئايەت.

نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار، مەن سىلەرگە ماڭا بەرگەن ئەھدىڭلارنى ۋە مۇستەھكەم ۋەدەڭلارنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان پەيغەمبەرلىرىمنى ئەۋەتىمەن، سىلەرگە كىتابلىرىمنى نازىل قىلىمەن، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ سېنىڭ رەببىمىز ۋە ئىلاھىمىز ئىكەنلىكىڭگە، بىزگە سەندىن باشقا پەرۋەردىگار يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمىز، ـ دېيىشىپ، ئۇنىڭغا ئىقرار بولۇشتى. الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراتقان ئىدى، ئۇ باي ـ كەمبەغەل، كېلىشكەن ۋە كېلىشمىگەن خىلمۇ خىل كىشىلەرنى كۆرۈپ:

ـ ئى رەببىم! بەندىلىرىڭنى باراۋەر قىلغان بولساڭچۇ؟ ـ دېۋىدى، الله:

ـ مەن ئۇلار تەرىپىدىن شۈكۈر قىلىنىشنى ياخشى كۆردۈم، ـ دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلار ئىچىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇددى يۇلتۇزلاردەك نۇر ياغدۇرۇپ تۇرغانلىرىنى كۆردى، ئۇلاردىن پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىكتىن ئىبارەت ئالاھىدە ئەھدە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىدە بايان قىلىنغان: ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق، سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق [1]. ئاشۇ روھلار ئىچىدە ھەزرىتى ئىيسامۇ بار بولۇپ، الله تائالا ئۇنى ھەزرىتى مەريەمگە ئەۋەتتى.

ئۇبەيىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەزرىتى ئىيسانىڭ روھى مەريەمنىڭ ئاغزىدىن كىرگەن [2].

(ئەھمەد: 21270)

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 7 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11019): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى يەئقۇب رەببانىيدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى نامەلۇم. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

6969 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما خَلَقَ اللهُ آدَمَ مَسحَ ظَهْرَهُ فَسَقَطَ مِنْ ظَهْرِهِ كُل نَسَمَةٍ هُوَ خَالِقُهَا مِنْ ذُريتِهِ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَجَعَلَ بَيْنَ عَيْنَيْ كُل إِنْسَانٍ مِنْهُمْ وَبِيصًا مِنْ نُورٍ ثُم عَرَضَهُمْ عَلَى آدَمَ فَقَالَ أَيْ رَب مَنْ هَؤُلَاءِ قَالَ هَؤُلَاءِ ذُريتُكَ فَرَأَى رَجُلًا مِنْهُمْ فَأَعْجَبَهُ وَبِيصُ مَا بَيْنَ عَيْنَيْهِ فَقَالَ أَيْ رَب مَنْ هَذَا فَقَالَ هَذَا رَجُلٌ مِنْ آخِرِ الْأُمَمِ مِنْ ذُريتِكَ يُقَالُ لَهُ دَاوُدُ فَقَالَ رَب كَمْ جَعَلْتَ عُمْرَهُ قَالَ سِتينَ سَنَةً قَالَ أَيْ رَب زِدْهُ مِنْ عُمْرِي أَرْبَعِينَ سَنَةً فَلَما قُضِيَ عُمْرُ آدَمَ جَاءَهُ مَلَكُ الْمَوْتِ فَقَالَ أَوَلَمْ يَبْقَ مِنْ عُمْرِي أَرْبَعُونَ سَنَةً قَالَ أَوَلَمْ تُعْطِهَا ابْنَكَ دَاوُدَ قَالَ فَجَحَدَ آدَمُ فَجَحَدَتْ ذُريتُهُ وَنُسيَ آدَمُ فَنَسِيَتْ ذُريتُهُ وَخَطِئَ آدَمُ فَخَطِئَتْ ذُريتُهُ.

6969 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللہ تائالا ئادەمنى ياراتقاندا دۈمبىسىنى سىلىغان ئىدى، ئۇنىڭدىن اللہ تائالا ئۇنىڭ پۇشتىدىن تاكى قىيامەتكىچە يارىتىدىغان پۈتۈن نەسىلىنىڭ روھلىرى چۈشتى. اللہ ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقىغا پارلاپ تۇرىدىغان نۇر قىلىپ، ئاندىن ئۇلارنى ھەزرىتى ئادەمگە كۆرسەتتى. ئادەم:

ـ ئى رەببىم! بۇلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، اللہ:

ـ ئۇلار سېنىڭ نەسلىڭ، ـ دېدى، ئادەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى كۆردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى پارلاق نۇر ئۇنىڭغا بەك ياراپ كەتتى ـ دە:

ـ ئى رەببىم! بۇ كىم؟ ـ دەپ سورىدى، اللہ:

ـ بۇ سېنىڭ نەسلىڭدىن ئاخىرقى ئۈممەتتە كېلىدىغان داۋۇد دېگەن ئادەم بولىدۇ، ـ دېدى، ئۇ:

ـ ئى رەببىم! ئۇنىڭ ئۆمرىنى قانچىلىك قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، اللہ:

ـ 60 يىل، ـ دېدى. ئادەم:

ـــ ئى رەببىم! ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۆمرۈمدىن 40 يىل قېتىپ بەرگىن! ـ دېدى. كېيىن، ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئۆلۈم پەرىشتىسى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ:

ـــ مېنىڭ ئۆمرۈمدىن يەنە 40 يىل قالمىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەرىشتە:

ـ سەن ئۇنى پەرزەنتىڭ داۋۇدقا بېرىۋەتمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ھەزرىتى ئادەم بۇنىڭدىن تېنىپ تۇرىۋالدى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئەۋلادىمۇ تاندى. ئادەم ئۇنۇتقان ئىدى، ئەۋلادىمۇ ئۇنۇتتى. ئادەم خاتالاشقان ئىدى، ئەۋلادىمۇ خاتالاشتى[1].

(تىرمىزى: 3076)

6970 ـ عَنْ سَمُرَةَ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَما حَمَلَتْ حَواءُ طَافَ بِهَا إِبْلِيسُ وَكَانَ لَا يَعِيشُ لَهَا وَلَدٌ فَقَالَ سَميهِ عَبْدَ الْحَارِثِ فَسَمتْهُ عَبْدَ الْحَارِثِ فَعَاê وَكَانَ ذَلِكَ مِنْ وَحْيِ الشيْطَانِ وَأَمْرِهِ.

6970 ـــ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەۋۋانىڭ بالىسى تۇرمايتتى (يەنى ئۆلۈپ كېتەتتى). ئۇ ھامىلدار بولغاندا، ئىبلىس ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ: بالاڭغا ئابدۇلھارىس دەپ ئىسىم قويغىن، ـ دېگەن ئىدى، ئۇنىڭغا ئابدۇلھارىس دەپ ئىسىم قويسا، ئىبلىس دېگەندەكلا تۇرۇپ قالدى. بۇ ئىش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ۋە سۆزى بىلەن بولغان»[2].

(تىرمىزى: 3077)

6971 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ "وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ الذِي آتَيْنَاهُ آيَاتِنَا"، قَالَ: "هُوَ بَلْعَمُ وَيُقَالَ بَلْعَامُ".

[1] ئەلبانى «شەرھۇل ئەقىيدە تاھاۋىييە» دېگەن كىتابىدا: سەھىھ. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (595): زەئىپ، ـ دېگەن.

6971 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار)غا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەردۇق (يەنى كىتابۇللاھنىڭ بەزى ئىلىملىرىنى ئۆگەتتۇق). ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى، ئۇنىڭغا شەيتان ئاپىرىدە بولۇشى بىلەنلا گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى [1] دېگەن سۆزىدىكى كىشى (يەنى ئىسرائىل ئالىملىرىدىن) بەلئام ھەققىدە نازىل بولغان[2].

(«ئەلكەبىر»: 219/9)

6972 ـ عن عبد الله بن عمرو في هذه الآية قال هو أمية بن أبي الصلت.

6972 ـ ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، يۇقىرىقى ئايەتتىكى كىشى ئۇمەييە ئىبنى ئەبۇ سەلتتۇر[3].

(«ئەلكەبىر»)

6973 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزّبَيْرِ خُذْ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ قَالَ مَا أَنْزَلَ اللهُ إلا فِي أَخْلَاقِ الناسِ.

6973 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن) [4] دېگەن ئايەت ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە نازىل بولغان.

(بۇخارى: 4644)

[1] سۈرە ئەئراف، 175 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11021): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (11022): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[4] سۈرە ئەئراف، 199 ـ ئايەت.

6974 ـ وفي رواية: قَالَ أَمَرَنِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ أَنْ يَأْخُذَ الْعَفْوَ مِنْ أَخْلَاقِ الناسِ.

6974 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: الله تائالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4787)

6975 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ قُلْتُ لِابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا سُورَةُ الْأَنفَالِ قَالَ نَزَلَتْ فِي بَدْرٍ.

6975 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئەنفال سۈرىسىنىڭ قاچان نازىل بولغانلىقىنى سورىسام:

ــ بەدردە نازىل بولغان، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4645)

6976 ـ عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ بَدْرٍ جِئْتُ بِسَيْفٍ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِن اللهَ قَدْ شَفَى صَدْرِي مِنْ الْمُشْرِكِينَ أَوْ نَحْوَ هَذَا هَبْ لِي هَذَا السيْفَ فَقَالَ هَذَا لَيْسَ لِي وَلَا لَكَ فَقُلْتُ عَسَى أَنْ يُعْطَى هَذَا مَنْ لَا يُبْلِي بَلَائِي فَجَاءَنِي الرسُولُ فَقَالَ إِنكَ سَأَلْتَنِي وَلَيس لِي وَإِنهُ قَدْ صَارَ لِي وَهُوَ لَكَ قَالَ فَنَزَلَتْ يَسْأَلُونَكَ عَنْ الْأَنفَالِ الْآيَةَ.

6976 ــ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتى بولغاندا، بىر قىلىچنى ئېلىپ كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالا مۇشرىكلاردىن ئۆچۈمنى ئېلىپ بەردى، تازا يۈخادىن چىقتىم. شۇڭا بۇ قىلىچنى ماڭا بەرگەن بولساڭ، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ مېنىڭمۇ ئەمەس، سېنىڭمۇ ئەمەس، ـ دېدى، مەن:

[1] ئەلبانى (4004): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ بۇ قىلىچ مەنچىلىك ئىشلىتەلمەيدىغان بىرسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن دەيمەن، ـ دېدىم. كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمغا كېلىپ:

ـ سەن ئۇنى مېنىڭ ئەمەس چاغدا سورىغانىدىڭ، ئۇ ئەمدى مېنىڭ بولدى. ئۇنى ساڭا بېرىۋەتتىم، ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ”غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، اللهتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى[2].

(تىرمىزى: 3079)

6977 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ إن شَر الدوَاب عِنْدَ اللهِ الصم الْبكْمُ الذِينَ لَا يَعْقِلُونَ قَالَ هُمْ نَفَرٌ مِنْ بَنِي عَبْدِ الدارِ.

6977 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالانىڭ: شۈبھىسىزكى، اللهنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى ــ يامانني پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر [3] دېگەن ئايەت بەنى ئابدۇددار جەمەتىدىن بىر قانچە كىشى ھەققىدە نازىل بولغان.

(بۇخارى: 4646)

6978 ـ عن أَنسَ بْنَ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَبو جَهْلٍ اللهُم إنْ كَانَ هَذَا هُـوَ الْحَق مِنْ عِنْدِكَ فَأَمطِرْ عَلَيْنَا حِجَارَةً مِنْ السمَاءِ أَوْ ائْتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ فَنَزَلَتْ وَمَا كَانَ اللـهُ

[1] سۈرە ئەنفال، 1 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (2460): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.
[3] سۈرە ئەنفال، 22 ـ ئايەت.

لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنْتَ فِيهِمْ وَمَا كَانَ اللهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ وَمَا لَهُمْ أَنْ لَا يُعَذِّبَهُمُ اللهُ وَهُمْ يَصُدُّونَ عَنْ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ الْآيَةَ.

6978 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ جەھىل:

— ئى الله! ئەگەر بۇ قۇرئان سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن! ـ دېۋىدى، الله تائالا: سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ مەسجىدى ھەرامغا كىرىشىنى توسۇۋاتسا، الله ئۇلارغا نېمىشقا ئازاب قىلمىسۇن؟ ئۇلار مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى تەقۋادارلاردىن باشقىلار ئەمەستۇر، لېكىن (بۇنى) ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 4648)

6979 ـ عن عُقْبَةَ بْنَ عَامِرٍ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ يَقُولُ وَأَعِدوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوةٍ أَلَا إِن الْقُوةَ الرمْيُ أَلَا إِن الْقُوةَ الرمْيُ أَلَا إِن الْقُوةَ الرمْيُ.

6979 ــ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: (دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار [2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن:

[1] سۈرە ئەنفال، 33 ـ ۋە 34 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەنفال، 60 ـ ئايەت.

«بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاساسلىق كۈچ ئوق ئېتىشتۇر. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاساسلىق كۈچ ئوق ئېتىشتۇر. بىلىپ قويۇڭلاركى، ئاساسلىق كۈچ ئوق ئېتىشتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(مۇسلىم: 1917)

6980 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا لَمَّا نَزَلَتْ إِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِائَةٌ فَكُتِبَ عَلَيْهِمْ أَنْ لَا يَفِرَّ وَاحِدٌ مِنْ عَشَرَةٍ فَقَالَ سُفْيَانُ غَيْرَ مَرَّةٍ أَنْ لَا يَفِرَّ عِشْرُونَ مِنْ مِائَتَيْنِ ثُمَّ نَزَلَتْ الْآنَ خَفَّفَ اللهُ عَنْكُمْ الْآيَةَ فَكَتَبَ أَنْ لَا يَفِرَّ مِائَةٌ مِنْ مِائَتَيْنِ.

6980 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ [1] دېگەن ئايەت چۈشكەندە، بىر مۇسۇلمان ئون دۈشمەندىن، 20 مۇسۇلمان 200 دۈشمەندىن قاچماسلىقا بۇيرۇلغانىدى، كېيىن: الله ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى دېگەن ئايەت چۈشۈپ، يۈز مۇسۇلمان ئىككى يۈز دۈشمەندىن قاچماسلىققا بۇيرۇلدى.

سۇفيان بەزى رىۋايىتىدە: مۇئمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ دېگەن ئايەت چۈشكەندە، 20 مۇسۇلماننىڭ 200 دۈشمەندىن قاچماسلىقى پەرز قىلىنغان، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 4652)

6981 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَمَّا نَزَلَتْ إِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ شَقَّ ذَلِكَ عَلَى الْمُسْلِمِينَ حِينَ فُرِضَ عَلَيْهِمْ أَنْ لَا يَفِرَّ وَاحِدٌ مِنْ عَشَرَةٍ فَجَاءَ التَّخْفِيفُ فَقَالَ الْآنَ خَفَّفَ اللهُ عَنْكُمْ وَعَلِمَ أَنَّ فِيكُمْ ضُعْفًا فَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ

[1] سۈرە ئەنفال، 65 ـ ئايەت.

مِائَةٌ صَابِرَةٌ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ قَالَ فَلَما خَففَ اللهُ عَنْهُمْ مِنْ الْعِدةِ نَقَصَ مِنْ الصبْرِ بِقَدْرِ مَا خُففَ عَنْهُمْ.

6981 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ دېگەن ئايەت چۈشكەندە، بىر مۇسۇلماننىڭ ئون دۈشمەندىن قاچماسلىقى پەرز قىلىنغانىدى، بۇ ھۆكۈم مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. ئارقىدىنلا يەڭگىللىتىلگەن ھۆكۈم نازىل قىلىنىپ: الله ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى دېگەن ئايەت نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋرچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك بولغان دۈشمەن سانى ئازايدى.

(بۇخارى: 4653)

6982 ـ عن عُمَر بْن الْخَطابِ قَالَ لَما كَانَ يَوْمُ بَدْرٍ فَأَخَذَ يَعْنِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْفِدَاءَ أَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل مَا كَانَ لِنَبِي أَنْ يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتى يُثْخِنَ فِي الْأَرْضِ إِلَى قَوْلِهِ لَمَسكُمْ فِيمَا أَخَذْتُمْ مِنْ الْفِدَاءِ ثُم أَحَل لَهُمْ اللهُ الْغَنَائِمَ.

6982 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتىدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىرلەردىن فىدىيە ئالغان ئىدى، الله تائالا: پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەيسىلەر، الله سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اللەنىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار

بــولاتتىــڭلار [1] دېــگەن ئــايەتلەرنى نازىـــل قىلـــدى. يەنـــى فـــدىيە ئالغــانلىقىــڭلار ئۈچــۈن دېمەكچــى، كېــيىــن الله تائــالا مۇســۇلمانلارغا غەنىمەتلەرنى ھالال قىلىپ بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2690)

6983 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَالَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يُهَاجِرُوا فَكَانَ الْأَعْرَابِيُّ لَا يَرِثُ الْمُهَاجِرَ وَلَا يَرِثُهُ الْمُهَاجِرُ فَنَسَخَتْهَا فَقَالَ وَأُولُو الْأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَى بِبَعْضٍ.

6983 ـ ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــادىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىـــدۇ: الله تائالانـــىڭ: ئىمـــان ئېيتقـــانلار، (اللهنـــى ۋە اللهنىـــڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھــاجىرلار)، (يۇرتىـــدا مۇھاجىرلارغـــا) جـــاي بەرگەنـــلەر ۋە يـــاردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارىلار) ـ ئەنە شۇلار ئەلـۋەتتە بىـر ـ بىـرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر ـ بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر ـ بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمـــان ئېيتقـــان، ئەممـــا (مەدىنىگە) ھىجــرەت قىلمىغـــانلار بىـــلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئـارا ئىـگە بولـۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ؛ ئەگەر دىـن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىـلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [3] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، ئەئرابى مۇھاجىردىن مىراس ئالالمايتتى، مۇھاجىرمۇ ئەئرابىدىن مىراس ئالالمايتتى. اللهنىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن)

[1] سۈرە ئەنفال، 67 ـ ۋە 68 ـ ئايەتلەر.
[2] ئەلبانى (2339): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.
[3] سۈرە ئەنفال، 72 ـ ئايەت.

[1] ئەڭ ھەقلىقتۇر، شۈبھىسىزكى، اﷲ ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2924)

[1] سۈرە ئەنفال، 75 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2537): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

## بەرائەت (تەۋبە) سۈرىسى

6984 ـ عن حذيفة قال التي تسمون سورة التوبة هي سورة العذاب وما تقرؤون منها مما كنا نقرأ إلا ربعها.

6984 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: سىلەر تەۋبە سۈرىسى دەپ ئاتىغان سۈرە ئازاب سۈرىسى بولۇپ، سىلەر ئۇنىڭدىن بىز ئوقۇغاننىڭ تۆتتىن بىرىنىلا ئوقۇيسىلەر (يەنى بۇ سۈرە ئەسلىدە ئۇزۇن بولۇپ، بىر مۇددەتتىن كېيىن قالغان قىسمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان)[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 1330)

6985 ـ عن ابن عباس قال قلت لعثمان بن عفان ما حملكم أن عمدتم إلى الأنفال وهي من المثاني وإلى براءة وهي من المئين فقرنتم بينهما ولم تكتبوا بينهما سطر بسم الله الرحمن الرحيم ووضعتموها في السبع الطول ما حملكم على ذلك فقال عثمان كان رسول الله صلى الله عليه وسلم مما يأتي عليه الزمان وهو تنزل عليه السور ذوات العدد فكان إذا نزل عليه الشيء دعا بعض من كان يكتب فيقول ضعوا هؤلاء الآيات في السورة التي يذكر فيها كذا وكذا وإذا نزلت عليه الآية فيقول ضعوا هذه الآية في السورة التي يذكر فيها كذا وكذا وكانت الأنفال من أوائل ما أنزلت بالمدينة وكانت براءة من آخر القرآن وكانت قصتها شبيهة بقصتها فظننت أنها منها فقبض رسول الله صلى الله عليه وسلم ولم يبين لنا أنها منها فمن أجل ذلك قرنت بينهما ولم أكتب بينهما سطر بسم الله الرحمن الرحيم فوضعتها في السبع الطول.

---

[①] ھەيسەمى (11025): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6985 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئوسمان ئىبنى ئەففاندىن:

ـ ئەنفال سۈرىسى 100 ئايەتكە يەتمەيدىغان تۇرسا، 100 ئايەتلىك سۈرىلەر قاتارىدىن بولغان بەرائەت سۈرىسىگە جۈپلەپ قويۇشىڭلارنىڭ ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدا ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ دېگەن قۇرنى يازماي، ئۇزۇن يەتتە سۈرىنىڭ قاتارىغا تىزغىنىڭلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇزۇن مۇددەت ۋەھيى نازىل بولمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولاتتى، بەزىدە بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە سۈرىمۇ نازىل بولاتتى. كۆپ ئايەت نازىل بولسا، قېشىدىكى كاتىبلىرىنى چاقىرىپ: «ماۋۇ ئايەتلەرنى مۇنداق ـ مۇنداق نەرسىلەر تىلغا ئېلىنىدىغان سۈرىگە قويۇڭلار» دەيتتى. بىر ئايەت نازىل بولسا: «ماۋۇ ئايەتنى مۇنداق ـ مۇنداق نەرسىلەر تىلغا ئېلىنغان سۈرىگە قويۇڭلار» دەيتتى. ئەنفال سۈرىسى مەدىنىدە دەسلەپ نازىل بولغان، بەرائەت سۈرىسى بولسا، ئاخىرقى چاغلاردا نازىل بولغان سۈرىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئەنفالنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا، مەن ئۇنى شۇ سۈرىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئويلىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئۇ سۈرىنىڭ ئەنفالنىڭ بىر قىسمى ياكى ئەمەسلىكىنى بايان قىلمايلا ۋاپات بولۇپ كەتتى. بۇ سەۋەبتىن مەن ئۇ ئىككىسىنى جۈپلەپ، ئوتتۇرىدا ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ دېگەن قۇرنى يازماي، ئۇزۇن يەتتە سۈرە قاتارىغا قويغان ئىدىم[1].

(تىرمىزى: 3086)

[1] ئەلبانى (599): زەئىپ، ـ دېگەن.

6986 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ قُلْتُ لِابْنِ عَبَّاسٍ سُورَةُ التَّوْبَةِ قَالَ آلتَّوْبَةِ قَالَ بَلْ هِيَ الْفَاضِحَةُ مَا زَالَتْ تَنْزِلُ وَمِنْهُمْ وَمِنْهُمْ حَتَّى ظَنُّوا أَنْ لَا يَبْقَى مِنَّا أَحَدٌ إِلَّا ذُكِرَ فِيهَا قَالَ قُلْتُ سُورَةُ الْأَنْفَالِ قَالَ تِلْكَ سُورَةُ بَدْرٍ قَالَ قُلْتُ فَالْحَشْرُ قَالَ نَزَلَتْ فِي بَنِي النَّضِيرِ.

6986 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ـ تەۋبە سۈرىسى، ـ دېسەم، ئۇ:

ـــ تەۋبە سۈرىسىمۇ؟! بەلكى ئۇ فازىھە سۈرىسىدۇر (يەنى رەسۋا قىلغۇچى سۈرىدۇر)، چۈنكى ئۇ سۈرىدە ئۇلاردىن ئۇنداقلار بار، بۇلاردىن مۇنداقلار بار دەپ كىشىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئالغىلى تۇرىۋېدى، كىشىلەر ئۇ سۈرىدە بىرەرسىمىزمۇ قالماي زىكرى قىلىنىپ بولدۇقمۇ نېمە دەپ ئويلاپ قېلىشتى، ـ دېدى. مەن:

ـ ئەنفال سۈرىسىچۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئەنفال سۈرىسى بەدر غازىتى توغرىسىدا نازىل بولغان، ـ دېدى. مەن يەنە:

ـ ھەشر سۈرىسىچۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ ھەشر سۈرىسى بەنى نەزىر توغرىسىدا نازىل بولغان، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4882؛ مۇسلىم: 3031)

6987 ـ حُمَيْد بن عبد الرحمن أن أبا هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قال بَعَثَنِي أبو بَكْرٍ في تِلْكَ الْحَجةِ في مُؤَذِّنِينَ بَعَثَهُمْ يوم النحْرِ يُؤَذِّنُونَ بِمِنًى أَنْ لَا يَحُج بَعْدَ الْعَامِ مُشْرِكٌ ولا يَطُوفَ بِالْبَيْتِ عُرْيَانٌ.

6987 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ يىلى (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى) مېنى مىنا (دىكى قۇربانلىق) كۈنىدە: مۇشۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىك ئادەم ھەج قىلمايدۇ ۋە بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلىشقا بولمايدۇ، ـ دەپ جاكارلىغۇچىلار قاتارىدا ئەۋەتكەنىدى.

(بۇخارى: 4655)

6988 ـ وفي رواية: ثُم أَرْدَفَ رسول اللهِ ﷺ بِعَلِي بن أبي طَالِبٍ وَأَمَرَهُ أَنْ يُؤَذنَ بِبَرَاءَةَ قال أبو هُرَيْرَةَ فَأَذنَ مَعَنَا عَلِي يوم النحْرِ في أَهْلِ مِنًى بِبَرَاءَةَ وَأَنْ لَا يَحُج بَعْدَ الْعَامِ مُشْرِكٌ ولا يَطُوفَ بِالْبَيتِ عُرْيَانٌ.

6988 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلىنى (بەرائە) سۈرىسىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەينىدىن ئەۋەتتى.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەلىمۇ قۇربانلىق كۈنى بىز بىللە مىنادىكى كىشىلەرگە:

ـ مۇشۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىك ھەج قىلمايدۇ ۋە بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلىشقا بولمايدۇ، ـ دەپ ئېلان قىلدى.

(بۇخارى: 4655)

6989 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ بَعَثَنِي أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فِيمَنْ يُؤَذنُ يَوْمَ النحْرِ بِمِنًى لَا يَحُج بَعْدَ الْعَامِ مُشْرِكٌ وَلَا يَطُوفُ بِالْبَيتِ عُرْيَانٌ وَيَوْمُ الْحَج الْأَكْبَرِ يَوْمُ النحْرِ وَإِنمَا قِيلَ الْأَكْبَرُ مِنْ أَجْلِ قَوْلِ الناسِ الْحَج الْأَصْغَرُ فَنَبَذَ أَبُو بَكْرٍ إِلَى الناسِ فِي ذَلِكَ الْعَامِ فَلَمْ يَحُج عَامَ حَجةِ الْوَدَاعِ الذِي حَج فِيهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُشْرِكٌ. (رواه البخاري)

فَنَبَذَ أَبُو بَكْرٍ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ إِلَى الناسِ فِى ذَلِكَ الْعَامِ فَلَمْ يَحُج فِى الْعَامِ الْقَابِلِ الذِى حَج فِيهِ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ حَجةَ الْوَدَاعِ مُشْرِكٌ وَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل فِى الْعَامِ الذِى نَبَذَ فِيهِ أَبُو بَكْرٍ إِلَى الْمُشْرِكِينَ (يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا إِنمَا الْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ فَلاَ يَقْرَبُوا الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ) إِلَى قَوْلِهِ (عَلِيمٌ حَكِيمٌ) فَكَانَ الْمُشْرِكُونَ يُوَافُونَ بِالتجَارَةِ فَيَنْتَفِعُ بِهَا الْمُسْلِمُونَ فَلَما حَرمَ اللهُ عَلَى الْمُشْرِكِينَ أَنْ يَقْرَبُوا الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ وَجَدَ الْمُسْلِمُونَ فِى أَنْفُسِهِمْ مِما قُطِعَ عَنْهُمْ مِنَ التجَارَةِ التِى كَانَ الْمُشْرِكُونَ يُوَافُونَ بِهَا فَقَالَ اللهُ تَعَالَى (وَإِنْ خِفْتُمْ عَيْلَةً فَسَوْفَ يُغْنِيكُمُ اللهُ مِنْ فَضْلِهِ إِنْ شَاءَ) ثُم أَحَل فِى الآيَةِ التِى تَتْبَعُهَا الْجِزْيَةَ وَلَمْ تَكُنْ تُؤْخَذُ قَبْلَ ذَلِكَ فَجَعَلَهَا عِوَضًا مِما مَنَعَهُمْ مِنْ مُوَافَاةِ الْمُشْرِكِينَ بِتِجَارَاتِهِمْ فَقَالَ (قَاتِلُوا الذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِاللهِ وَلاَ بِالْيَوْمِ الآخِرِ وَلاَ يُحَرمُونَ مَا حَرمَ اللهُ

وَرَسُولُهُ وَلاَ يَدِينُونَ دِينَ الْحَق مِنَ الذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتى يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ وَهُـمْ صَاغِرُونَ) فَلَما أَحَل اللهُ ذَلِكَ لِلْمُسْلِمِينَ عَرَفُوا أَنهُ قَدْ عَاضَهُمْ أَفْضَلَ مِما كَانُوا وَجَـدُوا عَلَيْهِ مِما كَانَ الْمُشْرِكُونَ يُوَافُونَ بِهِ مِنَ التجَارَةِ.

6989 ــ ئەبــۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىـدۇ: ئەبـۇ بەكـرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ شـۇ يىلـى (ھىجرىنىـڭ 9 ـ يىلى) مىنى مىنا(دىكى قۇربانلىق) كۈنىدە: ‘‘مۇشـۇ يىلـدىن كېيىـن، مۇشــرىك ئــادەم ھەج قىلمايــدۇ ۋە يالىڭــاچ ئــادەم بەيتــۇللاھنى تــاۋاپ قىلمايدۇ’’ دەپ جاكارلىغۇچىلار قاتارىدا ئەۋەتتى. شۇ يىلـى، ئەبـۇ بەكـرى ئەرەبلەرنىــڭ كېلىشــىملىرىنى ئەمەلــدىن قالــدۇردى. شــۇنىڭ بىلــەن، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ھەج قىلغــان ۋىدالىشــش ھەجىدە بىرمۇ مۇشرىك ھەج قىلمىدى.

(بۇخارى: 3177)

زۇھرىي مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ شـۇ يىلـى خالايىققـا ئىـلان قىلغانـدىن كېيىـن، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسساالام ۋىدالىشـش ھەجىنـى ئـادا قىلـدى. كېيىنكـى يىلـى بىرمـۇ مۇشـرىك ھەجگە قاتناشمىدى، ئەبۇ بەكـرى مۇشـرىكلارغا جاكارلىغـان يىلـى مۇنـۇ ئــايەت نازىــل بولــدى: ئــى مــۇئمىنلەر! مۇشــرىكلار (اللهنــى ئىنكــار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىـڭ ئېتىقـادى بـۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچـۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلـدىن (يەنـى ھىجرىيىنىـڭ 9 ـ يىلـدىن) كېيىـن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن [1].

ئەسلىدە مۇشـرىكلار ھەجـگە كەلسـە، تىجـارەت ئۈچـۈن مـال ئېلىــپ كېلىــدىغان بولغاچقــا، مۇســۇلمانلار ئــۇلاردىن پايــدىلىناتتى. الله تائــالا مۇشرىكلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمگە يېقىنلىشىشىنى چەكلىۋەتكەندىن كېيــىن، مۇســۇلمانلارنىڭ كــۆڭلى مۇشــرىكلار ئېلىــپ كېلىــدىغان

[1] سۈرە تەۋبە، 28 ـ ئايەت.

مالنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ئەگەر سىلەر (ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) يېقىرلىقتىن قورقساڭلار، الله خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1].

ئۇندىن كېيىنكى ئايەتتە الله تائالا جىزيە ئېلىشنى ھالال قىلدى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن جىزيە ئېلىنمايتتى. الله تائالا بۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلاردىن ئالىدىغان پايدىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىپ مۇنداق دېدى: سىلەر ئەھلى كىتابتىن اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرەنى اللهنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى اللهنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىغان دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانلىقى ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار[2]. الله تائالا مۇسۇلمانلارغا جىزيەنى ھالال قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار بۇنىڭ مۇشرىكلار بىلەن سودا قىلىپ ئالىدىغان پايدىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

(بەيھەقى: 18415)

6990 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أُثَيْعٍ قَالَ سَأَلْتُ عَلِيًا بِأَيِ شَيْءٍ بُعِثْتَ قَالَ بِأَرْبَعٍ لَا يَدْخُلُ الْجَنَةَ إِلَا نَفْسٌ مُسْلِمَةٌ وَلَا يَطُوفُ بِالْبَيْتِ عُرْيَانٌ وَلَا يَجْتَمِعُ الْمُسْلِمُونَ وَالْمُشْرِكُونَ بَعْدَ

[1] سۇرە تەۋبە، 28 ـ ئايەت.

[2] سۇرە تەۋبە، 29 ـ ئايەت.

عَامِهِمْ هَذَا وَمَنْ كَانَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَهْدٌ فَعَهْدُهُ إِلَى مُدتِهِ وَمَنْ لَا مُدةَ لَهُ فَأَرْبَعَةُ أَشْهُرٍ .

6990 ـ زەيد ئىبنى ئۇسەيئىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېنى مەككىگە ئەۋەتكەندە، قايسى ئىشلارنى يەتكۈزۈشنى تاپىلىغان؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ ماڭا مۇنداق تۆت ئىشنى يەتكۈزۈشنى تاپىلىغان: جەننەتكە پەقەتلا مۇسۇلمان كىرىدۇ، كەئبىنى يالىڭاچ كىشى تاۋاپ قىلمايدۇ، مۇشۇ يىلدىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار (مەككىدە) جەم بولمايدۇ، كىمنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەھدىنامىسى بولسا، ئۇنىڭ ئەھدىنامىسى ئۆز مۇددىتىگىچە ئىناۋەتلىك بولىدۇ، (ئەھدە تۇزۇشمىگەن ياكى) تۈزگەن ئەھدىنامىسى مۇددەتسىز بولسا، تۆت ئايغىچە مۆھلەت بېرىلىدۇ[①].

(تىرمىزى: 871)

6991 ـ عَنْ جَابِرٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ رَجَعَ مِنْ عُمْرَةِ الْجِعِرانَةِ بَعَثَ أَبَا بَكْرٍ عَلَى الْحَج فَأَقْبَلْنَا مَعَهُ حَتى إِذَا كَانَ بِالْعَرْجِ ثَوبَ بِالصبْحِ ثُم اسْتَوَى لِيُكَبرَ فَسَمِعَ الرغْوَةَ خَلْفَ ظَهْرِهِ فَوَقَفَ عَلَى التكْبِيرِ فَقَالَ هَذِهِ رَغْوَةُ نَاقَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْجَدْعَاءِ لَقَدْ بَدَا لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْحَج فَلَعَلهُ أَنْ يَكُونَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنُصَليَ مَعَهُ فَإِذَا عَلِي عَلَيْهَا فَقَالَ لَهُ أَبُو بَكْرٍ أَمِيرٌ أَمْ رَسُولٌ قَالَ لَا بَلْ رَسُولٌ أَرْسَلَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِبَرَاءَةَ أَقْرَؤُهَا عَلَى الناسِ فِي مَوَاقِفِ الْحَج فَقَدِمْنَا مَكةَ فَلَما كَانَ قَبْلَ الترْوِيَةِ بِيَوْمٍ قَامَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَخَطَبَ الناسَ فَحَدثَهُمْ عَنْ مَنَاسِكِهِمْ حَتى إِذَا فَرَغَ قَامَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقَرَأَ عَلَى الناسِ بَرَاءَةٌ حَتى خَتَمَهَا ثُم خَرَجْنَا مَعَهُ حَتى إِذَا كَانَ يَوْمُ عَرَفَةَ قَامَ أَبُو بَكْرٍ فَخَطَبَ الناسَ

[①] ئەلبانى (691): سەھىھ ـ دېگەن.

فَحَدثَهُمْ عَنْ مَنَاسِكِهِمْ حَتى إِذَا فَرَغَ قَامَ عَلِي فَقَرَأَ عَلَى الناسِ بَرَاءَةٌ حَتى خَتَمَهَا ثُم كَانَ يَوْمُ النحْرِ فَأَفَضْنَا فَلَما رَجَعَ أُبو بَكْرٍ خَطَبَ الناسَ فَحَدثَهُمْ عَنْ إِفَاضَتِهِمْ وَعَنْ نَحْـرِهِمْ وَعَنْ مَنَاسِكِهِمْ فَلَما فَرَغَ قَامَ عَلِي فَقَرَأَ عَلَى الناسِ بَرَاءَةٌ حَتى خَتَمَهَا فَلَما كَانَ يَوْمُ النفْرِ الْأَولُ قَامَ أُبو بَكْرٍ فَخَطَبَ الناسَ فَحَدثَهُمْ كَيْفَ يَنْفِرُونَ وَكَيْفَ يَرْمُونَ فَعَلمَهُمْ مَنَاسِكَهُمْ فَلَما فَرَغَ قَامَ عَلِي فَقَرَأَ بَرَاءَةٌ عَلَى الناسِ حَتى خَتَمَهَا.

6991 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىئرانە ئۆمرىسىدىن قايتىپ كېلىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەج ئۆمىكىگە ئەمىر قىلىپ ئەۋەتتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپ، ئەرج دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق. بامدات نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلۇپ، ئەبۇ بەكرى نامازنى باشلاي دەپ تۇرۇشىغا ئارقا تەرىپىمىزدىن كەلگەن تۆگە ئاۋازىنى ئاڭلاپ نامازنى باشلىمىدى ۋە:

ـ بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جەدئائ دېگەن تۆگىسىنىڭ ئاۋازى. قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەج توغرىسىدا يېڭى بۇيرۇق چۈشكەن ئوخشايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا توختاپ تۇرۇپ نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقۇيلى، ـ دېدى.

قارىساق، ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن. ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭدىن:

ـ ئەمىر (بولۇپ كەلدىڭ)مۇ، ئەلچىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ ئەلچى بولۇپ كەلدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ھەج مەيدانلىرىدا خالايىققا ئادا ــ جۇدالىق ئۇقتۇرۇشى (يەنى بەرائەت سۈرىسى)نى جاكارلاشقا ئەۋەتتى، ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ، مەككىگە كەلدۇق. مىناغا مېڭىشقا بىر كۈن قالغاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاجىلارغا ھەج پائالىيەتلىرى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئارقىدىنلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بەرائەت سۈرىسىنى ئوقۇپ تۈگەتتى.

ئاندىن بىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتۇق. ئەرافات كۈنى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاجىلارغا ھەج پائالىيەتلىرى توغرىسىدا نۇتۇق

سۆزلىدى، ئارقىدىنلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بەرائەت سۈرىسىنى ئوقۇپ تۈگەتتى.

ئاندىن كېيىن، قۇربانلىق كۈنى مۇزدەلىفەدىن مىناغا قايتتۇق. ئەبۇ بەكرىمۇ قايتىپ، جامائەتكە يەنە نۇتۇق سۆزلىدى. نۇتقىدا ئۇلارنىڭ قايتىشى، قۇربانلىق قىلىشى ۋە باشقا ھەج پائالىيەتلىرى توغرىسىدا توختالدى. ئارقىدىنلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بەرائەت سۈرىسىنى ئوقۇپ تۈگەتتى.

مىنادىن قايتىدىغان بىرىنچى كۈنى (ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى)، ئەبۇ بەكرى ئورنىدىن تۇرۇپ، جامائەتكە قانداق قايتىش ۋە تاشنى قانداق ئېتىش توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ھاجىلارغا قىلىدىغان پائالىيەتلىرىنى ئۆگەتتى، ئارقىدىنلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بەرائەت سۈرىسىنى ئوقۇپ تۈگەتتى[1].

(نەسائى: 2993)

6992 ـ عن زَيْدِ بْنِ وَهْبٍ قَالَ كُنَّا عِنْدَ حُذَيْفَةَ فَقَالَ مَا بَقِيَ مِنْ أَصْحَابِ هَـذِهِ الْآيَةِ إِلَّا ثَلَاثَةٌ وَلَا مِنْ الْمُنَافِقِينَ إِلَّا أَرْبَعَةٌ فَقَالَ أَعْرَابِيٌّ إِنَّكُمْ أَصْحَابَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تُخْبِرُونَا فَلَا نَدْرِي فَمَا بَالُ هَؤُلَاءِ الَّذِينَ يَبْقُرُونَ بُيُوتَنَا وَيَسْرِقُونَ أَعْلَاقَنَا قَالَ أُولَئِكَ الْفُسَّاقُ أَجَلْ لَمْ يَبْقَ مِنْهُمْ إِلَّا أَرْبَعَةٌ أَحَدُهُمْ شَيْخٌ كَبِيرٌ لَوْ شَرِبَ الْمَاءَ الْبَارِدَ لَمَـا وَجَـدَ بَرْدَهُ.

6992 ـ زەيد ئىبنى ۋەھبدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ھۇزەيفە بىلەن بىللە ئىدۇق. ئۇ: ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسەمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق [2] دېگەن ئايەتكە

[1] ئەلبانى (195): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] سۈرە تەۋبە، 12 ـ ئايەت.

تــوغرا كېلىــدىغان كىشــىلەردىن ئــۇچى، مۇنــاپىقلاردىن بولســا تــۆتىلا قېلىــپ قالدى، ـ دېۋىدى، بىر ئەئرابى:

ـــ ســـىلەر (پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيهـــى ۋەســـەللەمنىڭ ساهابىلىرى) بىزگە سۆزلەپ بەرگىنىڭلار بىلەن بىز چۈشىنەلمەيمىز. سىلەر: ''مۇناپىقلاردىن تۆتلا كىشى قالدى'' دەيسىلەر. ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنى تېشىپ، ماللىرىمىزنى ئوغرىلاۋاتقانلار كىملەر؟ ـ دېدى. هۇزەيفە:

ـ ئۇلار پاسىقلاردۇر. شۇنداق، مۇناپىقلاردىن تۆتىلا قېلىپ قالدى. ئۇلارنىــڭ بىـــرى ئـــۆزى ئىچـــكەن ســـۇنىڭ ســـوغۇق ئىكەنلىكىنىمـــۇ سېزەلمىگۈدەك دەرىجىدە قېرىپ كەتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4658)

6993 ـ عن النعْمَان بْن بَشِيرٍ قَالَ كُنْتُ عِنْدَ مِنْبَرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَجُلٌ مَا أُبَالِي أَنْ لَا أَعْمَلَ عَمَلًا بَعْدَ الْإِسْلَامِ إِلا أَنْ أُسْقِيَ الْحَاج وَقَالَ آخَرُ مَا أُبَالِي أَنْ لَا أَعْمَلَ عَمَلًا بَعْدَ الْإِسْلَامِ إِلا أَنْ أَعْمُرَ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ وَقَالَ آخَرُ الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللهِ أَفْضَلُ مِما قُلْتُم فَزَجَرَهُمْ عُمَرُ وَقَالَ لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ عِنْدَ مِنْبَرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَوْمُ الْجُمُعَةِ وَلَكِنْ إِذَا صَلَيْتُ الْجُمُعَةَ دَخَلْتُ فَاسْتَفْتَيْتُهُ فِيمَا اخْتَلَفْتُمْ فِيهِ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاج وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ الْآيَةَ إِلَى آخِرِهَا.

6993 ــ نۇئمــان ئىبنــى بەشــىر رەزىيەللاهــۇ ئەنهۇمــادىن مۇنــداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرى قېشىدا ئىدىم، بىر كىشى:

ـــ ئىســلام دىنىغــا كىرگەنــدىن كېيىــن، هــاجىلارنى ســۇ بىــلەن تەمىنلەشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولىۋېرىدۇ، ـ دېدى، يەنە بىرسى:

ـــ ئىســـلام دىنىغـــا كىرگەنـــدىن كېيىـــن، بەيتـــۇلهەرامنى ئـــاۋات قىلىشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولىۋېرىدۇ، ـ دېدى، ئۈچىنچى بىرى:

ــ سىلەر دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن جىھاد قىلىش ئەۋزەل، ـ دېدى. ئۆمەر ئۇلارغا كايىپ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرى ئالدىدا ئاۋازىڭلارنى كۆتۈرمەڭلار، بۈگۈن جۈمە كۈنىدۇر، جۈمەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، سىلەر تالاش ـ تارتىش قىلغان مەسىلىلەر ھەققىدە سوراپ بېرەي، ـ دېدى.

شۇنىڭ ئارقىدىنلا، الله ئەززە ۋەجەللە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى اللهقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە الله يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ اللهنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [1].

6994 ـ عَنْ عَدِيِّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَفِـي عُنُقِـي صَلِيبٌ مِنْ ذَهَبٍ فَقَالَ يَا عَدِي اطْرَحْ عَنْكَ هَذَا الْوَثَنَ وَسَمِعْتُهُ يَقْرَأُ فِي سُـورَةِ بَـرَاءَةٌ اتخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللهِ قَالَ أَمَا إِنهُمْ لَمْ يَكُونُوا يَعْبُدُونَهُمْ وَلَكِنهُمْ كَانُوا إِذَا أَحَلوا لَهُمْ شَيْئًا اسْتَحَلوهُ وَإِذَا حَرمُوا عَلَيْهِمْ شَيْئًا حَرمُوهُ.

6994 ـ ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بويئۇمغا ئالتۇن كرىست ئاسقان ھالدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بارغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئەدىي! بويئۇڭدىكى بۇتنى تاشلىۋەتكىن! ــ دېدى. مەن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرائەت سۈرىسىدە: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى [2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى، ئاندىن: «ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشمايتتى، ئەمما ئۇلارغا بىر نەرسىنى ھالال قىلىپ

[1] سۈرە تەۋبە، 19 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 31 ـ ئايەت.

بەرسە، ئۇنى ھالال قىلىشاتتى، ھارام قىلىپ بەرسە، ھارام قىلىشاتتى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[1].

(تىرمىزى: 3095)

6995 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ وَهْبٍ قَالَ مَرَرْتُ بِالرَّبَذَةِ فَإِذَا أَنَا بِأَبِي ذَرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقُلْتُ لَهُ مَا أَنْزَلَكَ مَنْزِلَكَ هَذَا قَالَ كُنْتُ بِالشَّأْمِ فَاخْتَلَفْتُ أَنَا وَمُعَاوِيَةُ فِي الَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللهِ قَالَ مُعَاوِيَةُ نَزَلَتْ فِي أَهْلِ الْكِتَابِ فَقُلْتُ نَزَلَتْ فِينَا وَفِيهِمْ فَكَانَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ فِي ذَاكَ وَكَتَبَ إِلَى عُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَشْكُونِي فَكَتَبَ إِلَيَّ عُثْمَانُ أَنْ اقْدَمْ الْمَدِينَةَ فَقَدِمْتُهَا فَكَثُرَ عَلَيَّ النَّاسُ حَتَّى كَأَنَّهُمْ لَمْ يَرَوْنِي قَبْلَ ذَلِكَ فَذَكَرْتُ ذَاكَ لِعُثْمَانَ فَقَالَ لِي إِنْ شِئْتَ تَنَحَّيْتَ فَكُنْتَ قَرِيبًا فَذَاكَ الَّذِي أَنْزَلَنِي هَذَا الْمَنْزِلَ وَلَوْ أَمَّرُوا عَلَيَّ حَبَشِيًّا لَسَمِعْتُ وَأَطَعْتُ.

6995 ـ زەيد ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: رەبەزە (مەدىنىدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جاي)دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭدىن:

ــ قانداق بولۇپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالدىڭ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

ـــ مەن شامدا ئىدىم، مۇئاۋىيە بىلەن ئالتۇن ــ كۈمۈش توپلاپ زاكىتىنى بەرمەيدىغانلار ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدىم. مۇئاۋىيە: ''بۇ ئايەت ئەھلى كىتاب ھەققىدە نازىل بولغان'' دەپ تۇرىۋالدى. مەن: ''بىزنىڭ ھەققىمىزدىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەققىدىمۇ نازىل بولغان'' دەپ تۇرىۋالدىم. ئۇ ئوسمانغا مەكتۇپ يوللاپ، ئەشۇ ئايەت ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلغانلىقىمىزنى ئېيتىپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلغان ئىدى، ئوسمان ماڭا: ''مەدىنىگە كەلگىن!'' دەپ خەت يازدى. شۇنىڭ بىلەن، مەدىنىگە قايتتىم. كەلسەم، كىشىلەر خۇددى مېنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەك ئەتراپىمغا ئولىشىۋېلىپ، شامدىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىش سەۋەبىمنى سورايدىغان بولۇپ قېلىشتى. بۇ ئەھۋالنى

[1] ئەلبانى (2471): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئوسمانغا مەلۇم قىلسام، ئۇ ماڭا: "خالىساڭ، ئۆزۈڭنى چەتكە ئېلىپ، مەدىنىگە يېقىنراق جايدا تۇرساڭمۇ بولىدۇ" دېدى. بۇ جايدا تۇرۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى مۇشۇ. ناۋادا ئۇلار ماڭا ھەبەشلىك قارا قۇلنى ئەمىر قىلىپ بەلگىلەپ قويغان بولسىمۇ، سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا بويسۇنغان بولاتتىم.

(بۇخارى: 1406)

6996 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ لَما نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ وَالذِينَ يَكْنِزُونَ الذهَبَ وَالْفِضةَ قَالَ كَبُرَ ذَلِكَ عَلَى الْمُسْلِمِينَ فَقَالَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنا أُفَرجُ عَنْكُمْ فَانْطَلَقَ فَقَالَ يَا نَبِي اللهِ إِنهُ كَبُرَ عَلَى أَصْحَابِكَ هَذِهِ الْآيَةُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ لَمْ يَفْرِضْ الزكَاةَ إِلا لِيُطَيبَ مَا بَقِيَ مِنْ أَمْوَالِكُمْ وَإِنمَا فَرَضَ الْمَوَارِيثَ لِتَكُونَ لِمَنْ بَعْدَكُمْ فَكَبرَ عُمَرُ ثُم قَالَ لَهُ أَلَا أُخْبِرُكَ بِخَيْرِ مَا يَكْنِزُ الْمَرْءُ الْمَرْأَةُ الصالِحَةُ إِذَا نَظَرَ إِلَيْهَا سَرتْهُ وَإِذَا أَمَرَهَا أَطَاعَتْهُ وَإِذَا غَابَ عَنْهَا حَفِظَتْهُ.

6996 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالانىڭ: ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى اللهنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن[1] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، بۇ ھۆكۈم مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن ئېغىر تۇيۇلغاندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا:

ـ مەن سىلەرگە بىر چىقىش يولى تېپىپ كېلەي، ـ دەپ چىقىپ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ساھابىلىرىڭگە بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئېغىر تۇيۇلىۋاتىدۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ الله تائالا زاكاتنى قالغان ماللىرىڭلار پاك بولسۇن ئۈچۈن پەرز قىلدى، مىراسلارنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭلارغا قالسۇن دەپ بەلگىلىدى، ـ دېدى. ئۆمەر دەرھال تەكبىر ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

[1] سۈرە تەۋبە، 34 ـ ئايەت.

— مەن ساڭا ئىنساننى ساقلايدىغان ئەڭ ياخشى بايلىقنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ، قارىسا كىشىنى خۇرسەن (مەپتۇن) قىلىدىغان، بۇيرىغاننى بىجانىدىل ئادا قىلىدىغان، ئېرى يېنىدا يوق چاغدا (ئىپپىتىنى ۋە ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى) ساقلايدىغان، (قەلبى گۈزەل) سالىھە ئايالدۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1664)

6997 ـ عن عبد الله بن عَمْرو قال: كانت الْعَرَبُ يُحلُونَ عَامًا شَهْرًا وَعَامًا شَهْرَيْنِ فَلاَ يُصِيبُونَ الْحَج في أيامِ الْحَج إلا في ستٍ وَعِشْرِينَ سَنَةً مَرةً وهو النسِيءُ الذي ذَكَرَ اللهُ عز وجل في كِتَابِهِ فلما حَج أبو بَكْرٍ بِالناسِ وَافَقَ ذلك الْعَامُ الْحَج فَسَماهُ اللهُ عز وجل الْحَج الأَكْبَرَ وَحَج رسول اللهِ ﷺ من الْعَامِ الْمُقْبِلِ فَاسْتَقْبَلَ الناس الأَهِلةَ فقال رسول اللهِ ﷺ إن الزمَانَ قد اسْتَدَارَ كَهَيْئَتِهِ يوم خَلَقَ اللهُ السمَاوَاتِ وَالأَرْضَ.

6997 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەرەبلەر ئىككى يىل ئارقا ـ ئارقىدىن ئوخشاش بىر ئايدا ھەج قىلىپ، ئۈچىنچى يىلى باشقا بىر ئايدا ھەج قىلاتتى. نەتىجىدە، ھەج 25 يىلدا بىر قېتىملا ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىناتتى. مانا بۇ، الله تائالا كىتابىدا تىلغا ئالغان ئايىنى ئارقىغا سۈرۈشنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەككە باش بولۇپ ھەج قىلغاندا، شۇ يىلى ھەج دەل ۋاقتىغا توغرا كەلگەن. شۇڭا الله تائالا ئۇنى ”چوڭ ھەج“ دەپ ئاتىغان. كېيىنكى يىلى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا، كىشىلەر ئايىنى يېڭىباشتىن ساناشقا باشلىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«زامان الله تائالا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتقان كۈندىكىدەك ئەسلى تەرتىۋى بويىچە ئايلاندى» دېدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 2909)

---

[1] ئەلبانى (363): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (11038): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

6998 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَا يَسْتَأْذِنُكَ الذِينَ يُؤْمِنُونَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ الْآيَـةَ نَسَخَتْهَا الِتِي فِي النورِ إِنمَا الْمُؤْمِنُونَ الذِينَ آمَنُوا بِاللهِ وَرَسُولِهِ إِلَى قَوْلِهِ غَفُورٌ رَحِيمٌ.

6998 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد!) اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن ماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ. الله تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ [①] دېگەن ئايىتىنى نۇر سۈرىسىدىكى: اللەقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر كامىل مۇئمىنلەردۇر، ئۇلار (مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق) بىر ئىش ئۈستىدە (مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن) پەيغەمبەر بىلەن جەم بولغان چاغلىرىدا پەيغەمبەردىن ئىجازەت سورىمىغىچە كېتىپ قالمايدۇ، سەندىن ئىجازەت سورايدىغانلار اللەقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىدىغان كىشىلەردۇر، بەزى شەخسىي ئىش ئۈچۈن ئۇلار سەندىن ئىجازەت سورىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خالىغان ئادەملەرگە ئىجازەت بەرگىن، ئۇلارغا سەن اللەتىن مەغفىرەت تىلىگىن، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [②] دېگەن ئايىتى ئەمەلدىن قالدۇردى[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 2771)

6999 ـ عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَما نَزَلَتْ آيَةُ الصدَقَةِ كُنا نُحَامِـلُ فَجَاءَ رَجُلٌ فَتَصَدقَ بِشَيْءٍ كَثِيرٍ فَقَالُوا مُرَائِي وَجَاءَ رَجُلٌ فَتَصَدقَ بِصَاعٍ فَقَـالُوا إِن اللـهَ لَغَنِي عَنْ صَاعِ هَذَا فَنَزَلَتْ الذِينَ يَلْمِزُونَ الْمُطوعِينَ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ فِي الصدَقَاتِ وَالذِينَ لَا يَجِدُونَ إِلا جُهْدَهُمْ الْآيَةَ.

6999 ـ ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەدىقە بېرىش ئايىتى نازىل بولغان چاغدا، بىز يۈك كۆتۈرۈپ

---

[①] سۈرە تەۋبە، 44 ـ ئايەت.

[②] سۈرە نۇر، 62 ـ ئايەت.

[③] ئەلبانى (2409): ھەسەن، ـ دېگەن.

بولسىمۇ پۇل تېپىپ، سەدىقە بېرەتتۇق. بىر ئادەم كېلىپ، نۇرغۇن نەرسىنى سەدىقە قىلىۋىدى، مۇناپىقلار:

ــ رىياخور، ـ دېدى. يەنە بىر ئادەم كېلىپ، بىر سا خورما سەدىقە قىلىۋىدى، ئۇلار:

ــ الله بۇنىڭ بىر سا خورمىسىغا موھتاج ئەمەس، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: (مۇناپىقلار) مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، الله ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 1415)

7000 ـ عن بن عُمَرَ رضي الله عنهما قال لَما تُوُفيَ عبد اللهِ بن أُبي جاء ٱبْنُـهُ عبد اللهِ بن عبد اللهِ إۯ رسول اللهِ ﷺ فَسَأَلَهُ أنْ يُعْطِيَهُ قَمِيصَهُ يُكَفنُ فيه أَباهُ فَأَعْطَاهُ ثُم سَأَلَهُ أنْ يُصَليَ عليه فَقَامَ رسول اللهِ ﷺ لِيُصَليَ فَقَامَ عُمَرُ فَأَخَذَ بِثَوْبِ رسول اللـهِ ﷺ فقال يا رَسُولَ اللهِ تُصَلي عليه وقد نَهَاكَ رَبكَ أنْ تُصَليَ عليه فقال رسول اللهِ ﷺ إنمـا خَيَرَنِي الله فقال (اسْتَغْفِرْ لهم أو لَا تَسْتَغْفِرْ لهم إن تَسْتَغْفِرْ لهم سَبْعِينَ مَرةً) وَسَأَزِيدُهُ على السبْعِينَ قال إنه مُنَافِقٌ قال فَصَلى عليه رسول اللهِ ﷺ فَأَنْزَلَ الله (ولا تُصَل على أحَدٍ منهم مَاتَ أَبَدًا ولا تَقُمْ على قَبْرِهِ).

7000 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلگەن چاغدا، ئوغلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، دادىسىنى كېپەنلەش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىكىنى سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلىكىنى بەردى. ئاندىن ئۇ ئاتىسىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشىنى ئىلتىماس

[1] سۈرە تەۋبە، 79 ـ ئايەت.

قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! الله سېنى ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن توسقان تۇرسا، يەنە ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن؟ ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ الله ماڭا ئىختىيارلىق بېرىپ: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغفىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغفىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغفىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، الله ھەرگىز ئۇلارنى مەغفىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار اللهنى ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، الله پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [1] دېگەن، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن 70 قېتىمدىن ئارتۇقراق مەغفىرەت تەلەپ قىلىمەن، ـ دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇ دېگەن مۇناپىق، ـ دېدى. لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار اللهنى ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى [2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 4670)

7001 ـ وللبخاري عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ: لَما مَاتَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُبي ابْـنُ سَلُولَ دُعِيَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِيُصَليَ عَلَيْهِ فَلَما قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَثَبْتُ إِلَيْهِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ تُصَلي عَلَى ابْنِ أُبي وَقَدْ قَالَ يَوْمَ كَذَا وَكَـذَا

[1] سۈرە تەۋبە، 80 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 84 ـ ئايەت.

كَذَا وَكَذَا أُعَدِّدُ عَلَيْهِ فَتَبَسَّمَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَقَالَ أَخِّرْ عَنِّي يَا عُمَرُ فَلَمَّا أَكْثَرْتُ عَلَيْهِ قَالَ إِنِّي قَدْ خُيِّرْتُ فَاخْتَرْتُ فَلَوْ عَلِمْتُ أَنِّي لَوْ زِدْتُ عَلَى السَّبْعِينَ غُفِرَ لَهُ لَزِدْتُ عَلَيْهَا فَصَلَّى عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ انْصَرَفَ فَلَمْ يَمْكُثْ إِلَّا يَسِيرًا حَتَّى نَزَلَتْ الْآيَتَانِ مِنْ بَرَاءَةَ وَلَا تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِنْهُمْ مَاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَى قَبْرِهِ إِنَّهُمْ كَفَرُوا بِاللهِ وَرَسُولِهِ وَمَاتُوا وَهُمْ فَاسِقُونَ فَعَجِبْتُ بَعْدُ مِنْ جُرْأَتِي عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمَئِذٍ وَاللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ.

7001 ــ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۆلگەن چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشكە چاقىرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەكچى بولغانىدى، مەن ئۇنىڭ قېشىغا سەكرەپ بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي پالان ـ پالان كۈنلىرىدە، مۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرنى قىلغان تۇرسا، يەنە ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن؟ ـ دەپ، ئىبنى ئۇبەينىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ساناپ بەرگىلى تۇرۇۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ:

ــ ئى ئۆمەر، نېرى تۇرغىن! ــ دېدى. مەن ئۆز گېپىمدە چىڭ تۇرۇۋالغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ماڭا بۇ ھەقتە ئىختىيارلىق بېرىلدى، مەن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى تاللىدىم. ئەگەر 70 قېتىمدىن ئارتۇقراق مەغپىرەت تەلەپ قىلغىنىمدا، ئىبنى ئۇبەيگە مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلسەم، ئەلۋەتتە 70 قېتىمدىن ئارتۇقراق مەغپىرەت تەلەپ قىلغان بولاتتىم، ـ دېدى ۋە ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ قايتىپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بەرائەت سۈرىسىنىڭ: (ئى مۇھەممەد) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن،

چۈنكى ئۇلار اللهنى ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى ① دېگەن ئايىتى نازىل بولدى.

ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: كېيىن مەن الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇ كۈنى اللەنىڭ رەسۇلىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلغانلىقىمدىن ھەيران بولدۇم②.

(نەسائى: 1966)

7002 ـ عن بن عباس في قوله (وممن حولكم من الأعراب منافقون ومن أهل المدينة مردوا على النفاق لا تعلمهم نحن نعلمهم سنعذبهم مرتين ثم يردون إلى عذاب عظيم) قال قام رسول الله يوم جمعة خطيبا فقال قم يا فلان فاخرج فإنك منافق اخرج يا فلان فإنك منافق فأخرجهم بأسمائهم ففضحهم ولم يكن عمر بن الخطاب شهد تلك الجمعة لحاجة كانت له فلقيهم عمر وهم يخرجون من المسجد فاختبأ منهم استحياء أنه لم يشهد الجمعة وظن الناس قد انصرفوا واختبئوا هم من عمر فظنوا أنه قد علم بأمرهم فدخل عمر المسجد فإذا الناس لم ينصرفوا فقال له رجل أبشر يا عمر فقد فضح الله المنافقين اليوم فهذا العذاب الأول والعذاب الثاني عذاب القبر.

7002 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرىدىغانلار بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز، ئۇلارنى ئىككى قېتىم (يەنى دۇنيادا قەتل قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ ③ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى خۇتبە سۆزلەپ: «ئى پالانى! ئورنۇڭدىن تۇر، چىق! سەن مۇناپىق. ئى پالانى! چىق، سەن مۇناپىق» دەپ ھەر بىر مۇناپىقنى ئىسمى بىلەن ئاتاپ چىقىرىۋېتىپ،

① سۈرە تەۋبە، 84 ـ ئايەت.

② ئەلبانى (1857): سەھىھ ـ دېگەن.

③ سۈرە تەۋبە، 101 ـ ئايەت.

ئۇلارنى رەسۋا قىلدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مەلۇم بىر ئىشى سەۋەبىدىن ئۇ كۈنكى جۈمە نامىزىغا كېچىكىپ كەلگەچكە، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ مەسجىدتىن چىقىۋاتقان مۇناپىقلارنى كۆرۈپ: ”جامائەت نامازدىن چىقىۋاتقان ئوخشايدۇ“ دەپ ئويلىدى - دە، جۈمەگە ۋاقتىدا كېلەلمىگەنلىكىدىن هايا قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. مۇناپىقلارمۇ ئۆمەرنىڭ مەسجىدكە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ”ئۆمەر بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلىپ قالدى“ دەپ ئويلاپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. نىهايەت، ئۆمەر مەسجىدكە كىردى ۋە جامائەتنىڭ تېخى تارقىمىغانلىقىنى كۆرۈپ هەيران بولدى. بىرى ئۇنىڭغا:

— ئى ئۆمەر! خۇشخەۋەر! الله تائالا بۈگۈن مۇناپىقلارنى رەسۋا قىلىۋەتتى، - دېدى. مانا بۇ بىرىنچى ئازاب، ئىككىنچى ئازاب بولسا، قەبرە ئازابىدۇر[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 792)

7003 ـ عَنْ عَلِي قَالَ سَمِعْتُ رَجُلًا يَسْتَغْفِرُ لِأَبَوَيْهِ وَهُمَا مُشْرِكَانِ فَقُلْتُ لَهُ أَتَسْتَغْفِرُ لِأَبَوَيْكَ وَهُمَا مُشْرِكَانِ فَقَالَ أَوَلَيْسَ اسْتَغْفَرَ إِبْرَاهِيمُ لِأَبِيهِ وَهُوَ مُشْرِكٌ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَزَلَتْ مَا كَانَ لِلنبِي وَالذِينَ آمَنُوا أَنْ يَسْتَغْفِرُوا لِلْمُشْرِكِينَ.

7003 ـ ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بىر ئادەمنىڭ مۇشرىك ئاتا ـ ئانىسىغا مەغپىرەت تىلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

ـ ئاتا ـ ئاناڭ مۇشرىك تۇرسا، ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ ئىبراهىم ئەلەيهىسسالامۇ ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىمىگەنمىدى؟ ـ دېدى. مەن بۇ گەپنى پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ

[1] هەيسەمى (11053): بۇ هەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە هۇسەيىن ئىبنى ئەمر ئىبنى مۇهەممەد ئەنقەزىي ئىسىملىك هەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

بەردىم. كۆپ ئۆتمەي، الله تائالانىڭ: پەيغەمبەرگە ۋە مۆئمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغفىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ اللهنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم بولسا، ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەرزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى [1] دېگەن ئايەتلىرى نازىل بولدى[2].

(تىرمىزى: 3101)

7004 ـ عن عَبْدَ اللهِ بْنَ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ وَكَانَ قَائِدَ كَعْبٍ مِنْ بَنِيهِ حِينَ عَمِيَ قَالَ سَمِعْتُ كَعْبَ بْنَ مَالِكٍ يُحَدثُ حِينَ تَخَلفَ عَنْ قِصةِ تَبُوكَ قَالَ كَعْبٌ لَمْ أَتَخَلفْ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةٍ غَزَاهَا إِلا فِي غَزْوَةِ تَبُوكَ غَيْرَ أَني كُنْتُ تَخَلفْتُ فِي غَزْوَةِ بَدْرٍ وَلَمْ يُعَاتِبْ أَحَدًا تَخَلفَ عَنْهَا إِنمَا خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُرِيدُ عِيرَ قُرَيْشٍ حَتى جَمَعَ اللهُ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ عَدُوهِمْ عَلَى غَيْرِ مِيعَادٍ وَلَقَدْ شَهِدْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْلَةَ الْعَقَبَةِ حِينَ تَوَاثَقْنَا عَلَى الْإِسْلَامِ وَمَا أُحِب أَن لِي بِهَا مَشْهَدَ بَدْرٍ وَإِنْ كَانَتْ بَدْرٌ أَذْكَرَ فِي الناسِ مِنْهَا كَانَ مِنْ خَبَرِي أَني لَمْ أَكُنْ قَط أَقْوَى وَلَا أَيْسَرَ حِينَ تَخَلفْتُ عَنْهُ فِي تِلْكَ الْغَزَاةِ وَاللهِ مَا اجْتَمَعَتْ عِنْدِي قَبْلَهُ رَاحِلَتَانِ قَط حَتى جَمَعْتُهُمَا فِي تِلْكَ الْغَزْوَةِ وَلَمْ يَكُنْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُرِيدُ غَزْوَةً إِلا وَرى بِغَيْرِهَا حَتى كَانَتْ تِلْكَ الْغَزْوَةُ غَزَاهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَر شَدِيدٍ وَاسْتَقْبَلَ سَفَرًا بَعِيدًا وَمَفَازًا وَعَدُوا كَثِيرًا فَجَلى لِلْمُسْلِمِينَ أَمْرَهُمْ لِيَتَأَهبُوا أُهْبَةَ غَزْوِهِمْ فَأَخْبَرَهُمْ بِوَجْهِهِ الذِي يُرِيدُ وَالْمُسْلِمُونَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَثِيرٌ وَلَا يَجْمَعُهُمْ كِتَابٌ حَافِظٌ يُرِيدُ الديوَانَ قَالَ كَعْبٌ فَمَا رَجُلٌ يُرِيدُ أَنْ يَتَغَيبَ إِلا ظَن أَنْ

[1] سۈرە تەۋبە، 113 ـ ۋە 114 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەلبانى (2477): ھەسەن، ـ دېگەن.

سَيَخْفَى لَهُ مَا لَمْ يَنْزِلْ فِيهِ وَحْيُ اللهِ وَغَزَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تِلْكَ الغَـزْوَةَ حِينَ طَابَتْ الثمَارُ وَالظِلَالُ وَتَجَهزَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالْمُسْـلِمُونَ مَعَـهُ فَطَفِقْتُ أَغْدُو لِكَيْ أَتَجَهزَ مَعَهُمْ فَأَرْجِعُ وَلَمْ أَقْضِ شَيْئًا فَأَقُولُ فِي نَفْسِي أَنا قَادِرٌ عَلَيْهِ فَلَمْ يَزَلْ يَتَمَادَى بِي حَتى اشْتَد بِالناسِ الْجِد فَأَصْبَحَ رَسُولُ اللهِ صَـلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ وَالْمُسْلِمُونَ مَعَهُ وَلَمْ أَقْضِ مِنْ جَهَازِي شَيْئًا فَقُلْتُ أَتَجَهزُ بَعْدَهُ بِيَوْمٍ أَوْ يَوْمَيْنِ ثُم أَلْحَقُهُمْ فَغَدَوْتُ بَعْدَ أَنْ فَصَلُوا لِأَتَجَهزَ فَرَجَعْتُ وَلَمْ أَقْضِ شَيْئًا ثُم غَدَوْتُ ثُم رَجَعْتُ وَلَمْ أَقْـضِ شَيْئًا فَلَمْ يَزَلْ بِي حَتى أَسْرَعُوا وَتَفَارَطَ الْغَزْوُ وَهَمَمْتُ أَنْ أَرْتَحِلَ فَأُدْرِكَهُمْ وَلَيْتَنِي فَعَلْتُ فَلَمْ يُقَدرْ لِي ذَلِكَ فَكُنْتُ إِذَا خَرَجْتُ فِي الناسِ بَعْدَ خُرُوجِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَطُفْتُ فِيهِمْ أَحْزَنَنِي أَني لَا أَرَى إِلا رَجُلًا مَغْمُوصًا عَلَيْهِ النفَاقُ أَوْ رَجُلًا مِمنْ عَذَرَ اللهُ مِنْ الضعَفَاءِ وَلَمْ يَذْكُرْنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى بَلَغَ تَبُوكَ فَقَالَ وَهُـوَ جَالِسٌ فِي الْقَوْمِ بِتَبُوكَ مَا فَعَلَ كَعْبٌ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي سَلِمَةَ يَا رَسُولَ اللهِ حَبَسَهُ بُرْدَاهُ وَنَظَرُهُ فِي عِطْفِهِ فَقَالَ مُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ بِئْسَ مَا قُلْتَ وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ مَا عَلِمْنَا عَلَيْهِ إِلـا خَيْرًا فَسَكَتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَعْبُ بْنُ مَالِكٍ فَلَما بَلَغَنِي أَنهُ تَوَجـهَ قَافِلًا حَضَرَنِي هَمي وَطَفِقْتُ أَتَذَكرُ الْكَذِبَ وَأَقُولُ بِمَاذَا أَخْرُجُ مِنْ سَخَطِهِ غَدًا وَاسْتَعَنْتُ عَلَى ذَلِكَ بِكُل ذِي رَأْيٍ مِنْ أَهْلِي فَلَما قِيلَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أَظَل قَادِمًا زَاحَ عَني الْبَاطِلُ وَعَرَفْتُ أَني لَنْ أَخْرُجَ مِنْهُ أَبَدًا بِشَيْءٍ فِيهِ كَذِبٌ فَأَجْمَعْتُ صِـدْقَهُ وَأَصْبَحَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَادِمًا وَكَانَ إِذَا قَدِمَ مِنْ سَفَرٍ بَـدَأَ بِالْمَسْـجِدِ فَيَرْكَعُ فِيهِ رَكْعَتَيْنِ ثُم جَلَسَ لِلناسِ فَلَما فَعَلَ ذَلِكَ جَاءَهُ الْمُخَلفُونَ فَطَفِقُوا يَعْتَذِرُونَ إِلَيْـهِ وَيَحْلِفُونَ لَهُ وَكَانُوا بِضْعَةً وَثَمَانِينَ رَجُلًا فَقَبِلَ مِنْهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ عَلَانِيَتَهُمْ وَبَايَعَهُمْ وَاسْتَغْفَرَ لَهُمْ وَوَكَلَ سَرَائِرَهُمْ إِلَى اللهِ فَجِئْتُهُ فَلَما سَلمْتُ عَلَيْهِ تَبَسـمَ تَبَسمَ الْمُغْضَبِ ثُم قَالَ تَعَالَ فَجِئْتُ أَمْشِي حَتى جَلَسْتُ بَيْنَ يَدَيْهِ فَقَالَ لِي مَا خَلفَكَ أَلَمْ تَكُنْ قَدْ ابْتَعْتَ ظَهْرَكَ فَقُلْتُ بَلَى إِني وَاللهِ لَوْ جَلَسْتُ عِنْدَ غَيْرِكَ مِنْ أَهْلِ الدنْيَا لَرَأَيْتُ أَنْ سَأَخْرُجُ مِنْ سَخَطِهِ بِعُذْرٍ وَلَقَدْ أُعْطِيتُ جَدَلًا وَلَكِني وَاللهِ لَقَدْ عَلِمْتُ لَئِنْ حَدثْتُكَ الْيَوْمَ حَدِيثَ كَذِبٍ تَرْضَى بِهِ عَني لَيُوشِكَن اللهُ أَنْ يُسْخِطَكَ عَلَي وَلَئِنْ حَدثْتُكَ حَدِيثَ صِدْقٍ

تجِدُ عَلَيَ فِيهِ إني لأَرْجُو فِيهِ عَفْوَ اللهِ لا وَاللهِ مَا كَانَ لِي مِنْ عُذْرٍ وَاللهِ مَا كُنْتُ قَطُّ أَقْوَى وَلَا أَيسَرَ مِني حِينَ تَخَلَفْتُ عَنْكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أما هَذَا فَقَدْ صَدَقَ فَقُمْ حَتى يَقْضِيَ اللهُ فِيكَ فَقُمْتُ وَثَارَ رِجَالٌ مِنْ بَنِي سَلِمَةَ فَاتبَعُونِي فَقَالُوا لِي وَاللهِ مَا عَلِمْنَاكَ كُنتَ أَذْنَبتَ ذَنْبًا قَبْلَ هَذَا وَلَقَدْ عَجَزْتَ أَنْ لَا تَكُونَ اعْتَذَرْتَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَا اعْتَذَرَ إِلَيْهِ الْمُتَخَلفُونَ قَدْ كَانَ كَافِيَكَ ذَنْبَكَ اسْتِغْفَارُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَكَ فَوَاللهِ مَا زَالُوا يُؤَنبُونِي حَتى أَرَدْتُ أَنْ أَرْجِعَ فَأُكَذبَ نَفْسِي ثُم قُلْتُ لَهُمْ هَلْ لَقِيَ هَذَا مَعِي أَحَدٌ قَالُوا نَعَمْ رَجُلَانِ قَالَا مِثْلَ مَا قُلْتَ فَقِيلَ لَهُمَا مِثْلُ مَا قِيلَ لَكَ فَقُلْتُ مَنْ هُمَا قَالُوا مُرَارَةُ بْنُ الربِيعِ الْعَمْرِي وَهِلَالُ بْنُ أُميةَ الْوَاقِفِي فَذَكَرُوا لِي رَجُلَيْنِ صَالِحَيْنِ قَدْ شَهِدَا بَدْرًا فِيهِمَا أُسْوَةٌ فَمَضَيْتُ حِينَ ذَكَرُوهُمَا لِي وَنَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُسْلِمِينَ عَنْ كَلَامِنَا أَيهَا الثلَاثَةُ مِنْ بَيْنِ مَنْ تَخَلفَ عَنْهُ فَاجْتَنَبَنَا الناسُ وَتَغَيرُوا لَنَا حَتى تَنَكرَتْ فِي نَفْسِي الْأَرْضُ فَمَا هِيَ التِي أَعْرِفُ فَلَبِثْنَا عَلَى ذَلِكَ خَمْسِينَ لَيْلَةً فَأَما صَاحِبَايَ فَاسْتَكَانَا وَقَعَدَا فِي بُيُوتِهِمَا يَبْكِيَانِ وَأَما أَنَا فَكُنْتُ أَشَب الْقَوْمِ وَأَجْلَدَهُمْ فَكُنتُ أَخْرُجُ فَأَشْهَدُ الصلَاةَ مَعَ الْمُسْلِمِينَ وَأَطُوفُ فِي الْأَسْوَاقِ وَلَا يُكَلمُنِي أَحَدٌ وَآتِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأُسَلمُ عَلَيْهِ وَهُوَ فِي مَجْلِسِهِ بَعْدَ الصلَاةِ فَأَقُولُ فِي نَفْسِي هَلْ حَركَ شَفَتَيْهِ بِرَد السلَامِ عَلَي أَمْ لَا ثُم أُصَلي قَرِيبًا مِنْهُ فَأُسَارِقُهُ النظَرَ فَإِذَا أَقْبَلْتُ عَلَى صَلَاتِي أَقْبَلَ إِلَي وَإِذَا الْتَفَت نَحْوَهُ أَعْرَضَ عَني حَتى إِذَا طَالَ عَلَي ذَلِكَ مِنْ جَفْوَةِ الناسِ مَشَيْتُ حَتى تَسَورْتُ جِدَارَ حَائِطِ أَبِي قَتَادَةَ وَهُوَ ابْنُ عَمي وَأَحَب الناسِ إِلَي فَسَلمْتُ عَلَيْهِ فَوَاللهِ مَا رَد عَلَي السلَامَ فَقُلْتُ يَا أَبَا قَتَادَةَ أَنْشُدُكَ بِاللهِ هَلْ تَعْلَمُنِي أُحِب اللهَ وَرَسُولَهُ فَسَكَتَ فَعُدْتُ لَهُ فَنَشَدْتُهُ فَسَكَتَ فَعُدْتُ لَهُ فَنَشَدْتُهُ فَقَالَ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ فَفَاضَتْ عَيْنَايَ وَتَوَليْتُ حَتى تَسَورْتُ الْجِدَارَ قَالَ فَبَيْنَا أَنَا أَمْشِي بِسُوقِ الْمَدِينَةِ إِذَا نَبَطِي مِنْ أَنْبَاطِ أَهْلِ الشأْمِ مِمنْ قَدِمَ بِالطعَامِ يَبِيعُهُ بِالْمَدِينَةِ يَقُولُ مَنْ يَدُل عَلَى كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ فَطَفِقَ الناسُ يُشِيرُونَ لَهُ حَتى إِذَا جَاءَنِي دَفَعَ إِلَي كِتَابًا مِنْ مَلِكِ غَسانَ فَإِذَا فِيهِ أَما بَعْدُ فَإِنهُ قَدْ بَلَغَنِي أَن صَاحِبَكَ قَدْ جَفَاكَ وَلَمْ يَجْعَلْكَ اللهُ بِدَارِ هَوَانٍ وَلَا مَضْيَعَةٍ فَالْحَقْ بِنَا نُوَاسِكَ فَقُلْتُ لَما قَرَأْتُهَا وَهَذَا أَيْضًا مِنْ الْبَلَاءِ فَتَيَممْتُ بِهَا التنورَ فَسَجَرْتُهُ بِهَا حَتى إِذَا

مَضَتْ أَرْبَعُونَ لَيْلَةً مِنْ الْخَمْسِينَ إِذَا رَسُولُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْتِينِي فَقَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْمُرُكَ أَنْ تَعْتَزِلَ امْرَأَتَكَ فَقُلْتُ أُطَلقُهَا أَمْ مَاذَا أَفْعَلُ قَالَ لَا بَلْ اعْتَزِلْهَا وَلَا تَقْرَبْهَا وَأَرْسَلَ إِلَى صَاحِبَي مِثْلَ ذَلِكَ فَقُلْتُ لِامْرَأَتِي الْحَقِي بِأَهْلِكِ فَتَكُونِي عِنْدَهُمْ حَتى يَقْضِيَ اللهُ فِي هَذَا الْأَمْرِ قَالَ كَعْبٌ فَجَاءَتْ امْرَأَةُ هِلَالِ بْنِ أُمَيةَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن هِلَالَ بْنَ أُمَيةَ شَيْخٌ ضَائِعٌ لَيْسَ لَهُ خَادِمٌ فَهَلْ تَكْرَهُ أَنْ أَخْدُمَهُ قَالَ لَا وَلَكِنْ لَا يَقْرَبْكِ قَالَتْ إِنهُ وَاللهِ مَا بِهِ حَرَكَةٌ إِلَى شَيْءٍ وَاللهِ مَا زَالَ يَبْكِي مُنْذُ كَانَ مِنْ أَمْرِهِ مَا كَانَ إِلَى يَوْمِهِ هَذَا فَقَالَ لِي بَعْضُ أَهْلِي لَوْ اسْتَأْذَنْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي امْرَأَتِكَ كَمَا أَذِنَ لِامْرَأَةِ هِلَالِ بْنِ أُمَيةَ أَنْ تَخْدُمَهُ فَقُلْتُ وَاللهِ لَا أَسْتَأْذِنُ فِيهَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَا يُدْرِينِي مَا يَقُولُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا اسْتَأْذَنْتُهُ فِيهَا وَأَنَا رَجُلٌ شَاب فَلَبِثْتُ بَعْدَ ذَلِكَ عَشْرَ لَيَالٍ حَتى كَمَلَتْ لَنَا خَمْسُونَ لَيْلَةً مِنْ حِينَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ كَلَامِنَا فَلَما صَليْتُ صَلَاةَ الْفَجْرِ صُبْحَ خَمْسِينَ لَيْلَةً وَأَنَا عَلَى ظَهْرِ بَيْتٍ مِنْ بُيُوتِنَا فَبَيْنَا أَنَا جَالِسٌ عَلَى الْحَالِ التِي ذَكَرَ اللهُ قَدْ ضَاقَتْ عَلَي نَفْسِي وَضَاقَتْ عَلَي الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ سَمِعْتُ صَوْتَ صَارِخٍ أَوْفَى عَلَى جَبَلِ سَلْعٍ بِأَعْلَى صَوْتِهِ يَا كَعْبُ بْنَ مَالِكٍ أَبْشِرْ قَالَ فَخَرَرْتُ سَاجِدًا وَعَرَفْتُ أَنْ قَدْ جَاءَ فَرَجٌ وَآذَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِتَوْبَةِ اللهِ عَلَيْنَا حِينَ صَلى صَلَاةَ الْفَجْرِ فَذَهَبَ الناسُ يُبَشرُونَنَا وَذَهَبَ قِبَلَ صَاحِبَي مُبَشرُونَ وَرَكَضَ إِلَي رَجُلٌ فَرَسًا وَسَعَى سَاعٍ مِنْ أَسْلَمَ فَأَوْفَى عَلَى الْجَبَلِ وَكَانَ الصوْتُ أَسْرَعَ مِنْ الْفَرَسِ فَلَما جَاءَنِي الذِي سَمِعْتُ صَوْتَهُ يُبَشرُنِي نَزَعْتُ لَهُ ثَوْبَي فَكَسَوْتُهُ إِياهُمَا بِبُشْرَاهُ وَاللهِ مَا أَمْلِكُ غَيْرَهُمَا يَوْمَئِذٍ وَاسْتَعَرْتُ ثَوْبَيْنِ فَلَبِسْتُهُمَا وَانْطَلَقْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَتَلَقانِي الناسُ فَوْجًا فَوْجًا يُهَنونِي بِالتوْبَةِ يَقُولُونَ لِتَهْنِكَ تَوْبَةُ اللهِ عَلَيْكَ قَالَ كَعْبٌ حَتى دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسٌ حَوْلَهُ الناسُ فَقَامَ إِلَي طَلْحَةُ بْنُ عُبَيْدِ اللهِ يُهَرْوِلُ حَتى صَافَحَنِي وَهَنانِي وَاللهِ مَا قَامَ إِلَي رَجُلٌ مِنْ الْمُهَاجِرِينَ غَيْرَهُ وَلَا أَنْسَاهَا لِطَلْحَةَ قَالَ كَعْبٌ فَلَما سَلمْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَبْرُقُ وَجْهُهُ مِنْ السرُورِ أَبْشِرْ بِخَيْرِ يَوْمٍ مَر عَلَيْكَ

مُنْذُ وَلَدَتْكَ أُمُّكَ قَالَ قُلْتُ أَمِنْ عِنْدِكَ يَا رَسُولَ اللهِ أَمْ مِنْ عِنْدِ اللهِ قَالَ لَا بَلْ مِنْ عِنْدِ اللهِ
وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا سُرَّ اسْتَنَارَ وَجْهُهُ حَتى كَأَنهُ قِطْعَةُ قَمَرٍ وَكُنا
نَعْرِفُ ذَلِكَ مِنْهُ فَلَما جَلَسْتُ بَيْنَ يَدَيْهِ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِن مِنْ تَوْبَتِي أَنْ أَنْخَلِعَ مِنْ مَالِي
صَدَقَةً إِلَى اللهِ وَإِلَى رَسُولِ اللهِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمْسِكْ عَلَيْكَ بَعْضَ
مَالِكَ فَهُوَ خَيْرٌ لَكَ قُلْتُ فَإِني أُمْسِكُ سَهْمِي الذِي بِخَيْبَرَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِن اللهَ إِنمَا
نَجانِي بِالصدْقِ وَإِن مِنْ تَوْبَتِي أَنْ لَا أُحَدثَ إِلا صِدْقًا مَا بَقِيتُ فَوَاللهِ مَا أَعْلَمُ أَحَدًا مِنْ
الْمُسْلِمِينَ أَبْلَاهُ اللهُ فِي صِدْقِ الْحَدِيثِ مُنْذُ ذَكَرْتُ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ
أَحْسَنَ مِما أَبْلَانِي مَا تَعَمدْتُ مُنْذُ ذَكَرْتُ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى
يَوْمِي هَذَا كَذِبًا وَإِني لَأَرْجُو أَنْ يَحْفَظَنِي اللهُ فِيمَا بَقِيتُ وَأَنْزَلَ اللهُ عَلَى رَسُولِهِ صَلى اللهُ
عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقَدْ تَابَ اللهُ عَلَى النبِي وَالْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ إِلَى قَوْلِهِ وَكُونُوا مَعَ الصادِقِينَ
فَوَاللهِ مَا أَنْعَمَ اللهُ عَلَي مِنْ نِعْمَةٍ قَط بَعْدَ أَنْ هَدَانِي لِلْإِسْلَامِ أَعْظَمَ فِي نَفْسِي مِنْ صِدْقِي
لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ لَا أَكُونَ كَذَبْتُهُ فَأَهْلِكَ كَمَا هَلَكَ الذِينَ كَذَبُوا فَإِن
اللهَ قَالَ لِلذِينَ كَذَبُوا حِينَ أَنْزَلَ الْوَحْيَ شَر مَا قَالَ لِأَحَدٍ فَقَالَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى سَيَحْلِفُونَ
بِاللهِ لَكُمْ إِذَا انْقَلَبْتُمْ إِلَى قَوْلِهِ فَإِن اللهَ لَا يَرْضَى عَنْ الْقَوْمِ الْفَاسِقِينَ قَالَ كَعْبٌ وَكُنا تَخَلفْنَا
أَيهَا الثلَاثَةُ عَنْ أَمْرِ أُولَئِكَ الذِينَ قَبِلَ مِنْهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ حَلَفُوا لَهُ
فَبَايَعَهُمْ وَاسْتَغْفَرَ لَهُمْ وَأَرْجَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمْرَنَا حَتى قَضَى اللهُ فِيهِ
فَبِذَلِكَ قَالَ اللهُ وَعَلَى الثلَاثَةِ الذِينَ خُلفُوا وَلَيْسَ الذِي ذَكَرَ اللهُ مِما خُلفْنَا عَنْ الْغَزْوِ إِنمَا
هُوَ تَخْلِيفُهُ إِيانَا وَإِرْجَاؤُهُ أَمْرَنَا عَمنْ حَلَفَ لَهُ وَاعْتَذَرَ إِلَيْهِ فَقَبِلَ مِنْهُ.

7004 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى كەئبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كەئب ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مەن تەبۇك جېڭىدىن باشقا جەڭگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە چىقتىم. گەرچە بەدر جېڭىگە قاتناشمىغان بولسامۇ، بەدر جېڭىگە چىقمىغانلار ئەيىبلەنمىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسلىدە ئۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قۇرەيش كارۋانلىرىنىڭ ماللىرىنى ئولجا ئېلىش مەقسىتىدە چىققان بولۇپ، كېيىن الله

مۇسۇلمانلارنى تاسادىپىي ھالدا قورشىۋالغان قوشۇنغا ئۇچراشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇرۇش يۈز بەرگەنىدى.

ئەقەبە كېيىنىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم. شۇ كېچىسى، بىز ئىسلام ئۈچۈن بەيئەت قىلىپ ئەھدىلەشتۇق. گەرچە خەلق ئارىسىدا بەدر غازىتى ئۇ كېچىدىن مەشھۇر بولسىمۇ، مەن ئۇ كېچىنى بەدر غازىتىغا ھەرگىز تېگىشمەيمەن.

تەبۇك غازىتىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چىقمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى مۇنداق: بۇ ئۇرۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلىنغاندا مېنىڭ ھەر جەھەتتىن شارائىتىم تولۇق ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازات قىلماقچى بولسا، ئەسلى نىشانىنى يوشۇرۇپ، يولنى باشقا ياققا سىلىپ قوياتتى. لېكىن تەبۇك سەپىرىدە ھاۋا قاتتىق ئىسسىق، ئارىلىق يىراق بولۇپ، دۈشمەن سانى پەۋقۇلئاددە كۆپ، ھەم چۆل ـ باياۋاننى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ پۇختا تەييارلىنىۋېلىشى ئۈچۈن، نىشاننى ئوچۇق ئېلان قىلدى. غازاتقا چىقىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، ھەممىسىنى تىزىملىككە سىغدۇرۇپ بولغىلى بولمايتتى. سەپەرگە چىقماي قېلىپ قالماقچى بولغان ئاز ساندىكى كىشىلەرمۇ: "ئاللاھتىن ۋەھىي كېلىپ قالمىسىلا، ئۇرۇشقا چىقمىغىنىم بىلىنمەيدىغۇ" دەپ ئويلايتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئۇرۇشقا مېۋىلەر مەي باغلاپ، دەل ـ دەرەخلەر تازا سايە تاشلاپ تۇرغان بىر پەيتتە سەپەرۋەرلىك قىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا مۇسۇلمانلار تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. مەنمۇ ھەر ئەتىگىنى تەييارلىق قىلاي دەپ چىقاتتىم ـ يۇ، تەييارلىق قىلمايلا قايتىپ كېلەتتىم. چۈنكى كۆڭلۈمدە: "ئاسانلا تەييارلىنىۋالالايمەنغۇ" دەپ ئويلايتتىم ۋە مۇشۇ ئوي بىلەن يۈرۈۋەردىم. بىر كۈنى سەھەر ۋاقتى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى باشلاپ يولغا چىقتى، لېكىن مەن تېخى ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىغانىدىم. ئۇ كۈنىمۇ ھېچبىر تەييارلىق

قىلالمىدىم. يەنە: ”بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن يولغا چىقىپ، قوشۇنغا يېتىشىۋالىمەن“ دېگەن خىيالدا يۈردۈم، قوشۇن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى، غازاتنىڭمۇ پەيتى ئۆتۈپ كەتتى. مەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش كويىدا ئىدىم. شۇنداق قىلغان بولساممۇ كاشكى، لېكىن بۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن، كوچىلارغا چىقسام، غېرىبسىنىپ قالاتتىم. چۈنكى كوچىلاردا مۇناپىقلارنى ئۇچرىتاتتىم ياكى جىھادتىن ئاجىز كىشىلەرنى كۆرەتتىم. ئىقتىدارلىق كىشىدىن بىرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكقا بارغىچە مېنى ئېسىگە ئالماپتۇ. تەبۇكقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن:

ــ كەئب كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بىر كىشى:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! كەئبنىڭ تونىنى كىيىپ، ئىككى يانغا بېقىشلىرى (ياسانچۇقلىقى) ئۇنى ئۇرۇشقا كەلگىلى قويمىغاندۇ؟! ــ دېگەن ئىكەن، مۇئاز ئىبنى جەبەل:

ــ ئەي بۇرادەر، سەن يامان سۆز قىلدىڭ. ئى رەسۇلۇللاھ! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنى ياخشى ئادەم دەپ قارايمىز، ـ دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ قىلماپتۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبۇكتىن قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلگەندى، ئۆزەمدىن غەم قىلىشقا باشلىدىم ۋە يالغان باھانە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئويلانغىلى تۇردۇم. كۆڭلۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچچىقىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلايتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئائىلەمدىكىلەردىن پىكىرمۇ ئېلىپ باقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا بولسا، ھەرقانداق يالغانچىلىق بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەرقانداق سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئالدى بىلەن مەسجىدكە كېلىپ ئىككى

رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن جامائەت بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇرۇشقا چىقمىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر - بىرلەپ كېلىپ، قەسەميادلار بىلەن ئۆزرە ئېيتىشقا باشلىدى. ئۆزرە ئېيتقۇچىلار جەمئىي 80 نەچچە كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بەيئەتلىرىنى ئالدى ۋە ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەپ، ئىچكى سىرلىرىنى ئاللاھقا قويدى. مەنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا كېلىپ، سالام بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نارازىلىق كەيپىياتىدا تەبەسسۇم قىلدى. ئاندىن:

ـ كەل! ـ دېدى. مەن ئاستا بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشقا چىقمىدىڭ؟ سەن ئۇرۇش ئۈچۈن ئۇلاغ سېتىۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قەسەم بىلەن ئېيتايكى، ئەگەر دۇنيا ئەھلىدىن سەندىن باشقا بىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بولسام، بۇنچىلىك سۆز قابىلىيىتىمنى ئىشقا سېلىپ، يالغان باھانە بىلەن ئۇنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلغان بولاتتىم. لېكىن مەن بۈگۈن سېنى رازى قىلىدىغان بىر يالغاننى سۆزلىگىنىم بىلەن، پات ئارىدا ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق سېنى ماڭا غەزەبلەندۈرىدۇ. ئەگەر ساڭا راست سۆزلىسەم، مەندىن خاپا بولسەن. شۇنداقتىمۇ، مەن راست سۆزۈم بىلەن ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغان ياخشى ئاقىۋەتنى ئۈمىد قىلىمەن. قەسەم بىلەن ئېيتايكى، مېنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىققا ھېچقانداق ئۆزرەم يوق ئىدى. بىرنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان ۋاقتىڭدا، ھال ـ ئەھۋالىم ۋە سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى ئىدى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ راست ئېيتتىڭ. ئاللاھ سەن توغرۇلۇق ھۆكۈم چىقارغۇچە تۇرۇپ تۇرغىن! ـــ دېدى. بەنى سەلەمەلىك بىر قانچە كىشى ماڭا ئەگىشىۋېلىپ:

ـ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن بۈندىن ئىلگىرى بۇنداق گۇناھ ئۆتكۈزمىگەنىدىڭ. باشقىلاردەك ئۆزرە ئېيتالمىدىڭمۇ؟ ئۆزرە ئېيتقان بولساڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ قويۇشى كۇپايە قىلاتتى ئەمەسمۇ؟ ـ دېيىشكىنىچە تاپا ـ تەنە قىلىۋەرگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ: ”مەن يالغان ئېيتتىم“ دېگىلى تاسلا قالدىم. شۇنداقتىمۇ ئۆزەمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلاردىن:

ــ مەندىن باشقا مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققانلار بارمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇلار:

ـ ھەئە، يەنە ئىككى كىشى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغىمۇ ساڭا قىلغان سۆزنى قىلدى، ـ دېدى.

ـ ئۇلار كىم؟ ـ دېسەم، ئۇلار:

ـ مۇرارە ئىبنى رەبىيئ ئەمر بىلەن ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋاقىفىي، ـ دېيىشتى. بۇ ئىككىسى بەدر غازىتىغا قاتناشقان، ئۈلگە قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ، ئىلگىرى قىلغان راست سۆزۈمدە تۇرىۋەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى جەڭگە چىقمىغانلاردىن بىز ئۈچىمىز بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن بىزدىن قېچىشقا ۋە خۇددى بىزنى تونۇمايدىغاندەك باشقىچە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا زېمىن ماڭا تار كېلىپ، ئۆز مەھەللەمدىنمۇ ياتسىرايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئەھۋال جەمئىي 50 كۈن داۋاملاشتى. قالغان ئىككىيلەن كۆڭلى سۇنۇق ھالدا ئۆيلىرىدە يىغلىشىپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇلارغا قارىغاندا ياش ۋە غەيرەتلىكرەك ئىدىم. شۇڭا سىرتلارغا چىقاتتىم، مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇيتتىم، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈۋېرەتتىم. لېكىن ھېچكىم ماڭا گەپ قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا، ئالدىغا كېلىپ سالام بېرەتتىم. ئىچىمدە: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام قايتۇرۇش ئۈچۈن لەۋلىرىنى مىدىرلاتتىمۇ ـ يوق؟“ دەيتتىم. ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇيتتىم

ۋە ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قارايتتىم. مەن نامازغا يۈزلەنسەم، ئۇ ماڭا قارايتتى. ئۇ تەرەپكە قارىسام، يۈزىنى مەندىن بۇرىۋالاتتى. جامائەتنىڭ ماڭا بولغان سوغۇق مۇئامىلىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەڭ يېقىن دوستۇم ــ تاغامنىڭ ئوغلى ئەبۇ قەتادەنىڭ بېغىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ، ھويلىسىغا چۈشتۇم. ئۇنىڭغا سالام بەرسەم، ئۇ سالام قايتۇرمىدى. مەن:

ــ ئى ئەبۇ قەتادە! اللهنىڭ نامى بىلەن سورايكى، مېنىڭ الله ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ - دەپ سورىدىم، ئۇ گەپ قىلمىدى. مەن قايتا ئۆتۈنۈپ سورىساممۇ، ئۇ گەپ قىلمىدى. مەن يەنە قايتىلاپ سورىۋېدىم، ئۇ:

ــ الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر، - دېدى. شۇ چاغدا، كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى، تامدىن ئارتىلىپ قايتىپ چىقتىم. مەدىنە بازىرىدا مېڭىپ يۈرسەم، مەدىنىگە ئاشلىق ساتقىلى كەلگەن شام دېھقانلىرىدىن بىرى:

ــ كىم مېنى كەئب ئىبنى مالىكنىڭ قېشىغا باشلاپ بارىدۇ؟ - دەپ تووۋلاشقا باشلىدى. ئەتراپتىكىلەر مېنى ئىشارەت قىلغانىدى، ئۇ دېھقان كېلىپ، غەسسان پادىشاھىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ماڭا بەردى. مەن ساۋاتلىق ئىدىم. خەتتە: "مەقسەتكە كەلسەك، بۇرادىرىڭنىڭ سېنى چەتكە قاققانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. الله ساڭا زېمىندا ئاجىز ۋە خار ياشاشنى پۈتىۋەتكەن ئەمەس. بىزگە قوشۇلغىن، بىز سېنىڭ غەمگۇزارىڭ بولىمىز" دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن. خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇمۇ بىر سىناق بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم - دە، خەتنى تونۇرغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتىم. ئارىدىن 40 كۈن ئۆتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى كېلىپ:

ــ رەسۇلۇللاھ سېنىڭ ئايالىڭدىن ئايرىلىپ تۇرۇشىڭنى ئېيتتى، - دېدى. مەن:

ــ تالاق قىلىۋېتەمدىكەنمەن؟ - دېسەم، ئەلچى:

ــ ياق، ئۇنىڭغا يېقىن كەلمەيسەن، ـ دېدى. قالغان ئىككىيلەنگىمۇ شۇ يوسۇندا ئەلچى ئەۋەتىلگەنىكەن. مەن ئايالىمغا:

ــ الله مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچە، سەن ئۆيۈڭگە بېرىپ تۇرۇپ تۇرغىن! ــ دېدىم. ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ياشىنىپ قالغان، ئاجىز ئادەم، خىزمەتچىسىمۇ يوق. مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسام، خاپا بولامسەن؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياق، لېكىن ئۇ ساڭا يېقىنچىلىق قىلمىسۇن، ـ دېدى. ئايال:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە مادارى يوق. يەنە قەسەم بىلەن ئېيتايكى، ئۇ مۇشۇ ۋەقەلىك يۈز بەرگەن كۈندىن ئېتىبارەن يىغلاپلا كېلىۋاتىدۇ، ـ دېدى. مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن بەزىلەر:

ــ سەنمۇ ئاياللىڭ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىجازەت سورىساڭچۇ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىلال ئىبنى ئۇمەييەنىڭ ئايالىغا رۇخسەت قىپتىغۇ؟ ـ دېيىشتى. مەن:

ــ ياق، مەن شۇنداق ياش تۇرۇپ خوتۇن توغرىسىدا ئىجازەت سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە دەپ قالىدۇ؟ ـ دېدىم ۋە شۇ ھالەتتە ئون كېچە ئۆتكۈزدۈم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جامائەتنى بىز بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلىگىنىگە توپتوغرا 50 كۈن بولدى. 50 ـ كۈنى بامدات نامىزىنى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە ئوقۇدۇم. شۇ چاغدا، خۇددى الله تائالانىڭ قۇرئاندا بايان قىلغىنىدەك نەپسىم سىقىلىپ، يەر ـ زېمىن تار كېلىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئولتۇراتتىم. بىر خەۋەرچىنىڭ سەلئى تېغىغا چىقىۋېلىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

ــ ئەي كەئب ئىبنى مالىك! ساڭا خۇشخەۋەر! ــ دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلىدىم ـ دە، غەمدىن خالاس بولغىنىمنى چۈشىنىپ يېتىپ، دەرھال

سەجدىگە يىقىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، الله تائالانىڭ بىزگە تەۋبە ئاتا قىلغانلىقىنى جامائەتكە ئېلان قىلغانىكەن، كىشىلەر بىزگە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپتۇ. قالغان ئىككىيلەنگىمۇ خەۋەر يەتكۈزۈلۈپتۇ. بىرەيلەن مەن تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپتۇ، لېكىن ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر كىشى تاغقا چىقىپ، مەن تەرەپكە قاراپ توۋلاپتۇ، ئاۋاز ئاتتىن تېز يېتىپ كەلدى ـ ئەلۋەتتە. تاغ ئۈستىدىن توۋلاپ، خۇشخەۋەر يەتكۈزگەن ئادەم يېنىمغا كەلگەندە، سۆيۈنچىسى ئۈچۈن ئۈچامدىكى ئىككى قۇر كىيىمىمنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدۇم. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ كۈنلەردە بۇ ئىككى كىيىمدىن باشقا كىيىمىم يوق ئىدى. يەنە ئىككى قۇر كىيىم ئارىيەتكە ئېلىپ كىيدىم ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا چاپتىم. يولدا ئۇچرىغان جامائەت الله تائالانىڭ ماڭا تەۋبە ئاتا قىلغانلىقىنى تەبرىكلىشىپ:

ـ اللهنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان تەۋبىسى خەيرلىك ۋە مۇبارەك بولغاي! ـ دېيىشەتتى. شۇ چاپقىنىمچە ئۇدۇل مەسجىدكە كىردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەت بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئورنىدىن قوپۇپ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە مۇبارەكلىدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدىن تەلھەدىن باشقىسى ئورنىدىن تۇرمىدى. تەلھەنىڭ بۇ قىلغىنىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شادلىقتىن يۈزلىرى نۇرلانغان ھالدا:

ـ خۇشخەۋەر! ئاناڭ سېنى تۇغقاندىن تارتىپ ئۆتكەن كۈنلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خۇشاللىق بىر كۈن بېشىڭغا كەلدى، ـ دېدى. مەن:

بۇ بېشارەت سەندىنمۇ، اللهتىنمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ اﷲ تەرەپتىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇشال بولسىلا، يۈزى نۇرلىنىپ، تولۇن ئايدەك بولۇپ كېتەتتى، بۇنى بىزمۇ بىلەتتۇق. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! تەۋبەمنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قىلىشى ئۈچۈن، مال ـ مۈلكۈمنىڭ ھەممىسىنى اﷲ ۋە اﷲنىڭ رەسۇلىنىڭ يولىغا سەدىقە قىلىۋېتەي، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۆزەڭگىمۇ بىر قىسمىنى ئېلىپ قالغىن! شۇنداق قىلغىنىڭ تېخىمۇ ياخشى، ـ دېدى. مەن:

ــ ئۇنداقتا، خەيبەردىكى نېسىۋەمنى قالدۇرۇپ قوياي، ـ دېدىم. ئاندىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! اﷲ مېنى راستچىللىقىم بىلەن نىجات تاپتۇردى. ھاياتلا بولسام، راست سۆزلەش مېنىڭ تەۋبەمنىڭ جۈملىسىدىن بولغاي! ــ دېدىم. قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ بىلىشىمچە، اﷲ تائالا ھېچكىمگە راست سۆزلىگىنى ئۈچۈن ماڭا قىلغاندەك مەرھەمەت قىلمىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇ سۆزنى قىلغاندىن تارتىپ، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە يالغان سۆز ئېيتىپ باقمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، اﷲنىڭ مېنى يالغاندىن ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇ چاغدا، اﷲ تائالا مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلغاندى: اﷲ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، اﷲ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. اﷲ ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر. جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ اﷲ قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار اﷲقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ اﷲنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، اﷲ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. اﷲ تەۋبىنى بەكمۇ

قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئى مۆئمىنلەر! اللهتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار [1].

كەئب مۇنداق دەيدۇ: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھىدايەت يولىغا كىرگەندىن بۇيان، الله ماڭا مېنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە راست ئېيتىشىمدىنمۇ كاتتىراق نېمەت ئاتا قىلغىنى يوق دەپ ئويلايمەن. يالغان ئېيتقان بولسام، باشقا يالغانچىلاردەك ھالاك بولۇپ كېتەتتىم. الله تائالا ئۇلار ھەققىدە ئەڭ يامان سۆزلەر بىلەن ۋەھىي چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى: ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، الله بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، چۈنكى الله پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ [2].

بىز ئۇلاردىن ئەمەس ئىدۇق. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يالغان ئۆزرە قويغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپلا، بەيئىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەنىدى. ئەمما بىزنىڭ ئىشىمىزنى بولسا، الله تائالاغا ھاۋالە قىلغانىدى. نىھايەت، الله تائالا: ئىشى كېچىكتۈرۈلگەن ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىمۇ الله قوبۇل قىلدى [3] دېگەن ئايىتى ئارقىلىق بىزنى كەچۈردى.

بۇ ئايەتتىن بىزنىڭ غازاتقا چىقمىغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزنى يالغاندىن قەسەم

[1] سۈرە تەۋبە، 117 ـ دىن 119 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە تەۋبە، 95 ـ ۋە 96 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە تەۋبە، 118 ـ ئايەت.

ئىچىپ ئۆزرە ئېيتقان كىشىلەردىن ئايرىپ، الله تائالانىڭ ئۇستىمىزدىن ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈشكە بۇيرىغانلىقى مەقسەت قىلىنغان.

(بۇخارى: 4418)

7005 ـ وفي رواية: قال وَمَا مِنْ شَيْءٍ أَهَم إِلَي مِنْ أَنْ أُمُوتَ فَلَا يُصَلي عَلَي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْ يَمُوتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَكُونَ مِنْ الناسِ بِتِلْكَ الْمَنزِلَةِ فَلَا يُكَلمُنِي أَحَدٌ مِنْهُمْ وَلَا يُصَلي وَلَا يُسَلمُ عَلَي فَأَنْزَلَ اللهُ تَوْبَتَنَا عَلَى نَبِيهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ بَقِيَ الثلُثُ الْآخِرُ مِنْ اللَيْلِ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ أُم سَلَمَةَ وَكَانَتْ أُم سَلَمَةَ مُحْسِنَةً فِي شَأْنِي مَعْنِيةً فِي أَمْرِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا أُم سَلَمَةَ تِيبَ عَلَى كَعْبٍ قَالَتْ أَفَلَا أُرْسِلُ إِلَيْهِ فَأُبَشرَهُ قَالَ إِذًا يَحْطِمَكُمْ الناسُ فَيَمْنَعُونَكُمْ النوْمَ سَائِرَ اللَيْلَةِ.

7005 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: بۇ ئىش ئۇزىراپ، ئاخىرى مەن: ”ئۆلۈپ قالسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىمنى چۈشۈرمەي قالارمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتسە، كىشىلەر ماڭا مۇشۇ پېتى مۇئامىلە قىلىپ، ھېچقايسىسى گەپ قىلماي، نامىزىمنى چۈشۈرمەي قالارمۇ ياكى سالام قىلماي تۇرىۋېرەرمۇ؟“ دېگەنلەردىن ئەنسىرەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتىم. نىھايەت، الله تائالا تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تاڭ سەھەردە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي نازىل قىلدى. بۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېشىدا ئىدى. ئۇممۇ سەلەمە ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ كەئبنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىندى، ـ دېۋىدى، ئۇممۇ سەلەمە:

ـ ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ خۇشخەۋەر يەتكۈزەيمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ يــاق. ئۇنــداق قىلىســاڭ، تەبرىكلەيــدىغان جامــائەت ســىلەرنى بېسىۋېلىپ، پۈتۈن كېچە ئۇخلاتمايدۇ. ـ دېدى.

(بۇخارى: 4677)

7006 ـ وفي رواية: قال كعب: أَوْ أَبو لُبَابَةَ أَوْ مَنْ شَاءَ اللهُ إِن مِـ ـنْ تَـ ـوْبَتِي أَنْ أَهْجُرَ دَارَ قَوْمِي الِتي أَصَبْتُ فِيهَا الذَّنبَ وَأَنْ أَنخَلِعَ مِنْ مَالِي كُلِهِ صَدَقَةً قَالَ يُجْزِئُ عَنْكَ الثلُثُ.

7006 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: كەئب ياكى ئەبۇ لۇبابە ۋەياكى مەلۇم بىرسى:

ـ مەن پەقەت گۇناھ سادىر قىلغان بۇ ئۆيۈمنى تەرك ئېتىپ، پۈتۈن مال ـ مۈلكۈمنى سەدىقە قىلىۋەتكەندىلا ئاندىن تەۋبە قىلغان بولىمەن، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلساڭ، ساڭا شۇ كۇپايە، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3319)

7007 ـ عَنْ ابنِ عَباسٍ قَالَ إِلا تَنفِرُوا يُعَذِبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَ مَا كَانَ لِأَهْلِ الْمَدِينَةِ إِلى قَوْلِهِ يَعْمَلُونَ نَسَخَتْهَا الْآيَةُ الِتي تَلِيهَا وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُوا كَافةً.

7007 ــ ئىبنــى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمــادىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىــدۇ: الله تائالانىــڭ: ئەگەر ســىلەر جىھادقــا چىقمىســاڭلار، الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا ســىلەردىن باشــقا قەۋمنــى كەلتۈرىــدۇ، ســىلەر اللهقــا قىلچە زىيــان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەرنەرســىگە قــادىردۇر [2] دېگەن ئايىتى بىلەن: مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىــڭ ئەتراپىــدىكى ئەئرابىلارنىــڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس.

---

[1] ئەلبانى (2841): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە تەۋبە، 39 ـ ئايەت.

بۇ (يەنى ئۇلارنى جىهادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللەنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كافىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن (اللەنىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشى ئەمەل (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، الله ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ (اللەنىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىهاد ئۈچۈن باسقان ھەر بىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ [1] دېگەن ئايەتلىرىنى: مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسى (رەسۇلۇللاھنى يالغۇز قويۇپ) جىهادقا چىقىپ كەتمىسۇن، (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى چىقسۇن، بىر تۈركۈمى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە قالسۇن)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ اللەتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقسا بولماسمىدى؟ [2] دېگەن ئايىتى مەنسۇخ قىلغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2505)

7008 ـ عن نَجْدَةَ بْنِ نُفَيْعٍ قَالَ سَأَلْتُ ابْنَ عَبَّاسٍ عَنْ هَذِهِ الْآيَةِ إِلَّا تَنْفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا قَالَ فَأُمْسِكَ عَنْهُمْ الْمَطَرُ وَكَانَ عَذَابَهُمْ.

7008 ـ نەجدە ئىبنى نۇفەيئىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن الله تائالانىڭ: ئەگەر سىلەر جىهادقا چىقمىساڭلار، الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك

---

[1] سۈرە تەۋبە، 120 ـ ۋە 121 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە تەۋبە، 122 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (2187): ھەسەن، ـ دېگەن.

قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر اللهقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر [①] دېگەن ئايەتنى ھەققىدە سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمەيمەن دېمەكچى، مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئازابىدىن ئىبارەت،ـ دەپ جاۋاب بەردى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2506)

7009 ـ عن عَبادِ بن عَبدِ اللهِ بنِ الزبيرِ قالَ أتى الحارثُ بنُ حزمةَ بهاتين الآيتين مِنْ آخِرِ براءةَ لقدْ جاءَكمْ رسولٌ مِنْ أنفسِكمْ إلى عمرَ بنِ الخطابِ فقالَ مَنْ معكَ على هذا قالَ لا أدري واللهِ إلا أني أشهدُ لسمعتُها مِنْ رسولِ اللهِ صلى اللهُ عليهِ وسلمَ ووعيتُها وحفظتُها فقالَ عمرُ وأنا أشهدُ لسمعتُها مِنْ رسولِ اللهِ صلى اللهُ عليهِ وسلمَ ثم قالَ لو كانتْ ثلاثَ آياتٍ لجعلتُها سورةً على حِدَةٍ فانظروا سورةً مِنَ القرآنِ فضعوها فيها فوضعتُها في آخرِ براءةَ.

7009 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئوغلى ئەببادتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھارىس ئىبنى ھەزمە بەرائەت سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى: (ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرىسە، سەن: ”الله ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى اللهقا يۆلەندىم، اللهتىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ

---

[①] سۈرە تەۋبە، 39 ـ ئايەت.

[②] ئەلبانى (539): زەئىپ،ـ دېگەن.

پەرۋەردىگارىدۇر“ دېگەن [1] دېگەن ئىككى ئايەتنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئېلىپ كېلىۋىدى، ئۆمەر ئۇنىڭدىن:

ـ بۇنىڭغا سەن بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلار بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭغا مەندىن باشقا كىمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما مەن بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانلىقىمغا، ئۇنى چۈشەنگەنلىكىمگە ۋە يادلىغانلىقىمغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى، ئۆمەرمۇ:

ــ مەنمۇ بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغانلىقىمغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى، ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى:

ـ ناۋادا بۇ ئۈچ ئايەت بولۇپ قالغان بولسا، ھەممىنى ئايرىم بىر سۈرە قىلىۋەتكەن بولاتتىم. مۇناسىپ بىر سۈرىنى تېپىپ، بۇ ئايەتلەرنى شۇ سۈرىگە قويۇڭلار! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئايەتلەر بەرائەت سۈرىسىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلدى[2].

(ئەھمەد: 1715)

7010 ـ عَن ابن عَباسٍ عن أبي قال آخِرُ آيةٍ نَزَلَتْ (لقد جَاءَكُمْ رَسُولٌ مِن أَنفُسِكُمْ) الآيَةَ.

7010 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: (ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى

[1] سۈرە تەۋبە، 128 ـ ۋە 129 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (11062): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسھاق ئىسمىلىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

كۆيۈمچاندۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرىسە، سەن: "الله ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى اللهقا يۆلەندىم، اللهتىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر" دېگىن [1] دېگەن ئايەتلەر ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان، ـ دېگەن[2].

(ئەھمەد: 21151؛ «ئەلكەبىر»: 533)

7011 ـ عَنْ أُبي ْبن كَعْبٍ أنهُمْ جَمَعُوا الْقُرْآنَ فِي مَصَاحِفَ فِي خِلَافَةِ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَكَانَ رِجَالٌ يَكْتُبونَ وَيُمْلِي عَلَيهِمْ أُبي ْبنُ كَعْبٍ فَلَما انْتَهوْا إلَى هَذِهِ الْآيَةِ مِنْ سُورَةِ بَرَاءَةٌ ثُم انْصَرَفُوا صَرَفَ اللهُ قُلُوبَهُمْ بِأنهُمْ قَوْمٌ لَا يَفْقَهُونَ فَظَنوا أن هَذَا آخِرُ مَا أُنزِلَ مِنْ الْقُرْآنِ فَقَالَ لَهُمْ أُبي ْبنُ كَعْبٍ إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ أَقْرَأَنِي بَعْدَهَا آيَتَينِ لَقَدْ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مِنْ أنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيهِ مَا عَنِتمْ حَرِيصٌ عَلَيكُمْ بِالْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ إلَى وَهُوَ رَب الْعَرْêِ الْعَظِيمِ ثُم قَالَ هَذَا آخِرُ مَا أُنزِلَ مِنْ الْقُرْآنِ قَالَ فَخُتِمَ بِمَا فُتِحَ بِهِ بِاللهِ الذِي لَا إلَهَ إلا هُوَ وَهُوَ قَوْلُ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إلا يُوحَى إلَيهِ أنهُ لَا إلَهَ إلا أنَا فَاعْبُدُونِ.

7011 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپىتى دەۋرىدە قۇرئاننى (كىتاب شەكلىدە) توپلىدۇق. بىر قانچە كاتىب قۇرئان يازسا، مەن ئۇلارغا ئوقۇپ يازدۇراتتىم. ئۇلار يېزىپ، بەرائەت سۈرىسىدىكى: (ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى چاغدا، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ: "سىلەرنى بىرەرسى كۆرۈپ قالارمۇ؟" دېيىشىپ تىكىۋېتىدۇ،

[1] سۈرە تەۋبە، 128 ـ ۋە 129 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (11064): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەلى ئىبنى زەيد ئىبنى جەدئان ئىسىملىك ئۆزى ئىشەنچلىك، ئەمما ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەس قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى [1] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە:

ـ بۇ ئايەت ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغانمىكىن، ـ دېيىشكەنىدى، مەن ئۇلارغا:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا بۇ ئايەتتىن كېيىن: (ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ساڭا ئىمان ئېيتىشتىن) يۈز ئۆرىسە، سەن: "الله ماڭا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى اللهقا يۆلەندىم، اللهتىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر" دېگىن [2] دېگەن ئىككى ئايەتنى ئوقۇتقانىدى. مانا بۇلار، ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەتلەردۇر، ـ دېدىم.

بۇنىڭ بىلەن، قۇرئان دەسلەپتە نامى باشلانغان تەڭدىشى يوق، بەرھەق اللهنىڭ نامى بىلەن تاماملانغان بولدى. الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: "مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار" دەپ ۋەھيى قىلدۇق [3] دېگەن ئايىتىمۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[4].

(ئەھمەد: 21264)

---

[1] سۈرە تەۋبە، 127 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە، 128 ـ ۋە 129 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە ئەنبىيا، 25 ـ ئايەت.

[4] ھەيسەمى (11063): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى جابىر ئەنسارى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## يۇنۇس، ھۇد، رەئد، يۇسۇف ۋە ئىبراھىم سۈرىلىرى

7012 ـ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَهْلِ مِصْرَ قَالَ سَأَلْتُ أَبَا الدَّرْدَاءِ عَنْ قَوْلِ اللهِ تَعَالَى لَهُـمُ الْبُشْرَى فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فَقَالَ مَا سَأَلَنِي عَنْهَا أَحَدٌ غَيْرُكَ إِلا رَجُلٌ وَاحِدٌ مُنْذُ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا سَأَلَنِي عَنْهَا أَحَدٌ غَيْرُكَ مُنْذُ أُنْزِلَتْ هِيَ الرؤْيَا الصالِحَةُ يَرَاهَا الْمُسْلِمُ أَوْ تُرَى لَهُ.

7012 ـ مىسىرلىق بىر كىشىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن الله تائالانىڭ: ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، اللهنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ)، الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە سورىغان ئىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: مەنمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇشۇ ئايەت ھەققىدە سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

«بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن بۇيان، سەندىن باشقا بىرسى مەندىن بۇ ئايەت ھەققىدە سوراپ باقمىغان. ئۇ دېگەن مۇسۇلمان كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا كۆرسىتىلىدىغان ياخشى چۈشتىن ئىبارەت» دېگەن ئىدى، شۇندىن بېرى، مەندىن بۇ ئايەت ھەققىدە سەندىن باشقا پەقەت بىر كىشىلا سوراپ باقتى [2].

(تىرمىزى: 2273)

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 64 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2482): سەھىھ ـ دېگەن.

7013 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَمَّا أَغْرَقَ اللَّهُ فِرْعَوْنَ قَالَ آمَنْتُ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا الَّذِي آمَنَتْ بِهِ بَنُو إِسْرَائِيلَ فَقَالَ جِبْرِيلُ يَا مُحَمَّدُ فَلَوْ رَأَيْتَنِي وَأَنَا آخُذُ مِنْ حَالِ الْبَحْرِ فَأَدُسُّهُ فِي فِيهِ مَخَافَةَ أَنْ تُدْرِكَهُ الرَّحْمَةُ.

7013 ــ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا پىرئەۋننى غەرق قىلغاندا، ئۇ: ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن [1] دېگەن ئىدى. جىبرىئىل مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد! ئۇنىڭ شاھادەت كەلتۈرۈپ، اللهنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دېڭىزنىڭ قارا لېيىدىن ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تىققىنىمنى بىر كۆرگەن بولساڭ[2].

(تىرمىزى: 3107)

7014 ـ وفي رواية: أَنَّ جِبْرِيلَ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ جَعَلَ يَدُسُّ فِي فِي فِرْعَوْنَ الطِّينَ خَشْيَةَ أَنْ يَقُولَ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ فَيَرْحَمَهُ اللَّهُ.

7014 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە جىبرىئىل: ئۇ "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" دەپ شاھادەت كەلتۈرسە، اللهنىڭ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا لاي تىقتىم، ـ دېگەن[3].

(تىرمىزى: 3108)

7015 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَا رَسُولَ اللَّهِ قَدْ شِبْتَ قَالَ شَيَّبَتْنِي هُودٌ وَالْوَاقِعَةُ وَالْمُرْسَلَاتُ وَعَمَّ يَتَسَاءَلُونَ وَإِذَا الشَّمْسُ كُوِّرَتْ.

---

[1] سۈرە يۇنۇس، 90 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2483): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2484): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

7015 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! چېچىڭغا ئاق كىرىپتۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ چېچىمنى ھۇد، ۋاقىئە، مۇرسەلات، نەبە ۋە شەمس قاتارلىق سۈرىلەر ئاقارتىۋەتتى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3297)

7016 ـ عن مُحَمدُ بْنُ عَبادِ بْنِ جَعْفَرٍ أَنهُ سَمِعَ ابْنَ عَباسٍ يَقْرَأُ أَلَا إِنهُمْ تَثْنَـوْنِي صُدُورُهُمْ قَالَ سَأَلْتُهُ عَنْهَا فَقَالَ أُنَاسٌ كَانُوا يَسْتَحْيُونَ أَنْ يَتَخَلوْا فَيُفْضُوا إِلَى السمَاءِ وَأَنْ يُجَامِعُوا نِسَاءَهُمْ فَيُفْضُوا إِلَى السمَاءِ فَنَزَلَ ذَلِكَ فِيهِمْ.

7016 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئەببادتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۈرە ھۇدنىڭ 5 ـ ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ توغرۇلۇق سورىسام، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

ـ بەزى كىشىلەر ھاجەتخانىغا كىرگەندە ۋە ئاياللىرى بىلەن جىما قىلغاندا ئەۋرەتلىرىنىڭ ئاسمانغا كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ھايا قىلىشاتتى، بۇ ئايەت شۇلار ھەققىدە نازىل بولغان.

(بۇخارى: 4681)

7017 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ لَما مَر رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْحِجْرِ قَالَ لَـا تَسْأَلُوا الْآيَاتِ وَقَدْ سَأَلَهَا قَوْمُ صَالِحٍ فَكَانَتْ تَرِدُ مِنْ هَذَا الْفَج وَتَصْدُرُ مِنْ هَذَا الْفَج فَعَتَوْا عَنْ أَمْرِ رَبهِمْ فَعَقَرُوهَا فَكَانَتْ تَشْرَبُ مَاءَهُمْ يَوْمًا وَيَشْرَبُونَ لَبَنَهَا يَوْمًا فَعَقَرُوهَا فَأَخَذَتْهُمْ صَيْحَةٌ أَهْمَدَ اللهُ عَز وَجَل مَنْ تَحْتَ أَدِيمِ السمَاءِ مِنْهُمْ إِلا رَجُلًا وَاحِدًا كَانَ فِي حَرَمِ اللهِ عَز وَجَل قِيلَ مَنْ هُوَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ هُوَ أَبُو رِغَالٍ فَلَما خَرَجَ مِنْ الْحَرَمِ أَصَـابَهُ مَـا أَصَابَ قَوْمَهُ.

[1] ئەلبانى (2627): سەھىھ ـ دېگەن.

7017 ـــ جــابىــر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىــنىـــدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجر دىيارىدىن ئۆتكەندە:

ـــ سـىـلەر تۇرلــۇك مــۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلمــاڭلار، ســالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى تەلەپ قىلغان ئىدى، ئۇلارغا مۆجىزە قىلىپ بېرىلگەن تۆگە بۇ يولدىن سۇ ئىچكىلى كېلىپ، ئۇ يولدىن كېتەتتى. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىپ، ئۇ تۆگىنى ئۆلتۇردى، تۆگە ئۇلارنىڭ سۈيىنى بىر كۈن ئىچەتتى، ئۇلار تۆگىنىڭ سۈتىنى بىر كۈن ئىچەتتى. تۆگىنى ئۆلتۇرۇشى بىلەن زالىملارغا قاتتىق ئازاب يۈزلەندى ـ دە، الله تائالا ئۇلارنىڭ (ئاسمان ئاستىدىكى) ھەممىسىنى ئۆلتۇرىۋەتتى، پەقەتلا بىرسى اللهنىڭ ھەرەمىدە ئىدى، ـ دېدى. ساھابىلار:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ كىم ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ، ئەبۇ رىغالدۇر، ئۇ ھەرەمدىن چىقىۋىدى، ئۇنىڭغىمۇ قەۋمىگە تەگكەن بالا تەگدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەھمەد: 14193؛ «ئەلئەۋسەت»: 9069؛ بەززار)

7018 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ لَيُمْلِي لِلظالِمِ حَتى إِذَا أَخَذَهُ لَمْ يُفْلِتْهُ قَالَ ثُم قَرَأَ وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِن أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ.

7018 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«الله زالىمنى بىر مۇددەت قويۇپ بېرىدۇ. الله ئۇنى تۇتقان چاغدا ھەرگىز قويۇۋەتمەيدۇ» دېگەندىن كېيىن: پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار

[1] ھەيسەمى (11078): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

(ئاھالىسى)نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ. اللەنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر [1]دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان.
(بۇخارى: 4686)

7019 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَجُلًا أَصَابَ مِنْ امْرَأَةٍ قُبْلَةً فَأَتَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَأُنزِلَتْ عَلَيْهِ وَأَقِمْ الصلَاةَ طَرَفَيْ النهَارِ وَزُلَفًا مِنْ الليْلِ إِن الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السيئَاتِ ذَلِكَ ذِكْرَى لِلذاكِرِينَ قَالَ الرجُلُ أَلِيَ هَذِهِ قَالَ لِمَنْ عَمِلَ بِهَا مِنْ أُمتِي.

7019 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم بىر ئايالنى سۆيۈۋالدى، ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئىشنى خەۋەر قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر [2] دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى. ھېلىقى كىشى:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئايەت مەن ئۈچۈنلا چۈشكەنمۇ؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، بارلىق ئۈممىتىم ئۈچۈن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4687)

7020 ـ عَنْ عن عبد اللهِ قال جاء رَجُلٌ إلى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فقال يا رَسُولَ اللهِ إني عَالَجْتُ امْرَأَةً في أَقْصَى الْمَدِينَةِ وَإِني أَصَبْتُ منها ما دُونَ أَنْ أَمَسهَا فَأَنَا هذا فَاقْضِ فِي ما شِئْتَ فقال له عُمَرُ لقد سَتَرَكَ الله لو سَتَرْتَ نَفْسَكَ قال فلم يَرُد النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شيئا فَقَامَ الرجُلُ فَانْطَلَقَ فَأَتْبَعَهُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا دَعَاهُ

[1] سۈرە ھۇد، 102 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھۇد، 114 ـ ئايەت.

وَتَلَا عليه هذه الْآيَةَ ( وأقم الصلَاةَ طَرَفَيْ النهَارِ وَزُلَفًا من اللَّيْلِ إن الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السيئَاتِ ذلك ذِكْرَى لِلذاكِرِينَ ) فقال رَجُلٌ من الْقَوْمِ يا نَبِي اللهِ هذا له خَاصةً قال بَلْ لِلناسِ كَافةً.

7020 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن شەھەرنىڭ بىر چېتىدە بىر ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ، جىمادىن باشقا ئىشنى قىلىپ سالدىم، مانا ھازىر ئالدىڭدا ئىقرار قىلىپ تۇرۇپتىمەن، خالىغىنىڭچە ھۆكۈم قىلغىن! ـ دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئۇنىڭغا:

ــ الله سېنىڭ قىلمىشىڭنى ياپقاندىكىن سەنمۇ ئۆزەڭنى پاش قىلمىساڭ بولمامدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئارقىدىن بىرىنى ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلدى ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى: كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر[1]. ساھابىلەردىن بىرى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئۇنىڭغا خاس ئايەتمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، بارلىق ئىنسانلارغا. ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2763)

7021 ـ عَنْ أَبِي الْيَسَرِ قَالَ أَتَتْنِي امْرَأَةٌ تَبْتَاعُ تَمْرًا فَقُلْتُ إِن فِي الْبَيْتِ تَمْرًا أَطْيَبَ مِنْهُ فَدَخَلَتْ مَعِي فِي الْبَيْتِ فَأَهْوَيْتُ إِلَيْهَا فَتَقَبلْتُهَا فَأَتَيْتُ أَبَا بَكْرٍ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ قَالَ

[1] سۈرە ھۇد، 114 ـ ئايەت.

اسْتُرْ عَلَى نَفْسِكَ وَتُبْ وَلَا تُخْبِرْ أَحَدًا فَلَمْ أَصْبِرْ فَأَتَيْتُ عُمَرَ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ اسْتُرْ عَلَى نَفْسِكَ وَتُبْ وَلَا تُخْبِرْ أَحَدًا فَلَمْ أَصْبِرْ فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ أَخَلَفْتَ غَازِيًا فِي سَبِيلِ اللهِ فِي أَهْلِهِ بِمِثْلِ هَذَا حَتى تَمَنى أَنهُ لَمْ يَكُنْ أَسْلَمَ إِلا تِلْكَ الساعَةَ حَتى ظَن أَنهُ مِنْ أَهْلِ النارِ قَالَ وَأَطْرَقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَوِيلًا حَتى أَوْحَى اللهُ إِلَيْهِ وَأَقِمْ الصلَاةَ طَرَفَيْ النهَارِ وَزُلَفًا مِنْ الليْلِ إِلَى قَوْلِهِ ذِكْرَى لِلذاكِرِينَ قَالَ أَبو الْيَسَرِ فَأَتَيْتُهُ فَقَرَأَهَا عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَصْحَابُهُ يَا رَسُولَ اللهِ أَلِهَذَا خَاصةً أَمْ لِلناسِ عَامةً قَالَ بَلْ لِلناسِ عَامةً.

7021 ـ ئەبۇ يۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايال مەندىن خورما ئالغىلى كەلگەن ئىدى، مەن ئۇنىڭغا:

ــ ئۆيدە بۇنىڭدىن ياخشىراق خورما بار، ـ دېسەم، ئۇ مەن بىلەن ئۆيگە كىرىۋىدى، مەن بۇرۇلۇپلا ئۇنى سۆيۈۋالدىم. كېيىن ئەبۇ بەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ:

ــــ اللهقا تەۋبە قىل، بىرسىگە دەپ يۈرمە، ـ دېدى. مەن يەنە چىدىيالماي ئۆمەرگە سۆزلەپ بەرسەم، ئۇمۇ:

ــــ اللهقا تەۋبە قىل، بىرسىگە دەپ يۈرمە، ـ دېدى. مەن يەنە چىدىيالماي پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ــــ الله يولىدا جىھادقا چىقىپ كەتكەن مۇجاھىدنىڭ ئايالىغا مۇشۇنداق قىلىقنى قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ كايىدى. بۇ سۆز ماڭا شۇنداق ئېغىر تۇيۇلدىكى، ئۆزەمنىڭ ئۇ كۈندىن كېيىن ئىمان ئېيتقان بولۇشۇمنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇ كۈندىن (يەنى مۇسۇلمان بولۇشتىن) بۇرۇنقى گۇناھلىرىمنىڭ (ئىمان ئېيتىش بىلەن) ئەپۇ قىلىنغان بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدىم ۋە ئۆزەمنى دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، ـ دەپ ئويلاپ قالدىم.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خېلى بىر ۋاقىتقىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى، نەھايەت، الله تائالا ئۇنىڭغا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە

كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار يامان ئىشلارنى يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر[①].

ئەبۇ يۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بارسام، بۇ ئايەتنى ماڭا ئوقۇپ بېرىشتى، ساھابىلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئايەت مۇشۇنىڭغىلا خاسمۇ ياكى پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئومۇمىيۈزلۈكمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك، ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 3115)

7022 ـ عن ابن عباس: أن رجلا من اصحاب النبي ﷺ كـان 3ـب امـرأة، فاستأذن النبي ﷺ في حاجة فأذن له، فانطلق في يوم مطير فإذا بالمرأة علـى غـدير مـاء تغتسل، فلما جلس منها fلس الرجل من المرأة ذهب 3رك ذكره فإذا هو هدبـة، فقـام فأتى النبي ﷺ فذكر ذلك له، فقال له النبي ﷺ صل أربع ركعات فأنزل الله تبارك وتعاБ (وأقم الصلاة طرفي النهار وزلفا من الليل إن اΣسنات يذهə السيئات) الآية.

7022 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلاردىن بىرى بىر ئايالنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ساھابە بىر ئىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىجازەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. يامغۇرلۇق بىر كۈن ئىدى، ئۇ ساھابە ئۇدۇل ئۇ ئايال تۇرۇۋاتقان يەرگە باردى. قارىسا، ئۇ ئايال كۆلچەكتە يۇيۇنىۋاتقانىكەن. دەرھال ئايالنى يەرگە ياتقۇزۇپ، ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىگە قىلىدىغان ئىشىنى (يەنى جىما) قىلماقچى بولۇپ زەكىرىنى مىدىرلاتقانىدى، زەكىرى كارغا كەلمىدى. كېيىن بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

[①] سۈرە ھۇد، 114 ـ ئايەت.
[②] ئەلبانى (2489): ھەسەن، ـ دېگەن.

ۋەسەللەمگە ئېيتىپ، تۆۋبە قىلغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ تۆت رەكئەت (نەپلە) ناماز ئوقۇغىن! ـ دېدى. كېيىنچە، اللہ تائالا: (كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز ــ نەسىھەتتۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(بەززار: 2219)

7023 ـ عن عبد اللهِ بن مسعود: قوله تعاБ (وشروه بثمن Nإس) قال كان مـا اشتري بِهِ يُوسُفُ عِشْرُونَ دِرْهَمًا وكان أَهْلُهُ حين أَرْسَلَ إِلَيْهِمْ وَهُمْ بِمِصْرَ ثَلاثَةً وَتسْعِينَ إِنْسَانًا رِجَالُهُمْ أَنبِيَاءُ وَنِسَاؤُهُمْ صِديقَاتٌ وَاللهِ ما خَرَجُوا بِهِ مع مُوسَى حGَ بَلَغُوا سِـت مِائَةِ أَلْفٍ وَسَبْعِينَ أَلْفًا.

7023 ــ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللہ تائالانىڭ: ئۇلار يۇسۇفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى، چۈنكى ئۇلار يۇسۇفكە قىزىقمىغان ئىدى [3] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: يۇسۇف 20 تەڭگىگە سېتىلغانىدى. ئۇ مىسىردىكى چاغدا، ئائىلىسىنى ئەكەلدۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئائىلىسىدە 93 كىشى بار بولۇپ، ئەرلىرى پەيغەمبەرلەر، ئاياللىرى سىددىقلار ئىدى. اللہنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى

[1] سۈرە ھۇد، 114 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11081): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] سۈرە يۇسۇف، 20 ـ ئايەت.

كېيىن مۇسا بىلەن مىسىردىن چىققان ۋاقتىدا، سانى 670 مىڭغا يەتكەن[1].

(«ئەلكەبىر»: 9068)

7024 ـ عن عُرْوَةَ بْن الزُّبَيْر عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ لَهُ وَهُوَ يَسْأَلُهَا عَنْ قَوْلِ اللهِ تَعَالَى حَتى إِذَا اسْتَيْأَسَ الرسُلُ قَالَ قُلْتُ أَكُذِبُوا أَمْ كُذبُوا قَالَتْ عَائِشَةُ كُـذبُوا قُلْتُ فَقَدْ اسْتَيْقَنُوا أَن قَوْمَهُمْ كَذَبُوهُمْ فَمَا هُوَ بِالظن قَالَتْ أَجَلْ لَعَمْرِي لَقَـدْ اسْـتَيْقَنُوا بِذَلِكَ فَقُلْتُ لَهَا وَظَنوا أَنهُمْ قَدْ كُذِبُوا قَالَتْ مَعَاذَ اللهِ لَمْ تَكُنْ الرسُلُ تَظُن ذَلِكَ بِرَبهَـا قُلْتُ فَمَا هَذِهِ الْآيَةُ قَالَتْ هُمْ أَتْبَاعُ الرسُلِ الذِينَ آمَنُوا بِرَبهِمْ وَصَدقُوهُمْ فَطَالَ عَلَيْهِمْ الْبَلَاءُ وَاسْتَأْخَرَ عَنْهُمْ النصْرُ حَتى إِذَا اسْتَيْأَسَ الرسُلُ مِمنْ كَذبَهُمْ مِنْ قَوْمِهِمْ وَظَنتْ الرسُـلُ أَن أَتْبَاعَهُمْ قَدْ كَذبُوهُمْ جَاءَهُمْ نَصْرُ اللهِ عِنْدَ ذَلِكَ.

7024 ـ ئىبنى شىهابتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ئۆزىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ھەتتا پەيغەمبەرلەر (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە (قەۋمى تەرىپىدىن) يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزىم قىلغان چاغدا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى، بىز خالىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ[2] دېگەن ئايەت توغرىسىدا سوئال سورىغانلىقىنى ۋە ئائىشەنىڭ ئۇزىگە جاۋاب بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

ــ مەن بۇ ئايەتتىكى: كۇزىبۇ ئىبارىسى تەشدىدسىز ئوقۇلامدۇ ياكى تەشدىدلىكمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئائىشە:

ــ تەشدىدلىك ئوقۇلىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ــ ئۇلار (پەيغەمبەرلەر) قەۋمى تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزىم قىلىدۇ، ئۇ جەزمىيەت گۇمان بىلەن ئەمەس، ـ دېسەم، ئۇ:

---

[1] ھەيسەمى (11085): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ئەبۇ ئۇبەيدە ئاتىسىدىن بىۋاستە ئاڭلىمىغان، ـ دېگەن.

[2] سۈرە يۈسۈف، 110 ـ ئايەت.

ــ شۇنداق، ئۆمرۈم بىلەن قەسەمكى، ئۇلار شۇنىڭغا جەزىم قىلىدۇ، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ــ ئۇنداقتا: كۇزىبۇ تەشدىدسىزمۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ــ اللهتىن پاناھلىق تىلەيمەن. پەيغەمبەرلەر رەببىگە قارىتا ئۇنداق گۇماندا بولمايدۇ، ـ دېدى. مەن:

ــ (ئەمىسە) بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى نېمە؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەر، رەببىلىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلىپ، ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەر. ئۇلارغا سىناقنىڭ مۇددىتى ئۇزىراپ، اللهنىڭ ياردىمى كېچىكىپ كەتكەن، ھەتتا پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋمىدىن ئۇلارنى ئىنكار قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئەگەشكەنلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىنى يالغانچى دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن گۇمان قىلغىنىدا، ئاندىن اللهنىڭ نۇسرىتى ئۇلارغا كەلگەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4695)

7025 ـ عن ابْنَ أَبِي مُلَيْكَةَ يَقُولُ قَالَ ابْنُ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا حَتى إِذَا اسْتَيْأَسَ الرسُلُ وَظَنوا أَنهُمْ قَدْ كُذِبُوا خَفِيفَةً ذَهَبَ بِهَا هُنَاكَ وَتَلَا حَتى يَقُولَ الرسُولُ وَالذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتى نَصْرُ اللهِ أَلَا إِن نَصْرَ اللهِ قَرِيبٌ فَلَقِيتُ عُرْوَةَ بْنَ الزبَيْرِ فَذَكَرْتُ لَهُ ذَلِكَ فَقَالَ قَالَتْ عَائِشَةُ مَعَاذَ اللهِ وَاللهِ مَا وَعَدَ اللهُ رَسُولَهُ مِنْ شَيْءٍ قَط إِلا عَلِمَ أَنهُ كَائِنٌ قَبْلَ أَنْ يَمُوتَ وَلَكِنْ لَمْ يَزَلْ الْبَلَاءُ بِالرسُلِ حَتى خَافُوا أَنْ يَكُونَ مَنْ مَعَهُمْ يُكَذبُونَهُمْ فَكَانَتْ تَقْرَؤُهَا وَظَنوا أَنهُمْ قَدْ كُذبُوا مُثَقلَةً.

7025 ـ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ھەتتا پەيغەمبەرلەر (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە قەۋمى تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزىم قىلغان چاغدا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى، بىز خالىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزدۇق،

بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ [1] دېگەن ئايەتتىكى: كۈزىبۇ ئىبارىسى تەشدىدسىز ئوقۇلىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ بۇ ئايەتنى الله تائالانىڭ: ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: "اللهنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟" دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، اللهنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر [2] دېگەن ئايىتىنى چۈشەنگەندەك چۈشەنگەن. كېيىن، مەن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنى ئۇچرىتىپ، بۇنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئۇ ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەردى: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ــ (سۈرە يۇسۇفنىڭ 110 ـ ئايىتىدىكى) كۈزىبۇ ئىبارىسى تەشدىدسىز بولۇشى مۇمكىن، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ مەن اللهتىن پاناھلىق تىلەيمەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله تائالا رەسۇلىغا بىر نەرسىنى ۋەدە قىلغان بولسىلا، ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇ نەرسىنىڭ چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر بىلىدۇ. بىراق پەيغەمبەرلەر شۇنداق ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇكى، ھەتتا ئۇلار قېشىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى يالغانچى قىلىپ چىقىرىشىدىن قورقىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، شۇڭا بىز ئۇ ئايەتنى: كۇززىبۇ دەپ، تەشدىد بىلەن ئوقۇيتتۇق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4525)

7026 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِهِ وَنُفَضلُ بَعْضَهَا عَلَى بَعْضٍ فِي الْأُكُلِ قَالَ الدقَلُ وَالْفَارِسِي وَالْحُلْوُ وَالْحَامِضُ.

7026 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: يەر يۈزىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى

---

[1] سۈرە يۇسۇف، 110 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 214 ـ ئايەت.

بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللەنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار [1] دېگەن ئايەت توغرىسىدا: «خورمىلارنىڭ بەزىسى ناچار، بەزىسى فارىسي (خورمىنىڭ بىر تۈرى)، بەزىسى تاتلىق ۋە بەزىسى چۈچۈمەل بولىدۇ (يەنى بىر ـ بىرىدىن مۇشۇ ئارقىلىق ئۈستۈن تۇرىدۇ)» دېگەن[2].

(تىرمىزى: 3118)

7027 ـ عَنْ عَلِي فِي قَوْلِهِ إِنَمَا أَنتَ مُنْذِرٌ وَلِكُل قَوْمٍ هَادٍ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُنْذِرُ وَالْهَادِ رَجُلٌ مِنْ بَنِي هَاشِمٍ.

7027 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى. ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچىسى (يەنى پەيغەمبىرى) بولىدۇ [3] دېگەن ئايىتى ھەققىدە:

«ھىدايەت قىلغۇچىسى بەنى ھاشىم قەبىلىسىدىن بىر كىشىدۇر» دېگەن[4].

(ئەھمەد: 1041؛ «ئەلسەغىر»: 739)

7028 ـ وعن أنس قال بعث رسول الله ﷺ رجلا من أصحابه إلى رجل من عظماء الجاهلية يدعوه إلى الله تبارك وتعالى فقال إيش ربك الذي تدعوني من حديد هو من نحاس هو من فضة هو من ذهب هو فأتى النبي ﷺ فأخبره فأعاده النبي ﷺ الثانية فقال مثل ذلك فأتى النبي ﷺ فأخبره فأرسله إليه الثالثة فقال مثل ذلك فأتى النبي ﷺ فأخبره

[1] سۈرە رەئد، 4 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2493): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] سۈرە رەئد، 7 ـ ئايەت.

[4] ھەيسەمى (11090): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇسنەدى ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

فقال رسول الله ﷺ إن الله تبارك وتعاБ قد أنزل على صاحبك صاعقة فأحرقته ف لـت هذه الاية (ويرسل الصواعق فيصيب بـا من يشاء وهم Ƶادلون في الله وهو شديد ا‡ال).

7028 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن بىرىنى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كاتتا كىشىلەردىن بىرىگە ئەۋەتىپ، ئۇنى اللهقا چاقىرغان ئىدى، ئۇ بارغان ساھابىگە:

ـــ سەن مېنى چاقىرىۋاتقان رەببىڭ تۆمۈردىنمۇ، تۇچتىنمۇ، كۈمۈشتىنمۇ ياكى ئالتۇندىنمۇ؟ ــ دەپ تۇرىۋالدى. ئەلچى قايتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قايتا ئەۋەتكەنىدى، بۇرۇنقىدەكلا دەپ تۇرىۋالدى. ئۈچىنچى قېتىم قايتا ئەۋەتسىمۇ، يەنە شۇنداق دەپ تۇرىۋالدى. ئەلچى قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ الله تائالا چاقماق ئەۋەتىپ، ئۇ ئادەمنى كۆيدۈرىۋەتتى، ـ دېدى. كۆپ ئۆتمەي، الله تائالا: گۈلدۈرماما اللهنى مەدھىيىلەش بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ اللهتىن قورقۇپ تەسبىھ ئېيتىدۇ، الله چاقماق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار الله توغرىسىدا دەتالاش قىلىشىدۇ، اللهنىڭ تەدبىرى كۈچلۈكتۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(مۇسلىم: 3341؛ بەززار؛ «ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»)

7029 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِهِ وَيُسْقَى مِنْ مَـاءٍ صَدِيدٍ يَتَجَرَعُهُ قَالَ يُقَربُ إِلَى فِيهِ فَيَكْرَهُهُ فَإِذَا أُدْنِيَ مِنْهُ شَوَى وَجْهَهُ وَوَقَعَتْ فَرْوَةُ رَأْسِهِ

---

[1] سۈرە رەئد، 13 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11092): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ سەنەدىدىكى دەيلەم ئىبنى غەزۋاندىن باشقىلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن دەيلەممۇ ئىشەنچلىكتۇر. ئەبۇ يەئلا بىلەن تەبەرانىنىڭ سەنەدىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ سارە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

فَإِذَا شَرِبَهُ قَطَعَ أَمْعَاءَهُ حَتَّى تَخْرُجَ مِنْ دُبُرِهِ يَقُولُ اللَّهُ وَسُقُوا مَاءً حَمِيمًا فَقَطَعَ أَمْعَاءَهُمْ وَيَقُولُ وَإِنْ يَسْتَغِيثُوا يُغَاثُوا بِمَاءٍ كَالْمُهْلِ يَشْوِي الْوُجُوهَ بِئْسَ الشَّرَابُ.

7029 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللہ تائالانىڭ: جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«ئاغزىغا يېقىن كەلتۈرۈلسە، سەسكىنىپ كېتىدۇ، تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇلسا، يۈزىنى كاۋاپ قىلىۋېتىدۇ ۋە بېشىنىڭ تېرىسى ئېقىپ كېتىدۇ. ئۇنى ئىچسە، ئۈچەيلىرى پارە ـ پارە بولۇپ، قوڭىدىن چىقىپ كېتىدۇ». اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە ـ پارە قىلىنىدىغانلار [2] يەنە: ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرىۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! [3] دەيدۇ[4].

(تىرمىزى: 2583)

7030 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ أُتِيَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِقِنَاعٍ عَلَيْهِ رُطَبٌ فَقَالَ مَثَلُ كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا قَالَ هِيَ النَّخْلَةُ وَمَثَلُ كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ اجْتُثَّتْ مِنْ فَوْقِ الْأَرْضِ مَا لَهَا مِنْ قَرَارٍ قَالَ هِيَ الْحَنْظَلُ.

7030 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىر

---

[1] سۈرە ئىبراھىم، 16 ـ ۋە 17 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە مۇھەممەد، 15 ـ ئايەت.

[3] سۈرە كەھف، 29 ـ ئايەت.

[4] ئەلبانى (477): زەئىپ، ـ دېگەن.

تەخسە ھۆل خورما كەلتۈرۈلگەن ئىدى: كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: «ئۇ، خورما دەرىخى» دېدى. ئاندىن: يامان سۆز (يەنى كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ [2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: «بۇ، بىر خىل ئاچچىق مېۋە» دېدى[3].

(تىرمىزى: 3119)

7031 ـ عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُثَبتُ اللهُ الذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثابِتِ قَالَ نَزَلَتْ فِي عَذَابِ الْقَبْرِ فَيُقَالُ لَهُ مَنْ رَبكَ فَيَقُولُ رَبيَ اللهُ وَنَبِيـي مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَلِكَ قَوْلُهُ عَز وَجَل يُثَبتُ اللهُ الذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ.

7031 ـ بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: الله مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ [4] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ مۇنداق دېگەن:

«بۇ ئايەت قەبرە ئازابى ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، بەندىدىن: ”رەببىڭ كىم؟“ دەپ سورالسا، ئۇ: ”رەببىم الله، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم“ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مانا بۇ، الله تائالانىڭ: الله مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر».

(مۇسلىم: 2871)

[1] سۈرە ئىبراھىم، 24 ـ ۋە 25 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئىبراھىم، 26 ـ ئايەت.
[3] ئەلبانى (605): زەئىپ ۋە مەرفۇئ ـ دېگەن.
[4] سۈرە ئىبراھىم، 27 ـ ئايەت.

7032 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا الذِينَ بَدلُوا نِعْمَةَ اللهِ كُفْرًا قَالَ هُمْ وَاللهِ كُفارُ قُرَيْشٍ قَالَ عَمْرٌو هُمْ قُرَيْشٌ وَمُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نِعْمَةُ اللهِ وَأَحَلوا قَوْمَهُمْ دَارَ الْبَوَارِ قَالَ النارَ يَوْمَ بَدْرٍ.

7032 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ئاللاھنىڭ نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان [1] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا: ئۇلار (ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى) قۇرەيش مۇشرىكلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ئەمر ئىبنى دىنار مۇنداق دېگەن: ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلار قۇرەيش مۇشرىكلىرىدۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا، ئاللاھنىڭ نېمىتىدۇر. (ئايەتنىڭ داۋامىدىكى) ئۆز قەۋمىنى ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلار دېگەن ئايەت بەدر كۈنى جەھەننەمگە تاشلانغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

(بۇخارى: 3977)

7033 ـ عن علي في قوله (الذين بدلوا نعمة الله كفرا وأحلوا قومهم دار البوار) الآية قال نزلت في الأفخرين من قريش بني المخزوم وبني أمية فأما بنو المخزوم فقطع الله دابرهم يوم بدر وأما بنو أمية فمتعوا إلى حين.

7033 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلغان ۋە ئۆز قەۋمىنى (ئازدۇرۇش بىلەن) ھالاكەت مەۋقەسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ [2] دېگەن ئايىتى قۇرەيشنىڭ ئەڭ ھاكاۋۇر ئىككى جەمەتى بولغان بەنى مەخزۇم جەمەتى بىلەن بەنى ئۇمەييە جەمەتى ھەققىدە نازىل بولغان. الله تائالا بەنى مەخزۇم جەمەتىنىڭ نەسلىنى بەدر

[1] سۈرە ئىبراھىم، 28 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىبراھىم، 28 ـ ئايەت.

غازىتىدا قۇرۇتىۋەتتى. بەنى ئۇمەييە جەمەتى بولسا، (ئۇندىن كېيىنمۇ) مەلۇم مەزگىلگىچە ياشىدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 776)

7034 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ قَوْلِهِ عَـز وَجَل يَوْمَ تُبَدلُ الْأَرْضُ غَيْرَ الْأَرْضِ وَالسمَاوَاتُ فَأَيْنَ يَكُونُ الناسُ يَوْمَئِذٍ يَا رَسُـولَ اللـهِ فَقَالَ عَلَى الصرَاطِ.

7034 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن الله تائالانىڭ: ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ، ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە، قۇدرەتلىك اللەنىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھىدا) ھازىر بولىدۇ[2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا، ئۇ كۈندە پۈتۈن خالايىق قەيەردە بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ پىلسىرات ئۈستىدە، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2791)

[1] ھەيسەمى (11102): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە ئەمر زۇ مىررە ئىسىملىك بىرى بار بولۇپ، ئەبۇ ئىسھاقتىن باشقىسى ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلمىغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئىبراھىم، 48 ـ ئايەت.

## ھىجر، نەھل ۋە ئىسرا سۈرىلىرى

7035 ـ عن أبي موسى قال قال رسول الله ﷺ إذا اجتمع أهل النـار في النـار ومعهم من شاء الله من أهل القبلة قال الكفار للمسلمين ألم تكونوا مسلمين قـالوا بلـى قالوا فما أغنى عنكم إسلامكم وقد صرتم معنا في النار قالوا كانت لنا ذنوب فأخذنا بهـا فسمع الله ما قالوا فأمر من كان في النار من أهل القبلة فأخرجوا فلما رأى ذلك من بقي من الكفار في النار قالوا يا ليتنا كنا مسلمين فنخرج كما خرجوا ثم قرأ رسـول الله ﷺ أعوذ بالله من الشيطان الرجيم (الر تلك آيات الكتاب وقرآن مبين ربما يود الذين كفروا لو كانوا مسلمين).

7035 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«دوزاخ ئەھلى دوزاخقا يىغىلغاندا، ئۇلار بىلەن الله تائالا دوزاخقا تاشلاشنى ئىرادە قىلغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارمۇ بىللە بولىدۇ. كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا: "سىلەر مۇسۇلمان ئەمەسمىدىڭلار؟" دەپ سورايدۇ، ئۇلار: "مۇسۇلمان ئىدۇق" دېيىشىدۇ. كاپىرلار: "ئۇنداقتا، مۇسۇلمان بولغىنىڭلارنىڭ نېمىگە پايدىسى بولدى، سىلەر بەرىبىر بىز بىلەن بىللە دوزاخقا كىردىڭلارغۇ؟" دەپ سورايدۇ، مۇسۇلمانلار: "بىز بەزى گۇناھلارنى قىلىپ سالغان بولغاچقا، شۇ گۇناھلار ئۈچۈن جازالاندۇق" دەيدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دوزاختىكى مۇسۇلمانلارنى چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ. دوزاختا قالغان كاپىرلار بۇنى كۆرۈپ: "بىزمۇ مۇسۇلمان بولغان بولساق، ئۇلار چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدىكەنمىز" دېيىشىپ قالىدۇ»

دېگەندىن كېيىن، "ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم" بىلەن

باشلاپ: ئەلىف، لام، را. بۇ، كىتابنىڭ ـ روشەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر. كافىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولساقچۇ دەپ ئارمان قىلىدۇ [1] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

7036 ـ وله Nفي عن أبي أُمَامَةَ رفعه: (رُبَمَا يَود الذِينَ كَفَرُوا لو كَانُوا مُسْلِمِينَ) نَزَلَتْ فِي الْخَوَارِجِ حين رَأَوْا تَجَاوُزَ اللهِ عَنِ الْمُسْلِمِينَ وَعَنِ الأمةِ وَالْجَمَاعَةِ قالوا يا لَيْتَنا كنا مُسْلِمِينَ.

7036 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

« كافىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ دەپ ئارمان قىلىدۇ [3] دېگەن ئايەت خاۋارىجلار ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار الله تائالانىڭ مۇسۇلمانلاردىن گۇناھ سادىر قىلىپ قالغانلارنى ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتى بىلەن بىللە تۇرغانلارنى ئەپۇ قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەندە: ''بىزمۇ مۇسۇلمان بولساقچۇ'' دەپ ئارمان قىلىپ قالىدۇ»[4].

(«ئەلكەبىر»: 8048)

7037 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اتقُـوا فِرَاسَةَ الْمُؤْمِنِ فَإِنَهُ يَنظُرُ بِنُورِ اللهِ ثُم قَرَأَ إِن فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِلْمُتَوَسِمِينَ.

---

[1] سۈرە ھىجر، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (11104): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە خالىد ئىبنى نافىئ ئەشئەرى ئىسىملىك سەلبىي باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] سۈرە ھىجر، 2 ـ ئايەت.

[4] ھەيسەمى (11105): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى زەكەرىيا ۋە ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشىنىڭ تەرجىمىھالى نامەلۇم، ـ دېگەن.

7037 ــــ ئەبــۇ ســەئىد خــۇدرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مۇئمىنىنىڭ پاراسىتىدىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى ئۇ اﷲنىڭ نۇرى بىلەن قارايدۇ» دېگەندىن كېيىن: ئۇنىڭدا (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازابتا) كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان[2].

(تىرمىزى: 3127)

7038 ـ عن ابن عمر رفعه في قوله تعاБ (فأخذõم الصيحة مصبحين): ما هلك قوم لوط إلا في الأذان ولا تقوم القيامة إلا في الأذان.

7038 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اﷲ تائالانىڭ: قاتتىق چۇقان ئۇلارنى سەھەردىلا ھالاك قىلدى [3] دېگەن ئايىتى ھەققىدە:

«لۇت قەۋمى سەھەردە ئەزان ۋاقتىدا ھالاك بولغان، قىيامەتمۇ ئەزان ۋاقتىدا بولىدۇ» دېگەن[4].

(«ئەلكەبىر»)

7039 ـ عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ قَالَ أُوتِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَبْعًا مِنْ الْمَثَـانِي السبْعَ الطوَلَ.

7039 ــــ ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا مۇنــداق دېــگەن: پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمگە ئــۇزۇن يەتــتە ســۈرە ئاتــا قىلىنغان[5].

(نەسائى: 915)

[1] سۈرە ھىجر، 75 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (607): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] سۈرە ھىجر، 83 ـ ئايەت.

[4] ھەيسەمى (11115): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[5] ئەلبانى (878): سەھىھ ـ دېگەن.

7040 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ هُمْ أَهْلُ الْكِتَابِ جَـزَّءُوهُ أَجْـزَاءً فَآمَنُوا بِبَعْضِهِ وَكَفَرُوا بِبَعْضِهِ يَعْنِي قَوْلَ اللهِ تَعَالَى الذِينَ جَعَلُوا الْقُرْآنَ عِضِينَ.

7040 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئۇلار قۇرئاننى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى (يەنى قۇرئاننىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلدى) [1] دېگەن ئايىتى يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار قۇرئاننى پارچە ـ پارچە قىلىپ، بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىدىن تېنىۋالدى.

(بۇخارى: 3945)

7041 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِـهِ لَنَسْـأَلَنهُمْ أَجْمَعِينَ عَما كَانُوا يَعْمَلُونَ قَالَ عَنْ قَوْلِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ.

7041 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق)نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز [2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە توختىلىپ:

«يەنى ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ“قا ئىشەنگەن ـ ئىشەنمىگەنلىكى ھەققىدە سورايمىز دېگەن بولىدۇ» دېگەن[3].

(تىرمىزى: 3126)

7042 ـ عن عبد اللهِ بن مَسْعُودٍ في قَوْلِهِ (زِدْنَاهُمْ عَذَابًا فَوْقَ الْعَذَابِ) قال زِيدُوا عَقَارِبًا أَنيَابُهَا كَالنخْلِ الطوَالِ.

7042 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: كافىر بولغانلارغا ۋە (كىشىلەرنى) اللهنىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن)

---

[1] سۈرە ھىجر، 91 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھىجر، 92 ـ ۋە 93 ـ ئايەتلەر.

[3] ئەلبانى (608): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ، زىيادە ئازاب قىلىمىز [①] دېگەن ئايەت ھەققىدە: يەنى ئۇلارنى ئۆتتۈر چىشلىرى ئىگىز خورما دەرەخلىرىدەك كېلىدىغان چايانلار ئازابلايدۇ. ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[②].

(«ئەلكەبىر»: 9103)

7043 ـ وللموصلي عن ابن عباس أنه قال في قوله (زدناهم عذابا فوق العذاب) قال هي خمسة أنهار تحت العرê يعذبون ببعضها بالليل وببعضها بالنهار.

7043 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: كافىر بولغانلارغا ۋە (كىشىلەرنى) ﷲنىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ، زىيادە ئازاب قىلىمىز [③] دېگەن ئايەت ھەققىدە: ئۇ، ئەرشنىڭ ئاستىدىكى بەش دەريا بولۇپ، ئۇلار دەريالارنىڭ بەزىسىدە كېچىسى ئازابلانسا، بەزىسىدە كۈندۈزى ئازابلىنىدۇ. ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[④].

(مەۋسىلى: 2660)

7044 ـ عَنْ عُثْمَانَ بْنِ أَبِي الْعَاصِ قَالَ كُنْتُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسًا إِذْ شَخَصَ بِبَصَرِهِ ثُم صَوَبَهُ حَتى كَادَ أَنْ يُلْزِقَهُ بِالْأَرْضِ قَالَ ثُم شَخَصَ بِبَصَرِهِ فَقَالَ أَتَانِي جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السلَام فَأَمَرَنِي أَنْ أَضَعَ هَذِهِ الْآيَةَ بِهَذَا الْمَوْضِعِ مِنْ هَذِهِ السورَةِ إِن اللهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ وَإِيتَاءِ ذِي الْقُرْبَى وَيَنْهَى عَنْ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلكُمْ تَذَكرُونَ.

---

[①] سۈرە نەھل، 88 ـ ئايەت.

[②] ھەيسەمى (11118): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەزى سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ـ دېگەن.

[③] سۈرە نەھل، 88 ـ ئايەت.

[④] ھەيسەمى (18601): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ـ دېگەن.

7044 ـ ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسىگە شۇنداق قاتتىق تىكىلىپ قارىدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

«جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلىسۇن دەپ، الله سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ[1] دېگەن ئايەتنى مۇشۇ سۈرىنىڭ ماۋۇ يېرىگە قويۇشقا بۇيرىدى» دېدى[2].

(ئەھمەد: 17947)

7045 ـ عن ابن عَباسٍ قال في سُورَةِ النحْلِ (من كَفَرَ بِاللهِ من بَعْدِ إِيمانِهِ إلا من أُكْرِهَ) إلى قَوْلِهِ ) لهم عَذَابٌ عَظِيمٌ) فَنسِخَ وَاسْتَثْنَى من ذلك فقال ( ثُم إن رَبكَ لِلذِينَ هَاجَرُوا من بَعْدِ ما فُتِنوا ثُم جَاهَدُوا وَصَبَرُوا إِن رَبكَ من بَعْدِهَا لَغفُورٌ رَحِيمٌ) وهو عبد الله بن سَعْدِ بن أبي سَرْحٍ الذي كان على مِصْرَ كان يَكْتُبُ لِرَسُولِ اللهِ ﷺ فَأَزَلهُ الشيْطَانُ فَلَحِقَ بِالْكُفارِ فَأَمَرَ بِهِ أَنْ يُقْتَلَ يوم الْفَتْحِ فَاسْتَجَارَ له عُثْمَانُ بن عَفانَ فَأَجَارَهُ رسول اللهِ ﷺ.

7045 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالا نەھل سۈرىسىدىكى: كىمكى اللهقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا (قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا)، كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارى يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ

---

[1] سۈرە نەھل، 90 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11120): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

ﷲنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ [1] دېگەن ئايىتىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن مۇستەسنا قىلغان ھالدا مۇنداق دېگەن: ئاندىن (ئى مۇھەممەد!) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان، ئاندىن (ﷲنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغان ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغانلارغا پەرۋەردىگارىڭ (مەغفىرەت قىلىدۇ)، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ شۇنىڭدىن (يەنى ئۇلارنىڭ ھىجرەت، جىھاد، سەۋر قىلغىنىدىن) كېيىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھمەت قىلغۇچىدۇر [2].

بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان كىشى (ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ دەۋرىدە) مىسىرغا ۋالى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ سەرھ بولۇپ، ئەينى زاماندا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كاتىبى ئىدى. كېيىن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن مۇرتەد بولۇپ كاپىرلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا مەككە فەتھ بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان. كېيىن، ئۇنى ئوسمان ئىبنى ئاففان پاناھلىققا ئالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا پاناھلىق بەردى[3].

(نەسائى: 4069)

7046 ـ عن أبي بن كعب قال لما كان يوم أحد أصيب من الأنصار أربعة وستون رجلا ومن المهاجرين ستة فيهم حمزة فمثلوا بهم فقالت الأنصار لئن أصبنا منهم يوما مثل هذا لنربين عليهم قال فلما كان يوم فتح مكة فأنزل الله تعالى وإن عاقبتم فعاقبوا بمثل ما عوقبتم به ولئن صبرتم لهو خير للصابرين فقال رجل لا قريش بعد اليوم فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم كفوا عن القوم إلا أربعة.

[1] سۈرە نەھل، 106 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل، 110 ـ ئايەت.
[3] ئەلبانى (3793): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

7046 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد غازىتىدا ئەنسارىلاردىن 64، مۇھاجىرلاردىن ئالتە كىشى شېھىد بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەمزەمۇ بار بولۇپ، مۇشرىكلار ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى كېسىپ، قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئەنسارىلار:

ــ بىرەر ئۇرۇشتا بۇلارنى يېڭىپ قالساق، بىزمۇ مۇشۇنداق قىلىمىز، ھەتتا بۇلاردىن ئاشۇرۇۋېتىمىز، ـ دېيىشتى، كېيىن مەككە فەتھى بولغاندا، الله تائالا: ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ــ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ــ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇ كۈنى، كىشىلەردىن بىرى:

ــ بۈگۈندىن ئېتىبارەن قۇرەيش دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ پەقەت تۆت كىشىدىن باشقا ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەڭلار! ــ دەپ بۇيرىدى [2].

(تىرمىزى: 3129)

**7047 ـ حَدثَنا آدَمُ حَدثَنا شُعْبةُ عَنْ أَبِي إِسْحَاقَ قَالَ سَمِعْتُ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ يَزِيدَ بْنِ قَيْسٍ سَمِعْتُ ابْنَ مَسْعُودٍ يَقُولُ فِي بَنِي إِسْرَائِيلَ وَالْكَهْفِ وَمَرْيَمَ وَطه وَالْأَنْبِيَاءِ إِنهُن مِنْ الْعِتَاقِ الْأُوَلِ وَهُن مِنْ تِلَادِي.**

7047 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسرا، كەھف، مەريەم، تاھا ۋە ئەنبىيا سۈرىلىرى ھەققىدە: بۇلار ئىلگىرى چۈشكەن ۋە

[1] سۈرە نەھل، 126 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2501): سەنەدى ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرىلەر بولۇپ، مەن بۇ سۈرىلەرنى ئەڭ دەسلەپتە يادلىۋالغانىدىم، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 4994)

7048 ـ عن عبد اللهِ قال كنا نَقُولُ لِلْحَيِ إذا كَثُرُوا في الْجَاهِلِيَةِ أَمِرَ بَنُو فُلَانٍ.

7048 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: جاھىلىيەت دەۋرىدە بىرەر قەبىلىنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتسە: پالانى قەبىلە ئاۋۇپ، كۈچى زورىيىپ كەتتى، ـ دەيتتۇق. (بۇخارى: 4711).

7049 ـ عن أبي سعيد قال لما نزلت (وآت ذا القربى حقه) دعا رسول الله ﷺ فاطمة فأعطاها فدك.

7049 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، الله تائالانىڭ: تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى چاقىرىپ، فەدەك زېمىنىنى ئۇنىڭغا بەرگەن[2].

(«ئەلكەبىر»)

7050 ـ عن عبد اللهِ (إلى رَبِهِمْ الْوَسِيلَةَ) قال كان نَاسٌ من الْإِنْسِ يَعْبُدُونَ نَاسًا من الْجِنِ فَأَسْلَمَ الْجِنِ وَتَمَسكَ هَؤُلَاءِ بِدِينِهِمْ.

7050 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: (ئۇلار ئىبادەت قىلىدىغانلار) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ [3] دېگەن ئايەت توغرىسىدا: ئىنسانلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر جىنلارغا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلار ئىبادەت قىلغان جىنلار مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئۇ

[1] سۈرە ئىسرا، 26 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11125): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتىيە ئەۋفىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ ۋە مەترۇك بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] سۈرە ئىسرا، 57 ـ ئايەت.

ئىنسانلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ مۇسۇلمان بولمىدى، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 3030)

7051 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فِي قَوْلِهِ تَعَالَى وَمَا جَعَلْنَا الرؤْيَا التِي أَرَيْنَاكَ إِلا فِتْنَةً لِلناسِ قَالَ هِيَ رُؤْيَا عَيْنٍ أُرِيَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْلَةَ أُسْرِيَ بِهِ إِلَى بَيْتِ الْمَقْدِسِ قَالَ وَالشجَرَةَ الْمَلْعُونَةَ فِي الْقُرْآنِ قَالَ هِيَ شَجَرَةُ الزقومِ.

7051 ـ ئىكرىمە رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللہ تائالانىڭ: بىز ساڭا (مىراج كېچىسى ئاسمان ـ زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخنى (يەنى قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان زەققۇم دەرىخىنى) پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق [1] دېگەن ئايىتىنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەتتىكى ”كۆرۈنۈش“تىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن بەيتۇل مەقدىسكە ئېلىپ بېرىلغان كېچىدە كۆزى بىلەن كۆرگەن كۆرۈنۈش كۆزدە تۇتۇلغان. قۇرئاندىكى لەنەت قىلىنغان دەرەخ بولسا، زەققۇم دەرىخىدۇر.

(بۇخارى: 3888)

7052 عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِ اللهِ تَعَالَى يَوْمَ نَدْعُو كُل أُنَاسٍ بِإِمَامِهِمْ قَالَ يُدْعَى أَحَدُهُمْ فَيُعْطَى كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ وَيُمَد لَهُ فِي جِسْمِهِ سِتونَ ذِرَاعًا وَيَبْيَض وَجْهُهُ وَيُجْعَلُ عَلَى رَأْسِهِ تَاجٌ مِنْ لُؤْلُؤٍ يَتَلَأْلَأُ فَيَنْطَلِقُ إِلَى أَصْحَابِهِ فَيَرَوْنَهُ مِنْ بَعِيدٍ فَيَقُولُونَ اللهُم ائْتِنَا بِهَذَا وَبَارِكْ لَنَا فِي هَذَا حَتى يَأْتِيَهُمْ فَيَقُولُ أَبْشِرُوا لِكُل رَجُلٍ مِنْكُمْ مِثْلُ هَذَا قَالَ وَأَما الْكَافِرُ فَيُسَودُ وَجْهُهُ وَيُمَد لَهُ فِي جِسْمِهِ سِتونَ ذِرَاعًا عَلَى صُورَةِ آدَمَ فَيُلْبَسُ تَاجًا فَيَرَاهُ أَصْحَابُهُ فَيَقُولُونَ نَعُوذُ بِاللهِ مِنْ شَر هَذَا اللهُم لَا تَأْتِنَا بِهَذَا قَالَ فَيَأْتِيهِمْ فَيَقُولُونَ اللهُم أَخْزِهِ فَيَقُولُ أَبْعَدَكُمْ اللهُ فَإِن لِكُل رَجُلٍ مِنْكُمْ مِثْلَ هَذَا.

[1] سۈرە ئىسرا، 60 ـ ئايەت.

7052 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: بىز ھەممە ئادەمنى ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالى بىلەن چاقىرىدىغان كۈننى (ئېسىڭدە تۇتقىن)، نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىدىن بېرىلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ نامە ـ ئەمالىنى ئوقۇيدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«ئۇلاردىن بىرىنىڭ نامە ـ ئەماللىرى ئوڭ قولىدىن بېرىلىدۇ، جىسمى 60 گەز ئۇزارتىلىدۇ، يۈزى ئاقارتىلىدۇ، بېشىغا پارقىراپ تۇرىدىغان مەرۋايىتتىن تاج كىيدۈرۈلۈپ، ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەمراھلىرى ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ: "ئى الله! بىزگە ئاۋۇ كىشىنى ئەكىلىپ بەرگىن، ئۇنى بىزگە بەرىكەتلىك قىلىپ بەرگىن!" دەپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىدۇ ۋە: "سىلەرگە خۇشخەۋەر! ھەر بىرىڭلارغا مۇشۇنداق ئىنئام بېرىلىدۇ" دەيدۇ. ئەمما كاپىرنىڭ بولسا، يۈزى قاپقارا بولۇپ كېتىدۇ، جىسمى ئادەمنىڭ سۈرىتىدە 60 گەز ئۇزارتىلىدۇ، بېشىغا قالپاق كىيدۈرىلىدۇ، ئۇنى ھەمراھلىرى كۆرگەندە: "الله تائالاغا سېغىنىپ، بۇنىڭ زىيىنىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئى الله! بۇنى بىزنىڭ قېشىمىزغا يېقىن يولاتمىغىن!" دەپ دۇئا قىلىشىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇلار: "ئى الله! ئۇنى خار قىلغىن" دەيدۇ، ئۇ: "الله سىلەرنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ھەر بىرىڭلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىلىدۇ" دەيدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3136)

7053 ـ عن عبد الله بن عباس كان يقول دلوك الشمس إذا فاء الفيء وغسق الليل اجتماع الليل وظلمته.

7053 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ

[1] سۈرە ئىسرا، 71 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (610): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، (كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ [1] دېگەن ئايىتىدىكى: كۈن قايرىلغان ۋاقىت بىر نەرسىنىڭ سايىسى چۈشۈشكە باشلىغان چاغنى؛ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىت بولسا، كېچە بىلەن قاراڭغۇلۇق جەم بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

(مالىك: 20)

7054 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِهِ وَقُرْآنَ الْفَجْرِ إِن قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُودًا قَالَ تَشْهَدُهُ مَلَائِكَةُ اللَّيْلِ وَمَلَائِكَةُ النهَارِ.

7054 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، (پەرىشتىلەر) چوقۇم بامدات نامىزىدا ھازىر بولىدۇ [2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: «ئۈنىڭغا كېچىنىڭ ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى ھازىر بولىدۇ» دېگەن [3].

(تىرمىزى: 3135)

7055 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِهِ عَسَى أَنْ يَبْعَثَكَ رَبكَ مَقَامًا مَحْمُودًا سُئِلَ عَنْهَا قَالَ هِيَ الشفَاعَةُ.

7055 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا تۇرغۇزۇشى

[1] سۈرە ئىسرا، 78 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا، 78 ـ ئايەت.
[3] ئەلبانى (2507): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

مۇھەققەتتۇر [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: «بۇ، شاپائەت ماقامىدۇر» دېگەن[2].

(تىرمىزى: 3137)

7056 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَكةَ ثُم أُمِرَ بِالْهِجْرَةِ فَنَزَلَتْ عَلَيْهِ وَقُلْ رَب أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ وَاجْعَلْ لِي مِنْ لَدُنْكَ سُلْطَانًا نَصِيرًا.

7056 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە ئىدى، كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. شۇ چاغدا، الله تائالانىڭ: ‘‘پەرۋەردىگارىم! مېنى ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن‘‘ دېگىن [3] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى[4].

(تىرمىزى: 3139)

7057 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ كُنْتُ أَمْشِي مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَرْثٍ بِالْمَدِينَةِ وَهُوَ مُتَكِئٌ عَلَى عَسِيبٍ فَمَر بِقَوْمٍ مِنْ الْيَهُودِ فَقَالَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ سَلُوهُ عَنْ الروحِ وَقَالَ بَعْضُهُمْ لَا تَسْأَلُوهُ عَنْ الروحِ فَسَأَلُوهُ فَقَامَ مُتَوَكِئًا عَلَى الْعَسِيبِ وَأَنَا خَلْفَهُ فَظَنَنْتُ أَنهُ يُوحَى إِلَيْهِ فَقَالَ وَيَسْأَلُونَكَ عَنْ الروحِ قُلْ الروحُ مِنْ أَمْرِ رَبي وَمَا أُوتِيتُمْ مِنْ الْعِلْمِ إِلا قَلِيلًا فَقَالَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ قَدْ قُلْنَا لَكُمْ لَا تَسْأَلُوهُ.

7057 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئېتىزلىقتا بىللە كېتىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىغا ھاسا

---

[1] سۈرە ئىسرا، 79 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2508): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] سۈرە ئىسرا، 80 ـ ئايەت.

[4] ئەلبانى (611): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

تاياق تۇتۇۋالغانىدى. بىر قانچە يەھۇدىينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتساق، ئۇلار بىر ـ بىرىگە:

ـ ئۇنىڭدىن روھ توغرۇلۇق سوراپ بېقىڭلار! ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ نېمە ھاجىتىڭلار بار؟ ـ دەپ سورىدى. بەزىسى:

ـ ئۇنىڭدىن سورىماڭلار، جاۋابىدا سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر نەرسىنى دەپ قالمىسۇن، ـ دېدى. ئۆز ئارىلىرىدا تالاش ـ تارتىش قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن روھ توغرۇلۇق سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب قايتۇرماي بىردەم جىم تۇردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي چۈشۈۋېتىپتۇ دەپ ئويلىدىم. ۋەھيي توختىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ، ”روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ“ دېگىن! ئۇلارغا پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن [1]. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار بىر ـ بىرىگە: ”ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق سورىماڭلار“ دېمىدۇقمۇ؟ ـ دېيىشتى.

(بۇخارى: 7456)

7058 ـ وفي رواية: وَمَا أُوتُوا مِنْ الْعِلْمِ إلا قَلِيلًا قَالَ الْأَعْمَشُ هَكَذَا فِي قِرَاءَتِنَا.

7058 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە (ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشى) مۇنداق كەلگەن: وَمَا أُوتُوا مِنْ الْعِلْمِ ئۇلارغا پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن .

ئەئمەش: بىزنىڭ قىرائىتىمىزمۇ مۇشۇنداق (يەنى ”وَمَا أُوتُوا“) ئىدى، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 125)

[1] سۈرە ئىسرا، 85 ـ ئايەت.

7059 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ ناوه وفيه: قَالُوا أُوتِينَا عِلْمًا كَثِيرًا أُوتِينَا التَوْرَاةَ وَمَنْ أُوتِيَ التَوْرَاةَ فَقَدْ أُوتِيَ خَيْرًا كَثِيرًا فَأُنزِلَتْ قُلْ لَوْ كَانَ الْبَحْرُ مِدَادًا لِكَلِمَاتِ رَبِّي لَنَفِدَ الْبَحْرُ إِلَى آخِرِ الْآيَةَ.

7059 ـــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن يۇقىرىقىدەك رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىدە يەنە مۇنداق كەلگەن: يەھۇدىيلار: بىزگە نۇرغۇن بىلىم ئاتا قىلىندى، چۈنكى بىزگە تەۋرات ئاتا قىلىندى، كىمگە تەۋرات ئاتا قىلىنسا، نۇرغۇن بىلىم ئاتا قىلىنغان بولىدۇ، ـ دېيىشكەندى، اللە تائالا: ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىيا بولۇپ كەتسە، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كېتىدۇ، مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز (سۈيىنى) كەلتۇرسەكمۇ [①] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[②].

(تىرمىزى: 3140)

7060 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا قَالَ أُنزِلَتْ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُتَوَارٍ بِمَكةَ فَكَانَ إِذَا رَفَعَ صَوْتَهُ سَمِعَ الْمُشْرِكُونَ فَسَبوا الْقُرْآنَ وَمَنْ أَنزَلَهُ وَمَنْ جَاءَ بِهِ فَقَالَ اللهُ تَعَالَى وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا لَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ حَتى يَسْمَعَ الْمُشْرِكُونَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا عَنْ أَصْحَابِكَ فَلَا تُسْمِعُهُمْ وَابْتَغِ بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلًا أَسْمِعْهُمْ وَلَا تَجْهَرْ حَتى يَأْخُذُوا عَنْكَ الْقُرْآنَ.

7060 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: نامىزىڭدا (قىرائەتنى) (مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، (مۇئمىنلەر ئاڭلىماي قالماسلىقى ئۈچۈن) پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن [③] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەت

① سۈرە كەھف، 109 ـ ئايەت.

② ئەلبانى(2510): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

③ سۈرە ئىسرا، 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم (ئىســلامنىڭ دەســلىپىدە) مەككىــدە يوشـۇرۇنۇپ تۇرغـان چاغـدا نازىـل بولغـان بولـۇپ، ئـۇ چـاغلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن بىللە ئوقۇغـان نامـازلىرىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇيتتى. مۇشرىكلار ئۇنى ئـاڭلاپ قالسـا، قۇرئـاننى، ئـۇنى نازىـل قىلغـان زاتنـى ھەم ئـۇنى ئېلىــپ كەلـگەن زاتنـى بىلــلە قوشـۇپ ھاقارەتلىشەتتى. بۇ سەۋەبتىن الله تائالا پەيغەمبىــرىگە ئـايەت چۈشـۈرۈپ مۇنداق دېدى:   نامىزىڭدا (قىرائەتنى) (مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا ئەزىـيەت يەتكۈزمەسـلىكى ئۈچـۈن) يـۇقىرى ئـاۋاز بىلـەنمۇ ئوقـۇمىغىن، (مــۇئمىنلەر ئاڭلىمـــاي قالماســلىقى ئۈچـــۈن) پەس ئـــاۋاز بىلـەنمـــۇ ئوقـــۇمىغىن، ئۇلارنىـــڭ ئارىســـدا ئوتتـــۇرا يـــول تـــۇتقىن  . يەنـــى ساھابىلىرىڭنىڭ قۇرئان ئۆگىنىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئاڭلىغۇدەك ئوقۇغىن، لېكىن ئاۋازىڭنى بەك يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتمىگىن.

(بۇخارى: 7490)

## كەھف ۋە مەريەم سۈرىلىرى

7061 ـ عَنِ ابن عَباسٍ أَنهُ كان يَرَى الاسْتِثْناءَ وَلَوْ بَعْدَ سَنَةٍ ثُم قَرَأَ وَلا تَقُولَن لِشَيْءٍ إني فَاعِلٌ ذلك غَدًا إلا أَنْ يَشَاءَ اللهُ وَاذْكُرْ رَبكَ إذا نَسِيتَ يقول إذا ذَكَرْتَ.

7061 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر يىلدىن كېيىن بولسىمۇ ئىستىسنا قىلىشنى (يەنى "ئىنشائاللاھ ياكى الله خالىسا دېيىشنى) مۇۋاپىق كۆرەتتى ۋە: سەن بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، "ئەتە ئۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن" دېمەي "الله خالىسا" دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن (يەنى الله خالىسا قىلىمەن دېگىن)، (الله خالىسا دېگەن سۆزنى) ئۇنتۇپ قالساڭ، پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى "الله خالىسا"نى ئېسىڭگە كەلگەندە ئېيتقىن) [①] دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى. يەنى: "ئېسىڭگە كەلگەندە، رەببىڭنى ئەسلىگىن" دېمەكچى[②].

(«ئەلكەبىر»: 11069؛ «ئەلئەۋسەت»: 119)

7062 ـ عَنِ ابن عَباسٍ في قَوْلِ اللهِ عز وجل (وَاذْكُرْ رَبكَ إذا نَسِيتَ) قَالَ إذا نَسِيتَ الاسْتِثْناءَ فاسْتَثْنِ إذا ذَكَرْتَ وَهِيَ لِرَسُولِ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم خَاصةً وَلَيْسَ لنا أَنْ نَسْتَثْنِيَ إلا في صِلَةِ الْيَمِينِ.

7062 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: پەرۋەردىگارىڭنى تىلغا ئالغىن (يەنى "الله خالىسا"نى ئېسىڭگە كەلگەندە ئېيتقىن) [③] دېگەن ئايىتىنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: يەنى ئىستىسنا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولساڭ، ئېسىڭگە كەلگەندە

---

① سۈرە كەھف، 23 ـ ۋە 24 ـ ئايەتلەر.

② ھەيسەمى (11148): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

③ سۈرە كەھف، 23 ـ ۋە 24 ـ ئايەتلەر.

ئىستىسنا قىل (يەنى ئىنشائاللاھ ياكى الله خالىسا دېگىن). ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: بۇ پەقەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا خاس بولۇپ، باشقىلارنىڭ پەقەت قەسەم قىلغاندىلا ئىستىسنا قىلىشى جائىزدۇر[1].

(«ئەلكەبىر»: 11143؛ «ئەلئەۋسەت: 6872)

7063 ـ عن ابن عباس في قول الله عز وجل (ما يعلمهم إلا قليل) قال ابن عباس أنا من أولئك القليل مكسلمينا و[illegible]ليخا وهو المبعوث بـالورق إلى المدينـة ومرطـولس ويشبونس وذرتونس وكفاشطيطوس ومنطنواسيسوس وهو الراعي والكلب اسمه قطمير.

7063 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ئۇنىڭ باشقا ئازغىنە كىشىلەر بىلىدۇ[2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: مەن ئاشۇ ئازغىنە كىشىلەرنىڭ بىرىمەن. ئەسھابۇل كەھفىتىكىلەر: مەكسەلىنا، (شەھەرگە پۇل بىلەن ئەۋەتىلگەن) تەملىخا، مەرتولىس، يەسبونۇس، زەرتونۇس، كاناساتىيتىيوس، پادىچى مىنتىنيوسىيسيوس ۋە قىتمىر ئىسىملىك ئىت قاتارلىقلاردۇر[3].

(«ئەلئەۋسەت»: 6113)

7064 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَنهُ سَمِعَهُ يَقُولُ فِي الْبَاقِيَاتِ الصالِحَاتِ إِنهَا قَوْلُ الْعَبْدِ اللهُ أَكْبَرُ وَسُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلهِ وَلَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوةَ إِلا بِاللهِ.

7064 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب الله تائالانىڭ: باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر[4] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەر دېگىنىمىز، بەندىنىڭ: الله ئەكبەر، سۇبھانالالاھ

---

[1] ھەيسەمى (11149): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلئەزىز ئىبنى ھۇسەين ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] سۈرە كەھف، 22 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11150): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئەبۇ رەۋق ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[4] سۈرە كەھف، 46 ـ ئايەت.

ۋەلھەمدۇلىللاھ، لائىلاھە ئىللاللاھ، ۋەلاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ ــ دېگەن سۆزلىرىدۇر.

(مالىك: 489)

7065 ـ عن سَعِيد بْن جُبَيْرٍ قَالَ قُلْتُ لِابْنِ عَباسٍ إِن نَوْفًا الْبِكَالِي يَزْعُمُ أن مُوسَى صَاحِبَ الْخَضِرِ لَيْسَ هُوَ مُوسَى صَاحِبَ بَنِي إِسْرَائِيلَ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ كَذَبَ عَدُو اللهِ حَدثَنِي أُبَي بْنُ كَعْبٍ أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن مُوسَى قَامَ خَطِيبًا فِي بَنِي إِسْرَائِيلَ فَسُئِلَ أَي الناسِ أَعْلَمُ فَقَالَ أَنا فَعَتَبَ اللهُ عَلَيْهِ إِذْ لَمْ يَرُد الْعِلْمَ إِلَيْهِ فَأَوْحَى اللهُ إِلَيْهِ إِن لِي عَبْدًا بِمَجْمَعِ الْبَحْرَيْنِ هُوَ أَعْلَمُ مِنْكَ قَالَ مُوسَى يَا رَب فَكَيْفَ لِي بِهِ قَالَ تَأْخُذُ مَعَكَ حُوتًا فَتَجْعَلُهُ فِي مِكْتَلٍ فَحَيْثُمَا فَقَدْتَ الْحُوتَ فَهُوَ ثَم فَأَخَذَ حُوتًا فَجَعَلَهُ فِي مِكْتَلٍ ثُم انْطَلَقَ وَانْطَلَقَ مَعَهُ بِفَتَاهُ يُوشَعَ بْنِ نُونٍ حَتى إِذَا أَتَيَا الصخْرَةَ وَضَعَا رُءُوسَهُمَا فَنَامَا وَاضْطَرَبَ الْحُوتُ فِي الْمِكْتَلِ فَخَرَجَ مِنْهُ فَسَقَطَ فِي الْبَحْرِ فَاتخَذَ سَبِيلَهُ فِي الْبَحْرِ سَرَبًا وَأَمْسَكَ اللهُ عَنْ الْحُوتِ جِرْيَةَ الْمَاءِ فَصَارَ عَلَيْهِ مِثْلَ الطاقِ فَلَما اسْتَيْقَظَ نَسِيَ صَاحِبُهُ أَنْ يُخْبِرَهُ بِالْحُوتِ فَانْطَلَقَا بَقِيةَ يَوْمِهِمَا وَلَيْلَتَهُمَا حَتى إِذَا كَانَ مِنْ الْغَدِ قَالَ مُوسَى لِفَتَاهُ آتِنَا غَدَاءَنَا لَقَدْ لَقِينَا مِنْ سَفَرِنَا هَذَا نَصَبًا قَالَ وَلَمْ يَجِدْ مُوسَى النصَبَ حَتى جَاوَزَا الْمَكَانَ الذِي أَمَرَ اللهُ بِهِ فَقَالَ لَهُ فَتَاهُ أَرَأَيْتَ إِذْ أَوَيْنَا إِلَى الصخْرَةِ فَإِني نَسِيتُ الْحُوتَ وَمَا أَنْسَانِيهِ إِلا الشيْطَانُ أَنْ أَذْكُرَهُ وَاتخَذَ سَبِيلَهُ فِي الْبَحْرِ عَجَبًا قَالَ فَكَانَ لِلْحُوتِ سَرَبًا وَلِمُوسَى وَلِفَتَاهُ عَجَبًا فَقَالَ مُوسَى ذَلِكَ مَا كُنا نَبْغِي فَارْتَدا عَلَى آثَارِهِمَا قَصَصًا قَالَ رَجَعَا يَقُصانِ آثَارَهُمَا حَتى انْتَهَيَا إِلَى الصخْرَةِ فَإِذَا رَجُلٌ مُسَجى ثَوْبًا فَسَلمَ عَلَيْهِ مُوسَى فَقَالَ الْخَضِرُ وَأَنى بِأَرْضِكَ السلَامُ قَالَ أَنَا مُوسَى قَالَ مُوسَى بَنِي إِسْرَائِيلَ قَالَ نَعَمْ أَتَيْتُكَ لِتُعَلمَنِي مِما عُلمْتَ رَشَدًا قَالَ إِنكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِي صَبْرًا يَا مُوسَى إِني عَلَى عِلْمٍ مِنْ عِلْمِ اللهِ عَلمَنِيهِ لَا تَعْلَمُهُ أَنْتَ وَأَنْتَ عَلَى عِلْمٍ مِنْ عِلْمِ اللهِ عَلمَكَهُ اللهُ لَا أَعْلَمُهُ فَقَالَ مُوسَى سَتَجِدُنِي إِنْ شَاءَ اللهُ صَابِرًا وَلَا أَعْصِي لَكَ أَمْرًا فَقَالَ لَهُ الْخَضِرُ فَإِنْ اتبَعْتَنِي فَلَا تَسْأَلْنِي عَنْ شَيْءٍ حَتى أُحْدِثَ لَكَ مِنْهُ ذِكْرًا فَانْطَلَقَا يَمْشِيَانِ عَلَى سَاحِلِ الْبَحْرِ فَمَرتْ سَفِينَةٌ فَكَلمُوهُمْ أَنْ يَحْمِلُوهُمْ فَعَرَفُوا الْخَضِرَ فَحَمَلُوهُمْ بِغَيْرِ نَوْلٍ فَلَما رَكِبَا فِي السفِينَةِ لَمْ

يَفْجَأْ إلا وَالْخَضِرُ قَدْ قَلَعَ لَوْحًا مِنْ أَلْوَاحِ السفِينَةِ بِالْقَدُومِ فَقَالَ لَهُ مُوسَى قَوْمٌ قَدْ حَمَلُونَا بِغَيْرِ نَوْلٍ عَمَدْتَ إِلَى سَفِينَتِهِمْ فَخَرَقْتَهَا لِتُغْرِقَ أَهْلَهَا لَقَدْ جِئْتَ شَيْئًا إِمْرًا قَالَ أَلَمْ أَقُلْ إِنكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِي صَبْرًا قَالَ لَا تُؤَاخِذْنِي بِمَا نَسِيتُ وَلَا تُرْهِقْنِي مِنْ أَمْرِي عُسْرًا قَالَ وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَتْ الْأُولَى مِنْ مُوسَى نِسْيَانًا قَالَ وَجَاءَ عُصْفُورٌ فَوَقَعَ عَلَى حَرْفِ السفِينَةِ فَنَقَرَ فِي الْبَحْرِ نَقْرَةً فَقَالَ لَهُ الْخَضِرُ مَا عِلْمِي وَعِلْمُكَ مِنْ عِلْمِ اللهِ إِلا مِثْلُ مَا نَقَصَ هَذَا الْعُصْفُورُ مِنْ هَذَا الْبَحْرِ ثُم خَرَجَا مِنْ السفِينَةِ فَبَيْنَا هُمَا يَمْشِيَانِ عَلَى الساحِلِ إِذْ أَبْصَرَ الْخَضِرُ غُلَامًا يَلْعَبُ مَعَ الْغِلْمَانِ فَأَخَذَ الْخَضِرُ رَأْسَهُ بِيَدِهِ فَاقْتَلَعَهُ بِيَدِهِ فَقَتَلَهُ فَقَالَ لَهُ مُوسَى أَقَتَلْتَ نَفْسًا زَاكِيَةً بِغَيْرِ نَفْسٍ لَقَدْ جِئْتَ شَيْئًا نُكْرًا قَالَ أَلَمْ أَقُلْ لَكَ إِنكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِي صَبْرًا قَالَ وَهَذِهِ أَشَد مِنْ الْأُولَى قَالَ إِنْ سَأَلْتُكَ عَنْ شَيْءٍ بَعْدَهَا فَلَا تُصَاحِبْنِي قَدْ بَلَغْتَ مِنْ لَدُنِي عُذْرًا فَانْطَلَقَا حَتى إِذَا أَتَيَا أَهْلَ قَرْيَةٍ اسْتَطْعَمَا أَهْلَهَا فَأَبَوْا أَنْ يُضَيفُوهُمَا فَوَجَدَا فِيهَا جِدَارًا يُرِيدُ أَنْ يَنْقَض قَالَ مَائِلٌ فَقَامَ الْخَضِرُ فَأَقَامَهُ بِيَدِهِ فَقَالَ مُوسَى قَوْمٌ أَتَيْنَاهُمْ فَلَمْ يُطْعِمُونَا وَلَمْ يُضَيفُونَا لَوْ شِئْتَ لَاتخَذْتَ عَلَيْهِ أَجْرًا قَالَ هَذَا فِرَاقُ بَيْنِي وَبَيْنِكَ إِلَى قَوْلِهِ ذَلِكَ تَأْوِيلُ مَا لَمْ تَسْطِعْ عَلَيْهِ صَبْرًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدِدْنَا أَن مُوسَى كَانَ صَبَرَ حَتى يَقُص اللهُ عَلَيْنَا مِنْ خَبَرِهِمَا قَالَ سَعِيدُ بْنُ جُبَيْرٍ فَكَانَ ابْنُ عَباسٍ يَقْرَأُ وَكَانَ أَمَامَهُمْ مَلِكٌ يَأْخُذُ كُل سَفِينَةٍ صَالِحَةٍ غَصْبًا وَكَانَ يَقْرَأُ وَأَما الْغُلَامُ فَكَانَ كَافِرًا وَكَانَ أَبَوَاهُ مُؤْمِنَيْنِ.

7065 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ نەۋفەلبەكالىي دېگەن ئادەم: ”خىزىر بىلەن تىلغا ئېلىنغان مۇسا بەنى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەمەس، ئۇ باشقا مۇسا“ دەيدۇ، بۇ ھەقتە قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ﷲنىڭ دۈشمىنى يالغان سۆزلەپتۇ. ئۇبەي ئىبنى كەئب بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەرگەنىدى: بىر كۈنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلغا نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇنىڭدىن:

ـ كىشىلەر ئىچىدە كىم ئەڭ ئالىم؟ ـ دەپ سورىلىۋىدى، ئۇ:

ــ مەن ئەڭ ئالىم، ـ دېدى. الله تائالا ئۇنىڭ: ئەڭ ئالىم كىشىنى الله بىلىدۇ، ـ دېمىگەنلىكىگە كايىپ:

ــ ئىككى دېڭىز ئۇچراشقان جايدا، مېنىڭ بىر بەندەم بار. ئۇ سەندىنمۇ ئالىم، ـ دېدى. مۇسا:

ـ ئى رەببىم! ئۇنى قانداق تاپالايمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇنىڭغا:

ــ بىر سېۋەتتە بېلىق ئېلىپ ماڭغىن. ئۇ بېلىقنى قەيەردە يوقاتساڭ، ئۇ ئادەم شۇ يەردە، ـ دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزمەتكارى يۇشەئ ئىبنى نۇن بىلەن سېۋەتتىكى بېلىقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار يوغان بىر تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇخلاپ قالغاندا، ھەيران قالدۇرارلىق ئىش يۈز بەردى. يەنى بېلىق سېۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ، دېڭىزغا كىرىپ كەتتى. دېڭىز يۈزىدىكى بېلىق كىرىپ كەتكەن يەر كاما بولۇپ قېتىپ قالدى. ئۇلار (ئويغىنىپ) شۇ كۈنى كەچ كىرىپ، ئەتىسى تاڭ ئاتقۇچە ماڭدى. تاڭ ئاتقاندا، مۇسا خىزمەتكارىغا:

ــ ئەتىگەنلىك تاماقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن! بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق، ـ دېدى. مۇسا بۇيرۇلغان ئورۇندىن ئۆتۈپ كەتمىگىچە، جاپالىق ھېس قىلمىغان ئىدى. خىزمەتكارى مۇساغا:

ـ بېلىقنى بىز ئارام ئالغان تاشنىڭ يېنىدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ـ دېدى، مۇسا:

ـ ئاشۇ يەر بىز كۆزلىگەن نىشان ئىدى، ـ دېدى ـ دە، كەلگەن ئىزىنى بويلاپ كەينىگە قايتتى. تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ، كىيىمىگە ئورىنىۋالغان بىرىنى (يەنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنى) ئۇچراتتى. مۇسا ئۇنىڭغا سالام بەرگەن ئىدى، خىزىر:

ـ سەن بۇنداق سالام قىلىشنى قەيەردىن ئۆگەندىڭ؟! ـ دېدى. مۇسا:

ـ مەن مۇسا بولىمەن، ـ دېدى. خىزىر:

ـ بەنى ئىسرائىلنىڭ مۇساسىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مۇسا:

ـ الله ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، خىزىر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن مەن بىلەن بولۇشقا سەۋر ـ تاقەت قىلالمايسەن. ئى مۇسا! مەندە سەن بىلمەيدىغان (الله ماڭا ئۆگەتكەن) ئىلىم بار، سەندىمۇ مەن بىلمەيدىغان (الله ساڭا ئۆگەتكەن) ئىلىم بار، ـ دېدى. مۇسا:

ــ الله خالىسا، مېنى سەۋر قىلغۇچى كۆرىسەن، سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن، ـ دېدى. خىزىر:

ــ ئەگەر سەن ماڭا ئەگەشسەڭ، (يولۇققان ئىش توغرىسىدا) مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بەرمىگىچە سورىما (يەنى ئۆزەم سۆزلەپ بەرمىگىچە قىلغان ئىشلىرىمدىن سورىما)، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسى دېڭىز ساھىلىدا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كېمىسى يوق ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇلار تەرەپكە بىر كېمە كېلىپ قالدى. ئىككىسى كېمە ئەھلىگە ئۆزلىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتىۋىدى، ئۇلار خىزىر ئەلەيھىسسالامنى تونۇۋېلىپ، ئىككىسىنى ھەقسىز ئېلىۋالدى. خىزىر كېمىنىڭ تاختايلىرىدىن بىرنى قومۇرىۋەتكەنىدى، مۇسا:

ــ كىشىلەر بىزنى ھەقسىز ئېلىۋالسا، سەن ئۇلارنىڭ كېمىسىنى تېشىۋېتىپ، ئۇلارنى غەرق قىلماقچىمۇ؟ ـ دېدى. خىزىر:

ــ مەن ساڭا: ”سەن ھەققەتەن مەن بىلەن يۈرۈشكە سەۋر قىلالمايسەن“ دېمىدىممۇ؟ ـ دېگەن ئىدى. مۇسا:

ــ ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىپلىمىگەيسەن، ـ دېدى. بۇ مۇسانىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئۇنتۇشى بولدى. بىر قۇشقاچ كېمىنىڭ چېتىگە قونۇپ، تۇمشۇقى بىلەن دېڭىزدىن بىر ـ ئىككى تامچە سۇ ئىچكەن ئىدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى مۇسا! ئىككىمىزنىڭ ئىلمى اللهنىڭ ئىلمىگە قارىغاندا مۇشۇ قۇشقاچنىڭ دېڭىزدىن ئىچكەن سۈيىچىلىكمۇ كەلمەيدۇ، ـ دېدى. ئىككىسى كېتىۋېتىپ، باللار بىلەن ئويناۋاتقان بىر بالىنى ئۇچراتتى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىنى بېشىدىن تۇتقىنىچە سۆرەپ، قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. مۇسا:

ــ سەن بىگۇناھ بىر جاننى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭغۇ؟ ـ دېدى. خىزىر:

— مەن ساڭا: ”مەن بىلەن بىللە يۈرۈشكە سەۋر قىلالمايسەن“ دېمىدىممۇ؟ ـ دېدى. بۇ قېتىمقى سۆزى تۇنجى قېتىملىق سۆزىدىن قاتتىقراق ئىدى. مۇسا:

ـ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەن توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، (ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ئۈچ قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن) مېنىڭ ئالدىمدا (ماڭا ھەمراھ بولماسلىققا) مەزۇرسەن، ـ دېدى. ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ، بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى. شەھەر ئاھالىسىدىن تاماق سورىغانىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇ ئىككىسىنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتى. ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى. خىزىر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن تامنى تۈزلەپ قويغانىدى، مۇسا:

— ئەگەر خالىساڭ، بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ، ـ دېدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ، ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىش ۋاقتى. سەن سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان (يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ) ھەقىقىتىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەي. كېمىگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىر قانچە نەپەر كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى (تېشىپ) ئەيىبنىاك قىلماقچى بولدۇم، (چۈنكى) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان يوللىرىدا) ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن (زورلۇق بىلەن) تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۆلتۈرۈلگەن بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۇئمىن ئىدى. (ئۇ ئەسلىدە كافىر يارىتىلغانلىقتىن، چوڭ بولغاندا) ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تېڭىشىدىن قورقتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشىنى ئىرادە قىلدۇق. تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)،

ئۆلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياخشى ئادەم ئىدى، پەرۋەردىگارىڭ ئۆلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۆلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر، ئۇنى (يەنى يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى اللهنىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)، سەن سەۋر ـ تاقەت قىلالمىغان ئىشلارنىڭ ھەقىقىتى ئەنە شۇ، ـ دېدى».

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

«الله مۇساغا رەھىم قىلسۇن، بىز مۇسانىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن سەۋر قىلىپ، الله تائالانىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ ۋەقەلىكلىرىدىن بىزگە يەنىمۇ كۆپرەك سۆزلەپ بېرىشىنى خالايتتۇق» دېدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ۋە كانە ئەمامەھۇم يەنى: ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى ۋە: ۋەئەممەل غۇلامۇ فەكانە كافىرا يەنى: ئۆلتۈرۈلگەن بالىغا كەلسەك، ئۇ كاپىر، ئاتا ـ ئانىسى مۇئمىن ئىدى دەپ تىلاۋەت قىلاتتى.

(بۇخارى: 4725)

7066 ـ وفي رواية: بَيْنَمَا مُوسَى عليه السلام في قَوْمِهِ يُذَكِّرُهُمْ بِأَيَامِ اللهِ وَأَيَامُ اللهِ نَعْمَاؤُهُ وَبَلَاؤُهُ إِذْ قال ما أَعْلَمُ في الأرض رَجُلًا خَيْرًا أو أعلم مِني .

وفيه: حُوتًا مَالِحًا وفيه: مُسَجى ثَوْبًا مُسْتَلْقِيًا على الْقَفَا وفيه: رَحْمَةُ اللهِ عَلَيْنا وَعَلَى مُوسَى لَوْلَا أَنهُ عَجلَ لَرَأَى الْعَجَبَ وَلَكِنهُ أَخَذَتْهُ من صَاحِبِهِ ذَمَامَةٌ (قال إن سَأَلْتُكَ عن شَيْءٍ بَعْدَهَا فلا تُصَاحِبْنِي قد بَلَغْتَ من لَدُني عُذْرًا)

وفيه: (فَانْطَلَقَا حتى إذا أَتَيا أَهْلَ قَرْيَةٍ) لِئَامًا فَطَافَا في الْمَجَالِسِ فَـ (اسْتَطْعَمَا أَهْلَهَا فَأَبَوْا أَنْ يُضَيفُوهُمَا فَوَجَدَا فيها جِدَارًا يُرِيدُ أَنْ يَنْقَض فَأَقَامَهُ قال لو شِئْتَ لَاتخَذْتَ عليه أَجْرًا قال هذا فِرَاقُ بَيْنِي وَبَيْنِكَ)

وفيه: (أما السفِينَةُ فَكَانَتْ لِمَسَاكِينَ يَعْمَلُونَ في الْبَحْرِ) إБ آخِرِ الْآيَةِ فإذا جاء الذي يُسَخرُهَا وَجَدَهَا مُنْخَرِقَةً فَتجَاوَزَهَا فَأَصْلَحُوهَا بِخَشَبَةٍ وَأما الْغُلَامُ فَطُبِعَ يوم طُبِعَ كَـ اِفِرًا وكان أَبَوَاهُ قد عَطَفَا عليه فَلَوْ أَنهُ أَدْرَكَ أَرْهَقَهُمَا طُغْيَانًا وَكُفْرًا.

7066 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە اللهنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە سىناقلىرىنى ئەسلىتىۋاتقاندا:

ـ زېمىندا مەندىن ياخشىراق ياكى مەندىن بىلىملىكرەك بىر ئادەم بارلىقىنى بىلمەيمەن، ـ دېگەن...

بۇ رىۋايەتتە يەنە: ”تۇزلۇق بېلىق“، ”كېيىمگە ئورىنىۋالغان، ئوڭدا ياتقان بىر ئادەمگە يولۇقتى“ دەپ كەلگەن. ئۇندىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «اللهنىڭ رەھمىتى بىزگە ۋە مۇساغا بولسۇن، مۇسا ئالدىراپ كەتمىگەن بولسا، ئاجايىب ئىشلارنى كۆرگەن بولاتتى، بىراق ئۇ ئۇستازىدىن هايا قىلىپ: بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەندىن بىرەر نەرسە توغرۇلۇق سورىسام (يەنى قىلغان ئىشىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسەم)، مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلمىغىن، (ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ئۈچ قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن) مېنىڭ ئالدىمدا (ماڭا ھەمراھ بولماسلىقىڭغا) مەزۇرسەن [1] دېدى، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق كەلگەن: ئۇ ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى، شەھەر ئاھالىسىدىن (يەنى ئۇ ئىككىسى شەھەرنىڭ پەسكەش ئاھالىسىنىڭ سورۇنلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ) تاماق سورىدى، شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىشتىن باش تارتتى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇنى (خىزىر قولى بىلەن سىلاپ) تۈزلەپ قويدى، مۇسا ئېيتتى: ”ئەگەر خالىساڭ، بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ“. (خىزىر) ئېيتتى: ”بۇ، سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش (ۋاقتىمىز) [2].

[1] سۈرە كەھف، 76 ـ ئايەت.

[2] سۈرە كەھف، 77 ـ ۋە 78 ـ ئايەتلەر.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: كېيىمگە كەلسەك، ئۇ دېڭىزدا ئىشلەيدىغان بىر قانچە نەپەر كەمبەغەلنىڭ كېمىسى ئىدى، مەن ئۇنى (تېشىپ) ئەيىبنىڭ قىلماقچى بولدۇم، (چۈنكى) ئۇلارنىڭ ئالدىدا (يەنى بارىدىغان يوللىرىدا) ھەرقانداق ساق كېمىنى ئىگىسىدىن (زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدىغان بىر پادىشاھ بار ئىدى . يەنى ئۇنى تارتىۋالىدىغان زومىگەر كەلسە، ئۇنىڭ تۆشۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئېلىۋالمايدۇ. كېيىن ئۇلار بىر پارچە تاختاي بىلەن كېمىسىنى ئوڭشىۋالىدۇ. بالىغا كەلسەك، ئۇ يارىتىلغاندا كاپىر قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا مېھرى ـ شەپقەت ياغدۇرىۋەتكەن ئىدى. ناۋادا ئۇ چوڭ بولسا، ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تېڭىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

(مۇسلىم: 2380)

7067 ـ وفي رواية: وَفِي أَصْلِ الصخْرَةِ عَيْنٌ يُقَالُ لَهَا الْحَيَاةُ لَا يُصِيبُ مِنْ مَائِهَا شَيْءٌ إلا حَيِيَ فَأَصَابَ الْحُوتَ مِنْ مَاءِ تِلْكَ الْعَيْنِ قَالَ فَتحَركَ وَانْسَل مِنْ الْمِكْتَلِ فَدَخَلَ الْبَحْرَ.

7067 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: قورام تاشنىڭ تۈۋىدە "ئابىھايات" دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق بار بولۇپ، ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيى قانداق بىر نەرسىگە تېگىپ قالسا، ئۇ نەرسىگە جان كىرەتتى. بېلىقتا شۇ بۇلاقنىڭ سۈيى چاچراپ كەتكەنىدى، بېلىققا جان كىرىپ، سېۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ، دېڭىزغا كىرىپ كەتتى.

(بۇخارى: 4727)

7068 ـ وفيها: أنه قيل له خُذْ نُونًا مَيِّتًا حَيْثُ يُنفَخُ فِيهِ الروحُ فَأَخَذَ حُوتًا فَجَعَلَهُ فِي مِكْتَلٍ فَقَالَ لِفَتَاهُ لَا أُكَلفُكَ إلا أَنْ تُخْبِرَنِي بِحَيْثُ يُفَارِقُكَ الْحُوتُ قَالَ مَا كَلفْتَ كَثِيرًا.

وفيها: فَوَجَدَا خَضِرًا عَلَى طِنْفِسَةٍ خَضْرَاءَ عَلَى كَبِدِ الْبَحْرِ.

وفيها: قَالَ الخضر: أَمَا يَكْفِيكَ أَن التَوْرَاةَ بِيَدَيْكَ وَأَن الْوَحْيَ يَأْتِيكَ يَا مُوسَى إِن لِي عِلْمًا لَا يَنْبَغِي لَكَ أَنْ تَعْلَمَهُ وَإِن لَكَ عِلْمًا لَا يَنْبَغِي لِي أَنْ أَعْلَمَهُ.

وفيها: فَأَضْجَعَهُ ثُم ذَبَحَهُ بِالسكين.

وفيها: فَخَشِينَا أَنْ يُرْهِقَهُمَا طُغْيَانًا وَكُفْرًا أَنْ يَحْمِلَهُمَا حُبُهُ عَلَى أَنْ يُتَابِعَاهُ عَلَى دِينِهِ فَأَرَدْنَا أَنْ يُبَدلَهُمَا رَبُهُمَا خَيْرًا مِنْهُ زَكَاةً.

7068 ـ بۇ رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: ئۇنىڭغا:

ــ ئۆلۈك بېلىقتىن بىرنى ئېلىۋالغىن. شۇ جايغا بارغىنىڭدا، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلىدۇ. ـ دېيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسا بىر بېلىقنى سېۋەتكە سېلىپ، خىزمەتچىسىگە:

ـ بېلىقنىڭ سەندىن ئايرىلغانلىقىنى ماڭا خەۋەر قىلىشىڭدىن باشقا خىزمەت تەلەپ قىلمايمەن، ـ دېدى. خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا:

ـ سەن (مەندىن) كۆپ خىزمەت تەلەپ قىلمىدىڭ، ـ دېدى.

بۇ رىۋايەتتە يەنە مۇنداق كەلگەن: ئۇلار خىزىرنى دېڭىزنىڭ قاق ئوتتۇرىدا يېشىل پالاس ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالەتتە تاپتى.

خىزىر:

ـ ئى مۇسا! قولۇڭدا تەۋرات تۇرسا، الله ساڭا ۋەھىي قىلىدىغان تۇرسا، بۇ ساڭا كۇپايە قىلمامدۇ؟ مەندە سەن بىلسەڭ بولمايدىغان (الله ماڭا ئۆگەتكەن) ئىلىم بار، سەندىمۇ مەن بىلسەم بولمايدىغان (الله ساڭا ئۆگەتكەن) ئىلىم بار، ـ دېدى.

بۇ رىۋايەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: بالىنى ياتقۇزۇپ پىچاق بىلەن بوغۇزلىدى.

بۇنىڭدا يەنە: چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ــ ئانىسىغا تېڭىشىدىن قورقتۇق. يەنى، ئاتا ــ ئانىسى ئۇنىڭغا ئامراقلىقىدىن ئۇنىڭ دىنىغا ئەگىشىپ كېتىمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق، كۆيۈملۈك، سالىھ مۇسۇلمان پەرزەنت ئاتا قىلىشنى خالىدى.

(بۇخارى: 4726)

7069 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّهُ تَمَارَى هُوَ وَالْحُرُّ بْنُ قَيْسِ بْنِ حِصْنٍ الْفَزَارِيُّ فِي صَاحِبِ مُوسَى قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ هُوَ خَضِرٌ فَمَرَّ بِهِمَا أُبَيُّ بْنُ كَعْبٍ فَدَعَاهُ ابْنُ عَبَّاسٍ فَقَالَ إِنِّي تَمَارَيْتُ أَنَا وَصَاحِبِي هَذَا فِي صَاحِبِ مُوسَى الَّذِي سَأَلَ مُوسَى السَّبِيلَ إِلَى لُقِيِّهِ هَلْ سَمِعْتَ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَذْكُرُ شَأْنَهُ قَالَ نَعَمْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ بَيْنَمَا مُوسَى فِي مَلَإٍ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ جَاءَهُ رَجُلٌ فَقَالَ هَلْ تَعْلَمُ أَحَدًا أَعْلَمَ مِنْكَ قَالَ مُوسَى لَا فَأَوْحَى اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ إِلَى مُوسَى بَلَى عَبْدُنَا خَضِرٌ فَسَأَلَ مُوسَى السَّبِيلَ إِلَيْهِ فَجَعَلَ اللَّهُ لَهُ الْحُوتَ آيَةً وَقِيلَ لَهُ إِذَا فَقَدْتَ الْحُوتَ فَارْجِعْ فَإِنَّكَ سَتَلْقَاهُ وَكَانَ يَتْبَعُ أَثَرَ الْحُوتِ فِي الْبَحْرِ فَقَالَ لِمُوسَى فَتَاهُ أَرَأَيْتَ إِذْ أَوَيْنَا إِلَى الصَّخْرَةِ فَإِنِّي نَسِيتُ الْحُوتَ وَمَا أَنْسَانِيهِ إِلَّا الشَّيْطَانُ أَنْ أَذْكُرَهُ قَالَ ذَلِكَ مَا كُنَّا نَبْغِي فَارْتَدَّا عَلَى آثَارِهِمَا قَصَصًا فَوَجَدَا خَضِرًا فَكَانَ مِنْ شَأْنِهِمَا الَّذِي قَصَّ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ فِي كِتَابِهِ.

7069 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھۇر ئىبنى قەيس ئىبنى ھىسن ئەلفەزارى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىكىدىكى كىشى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالدى. ئىبنى ئابباس:

ــ ئۇ خىزىر، ـ دېدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ يېنىدىن ئۇبەي ئىبنى كەئب ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئىبنى ئابباس ئۇنى چاقىرىپ:

ــ مەن بۇ دوستۇم بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئاللاھتىن يول سورىغان كىشى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇ كىشى ھەققىدە نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ ـ دېۋىدى. ئۇبەي:

ــ ھەئە، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «مۇسا بەنى ئىسرائىل جامائىتىنىڭ ئارىسىدا تۇراتتى، بىر ئادەم كېلىپ، مۇسادىن:

ــ سەن ئۆزۈڭدىنمۇ ئالىمراق بىر كىشىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مۇسا:

ــ ياق، ـ دېدى. ئاللاھ مۇساغا ۋەھيى قىلىپ: «بەلكى بىزنىڭ بەندىمىز خىزىر بار» دېدى. مۇسا ئاللاھتىن خىزىرنى قانداق تاپالايدىغانلىقىنى

سورىغانىدى، اللە ئۇنىڭغا بىر بىلىقنى بەلگە قىلىپ بەردى. مۇساغا دېيىلدىكى، سەن قاچان بىلىقنى يوقاتساڭ، كەينىڭگە قايتىپ، بىلىق دېڭىزغا كىرىپ كەتكەن يەرنى ئىزدەپ ماڭساڭ، خىزىر بىلەن ئۇچرىشىسەن. سەپەردە خىزمەتكارى مۇساغا:

ــ قارىمامسەن، بىز تاش ئۇستىدە ئارام ئالغىنىمىزدا، بىلىقنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئۇنى ئېلىۋېلىشنى شەيتان ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ، ـ دېدى. مۇسا:

ـ بۇ دەل بىز كۆزلىگەن نىشان، ـ دېدى ـ دە، ئىككىسى بىلىقنى ئىزدەپ كەلگەن ئىزى بىلەن قايتىپ كېتىۋېتىپ خىزىر ئەلەيھىسسالامنى تاپتى. ئاندىن مۇسا بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا اللە تائالا ئۆز كىتابىدا سۆزلەپ بەرگەن ئىشلار يۈز بەردى».

(بۇخارى: 74)

7070 ـ وفيها: فَٱنطَلَقَا حتى إذا لَقِيَا (غِلْمَانًا يَلْعَبُونَ قال فَٱنطَلَقَ إلى أَحَدِهِمْ بَادِيَ الرأْيِ فَقَتَلَهُ فَذُعِرَ عِنْدَهَا مُوسَى عليه السلَام ذَعْرَةً مُنْكَرَةً قال (أَقَتَلْتَ نَفْسًا زكية بِغَيْرِ نَفْسٍ لقد جِئْتَ شيئا نُكْرًا).

7070 ــ يەنە شۇ رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: (ئىككىسى يەنە بىرلىكتە ماڭدى) ئۇلار ئويناۋاتقان باللارنى ئۇچراتتى، خىزىر ئۇ باللاردىن بىرىنى يەڭگىلللىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا قاتتىق قورقۇپ كېتىپ: ‘‘سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۇڭ، سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ’’ دېدى [1].

(مۇسلىم: 2380)

7071 ـ وفي رواية: قَالَ أَلَمْ أَقُلْ إِنكَ لَنْ تَسْتَطِيعَ مَعِيَ صَبْرًا كَانَتْ الْأُولَى نِسْيَانًا وَالْوُسْطَى شَرْطًا وَالثالِثَةُ عَمْدًا.

---

[1] سۈرە كەھف، 74 ـ ئايەت.

7071 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: (خىزىر) ئېيتتى: ''سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋر ــ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟'' [①]. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى سوئالى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن، ئىككىنچى سوئالى شەرت قويۇش يۈزىسىدىن، ئۈچىنچى سوئالى قەستەن بولدى.

(بۇخارى: 2728)

7072 ـ وفي رواية: وَكَانَ الْحُوتُ قَدْ أُكِلَ مِنْهُ فَلَما قُطِرَ عَلَيْهِ الْمَاءُ عَاē.

7072 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: بېلىقتىن بىر ئاز يېيىلگەن ئىدى، ئۇنىڭغا سۇ تېمىتىلغاندا، قايتا جان كىردى[②].

(تىرمىزى: 3149)

7073 ـ وعَنْ أَبِي الدرْدَاءِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِهِ (وَكَانَ تَحْتَهُ كَنْزٌ لَهُمَا) قَالَ ذَهَبٌ وَفِضةٌ.

7073 ــ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالانىڭ: تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ خەزىنىسى بار ئىدى [③] دېگەن ئايىتىدىكى ''خەزىنە''نى تەپسىر قىلىپ: «ئۇ، ئالتۇن ــ كۈمۈشتۇر» دېگەن[④].

(تىرمىزى: 3152)

7074 ـ عَنْ زَيْنَبَ بِنْتِ جَحْشٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُن أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ عَلَيْهَا فَزِعًا يَقُولُ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَيْلٌ لِلْعَرَبِ مِنْ شَر قَدْ اقْتَرَبَ فُتِحَ الْيَوْمَ مِنْ رَدْمِ يَأْجُوجَ وَمَأْجُوجَ مِثْلُ هَذِهِ وَحَلقَ بِإِصْبَعِهِ الْإِبْهَامِ وَالتِي تَلِيهَا قَالَتْ زَيْنَبُ بِنْتُ جَحْشٍ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَنَهْلِكُ وَفِينَا الصالِحُونَ قَالَ نَعَمْ إِذَا كَثُرَ الْخَبَثُ.

---

[①] سۈرە كەھف، 76 ـ ئايەت.

[②] ئەلبانى (2517): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] سۈرە كەھف، 82 ـ ئايەت.

[④] ئەلبانى (614): ئىنتايىن زەئىپ ـ دېگەن.

7074 ـ زەينەب بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالاقزادە بولغىنىچە يېنىمغا كىرىپ:

—— لا ئىلاھە ئىللاللاھ! ئەرەبلەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان يامانلىقتىن ۋاي! بۈگۈن يەئجۇج —— مەئجۇجنىڭ توسمىسىدىن مۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتتى، ـ دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى دۈگىلەك ھالقا قىلدى. مەن:

—— ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر تۇرسىمۇ ھالاك بولامدۇق؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ ئەگەر يامان ئىش كۆپىيىپ كەتسە، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 3346)

7075 ـ عن أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي السد قَالَ يَحْفِرُونَهُ كُل يَوْمٍ حَتى إِذَا كَادُوا يَخْرِقُونَهُ قَالَ الذِي عَلَيْهِمْ ارْجِعُوا فَسَتَخْرِقُونَهُ غَدًا فَيُعِيدُهُ اللهُ كَأَشَد مَا كَانَ حَتى إِذَا بَلَغَ مُدتُهُمْ وَأَرَادَ اللهُ أَنْ يَبْعَثَهُمْ عَلَى الناسِ قَالَ الذِي عَلَيْهِمْ ارْجِعُوا فَسَتَخْرِقُونَهُ غَدًا إِنْ شَاءَ اللهُ وَاسْتَثْنَى قَالَ فَيَرْجِعُونَ فَيَجِدُونَهُ كَهَيْئَتِهِ حِينَ تَرَكُوهُ فَيَخْرِقُونَهُ فَيَخْرُجُونَ عَلَى الناسِ فَيَسْتَقُونَ الْمِيَاهَ وَيَفِر الناسُ مِنْهُمْ فَيَرْمُونَ بِسِهَامِهِمْ فِي السمَاءِ فَتَرْجِعُ مُخَضبَةً بِالدمَاءِ فَيَقُولُونَ قَهَرْنَا مَنْ فِي الْأَرْضِ وَعَلَوْنَا مَنْ فِي السمَاءِ قَسْوَةً وَعُلُوا فَيَبْعَثُ اللهُ عَلَيْهِمْ نَغَفًا فِي أَقْفَائِهِمْ فَيَهْلِكُونَ فَوَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ إِن دَوَاب الْأَرْضِ تَسْمَنُ وَتَبْطَرُ وَتَشْكَرُ شَكَرًا مِنْ لُحُومِهِمْ.

7075 —— ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توسما ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«يەئجۇج ۋە مەئجۇج توسمىنى ھەر كۈنى كولايدۇ، تۆشۈك ئېچىلاي دەپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ باشلىقى:

ــ ھازىرچە قايتىپ كېتىپ، ئەتە كولاڭلار! ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەتىسى اللە تائالا توسمىنى بۇرۇنقىدىنمۇ مۇستەھكەم قىلىپ ئەسلىگە قايتۇرۇپ قويىدۇ. ئاخىرى ئۇلارغا بەلگىلەنگەن مۇددەت توشۇپ، اللە تائالا ئۇلارنى خالايىققا ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ باشلىقى:

ـــ ھازىرچە قايتىپ، اللە خالىسا، ئەتە كولايسىلەر، ـ دەيدۇ، ئۇلار ئەتىسى كېلىپ، توسمىنى ئاخشىمى قويۇپ كەتكەن ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار توسمىنى تېشىپ، خالايىققا ھۇجۇم قىلىدۇ، سۇلارنى ئىچىپ تۈگىتىۋېتىدۇ. خالايىق ئۇلاردىن قېچىشىدۇ. ئۇلار ئوقلىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتسا، ئوقلىرى قانغا بويالغان ھالدا قايتىپ چۈشىدۇ. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىنىڭ قارىلىقى ۋە ھاكاۋۇرلىقىدىن:

ــ زېمىندىكىلەرنى يەڭدۇق، ئاسماندىكىلەردىن ئۈستۈن كەلدۇق، ـ دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، اللە تائالا ئۇلارنىڭ گەجگىسىگە قۇرت چۈشۈرىدۇ ــ دە، ئۇلار ھالاك بولىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، زېمىندىكى چاھارپايلار ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى يەپ، سېمىرىپ، شاشلىشىپ، سۈتلۈك بولۇپ كېتىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3153)

7076 ـ عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ قَالَ سَأَلْتُ أَبِي قُلْ هَلْ نُنَبِّئُكُمْ بِالْأَخْسَرِينَ أَعْمَالًا هُمْ الْحَرُورِيَّةُ قَالَ لَا هُمْ الْيَهُودُ وَالنَّصَارَى أَمَّا الْيَهُودُ فَكَذَّبُوا مُحَمَّدًا صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَمَّا النَّصَارَى فَكَفَرُوا بِالْجَنَّةِ وَقَالُوا لَا طَعَامَ فِيهَا وَلَا شَرَابَ وَالْحَرُورِيَّةُ الَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَكَانَ سَعْدٌ يُسَمِّيهِمْ الْفَاسِقِينَ.

7076 ــ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى مۇسئەبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن دادامدىن:

[1] ئەلبانى (2520): سەھىھ ـ دېگەن.

ــــ سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ [1] دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر ھەرۇرىيە خاۋارىجلىرىمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــــ ياق، ئۇلار يەھۇدىي ـ ناسارالار. يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى. ناسارالار بولسا، جەننەتنى ئىنكار قىلىپ: جەننەتتە يېمەك ــ ئىچمەك يوق، ـ دېدى. ھەرۇرىيە خاۋارىجلىرى بولسا، اللهقا قىلغان ئەھدىسىنى بۇزۇۋەتتى.

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ئۇلارنى پاسىقلار دەپ ئاتايتتى.

(بۇخارى: 4728)

7077 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِنهُ لَيَأْتِي الرجُلُ الْعَظِيمُ السمِينُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لَا يَزِنُ عِنْدَ اللهِ جَنَاحَ بَعُوضَةٍ وَقَالَ اقْرَءُوا فَلَا نُقِيمُ لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَزْنًا.

7077 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى ئېگىز بويلۇق، سېمىز بىر ئادەم كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم اللهنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ كەلمەيدۇ» دېگەندىن كېيىن: قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز [2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار! ـ دېدى.

(بۇخارى: 4729)

7078 ـ عَنْ أَبِي سَعْدِ بْنِ أَبِي فَضَالَةَ الْأَنْصَارِيِ وَكَانَ مِنْ الصحَابَةِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِذَا جَمَعَ اللهُ الناسَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لِيَوْمٍ لَا رَيْبَ فِيهِ نَادَى مُنَادٍ مَنْ كَانَ أَشْرَكَ فِي عَمَلٍ عَمِلَهُ لِلهِ أَحَدًا فَلْيَطْلُبْ ثَوَابَهُ مِنْ عِنْدِ غَيْرِ اللهِ فَإِن اللهَ أَغْنَى الشرَكَاءِ عَنْ الشرْكِ.

---

[1] سۈرە كەھف، 103 ـ ئايەت.

[2] سۈرە كەھف، 105 ـ ئايەت.

7078 ـ ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ فەزالە ئەنسارى دېگەن ساھابىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا قىيامەت كۈنى پۈتۈن خالايىقنى توپلىغاندا، جاكارچى: كىمكى الله ئۈچۈن قىلغان بىر ئەمەلگە باشقا بىرىنى شېرىك قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ساۋابىنى اللهتىن غەيرىدىن تەلەپ قىلسۇن. چۈنكى الله تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قىلىنغان ئەمەلگە ئەڭ بىھاجەتتۇر، ـ دەپ جاكارلايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3154)

7079 ـ ابن عُمَرَ رفعه: إن السري الذي قال اللهُ عز وجل (قد جَعَلَ رَبـُّكِ تَحْتَكِ سَرِيا) نَهْرٌ أَخْرَجَهُ اللهُ لِتشْرَبَ منه.

7079 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«الله تائالانىڭ: پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرغان) بىر ئېرىقنى پەيدا قىلدى [2] دېگەن ئايىتىدىكى ”ئېرىق“ الله تائالا مەريەمنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن پەيدا قىلىپ بەرگەن ئېرىقتۇر»[3].

(«ئەلكەبىر»: 13303)

7080 ـ عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ لَما قَدِمْتُ نَجْرَانَ سَأَلُونِي فَقَالُوا إنكُمْ تَقْرَءُونَ يَا أُخْتَ هَارُونَ وَمُوسَى قَبْلَ عِيسَى بِكَذَا وَكَذَا فَلَما قَدِمْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَأَلْتُهُ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ إنهُمْ كَانُوا يُسَمونَ بِأَنْبِيَائِهِمْ وَالصالِحِينَ قَبْلَهُمْ.

[1] ئەلبانى (2521): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] سۈرە مەريەم، 24 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11156): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئابدۇللاھ بابۆلتى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

7080 ــ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: نەجران قەبىلىسى (نىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى مەدىنىگە) كەلگەندە، مەندىن:

ـ سىلەر: ﴿ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى!﴾ [1] دەپ ئوقۇيدىكەنسىلەر، مۇسا دېگەن ئىيسادىن مۇنچىلىك يىل ئىلگىرى ئۆتكەن تۇرسا، مەريەم قانداقمۇ مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى بولۇپ قالىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ ھەقتە سورىسام:

«ئۇلار ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارنىڭ ئاتلىرىنى قويۇشاتتى» دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2135)

7081 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِجِبْرِيلَ مَا يَمْنَعُكَ أَنْ تَزُورَنَا أَكْثَرَ مِما تَزُورُنَا فَنَزَلَتْ وَمَا نَتَنزلُ إلا بِأَمْرِ رَبكَ لَهُ مَا بَيْنَ أَيْدِينَا وَمَا خَلْفَنَا.

7081 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىلغا:

ـ بىزنى ھازىرقىدىن كۆپرەك يوقلاپ تۇرساڭ بولمامدۇ؟ ـ دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿بىز (دۇنياغا) پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى، ئارقىمىزدىكى ۋە ئالدى ــ كەينىمىز ئارىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر، پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى) ئۇنتۇمايدۇ﴾ [2] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

(بۇخارى: 4731)

[1] سۈرە مەريەم، 26 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مەريەم، 64 ـ ئايەت.

7082 ـ عن أم مُبشر أنها سَمِعَتْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ عِنْدَ حَفْصَةَ لَا يَدْخُلُ النارَ إنْ شَاءَ اللهُ مِنْ أَصْحَابِ الشجَرَةِ أَحَدٌ الذِينَ بَايَعُوا تَحْتَهَا قَالَتْ بَلى يَا رَسُولَ اللهِ فَانْتَهَرَهَا فَقَالَتْ حَفْصَةُ وَإِنْ مِنْكُمْ إلا وَارِدُهَا فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ قَالَ اللهُ عَز وَجَل ثُم نُنَجي الذِينَ اتقَوْا وَنَذَرُ الظالِمِينَ فِيهَا جِثِيا.

7082 ـ ئۇممۇ مۇبەششىر رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەفسەنىڭ قېشىدىكى چاغدا:

ـــ دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلاردىن بىرەرسىمۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ، ئىنشائاللاھ! ـ دېدى. ھەفسە:

ـ ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! كىرىدۇ. ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇنداق دېمەسلىككە بۇيرىدى. ھەفسە: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ[1] دېگەن ئايەتچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ الله تائالا: ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز[2] دېدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2496)

7083 ـ عن عَبْد اللهِ بْن مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَـرِدُ الناسُ النارَ ثُم يَصْدُرُونَ مِنْهَا بِأَعْمَالِهِمْ فَأَولُهُمْ كَلَمْحِ الْبَرْقِ ثُم كَالريحِ ثُم كَحُضْرِ الْفَرَسِ ثُم كَالراكِبِ فِي رَحْلِهِ ثُم كَشَد الرجُلِ ثُم كَمَشْيِهِ.

7083 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] سۇرە مەريەم، 71 ـ ئايەت.

[2] سۇرە مەريەم، 72 ـ ئايەت.

«كىشىلەر دوزاخ ئالدىغا كېلىشىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدىن قىلغان ئەمەللىرىنىڭ پەرزلى بىلەن قايتىپ كېتىدۇ، ئەڭ تېز كەتكىنى چاقماق تېزلىكىدە، ئۇندىن كېيىنكىسى شامال تېزلىكىدە، ئۇندىن كېيىنكىسى يۈگۈرۈك ئاتنىڭ تېزلىكىدە، ئۇندىن كېيىنكىسى تېز چاپقان تۆگىنىڭ تېزلىكىدە، ئۇندىن كېيىنكىسى نورمال ئىنسان يۈگۈرگەن تېزلىكتە، ئۇندىن كېيىنكىسى پىيادە ماڭغان تېزلىكتە كېتىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3159)

7084 ـ عن جَابِر بْن عَبْدِ اللهِ: وأَهْوَى بِإِصْبَعَيْهِ إِلَى أُذُنَيْهِ وَقَالَ صُمَتَا إِنْ لَمْ أَكُنْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْوُرُودُ الدخُولُ لَا يَبْقَى بَر وَلَا فَاجِرٌ إِلا دَخَلَهَا فَتَكُونُ عَلَى الْمُؤْمِنِ بَرْدًا وَسَلَامًا كَمَا كَانَتْ عَلَى إِبْرَاهِيمَ حَتى إِن لِلنارِ أَوْ قَالَ لِجَهَنمَ ضَجِيجًا مِنْ بَرْدِهِمْ ثُم يُنَجي اللهُ الذِينَ اتقَوْا وَيَذَرُ الظالِمِينَ فِيهَا جِثِيا.

7084 ـــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككى بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىغا تىقىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ئەگەر بۇ ئىككى قۇلىقىم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئايەتتىكى بېرىش دېگەن سۆز كىرىش دېمەكتۇر. يەنى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن ھەرقانداق كىشى دوزاخقا كىرمەي قالمايدۇ، لېكىن ئوت مۇئمىنگە ئىبراھىمغا بولغاندەك سالقىن ۋە ئامانلىق بولىدۇ، ھەتتاكى دوزاخ ئۇلارنىڭ سالقىنلىقىدىن ۋايسىراپ كېتىدۇ، ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز [2] دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغان بولسا، گاس بولۇپ كەتسۇن[3].

(ئەھمەد: 14560)

---

[1] ئەلبانى (2526): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە مەريەم، 72 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11159): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7085 ـ عن خَبابٍ قال كنت رَجُلًا قَيْنًا وكان لي على العاصي بن وَائِـلٍ دَيْـنٌ فَأَتَيْتُهُ أَتقَاضَاهُ فقال لي لَا أَقْضِيكَ حG تَكْفُرَ بِمُحَمدٍ قال قلت لَنْ أَكْفُرَ بِهِ حG تَمُوتَ ثُم تُبْعَثَ قال وَإِني لَمَبْعُوثٌ من بَعْدِ الْمَوْتِ فَسَوْفَ أَقْضِيكَ إذا رَجَعْتُ إБ مَالٍ وَوَلَدٍ قـال فَنَزَلَتْ (أَفَرَأَيْتَ الذي كَفَرَ بِآيَاتِنَا وقال لَأُوتَين مَالًا وَوَلَدًا أَطلَعَ الْغَيْبَ أَمْ اتخَذَ عِنْدَ الرϸن عَهْدًا كَلا سَنَكْتُبُ ما يقول وَنَمُد له من الْعَذَابِ مَدا وَنَرِثُهُ ما يقول وَيَأْتِينَا فَرْدًا).

7085 ـ خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە تۆمۈرچىلىك قىلاتتىم. مېنىڭ ئاس ئىبنى ۋائىلدا ئېلىشىم بار ئىدى. ئۇنى سوْلەپ كەلسەم، ئاس ئىبنى ۋائىل:

ـ سەن مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)دىن تانمىغۇچە ئېلىشىڭنى بەرمەيمەن، ـ دېدى، مەن:

ـ الله سېنى ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرمىگىچە مەن ئۇنىڭدىن تانمايمەن، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ مەن ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن تىرىلەمدىمەن؟ قايتا تىرىلىپ، قولۇمغا مال ـ دۇنيا تېگىپ قالسا، قەرزىمنى شۇ چاغدا بېرەي، ـ دېدى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي: بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە: ماڭا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە مال ـ مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىلىدۇ، ـ دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ غەيىبنى بىلگەنمۇ؟ ياكى مەرھەمەتلىك اللهنىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئازابنى كۈچەيتىمىز. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى (يەنى مېلىنى ۋە ئەۋلادىنى) باشقىلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرىمىز، ئۇ ئالدىمىزغا تەنها كېلىدۇ [1] دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى. (بۇخارى: 4735)

[1] سۈرە مەريەم، 77 ـ دىن 80 ـ ئايەتكىچە.

## تاھا، ئەنبىيا، ھەج ۋە مۇئمىنۇن سۈرىلىرى

7086 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن الله قرأ طـه ويس قبل أن يخلق آدم بألف عام فلما سمعت الملائكة القرآن قالوا طوبى لأمة ينزل هـذا عليها وطوبى لأجواف تحمل هذا وطوبى لألسن تكلم بذا.

7086 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا تاھا بىلەن ياسىننى ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلىشتىن مىڭ يىل بۇرۇن ئوقۇغان. پەرىشتىلەر قۇرئاننى ئاڭلىغاندا: بۇ قۇرئان نازىل قىلىنىدىغان ئۈممەت نېمىدېگەن بەختلىك! بۇنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان كىشىلەر نېمىدېگەن بەختلىك! بۇنى ئوقۇيدىغان كىشىلەر نېمىدېگەن بەختلىك! ـ دېگەن»[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 4876)

7087 ـ عن علي قال: كانَ النبِي صلى الله عليه وسلم يُرَاوِحُ بْينَ قَدَمْيِه يَقُـومُ عَلَى كُل رِجْلٍ، حَتى نَزَلَتْ: (مَا أَنزَلْنا عَلَيْكَ الْقُرْءَانَ لِتَشْقَى) الآية.

7087 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىردەم بىر پۇتىدا، بىردەم يەنە بىر پۇتىدا تۇرۇپ، ئىككى پۇتىنى نۆۋەت بىلەن ئارام ئالدۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى. بىر كۈنى، الله تائالانىڭ: تاھا (يەنى، ئى مۇھەممەد!)

---

[①] ھەيسەمى (11163): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىبراھىم ئىبنى مۇھاجىرنى بەزىلەر ھەدىسى زەئىپ دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن نازىل قىلمىدۇق [1] دېگەن ئايەتلىرى نازىل بولدى[2].

(بەززار: 2232)

7088 ـ عن عبد الله بن سلام قال كان النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إذا نزل بأهله الضيق أمرهم بالصلاة ثم قرأ (وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصلاَةِ وَاصْطَبِرْ عليها) الآية.

7088 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالا ــ چاقىلىرى تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا يولۇققاندا، ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇپ: (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرىغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز، ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر [3] دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتى[4].

(«ئەلئەۋسەت»: 886)

7089 ـ بَلَغَ بن مَسْعُودٍ أن مَرْوَانَ يقول وَآتَيْنَاهُ أَهْلَهُ وَمِثْلَهُمْ مَعَهُمْ قال أتى أَهْلا غير أَهْلِهِ فقال بن مَسْعُودٍ بَلْ أتى باهله بِأَعْيَانِهِمْ وَمِثْلِهِمْ مَعَهُمْ.

7089 ــ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭغا مەرۋاننىڭ: ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرىۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ

[1] سۈرە تاھا، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (11165): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد ئىبنى بىلال ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] سۈرە تاھا، 132 ـ ئايەت.

[4] ھەيسەمى (11173): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق[1] دېگەن ئايەت ھەققىدە: الله تائالا ئۇنىڭغا باشقا بىر ئايالنى بەرگەن، ـ دېگەنلىكى يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە: ياق، ئۇنىڭغا بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئۆزى ۋە يەنە بىر ھەسسىسىنى ئارتۇق ئاتا قىلغان، ـ دېگەن[2].

(«ئەلكەبىر»: 9085)

7090 ـ عن سَعْدٍ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: دَعْوَةُ ذِي النون إِذْ هُوَ فِي بَطْنِ الْحُوتِ لَا إِلَهَ إِلا أَنتَ سُبْحَانَكَ إِني كُنتُ مِنْ الظالِمِينَ فَإِنهُ لَمْ يَدْعُ بِهَا مُسْلِمٌ رَبهُ فِي شَيْءٍ قَط إِلا اسْتَجَابَ لَهُ.

7090 ــ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «زۇننۇن (يۇنۇس ئەلەيھىسسالام) كىتنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ: (پەرۋەردىگارىم!) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەفسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم[3] دەپ دۇئا قىلغانىدى، قايسىبىر مۇسۇلمان مۇشۇ دۇئانى قىلىپ، رەببىدىن (بىر نەرسە) تىلىسە، رەببى ئۇنى ئىجابەت قىلماي قالمايدۇ»[4].

(ئەھمەد: 1462)

7091 ـ عَنِ ابن عَباسٍ قال لَما نَزَلَتْ (إِنكُمْ وما تَعْبُدُونَ من دُونِ اللهِ حَصَبُ جَهَنمَ أَنْتمْ لها وَارِدُونَ) قال عبد اللهِ بن الزبعري أنا أَخْصِمُ لَكُمْ مُحَمدًا فقال يا مُحمد أَلَيْسَ فِيمَا أُنزِلَ اللهُ عَلَيْكَ) إِنكُمْ وما تَعْبُدُونَ من دُونِ اللهِ حَصَبُ جَهَنمَ أَنْتمْ لها وَارِدُونَ

---

[1] سۇرە ئەنبىيا، 84 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11174): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى مۇنقەتىئتۇر. ئۇنىڭ سەنەدىدە يەنە يەھيا ھامانىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] سۇرە ئەنبىيا، 87 ـ ئايەت.

[4] ھەيسەمى (11176): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاستىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئىبراھىمنى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

( قال نعم قال فَهَذِهِ النصَارَى تَعْبُدُ عِيسَى وَهَذِهِ الْيهُودُ تَعْبُدُ عُزَيْرًا وَهَذِهِ بنو تَمِيمٍ تَعْبُدُ الْمَلائِكَةَ فَهَؤُلاءِ في النارِ فَأَنزَلَ اللهُ عز وجل (إن الذِينَ سَبَقَتْ لهم مِنا الْحُسْنَى أُولَئِكَ عنها مُبْعَدُونَ).

7091 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالانىڭ: (ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر اللهنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرى دېگەن بەدبەخت: "مەن سىلەرگە مۇھەممەدنى مات قىلىپ بېرىمەن" دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

ـ ئى مۇھەممەد! الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاندا: (ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر اللهنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر دەپ بار ئەمەسمۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، بار، ـ دېدى. ئۇ:

ـ خرىستىئانلار ئىيساغا ئىبادەت قىلىدۇ، يەھۇدىيلار ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلىدۇ، بەنۇ تەمىم قەبىلىسى پەرىشتىلەرگە چوقۇنىدۇ. ئۇنداقتا، ئاشۇ ئىبادەت قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرەمدۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: بىز تەرەپتىن بېرىلگەن بەخت ـ سائادەتكە تېگىشلىك بولغانلار (يەنى تائەت ـ ئىبادەتكە تەۋفىق بېرىلىپ، توغرا يولدا ئىبادەت قىلغان سائادەتمەن بەندىلەر) دوزاختىن يىراق قىلىنىدۇ [2] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[3].

(«ئەلكەبىر»: 12739)

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 98 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنبىيا، 101 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11178): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى بەھدەلە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

7092 ـ عَنِ ابن عَباسٍ وما أَرْسَلْناكَ إلا رَحْمَةً لِلْعالَمِينَ قال من تَبِعَهُ كان له رَحْمَةً في الدُّنْيا وَالآخِرَةِ وَمَنْ لم يَتْبَعْهُ عُوفِيَ مِما كان يُبْتَلى سَائِرُ الأُمَمِ مِنَ الْمَسْخِ وَالْخَسْفِ وَالْقَذْفِ.

7092 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق ① دېگەن ئايىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمەت بولىدۇ (يەنى ئەگەشكۈچى كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋەبى بىلەن رەھمەتكە ئېرىشىدۇ). ئەگەشمىگەنلەر بولسا، (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن) ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر مۇبتىلا بولغان سۈرىتى ئۆزگەرتىلىش، يەر يۈتۈپ كېتىش ۋە ئاسماندىن تاش يېغىشتەك بالالاردىن سالامەت قالىدۇ②.

(«ئەلكەبىر»: 12358)

7093 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ وَمِنْ الناسِ مَنْ يَعْبُدُ اللهَ عَلَى حَرْفٍ قَالَ كَانَ الرجُلُ يَقْدَمُ الْمَدِينَةَ فَإِنْ وَلَدَتْ امْرَأَتُهُ غُلَامًا وَنُتِجَتْ خَيْلُهُ قَالَ هَذَا دِينٌ صَالِحٌ وَإِنْ لَمْ تَلِدْ امْرَأَتُهُ وَلَمْ تُنْتَجْ خَيْلُهُ قَالَ هَذَا دِينُ سُوءٍ.

7093 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: بەزىلەر اللەقا شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە، دىندا تۇرىدۇ (مۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، اللەقا دىلى بىلەن ئەمەس، پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر بەختسىزلىك يەتسە، دىنىدىن يېنىۋالىدۇ. ئۇ، دۇنيا ۋە

① سۈرە ئەنبىيا، 107 ـ ئايەت.

② ھەيسەمى (11180): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەييۇب ئىبنى سۇۋەيد ئىسىملىك ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىياندۇر [1] دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: بەزى كىشىلەر مەدىنىگە كېلىپ، ئايالى ئوغۇل تۇغسا ياكى ئېتى تايچاقلىسا: بۇ ياخشى دىن ئىكەن، ـ دەيتتى. ئەگەر ئايالىمۇ، ئېتىمۇ تۇغمىسا: بۇ يامان دىن ئىكەن، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 4742)

7094 ـ عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أَنَا أَوَّلُ مَنْ يَجْثُو بَيْنَ يَدَيِ الرَّحْمَنِ لِلْخُصُومَةِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ قَالَ قَيْسٌ وَفِيهِمْ نَزَلَتْ هَذَانِ خَصْمَانِ اخْتَصَمُوا فِي رَبِّهِمْ قَالَ هُمْ الَّذِينَ بَارَزُوا يَوْمَ بَدْرٍ عَلِيٌّ وَحَمْزَةُ وَعُبَيْدَةُ وَشَيْبَةُ بْنُ رَبِيعَةَ وَعُتْبَةُ بْنُ رَبِيعَةَ وَالْوَلِيدُ بْنُ عُتْبَةَ.

7094 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى، دەۋا ئۈچۈن اللەنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىغان تۇنجى ئادەم مەن بولىمەن.

قەيس ئىبنى ئۇباد مۇنداق دېگەن: بۇ ئىككى (پىرقە) پەرۋەردىگارى توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتى [2] دېگەن ئايەت بەدر غازىتىدا يەككە ئېلىشقانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار: ئەلى، ھەمزە، ئۇبەيدە بىلەن شەيبە ئىبنى رەبىيئە، ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە ۋە ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە قاتارلىقلاردۇر. (بۇخارى: 4744).

7095 ـ عن عبد الله بن مسعود رَفَعَهُ: في قَوْلِهِ عز وجل (وَمَنْ يُرِدْ فيه بِإِلْحَادٍ بِظُلْمٍ) قال لو أن رَجُلاً هَم فيه بإلحاد وهو بِعَدَن أَبْيَنَ لأذاقه الله عز وجل عَذَاباً أَلِيماً.

7095 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللە تائالانىڭ: كىمكى مەسجىدى ھەرامدا زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن،

[1] سۈرە ھەج، 14 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەج، 19 ـ ئايەت.

ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز[①] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«ناۋادا بىر ئادەم ئەدەن ئەبيەن دېگەن شەھەردە تۇرۇپ ھەرەمدە زۇلۇم قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكسە، ئەلۋەتتە، الله تائالا ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىدۇ»[②].

(ئەھمەد: 4071؛ مەۋسىلى: 5384 ۋە بەززار)

7096 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزُّبَيْرِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا سُميَ الْبَيْتَ الْعَتِيقَ لِأَنهُ لَمْ يَظْهَرْ عَلَيْهِ جَبارٌ.

7096 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(بەيتۇللاھنىڭ) قەدىمىي ئۆي دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ (تاكى ھازىرغىچە) بىرەر زومىگەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىدى»[③].

(تىرمىزى: 3170).

7097 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَما أُخْرِجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ مَكةَ قَالَ أَبُو بَكْرٍ أَخْرَجُوا نَبِيهُمْ إِنا لِلهِ وَإِنا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ لَيَهْلِكُن فَنَزَلَتْ أُذِنَ لِلذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنهُمْ ظُلِمُوا وَإِن اللهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ فَعَرَفْتُ أَنهُ سَيَكُونُ قِتَالٌ قَالَ ابْنُ عَباسٍ فَهِيَ أَولُ آيَةٍ نَزَلَتْ فِي الْقِتَالِ.

7097 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن چىقىرىلغاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ ئۇلار پەيغەمبىرىنى چىقىرىۋېتىشتى، بىز چوقۇم اللهنىڭ ئىلكىدىمىز، ئاخىرى ئۇنىڭغا قايتىمىز، ئۇلار چوقۇم ھالاك بولۇپ

---

① سۈرە ھەج، 25 ـ ئايەت.

② ھەيسەمى (11184): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، مەۋسىلى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (619): زەئىپ، ـ دېگەن.

كېيىندۇ. ـ دېدى. كۆپ ئۆتمەي، الله تائالانىڭ: ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. شۇ چاغدا، مەن ئۇرۇش بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدىم، شۇڭا بۇ ئايەت ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە نازىل قىلىنغان تۇنجى ئايەتتۇر[2].

(نەسائى: 3085)

7198 ـ عن عَائِشَةَ زَوْجَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ هَذِهِ الْآيَةِ وَالذِينَ يُؤْتُونَ مَا آتَوْا وَقُلُوبُهُمْ وَجِلَةٌ قَالَتْ عَائِشَةُ أَهُمْ الذِينَ يَشْرَبُونَ الْخَمْرَ وَيَسْرِقُونَ قَالَ لَا يَا بِنْتَ الصديقِ وَلَكِنهُمْ الذِينَ يَصُومُونَ وَيُصَلونَ وَيَتَصَدقُونَ وَهُمْ يَخَافُونَ أَنْ لَا يُقْبَلَ مِنْهُمْ أُولَئِكَ الذِينَ يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ.

7098 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن الله تائالانىڭ: سەدىقە بېرىدىغان، ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر [3] دېگەن ئايىتى ھەققىدە:

ـ ئۇلار ھاراق ئىچىپ، ئوغرىلىق قىلىدىغانلارمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، ئى سىددىقنىڭ قىزى! ئۇلار روزا تۇتىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان، زاكات بېرىدىغان تۇرۇقلۇق ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلار بولۇپ، ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر. ـ دېدى[4].

(تىرمىزى: 3175)

---

[1] سۈرە ھەج، 39 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2890): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[3] سۈرە مۇئمىنۇن، 60 ـ ئايەت.

[4] ئەلبانى (2537): سەھىھ ـ دېگەن.

7199 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ قَالَ وَهُمْ فِيهَا كَالِحُونَ قَالَ تَشْوِيهِ النارُ فَتقَلصُ شَفَتُه الْعُلْيا حَتى تَبلُغَ وَسَطَ رَأْسِهِ وَتَسْتَرْخِي شَفَتُه السفْلَى حَتى تَضْرِبَ سُرتَه.

7099 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«ئوت ئۇنى كاۋاپ قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكى قورۇلۇپ، بېشىنىڭ يېرىمىغىچە كېلىپ قالىدۇ. ئاستىنقى كالپۇكى ساڭگىلاپ كىندىكىگىچە چۈشىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2587)

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 104 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (621): زەئىپ، ـ دېگەن.

7100 ـ عن عَمْرِو بن شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ كَانَ رَجُلٌ يُقَالُ لَهُ مَرْثَدُ بْنُ أَبِي مَرْثَدٍ وَكَانَ رَجُلًا يَحْمِلُ الْأَسْرَى مِنْ مَكةَ حَتى يَأْتِيَ بِهِمْ الْمَدِينَةَ قَالَ وَكَانَتْ امْرَأَةٌ بَغِي بِمَكةَ يُقَالُ لَهَا عَنَاقٌ وَكَانَتْ صَدِيقَةً لَهُ وَإِنهُ كَانَ وَعَدَ رَجُلًا مِنْ أُسَارَى مَكةَ يَحْمِلُهُ قَالَ فَجِئْتُ حَتى انْتَهَيْتُ إِلَى ظِل حَائِطٍ مِنْ حَوَائِطِ مَكةَ فِي لَيْلَةٍ مُقْمِرَةٍ قَالَ فَجَاءَتْ عَنَاقٌ فَأَبْصَرَتْ سَوَادَ ظِلي بِجَنْبِ الْحَائِطِ فَلَما انْتَهَتْ إِلَي عَرَفَتْهُ فَقَالَتْ مَرْثَدٌ فَقُلْتُ مَرْثَدٌ فَقَالَتْ مَرْحَبًا وَأَهْلًا هَلُم فَبِتْ عِنْدَنَا اللَيْلَةَ قَالَ قُلْتُ يَا عَنَاقُ حَرمَ اللهُ الزنَا قَالَتْ يَا أَهْلَ الْخِيَامِ هَذَا الرجُلُ يَحْمِلُ أَسْرَاكُمْ قَالَ فَتَبِعَنِي ثَمَانِيَةٌ وَسَلَكْتُ الْخَنْدَمَةَ فَانْتَهَيْتُ إِلَى كَهْفٍ أَوْ غَارٍ فَدَخَلْتُ فَجَاءُوا حَتى قَامُوا عَلَى رَأْسِي فَبَالُوا فَظَل بَوْلُهُمْ عَلَى رَأْسِي وَأَعْمَاهُمْ اللهُ عَني قَالَ ثُم رَجَعُوا وَرَجَعْتُ إِلَى صَاحِبِي فَحَمَلْتُهُ وَكَانَ رَجُلًا ثَقِيلًا حَتى انْتَهَيْتُ إِلَى الْإِذْخِرِ فَفَكَكْتُ عَنْهُ كَبْلَهُ فَجَعَلْتُ أَحْمِلُهُ وَيُعْيِينِي حَتى قَدِمْتُ الْمَدِينَةَ فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَنْكِحُ عَنَاقًا فَأَمْسَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يَرُد عَلَي شَيْئًا حَتى نَزَلَتْ الزانِي لَا يَنْكِحُ إِلا زَانِيَةً أَوْ مُشْرِكَةً وَالزانِيَةُ لَا يَنْكِحُهَا إِلا زَانٍ أَوْ مُشْرِكٌ وَحُرمَ ذَلِكَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا مَرْثَدُ الزانِي لَا يَنْكِحُ إِلا زَانِيَةً أَوْ مُشْرِكَةً وَالزانِيَةُ لَا يَنْكِحُهَا إِلا زَانٍ أَوْ مُشْرِكٌ فَلَا تَنْكِحْهَا.

7100 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ مەرسەد ئىسىملىك بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇ مەككىدىكى مۇشرىكلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلارنى (قۇتۇلدۇرۇپ) مەدىنىگە ئېلىپ كېلەتتى. مەككىدە ئەناق ئىسىملىك بىر پاھىشە ئايال ئۇنىڭ ئاشنىسى ئىدى. مەرسەد مەككىدە ئاسارەتتە قالغان بىر مۇسۇلماننى مەدىنىگە يۆتكەپ قويۇشقا ۋەدە بەرگەنىدى. (رىۋايەتنىڭ داۋامىدا) مەرسەد مۇنداق دېگەن: بىر ئايدىڭ كېچىدە مەككە تاملىرىدىن بىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردۇم. شۇ ئەسنادا ئەناق

كېلىپ قالدى. ئۇ سايەمنى كۆرۈپ، ماڭا يېقىنلىشىپ كەلدى، ـ دە، تونۇپ قېلىپ:

ـ مەرسەدمۇسەن؟ ـ دېدى، مەن:

ـ ھەئە، مەن شۇ، ـ دېدىم، ئۇ:

ـ مەرھابا، بۇ كېچىنى مەن بىلەن ئۆتكۈزگىن! ـ دېدى. مەن:

ـ ئى ئەناق! الله تائالا زىنانى ھارام قىلىۋەتتى، ـ دېدىم. ئۇ مېنى ئىندەككە كەلتۈرەلمەي:

ـ ئىي خالايىق! بۇ، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرنى ئېلىپ قاچىدىغان ئادەم بولىدۇ، ـ دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سەككىز ئادەم يۈگۈرۈپ كەلدى. مەن خەندەمە تېغىغا قاراپ قېچىپ، بىر غارغا يوشۇرۇنىۋالدىم. قوغلاپ كەلگەنلەر بېشىمنىڭ ئۈستىگە كېلىپ تۇردى، لېكىن مېنى كۆرمىدى. بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، كىچىك تەرىتىنى راۋا قىلىشتى، ئۇلارنىڭ سۈيدۈكى بېشىمغا چۈشتى. الله تائالا ئۇلارغا مېنى كۆرسەتمىدى. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، مەنمۇ ۋەدىلەشكەن ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى يۈدۈپ ماڭدىم. ئۇ ئىنتايىن ئېغىر بىر ئادەم ئىدى. مەككە سىرتىدىكى چىغلىقا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كىشەنلىرىنى يەشتىم. ئۇنى تاكى مەدىنىگە بارغىچە كۆتۈرۈپ ماڭدىم، مېنى قاتتىق چارچىتىۋەتتى. مەدىنىگە كېلىپلا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەناقنى نىكاھىمغا ئالايمۇ؟ ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمەي جىم تۇرىۋالدى. كېيىن الله تائالانىڭ:

زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ، زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ، ئۇ (يەنى زىنا) مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ماڭا ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن:

[1] سۈرە نۇر، 3 ـ ئايەت.

ــ ئۇنى ئالمىغىن! ــ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3177)

7101 ــ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ إِن أولَ لِعَانٍ كَانَ فِي الْإِسْلَامِ أن هِلَالَ بْنَ أُمَيةَ قَذَفَ شَرِيكَ بْنَ السحْمَاءِ بِامْرَأَتِهِ الحديث المتقدم في اللعان وفيه: نزول آيَةُ اللعَان وَالذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ.

7101 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھىلال ئىبنى ئۇمەييە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆز ئايالىنىڭ شەرىك ئىبنى سەھما بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى (يەنى قارىلىدى). اللە تائالا: خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، اللەنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن. بەشىنچى قېتىمدا: ”ئەگەر يالغانچى بولسام، ماڭا اللەنىڭ لەنىتى بولسۇن“ دېسۇن. خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە اللەنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. بەشىنچى قېتىمدا: ”ئەگەر ئۇ راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا اللەنىڭ غەزىۋى بولسۇن“ دەپ قەسەم قىلىدۇ [2] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆز گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن لەنەتلىشىشكە چاقىردى. مانا بۇ، ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى لەنەتلىشىش ئىدى[3].

(نەسائى: 3469)

7102 ــ عَنْ ابْنِ شِهَابٍ قَالَ حَدثَنِي عُرْوَةُ بْنُ الزبَيْرِ وَسَعِيدُ بْنُ الْمُسَيبِ وَعَلْقَمَةُ بْنُ وَقاصٍ وَعُبَيْدُ اللهِ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُتْبَةَ بْنِ مَسْعُودٍ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجِ

[1] ئەلبانى (2538): سەنەدى ھەسەن، ــ دېگەن

[2] سۈرە نۇر، 6 ــ دىن 9 ــ ئايەتكىچە.

[3] ئەلبانى (3246): سەنەدى سەھىھ ــ دېگەن.

النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حِينَ قَالَ لَهَا أَهْلُ الْإِفْكِ مَا قَالُوا وَكُلُّهُمْ حَدَّثَنِي طَائِفَـةً مِـنْ حَدِيثِهَا وَبَعْضُهُمْ كَانَ أَوْعَى لِحَدِيثِهَا مِنْ بَعْضٍ وَأَثْبَتَ لَهُ اقْتِصَاصًا وَقَدْ وَعَيْتُ عَنْ كُـلِّ رَجُلٍ مِنْهُمْ الْحَدِيثَ الَّذِي حَدَّثَنِي عَنْ عَائِشَةَ وَبَعْضُ حَدِيثِهِمْ يُصَدِّقُ بَعْضًـا وَإِنْ كَـانَ بَعْضُهُمْ أَوْعَى لَهُ مِنْ بَعْضٍ قَالُوا قَالَتْ عَائِشَةُ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلَّمَ إِذَا أَرَادَ سَفَرًا أَقْرَعَ بَيْنَ أَزْوَاجِهِ فَأَيُّهُنَّ خَرَجَ سَهْمُهَا خَرَجَ بِهَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلَّمَ مَعَهُ قَالَتْ عَائِشَةُ فَأَقْرَعَ بَيْنَنَا فِي غَزْوَةٍ غَزَاهَا فَخَرَجَ فِيهَا سَهْمِي فَخَرَجْـتُ مَـعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَعْدَ مَا أُنْزِلَ الْحِجَابُ فَكُنْتُ أُحْمَلُ فِي هَوْدَجِي وَأُنْـزَلُ فِيهِ فَسِرْنَا حَتَّى إِذَا فَرَغَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ غَزْوَتِهِ تِلْكَ وَقَفَلَ دَنَوْنَا مِـنْ الْمَدِينَةِ قَافِلِينَ آذَنَ لَيْلَةً بِالرَّحِيلِ فَقُمْتُ حِينَ آذَنُوا بِالرَّحِيلِ فَمَشَيْتُ حَتَّى جَاوَزْتُ الْجَيْشَ فَلَمَّا قَضَيْتُ شَأْنِي أَقْبَلْتُ إِلَى رَحْلِي فَلَمَسْتُ صَدْرِي فَإِذَا عِقْدٌ لِي مِنْ جَزْعِ ظَفَـارٍ قَـدْ انْقَطَعَ فَرَجَعْتُ فَالْتَمَسْتُ عِقْدِي فَحَبَسَنِي ابْتِغَاؤُهُ قَالَتْ وَأَقْبَلَ الـرَّهْطُ الـَّذِينَ كَـانُوا يُرَحِّلُونِي فَاحْتَمَلُوا هَوْدَجِي فَرَحَلُوهُ عَلَى بَعِيرِي الَّذِي كُنْتُ أَرْكَبُ عَلَيْهِ وَهُمْ يَحْسِـبُونَ أَنِّي فِيهِ وَكَانَ النِّسَاءُ إِذْ ذَاكَ خِفَافًا لَمْ يَهْبُلْنَ وَلَمْ يَغْشَهُنَّ اللَّحْمُ إِنَّمَا يَأْكُلْنَ الْعُلْقَـةَ مِـنْ الطَّعَامِ فَلَمْ يَسْتَنْكِرْ الْقَوْمُ خِفَّةَ الْهَوْدَجِ حِينَ رَفَعُوهُ وَحَمَلُوهُ وَكُنْتُ جَارِيَةً حَدِيثَةَ السِّـنِّ فَبَعَثُوا الْجَمَلَ فَسَارُوا وَوَجَدْتُ عِقْدِي بَعْدَ مَا اسْتَمَرَّ الْجَيْشُ فَجِئْتُ مَنَازِلَهُمْ وَلَيْسَ بِهَـا مِنْهُمْ دَاعٍ وَلَا مُجِيبٌ فَتَيَمَّمْتُ مَنْزِلِي الَّذِي كُنْتُ بِهِ وَظَنَنْتُ أَنَّهُمْ سَيَفْقِدُونِي فَيَرْجِعُـونَ إِلَيَّ فَبَيْنَا أَنَا جَالِسَةٌ فِي مَنْزِلِي غَلَبَتْنِي عَيْنِي فَنِمْتُ وَكَانَ صَفْوَانُ بْنُ الْمُعَطَّلِ السُّلَمِيُّ ثُـمَّ الذَّكْوَانِيُّ مِنْ وَرَاءِ الْجَيْشِ فَأَصْبَحَ عِنْدَ مَنْزِلِي فَرَأَى سَوَادَ إِنْسَانٍ نَائِمٍ فَعَرَفَنِي حِينَ رَآنِـي وَكَانَ رَآنِي قَبْلَ الْحِجَابِ فَاسْتَيْقَظْتُ بِاسْتِرْجَاعِهِ حِينَ عَرَفَنِي فَخَمَّرْتُ وَجْهِي بِجِلْبَابِي وَ وَاللهِ مَا تَكَلَّمْنَا بِكَلِمَةٍ وَلَا سَمِعْتُ مِنْهُ كَلِمَةً غَيْرَ اسْتِرْجَاعِهِ وَهَوَى حَتَّى أَنـاpl رَاحِلَتَـهُ فَوَطِئَ عَلَى يَدِهَا فَقُمْتُ إِلَيْهَا فَرَكِبْتُهَا فَانْطَلَقَ يَقُودُ بِي الرَّاحِلَةَ حَتَّى أَتَيْنَا الْجَيْشَ مُوغِرِينَ فِي نَحْرِ الظَّهِيرَةِ وَهُمْ نُزُولٌ قَالَتْ فَهَلَكَ مَنْ هَلَكَ وَكَانَ الَّذِي تَوَلَّى كِبْرَ الْإِفْكِ عَبْدُ اللـهِ بْنُ أُبَيٍّ ابْنُ سَلُولَ قَالَ عُرْوَةُ أُخْبِرْتُ أَنَّهُ كَانَ يُشَاعُ وَيُتَحَدَّثُ بِهِ عِنْدَهُ فَيُقِـرُّهُ وَيَسْـتَمِعُهُ وَيَسْتَوْشِيهِ وَقَالَ عُرْوَةُ أَيْضًا لَمْ يُسَمَّ مِنْ أَهْلِ الْإِفْكِ أَيْضًا إِلَّا حَسَّانُ بْنُ ثَابِتٍ وَمِسْطَحُ بْنُ

أُثَاثَةَ وَحَمْنَةُ بِنْتُ جَحْشٍ فِي نَاسٍ آخَرِينَ لَا عِلْمَ لِي بِهِمْ غَيْرَ أَنَّهُمْ عُصْبَةٌ كَمَا قَالَ اللهُ تَعَالَى وَإِن كِبْرَ ذَلِكَ يُقَالُ لَهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُبَي ابْنُ سَلُولَ قَالَ عُرْوَةُ كَانَتْ عَائِشَةُ تَكْرَهُ أَنْ يُسَبَّ عِنْدَهَا حَسانُ وَتَقُولُ إِنَّهُ الذِي قَالَ فَإِن أَبِي وَوَالِدَهُ وَعِرْضِي لِعِرْضِ مُحَمدٍ مِنْكُمْ وِقَاءُ قَالَتْ عَائِشَةُ فَقَدِمْنَا الْمَدِينَةَ فَاشْتَكَيْتُ حِينَ قَدِمْتُ شَهْرًا وَالناسُ يُفِيضُونَ فِي قَوْلِ أَصْحَابِ الْإِفْكِ لَا أَشْعُرُ بِشَيْءٍ مِنْ ذَلِكَ وَهُوَ يَرِيبُنِي فِي وَجَعِي أَني لَا أَعْرِفُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللطْفَ الذِي كُنتُ أَرَى مِنْهُ حِينَ أَشْتَكِي إِنمَا يَدْخُلُ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيُسَلمُ ثُم يَقُولُ كَيْفَ تِيكُمْ ثُم يَنْصَرِفُ فَذَلِكَ يَرِيبُنِي وَلَا أَشْعُرُ بِالشر حَتى خَرَجْتُ حِينَ نَقَهْتُ فَخَرَجْتُ مَعَ أُم مِسْطَحٍ قِبَلَ الْمَنَاصِعِ وَكَانَ مُتَبَرزَنَا وَكُنا لَا نَخْرُجُ إِلا لَيْلًا إِلَى لَيْلٍ وَذَلِكَ قَبْلَ أَنْ نَتخِذَ الْكُنُفَ قَرِيبًا مِنْ بُيُوتِنَا قَالَتْ وَأَمْرُنَا أَمْرُ الْعَرَبِ الْأُوَلِ فِي الْبَرِيةِ قِبَلَ الْغَائِطِ وَكُنا نَتَأَذى بِالْكُنُفِ أَنْ نَتخِذَهَا عِنْدَ بُيُوتِنَا قَالَتْ فَانْطَلَقْتُ أَنَا وَأُم مِسْطَحٍ وَهِيَ ابْنَةُ أَبِي رُهْمِ بْنِ الْمُطلِبِ بْنِ عَبْدِ مَنَافٍ وَأُمهَا بِنْتُ صَخْرِ بْنِ عَامِرٍ خَالَةُ أَبِي بَكْرٍ الصديقِ وَابْنُهَا مِسْطَحُ بْنُ أُثَاثَةَ بْنِ عَبادِ بْنِ الْمُطلِبِ فَأَقْبَلْتُ أَنَا وَأُم مِسْطَحٍ قِبَلَ بَيْتِي حِينَ فَرَغْنَا مِنْ شَأْنِنَا فَعَثَرَتْ أُم مِسْطَحٍ فِي مِرْطِهَا فَقَالَتْ تَعِسَ مِسْطَحٌ فَقُلْتُ لَهَا بِئْسَ مَا قُلْتِ أَتَسُبينَ رَجُلًا شَهِدَ بَدْرًا فَقَالَتْ أَيْ هَنْتَاهْ وَلَمْ تَسْمَعِي مَا قَالَ قَالَتْ وَقُلْتُ مَا قَالَ فَأَخْبَرَتْنِي بِقَوْلِ أَهْلِ الْإِفْكِ قَالَتْ فَازْدَدْتُ مَرَضًا عَلَى مَرَضِي فَلَما رَجَعْتُ إِلَى بَيْتِي دَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَلمَ ثُم قَالَ كَيْفَ تِيكُمْ فَقُلْتُ لَهُ أَتَأْذَنُ لِي أَنْ آتِيَ أَبَوَي قَالَتْ وَأُرِيدُ أَنْ أَسْتَيْقِنَ الْخَبَرَ مِنْ قِبَلِهِمَا قَالَتْ فَأَذِنَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ لِأُمي يَا أُمتَاهْ مَاذَا يَتَحَدثُ الناسُ قَالَتْ يَا بُنَيةُ هَونِي عَلَيْكِ فَوَاللهِ لَقَلمَا كَانَتْ امْرَأَةٌ قَط وَضِيئَةً عِنْدَ رَجُلٍ يُحِبهَا لَهَا ضَرَائِرُ إِلا كَثرْنَ عَلَيْهَا قَالَتْ فَقُلْتُ سُبْحَانَ اللهِ أَوَلَقَدْ تَحَدثَ الناسُ بِهَذَا قَالَتْ فَبَكَيْتُ تِلْكَ اللَيْلَةَ حَتى أَصْبَحْتُ لَا يَرْقَأُ لِي دَمْعٌ وَلَا أَكْتَحِلُ بِنَوْمٍ ثُم أَصْبَحْتُ أَبْكِي قَالَتْ وَدَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ وَأُسَامَةَ بْنَ زَيْدٍ حِينَ اسْتَلْبَثَ الْوَحْيُ يَسْأَلُهُمَا وَيَسْتَشِيرُهُمَا فِي فِرَاقِ أَهْلِهِ قَالَتْ فَأَما أُسَامَةُ فَأَشَارَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالذِي يَعْلَمُ مِنْ بَرَاءَةِ أَهْلِهِ وَبِالذِي يَعْلَمُ لَهُمْ فِي نَفْسِهِ فَقَالَ أُسَامَةُ أَهْلَكَ وَلَا نَعْلَمُ إِلا خَيْرًا وَأَما عَلِي فَقَالَ يَا

رَسُولَ اللهِ لَمْ يُضَيقْ اللهُ عَلَيْكَ وَالنسَاءُ سِوَاهَا كَثِيرٌ وَسَلْ الْجَارِيَةَ تَصْدُقْكَ قَالَتْ فَدَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَرِيرَةَ فَقَالَ أَيْ بَرِيرَةُ هَلْ رَأَيْتِ مِنْ شَيْءٍ يَرِيبُكِ قَالَتْ لَهُ بَرِيرَةُ وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق مَا رَأَيْتُ عَلَيْهَا أَمْرًا قَط أَغْمِصُهُ غَيْرَ أَنهَا جَارِيَةٌ حَدِيثَةُ السن تَنَامُ عَنْ عَجِينِ أَهْلِهَا فَتَأْتِي الداجِنُ فَتَأْكُلُهُ قَالَتْ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ يَوْمِهِ فَاسْتَعْذَرَ مِنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أُبَي وَهُوَ عَلَى الْمِنْبَرِ فَقَالَ يَا مَعْشَرَ الْمُسْلِمِينَ مَنْ يَعْذِرُنِي مِنْ رَجُلٍ قَدْ بَلَغَنِي عَنْهُ أَذَاهُ فِي أَهْلِي وَاللهِ مَا عَلِمْتُ عَلَى أَهْلِي إِلا خَيْرًا وَلَقَدْ ذَكَرُوا رَجُلًا مَا عَلِمْتُ عَلَيْهِ إِلا خَيْرًا وَمَا يَدْخُلُ عَلَى أَهْلِي إِلا مَعِي قَالَتْ فَقَامَ سَعْدُ بْنُ مُعَاذٍ أَخُو بَنِي عَبْدِ الْأَشْهَلِ فَقَالَ أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ أَعْذِرُكَ فَإِنْ كَانَ مِنْ الْأَوْسِ ضَرَبْتُ عُنُقَهُ وَإِنْ كَانَ مِنْ إِخْوَانِنَا مِنْ الْخَزْرَجِ أَمَرْتَنَا فَفَعَلْنَا أَمْرَكَ قَالَتْ فَقَامَ رَجُلٌ مِنْ الْخَزْرَجِ وَكَانَتْ أُم حَسانَ بِنْتَ عَمهِ مِنْ فَخِذِهِ وَهُوَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ وَهُوَ سَيدُ الْخَزْرَجِ قَالَتْ وَكَانَ قَبْلَ ذَلِكَ رَجُلًا صَالِحًا وَلَكِنْ احْتَمَلَتْهُ الْحَمِيةُ فَقَالَ لِسَعْدٍ كَذَبْتَ لَعَمْرُ اللهِ لَا تَقْتُلُهُ وَلَا تَقْدِرُ عَلَى قَتْلِهِ وَلَوْ كَانَ مِنْ رَهْطِكَ مَا أَحْبَبْتَ أَنْ يُقْتَلَ فَقَامَ أُسَيْدُ بْنُ حُضَيْرٍ وَهُوَ ابْنُ عَم سَعْدٍ فَقَالَ لِسَعْدِ بْنِ عُبَادَةَ كَذَبْتَ لَعَمْرُ اللهِ لَنَقْتُلَنهُ فَإِنكَ مُنَافِقٌ تُجَادِلُ عَنْ الْمُنَافِقِينَ قَالَتْ فَثَارَ الْحَيانِ الْأَوْسُ وَالْخَزْرَجُ حَتى هَموا أَنْ يَقْتَتِلُوا وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَائِمٌ عَلَى الْمِنْبَرِ قَالَتْ فَلَمْ يَزَلْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُخَفضُهُمْ حَتى سَكَتُوا وَسَكَتَ قَالَتْ فَبَكَيْتُ يَوْمِي ذَلِكَ كُلهُ لَا يَرْقَأُ لِي دَمْعٌ وَلَا أَكْتَحِلُ بِنَوْمٍ قَالَتْ وَأَصْبَحَ أَبَوَايَ عِنْدِي وَقَدْ بَكَيْتُ لَيْلَتَيْنِ وَيَوْمًا لَا يَرْقَأُ لِي دَمْعٌ وَلَا أَكْتَحِلُ بِنَوْمٍ حَتى إِني لَأَظُن أَن الْبُكَاءَ فَالِقٌ كَبِدِي فَبَيْنَا أَبَوَايَ جَالِسَانِ عِنْدِي وَأَنَا أَبْكِي فَاسْتَأْذَنَتْ عَلَي امْرَأَةٌ مِنْ الْأَنْصَارِ فَأَذِنْتُ لَهَا فَجَلَسَتْ تَبْكِي مَعِي قَالَتْ فَبَيْنَا نَحْنُ عَلَى ذَلِكَ دَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْنَا فَسَلمَ ثُم جَلَسَ قَالَتْ وَلَمْ يَجْلِسْ عِنْدِي مُنْذُ قِيلَ مَا قِيلَ قَبْلَهَا وَقَدْ لَبِثَ شَهْرًا لَا يُوحَى إِلَيْهِ فِي شَأْنِي بِشَيْءٍ قَالَتْ فَتَشَهدَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ جَلَسَ ثُم قَالَ أَما بَعْدُ يَا عَائِشَةُ إِنهُ بَلَغَنِي عَنْكِ كَذَا وَكَذَا فَإِنْ كُنْتِ بَرِيئَةً فَسَيُبَرئُكِ اللهُ وَإِنْ كُنْتِ أَلْمَمْتِ بِذَنْبٍ فَاسْتَغْفِرِي اللهَ وَتُوبِي إِلَيْهِ فَإِن الْعَبْدَ إِذَا اعْتَرَفَ ثُم تَابَ تَابَ اللهُ عَلَيْهِ قَالَتْ فَلَما قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَقَالَتَهُ قَلَصَ دَمْعِي حَتى مَا أُحِس مِنْهُ قَطْرَةً

فَقُلْتُ لِأَبِي أَجِبْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَني فِيمَا قَالَ فَقَالَ أَبِي وَاللهِ مَا أَدْرِي مَا أَقُولُ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ لِأُمي أَجِيبِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيمَا قَالَ قَالَتْ أُمي وَاللهِ مَا أَدْرِي مَا أَقُولُ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ وَأَنَا جَارِيَةٌ حَدِيثَةُ السن لَا أَقْرَأُ مِنْ الْقُرْآنِ كَثِيرًا إِني وَاللهِ لَقَدْ عَلِمْتُ لَقَدْ سَمِعْتُمْ هَذَا الْحَدِيثَ حَتى اسْتَقَر فِي أَنْفُسِكُمْ وَصَدقْتُمْ بِهِ فَلَئِنْ قُلْتُ لَكُمْ إِني بَرِيئَةٌ لَا تُصَدقُونِي وَلَئِنْ اعْتَرَفْتُ لَكُمْ بِأَمْرٍ وَاللهُ يَعْلَمُ أَني مِنْهُ بَرِيئَةٌ لَتُصَدقُني فَوَاللهِ لَا أَجِدُ لِي وَلَكُمْ مَثَلًا إِلا أَبَا يُوسُفَ حِينَ قَالَ فَصَبْرٌ جَمِيلٌ وَاللهُ الْمُسْتَعَانُ عَلَى مَا تَصِفُونَ ثُم تَحَولْتُ وَاضْطَجَعْتُ عَلَى فِرَاشِي وَاللهُ يَعْلَمُ أَني حِينَئِذٍ بَرِيئَةٌ وَأَن اللهَ مُبَرئِي بِبَرَاءَتِي وَلَكِنْ وَاللهِ مَا كُنتُ أَظُن أَن اللهَ مُنْزِلٌ فِي شَأْنِي وَحْيًا يُتْلَى لَشَأْنِي فِي نَفْسِي كَانَ أَحْقَرَ مِنْ أَنْ يَتَكَلمَ اللهُ فِي بِأَمْرٍ وَلَكِنْ كُنتُ أَرْجُو أَنْ يَرَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي النوْمِ رُؤْيَا يُبَرئُنِي اللهُ بِهَا فَوَاللهِ مَا رَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَجْلِسَهُ وَلَا خَرَجَ أَحَدٌ مِنْ أَهْلِ الْبَيْتِ حَتى أُنزِلَ عَلَيْهِ فَأَخَذَهُ مَا كَانَ يَأْخُذُهُ مِنْ الْبُرَحَاءِ حَتى إِنهُ لَيَتَحَدرُ مِنْهُ مِنْ الْعَرَقِ مِثْلُ الْجُمَانِ وَهُوَ فِي يَوْمٍ شَاتٍ مِنْ ثِقَلِ الْقَوْلِ الذِي أُنزِلَ عَلَيْهِ قَالَتْ فَسُرِيَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَضْحَكُ فَكَانَتْ أَولَ كَلِمَةٍ تَكَلمَ بِهَا أَنْ قَالَ يَا عَائِشَةُ أَما اللهُ فَقَدْ بَرأَكِ قَالَتْ فَقَالَتْ لِي أُمي قُومِي إِلَيْهِ فَقُلْتُ وَاللهِ لَا أَقُومُ إِلَيْهِ فَإِني لَا أَحْمَدُ إِلا اللهَ عَز وَجَل قَالَتْ وَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى إِن الذِينَ جَاءُوا بِالْإِفْكِ عُصْبَةٌ مِنْكُمْ الْعَشْرَ الْآيَاتِ ثُم أَنْزَلَ اللهُ هَذَا فِي بَرَاءَتِي قَالَ أَبُو بَكْرٍ الصديقُ وَكَانَ يُنْفِقُ عَلَى مِسْطَحِ بْنِ أُثَاثَةَ لِقَرَابَتِهِ مِنْهُ وَفَقْرِهِ وَاللهِ لَا أُنفِقُ عَلَى مِسْطَحٍ شَيْئًا أَبَدًا بَعْدَ الذِي قَالَ لِعَائِشَةَ مَا قَالَ فَأَنْزَلَ اللهُ وَلَا يَأْتَلِ أُولُو الْفَضْلِ مِنْكُمْ إِلَى قَوْلِهِ غَفُورٌ رَحِيمٌ قَالَ أَبُو بَكْرٍ الصديقُ بَلَى وَاللهِ إِني لَأُحِب أَنْ يَغْفِرَ اللهُ لِي فَرَجَعَ إِلَى مِسْطَحٍ النفَقَةَ التِي كَانَ يُنفِقُ عَلَيْهِ وَقَالَ وَاللهِ لَا أَنزِعُهَا مِنْهُ أَبَدًا قَالَتْ عَائِشَةُ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَأَلَ زَيْنَبَ بِنتَ جَحْشٍ عَنْ أَمْرِي فَقَالَ لِزَيْنَبَ مَاذَا عَلِمْتِ أَوْ رَأَيْتِ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ أَحْمِي سَمْعِي وَبَصَرِي وَاللهِ مَا عَلِمْتُ إِلا خَيْرًا قَالَتْ عَائِشَةُ وَهِيَ التِي كَانَتْ تُسَامِينِي مِنْ أَزْوَاجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَصَمَهَا اللهُ بِالْوَرَعِ قَالَتْ وَطَفِقَتْ أُخْتُهَا حَمْنَةُ تُحَارِبُ لَهَا فَهَلَكَتْ فِيمَنْ هَلَكَ قَالَ ابْنُ شِهَابٍ فَهَذَا

الذِي َبلَغنِي ِمنْ حَدِيثِ هَؤُلَاءِ الرهْطِ ثُم قَالَ عُرْوَةُ قَالَتْ عَائِشَةُ وَاللهِ إِن الرجُلَ الذِي ِقيلَ لَهُ مَا ِقيلَ لَيقُولُ سُبْحَانَ اللهِ فَوَالذِي َنفْسِي بِيَدِهِ مَا كَشَفْتُ ِمنْ كَنفِ أُنثَى قَط قَالَتْ ثُـم قُتِلَ َبعْدَ ذَلِكَ ِفي سَبِيلِ اللهِ.

7102 ـ زۆھرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئەلقەمە ئىبنى ۋەققاس ۋە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە ئىبنى مەسئۇد قاتارلىقلار ھەزرىتى ئائىشەگە بوھتان چاپلاش ۋەقەسى بايان قىلىنغان ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى. بۇ ھەدىستە مۇناپىقلار ھەزرىتى ئائىشەگە زىناخورلۇق بوھتانى چاپلىغانلىقى، الله تائالانىڭ ئائىشەنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ ئۇنداق ئىشنى قىلمىغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل قىلغانلىقى بايان قىلىنغاندى.

بۇ ھەدىسنى ماڭا تۆتىلىسى رىۋايەت قىلىپ بەردى. بەزىلىرىنىڭ رىۋايىتى تەپسىلىي، بەزىلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن بولسىمۇ، ھەممىسى بىر ـ بىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەستىقلايتتى. مەن ھەممىسىنىڭ رىۋايىتىنى تولۇق يادلىۋالدىم. بۇ رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلايتتى. چەك كىمگە چىقسا، سەپەرگە شۇنى بىللە ئېلىپ چىقاتتى. بىر غازاتقا چىقماقچى بولۇپ، بىزنىڭ ئارىمىزدا چەك تاشلىغانىدى، چەك ماڭا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن سەپەرگە ئاتلاندىم. بۇ، ھىجابلىنىش پەرز بولغاندىن كېيىنكى چاغ ئىدى. مەن كاجۋىدا ماڭاتتىم، قونالغۇغا چۈشكەندىمۇ، كاجۋا بىلەن يەرگە چۈشۈرۈلەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتىن پارىغ بولۇپ، مەدىنىگە قايتتۇق ۋە بىر يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى قوشۇننى ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوشۇندىن چەترەك بىر جايغا ھاجەتكە بېرىپ قايتىپ كېلىپ قارىسام، بوينۇمدىكى زىفارنىڭ كەھرىۋا مونچىقى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قاپتۇ. مەن ھاجەت قىلغان يەرگە قايتىپ بېرىپ، مونچاقنى ئىزدەش بىلەن بولۇپ قاپتىمەن. كاجۋامنى تۆگىگە ئارتىپ ماڭىدىغان كىشىلەر مېنى كاجۋا ئىچىدە بار دەپ ئويلاپ،

كاجۋنى تۆگىنىڭ ئۇستىگە ئارتىپلا يۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئاياللار تاماقنى ئاز يېگەنلىكتىن ئورۇق، يېنىك بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مەن تېخى يېشى كىچىك قىز ئىدىم. شۇنىڭ ئۇچۇن، مېنىڭ كاجۋىدا يوقلۇقۇم ئۇلارغا بىلىنمەپتۇ. مەن مونچىقىمنى تېپىپ قايتىپ كەلسەم، قوشۇن يۇرۇپ كېتىپ، بۇ يەردە ھېچ ئادەم قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، چۈشكەن جايىمغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلار مېنى ئىزدەپ كېلىدىغۇ دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ. قوشۇننىڭ ئارقىسىدا قېلىپ قالغان نەرسىلەرنى تېرىپ ماڭىدىغان سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل سۇلەمي زەكۋاني ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، ئۇخلاۋاتقان بىرسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ - دە، يېقىنلاپ كېلىپ مېنى تونۇپتۇ. ئۇ، ھىجاب پەرز بولۇشتىن ئىلگىرى مېنى كۆرگەنلىكى ئۇچۇن تونۇپ قېلىپ: ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن (بىز اللّٰەنىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە اللّٰەنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىمىز) دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ، يۈزۈمنى چۈمبەردە بىلەن يۆگىۋالدىم. اللّٰەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز پەقەت گەپ ـ سۆز قىلىشمىدۇق، مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ئايەتنى ئوقۇغىنىدىن باشقا بىر ئېغىز سۆز قىلغىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇ تېزلىكتە تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ، تۆگىنىڭ ئالدى پۇتىغا دەسسەپ تۇردى. مەن تۆگىگە مىندىم، ئۇ تۆگىنى يېتىلەپ ماڭدى. ئەتىسى چۈش ۋاقتى، كۈن تازا قىزىغان بىر چاغدا، بىر يەرگە چۈشۈپ دەم ئېلىۋاتقان قوشۇنغا يېتىشىۋالدۇق. بىزنى كۆرگەن مۇناپىقلار دەرھال بوھتان توقۇپ ھالاكەتكە يۈزلەندى، ئۇلارنىڭ باشچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئىدى.

ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ئېيتىپ بېرىلىشىچە، ئۇنىڭ قېشىدا ئاشۇنداق سۆز ـ چۆچەكلەر قىلىنسا، تارقىتىلسا، ئۇ قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، تېخىمۇ كۈچلەپ، ئۇلغايتىپ بېرىپتىكەن، تۆھمەت چاپلىغۇچىلاردىن پەقەت ھەسسان ئىبنى سابىت، مىستەھ ئىبنى ئۇساسە ۋە ھەمنە بىنتى جەھش قاتارلىق بىرقانچە كىشىلەرنىڭلا ئىسمى چىققان، باشقىلارمۇ بار بولۇپ، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ

ئىسىملىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن ئۇلار الله تائالا ئېيتقانىدەك بىر گورۇھ كىشىلەردۇر.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بوھتاننىڭ كۆپرەك قىسمىنى تارقاتقىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئىدى. ھەزرىتى ئائىشە ھۇزۇرىدا ھەسسان ئىبنى سابىتنىڭ تىللىنىشىنى يامان كۆرەتتى ۋە:

ئاتام، بوۋام ھەم ئىززەت - نومۇسۇم،

مۇھەممەدنىڭ ئىززەت - نومۇسى ئۈچۈن پىدادۇر.

دەپ شېئىر ئوقۇغان، - دەيتتى.

ئائىشە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: نىھايەت، مەدىنىگە قايتىپ كەلدۇق. مەن ئاغرىپ قېلىپ، بىر ئاي (سىرتقا چىقماي) يېتىپ قالدىم. مەدىنىدە سۆز - چۆچەك تارقىلىپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن توقۇلغان بوھتان تىلدىن تىلغا كۆچۈپ يۈرۈپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، بۇرۇن ئاغرىپ قالسام، ماڭا كۆرسىتىدىغان مېھرى - شەپقەتنى بۇ قېتىم كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن كېسىلىم تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھۇجرامغا سالام بېرىپ كىرىپ:

— ئەھۋالىڭ قانداق؟ - دەپلا قوياتتى، بۇ مۇئامىلىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىدىم، ئەمما سىرتتا بولۇۋاتقان سۆز - چۆچەكلەردىن ھېچنەرسە ئۇقمايتتىم. كېسىلىم ساقىيىشقا باشلىغاندا، ئۇممۇ مىستەھ بىلەن سىرتقا ھاجەتكە چىقتىم. بىز سىرتقا ھاجەت ئۈچۈن كېچىدىلا چىقاتتۇق. بۇ چاغدا ئۆينىڭ ئەتراپىغا ھاجەتخانا سېلىش ئادىتى تېخى پەيدا بولمىغان ئىدى. بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ھاجەتخانا ئۆيگە يېقىن بولسا پۇرايدۇ دەپ، دالىغا قىلىناتتى. مەن ئۇممۇ مىستەھ بىللە ھاجەتكە چىقتىم. ئۇ ئەبۇ رۇھم ئىبنى مۇتتەلىب ئىبنى ئابدۇمەنافنىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسى سەخر ئىبنى ئامىرنىڭ قىزى، ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ھاممىسى ئىدى. مىستەھ ئىبنى ئۇساسە ئىبنى ئەبباد ئىبنى مۇتتەلىب ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇممۇ

مىستەھ بىلەن ئۆيىمىز تەرەپكە قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا، ئۇ ئېتىكىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى ـ دە:

ـ مىستەھ بېشىنى يېسۇن! ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ـ ئەجەپ يامان گەپ قىلدىڭغۇ، بەدر غازىتىغا قاتناشقان ئادەمنىمۇ قاغامسەن؟ ـ دېسەم، ئۇ ماڭا:

ــ ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ـ دەپ، بوهتان چاپلىغۇچىلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئاغرىقىمغا ئاغرىق قوشۇلدى. ھۇجرامغا قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ سالام بېرىپ:

ــ قانداق ئەھۋالىڭ؟ ـ دەپ ئەھۋالىمنى سورىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئىجازەت سورىدىم. مەقسىتىم ئۇلاردىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئىجازەت بەردى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئانامدىن:

ـ ئى ئانا! خەق نېمە ـ سۆز چۆچەكلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئانام:

ــ قىزىم ئۆزۈڭنى ئۇپراتما. ئېرى ئامراق، ئۆزى چىرايلىق، كۇندەشلىرى بار ئايال توغرىسىدا ھەر قىسىم گەپلەرنىڭ چىقىشى مۇھەققەق، ـ دېدى. مەن:

ــ سۇبھانالللاھ (الله پاكتۇر)! خەق مۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ، ـ دېدىم. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقتىم. بۇ ھەقتىكى ۋەھىي كېچىككەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن ئۇسامە ئىبنى زەيدنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن مەن بىلەن ئايرىلىپ كېتىش ھەققىدە پىكرىنى ئېلىپ كۆرگەنىكەن، ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى پاك دەپ بىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇزىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە ئاساسەن:

ـــ ئــى رەســۇلۇللاھ! ســېنىڭ ئەھلىــڭ ســاڭا لايىــق ئەفــفە (ئىففەتلىك)دۇر، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئائىشەنى پاك دەپ بىلىمىز، ـ دەپتۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب:

ـ الله سېنى خوتۇندىن قىسىپ قويغىنى يوق، ئائىشەدىن باشقا خوتۇنلارمۇ جىققۇ؟ ئائىشەنىڭ خىزمەتچىسى بەرىرەدىن سوراپ باقساڭ، ئۇ راستىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ـ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بەرىرەنى چاقىرىپ:

ـــ ئى بەرىرە! ئائىشەدە بىرەر گۇمانلىق ئىش سەزدىڭمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. بەرىرە:

ـ سېنى راست پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئائىشەدىن بىرەر ئەيىپلىك ئىشنى كۆرگىنىم يوق. ئۇ، خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ئۇخلاپ قالىدىغان ۋە مال ـ ۋاران كېلىپ خېمىرنى يەۋالسىمۇ تۇيمايدىغان كىچىك قىز، ـ دەپتۇ. شۇ كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلدىن رەنجىگەنلىكىنى جاكارلىماقچى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى يىغىپ مۇنبەرگە چىقىپ:

ـ ئەي جامائەت، مېنىڭ ئائىلەم توغرىسىدا مېنى رەنجىتكەن ئادەم بار، كىم ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىدۇ؟ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەيلى ئائىلەم ياكى سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل بولسۇن، ئۇلاردا پاكلىقتىن باشقا نەرسىنى سەزگىنىم يوق. سەفۋان مېنىڭ ئۆيۈمگە مەن بىلەنلا كىرەتتى، ـ دېگەنىدى، بەنى ئابدۇل ئەشھەل جەمەتىدىن سەئد ئىبنى مۇئاز ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مانا مەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىمەن. ئەگەر ئۇ ئادەم ئەۋس قەبىلىسىدىن بولسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمىز. ئەگەر ئۇ خەزرەج قەبىلىسىلىك قېرىنداشلىرىمىزدىن بولسا، ئۇنى نېمە قىل دېسەڭ شۇنداق قىلىمىز، ـ دېدى. خەزرەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى ئۇبادە ياخشى ئادەم ئىدى. بىراق ئۇ ھەسسانىنىڭ ئانىسى بىلەن بىر

ئايماقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر نەۋرە بولغاچقا، تۇغقانچىلىق تەرىپى بېسىپ كېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ:

ــ خاتالاشتىڭ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى ئۆلتۈرگىلى قويمايمىز. ناۋادا ئۇ سېنىڭ تۇغقانلىرىڭدىن بولغان بولسا، ئۆلتۈرۈلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتىڭ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ئورنىدىن تۇرۇپ، سەئد ئىبنى ئۇبادەگە:

ــ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بەلكى سەن خاتالاشتىڭ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنى ئۆلتۈرىمىز، سەن چوقۇم مۇناپىق، مۇناپىقلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتىسەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئۇرۇشۇپ قېتىشقىلى تاس قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى ھاي بېرىشىنى ئېيتىپ يۈرۈپ، ئىشنى ئاران بېسىقتۇرۇۋالدى. مەن كەچكىچە يىغلاپ، كۆزۈمدىن ياش قۇرىمىدى، كۆزۈم ئۇيقۇغىمۇ بارمىدى. ئەتىگەندە ئاتا ـ ئانام يېنىمغا كىرىپ كەلدى. ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز توختىماي يىغلاۋەرگەچكە، ئۆتۈم يېرىلىپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. يىغلاۋاتقان چېغىمدا ئاتا ـ ئانام يېنىمدا ئولتۇراتتى. ئەنسارىلاردىن بىر ئايال كىرىشكە ئىجازەت سورىدى، ئىجازەت بەردىم. ئۇمۇ كىرىپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، مەن بىلەن يىغلاپ ئولتۇردى. بىز شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ ئولتۇردى. مەن توغرۇلۇق سۆز ـ چۆچەك تارالغاندىن بۇيان، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ باقمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلىمە شاھادەت ئېيتقاندىن كېيىن:

ــ ئى ئائىشە! سېنىڭ ئۈستۈڭدىن تۈرلۈك سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. ئەگەر سەن پاك بولساڭ، الله سېنى ئاقلايدۇ. گۇناھ قىلىپ سالغان بولساڭ، اللهقا ئىستىغفار ئېيتىپ تەۋبە قىلغىن، بەندە گۇناھىغا ئىقرار بولۇپ تەۋبە قىلسا، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ـ دېدى. بۇ

سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق يىغلىماقچى بولدۇم، ئەمما يېشىم قۇرۇپ كەتكەچكە، كۆزۈمدىن بىر تامچە ياشمۇ چىقماي قالدى. ئاتا ـ ئانامغا:

ـ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىگە مەن ئۈچۈن جاۋاب بېرىڭلار، ـ دېدىم. ئاتا ـ ئانام:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، رەسۇلۇللاھقا نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەيمىز، ـ دېدى. يېشىم تېخى كىچىك بولغاچقا، كۆپ ئايەت يادلىيالمىغانىدىم. شۇڭا:

ــ سىلەر كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە شۇ قەدەر ئىشەنگەنسىلەركى، ئەگەر مەن ئۆزۈمنى پاك دېسەم ( الله ئەلۋەتتە پاكلىقىمنى بىلىدۇ)، سۆزۈمگە ئىشەنمەيسىلەر. ئەگەر تۆھمەتنى ئۈستۈمگە ئالسام، الله پاكلىقىمنى بىلىسىمۇ، سىلەر ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىسىلەر. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ھەقتە سىلەرگە ئېيتىش ئۈچۈن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ (يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ): مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشكە الله مەدەتكاردۇر [1] دېگەن سۆزىدىن باشقا نەرسە دېمەيمەن، ـ دېدىم. اللهنىڭ پاكلىقىمنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئاقلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ھەم چوقۇم ئاقلايدۇ دەپ ئىشەنچ قىلىپ، ئورنۇمغا بېرىپ ياتتىم. لېكىن اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله تائالانىڭ مېنىڭ ھەققىمدە ئايەت نازىل قىلىشىنى ئويلىمىغان ئىدىم. ئۆزۈمنى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم دەپ قارىمايتتىم. الله مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىگە ئايان قىلىشىنىلا ئۈمىد قىلاتتىم. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئورنىدىن قوزغالمىغان بولۇپ، ئۆيدىكىلەردىنمۇ ھېچكىم سىرتقا چىقىپ كەتمىگەن ئىدى. شۇ ئەسنادا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي نازىل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم. چۈنكى قىش بولۇشىغا قارىماي، قاتتىق تەرلەپ، ئۈستى ـ بېشىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر ئېقىۋاتاتتى، چىرايى بەكمۇ جىددىي تۈس ئالغان بولۇپ، ۋەھىينىڭ ئېغىرلىقىدىن مۇشۇ ھالغا كىرىپ قالغانىدى. ۋەھىي نازىل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

[1] سۈرە يۈسۈف، 18ـ ئايەت.

ـ ئى ئائىشە! اللهقا ھەمدى ئېيتقىنكى، الله سېنى ئاقلىدى، ـ دېدى. ئانام ماڭا:

ـ قىزىم، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا رەھمەت ئېيتقىن! ـ دېدى. مەن:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئورنۇمدىن تۇرمايمەن، اللهتىن باشقىغا رەھمەتمۇ ئېيتمايمەن، ـ دېدىم. الله تائالا مېنى ئاقلاش ئۈچۈن: شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [1] دېگەن سۆزى بىلەن باشلانغان ئون ئايەتنى نازىل قىلغانىدى. مىستەھ ئىبنى ئۇساسە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، يوقسۇل بولغاچقا، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. الله تائالا مېنى ئاقلاپ ئايەت نازىل قىلغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى سىددىق:

ـ اللهقا قەسەم قىلىمەنكى، ئائىشەگە بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن مىستەھكە ھەرگىز ياردەم قىلمايمەن، ـ دېگەن ئىدى. الله تائالا بۇ توغرىسىدا: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەھلى پەزلى ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش ـ ئەقرىبالىرىنىڭ، مىسكىنلەرنىڭ ۋە دىن ئۈچۈن ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماسلىققا قەسەم قىلمىسۇن، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسۇن، كەڭ قورساقلىق قىلسۇن. اللهنىڭ سىلەرنى مەغپىرەت قىلىشىنى سۆيمەمسىلەر، الله كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى رەھمەت قىلغۇچىدۇر [2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى سىددىق:

---

[1] سۈرە نۇر، 11 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نۇر، 22 ـ ئايەت.

ـــ توغرا، ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ﷲنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى ئەلۋەتتە ياقتۇرىمەن، ـ دەپ مىستەھكە بېرىپ كېلىۋاتقان نەپىقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە:
ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان ياردىمىمنى ھەرگىزمۇ توختاتمايمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەپ بىنتى جەھشتىن:
ـ ئى زەينەپ! ئائىشە ھەققىدە بىلگەن ۋە كۆرگەنلىرىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىكەن، زەينەب:
ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم دېيەلمەيمەن. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئائىشەنى ياخشى دەپلا ئويلايمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەھالەنكى، زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە مەن بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشاتتى. ﷲ ئۇنى تەقۋادارلىقى سەۋەبىدىن تۆھمەتكە ئىشتىراك قىلىشتىن ساقلىدى. ئەمما ئۇنىڭ سىڭلىسى ھەمنە مېنى چۈشۈرۈپ، ئاچىسىغا خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، بوھتان چاپلىغانلار قاتارىدا ھالاكەتكە يۈزلىنىپ كەتتى.

زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇ تۆت رىۋايەتچىدىن بوھتان چاپلىغۇچىلار ھەققىدە ماڭا يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلار مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: ھەزرىتى ئائىشە ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەنىدى: ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار قارىلىغان ھېلىقى ئادەم (سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل):

ـــ سۇبھانالالاھ! جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بىرەر ئايالنىڭمۇ كىيىمىنى قايرىپ باقمىغانمەن (مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ باقمىغانمەن)، ـ دەپتۇ. كېيىن ئۇ ﷲ يولىدا شېھىد بولدى.

(بۇخارى: 4141)

7103 ـ ومن رواياته: قَالَتْ عَائِشَةُ وَاللهِ إن الرجُلَ الذِي قِيلَ لَهُ مَا قِيلَ لَيَقُـولُ سُبْحَانَ اللهِ فَوَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا كَشَفْتُ مِنْ كَنفِ أُنثَى قَط قَالَتْ ثُم قُتِلَ بَعْدَ ذَلِكَ فِي سَبِيلِ اللهِ.

7103 ـ ئائىشەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار قارىلىغان ھېلىقى ئادەم (سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل):

ـــ سۇبھانالالاھ! جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بىرەر ئايالنىڭ كىيىمىنىمۇ قايرىپ باقمىغانمەن (مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ باقمىغانمەن). ـ دەپتۇ. كېيىن ئۇ الله يولىدا شېھىد بولدى.

(بۇخارى: 4141)

7104 ـ ومنها: قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي خَطِيبًا فَتَشَهدَ فَحَمِـدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ بِمَا هُوَ أَهْلُهُ ثُم قَالَ أَما بَعْدُ أَشِيرُوا عَلَي فِي أُناسٍ أَبَنُوا أَهْلِي وَايْمُ اللهِ مَـا عَلِمْتُ عَلَى أَهْلِي مِنْ سُوءٍ وَأَبَنُوهُمْ بِمَنْ وَاللهِ مَا عَلِمْتُ عَلَيْهِ مِنْ سُوءٍ قَط وَلَا يَدْخُلُ بَيْتِي قَط إلا وَأَنَا حَاضِرٌ وَلَا غِبْتُ فِي سَفَرٍ إلا غَابَ مَعِي فَقَامَ سَعْدُ بْنُ مُعَاذٍ فَقَالَ بنحوه.

وفيه: فَلَما كَانَ مَسَاءُ ذَلِكَ الْيَوْمِ خَرَجْتُ لِبَعْضِ حَاجَتِي وَمَعِي أُم مِسْطَحٍ فَعَثَـرَتْ وَقَالَتْ تَعِسَ مِسْطَحٌ فَقُلْتُ أَيْ أُم تَسُبِينَ ابْنَكِ وَسَكَتَتْ ثُم عَثَرَتْ الثانِيَةَ فَقَالَـتْ تَعَـسَ مِسْطَحٌ فَقُلْتُ لَهَا أَيْ أُم أَتَسُبِينَ ابْنَكِ فَسَكَتَتْ ثُم عَثَرَتْ الثالِثَةَ فَقَالَتْ تَعَـسَ مِسْـطَحٌ فَانْتَهَرْتُهَا فَقَالَتْ وَاللهِ مَا أَسُبهُ إلا فِيكِ فَقُلْتُ فِي أَي شَأْنِي قَالَتْ فَبَقَرَتْ لِـي الْحَـدِيثَ فَقُلْتُ وَقَدْ كَانَ هَذَا قَالَتْ نَعَمْ وَاللهِ فَرَجَعْتُ إلَى بَيْتِي كَأَن الذِي خَرَجْتُ لَهُ لَا أَجِدُ مِنْهُ قَلِيلًا وَلَا كَثِيرًا وَوُعِكْتُ.

وفيه: وَبَكَيْتُ فَسَمِعَ أَبُو بَكْرٍ صَوْتِي وَهُوَ فَوْقَ الْبَيْتِ يَقْرَأُ فَنَزَلَ فَقَالَ لِأُمي مَا شَأْنُهَا قَالَتْ بَلَغَهَا الذِي ذُكِرَ مِنْ شَأْنِهَا فَفَاضَتْ عَيْنَاهُ قَالَ أَقْسَمْتُ عَلَيْكِ أَيْ بُنَيةُ إلا رَجَعْتِ إلَى بَيْتِكِ فَرَجَعْتُ وَلَقَدْ جَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْتِي فَسَأَلَ عَني خَادِمَتِي فَقَالَتْ لَا وَاللهِ مَا عَلِمْتُ عَلَيْهَا عَيْبًا إلا أَنهَا كَانَتْ تَرْقُدُ حَتى تَدْخُلَ الشاةُ فَتَأْكُـلَ خَمِيرَهَـا أَوْ عَجِينَهَا وَانْتَهَرَهَا بَعْضُ أَصْحَابِهِ فَقَالَ اصْدُقِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ حَتـى

أَسْقَطُوا لَهَا بِهِ فَقَالَتْ سُبْحَانَ اللهِ وَاللهِ مَا عَلِمْتُ عَلَيْهَا إِلا مَا يَعْلَمُ الصَّائِغُ عَلَى تِبْرِ الذَّهَبِ الْأَحْمَرِ.

وفيه: وَالْتَمَسْتُ اسْمَ يَعْقُوبَ فَلَمْ أَقْدِرْ عَلَيْهِ إِلا أَبَا يُوسُفَ.

وفيه: أَبْشِرِي يَا عَائِشَةُ فَقَدْ أَنْزَلَ اللهُ بَرَاءَتَكِ قَالَتْ وَكُنْتُ أَشَدَّ مَا كُنْتُ غَضَبًا فَقَالَ لِي أَبَوَايَ قُومِي إِلَيْهِ فَقُلْتُ لَا وَاللهِ لَا أَقُومُ إِلَيْهِ وَلَا أَحْمَدُهُ وَلَا أَحْمَدُكُمَا وَلَكِنْ أَحْمَدُ اللهَ الَّذِي أَنْزَلَ بَرَاءَتِي لَقَدْ سَمِعْتُمُوهُ فَمَا أَنْكَرْتُمُوهُ وَلَا غَيَّرْتُمُوهُ.

7104 ــ يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ھەققىمدە خۇتبە سۆزلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى بىلەن شاھادەت ئېيتىپ، ئاندىن ﷲقا لايىق رەۋىشتە ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن:

ــ مەقسەتكە كەلسەك، ئايالىمنى بىر ئادەم بىلەن قارىلىغان كىشىلەر ھەققىدە ماڭا مەسلىھەت كۆرسىتىڭلار. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئايالىمنىڭ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئىلگىرى يامان ئىش قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ شۇنداق ئادەمكى، مەن ئۆيدە بولمىسام، ئۇ ئۆيۈمگە قەتئىي كىرىپ قالمايدۇ. سەپەرگە ھەمىشە مەن بىلەن بىللە چىقىدۇ، ـ دېۋىدى، سەئد ئىبنى مۇئاز ئورنىدىن تۇرۇپ...دېدى.

بۇ رىۋايەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇممۇ مىستەھ بىلەن بىللە ھاجەتكە چىقتىم. ئۇ پۇتلىشىپ كېتىپ:

ـ مىستەھ بېشىنى يېسۇن! ـ دېدى. مەن:

ــ ئۆز ئوغلۇڭنى تىللىغىنىڭ نېمىسى؟ ـ دېۋىدىم، ئۇ جىمىپ قالدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم پۇتلىشىپ كېتىپ، يەنە:

ـ مىستەھ بېشىنى يېسۇن! ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا يەنە:

ــ ئۆز ئوغلۇڭنىمۇ تىللامسەن؟ ـ دېدىم. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم پۇتلىشىپ كېتىپ، يەنە:

ـ مىستەھ بېشىنى يېسۇن! ــ دېۋىدى، مەن ئۇنى سىلكىشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى سەن ئۈچۈنلا تىللاۋاتىمەن، ـ دېدى. مەن:

ــ نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسەن؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا سۆز ــ چۆچەكلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. مەن:

ـ راستىنلا مۇشۇنداق گەپلەر بولدىمۇ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ھەئە، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ بېرىمەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، پەرىشانلىقتا ھاجەتمۇ قىلغۇم كەلمەي، ئۆيگە قايتىپ ئاغرىپ يېتىپ قالدىم.

يەنە مۇنداق دېيىلگەن: مەن ياش تۆكۈپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتىم. (دادام) ئەبۇ بەكرى ئۆگزىدە قىرائەت قىلىۋاتقانىكەن، ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئانامدىن:

ـ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئانام:

ـ ئۇنىڭ ئۇستىدىن توقۇلغان سۆز ـ چۆچەكلەرنى ئۇقۇپتۇ، ـ دېۋىدى، دادامنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى ۋە:

ـ ئى قىزىم! مەن سېنىڭ ئۆيۈڭگە قايتىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن، ـ دېدى. مەن قايتتىم. مەن يوق چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرامغا كىرىپ، دېدىكىمدىن مەن توغرۇلۇق سورىغانىكەن. ئۇ:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ بىرەر ئەيىبىنى بىلمەيمەن. ئۇ خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى، قوي كېلىپ خېمىرىنى يەپ كەتسىمۇ تۇيمايتتى، ـ دەپتۇ. بەزى ساھابىلەر ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

ــ رەسۇلۇللاھقا راستىنى ئېيتقىن! ــ دەپ ئۇستۇمدىن توقۇلغان سۆز ـ چۆچەكلەرنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەن ئىكەن. ئۇ:

ـ سۇبھانالالاھ! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئائىشەنى خۇددى زەرگەر قىزىل ئالتۇننى بىلگەندەك بىلىمەن، ـ دەپتۇ.

يەنە مۇنداق دېيىلگەن: مەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى ئەسلىيەلمەي: يۇسۇفنىڭ دادىسى، ـ دېدىم.

يەنە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ــ ئى ئائىشە! خۇشخەۋەر، اللە سېنى پاكلاپ ئايەت چۈشۈردى، ـ دېدى. مەن ئادەتتىن تاشقىرى دەرغەزەب بولۇپ ئولتۇراتتىم. ئاتا ــ ئانام:

ــ قىزىم، ئورنىڭدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا رەھمەت ئېيتقىن! ـ دېدى. مەن:

ــ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئورنۇمدىن تۇرمايمەن. ئۇنىڭغىمۇ، سىلەرگىمۇ رەھمەت ئېيتمايمەن. پەقەت مېنى پاكلاپ ئايەت نازىل قىلغان اللەقىلا رەھمەت ئېيتىمەن. سىلەر سۆز ــ چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۇنى يا ئەيىبلىمىدىڭلار ياكى يوقىتىشقا تىرىشمىدىڭلار، ـ دېدىم.

(بۇخارى: 4757)

7105 ـ عَنْ الزهْرِي قَالَ قَالَ لِي الْوَلِيدُ بْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ أَبَلَغَكَ أَن عَلِيا كَانَ فِيمَنْ قَذَفَ عَائِشَةَ قُلْتُ لَا وَلَكِنْ قَدْ أَخْبَرَنِي رَجُلَانِ مِنْ قَوْمِكَ أَبو سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرحْمَنِ وَأَبو بَكْرِ بْنُ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْحَارِثِ أَن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ لَهُمَا كَانَ عَلِي مُسَلمًا فِي شَأْنِهَا.

7105 ــ زۇھرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك مەندىن:

ــ ئەلىنىڭ ئائىشەنى قارىلىغانلار قاتارىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ــ ياق. سېنىڭ جەمەتىڭدىن ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇرراھمان بىلەن ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ھارىس ئىككىسىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ ئىككىيلەنگە ئەلىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى سوئالغا سۈكۈت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىكەن، ـ دېدىم.

(بۇخارى: 4142)

7106 ـ ومنها: لَمْ يُسَم مِنْ أَهْلِ الْإِفْكِ أَيْضًا إِلا حَسانُ بْنُ ثَابِتٍ وَمِسْطَحُ بْنُ أُثَاثَةَ وَحَمْنَةُ بِنْتُ جَحْشٍ

وكَانَتْ عَائِشَةُ تَكْرَهُ أَنْ يُسَب عِنْدَهَا حَسانُ وَتَقُولُ: إِنهُ الذِي قَالَ:

فَإِن أَبِي وَوَالِدَهُ وَعِرْضِي لِعِرْضِ مُحَمدٍ مِنْكُمْ وِقَاءُ

7106 ـ ئۇرۋە مۇنداق دېگەن: تۆھمەت چاپلىغۇچىلاردىن پەقەت ھەسسان ئىبنى سابىت، مىستەھ ئىبنى ئۇساسە ۋە ھەمنە بىنتى جەھش قاتارلىق بىر قانچە كىشىنىڭلا ئىسمى چىققان. ئائىشە ئۆزىنىڭ ئالدىدا ھەسسان ئىبنى سابىتنىڭ تىللىنىشىنى يامان كۆرەتتى ۋە:

ئاتام، بوۋام ھەم ئىززەت ـ نومۇسۇم،

مۇھەممەدنىڭ ئىززەت ـ نومۇسى ئۈچۈن پىدادۇر.

دەپ شېئىر ئوقۇغان، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 4141)

7107 ـ عَنْ مَسْرُوقٍ قَالَ دَخَلْنَا عَلَى عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا وَعِنْدَهَا حَسانُ بْنُ ثَابِتٍ يُنْشِدُهَا شِعْرًا يُشَببُ بِأَبْيَاتٍ لَهُ وَقَالَ:

حَصَانٌ رَزَانٌ مَا تُزَن بِرِيبَةٍ وَتُصْبِحُ غَرْثَى مِنْ لُحُومِ الْغَوَافِلِ

فَقَالَتْ لَهُ عَائِشَةُ لَكِنكَ لَسْتَ كَذَلِكَ قَالَ مَسْرُوقٌ فَقُلْتُ لَهَا لِمَ تَأْذَنِينَ لَهُ أَنْ يَدْخُلَ عَلَيْكِ وَقَدْ قَالَ اللهُ تَعَالَى وَالذِي تَوَلى كِبْرَهُ مِنْهُمْ لَهُ عَذَابٌ عَظِيمٌ فَقَالَتْ وَأَي عَذَابٍ أَشَد مِنْ الْعَمَى قَالَتْ لَهُ إِنهُ كَانَ يُنَافِحُ أَوْ يُهَاجِي عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

7107 ـ مەسرۇقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرسەك، ھەسسان ئىبنى سابىت ئۆزىنىڭ ئائىشەنى ماختاپ توقۇغان مۇنۇ بېيىتىنى ئوقۇۋاتقانىكەن:

قىلچە گۇماندىنمۇ يىراق، ئېپپەتلىك، ئېسىل،

پاك ئاياللار غەيۋىتىگە ئەمەستۇر خۇشتار.

ھەسسان بېيىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئائىشە ئۇنىڭغا:

ـ لېكىن سەن ئۇنداق ئەمەس، ـ دېدى. مەن:

ــ الله تائالا: بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [1] دېگەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئۆيۈڭگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلغىنىڭ نېمىسى؟ ـ دېسەم، ئائىشە:

ــ كور بولۇپ قېلىشتىنمۇ قاتتىق ئازاب بارمۇ؟ ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغداپ باشقىلار بىلەن مۇشائىرىلىشەتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4146)

7108 ـ عن أم رُومَانَ وَهِيَ أُم عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَتْ بَيْنَا أَنا قَاعِدَةٌ أَنَا وَعَائِشَةُ إِذْ وَلَجَتْ امْرَأَةٌ مِنْ الْأَنصَارِ فَقَالَتْ فَعَلَ اللهُ بِفُلَانٍ وَفَعَلَ فَقَالَتْ أُم رُومَانَ وَمَا ذَاكَ قَالَتْ ابْنِي فِيمَنْ حَدثَ الْحَدِيثَ قَالَتْ وَمَا ذَاكَ قَالَتْ كَذَا وَكَذَا قَالَتْ عَائِشَةُ سَمِعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ نَعَمْ قَالَتْ وَأَبو بَكْرٍ قَالَتْ نَعَمْ فَخَرتْ مَغْشِيا عَلَيْهَا فَمَا أَفَاقَتْ إِلا وَعَلَيْهَا حُمى بِنَافِضٍ فَطَرَحْتُ عَلَيْهَا ثِيَابَهَا فَغَطيْتُهَا فَجَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا شَأْنُ هَذِهِ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَخَذَتْهَا الْحُمى بِنَافِضٍ قَالَ فَلَعَل فِي حَدِيثٍ تُحُدثَ بِهِ قَالَتْ نَعَمْ فَقَعَدَتْ عَائِشَةُ فَقَالَتْ وَاللهِ لَئِنْ حَلَفْتُ لَا تُصَدقُونِي وَلَئِنْ قُلْتُ لَا تَعْذِرُونِي مَثَلِي وَمَثَلُكُمْ كَيَعْقُوبَ وَبَنِيهِ وَاللهُ الْمُسْتَعَانُ عَلَى مَا تَصِفُونَ قَالَتْ وَانْصَرَفَ وَلَمْ يَقُلْ شَيْئًا فَأَنزَلَ اللهُ عُذْرَهَا قَالَتْ بِحَمْدِ اللهِ لَا بِحَمْدِ أَحَدٍ وَلَا بِحَمْدِكَ.

7108 ـ مەسرۇق ئىبنى ئەجدەئتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئانىسى ئۇممۇ رۇمان رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: مەن ئائىشە بىللە ئولتۇراتتىم، بىر ئەنسارى ئايال:

ــ الله پالانچىنى ئۇنداق قىلىۋەتكەي، مۇنداق قىلىۋەتكەي! ــ دېگىنىچە كىرىپ كەلدى. مەن:

ـ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ ئايال:

[1] سۈرە نۇر، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ــ ئوغلۇممۇ تۆھمەت سۆزلىرىنى تارقىتىپ يۈرگەنلەر قاتارىدا، ـ دېدى. ئائىشە:

ــ قايسى تۆھمەت ئۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى. ئۇ ئايال ھەممە ئىشنى ئېيتىپ بەردى. ئائىشە:

ــ بۇ سۆزلەرنى ئەبۇ بەكرى بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئاڭلىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال:

ــ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلاپ ئائىشە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى ۋە جۇغ ـ جۇغ تىترەپ، قىزىپ كەتكەن ھالدا ھوشىغا كەلدى. مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يېپىپ چۈمكەپ قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

ــ نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ تىترەك ئارىلاش قىزىتما بولۇپ قالدى، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بەلكى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن دېيىلگەن گەپ ــ سۆزلەر سەۋەبىدىن شۇنداق بولغاندۇ؟ ـ دېدى. ئائىشە:

ــ ھەئە، شۇنداق بولدى، ـ دەپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن (ئۆزۈمنى پاك دەپ) قەسەم قىلساممۇ سۆزۈمگە ئىشەنمەيسىلەر. ئەگەر ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئۆزرە ئېيتسام، ئۆزرەمنى قوبۇل قىلمايسىلەر. بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز خۇددى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋرى قىلىمەن. سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى كۆتۈرۈشكە الله مەدەتكاردۇر [1] دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتتى. الله (ئائىشەنىڭ پاكلىقى ھەققىدە) ئايەت نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئائىشەگە ئېيتقانىدى، ئائىشە:

ــ الله تائالادىن باشقا ھېچكىمگە، ھەتتا ساڭىمۇ رەھمەت ئېيتمايمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4143)

[1] سۈرە يۈسۈف، 18 ـ ئايەت.

7109 ـ عن عَائِشَةَ زَوْجِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم قالت كان النبي صلى اللهُ عليه وسلم إذا أَرَادَ أنْ يُسَافِرَ سَفَرًا أَقْرَعَ بين نِسَائِهِ بنحو حديثها. وفيه: فَسَأَلَنِي ـ أي صَفْوَانُ ـ عن أَمْرِي فَسَتَرْتُ وَجْهِي عنه بِجِلْبَابِي وَأَخْبَرْتُهُ بِأَمْرِي فَقَرَّبَ بَعِيرَهُ فوطيء على ذِرَاعِهِ وَوَلانِي قَفَاهُ حG رَكِبْتُ وَسَوَّيْتُ ثِيَابِي ثُم بَعَثَهُ فَأَقْبَلَ يَسِيرُ بِي حG دَخَلْنَا الْمَدِينَةَ نِصْفَ النَهَارِ أو نَحْوَهُ

وفيه: فقلت لأُم مِسْطَحٍ خُذِي الأداوة فَامْلَئِيهَا مَاءً فَاذْهَبِي بنا إБ الْمَنَاصِعِ وَخَرَجْنَا Uو الْمَنَاصِعِ فَعَثَرَتْ. بنحوه.

7109 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلماقچى بولسا، ئاياللىرى ئارىسىدا چەك تاشلايتتى... يۇقىرىقىدەك رىۋايەت قىلىنغان.

بۇ رىۋايەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: سەفۋان مەندىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغان ئىدى، مەن يۈزۈمنى چۈمپەردەم بىلەن يۆگىۋېلىپ، ئاندىن ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ تۆگىسىنى يېقىن ئەكىلىپ، تۆگىنىڭ ئالدى پۇتىغا دەسسەپ، ماڭا كەينىنى قىلىپ تۇردى، مەن تۆگىگە مىنىپ كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈرىۋالدىم، ئاندىن ئۇ تۆگىنى ھەيدىدى. بىز شۇ ماڭغىنىمىزچە، مەدىنىگە چۈش پېشىن ئەتراپىدا كىردۇق.

بۇ رىۋايەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: مەن ئۇممۇ مىستەھكە:

ـ ئېۋرىقىقا سۇ توشقۇزۇپ، ھاجەتخانىغا ئېلىپ بارغىن، ـ دېدىم. بىز ھاجەتخانا تەرەپكە چىققىنىمىزدا، ئۇممۇ مىستەھ پۇتلىشىپ كەتتى... داۋامى يۇقىرىقىدەك كەلگەن[1].

(«ئەلكەبىر»: 111/23)

7110 ـ وفي أخرى: وَقَعَدَ صَفْوَانُ بن الْمُعَطِّلِ لِحَسانَ بن ثَابِتٍ بِالسَّيْفِ فَضَرَبَهُ ضَرْبَةً فقال صَفْوَانُ لِحَسانَ في الشِّعْرِ حين ضَرَبَهُ

[1] ھەيسەمى (15298): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمما بۇ ھەدىستىكى بەزى ۋەقەلىك سەھىھ ھەدىسلەردىكىگە ئوخشىمايدۇ، ـ دېگەن.

تَلْقَ ذُبابَ السْيفِ مِني فَإِنني غُلامٌ إذا هُوجِيتُ ليس بِشَاعِرِ

وَلَكِننِي أَحْمِي حِمَايَ وَأُنْتِقِمْ مِنَ الْبَاهِتِ الرامِي الْبُرَاةِ الطوَاهِرِ

ثُم صَاحَ حَسانُ فَاسْتَغَاثَ الناس على صَفْوَانَ فلما جاء الناس فَر صَفْوَانُ فَجَاءَ حَسانُ إБ النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَاسْتَعْدَاهُ على صَفْوَانَ في ضَرْبَتِهِ إِياهُ فَسَأَلَهُ النبي صلى اللهُ عليه وسلم أَنْ يَهَبَ له ضَرْبَةَ صَفْوَانَ إِياهُ فَوَهَبَها لِلنبِي صلى اللهُ عليه وسلم فَعَاضَهُ منها حَائِطًا من نَخْلٍ عَظِيمٍ وَجَارِيَةً رُومِيةً وَيُقَالُ قِبْطِيةً تُدْعَى سِيرِينَ فَوَلَدَتْ لِحَسانَ ابْنَهُ عَبْدَ الرɒن الشاعِرَ.

7110 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل ھەسسان ئىبنى سابىتنى مارىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر قىلىچ ئۇردى...

شۇنىڭ بىلەن، ھەسسان ۋارقىراپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى سەفۋاندىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى. كىشىلەر ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەندى، سەفۋان قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەسسان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، سەفۋاندىن قىلىچ زەربىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفۋاندىن ئېلىنىدىغان ئۆچنى ئۆزىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنى ئېيتتى. ھەسسان ئۆچ ئېلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆتۈنۈپ بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسسانغا چوڭ بىر خورمىزارلىق باغ بىلەن رىملىق (ياكى مىسىرلىق) سىرىن ئىسىملىك بىر دېدەكنى بەردى. ئۇ دېدەك ھەسسانغا شائىر ئوغلى ئابدۇرراھماننى تۇغۇپ بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 114/23)

[1] ھەيسەمى (15298): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمما بۇ ھەدىستىكى بەزى ۋەقەلىك سەھىھ ھەدىسلەردىكىگە ئوخشىمايدۇ، ـ دېگەن.

7111 ـ عن أبى هريرة قال كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا اراد سفرا اقرع بين نسائه فأصاب عائشة القرعة في غزوة بنى المصطلق فلما كان في جوف الليل انطلقت عائشة لحاجة فانحلت قلادتها فذهبت في طلبها بنحوه.

وفيه: وكان صفوان بن المعطل السلمى يتخلف عن الناس فيصيب القدح والجراب والإداوة أحسبه قال فيحمله بنحو حديث عائشة.

7111 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلماقچى بولسا، ئاياللىرى ئارىسىدا چەك تاشلايتتى. بەنى مۇستەلەق غازىتىغا چىققاندا، چەك ئائىشەگە چىقتى. يېرىم كېچە بولغاندا، ئائىشە ھاجەت قىلماقچى بولۇپ، قوشۇندىن ئايرىلدى. ئۇ ئەسنادا مونچىقى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى...

بۇ رىۋايەتتە كېلىشىچە، سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل سۇلەمىي قوشۇننىڭ ئارقىدا مېڭىپ، جەڭچىلەردىن چۈشۈپ قالغان ئاياق، تاۋاق ۋە چۆگۈن قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىپ ماڭاتتى[1].

(بەززار: 2663)

7112 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ:إذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ حَد اللهُ الذِينَ شَتَمُوا عَائِشَةَ ثَمَانِينَ ثَمَانِينَ عَلَى رُءُوسِ الْخَلائِقِ، فَيَسْتَوْهِبُ رَبي الْمُهَاجِرِينَ مِنْهُمْ، فَأَسْتَأْمِرُكِ يَا عَائِشَةُ، فَسَمِعَتْ عَائِشَةُ الْكَلامَ، فَبَكَتْ وَهِيَ فِي الْبَيْتِ، ثُم قَالَتْ: وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق نَبِيا لَسُرُورُكَ أَطْيَبُ إلَي مِنْ سُرُورِي، فَتَبسمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَاحِكًا، وَقَالَ: ابْنَةُ أَبِيهَا.

7112 ــ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله قىيامەت كۈنى، ئائىشەگە بوھتان چاپلىغانلارنى پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىدا سەكسەندىن ـ سەكسەندىن دەررە ئۇرىدۇ. ئاندىن الله

---

[1] ھەيسەمى (15296): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەمىردىن باشقا راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر. لېكىن ئۇنىڭ ھەدىسىمۇ ھەسەن، ـ دېگەن.

تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھاجىرلارنى ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئى ئائىشە! شۇ چاغدا مەن سېنىڭ مەسلىھەتىڭنى ئالىمەن، - دېگەنىدى، ھەزرىتى ئائىشە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھۇجرىسىدا يىغلاپ تۇرۇپ:

— سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ خۇرسەنلىكىڭ ماڭا نىسبەتەن ئۆز خۇرسەنلىكىمدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ـ دادىسىنىڭ قىزىدە بۇ! - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 163/23)

7113 ـ عَنِ الْحَكَمِ بن عُتْبَةَ، قَالَ: لَما خَاضَ الناسُ فِي أَمْرِ عَائِشَةَ أَرْسَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى عَائِشَةَ، قَالَتْ: فَجِئْتُ وَأَنا أَنتَفِضُ مِنْ غَيْرِ حُمى، فَقَالَ: يَا عَائِشَةُ، مَا يَقُولُ الناسُ؟ فَقُلْتُ: لا، وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق لا أَعْتَذِرُ بِشَيْءٍ إِلَيْكَ، قَالُوا: حَتى يَنزِلَ عُذْرِي مِنَ السمَاءِ، فَأَنزَلَ اللهُ فِيهَا خَمْسَةَ عَشَرَ آيَةً مِنْ سُورَةِ النورِ، ثُم قَرَأَ الْحَكَمُ حَتى بَلَغَ "الْخَبِيثَاتُ لِلْخَبِيثِينَ وَالْخَبِيثُونَ لِلْخَبِيثَـاتِ وَالطيبَـاتُ لِلطيـبِينَ وَالطيبُـونَ لِلطيبَاتِ"[النور آية 26]، قَالَ:فَالْخَبِيثَاتُ مِنَ النسَاءِ لِلْخَبِيثِينَ مِنَ الرجَالِ، وَالْخَبِيثُونَ مِنَ الرجَالِ لِلْخَبِيثَاتِ مِنَ النسَاءِ، وَالطيبَاتُ مِنَ النسَاءِ لِلطيبِينَ مِنَ الرجَالِ، وَالطيبُـونَ مِـنَ الرجَالِ لِلطيبَاتِ مِنَ النسَاءِ.

7113 — ھەكەم ئىبنى ئۇتەيبەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەر ئائىشە ھەققىدە گەپ پەيدا قىلغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشەگە ئادەم ئەۋەتتى. ئائىشە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ قىزىتمام يوق تۇرۇپ، جۇغۇلداپ تىترىگەن ھالدا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئائىشە! كىشىلەر نېمە دەيدۇ؟ - دېۋىدى، مەن:

— سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاسماندىن مېنى ئاقلاپ ئايەت چۈشمىگىچە، ساڭا ھەرگىزمۇ

[1] ھەيسەمى (15305): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ھارۇن ئەبۇ ئەلقەمە قەرەۋي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

ئۆزرە ئېيتمايمەن، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، اللە تائالا نۇر سۈرىسىدىن ئون بەش ئايەت (11 ـ دىن 26 ـ گىچە) نازىل قىلدى، ھەكەم ئۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ، اللە تائالانىڭ بۇ سۆزىگىچە تاماملىدى: يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر، ئەنە شۇلار ئۇلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر، ئۇلار مەغفىرەتتىن، (نازۇ نېئمەتلىك جەننەتلەردىكى) ئېسىل رىزىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ [1].

ھەكەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: دېمەك، يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە؛ يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا؛ ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە؛ ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر [2].

(«ئەلكەبىر»: 160/23)

**7114 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَما نَزَلَ عُذْرِي قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ عَلَى الْمِنْبَرِ فَذَكَرَ ذَلِكَ وَتَلَا الْقُرْآنَ فَلَما نَزَلَ أَمَرَ بِرَجُلَيْنِ وَامْرَأَةٍ فَضُرِبُوا حَدهُمْ.**

7114 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مېنى ئاقلىغان ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىقىپ، ئۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئاندىن مۇنبەردىن چۈشۈپ بۇيرۇق قىلغانىدى، ماڭا بوھتان چاپلىغان ئىككى ئەر بىلەن بىر ئايالغا بوھتان جازاسى ئىجرا قىلىندى [3].

(تىرمىزى: 3181)

**7115 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ يَرْحَمُ اللهُ نِسَاءَ الْمُهَاجِرَاتِ الْأُوَلَ لَما أَنْزَلَ اللهُ {وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِن عَلَى جُيُوبِهِن} شَقَقْنَ مُرُوطَهُن فَاخْتَمَرْنَ بِهَا.**

---

[1] سۈرە نۇر، 26 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11224): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2542): ھەسەن، ـ دېگەن.

7115 ـــ ئائىشـــە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــادىن يەنە مۇنـــداق رىـــۋايەت قىلىنىدۇ: اللە ئىلگىرىكى مۇھاجىر ئاياللارغا رەھمەت قىلسۇن! چۈنكى اللە تائـالا: لېچەكلـــىرى بىـــلەن كـــۆكرەكلىرىنى ياپسـۇن [1] دېـگەن ئايەتنى نازىل قىلغان چاغدا، ئۇلار كىيىملىرىنى يىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن باش ۋە كۆكرەكلىرىنى پۈركىۋالغانىدى.

(بۇخارى: 4758)

7116 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبصَـارِهِن الْآيَـةَ فَنَسِـخَ وَاسْتَثْنَى مِنْ ذَلِكَ وَالْقَوَاعِدُ مِنْ النسَاءِ اللاتِي لَا يَرْجُونَ نِكَاحًا الْآيَةَ.

7116 ـ ئىبنـى ئابباس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـادىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: اللە تائالانـىڭ: مـۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشـــقا زىننەتلىرىنـــى ئاشكارىلىمىســـۇن، لېچەكلـــىرى بىـــلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىـــڭ ئوغۇللىرىـــدىن، يـــا ئـــۆز قېرىنداشـــلىرىدىن، يـــا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسى شەھۋىتى يوقلار)دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىســـۇن، زىننەتلىرىنـــى كىشـــىلەرگە بىلـــدۈرۈش ئۈچـــۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار اللەقا تەۋبە قىلىڭلار [2] دېگەن ئايىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن: ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا (رىدا، ئىچچىغا

[1] سۈرە نۇر، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نۇر، 31 ـ ئايەت.

ئوخشاش) تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە (ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملەر بىلەن يۈرسە) ھېچ گۇناھ يوقتۇر، تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتىن ساقلانسا، ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[1] دېگەن ئايەت مەنسۇخ قىلدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4111)

7117 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ كَانَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أُبي ابْنُ سَلُولَ يَقُولُ لِجَارِيَةٍ لَهُ اذْهَبِي فَابْغِينَا شَيْئًا فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل وَلَا تُكْرِهُوا فَتَيَاتِكُمْ عَلَى الْبِغَاءِ إِنْ أَرَدْنَ تَحَصُّنًا لِتَبْتَغُوا عَرَضَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَمَنْ يُكْرِهْهُن فَإِن اللهَ مِنْ بَعْدِ إِكْرَاهِهِن لَهُن غَفُورٌ رَحِيمٌ.

7117 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىر دېدەكىگە:

ـ پاھىشە قىلىپ، پۇل تېپىپ كەل! ـ دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن الله ئۇلارنى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى پاھىشىغا مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ)[3].

(مۇسلىم: 3029)

7118 ـ عَنْ جَابِرٍ أَن جَارِيَةً لِعَبْدِ اللهِ بْنِ أُبي ابْنِ سَلُولَ يُقَالُ لَهَا مُسَيْكَةُ وَأُخْرَى يُقَالُ لَهَا أُمَيْمَةُ فَكَانَ يُكْرِهُهُمَا عَلَى الزِّنَى فَشَكَتَا ذَلِكَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَنْزَلَ اللهُ {وَلَا تُكْرِهُوا فَتَيَاتِكُمْ عَلَى الْبِغَاءِ إِلَى قَوْلِهِ غَفُورٌ رَحِيمٌ}.

[1] سۈرە نۇر، 60 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (3464): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.
[3] سۈرە نۇر، 33 ـ ئايەت.

7118 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ مۇسەيكە ۋە ئۇمەيمە ئىسىملىك ئىككى دېدىكى بار بولۇپ، ئۇ ئىككى دېدىكىنى پاھىشىلىك قىلىشقا زورلايتتى. ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلغانىدى، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن الله ئۇلارنى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى پاھىشىغا مەجبۇرلانغانلىغى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ) [1].

(مۇسلىم: 3029)

7119 ـ عن ابن مسعود أنه رأى ناسا من أهل السوق سمعوا الأذان، فتركوا أمتعتهم وقاموا إلى الصلاة، فقال: "هؤلاء الذين، قال الله عز وجل: "رجال لا تلهيهم تجارة ولا بيع عن ذكر الله [النور: 37].

7119 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بازاردىكى بەزى سودىگەرلەرنىڭ ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان ماللىرىنى تاشلاپ قويۇپ، نامازغا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: ئەنە شۇلار الله تائالا تەرىپىدىن: ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ــ سېتىق ئۇلارنى اللهنى زىكرى قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن قورقىدۇ) [2] دەپ تەسۋىرلەنگەن كىشىلەردۇر[3].

(«ئەلكەبىر»: 9079)

[1] سۈرە نۇر، 33 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نۇر، 37 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11234): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىر راۋىي بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7120 ـ عَنْ عِكْرِمَةَ أَن نَفَرًا مِنْ أَهْلِ الْعِرَاقِ قَالُوا يَا ابْنَ عَباسٍ كَيفَ تَرَى فِي هَذِهِ الْآيَةِ التِي أُمِرْنَا فِيهَا بِمَا أُمِرْنَا وَلَا يَعْمَلُ بِهَا أَحَدٌ قَوْلُ اللهِ عَز وَجَل يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لِيَسْتَأْذِنْكُمْ الذِينَ مَلَكَتْ أَيمَانُكُمْ وَالذِينَ لَمْ يَبْلُغُوا الْحُلُمَ مِنْكُمْ ثَلَاثَ مَراتٍ مِنْ قَبْلِ صَلَاةِ الْفَجْرِ وَحِينَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُمْ مِنْ الظهِيرَةِ وَمِنْ بَعْدِ صَلَاةِ الْعِشَاءِ ثَلَاثُ عَوْرَاتٍ لَكُمْ لَيْسَ عَلَيْكُمْ وَلَا عَلَيْهِمْ جُنَاحٌ بَعْدَهُن طَوافُونَ عَلَيْكُمْ قَرَأَ الْقَعْنَبِي إِلَى عَلِيمٌ حَكِيمٌ قَالَ ابْنُ عَباسٍ إِن اللهَ حَلِيمٌ رَحِيمٌ بِالْمُؤْمِنِينَ يُحِب الستْرَ وَكَانَ الناسُ لَيْسَ لِبُيُوتِهِمْ سُتُورٌ وَلَا حِجَالٌ فَرُبمَا دَخَلَ الْخَادِمُ أَوْ الْوَلَدُ أَوْ يَتِيمَةُ الرجُلِ وَالرجُلُ عَلَى أَهْلِهِ فَأَمَرَهُمْ اللهُ بِالِاسْتِئْذَانِ فِي تِلْكَ الْعَوْرَاتِ فَجَاءَهُمْ اللهُ بِالستُورِ وَالْخَيْرِ فَلَمْ أَرَ أَحَدًا يَعْمَلُ بِذَلِكَ بَعْدُ.

7120 ـ ئىكرىمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىراقلىق بىر قانچە كىشى ئىبنى ئابباسقا:

ـ ئى ئىبنى ئابباس! اﷲ تائالا بىزگە: ئى مۇئمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرىتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر، اﷲ سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، اﷲ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1] دەپ بۇيرۇق قىلدى، ئەمما بىز بۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلمايمىز. سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئىبنى ئابباس مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ اﷲ تائالا بەندىلىرىگە رەھىم ـ شەپقەتلىكتۇر، ھەلىمدۇر، ئۇلارنى يۆگەشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇرۇن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە يا پەردە ياكى

[1] سۈرە نۇر، 58 ـ ئايەت.

چىملىدىق دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى. ئايالى بىلەن بىللە بولغان چاغدا، خىزمەتچىسى ياكى بالىسى ياكى ئۆز ھىمايىسىدىكى يېتىم قىزى كىرىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولاتتى. بۇ سەۋەبتىن، الله تائالا شۇنداق ئارام ئالىدىغان چاغلاردا كىرىشتىن بۇرۇن ئىجازەت سوراشقا بۇيرىغان. كېيىن الله تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىنى باياشات قىلىپ، ھەممە ئۆيگە ئىشىك ۋە پەردىلەر بېكىتىلگەن بولغاچقا، ئەمدى ئۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىدىغانلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5192)

7121 ـ عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ أَبِي يَزِيدَ سَمِعَ ابْنَ عَباسٍ يَقُولُ لَمْ يُؤْمَرْ بِهَا أَكْثَرُ الناسِ آيَةَ الْإِذْنِ وَإِني لَآمُرُ جَارِيَتِي هَذِهِ تَسْتَأْذِنُ عَلَي.

7121 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ يەزىدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: كۆپىنچە كىشىلەر ئىجازەت سوراش ئايىتىگە ئەمەل قىلىشمىدى، لېكىن مەن بۇ دېدىكىمنى قېشىمغا كىرىشتىن بۇرۇن ئىجازەت سوراشقا بۇيرۇيمەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5191)

7122 ـ عَنْ عُقْبَةَ بن عَامِرٍ، قَالَ: رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ هَذِهِ الآيَةَ فِي خَاتِمَةِ النورِ، وَهُوَ جَاعِلٌ أُصْبُعَيْهِ تَحْتَ عَيْنَيْهِ، يَقُولُ: "بِكُل شَيْءٍ بَصِيرٌ".

7122 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى بارمىقىنى ئىككى كۆزى ئاستىغا تەڭلەپ تۇرۇپ، نۇر سۈرىسىنىڭ

[1] ئەلبانى (4324): سەنەدى ھەسەن ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (4323): سەنەدى سەھىھ ۋە مەۋقۇف، ـ دېگەن.

ئاخىرىدىكى ئايەتنى ئوقۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى كۆرگەن: «اللّٰه ھەممە نەرسىنى كۆرگۈچىدۇر»[①].

(«ئەلكەبىر»: 282/17)

① ھەيسەمى (11239): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7123 ـ عن ابن عباس: (وَيَوْمَ يَعَضُّ الظَّالِمُ عَلَى يَدَيْهِ) قال: الظالم عقبة بن أبي معيط (يَقُولُ يَا لَيْتَنِي اتَّخَذْتُ مَعَ الرَّسُولِ سَبِيلًا يَا وَيْلَتَى لَيْتَنِي لَمْ أَتَّخِذْ فُلَانًا خَلِيلًا).

7123 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اﷲ تائالانىڭ: شۇ كۈنى زالىم (يەنى كافىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: (تىلغا ئېلىنغان) بۇ زالىم ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت (بەزىلىرىگە كۆرە، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف) بولۇپ، ئۇ (بۇ كۈندە): ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ دەيدۇ[2].

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7124 ـ وعنه: صنع عقبة بن أبي معيط طعاما، فدعا أشراف قريش، وكان فيهم النبي صلى الله عليه وسلم، فامتنع النبي صلى الله عليه وسلم أن يطعم أو يشهد عقبة شهادة التوحيد، ففعل، فأتاه أبي أو أمية وكان خليله فقال: أصبأت؟ قال: لا ولكن استحييت أن يخرج من منزلي أو يطعم من طعامي، فقال: ما كنت أرضى أو تبصق في وجهه، ففعل عقبة، وقتل يوم بدر صبرا كافرا.

7124 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئەيت زىياپەت تەييارلاپ، قۇرەيش كاتتىلىرىنى چاقىردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋھىد ۋە شاھادەت

[1] سۈرە فۇرقان، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە فۇرقان، 28 ـ ئايەت.

كەلتۈرمىگىنى ئېيتمىغىچە، ئۇقبەنىڭ تامىقىنى يېمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇقبە (ۋاقتىنچە بولسىمۇ) شاھادەت ئېيتتى. ئاندىن ئۇقبەنىڭ دوستى ئۇبەي (ياكى ئۇمەييە) كېلىپ:

ـ سەن ئاتا ـ بوۋاڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ، مۇسۇلمان بولدۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـــ ياق، مەن پەقەت ئۇنىڭ ئۆيۈمدىن تاماق يېمەي چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلىپ قويدۇم، ـ دېدى، ئۇ:

ـــ سەن ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرمىگىچە رازى بولمايمەن، ـ دەپ تۇرىۋالدى. ئۇقبە ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى ـ يۇ، بەدر غازىتىدا كاللىسى تېنىدىن جۇدا بولدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

7125 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَأَلْتُ أَوْ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَي الذنبِ عِنْدَ اللهِ أَكْبَرُ قَالَ أَنْ تَجْعَلَ لِلهِ نِدا وَهُوَ خَلَقَكَ قُلْتُ ثُم أَي قَالَ ثُم أَنْ تَقْتُلَ وَلَدَكَ خَشْيَةَ أَنْ يَطْعَمَ مَعَكَ قُلْتُ ثُم أَي قَالَ أَنْ تُزَانِيَ بِحَلِيلَةِ جَارِكَ قَالَ وَنَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ تَصْدِيقًا لِقَوْلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النفْسَ التِي حَرمَ اللهُ إِلا بِالْحَق وَلَا يَزْنُونَ.

7125 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ قايسى گۇناھ اللهنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ الله سېنى ياراتقان تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ، ـ دېدى. مەن:

ـــ بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر گۇناھ، ئۇندىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ سەن بىللە تاماق يېيىشىدىن ئەنسىرەپ بالاڭنى ئۆلتۈرىۋېتىشىڭ، ـ دېدى. مەن يەنە:

ـــ ئۇنىدىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ قوشنىڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ، ـ دېدى. كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: ئۇلار اللهقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ [1].

(بۇخارى: 4761)

7126 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَما نَزَلَتْ وَأَنذِرْ عَشِيرَتَكَ الأَقْرَبِينَ صَعِدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الصفَا فَجَعَلَ يُنَادِي يَا بَنِي فِهْرٍ يَا بَنِي عَدِي لِبُطُون قُرَيْشٍ حَتى اجْتَمَعُوا فَجَعَلَ الرجُلُ إِذَا لَمْ يَسْتَطِعْ أَنْ يَخْرُجَ أَرْسَلَ رَسُولًا لِيَنظُرَ مَا هُوَ فَجَاءَ أَبو لَهَبٍ وَقُرَيْشٌ فَقَالَ أَرَأَيْتَكُمْ لَوْ أَخْبَرْتُكُمْ أَن خَيْلًا بِالْوَادِي تُرِيدُ أَنْ تُغِيرَ عَلَيْكُمْ أَكُنْتُمْ مُصَدِقِي قَالُوا نَعَمْ مَا جَرَبْنَا عَلَيْكَ إِلا صِدْقًا قَالَ فَإِني نَذِيرٌ لَكُمْ بَيْنَ يَدَيْ عَذَابٍ شَدِيدٍ فَقَالَ أَبو لَهَبٍ تَبا لَكَ سَائِرَ الْيَوْمِ أَلِهَذَا جَمَعْتَنَا فَنَزَلَتْ تَبتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَب مَا أَغْنَى عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ.

7126 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن [2] دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفا تېغىغا چىقىپ:

ـ ئەي فىھر جەمەتى! ئەي ئەدىي جەمەتى! ـ دەپ توۋلىغىلى تۇردى. ئۇلار ئوپۇل ـ توپۇل چىقىپ توپلاشتى. چىقالمىغانلىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. ئەبۇ لەھەب ۋە باشقا قۇرەيشلەرمۇ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] سۈرە فۇرقان، 68 ـ ئايەت.

[2] سۈرە شۇئەرا، 214 ـ ئايەت.

— ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر مەن سىلەرگە: «بۇ جىلغىدا ئەسكەرلەر ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېسەم، ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

- ھەئە، بىز سېنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىڭنى كۆرۈپ باقمىدۇق، - دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنداقتا، مەن سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ئالدىن ئاگاھلاندۇرماقچىمەن، - دېگەنىدى، ئەبۇ لەھەب:

— ۋۇي بالاتەگكۇر! سەن بىزنى بۇگۇن مۇشۇ ئىش ئۇچۇن چاقىرغانمىدىڭ، - دېدى. شۇ چاغدا: ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال - مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ [1] دېگەن سۈرە نازىل بولدى.

(بۇخارى: 4770)

7127 ـ وفي رواية: فَصَعِدَ إِلَى الْجَبَلِ فَنَادَى يَا صَبَاحَاهْ.

7127 — يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفا تېغىغا چىقىپ: «دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى!» دەپ توۋلىغان.

(بۇخارى: 4801)

7128 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَمَّا نَزَلَتْ وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ وَرَهْطَكَ مِنْهُمْ الْمُخْلَصِينَ ....

[1] سۈرە مەسەد.

7128 ـ ئىبنى ئاببار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى، سەمىمىي دوست ـــ بۇرادەرلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن [1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا (توۋلىدى)...
(بۇخارى: 4971)

7129 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ أُنزِلَ عَلَيْهِ وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ قَالَ يَا مَعْشَرَ قُرَيْشٍ اشْتَرُوا أَنفُسَكُمْ مِنْ اللهِ لَا أُغْنِي عَنكُمْ مِنْ اللهِ شَيْئًا يَا بَنِي عَبْدِ الْمُطلِبِ لَا أُغْنِي عَنكُمْ مِنْ اللهِ شَيْئًا يَا عَباسُ بْنَ عَبْدِ الْمُطلِبِ لَا أُغْنِي عَنكَ مِنْ اللهِ شَيْئًا يَا صَفِيةُ عَمةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا أُغْنِي عَنكِ مِنْ اللهِ شَيْئًا يَا فَاطِمَةُ بِنْتَ مُحَمدٍ سَلِينِي مَا شِئْتِ لَا أُغْنِي عَنكِ مِنْ اللهِ شَيْئًا.

7129 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن [2] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى قۇرەيش خەلقى! ئۆزۈڭلارنى اللهتىن سېتىۋېلىڭلار! مەن سىلەرنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىۋالالمايمەن. ئى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتى! مەن سىلەرنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىۋالالمايمەن. ئى ئاببار ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب! مەن سېنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىۋالالمايمەن. ئى رەسۇلۇللاھنىڭ هاممىسى سەفىييە! مەن سېنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىۋالالمايمەن. ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! مەندىن مال ــ دۇنيا سورىسالڭ سورىغىنىڭنى، سېنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىۋالالمايمەن» [3].

(نەسائى: 3646)

[1] سۈرە شۇئەرا، 214 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە شۇئەرا، 214 ـ ئايەت.
[3] ئەلبانى (3408): سەھىھ ـ دېگەن.

7130 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ لَمَّا أُنْزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ دَعَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قُرَيْشًا فَاجْتَمَعُوا فَعَمَّ وَخَصَّ فَقَالَ يَا بَنِي كَعْبِ بْنِ لُؤَيٍّ أَنْقِذُوا أَنْفُسَكُمْ مِنْ النَّارِ يَا بَنِي مُرَّةَ بْنِ كَعْبٍ أَنْقِذُوا أَنْفُسَكُمْ مِنْ النَّارِ يَا بَنِي عَبْدِ شَمْسٍ أَنْقِذُوا أَنْفُسَكُمْ مِنْ النَّارِ يَا بَنِي عَبْدِ مَنَافٍ أَنْقِذُوا أَنْفُسَكُمْ مِنْ النَّارِ يَا بَنِي هَاشِمٍ أَنْقِذُوا أَنْفُسَكُمْ مِنْ النَّارِ يَا بَنِي عَبْدِ الْمُطَّلِبِ أَنْقِذُوا أَنْفُسَكُمْ مِنْ النَّارِ يَا فَاطِمَةُ أَنْقِذِي نَفْسَكِ مِنْ النَّارِ فَإِنِّي لَا أَمْلِكُ لَكُمْ مِنْ اللهِ شَيْئًا غَيْرَ أَنَّ لَكُمْ رَحِمًا سَأَبُلُّهَا بِبَلَالِهَا.

7130 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم اللە تائالانىڭ: يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن [1] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، پۈتۈن قۇرەيش خەلقىنى توپلاپ ئومۇمىي ۋە ئايرىم ـ ئايرىم چاقىرىق قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«ئى كەئب ئىبنى لۇئەي جەمەتى، ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى ئابدۇ شەمس جەمەتى، ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى ئابدۇ مەنناف جەمەتى، ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى بەنى ھاشىم جەمەتى، ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتى، ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇڭلار! ئى فاتىمە، ئۆزەڭنى دوزاختىن قۇتقۇزغىن! چۈنكى مەن سىنى اللەنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىۋالالمايمەن، پەقەتلا سىلەر تۇغقان بولغانلىقىڭلار ئۈچۈنلا سىلە ـ رەھىم قىلالايمەن».

(مۇسلىم: 204)

7131 ـ وفي أخرى بنحوه وقال لكل واحد: فَإِنِّي لَا أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا نَفْعًا.

7131 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقىدەك ئومۇمىي خىتاب قىلغاندىن كېيىن، ھەر بىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا:

[1] سۈرە شۇئەرا، 214 ـ ئايەت.

«چۈنكى مەن سىلەرگە يا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيمەن» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 3185)

7132 ـ عَنْ قَبِيصَةَ بْنِ الْمُخَارِقِ وَزُهَيْرِ بْنِ عَمْرٍو قَالَا لَمَّا نَزَلَتْ ﴿وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ﴾ قَالَ انْطَلَقَ نَبِيُّ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِلَى رَضْمَةٍ مِنْ جَبَلٍ فَعَلَا أَعْلَاهَا حَجَرًا ثُمَّ نَادَى يَا بَنِي عَبْدِ مَنَافَاهْ إِنِّي نَذِيرٌ إِنَّمَا مَثَلِي وَمَثَلُكُمْ كَمَثَلِ رَجُلٍ رَأَى الْعَدُوَّ فَانْطَلَقَ يَرْبَأُ أَهْلَهُ فَخَشِيَ أَنْ يَسْبِقُوهُ فَجَعَلَ يَهْتِفُ يَا صَبَاحَاهْ.

7132 ـ قۇبەيسە ئىبنى مۇخارىق ۋە زۇھەير ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يېقىن خىش ــ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز قۇرام تېشى ئۈستىگە چىقىپ مۇنداق دەپ توۋلىغانىدى:

«ئى ئابدۇمەنناف جەمەتى! مەن ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن، مەن خۇددى دۈشمەننى كۆرۈپ جەمەتىنى ئاگاھلاندۇرۇشقا يۈگۈرگەن ۋە دۈشمەننىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن بېرىپ بولۇشىدىن ئەنسىرەپ: ”دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى!“ دەپ توۋلىغان چارلىغۇچىغا ئوخشايمەن».

(مۇسلىم: 207)

7133 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ ﴿وَالشُّعَرَاءُ يَتَّبِعُهُمُ الْغَاوُونَ﴾ فَنَسَǸ مِنْ ذَلِكَ وَاسْتَثْنَى فَقَالَ ﴿إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَذَكَرُوا اللَّهَ كَثِيرًا﴾.

7133 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: شائىرلارغا گۇمراھلار ئەگىشىدۇ[2] دېگەن ئايەت نازىل بولۇپ، كۆپ ئۆتمەي بىر قىسىم مەزمۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە: پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، اللهنى كۆپ

[1] ئەلبانى (2546): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە شۇئەرا، 224 ـ ئايەت.

زىكرى قىلغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغدىغان شائىرلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5016)

7134 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللِه صَلى اللُه عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تَخْرُجُ الدابة مَعَهَا خَاتَمُ سُلَيْمَانَ وَعَصَا مُوسَى فَتَجْلُو وَجْهَ الْمُؤْمِنِ وَتَخْتِمُ أَنفَ الْكَافِرِ بِالْخَاتَمِ حَتى إِن أَهْلَ الْخُوَانِ لَيَجْتَمِعُونَ فَيَقُولُ هَاهَا يَا مُؤْمِنُ وَيُقَالُ هَاهَا يَا كَافِرُ وَيَقُولُ هَذَا يَا مُؤْمِنُ وَيَقُولُ هَذَا يَا كَافِرُ.

7134 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«زېمىندىن بىر خىل ھايۋان سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنى تۇتقان ھالدا چىقىپ، ھاسا بىلەن مۆئمىنىنىڭ يۈزىنى ئاقارتىدۇ، ئۈزۈك بىلەن كاپىرنىڭ بۇرنىغا بەلگە ئۇرىدۇ. كىشىلەر بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ: مانا ماۋۇ مۆئمىنكەن، مانا ماۋۇ كاپىركەن، ـ دېيىشىدۇ. بىرى: ئى مۆئمىن! ـ دېسە، يەنە بىرى: ئى كاپىر! ـ دەيدۇ»[3].

(تىرمىزى: 3187)

7135 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ سَأَلَنِي يَهُودِي مِنْ أَهْلِ الْحِيرَةِ أَي الْأَجَلَيْنِ قَضَى مُوسَى قُلْتُ لَا أَدْرِي حَتى أَقْدَمَ عَلَى حَبْرِ الْعَرَبِ فَأَسْأَلَهُ فَقَدِمْتُ فَسَأَلْتُ ابْنَ عَباسٍ فَقَالَ قَضَى أَكْثَرَهُمَا وَأَطْيَبَهُمَا إِن رَسُولَ اللِه صَلى اللُه عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا قَالَ فَعَلَ.

7135 ــ سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھىرەلىك بىر يەھۇدىي مەندىن:

---

[1] سۈرە شۇئەرا، 227 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (4194): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (622): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككى مۇددەتنىڭ قايسىسىنى تاماملىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ــ ئۇقمايمەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەللامىسىدىن سوراپ باقاي! ـ دېدىم ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن سورىسام، ئۇ:

ــ مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەم ئۇزۇن ھەم شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ياقىدىغان مۇددەتنى تاماملىدى، اﷲنىڭ رەسۇلى دېگەن بىرەر سۆزنى قىلسا، دېگىنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2684)

7136 ـ عن عُتْبَةَ بن النذْرِ السلَمِي قال سُئِلَ النبي صلى اللهُ عليـه وسـلم أي الأَجَلَيْنِ قَضَى مُوسَى قال ابرZا وَأَوْفَاهُمَا وقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليـه وسـلم ان مُوسَى لَما أَرَادَ فِرَاقَ شُعَيْبٍ عليه السلامُ قال لامْرَأَتِهِ أَنْ تَسْأَلَ أَبَاهَا أَنْ يُعْطِيَهَا من غَنَمِهِ ما يَعِيشُ بِهِ فَأَعْطَاهَا ما نَتَجَتْ غَنَمُهُ في ذلك الْعَامِ من قَالَبِ لَوْنٍ وَاحِدٍ فلما وَرَدَتِ الْغَنَمُ الْحَوْضَ وَقَفَ مُوسَى عليه السلامُ بِإِزَاءِ الْحَوْضِ فلم يُصْدِرْ منها شَيْئًا الا ضَرَبَ جَنْبَهَـا فَحَمَلَتْ فَنَتَجَتْ كُلُهن قَالَبَ لَوْنٍ وَاحِدٍ ليس فِيهِن فَشُوeٌ وَلا ضَـبُوبٌ وَلا ثُعُـولٌ وَلا كَمِشَةٌ تَفُوتُهُ الْكَف قال فَإِن افْتَتَحْتُمُ الشامَ وَجَدْتُمْ بَقَايَا منها فَاتخِذُوهَا وَهِيَ السامِرِيةُ.

7136 ـ ئۇتبە ئىبنى نەدر سۇلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىككى مۇددەتنىڭ قايسىسىنى تاماملىغان؟ ـ دەپ سورالغان ئىدى، ئۇ:

ــ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ياقىدىغان ۋە ئەڭ ئۇزۇن مۇددەتنى تاماملىغان، ـ دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن يەنە مۇنداق دېدى:

ــ مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇئەيب ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلماقچى بولغاندا، ئايالىغا ئاتىسىدىن تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك قوي بېرىشىنى سوراشنى ئېيتتى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قىزىغا شۇ يىلى سىدام (ئالىسى يوق) تۇغۇلغان قوزىلارنى بەرمەكچى بولدى. قويلار سۇ ئىچكىلى كەلگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام كۆلنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ، سۇ ئىچىپ بولۇپ قايتقان ھەر بىر قوينىڭ بىقىنىغا بىرنى ئۇرۇپ قويدى.

كېيىن قويلار قوساق كۆتۈرۈپ، ھەممىسىنىڭ قوزىسى سىدام تۇغۇلدى. ئۇ قوزىلارنىڭ ھېچبىرىدە يا سۈتى ئېقىپ كېتىدىغان، ياكى تولۇق يېتىلمەي، ياكى ئەمچىكى كىچىك، يا ئەمچىكى ئۈچ تۇپچىلىق، يا ئەمچىكى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن دېگەندەك ئەيىبلەر يوق ئىدى. ئەگەر سىلەر شامنى فەتھى قىلساڭلار، ئۇ قويلارنىڭ نەسلىنى ئۇچرىتىسىلەر. ئۇ قويلارنى بېقىڭلار، ئۇلار سامىرىيىيە قويلىرىدۇر[①].

(بەززار: 2246؛ «ئەلكەبىر»: 134/17)

7137 ـ عن أبي ذر رفعه: وإن سئلت أي المرأتين تزوج فقل الصغرى منهما وهي التي جاءت وقالت يا أبت استأجره أن خير من استأجرت القوي الأمين قال ما رأيت من قوته قالت أخذ حجرا ثقيلا فألقاه عن البئر قال وما الذي رأيت من أمانته قالت قال امش خلفي ولا تمشي أمامي.

7137 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇئەيبنىڭ قىزلىرىدىن قايسىسىغا ئۆيلەنگەن؟ ـ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كىچىك قىزىغا، يەنى: ئى ئاتا! ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر[②] دېگىنىگە ئۆيلەندى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قىزىدىن:

ـ ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، قىزى:

ـ ئېغىر بىر تاشنى قۇدۇقنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتتى، ـ دېدى، شۇئەيب:

ـــ ئۇنداقتا، ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، قىزى:

---

[①] ھەيسەمى (11251): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[②] سۈرە قەسەس، 26 ـ ئايەت.

ـ ئۇ ماڭا: "ئالدىمدا ماڭماي، ئارقامدا ماڭغىن!" دېدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(بەززار: 2244؛ «ئەلكەبىر»: 8829؛ ئەلسەغىر»: 815)

7138 ـ عن رِفَاعَةَ الْقُرَظِي قال نَزَلَتْ هذه الآيَةُ في عَشَرَةِ رَهْطٍ أنا أَحَدُهُمْ (وَلَقَدْ وَصلْنا لَهُمُ الْقَوْلَ لَعَلهُمْ يَتذَكَرُونَ).

7138 ـ رىفائە ئەلقۇرەزىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، شۇبھىسىزكى، ئۇلارغا قۇرئاننى ئۇزۇلدۇرمەي چۈشۈردۇق[2] دېگەن ئايەت ئون كىشى ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار[3].

(«ئەلكەبىر»: 4563)

7139 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِعَمهِ عِنْدَ الْمَوْتِ قُلْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ أَشْهَدُ لَكَ بِهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَأَبى فَأَنْزَلَ اللهُ إِنكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ الْآيَةَ.

7139 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭغا:

ـ "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" دېگىن، قىيامەت كۈنى، مەن ساڭا گۇۋاھچى بولاي، ـ دېدى، لېكىن تاغىسى ئۇنىمىدى. كۆپ ئۆتمەي، الله تائالا: شۇبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، الله ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ[4] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(مۇسلىم: 25)

---

[1] ھەيسەمى (11252): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ سەنەدىدە ئىسھاق ئىبنى ئىدرىس ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] سۇرە قەسەم، 51 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11255): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىك ۋە مۇتتەسىل؛ يەنە بىر سەنەدى مۇنقەتىئتۇر، ـ دېگەن.

[4] سۇرە قەسەس، 56 ـ ئايەت.

7140 ـ عَنْ ٱبنِ عَباسٍ لَرَادكَ إلى مَعَادٍ قَالَ إلى مَكةَ.

7140 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: ساڭا قۇرئاننى پەرز قىلغان زات سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە قايتۇرىدۇ [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: يەنى مەككىگە (قايتۇرىدۇ)، ـ دېگەن.
(بۇخارى: 4773)

7141 ـ وفي رواية: قال معادُكَ مِنَ الْجَنةِ.

7141 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: جەننەتكە (قايتۇرىدۇ)، ـ دېيىلگەن[2].
(«ئەلكەبىر: 12032)

7142 ـ وفي رواية: قال إБ الموت.

7142 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۆلۈمگە (قايتۇرىدۇ)، ـ دېيىلگەن[3].
(«ئەلكەبىر»: 12268)

7143 ـ وفي رواية عن أبي سعيد: قال معاده آخرته.

7143 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن يەنە بىر رىۋايەتتە: قايتىدىغان جايى ئاخىرىتىدۇر، ـ دېيىلگەن[4].
(مەۋسىلى: 1131)

7144 ـ عن أُم هَانِئٍ عن النبي صلى الله عليه وسلم في قَوْلِهِ تعاБ (وَتَـأْتُونَ في نَادِيكُمْ الْمُنكَرَ) قال كَانُوا يَخْذِفُونَ أَهْلَ الأرض وَيَسْخَرُونَ منهم.

[1] سۇرە قەسەس، 85 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11257): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىدىكى خۇسەيف ئىسىملىك كىشىگە ھەرخىل باھا بېرىلگەن. ئۇندىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (11258): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىدىكى خۇسەيف ئىسىملىك كىشىگە ھەرخىل باھا بېرىلگەن. ئۇندىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[4] ھەيسەمى (11258): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7144 ـ ئۇممۇ هانى رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: سورۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق يامان ئىشلارنى قىلىۋېرەمسىلەر؟ ① دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسىگە شېغىل تاش ئاتاتتى ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشاتتى»②.

(تىرمىزى: 3190)

7145 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِن فُلَانًا يُصَلي بِاللَّيْلِ فَإِذَا أَصْبَحَ سَرَقَ قَالَ إِنهُ سَيَنْهَاهُ مَا يَقُولُ.

7145 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە كېلىپ:

ـ پالانى كېچىدە ناماز ئوقۇيدۇ، ئەمما كۈندۈزى ئوغرىلىق قىلىدۇ، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ كېيىنچە، نامىزى ئۇنى ئوغرىلىقتىن توسايدۇ، ـ دېدى③.

(ئەھمەد: 9777)

7146 ـ ابن عباس: ولذكر الله أكبر، ذكر العبد الله بلسانه كبير، وذكره وخوفه منه إذا أشفى على ذنب فتركه من خوفه أكبر من ذكره بلسانه من غير نزع عن الذنب.

7146 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما الله تائالانىڭ: اللهنى ياد ئېتىش ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر ④ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بەندىنىڭ اللهنى تىلى بىلەن زىكىر قىلىشى كاتتا ئەمەلدۇر. كىشىنىڭ بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلماقچى بولغىنىدا، اللهتىن قورقۇپ، ئۇ ئىشنى

① سۈرە ئەنكەبۇت، 29 ـ ئايەت.

② ئەلبانى(623): سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (11259): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

④ سۈرە ئەنكەبۇت، 45 ـ ئايەت.

قىلماي تاشلىۋەتكىنى، گۇناھتىن قولىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، اللهنى تىلى بىلەن زىكرى قىلغىنىدىن ئەۋزەلدۇر.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

## رۇم، لوقمان، سەجدە ۋە ئەھزاب سۈرىلىرى

7147 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ لَمَّا كَانَ يَوْمُ بَدْرٍ ظَهَرَتْ الرُّومُ عَلَى فَارِسَ فَأَعْجَبَ ذَلِكَ الْمُؤْمِنِينَ فَنَزَلَتْ الم غُلِبَتْ الرُّومُ إِلَى قَوْلِهِ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ قَالَ فَفَرِحَ الْمُؤْمِنُونَ بِظُهُورِ الرُّومِ عَلَى فَارِسَ.

7147 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەدر غازىتى مەزگىلىدە، رىملىقلار پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىدى، بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلار خۇشال بولدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالانىڭ: ئەلىف، لام، مىم، رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش اللهنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۇئمىنلەر اللهنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ [1] دېگەن ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىندى. مۇسۇلمانلار رىملىقلارنىڭ پارسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىدىن ھەقىقەتەن خۇشال بولۇشتى[2].
(تىرمىزى: 2935)

7148 ـ عَنْ نِيَارِ بْنِ مُكْرَمٍ الْأَسْلَمِيِّ قَالَ لَمَّا نَزَلَتْ الم غُلِبَتْ الرُّومُ فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُمْ مِنْ بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ فِي بِضْعِ سِنِينَ فَكَانَتْ فَارِسُ يَوْمَ نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ قَاهِرِينَ لِلرُّومِ وَكَانَ الْمُسْلِمُونَ يُحِبُّونَ ظُهُورَ الرُّومِ عَلَيْهِمْ لِأَنَّهُمْ وَإِيَّاهُمْ أَهْلُ كِتَابٍ وَفِي ذَلِكَ قَوْلُ اللَّهِ تَعَالَى وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ بِنَصْرِ اللَّهِ يَنْصُرُ مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ وَكَانَتْ قُرَيْشٌ تُحِبُّ ظُهُورَ فَارِسَ لِأَنَّهُمْ وَإِيَّاهُمْ لَيْسُوا بِأَهْلِ كِتَابٍ وَلَا إِيمَانٍ بِبَعْثٍ فَلَمَّا

---

[1] سۈرە رۇم، 1 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.

[2] ئەلبانى (2550): سەھىھ ـ دېگەن.

أُنْزَلَ اللهُ تَعَالَى هَذِهِ الْآيَةَ خَرَجَ أُبو بَكْرٍ الصديقُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَصِيحُ فِي نَوَاحِي مَكةَ الم غُلِبَتْ الرومُ فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُمْ مِنْ بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ فِي بِضْعِ سِنِينَ قَالَ نَاسٌ مِنْ قُرَيْشٍ لِأَبِي بَكْرٍ فَذَلِكَ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ زَعَمَ صَاحِبُكَ أَن الرومَ سَتَغْلِبُ فَارِسَ فِي بِضْعِ سِنِينَ أَفَلَا نُرَاهِنُكَ عَلَى ذَلِكَ قَالَ بَلَى وَذَلِكَ قَبْلَ تَحْرِيمِ الرهَانِ فَارْتَهَنَ أُبو بَكْرٍ وَالْمُشْرِكُونَ وَتَوَاضَعُوا الرهَانَ وَقَالُوا لِأَبِي بَكْرٍ كَمْ تَجْعَلُ الْبِضْعُ ثَلَاثُ سِنِينَ إِلَى تِسْعِ سِنِينَ فَسَم بَيْنَنَا وَبَيْنَكَ وَسَطًا تَنْتَهِي إِلَيْهِ قَالَ فَسَمَوْا بَيْنَهُمْ سِت سِنِينَ قَالَ فَمَضَتْ الست سِنِينَ قَبْلَ أَنْ يَظْهَرُوا فَأَخَذَ الْمُشْرِكُونَ رَهْنَ أَبِي بَكْرٍ فَلَما دَخَلَتْ السَنَةُ السابِعَةُ ظَهَرَتْ الرومُ عَلَى فَارِسَ فَعَابَ الْمُسْلِمُونَ عَلَى أَبِي بَكْرٍ تَسْمِيَةَ سِت سِنِينَ لِأَن اللهَ تَعَالَى قَالَ فِي بِضْعِ سِنِينَ وَأَسْلَمَ عِنْدَ ذَلِكَ نَاسٌ كَثِيرٌ.

7148 ــ نىيار ئىبنى مۇكرەم ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلىف، لام، مىم، رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ [1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پارسلار رىملىقلارنى يەڭگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار رىملىقلارنىڭ پارسلارنى يېڭىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى ئۇلارمۇ مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ساماۋىي كىتاب ئەھلى ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: بۇ كۈندە مۇئمىنلەر اللهنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، الله غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر [2].

قۇرەيش بولسا، پارسلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ياقتۇراتتى. چۈنكى ئۇلارمۇ قۇرەيشكە ئوخشاش كىتاب ئەھلى ياكى ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغاندا، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككە كوچىلىرىدا: ئەلىف، لام، مىم، رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن

[1] سۈرە رۇم، 1 ـ دىن 4 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە رۇم، 4 ـ ۋە 5 ـ ئايەتلەر.

كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ دەپ تۈۋلاشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان بەزى قۇرەيشلەر ئەبۇ بەكرىگە:

ـ ئۇنداقتا، بىز باغلىشايلى، سېنىڭ ھەمراھىڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام): ''رىملىقلار پارسلارنى بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ'' دەيدۇ، مۇشۇ ھەقتە پۇل تىكىشەيلى، ـ دېدى. بۇ، پۇل تىكىشىش ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ۋەقە ئىدى. ئەبۇ بەكرى مۇشرىكلار بىلەن باغلىشىپ، پۇل تىكىشتى. مۇشرىكلار:

ـ ''بىر قانچە يىل'' دېگەن سۆز ئۈچ يىلدىن توققۇز يىلغىچىدۇر. بىز ئارىمىزدا ھېسابلاپ، مۇئەييەن بىر يىلغا پۈتۈشۈۋالايلى، ـ دېيىشتى ۋە ئالتە يىلغا پۈتۈشتى. رىملىقلار غەلىبە قىلىپ بولغىچە ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشرىكلار ئەبۇ بەكرىنى ئۇتۇۋېلىشتى. يەتتىنچى يىل كىرگەندە، رىملىقلار پارسلارنى يەڭدى. مۇسۇلمانلار ئەبۇ بەكرىنى:

ـ الله تائالا: ''بىر قانچە يىل'' دېگەن تۇرسا، سەن نېمە ئۈچۈن ئالتە يىل قىلىپ بەلگىلىۋالىسەن؟ ـ دەپ ئەيىبلەشتى. لېكىن شۇ چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇشتى[1].

(تىرمىزى: 3194)

7149 ـ خَاصَمَ نَافِعُ بن الأَزْرَقِ ابن عَباسٍ فقال تَجِدُ الصـلَوَاتِ الْخَمْـسَ في كِتَابِ اللهِ قال نعم فَقَرَأَ عليه سبحان ( فسبحان اللهِ حين تُمْسُـونَ الْمَغْـرِبَ وَحِـينَ تُصْبِحُونَ الصبْحَ وَعَشِيا الْعَصْرَ وَحِينَ تُظْهِرُونَ) قال الظهْرَ وَمِنْ بَعْدِ صَلاةِ الْعِشَاءِ قـال صَلاةَ الْعِشَاءِ.

7149 ــ نافىئ ئىبنى ئەزرەق دېگەن خاۋارىج ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن مۇنازىرىلىشىپ:

ـ اللهنىڭ كىتابىدا ''بەش ۋاقىت ناماز'' دەپ كۆردۈڭلارمۇ؟ ـ دېگەن ئىدى، ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا الله تائالانىڭ: سىلەر ئاخشامدا ۋە

[1] ئەلبانى (2552): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئەتىگەندە اللّٰەقا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەمدۇسانا، كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىكى ھەمدۇسانالارنىڭ ھەممىسى اللّٰەقا خاستۇر [1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ:

ـ ئاخشامدا دېگىنى شام نامىزى، ئەتىگەندە دېگىنى بامدات نامىزى، كەچ دېگىنى ئەسىر نامىزى، چۈش دېگىنى پېشىن نامىزىدۇر. اللّٰە تائالانىڭ: خۇپتەندىن كېيىن [2] دېگەن ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغىنى خۇپتەن نامىزىدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[3].

(«ئەلكەبىر»: 10596)

7150 ـ عن عَبْد اللهِ بن عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَفَاتِيحُ الْغَيبِ خَمْسٌ ثُم قَرَأَ إِن اللهَ عِنْدَهُ عِلْمُ الساعَةِ.

7150 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «غەيبنىڭ خەزىنىلىرى بەشتۇر» دېگەندىن كېيىن: قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن اللّٰەنىڭ دەرگاھىدىدۇر. اللّٰە يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) اللّٰە بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى ـــ يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، اللّٰە ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ

[1] سۈرە رۇم، 17 ـ ۋە 18 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە نۇر، 58 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11262): تەبەرانى بۇ ھەدىسنى ئۇستازى ئابدۇللاھ ئىبنى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەئىدتىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان.

(بۇخارى: 4778)

**7151** ـ عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ أن هَذِهِ الْآيَةَ تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنْ الْمَضَاجِعِ نَزَلَتْ فِي انْتِظَارِ الصَّلَاةِ الَّتِي تُدْعَى الْعَتَمَةَ.

7151 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، الله تائالانىڭ: ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ــ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ [2] دېگەن ئايىتى خۇپتەن دەپ ئاتىلىدىغان نامازنى كۈتۈپ تۇرغانلار ھەققىدە نازىل بولغان[3].

(تىرمىزى: 3196)

7152 ـ عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ فِي هَذِهِ الْآيَةِ تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنْ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِما رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ قَالَ كَانُوا يَتَيَقَّظُونَ مَا بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ يُصَلُّونَ وَكَانَ الْحَسَنُ يَقُولُ قِيَامُ اللَّيْلِ.

7152 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ــ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ [4] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: ساھابىلار شام بىلەن خۇپتەن

---

[1] سۈرە لوقمان، 34 ـ ئايەت.

[2] سۈرە سەجدە، 16 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (2554): سەھىھ ـ دېگەن.

[4] سۈرە سەجدە، 16 ـ ئايەت.

ئارىلىقىدا (ناماز ئوقۇپ) ئويغاق ئولتۇرىشاتتى، ـ دېگەن. ھەسەن بەسرى: كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى، ـ دەپ تەپسىر قىلغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1321)

7153 ـ عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ فِي قَوْلِهِ عَزَّ وَجَلَّ وَلَنُذِيقَنَّهُمْ مِنْ الْعَذَابِ الْأَدْنَى دُونَ الْعَذَابِ الْأَكْبَرِ قَالَ مَصَائِبُ الدُّنْيَا وَالرُّومُ وَالْبَطْشَةُ أَوْ الدُّخَانُ شُعْبَةُ الشَّاكُّ فِي الْبَطْشَةِ أَوْ الدُّخَانِ.

7153 ــ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اللہ تائالانىڭ: ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن بىز ئۇلارغا چوقۇم ئەڭ چوڭ ئازابتىن (يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) ئىلگىرى ئەڭ يېقىنقى ئازاب (يەنى دۇنيا ئازابى)نى تېتىتىمىز [2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئايەتتىكى يېقىنقى ئازاب دۇنيادىكى مۇسىبەتلەر، رىملىقلارنىڭ غەلىبە قىلىشى، بەدردە قاتتىق قىرىلىپ كېتىش ياكى تۈتۈندۇر.

(مۇسلىم: 2799)

7154 ـ قَابُوسُ بْنُ أَبِي ظَبْيَانَ أَنَّ أَبَاهُ حَدَّثَهُ قَالَ قُلْنَا لِابْنِ عَبَّاسٍ أَرَأَيْتَ قَوْلَ اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ مَا جَعَلَ اللَّهُ لِرَجُلٍ مِنْ قَلْبَيْنِ فِي جَوْفِهِ مَا عَنَى بِذَلِكَ قَالَ قَامَ نَبِيُّ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَوْمًا يُصَلِّي فَخَطَرَ خَطْرَةً فَقَالَ الْمُنَافِقُونَ الَّذِينَ يُصَلُّونَ مَعَهُ أَلَا تَرَى أَنَّ لَهُ قَلْبَيْنِ قَلْبًا مَعَكُمْ وَقَلْبًا مَعَهُمْ فَأَنْزَلَ اللَّهُ مَا جَعَلَ اللَّهُ لِرَجُلٍ مِنْ قَلْبَيْنِ فِي جَوْفِهِ.

7154 ـ قابۇس ئىبنى ئەبى زىبيانىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئىبنى ئاببās رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: اللہ ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە

[1] ئەلبانى (1173): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە سەجدە، 21 ـ ئايەت.

ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق [1] دېگەن ئايەتتىن نېمە مەقسەت قىلىنغان؟ ـ دەپ سورىغان ئىدۇق، ئۇ مۇنداق دېدى:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ناماز ئوقۇۋېتىپ كۆڭلىگە بىر نەرسە كېلىۋالدى ـ دە، نامازدا ئېزىقىپ كەتكەندى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان مۇناپىقلار:

ـ كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ ئىككى يۈرىكى بار، بىرى سىلەر بىلەن، يەنە بىرى ئۇلار بىلەن بىللە، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: الله ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3199)

7155 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن زَيْدَ بْنَ حَارِثَةَ مَوْلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا كُنا نَدْعُوهُ إِلا زَيْدَ بْنَ مُحَمدٍ حَتى نَزَلَ الْقُرْآنُ ادْعُوهُمْ لِآبَائِهِمْ هُوَ أَقْسَطُ عِنْدَ اللهِ.

7155 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسەنى: "زەيد ئىبنى مۇھەممەد" (يەنى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى زەيد) دەپ چاقىراتتۇق، كېيىن: ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ توغرىدۇر [3] دېگەن ئايەت چۈشۈپ، ئۇنى ئۆز ئاتىسىغا مەنسۇپ قىلىپ چاقىرىشقا بۇيرۇلدۇق.

(بۇخارى: 4782)

7156 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ مُؤْمِنٍ إِلا وَأَنَا أَوْلَى الناسِ بِهِ فِي الدنْيَا وَالْآخِرَةِ اقْرَءُوا إِنْ شِئْتُمْ النبِي أَوْلَى بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ

[1] سۈرە ئەھزاب، 3 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (625): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] سۈرە ئەھزاب، 5 ـ ئايەت.

أَنْفُسِهِمْ فَأَيمَا مُؤْمِنٍ تَرَكَ مَالًا فَلْيَرِثْهُ عَصَبَتُهُ مَنْ كَانُوا فَإِنْ تَرَكَ دَيْنًا أَوْ ضَيَاعًا فَلْيَأْتِنِي فَأَنَـا مَوْلَاهُ.

7156 ـ ئەبۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن رىـۋايەت قىلـىنـىـدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ھەرقانداق مـۇئـمىـنگە دۇنيـا ۋە ئـاخـىرەتتە ئـىگە بولۇشـقا ئەڭ ھەقلىقـمەن. خالىسـاڭلار: پەيغەمـبەر مـۇئمىنلەرگە ئۇلارنىـڭ ئـۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر ① دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار. شـۇڭا قانداق بىر مۇئمىن مال ـ دۇنيا قالدۇرسا، يېقىن تۇغقانلىرى ئالسۇن. كىمكى قەرز ياكى يېتىم ـ يېسىر قالدۇرۇپ كەتسە، مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن، ئۇلارغا مەن ئىگە چىقىمەن».

(بۇخارى: 4781)

7157 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا إِذْ جَاءُوكُمْ مِنْ فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنْكُمْ وَإِذْ زَاغَتْ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتْ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ قَالَتْ كَانَ ذَاكَ يَوْمَ الْخَنْدَقِ.

7157 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دېگەن: ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان كۈن ② دېگەن ئايەتتىكى كۈن خەندەك كۈنى ئىدى.

(بۇخارى: 4781)

7158 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ لَوْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ كَاتِمًا شَيْئًا مِنْ الْوَحْيِ لَكَتَمَ هَذِهِ الْآيَةَ وَإِذْ تَقُولُ لِلذِي أَنْعَمَ اللهُ عَلَيْهِ يَعْنِي بِالْإِسْلَامِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ يَعْنِي بِالْعِتْقِ فَأَعْتَقْتَهُ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَاتقِ اللهَ وَتُخْفِي فِي نَفْسِكَ مَـا اللهُ مُبْدِيهِ وَتَخْشَى الناسَ وَاللهُ أَحَق أَنْ تَخْشَاهُ إِلَى قَوْلِهِ وَكَانَ أَمْرُ اللهِ مَفْعُولًا وَإِن رَسُولَ

① سۈرە ئەھزاب، 6 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەھزاب، 10 ـ ئايەت.

اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما تَزَوجَهَا قَالُوا تَزَوجَ حَلِيلَةَ ابْنِهِ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى مَا كَانَ مُحَمدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللهِ وَخَاتَمَ النبِيينَ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَبَناهُ وَهُوَ صَغِيرٌ فَلَبِثَ حَتى صَارَ رَجُلًا يُقَالُ لَهُ زَيْدُ بْنُ مُحَمدٍ فَأَنْزَلَ اللهُ ادْعُوهُمْ لِآبَائِهِمْ هُوَ أَقْسَطُ عِنْدَ اللهِ فَإِنْ لَمْ تَعْلَمُوا آبَاءَهُمْ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدينِ وَمَوَالِيكُمْ فُلَانٌ مَوْلَى فُلَانٍ وَفُلَانٌ أَخُو فُلَانٍ هُوَ أَقْسَطُ عِنْدَ اللهِ يَعْنِي أَعْدَلُ.

7158 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ناۋادا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەھيىدىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرماقچى بولسا، ئەلۋەتتە: ئۆز ۋاقتىدا سەن الله نېئمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: ”خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، اللهتىن قورققىن!“ دېدىڭ، الله ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، اللهتىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، اللهنىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ [1] دېگەن ئايەتنى يوشۇرغان بولاتتى. الله نېئمەت بەرگەن دېگىنى، ئىسلام بىلەن شەرەپلەندۈرگەن؛ سەنمۇ ئىنئام قىلغان دېگىنى بولسا، ئازاد قىلىۋەتكەن دېمەكچى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى نىكاھىغا ئالغاندا، كىشىلەر: ئوغلىنىڭ ئايالىنى نىكاھىغا ئالدى، ـ دېيىشكەن ئىدى، الله تائالا:

مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللهنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (الله ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە اللهقا مەخپىي ئەمەس [2]

[1] سۈرە ئەھزاب، 37 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب، 40 ـ ئايەت.

دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەيدنى كىچىكىدىنلا بالا قىلىپ بېقىۋالغانىدى، ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن: ”زەيد ئىبنى مۇھەممەد“ دەپ ئاتالدى. كېيىن الله تائالا: ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ اللهنىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر، سىلەر سەۋەنلىك بىلەن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. يەنى: ”پالانى پالانىنىڭ خىزمەتچىسى، پالانى پالانىنىڭ قېرىندىشى دېيىش“ اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئادىللىقتۇر[2].

(تىرمىزى: 3207)

7159 ـ عن أنسٍ قال جاء زَيْدُ بن حَارِثَةَ يَشْكُو فَجَعَلَ النبي صلى الله عليه وسلم يقول اتقِ اللهَ وَأَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ قال أَنَسٌ لو كان رسول اللهِ صلى الله عليه وسلم كَاتِمًا شيئا لَكَتَمَ هذه قال فَكَانَتْ زَيْنَبُ تَفْخَرُ على أَزْوَاجِ النبي صلى الله عليه وسلم تَقُولُ زَوجَكُن أَهَالِيكُن وَزَوجَنِي الله تَعَالَى من فَوْقِ سَبْعِ ساوات.

7159 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: زەيد ئىبنى ھارىسە دەردىنى تۆكۈپ كېلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئايالىڭنى قويۇپ بەرمەي ئۆي تۇت، اللهتىن قورق [3] دېگىلى تۇردى... ئەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەھىي قىلىنغان نەرسىدىن بىرەرنى يوشۇرغان بولسا، مۇشۇ ئايەتنى يوشۇرغان بولاتتى... زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشقا ئاياللىرىنىڭ ئالدىدا پەخىرلەنگەن ھالدا:

[1] سۈرە ئەھزاب، 5 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (628): سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] سۈرە ئەھزاب، 38 ـ ئايەت.

ـ سىلەرنى ئائىلەڭلار ياتلىق قىلغان بولسا، مېنى ﷲ تائالا يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىن ياتلىق قىلغان، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 7420)

7160 ـ عَنْ ابْنِ شِهَابٍ قَالَ أَخْبَرَنِي أَنسُ بْنُ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ كَانَ ابْنَ عَشْرِ سِنِينَ مَقْدَمَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ فَكَانَ أُمهَاتِي يُوَاظِبْنَنِي عَلَى خِدْمَةِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَخَدَمْتُهُ عَشْرَ سِنِينَ وَتُوُفيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنا ابْنُ عِشْرِينَ سَنَةً فَكُنْتُ أَعْلَمَ الناسِ بِشَأْنِ الْحِجَابِ حِينَ أُنْزِلَ وَكَانَ أَولَ مَا أُنْزِلَ فِي مُبْتَنَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِزَيْنَبَ بِنْتِ جَحْشٍ أَصْبَحَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِهَا عَرُوسًا فَدَعَا الْقَوْمَ فَأَصَابُوا مِنْ الطعَامِ ثُم خَرَجُوا وَبَقِيَ رَهْطٌ مِنْهُمْ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَطَالُوا الْمُكْثَ فَقَامَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَخَرَجَ وَخَرَجْتُ مَعَهُ لِكَيْ يَخْرُجُوا فَمَشَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَشَيْتُ حَتى جَاءَ عَتَبَةَ حُجْرَةِ عَائِشَةَ ثُم ظَن أَنهُمْ خَرَجُوا فَرَجَعَ وَرَجَعْتُ مَعَهُ حَتى إِذَا دَخَلَ عَلَى زَيْنَبَ فَإِذَا هُمْ جُلُوسٌ لَمْ يَقُومُوا فَرَجَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَجَعْتُ مَعَهُ حَتى إِذَا بَلَغَ عَتَبَةَ حُجْرَةِ عَائِشَةَ وَظَن أَنهُمْ خَرَجُوا فَرَجَعَ وَرَجَعْتُ مَعَهُ فَإِذَا هُمْ قَدْ خَرَجُوا فَضَرَبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ بِالستْرِ وَأُنْزِلَ الْحِجَابُ.

7160 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، مەن ئون ياشتا ئىدىم. ئانام مېنى داۋاملىق پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمىتىگە سالاتتى. شۇڭا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون يىل خىزمەت قىلدىم. مەن يىگىرمە ياشقا كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەسەللەم ۋاپات بولۇپ كەتتى. ھىجابنىڭ پەرز بولۇشى ھەققىدە ئايەت چۈشۈشىگە سەۋەب بولغان ۋەقەلىكنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىمەن. ئۇ ئايەت، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەھشنىڭ قىزى زەينەبكە ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ھۇجرىغا كىرگەن كېچىسى نازىل بولغان بولۇپ، ئەتىسى سەھەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنى تاماققا چاقىردى.

بەزىلەر تاماقنى يەپلا چىقىپ كەتتى، لېكىن بەزىلەرى خېلى بىر ۋاقىتچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى چىقىپ كەتسۇن دېگەن مەقسەتتە سىرتقا چىقتى، مەنمۇ بىللە چىقتىم. ماڭغانىدى، مەنمۇ ماڭدىم. ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەمدى ئۆيدىكى كىشىلەر چىقىپ كەتكەندۇ دەپ ئويلىدى - دە، كەينىگە قايتتى، مەنمۇ بىللە قايتتىم. لېكىن كىشىلەر زەينەب بار ئۆيدە ئورۇنلىرىدىن تەۋرەنمەي ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ ئارقىغا قايتىۋىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قايتتىم. يەنە ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەمدى ئۆيدىكى كىشىلەر چىقىپ كەتكەندۇ دەپ ئويلاپ قايتىۋىدى، مەنمۇ بىللە قايتتىم. كىرىپ قارىساق، كىشىلەر چىقىپ كەتكەن ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىمىزغا پەردە تارتىپ قويدى. ئەنە شۇ چاغدا ھىجاب ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغان.

(بۇخارى: 5166)

7161 - وفي رواية: أن أنسًا قال أنا أَعْلَمُ الناس بِالْحِجَابِ كان أُبَي بن كَعْبٍ يَسْأَلُنِي عنه.

7161 - يەنە بىر رىۋايەتتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ھىجابنىڭ پەرز بولۇشى ھەققىدە ئايەت چۈشۈشكە سەۋەب بولغان ۋەقەلىكنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىمەن. ھەتتا ئۇبەي ئىبنى كەئبمۇ بۇ ھەقتە مەندىن سورايتتى.

(بۇخارى: 5466)

7162 - كان النبي ﷺ عَرُوسًا بِزَيْنَبَ فقالت لي أُم سُلَيْمٍ لو أَهْدَيْنَا لِرَسُولِ اللهِ ﷺ هَدِيةً فقلت لها افْعَلِي فَعَمَدَتْ إلى تَمْرٍ وَسَمْنٍ وَأَقِطٍ فَاتخَذَتْ حَيْسَةً في بُرْمَةٍ فَأَرْسَلَتْ بها مَعِي إليه فَانْطَلَقْتُ بها إليه فقال لي ضَعْهَا ثُم أَمَرَنِي فقال ادْعُ لي رِجَالًا سَمَّاهُمْ وَادْعُ لي من لَقِيتَ قال فَفَعَلْتُ الذي أَمَرَنِي فَرَجَعْتُ فإذا الْبَيْتُ غَاصٌّ بِأَهْلِهِ فَرَأَيْتُ النبي ﷺ وَضَعَ يَدَيْهِ على تِلْكَ الْحَيْسَةِ وَتَكَلَّمَ بها ما شَاءَ الله ثُم جَعَلَ يَدْعُو عَشَرَةً عَشَرَةً يَأْكُلُونَ منه

وَيَقُولُ لهم اذْكُرُوا اسْمَ اللهِ وَلْيَأْكُلْ كُل رَجُلٍ مِما يَلِيهِ قال حG تَصَدعُوا كلـهم عنـها
فَخَرَجَ منهم من خَرَجَ وَبَقِيَ نَفَرٌ يَتَحَدثُونَ قال وَجَعَلْتُ أَغْتَم ثُم خَرَجَ الـنبي ﷺ Uـو
الْحُجُرَاتِ وَخَرَجْتُ في إِثْرِهِ فقلت إِنهُمْ قد ذَهَبُوا فَرَجَعَ فَدَخَلَ الْبَيتَ وَأَرْخَى الستْرَ وَإِني
لَفِي الْحُجْرَةِ وهو يقول (يا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتَ النبي إلا أَنْ يُؤْذَنَ لَكُـمْ إِБ
طَعَامٍ غير نَاظِرِينَ إِنَاهُ وَلَكِنْ إذا دُعِيتُمْ فَادْخُلُوا فإذا طَعِمْـتُم فَانْتَشِـرُوا ولا مُسْتَأْنِسِـينَ
لِحَدِيثٍ إِن ذَلِكُمْ كان يُؤْذِي النبي فَيَسْتَحْيِي مِنْكُمْ وَاللهُ لَا يَسْتَحْيِي من الْحَق).

7162 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلەنگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئانام ئۇممۇ سۇلەيم ماڭا:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر نەرسە قىلغان بولساق، ـ دېدى. مەن:

ـــ شۇنداق قىلايلى، ـ دېدىم. ئانام خورما، سېرىقماي، پىشلاق قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر قازان تائام تەييارلاپ، ئۇنى مەندىن ئەۋەتتى. تائامنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارسام:

ــ تائامنى قويۇپ، جامائەتنى تاماققا چاقىرغىن! ــ دەپ بىر نەچچە كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى، كەينىدىن:

ــ كىمگە يولۇقساڭ، شۇنى چاقىرغىن! ــ دېدى. مەن تاپشۇرۇقنى ئورۇنداپ قايتىپ كەلسەم، ئۆي ئادەمگە لىق توشۇپ كېتىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تائامنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بىرمۇنچە دۇئالارنى ئوقۇغانلىقىنى كۆردۈم. دۇئادىن كېيىن، ئادەملەرنى ئوندىن ـ ئوندىن چاقىرىشقا باشلىدى. كىرگەنلەرگە:

ـــ ﷲنىڭ ئىسمىنى ئاتاڭلار (يەنى "بىسمىللاھ" دەڭلار)، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېسۇن! ــ دەپ تاپىلىدى. جامائەت تائامدىن تويغۇچە يەپ، قايتىشقا باشلىدى. لېكىن بىر قانچىسى تائام يېگەن يېرىدىلا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ چىقىپ كەتمەي ئولتۇرۇشىدىن سىقىلىشقا باشلىدىم. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام باشقا ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىلىرى تەرەپكە چىقىپ كەتكەن ئىدى. مەن كەينىدىن چىقىپ:

ــ ئۇلار چىقىپ كەتتى، ـ دەپ خەۋەر قىلدىم. زەينەبنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ، پەردىنى چۈشۈردى. مەنمۇ ئۇ چاغدا تېخى ھۇجرىنىڭ ئىچىدە ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى مۇئمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار ـ يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، (تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇش) پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، الله ھەق (نى ئېيتىش)تىن خىجىل بولمايدۇ [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(بۇخارى: 5163)

7163 ـ وفي رواية: قلت لأنس عَدَدَ كَمْ كَانُوا قال زُهَاءَ ثلاثمائة. قال فَخَرَجَتْ طَائِفَةٌ وَدَخَلَتْ طَائِفَةٌ حتى أَكَلُوا كلهم فقال لي يا أنسُ ارْفَعْ قال فَرَفَعْتُ فما أَدْرِي حين وَضَعْتُ كان أَكْثَرَ أَمْ حين رَفَعْتُ.

7163 ـ ئەلجەدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ ئۇلار قانچە كىشى ئىدى، ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ 300 ئەتراپىدا ئىدى، ـ دېدى.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: كىشىلەر ئۇندىن ـ ئۇندىن بولۇپ كىرىپ، تويغۇچە يەپ چىقىپ كەتتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 53 ـ ئايەت.

ــ تاماقلارنى ئېلىۋەتكىن! ـ دەپ بۇيرىدى، مەن تاماقنى ئېلىۋەتتىم. لېكىن تاماقنىڭ ئېلىپ كەلگەن ۋاقتىمدىكىدىن كۆپ ياكى ئاز ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم.

(مۇسلىم: 1428)

7164 ـ ومنها: وَبَقِيَ ثَلَاثَةُ رَهْطٍ يَتَحَدَّثُونَ فِي الْبَيْتِ فَخَرَجَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَانْطَلَقَ إِلَى حُجْرَةِ عَائِشَةَ فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الْبَيْتِ وَرَحْمَةُ اللهِ فَقَالَتْ وَعَلَيْكَ السلَامُ وَرَحْمَةُ اللهِ كَيْفَ وَجَدْتَ أَهْلَكَ بَارَكَ اللهُ لَكَ فَتَقَرى حُجَرَ نِسَائِهِ كُلهن يَقُـولُ لَهُن كَمَا يَقُولُ لِعَائِشَةَ وَيَقُلْنَ لَهُ كَمَا قَالَتْ عَائِشَةُ.

7164 ــ يەنە شۇ ۋەقەلىك ھەققىدىكى بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: ئۈچ ئادەم ئۆيدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن، ئۆيدىن چىقتى ۋە ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ:

ــ ئى ئەھلى بەيت! سالامەتلىك ۋە اللهنىڭ رەھمىتى سىلەرگە يار بولسۇن! ـ دېدى، ھەزرىتى ئائىشەمۇ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سالامەتلىك ۋە اللهنىڭ رەھمىتى ساڭىمۇ يار بولسۇن. يېڭى كېلىن بىلەن چىقىشىپ قالدىڭمۇ؟ الله ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلغاي! ــ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئائىشەگە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېيتتى، ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىشەنىڭ ئېيتقىنىدەك جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 4793)

7165 ـ هِشَامٌ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كَانَتْ خَوْلَةُ بِنْتُ حَكِيمٍ مِنْ اللائِي وَهَبْنَ أَنْفُسَـهُن لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ عَائِشَةُ أَمَا تَسْتَحِي الْمَرْأَةُ أَنْ تَهَبَ نَفْسَهَا لِلرجُلِ فَلَمـا نَزَلَتْ تُرْجِئُ مَنْ تَشَاءُ مِنْهُن قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَرَى رَبكَ إِلا يُسَارِعُ فِي هَوَاكَ.

7165 ــ ھىشام دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: خەۋلە بىنتى ھەكىم ئۆزىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەخش

ئەتكەن (يەنى ئۆيلىنىش تەكلىپى قويغان) ئاياللاردىن بىرى بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ھەقتە:

ــ ئايال كىشىمۇ ئۆزىنى بەخش ئېتەمدۇ؟ ـ دېگەنىدى. كېيىن الله تائالا: ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە :

ــ پەرۋەردىگارىڭ سەن ئارزۇ قىلغان نەرسىنى بەكمۇ تېز ئىجابەت قىلىدىكەن ـ ھە؟! ـ دېدىم.

(بۇخارى: 5113)

7166 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ كَانَ يَسْتَأْذِنُ فِي يَوْمِ الْمَرْأَةِ مِنا بَعْدَ أَنْ أُنزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ ﴿تُرْجِئُ مَنْ تَشَاءُ مِنْهُن وَتُؤْوِي إِلَيْكَ مَنْ تَشَاءُ وَمَنْ ابْتَغَيْتَ مِمنْ عَزَلْتَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكَ﴾ فَقُلْتُ لَهَا مَا كُنتِ تَقُولِينَ قَالَتْ كُنتُ أَقُولُ لَهُ إِنْ كَانَ ذَاكَ إِلَي فَإِني لَا أُرِيدُ يَا رَسُولَ اللهِ أَنْ أُوثِرَ عَلَيْكَ أَحَدًا.

7166 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ئاياللىرىڭدىن خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭ بىلەن (نۆۋىتىدىن باشقا ۋاقىتتا) بىر يەردە بولساڭ بولىۋېرىدۇ، (ۋاقىتلىق) ئايرىلىپ تۇرغان ئاياللىرىڭدىن بىرى بىلەن ھەمتۆشەك بولماقچى بولساڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ يوقتۇر [2] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسىمىزغا نۆۋەت كەلگەن بولسا، شۇنىڭدىن ئىجازەت سوراپ، باشقا بىرى بىلەن قونۇپ قالاتتى.

مەن (راۋىي) ئائىشەدىن:

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 51 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب، 51 ـ ئايەت.

ـ سەن نېمە دەيتتىڭ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ”ئەگەر ئىجازەت بېرىش ھوقۇقى مەندە بولىدىغان بولسا، سېنى ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بېرىشنى خالىمىغان بولاتتىم“ دەيتتىم.

(بۇخارى: 4789)

7167 ـ عَنْ أُم هَانِئٍ بِنْتِ أَبِي طَالِبٍ قَالَتْ خَطَبَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاعْتَذَرْتُ إِلَيْهِ فَعَذَرَنِي ثُم أَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى إِنا أَحْلَلْنَا لَكَ أَزْوَاجَكَ اللاتِي آتَيْتَ أُجُورَهُن وَمَا مَلَكَتْ يَمِينُكَ مِما أَفَاءَ اللهُ عَلَيْكَ وَبَنَاتِ عَمكَ وَبَنَاتِ عَماتِكَ وَبَنَاتِ خَالِكَ وَبَنَاتِ خَالَاتِكَ اللاتِي هَاجَرْنَ مَعَكَ وَامْرَأَةً مُؤْمِنَةً إِنْ وَهَبَتْ نَفْسَهَا لِلنبِي الْآيَةَ قَالَتْ فَلَمْ أَكُنْ أَحِل لَهُ لِأَني لَمْ أُهَاجِرْ كُنتُ مِنْ الطلَقَاءِ.

7167 ـ ئۇممۇ ھانى بىنتى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئەلچى ئەۋەتكەن ئىدى، مەن ئۆزرە ئېيتسام، ئۆزرەمنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن الله تائالا: ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىز سەن مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى، الله ساڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن، ئەسىر چۈشكەن ئاياللاردىن ئۆزەڭ مالىك بولغانلارنى ھالال قىلدۇق، ئاتاڭنىڭ ئەر قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى، ئاناڭنىڭ ئەر قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى (ساڭا ھالال قىلدۇق). بۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى. ئەگەر بىر مۇئمىن خوتۇن ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلسا، پەيغەمبەر ئۇنى (مەھرىسىز) ئېلىشنى خالىسا، بۇنى مۇئمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى توغرۇلۇق بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز بىزگە مەلۇمدۇر، ساڭا ھەرەج بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن (سېنى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدۇق)، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. دېمەك، مەن ئۇنىڭغا ھالال بولمايتتىم. چۈنكى

[1] سۈرە ئەھزاب، 50 ـ ئايەت.

مەن ھىجرەت قىلمىغان، بەلكى مەككە فەتھى بولغاندىن كېيىن ئەپۇ قىلىنغانلاردىن ئىدىم[1].

(تىرمىزى: 3214)

7168 ـ قَالَ ابْنُ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا نُهِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ أَصْنَافِ النسَاءِ إِلا مَا كَانَ مِنْ الْمُؤْمِنَاتِ الْمُهَاجِرَاتِ قَالَ لَا يَحِل لَكَ النسَاءُ مِنْ بَعْدُ وَلَا أَنْ تَبَدلَ بِهِن مِنْ أَزْوَاجٍ وَلَوْ أَعْجَبَكَ حُسْنُهُن إِلا مَا مَلَكَتْ يَمِينُكَ وَأَحَل اللهُ فَتَيَاتِكُمْ الْمُؤْمِنَاتِ وَامْرَأَةً مُؤْمِنَةً إِنْ وَهَبَتْ نَفْسَهَا لِلنبِي وَحَرمَ كُل ذَاتِ دِينٍ غَيْرَ الْإِسْلَامِ ثُم قَالَ وَمَنْ يَكْفُرْ بِالْإِيمَانِ فَقَدْ حَبِطَ عَمَلُهُ وَهُوَ فِي الْآخِرَةِ مِنْ الْخَاسِرِينَ وَقَالَ يَا أَيهَا النبِي إِنا أَحْلَلْنَا لَكَ أَزْوَاجَكَ اللاتِي آتَيْتَ أُجُورَهُن وَمَا مَلَكَتْ يَمِينُكَ مِما أَفَاءَ اللهُ عَلَيْكَ إِلَى قَوْلِهِ خَالِصَةً لَكَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ وَحَرمَ مَا سِوَى ذَلِكَ مِنْ أَصْنَافِ النسَاءِ.

7168 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجرەت قىلغان مۇئمىن ئاياللاردىن باشقا ئاياللارنى ئېلىشتىن چەكلەندى، الله تائالا بۇ ھەقتە:

(ئى پەيغەمبەر! ئىلكىڭدىكى ئاياللىرىڭدىن باشقا) يەنە خوتۇن ئالساڭ، ساڭا ھالال بولمايدۇ، باشقا ئاياللارنىڭ جامالى سېنى ئەجەبلەندۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يەڭگۈشلەش (ساڭا ھالال بولمايدۇ)، پەقەت سېنىڭ ئىلكىڭدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، الله ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر [2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. كېيىن الله تائالا ئۆزىنى بەخش ئەتكەن ئاياللارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھالال قىلدى. غەيرى مۇسۇلمان ئاياللارغا، مەيلى ئۇلار قايسى دىندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆيلىنىشنى چەكلىدى ۋە:

كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەمەلى(نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ،

[1] ئەلبانى (630): سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئەھزاب، 52 ـ ئايەت.

ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە: ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىز سەن مەھرىلىرىنى بەرگەن ئاياللىرىڭنى، اللە ساڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن، ئەسىر چۈشكەن ئاياللاردىن ئۆزەڭ مالىك بولغانلارنى ھالال قىلدۇق، ئاتاڭنىڭ ئەر قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى، ئاناڭنىڭ ئەر قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى (ساڭا ھالال قىلدۇق). بۇلار سەن بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى. ئەگەر بىر مۆئمىن خوتۇن ئۆزىنى پەيغەمبەرگە بەخش قىلسا، پەيغەمبەر ئۇنى (مەھرىسىز) ئېلىشنى خالىسا، بۇنى مۆئمىنلەرگە ئەمەس، يالغۇز ساڭىلا (ھالال قىلدۇق)، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى توغرۇلۇق بىزنىڭ چىقارغان بەلگىلىمىلىرىمىز بىزگە مەلۇمدۇر، ساڭا ھەرەج بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن (سېنى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدۇق)، اللە ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [2] دېدى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرتۈرلۈك ئاياللارنى ھارام قىلىۋەتتى[3].

(تىرمىزى: 3215)

7169 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مَا تُوُفِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى أَحَلَ اللهُ لَهُ أَنْ يَتَزَوجَ مِنْ النسَاءِ مَا شَاءَ.

7169 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: اللە تائالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (ۋاپاتىدىن بۇرۇن) ئۆزى خالىغان ھەرقانداق ئايالغا ئۆيلىنەلىشنى ھالال قىلغانىدى[4].

(نەسائى: 3205)

[1] سۈرە مائىدە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەھزاب، 50 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (631): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (3004): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

7170 ـ عن عُرْوَةَ بن الزبَيْرِ أن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عنْهَا زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ كَانَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ يَقُولُ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ احْجُبْ نِسَاءَكَ قَالَتْ فَلَمْ يَفْعَلْ وَكَانَ أَزْوَاجُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْرُجْنَ لَيْلًا إِلى لَيْلٍ قِبَلَ الْمَنَاصِعِ فَخَرَجَتْ سَوْدَةُ بِنْتُ زَمْعَةَ وَكَانَتْ امْرَأَةً طَوِيلَةً فَرَآهَا عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ وَهُوَ فِي الْمَجْلِسِ فَقَالَ عَرَفْتُكِ يَا سَوْدَةُ حِرْصًا عَلَى أَنْ يَنزَلَ الْحِجَابُ قَالَتْ فَأَنْزَلَ اللهُ عَـز وَجَـل آيَـةَ الْحِجَابِ.

7170 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ھاجەت قىلىش ئۈچۈن كېچىلىرى مەناسى دەپ ئاتىلىدىغان ھاجەتخانىغا چىقاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئاياللىرىڭنى ھىجابلىغىن! ــ دەيتتى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلمىدى. بىر كۈنى سەۋدە بىنتى زەمئە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خۇپتەن ۋاقتى بىلەن سىرتقا چىقتى. سەۋدە ئېگىز بويلۇق ئايال بولغاچقا، ئۆمەر ئۇنى كۆرۈپ تونۇپ قالدى ۋە ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشى ھەققىدە مەخسۇس ئايەت نازىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا:

ـ ئى سەۋدە! سېنى تونۇدۇق، ـ دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ھىجاب ئايىتىنى چۈشۈردى.

(بۇخارى: 6240)

7171 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ خَرَجَتْ سَوْدَةُ بَعْدَ مَا ضُرِبَ عَلَيْهَا الْحِجَابُ لِتَقْضِيَ حَاجَتَهَا وَكَانَتْ امْرَأَةً جَسِيمَةً تَفْرَعُ النسَاءَ جِسْمًا لَا تَخْفَى عَلَى مَنْ يَعْرِفُهَا فَرَآهَا عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَقَالَ يَا سَوْدَةُ وَاللهِ مَا تَخْفَيْنَ عَلَيْنَا فَانْظُرِي كَيْفَ تَخْرُجِينَ قَالَـتْ فَانْكَفَـأَتْ رَاجِعَةً وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَيْتِي وَإِنهُ لَيَتَعَشى وَفِي يَدِهِ عَرْقٌ فَـدَخَلَتْ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِني خَرَجْتُ فَقَالَ لِي عُمَرُ كَذَا وَكَذَا قَالَتْ فَأُوحِيَ إِلَيْهِ ثُم رُفِعَ عَنْهُ وَإِن الْعَرْقَ فِي يَدِهِ مَا وَضَعَهُ فَقَالَ إِنهُ قَدْ أُذِنَ لَكُن أَنْ تَخْرُجْنَ لِحَاجَتِكُن وَفِي رِوَايَةِ أَبِي بَكْرٍ يَفْرَعُ النسَاءَ جِسْمُهَا زَادَ أَبُو بَكْرٍ فِي حَدِيثِهِ فَقَالَ هِشَامٌ يَعْنِي الْبَرَازَ.

7171 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، سەۋدە ھىجاب ئايىتى چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە ھاجەت قىلغىلى سىرتقا چىققاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆرۈپ قالدى. سەۋدە تەمبەل ئايال بولۇپ، بويى ھەممىمىزدىن ئېگىز ئىدى. شۇڭا باشقىلار ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنى تونۇپ قېلىپ:

ـ ئى سەۋدە! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز سېنى يەنە تونۇپ قېلىۋاتىمىز. شۇڭا سىرتقا چىققاندا دىققەت قىلغىن! ـ دېدى. سەۋدە مۇنداق دەيدۇ: مەن دەرھال كەينىمگە قايتتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇجرامدا كەچلىك تاماق يەۋاتقان بولۇپ، قولىدا بىر تال سۆڭەك بار ئىدى. ھۇجرىغا كىرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھاجەتكە چىققان ئىدىم، ئۆمەر ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق دېدى، ـ دېدىم. دەل شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي نازىل بولدى. ئۇ قولىدىكى سۆڭەكنى تېخى قويمىغان ئىدى. ۋەھيي توختىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەرگە رۇخسەت بېرىلدى، ھاجىتىڭلار ئۈچۈن سىرتقا چىقساڭلار بولىدۇ، ـ دېدى.

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: يەنى تەرەت قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقساڭلار بولىدۇ، دېمەكچى.

(مۇسلىم: 2170)

7172 ـ عن أُبو هُرَيْرَةَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ كَانَتْ بَنُو إِسْرَائِيلَ يَغْتَسِلُونَ عُرَاةً يَنْظُرُ بَعْضُهُمْ إِلَى سَوْأَةِ بَعْضٍ وَكَانَ مُوسَى عَلَيْهِ السَلَام يَغْتَسِلُ وَحْدَهُ فَقَالُوا وَاللهِ مَا يَمْنَعُ مُوسَى أَنْ يَغْتَسِلَ مَعَنَا إِلا أَنُه آدَرُ قَالَ فَذَهَبَ مَرةً يَغْتَسِلُ فَوَضَعَ ثَوْبَهُ عَلَى حَجَرٍ فَفَر الْحَجَرُ بِثَوْبِهِ قَالَ فَجَمَحَ مُوسَى بِإِثْرِهِ يَقُولُ ثَوْبِي حَجَرُ ثَوْبِي حَجَرُ حَتى نَظَرَتْ بَنُو إِسْرَائِيلَ إِلَى سَوْأَةِ مُوسَى قَالُوا وَاللهِ مَا بِمُوسَى مِنْ بَأْسٍ فَقَامَ الْحَجَرُ

حَتى نُظِرَ إِلَيْهِ قَالَ فَأَخَذَ ثَوْبَهُ فَطَفِقَ بِالْحَجَرِ ضَرْبًا قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ وَاللهِ إِنهُ بِالْحَجَرِ نَدَبٌ سِتةٌ أَوْ سَبْعَةٌ ضَرْبُ مُوسَى بِالْحَجَرِ.

7172 ـ ئەبۇ ھـۇرەيرە رەزىيـەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايـەت قىـلىـنـىـدۇكى، پەيغەمـبـەر سـەللاللاھۇ ئـەلـەيھى ۋەسـەلـلـەم مۇنداق دېگەن:

«بەنى ئىـسرائىـل قـىـپـيالـىـڭاچ يۇيۇناتتى ۋە بىـر ـ بـىـرىـنـىـڭ ئەۋرىـتـىـگە قارىشاتتى. مۇسا ئەلـەيھىـسسالام بولـسا، ئۆزى يالغۇز يۇيۇناتتى، ئۇلار:

ــ ﷲنىـڭ نـامى بىـلـەن قەسـەمكى، مۇسـا پـورداق بولغاچقـا، يـالغۇز يۇيۇنـىـدۇ، ـ دېيىـشـەتتى. بىـر كـۈنى، مۇسـا ئەلـەيھىـسسـالام يۇيۇنـماقچى بولـۇپ، كـىـيىـمـىـنــى بىــر تاشــىـنـىـڭ ئۈسـتـىـگە قويــدى. تــاش ئۇنـىــڭ كـىـيىـمـىـنى ئېلىـپ قاچتى، مۇسا تاشنىـڭ كەينىـدىن:

ـ ئى تاش! كـىـيىـمـىـمـنى قايتۇرۇپ بەر! ـ دېگىـنـىـچە قوغلاپ ماڭـدى. شۇ پەيتتە، ئۇنى كۆرۈپ قالغان بەنى ئىسرائىل خەلقى:

ـ ﷲنىـڭ نـامى بىـلـەن قەسـەمكى، مۇسـانىـڭ ۋۇجۇدىـدا ھېچقانـداق نۇقسـان يـوقكەن، ـ دېيىـشـتى. (تـاش توختىـغانـدىن كېـيىـن) مۇسـا ئەلـەيھىـسسالام كـىـيىـمـىـنى ئېلىـۋېلىـپ، تاشنى ئۇرۇشقا باشلىـدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: ﷲنىـڭ نامى بىـلـەن قەسـەمكى، تاشـنىـڭ ئالـتـە ـ يەتـتـە يېـرىـگە مۇسـا ئەلـەيھىـسسـالامـنىـڭ ئۇرغـان ئىـزى چىـقىـپ قالغان.

(مۇسلىم: 339)

7173 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن مُوسَى كَانَ رَجُلًا حَيِيا سِتيرًا لَا يُرَى مِنْ جِلْدِهِ شَيْءٌ اسْتِحْيَاءً مِنْهُ فَآذَاهُ مَنْ آذَاهُ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ فَقَالُوا مَا يَسْتَتِرُ هَذَا التسَترَ إِلا مِنْ عَيْبٍ بِجِلْدِهِ إِما بَرَصٌ وَإِما أُدْرَةٌ وَإِما آفَةٌ وَإِن اللهَ أَرَادَ أَنْ يُبَرئَهُ مِما قَالُوا لِمُوسَى فَخَلَا يَوْمًا وَحْدَهُ فَوَضَعَ ثِيَابَهُ عَلَى الْحَجَرِ ثُم اغْتَسَلَ فَلَما فَرَغَ أَقْبَلَ إِلَى ثِيَابِهِ لِيَأْخُذَهَا وَإِن الْحَجَرَ عَدَا بِثَوْبِهِ فَأَخَذَ مُوسَى عَصَاهُ وَطَلَبَ الْحَجَرَ فَجَعَلَ يَقُولُ ثَوْبِي حَجَرُ ثَوْبِي حَجَرُ حَتى انْتَهَى إِلَى مَلَإٍ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ فَرَأَوْهُ عُرْيَانًا أَحْسَنَ مَا خَلَقَ اللهُ وَأَبْرَأَهُ مِما يَقُولُونَ وَقَامَ الْحَجَرُ فَأَخَذَ ثَوْبَهُ فَلَبِسَهُ وَطَفِقَ بِالْحَجَرِ

ضَرْبًا بِعَصَاهُ فَوَاللهِ إِن بِالْحَجَرِ لَنَدَبًا مِنْ أَثَرِ ضَرْبِهِ ثَلَاثًا أَوْ أَرْبَعًا أَوْ خَمْسًا فَذَلِكَ قَوْلُهُ يَـا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لَا تَكُونُوا كَالذِينَ آذَوْا مُوسَى فَبَرأَهُ اللهُ مِما قَالُوا وَكَانَ عِنْدَ اللهِ وَجِيهًا.

7173 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسا بەدىنىنى ئوچۇق قويماي، يۆگەپ تۇرىدىغان ھايالىق كىشى بولغاچقا، ھېچ يېرى كۆرۈنۈپ قالمايتتى. بەنى ئىسرائىلدىن بەزىلەر ئۇنىڭغا ئازار قىلىپ:

— ئۇنىڭ تېرىسىدە كېسەل بولغاچقا بەدىنىنى ياپىدۇ، يا ئاق كېسەل ياكى پورداق ۋەياكى مەلۇم بىر ئەيىبى بار، ـ دېيىشتى. الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئاقلاشنى ئىرادە قىلدى. بىر كۈنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام كىيىملىرىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزى يالغۇز يۇيۇندى. يۇيۇنۇپ بولۇپ، كىيىملىرىنى ئېلىش ئۈچۈن تاشنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى. تاش ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ قاچتى. مۇسا ھاسىسىنى ئېلىپ، تاشنىڭ كەينىدىن:

— ئى تاش! كىيىمىمنى قايتۇرۇپ بەر. ئى تاش! كىيىمىمنى قايتۇرۇپ بەر! ـ دېگىنىچە قوغلاپ يۈرۈپ، بەنى ئىسرائىللىق بىر توپ كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى. ئۇلار مۇسانى يالىڭاچ، الله ياراتقان ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە كۆردى. شۇنىڭ بىلەن، الله مۇسانى ئۇلارنىڭ دېگەن ئەيىبلىرىدىن ئاقلىدى. تاش توختىدى، مۇسا كىيىمىنى كىيىۋالغاندىن كېيىن، تاشنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاشنىڭ ئۈچ ياكى تۆت ـ بەش يېرىگە مۇسانىڭ ھاسا بىلەن ئۇرغان ئىزى چىقىپ قالغان. الله تائالانىڭ: ئى مۆئمىنلەر! سىلەر مۇساغا ئازار قىلغان كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل)دەك بولماڭلار، الله مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا اللهنىڭ دەرگاھىدا ئابرويلۇق ئىدى [1] دېگەن ئايىتى مۇشۇ ۋەقەلىكنى ئىزاھلاپ بەرمەكتە.

(بۇخارى: 3404)

[1] سۈرە ئەھزاب، 69 ـ ئايەت.

7174 ـ عَنْ فَرْوَةَ بْنِ مُسَيْكٍ الْمُرَادِيِّ قَالَ أَتَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ أَلَا أُقَاتِلُ مَنْ أَدْبَرَ مِنْ قَوْمِي بِمَنْ أَقْبَلَ مِنْهُمْ فَأَذِنَ لِي فِي قِتَالِهِمْ وَأَمَّرَنِي فَلَمَّا خَرَجْتُ مِنْ عِنْدِهِ سَأَلَ عَنِّي مَا فَعَلَ الْغُطَيْفِيُّ فَأُخْبِرَ أَنِّي قَدْ سِرْتُ قَالَ فَأَرْسَلَ فِي أَثَرِي فَرَدَّنِي فَأَتَيْتُهُ وَهُوَ فِي نَفَرٍ مِنْ أَصْحَابِهِ فَقَالَ ادْعُ الْقَوْمَ فَمَنْ أَسْلَمَ مِنْهُمْ فَاقْبَلْ مِنْهُ وَمَنْ لَمْ يُسْلِمْ فَلَا تَعْجَلْ حَتَّى أُحْدِثَ إِلَيْكَ قَالَ وَأُنْزِلَ فِي سَبَإٍ مَا أُنْزِلَ فَقَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللَّهِ وَمَا سَبَأٌ أَرْضٌ أَوْ امْرَأَةٌ قَالَ لَيْسَ بِأَرْضٍ وَلَا امْرَأَةٍ وَلَكِنَّهُ رَجُلٌ وَلَدَ عَشْرَةً مِنْ الْعَرَبِ فَتَيَامَنَ مِنْهُمْ سِتَّةٌ وَتَشَاءَمَ مِنْهُمْ أَرْبَعَةٌ فَأَمَّا الَّذِينَ تَشَاءَمُوا فَلَخْمٌ وَجُذَامُ وَغَسَّانُ وَعَامِلَةُ وَأَمَّا الَّذِينَ تَيَامَنُوا فَالْأَزْدُ وَالْأَشْعَرِيُّونَ وَحِمْيَرٌ وَكِنْدَةُ وَمَذْحِجٌ وَأَنْمَارٌ فَقَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللَّهِ وَمَا أَنْمَارٌ قَالَ الَّذِينَ مِنْهُمْ خَثْعَمُ وَبَجِيلَةُ.

7174 ـ فەرۋە ئىبنى مۇسەيك مۇرادىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قەۋمىمدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا باشچىلىق قىلىپ، مۇسۇلمان بولمىغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلايمۇ؟ ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش قىلىشىمغا قوشۇلدى ۋە مېنى قوشۇنغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن:

ـ ھېلىقى غەتەفانلىق قېنى؟ ـ دەپ، مېنى سوراپتۇ. ھۇزۇرىدىكىلەر مېنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىمنى ئېيتقانىكەن، ئارقامدىن ئادەم ئەۋەتىپ، مېنى قايتۇرۇپ كەلدى. ھۇزۇرىغا قايتىپ كىرسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە ساھابىسى بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن، ماڭا:

— قەۋمىڭنى ئىسلامغا دەۋەت قىل، مۇسۇلمان بولغانلارنى قوبۇل قىل. مۇسۇلمان بولمىغانلارنى بولسا، مەن ساڭا بۇ ھەقتە بۇيرۇق قىلمىغۇچە بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىرىما! ـ دېدى.

ئاندىن كېيىن، سەبەئ قەبىلىسى ھەققىدە ئايەتلەر نازىل قىلىنغان ئىدى، بىر كىشى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەبەئ دېگەن نېمە؟ بىر يەرنىڭ ئىسمىمۇ ياكى بىر ئايالنىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇ، يەرنىڭ ئىسمىمۇ ئەمەس، بىر ئايالنىڭ ئىسمىمۇ ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەردىن ئون بالىغا ئاتا بولغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئالتىسى يەمەن تەرەپكە، قالغان تۆتى شام تەرەپكە بېرىپ ياشىغان. شام تەرەپكە بېرىپ ياشىغانلار: لەخم، جۇزام، غەسسان ۋە ئامىلە قاتارلىقلار. يەمەن تەرەپكە بېرىپ ياشىغانلار بولسا: ئەزد، ئەشئەرىيلەر، ھىمىيەر، كىندە، مۇزھىج ۋە ئەنمارلاردۇر، ـ دېدى. بىر ئادەم:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەنمار كىملەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ خەسئەم ۋە بۇجەيلە قەبىلىلىرى مەنسۇپ بولغان قەۋم، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3222)

7175 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ يَقُولُ إن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا قَضَى اللهُ الْأَمْرَ فِي السمَاءِ ضَرَبَتْ الْمَلَائِكَةُ بِأَجْنِحَتِهَا خُضْعَانًا لِقَوْلِهِ كَأَنهُ سِلْسِلَةٌ عَلَى صَفْوَانٍ فَإِذَا فُزعَ عَنْ قُلُوبِهِمْ قَالُوا مَاذَا قَالَ رَبكُمْ قَالُوا لِلذِي قَالَ الْحَق وَهُوَ الْعَلِي الْكَبِيرُ فَيَسْمَعُهَا مُسْتَرِقُ السمْعِ وَمُسْتَرِقُ السمْعِ هَكَذَا بَعْضُهُ فَوْقَ بَعْضٍ وَوَصَفَ سُفْيَانُ بِكَفهِ فَحَرَفَهَا وَبَددَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ فَيَسْمَعُ الْكَلِمَةَ فَيُلْقِيهَا إِلَى مَنْ تَحْتَهُ ثُم يُلْقِيهَا الْآخَرُ إِلَى مَنْ تَحْتَهُ حَتى يُلْقِيَهَا عَلَى لِسَانِ الساحِرِ أَوْ الْكَاهِنِ فَرُبمَا أَدْرَكَ الشهَابُ قَبْلَ أَنْ يُلْقِيَهَا وَرُبمَا أَلْقَاهَا قَبْلَ أَنْ يُدْرِكَهُ فَيَكْذِبُ مَعَهَا مِائَةَ كَذْبَةٍ فَيُقَالُ أَلَيْسَ قَدْ قَالَ لَنَا يَوْمَ كَذَا وَكَذَا كَذَا وَكَذَا فَيُصَدقُ بِتِلْكَ الْكَلِمَةِ التِي سَمِعَ مِنْ السمَاءِ.

[1] ئەلبانى (2574): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

7175 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئاسماندا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلسا، پەرىشتىلەر خۇددى تاش ئۈستىگە چۈشكەن زەنجىرنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلىق ئاڭلانغان اللەنىڭ سۆزىگە بويسۇنغانلىقلىرىنى ئىپادىلىشىپ، قاناتلىرىنى قېقىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قورقۇپ كەتكەن قەلبلىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە:

— رەببىڭلار نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورىشىدۇ. ئۇلار (يەنى مۇقەررەپ پەرىشتىلەر) سورىغۇچىلارغا جاۋابەن:

— الله ھەق سۆزنى دېدى. الله ئۈستۈن ۋە بۈيۈكتۇر، ـ دەيدۇ. ئوغرىلىقچە تىڭشىغۇچى جىنلار ئۇنى ئاڭلىۋالىدۇ (سۇفيان ئوغرىلىقچە تىڭشىغۇچىلارنى قولى بىلەن سۈپەتلەپ بەرمەكچى بولۇپ: مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدە، ـ دەپ ئوڭ قول بارماقلىرىنىڭ ئارىلىرىنى ئېچىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە تىكلىدى). بەزىدە تىڭشىۋالغۇچى، ئاڭلىغانلىرىنى ھەمراھىغا دەپ بېرىشتىن ئىلگىرى، كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇز كېلىپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، بەزىدە تىڭشىۋالغۇچى ئاڭلىغانلىرىنى ئاستىدىكىگە ئېيتىپ بەرگۈچىلىك كۆيدۈرگۈچى كەلمەي قالىدۇ. ئاستىدىكى ئاستىدىكىگە ئېيتىپ بېرىپ، ئاخىرى ئۇنى زېمىنغا يەتكۈزىدۇ (سۇفيان رىۋايىتىدە: ئاخىرى زېمىنغا چۈشىدۇ، ـ دېگەن). ئاندىن ئۇ سېھىرگەرگە يەتكۈزۈلىدۇ. سېھىرگەر ئۇنىڭغا يۈز يالغاننى قوشىدۇ. ئاسماندىن ئاڭلىۋېلىنغان بىر سۆز سەۋەبىدىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن بىرسى توغرا چىقىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنى ئاڭلىغۇچىلار: ئۇ، پالانى كۈنى مۇنداق بولىدىغانلىقىنى، پۇستانى كۈنى مۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، دەرۋەقە، شۇنداق بولدى ئەمەسمۇ؟ ـ دېيىشىپ سېھىرگەرگە ئىشىنىپ كېتىشىدۇ.

(بۇخارى: 4800)

7176 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا تَكَلمَ اللهُ بِالْوَحْيِ سَمِعَ أَهْلُ السمَاءِ لِلسمَاءِ صَلْصَلَةً كَجَر السلْسِلَةِ عَلَى الصفَا فَيُصْعَقُونَ فَلَا يَزَالُونَ

كَذَلِكَ حَتى يَأْتِيَهُمْ جِبْرِيلُ حَتى إِذَا جَاءَهُمْ جِبْرِيلُ فُزعَ عَنْ قُلُوبِهِمْ قَالَ فَيَقُولُونَ يَا جِبْرِيلُ مَاذَا قَالَ رَبكَ فَيَقُولُ الْحَق فَيَقُولُونَ الْحَق الْحَق.

7176 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ۋەھيى قىلغاندا، ئاسماندىكىلەر ئاسماندىن سەفا تېغىدا زەنجىر سۆرۈلگەندەك جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلايدۇ ـ دە، قورقۇنچتىن ھوشىدىن كېتىدۇ ۋە تاكى جىبرىئىل كەلگەنگە قەدەر شۇنداق قالىدۇ. جىبرىئىل كەلگەندە، دىللىرىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئۇلار: ئى جىبرىئىل! رەببىڭ نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورايدۇ. جىبرىئىل: ھەقنى دېدى، ـ دەيدۇ، ئۇلار: ھەقنى دەيدۇ، ھەقنى دەيدۇ، ـ دېيىشىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4738)

7177 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ فِي هَذِهِ الْآيَةِ ثُم أَوْرَثْنَا الْكِتَابَ الذِينَ اصْطَفَيْنَا مِنْ عِبَادِنَا فَمِنْهُمْ ظَالِمٌ لِنَفْسِهِ وَمِنْهُمْ مُقْتَصِدٌ وَمِنْهُمْ سَابِقٌ بِالْخَيْرَاتِ قَالَ هَؤُلَاءِ كُلهُمْ بِمَنْزِلَةٍ وَاحِدَةٍ وَكُلهُمْ فِي الْجَنةِ.

7177 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى اللهنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر [2] دېگەن ئايىتى

[1] ئەلبانى (3964): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] سۈرە فاتىر، 32 ـ ئايەت.

ھەققىدە: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مەرتىۋىدە بولۇپ، ھەممىسى جەننەتتىدۇر» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 3225)

7178 ـ عن أبي الدرْدَاءِ قال سمعت رَسُولَ اللهِ ﷺ يقول قال الله عز وجل (ثُم أَوْرَثْنا الْكِتَابَ الذِينَ اصْطَفَيْنا من عِبَادِنَا فَمِنْهُمْ ظَالِمٌ لِنَفْسِهِ وَمِنْهُمْ مُقْتَصِدٌ وَمِنْهُمْ سَابِقٌ بِالْخَيْرَاتِ بِإِذْنِ اللهِ) فَأَما الذِينَ سَبَقُوا بِالْخَيْرَاتِ فَأُولَئِكَ الذِينَ يَدْخُلُونَ الْجَنةَ بِغَيْرِ حِسَابٍ وَأَما الذِينَ اقْتَصَدُوا فَأُولَئِكَ يُحَاسَبُونَ حِسَاباً يَسِيراً وَأَما الذِينَ ظَلَمُوا أَنفُسَهُمْ فَأُولَئِكَ الذِينَ يُحْبَسُونَ في طُولِ الْمَحْشَرِ ثُم هُمُ الذِينَ تَلاَفَاهُمُ الله بِرَحْمَتِهِ فَهُمُ الذِينَ يَقُولُونَ (الْحَمْدُ لِلهِ الذي أَذْهَبَ عَنا الْحَزَنَ إِن رَبنَا لَغَفُورٌ شَكُورٌ) إلى قَوْلِهِ (لُغُوبٌ).

7178 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«اللہ ئەززە ۋەجەللە: ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى اللہنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر[2] دېدى. ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئالدىدا ماڭغانلار جەننەتكە ھېسابسىزلا كىرىدىغانلار؛ ئوتتۇرا ھال بولغانلار يەڭگىل ھېساب ئېلىنىدىغانلار؛ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار بولسا، مەھشەرگاھقا باشتىن ـ ئاخىرىغىچە سولاپ قويۇلىدىغانلاردۇر. كېيىن اللہ تائالا ئۆز رەھمىتى بىلەن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرىۋالىدۇ. ئەنە شۇلار:

جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم ـ قايغۇنى كەتكۈزۋەتكەن اللہقا

[1] ئەلبانى (2577): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە فاتىر، 32 ـ ئايەت.

مەنسۇپتۇر! بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر. الله مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز، ھەرگىز چارچىمايمىز [1] دەيدىغانلاردۇر»[2].

(ئەھمەد: 21775)

7179 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ كَانَتْ بَنُو سَلِمَةَ فِي نَاحِيَةِ الْمَدِينَةِ فَأَرَادُوا النقْلَةَ إِلَى قُرْبِ الْمَسْجِدِ فَنَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةَ إِنا نَحْنُ نُحْيِ الْمَوْتَى وَنَكْتُبُ مَا قَدمُوا وَآثَارَهُمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن آثَارَكُمْ تُكْتَبُ فَلَا تَنْتَقِلُوا.

7179 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەنى سەلەمە جەمەتى مەدىنىنىڭ بىر چېتىدە ياشايتتى، ئۇلار مەسجىدكە يېقىن يەرگە كۆچمەكچى بولغان ئىدى، الله تائالانىڭ: بىز، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى ــ يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھفۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز [3] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: «ئىزلىرىڭلار خاتىرىلىنىدۇ، شۇڭا كۆچمەڭلار» دېدى[4].

(تىرمىزى: 3226)

7180 ـ عَنْ أَبِي ذَر رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَبِي ذَر حِينَ غَرَبَتْ الشمْسُ أَتَدْرِي أَيْنَ تَذْهَبُ قُلْتُ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ فَإِنهَا تَذْهَبُ حَتى تَسْجُدَ تَحْتَ الْعَرْشِ فَتَسْتَأْذِنَ فَيُؤْذَنُ لَهَا وَيُوشِكُ أَنْ تَسْجُدَ فَلَا يُقْبَلَ مِنْهَا وَتَسْتَأْذِنَ فَلَا

[1] سۈرە فاتىر، 33 ـ ۋە 34 ـ ئايەتلەر.

[2] ھەيسەمى (11289): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىرىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] سۈرە ياسىن، 11 ـ ئايەت.

[4] ئەلبانى (2578): سەھىھ ـ دېگەن.

يُؤْذَنَ لَهَا يُقَالُ لَهَا ارْجِعِي مِنْ حَيْثُ جِئْتِ فَتَطْلُعُ مِنْ مَغْرِبِهَا فَذَلِكَ قَوْلُهُ تَعَالَى (وَالشَّمْسُ تَجْرِي لِمُسْتَقَرٍّ لَهَا ذَلِكَ تَقْدِيرُ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ).

7180 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن پېتىۋاتقان بىر ۋاقىتتا مەندىن:

ـ كۈننىڭ قەيەرگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ بۇنى الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئوبدان بىلىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ ماڭا ـ ماڭا ئەرشنىڭ ئاستىغا بېرىپ، اللهقا سەجدە قىلىدۇ. ئاندىن مەشرىقتىن چىقىشقا ئىجازەت سورايدۇ، ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلىدۇ. سەجدە قىلسا، قوبۇل قىلىنماي قېلىشقا، ئىجازەت سورىسا، ئىجازەت بېرىلمەي قېلىشقا ئاز قېلىۋاتىدۇ. ئىجازەت بېرىلمىسە، ئۇنىڭغا: كەلگەن يولۇڭ بىلەن قايت، ـ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قۇياش كۈنپېتىشتىن چىقىدۇ. الله تائالانىڭ: كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللهنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر [1] دېگەن ئايىتىدە مانا مۇشۇ ئەھۋال چۈشەندۈرۈلگەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3199)

7181 ـ وفي رواية: أَتَدْرُونَ مَتَى ذَاكُمْ ذَاكَ (حِينَ لَا يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِنْ قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا).

7181 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «ئۇ قاچان بولىدۇ، بىلەمسىلەر؟ ئۇ كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان

[1] سۈرە ياسىن، 38 ـ ئايەت.

ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ[1].

(مۇسلىم: 159)

7182 ـ عَنْ سَمُرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي قَوْلِ اللهِ وَجَعَلْنَا ذُرِيَتَهُ هُمْ الْبَاقِينَ قَالَ حَامٌ وَسَامٌ وَيَافِثُ قَالَ أَبُو عِيسَى يُقَالُ يَافِتُ وَيَافِثُ بِالتاءِ وَالثاءِ وَيُقَالُ يَفِثُ.

7182 ــ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: ئۇنىڭ نەسلىنى باقىي قىلدۇردۇق[2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە: «ئۇنىڭ نەسلى ھام، سام، ۋە يافەستۇر» دېگەن. تىرمىزى مۇنداق دېگەن: يافەت ياكى يافەس دېيىلىدۇ، يەفەس دېيىشكىمۇ بولىدۇ[3].

(تىرمىزى: 3230)

7183 ـ وفي رواية عَنْ سَمُرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَامٌ أَبُو الْعَرَبِ وَحَامٌ أَبُو الْحَبَشِ وَيَافِثُ أَبُو الرومِ.

7183 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سام ئەرەبلەرنىڭ، ھام ھەبەشلەرنىڭ، يافەس رىملىقلارنىڭ ئەجدادىدۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[4].

(تىرمىزى: 3231)

7184 ـ عن ابن مَسْعُودٍ وابن عَباسٍ أن إِلْيَاسَ هو إِدْرِيسُ وكان ابـن مسـعود يقرأ: (سلامٌ على إِدْرَاسِين).

7184 ـ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار:

---

[1] سۈرە ئەنئام، 158 ـ ئايەت.

[2] سۈرە سافقات، 77 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (634): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (635): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ ئىلياس ئىدرىسنىڭ دەل ئۆزىدۇر، ـ دەيتتى. ئىبنى مەسئۇد بۇ ھەقتىكى ئايەتنى: ئىدراسىينغا (ئىدرىسقا) سالام بولسۇن! [1] دەپ ئوقۇيتتى[2].

7185 ـ عن أبي هريرة قال سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول لما أراد الله تبارك وتعاБ حبس يونس في بطن اΣوت أوحى الله إБ اΣوت أن لا σدشن له Σما ولا تكسرن له عظما فأخذه Ż أهوى به إБ مسكنه في البحر فلما انتهى بـه إБ أسـفل البحر سمع يونس حسا فقال في نفسه ما هذا فأوحى الله تبارك وتعاБ إليه وهو في بطـن اΣوت إن هذا تسبيح دواب الأرض فسبح وهو في بطن اΣوت فسمعت الملائكة تسبيحه فقالوا ربنا إنا نسمع صوتا ضعيفا بأرض غربة فقال تبارك وتعاБ ذلك عبـدي يـونس عصاني فحبسته في بطن اΣوت في البحر فقالوا العبد الصاΓ الذي كان يصعد إليك منه في كل يوم وليلة عمل صاΓ قال نعم فشفعوا له عند ذلك فأمر اΣوت فقذفه في السـاحل كما قال الله تعاБ (وهو سقيم).

7185 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«الله تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى بېلىقنىڭ قورسىقىغا قاماپ قويۇشنى ئىرادە قىلغاندا، بېلىققا: ئۇنىڭ گۆشىنى تىتىۋەتمە، ئۇستىخىنىنى چېقىۋەتمە! ـ دەپ ۋەھيي قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، بېلىق ئۇنى شۇ پېتى يۇتۇپ، دېڭىز ئاستىدىكى تۇرالغۇسىغا چۈشكەن. دېڭىزنىڭ ئاستىغا چۈشكەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ بىر ئاۋاز ئاڭلاپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: بۇ نېمە؟ ـ دېگەن ئىدى، الله تائالا ئۇنىڭغا: بۇ، زېمىندىكى جانلىقلارنىڭ تەسبىھ ئېيتقان ئاۋازى، ـ دەپ ۋەھيي قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرھال تەسبىھ ئېيتىۋىدى،

---

[1] سۈرە سافقات، 130 ـ ئايەت.

[2] ئىككىيلەننىڭ قارىشىنى بۇخارى زەئىپ دەپ باھالاپ مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان، ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتىنى ئىمام تەبەرى رىۋايەت قىلغان.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭ تەسبىھىنى ئاڭلاپ: ئى رەببىمىز! بىز يىراق بىر جايدا ئىنتايىن بوش بىر ئاۋاز ئاڭلاۋاتىمىز، ـ دېيىشىدۇ، الله تابارەكە ۋەتائالا: ئۇ، بەندەم يۇنۇستۇر. ماڭا ئاسىيلىق قىلىشىدۇ، ئۇنى دېڭىزدىكى كىتنىڭ قورسىقىغا قاماپ قويدۇم، ـ دېدى. پەرىشتىلەر: بۇ، ھەر كېچە ـ كۈندۈزدە بىر ياخشى ئەمىلى ساڭا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى سالىھ بەندىمۇ؟ ـ دەپ سورىشىدى، الله تائالا: ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇنى شاپائەت قىلىپ تىلىشۋالدى. نەتىجىدە، الله تائالا كىتكە بۇيرۇق قىلىشىدى، ئۇنى قىرغاققا تاشلىدى، الله تائالا: ئەينى ۋاقىتتا ئۇ كېسەل ئىدى [1] دېگەن[2].

(بەززار: 2254)

7186 ـ عَنْ أُبي ْبنِ كَعْبٍ قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ عَنْ قَوْلِ اللهِ تَعَالَى وَأَرْسَلْنَاهُ إِلَى مِائَةِ أَلْفٍ أَوْ يَزِيدُونَ قَالَ عِشْرُونَ أَلْفًا.

7186 ــ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن الله تائالانىڭ: ئۇنى بىز يۈز مىڭ، بەلكى (بۇنىڭدىنمۇ) كۆپ (بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق [3] دېگەن ئايىتى ھەققىدە سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەمئى يۈز يىگىرمە مىڭ ئىدى» دېدى[4].

(تىرمىزى: 3229)

7187 ـ عن ابن عَباسٍ قال مَرِضَ أبو طَالِبٍ فَجَاءَتْهُ قُرَيْشٌ وَجَـاءَهُ الـنبي ﷺ وَعِنْدَ أبي طَالِبٍ مَجْلِسُ رَجُلٍ فَقَامَ أبو جَهْلٍ كَيْ يَمْنَعَهُ وَشَكَوْهُ إِلى أبي طَالِبٍ فقال يا بن

[1] سۈرە سافقات، 145 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11302): بۇ ھەدىسنى بەززار ئىسمى ئاتالمىغان بىرىدىن رىۋايەت قىلغان، ئۇنىڭ سەنەدىدە يەنە ئىبنى ئىسھاق ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] سۈرە سافقات، 147 ـ ئايەت.

[4] ئەلبانى(633): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

أَخِي ما تُرِيدُ من قَوْمِكَ قال إني أُرِيدُ منهم كَلِمَةً وَاحِدَةً تَدِينُ لهم بها الْعَرَبُ وَتُؤَدِي إِلَيْهِمْ الْعَجَمُ الْجِزْيَةَ قال كَلِمَةً وَاحِدَةً قال كَلِمَةً وَاحِدَةً قال يا عَم يقولوا لَا إِلَهَ إلا الله فَقَالُوا إِلَهًا وَاحِدًا ما سَمِعْنَا بهذا في الْمِلةِ الْآخِرَةِ إن هذا إلا اخْتِلَاقٌ قال فَنَزَلَ فِيهِمْ الْقُرْآنُ (ص وَالْقُرْآنِ ذِي الذكْرِ بَلْ الذِينَ كَفَرُوا في عِزةٍ وَشِقَاقٍ) إلى قَوْلِهِ (ما سَمِعْنَا بهذا في الْمِلةِ الْآخِرَةِ إن هذا إلا اخْتِلَاقٌ).

7187 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ تالىب ئاغرىپ يېتىپ قالغان ئىدى، قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۇنى كۆرگىلى كىردى. ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىدا بىر كىشىلىك بوش ئورۇن بولۇپ، ئەبۇ جەھىل ئۇ يەرنى توسۇۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئولتۇرغۇزمىدى. بۇمۇ يەتمىگەندەك، مۇشرىكلار ئەبۇ تالىبقا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چېقىشتۇردى. ئەبۇ تالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ــ ئى جىيەنىم! قەۋمىڭدىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلاردىن پەقەت بىر ئېغىزلا سۆز تەلەپ قىلىمەن، شۇ سۆز ئارقىلىق پۈتۈن ئەرەب خەلقى ئۇلارغا بويسۇنىدۇ، ئەجەملەرمۇ ئۇلارغا تۆلەم تۆلەيدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ تالىب:

ـ پەقەت بىر ئېغىزلا سۆزمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەئە، پەقەت بىر ئېغىزلا سۆز. ئى تاغا! ئۇلار: ”لا ئىلاھە ئىللاللاھ“ دېسىلا بولدى، ـ دېدى، مۇشرىكلار:

ـ سەن نۇرغۇن ئىلاھنى بىرلا ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش. بۇنى بىز باشقا بىر دىندىن ئاڭلاپ باقمىدۇق، بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، اللہ تائالا: ساد. شانلىق قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن مۆجىزىدۇر). بەلكى كافىرلار ئىماندىن باش تارتماقتا ۋە (رەسۇلۇللاھقا) مۇخالىپەتچىلىك قىلماقتا. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى

پەيغەمبەر) كەلگەنلىكىگە ئۇلار ھەيران قېلىشتى، كافىرلار ئېيتتى: ”بۇ بىر يالغانچى سېھىرگەردۇر. ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش“. ئۇلارنىڭ (يەنى قۇرەيشنىڭ) كاتتىلىرى (سورۇنلىرىدىن) قوزغىلىپ چىقىپ ئېيتتى: ”سىلەر مېڭىڭلار، مەبۇدلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇڭلار، بۇ ھەقىقەتەن (بىزدىن) ئىرادە قىلىنىدىغان بىر ئىش، (يەنى مۇھەممەد سىلەرنى دىنىڭلاردىن تاندۇرۇپ، سىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى ئىرادە قىلىدۇ). بۇنى بىز باشقا بىر دىندىن (يەنى ناسارا دىنىدىكىلەردىن) ئاڭلىمىدۇق، بۇ پەقەت ئويدۇرمىدۇر“ [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3232)

7188 ـ عن ابن عباس قال كنت أمر بذه الآية فما أدري مـا هـي العشـي واqlشراق حG حدثتt أم هانئ بنت أبي طالب أن رسول الله صلى الله عليه وسلم دخل عليها فدعا بوضوء ƛفنة كأني أنظر إБ اثر العجين فيها فتوضأ Ż قام فصلى الضحى فقال يا أم هانئ هي صلاة اqlشراق.

7188 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن الله تائالانىڭ: كەچتە ۋە كۈن چىققاندا تەسبىھ ئېيتاتتى [3] دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتىم ـ يۇ، ئەمما: ”كەچتە ۋە كۈن چىققاندا“ دېگەن ئىبارىدىن نېمىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتىم. كېيىن، ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى ماڭا ئۇنىڭدىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى ئوچۇقلاپ بېرىدىغان مۇنۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمغا كىرىپ، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن چوڭ داستا سۇ ئەكەلدۇردى. مەن ئۇ داستا خېمىرنىڭ يۇقىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ

[1] سۈرە ساد، 1 ـ دىن 7 ـ ئايەتكىچە.

[2] ئەلبانى (636): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] سۈرە ساد، 18 ـ ئايەت.

سۇدا تاھارەت ئېلىپ، چاشكا نامىزى ئوقۇدى ۋە: «ئى ئۇممۇ ھانى! بۇ، كۈن چىققاندا ئوقۇيدىغان ناماز» دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 4246)

7189 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزبَيْرِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ لَما نَزَلَتْ ثُم إِنكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عِنْدَ رَبكُمْ تَخْتَصِمُونَ قَالَ الزبَيْرُ يَا رَسُولَ اللهِ أُتكَررُ عَلَيْنَا الْخُصُومَةُ بَعْدَ الذِي كَانَ بَيْنَنَا فِـي الدنْيَا قَالَ نَعَمْ فَقَالَ إِن الْأَمْرَ إِذًا لَشَدِيدٌ.

7189 ـ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاندىن كېيىن سىلەر قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دەۋا قىلىشىسىلەر [2] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن دۇنيادا دەۋالاشقان بولساقمۇ، ئاخىرەتتە يەنە دەۋالىشامدۇق؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەئە، ـ دېدى، مەن:

ــ ئۇنداقتا، ئەھۋال بەكلا ئېغىر ئىكەن، ـ دېدىم[3].

(تىرمىزى: 3236)

7190 ـ وزاد في رواية: قال نعم لُيكَررَن عَلَيْكُمْ حG يُؤَدى إБ كل ذي حَق حَقهُ.

7190 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ھەئە، ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققى ئادا قىلىنغانغا قەدەر توختىماي دەۋالىشىسىلەر» دېگەن ئىبارە قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان[4].

(«ئەلكەبىر»)

---

[1] ھەيسەمى (11305): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ بەكرى ھۇزەلىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] سۇرە زۇمەر، 31 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (2583): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

[4] ھەيسەمى (11311): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7191 ـ عن ابن عَباسٍ رضي الله عنهما أن َناسًا من أَهْلِ الشرْكِ كَانُوا قد قَتلُوا وَأَكْثَرُوا وَزَنَوْا وَأَكْثَرُوا فَأَتَوْا مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا إِن الذي َتقُولُ وتـدعوا إليه لَحَسَنٌ لو ُتخْبِرُنَا أن لِمَا عَمِلْنا كَفارَةً فَنَزَلَ (وَالذِينَ لَا َيدْعُونَ مع اللهِ إِلَهًا آخَـرَ ولا َيقْتُلُونَ النفْسَ التي حَرمَ الله إلا بِالْحَق ولا َيزْنُونَ) ونزل (قُلْ يا عِبَادِيَ الذِينَ أَسْرَفُوا على أَنفُسِهِمْ لَا َتقْنَطُوا من رَحْمَةِ اللهِ).

7191 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كۆپ ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە جىق زىنا قىلغان بىر تۈپ مۇشرىك پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ سەن تەشۋىق قىلىۋاتقان ۋە كىشىلەرنى دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسەڭ (ئىسلام) ئەلۋەتتە چىرايلىق، ياخشى. لېكىن سەن بىزگە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇۋېتىدىغان كاپپارەتنىڭ بار ـ يوقلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ، ـ دېۋىدى: ئۇلار اللهقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله هارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ [1]؛ (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، "(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [2] دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى[3].

(نەسائى: 4003)

7192 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ جَاءَ حَبْرٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ َيا مُحَمدُ إِن اللهَ َيضَعُ السمَاءَ عَلَى إِصْبَعٍ وَالْأَرْضَ عَلَى إِصْبَعٍ وَالْجِبَالَ عَلَى إِصْبَعٍ وَالشـجَرَ

[1] سۈرە فۇرقان، 61 ـ ئايەت.

[2] سۈرە زۇمەر، 53 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (3738): سەھىھ ـ دېگەن.

وَالْأَنهَارَ عَلى إِصْبَعٍ وَسَائِرَ الْخَلْقِ عَلى إِصْبَعٍ ثُم يَقُولُ بِيَدِهِ أَنا الْمَلِكُ فَضَحِكَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ وَمَا قَدَرُوا اللهَ حَق قَدْرِهِ.

7192 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىي ئالىملىرىدىن بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئى مۇھەممەد! بىز تەۋراتتا: ”الله ئاسمانلارنى بىر بارمىقىغا، زېمىنلارنى بىر بارمىقىغا، تاغلارنى بىر بارمىقىغا، دەرەخلەر بىلەن دەريالارنى بىر بارمىقىغا، باشقا پۈتۈن مەخلۇقلارنى بىر بارمىقىغا ئېلىپ: مەن پادىشاھدۇرمەن“ دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ـ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ كۈلۈپ كېتىپ:

ئۇلار اللهنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي اللهنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار اللهنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، الله ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(بۇخارى: 7451)

7193 ـ وفي رواية: فَلَقَدْ رَأَيتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَضْحَكُ حَتى بَدَتْ نَوَاجِذُهُ تَعَجبًا وَتَصْدِيقًا لِقَوْلِهِ.

7193 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ گېپىنى ھەم تەستىقلىغان ھەم ئەجەبلەنگەن ھالدا كۈلۈپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ ئېزىق چىشلىرىنى كۆردۈم، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 7513)

7194 ـ عَبْد اللِه بْن عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَطْوِي اللهُ السمَاوَاتِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ثُم يَأْخُذُهُن بِيَدِهِ الْيُمْنَى ثُم يَقُولُ أَنا الْمَلِكُ أَيْنَ الْجَبـارُونَ أَيْـنَ

[1] سۈرە زۇمەر، 67 ـ ئايەت.

الْمُتَكَبِّرُونَ ثُمَّ يَطْوِي الْأَرَضِينَ ثُمَّ يَأْخُذُهُنَّ قَالَ ابْنُ الْعَلَاءِ بِيَدِهِ الْأُخْرَى ثُمَّ يَقُولُ أَنَا الْمَلِكُ أَيْنَ الْجَبَّارُونَ أَيْنَ الْمُتَكَبِّرُونَ.

7194 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا قىيامەت كۈنى ئاسمانلارنى قاتلايدۇ، ئاندىن ئۇنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ: مانا مەن پادىشاھ! زوراۋانلار قېنى؟ مۇتەكەببىرلەر قېنى؟ ـ دەيدۇ. ئاندىن زېمىنلارنى قاتلاپ، سول قولىدا تۇتۇپ: مانا مەن پادىشاھ! زوراۋانلار قېنى؟ مۇتەكەببىرلەر قېنى؟ ـ دەيدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4732)

7195 ـ عن عُبَيْدِ اللهِ بن مِقْسَمٍ أَنَّهُ نَظَرَ إِБ عبد اللهِ بن عُمَرَ كَيْـفَ يَحْكِـي رَسُولَ اللهِ ﷺ قال يَأْخُذُ الله عز وجل سَمَاوَاتِهِ وَأَرَضِيهِ بِيَدَيْهِ فيقول أنـا الله وَيَقْـبِضُ أَصَابِعَهُ وَيَبْسُطُهَا أنا الْمَلِكُ حGَ نَظَرْتُ إِБ الْمِنْبَرِ يَتَحَرَّكُ من أَسْفَلِ شَيْءٍ منه حـG إني لَأَقُولُ أَسَاقِطٌ هو بِرَسُولِ اللهِ ﷺ.

7195 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مىقسەم مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ:

«اللە ئەززە ۋەجەللە ئاسمان ۋە زېمىنلىرىنى قولىغا ئېلىپ: ''مانا مەن اللەتۇرمەن (ئابدۇللاھ بارماقلىرىنى يۇمۇپ ئاندىن ئاچتى)، مانا مەن پادىشاھمەن'' دەيدۇ» دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېدى: (شۇ چاغدا) مۇنبەرگە قارىدىم، مۇنبەرنىڭ ئاستى لىڭشىپ كېتىۋاتاتتى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەر بىلەن بىللە يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ كەتتىم.

(مۇسلىم: 2788)

① ئەلبانى (3958): سەھىھ ـ دېگەن.

## مۇئمىن، سەجدە، شۇرا، زۇخرۇف ۋە دۇخان سۈرىلىرى

7196 ـ عَنِ ابن مَسْعُودٍ في قَوْلِهِ (رَبَّنَا أَمَتَّنَا اثْنَتَيْنِ وَأَحْيَيْتَنَا اثْنَتَيْنِ) قال هِيَ مِثْـلُ التي في الْبَقَرَةِ (كُنْتُمْ أَمْوَاتًا فَأَحْيَاكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إليه تُرْجَعُونَ).

7196 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اﷲ تائالانىڭ: ئۇلار: ”پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئىككى قېتىم تىرىلدۈردۈڭ“ ① دېگەن ئايىتى ھەققىدە: بۇ ئايەت بەقەرە سۈرىسىدىكى: اﷲنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، اﷲ سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) اﷲ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن اﷲنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر ② دېگەن ئايەتكە ئوخشايدۇ، ـ دېگەن③.

(«ئەلكەبىر»: 9044)

7197 ـ وكان الْعَلَاءُ بن زِيَادٍ يُذَكِّرُ النارَ فقال رَجُلٌ لِمَ تُقَنِّطُ الناس قال وأنـا أَقْدِرُ أَنْ أُقَنِّطَ الناس وَاللَّهُ عز وجل يقول (يا عِبَادِيَ الذِينَ أَسْرَفُوا على أَنْفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا من رَحْمَةِ اللهِ) وَيَقُولُ (وَأَنَّ الْمُسْرِفِينَ هُمْ أَصْحَابُ النارِ) وَلَكِنَّكُمْ تُحِبُّـونَ أَنْ تُبَشَّـرُوا بِالْجَنَّةِ على مَسَاوِئِ أَعْمَالِكُمْ وَإِنَّمَا بَعَثَ الله مُحَمَّدًا ﷺ مُبَشِّرًا بِالْجَنَّةِ لِمَنْ أَطَاعَهُ وَمُنْذِرًا بِالنارِ من عَصَاهُ.

---

① سۈرە غافىر، 11 ـ ئايەت.

② سۈرە بەقەرە، 28 ـ ئايەت.

③ ھەيسەمى (11320): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ مەريەم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

7197 ـ ئەلا ئىبنى زىياد جامائەتكە دوزاخنى ئەسلەتكەن ئىدى. بىر ئادەم:

ــ نېمىشقا جامائەتنى ئۈمىدسىزلەندۈرىسەن؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ اللە: (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، "(گۇناھلارنى قىلىشىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللەنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. اللە ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، اللە ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [1]؛

ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئەھلى دوزاختۇر [2] دەۋاتسا، مەن كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشكە قادىر بولارمەنمۇ؟ ئەمما سىلەر قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ناچارلىقىغا باقماي، جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلىشىنى ياخشى كۆرىسىلەر. اللە مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى اللەقا ئىتائەت قىلغانلارغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگۈچى، اللەقا ئاسىيلىق قىلغانلارنى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن، ـ دېدى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

7198 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ اجْتَمَعَ عِنْدَ الْبَيْتِ ثَقَفِيانِ وَقُرَشِيٌّ أَوْ قُرَشِيانِ وَثَقَفِي كَثِيرَةٌ شَحْمُ بُطُونِهِمْ قَلِيلَةٌ فِقْهُ قُلُوبِهِمْ فَقَالَ أَحَدُهُمْ أَتَرَوْنَ أَن اللهَ يَسْمَعُ مَا نَقُولُ قَالَ الْآخَرُ يَسْمَعُ إِنْ جَهَرْنَا وَلَا يَسْمَعُ إِنْ أَخْفَيْنَا وَقَالَ الْآخَرُ إِنْ كَانَ يَسْمَعُ إِذَا جَهَرْنَا فَإِنَّهُ يَسْمَعُ إِذَا أَخْفَيْنَا فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى وَمَا كُنْتُمْ تَسْتَتِرُونَ أَنْ يَشْهَدَ عَلَيْكُمْ سَمْعُكُمْ وَلَا أَبْصَارُكُمْ وَلَا جُلُودُكُمْ الْآيَةَ.

7198 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يوغان قورساق، كالتا پەم ئىككى قۇرەيش بىلەن بىر

---

[1] سۈرە زۇمەر، 53 ـ ئايەت.

[2] سۈرە غافىر، 34 ـ ئايەت.

سەقىقلىك (ياكى بىر سەقىقلىك بىلەن ئىككى قۇرەيش) بەيتۇللاھنىڭ يېنىدا ئۇچراشتى. ئۇلاردىن بىرى:

— الله بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلايدۇ دەپ قارامسىلەر؟ - دەپ سورىغانىدى، يەنە بىرى:

- ئۇنلۇك سۆزلىسەك ئاڭلايدۇ، پەس سۆزلىسەك ئاڭلىمايدۇ. - دېدى، يەنە بىرى:

— ئۇنلۇك سۆزلىسەك ئاڭلايدىغان بولسا، پەس سۆزلىسەكمۇ ئاڭلايدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن: سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) قۇلىقىڭلارنىڭ، كۆزۈڭلارنىڭ، تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار (يەنى يامان ئىشلارنى قىلغان چېغىڭلاردا، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، كىشىلەردىن يوشۇرغان ئىدىڭلار، ۋەھالەنكى، ئەزالىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار)، لېكىن سىلەر قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇن ئىشلارنى "الله بىلمەيدۇ" دەپ گۇمان قىلدىڭلار [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

(بۇخارى: 7521)

7199 ـ وفي رواية: فَقَال عَبْدُ اللهِ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَنزَلَ اللهُ وَمَا كُنتُمْ تَسْتَتِرُونَ أَنْ يَشْهَدَ عَلَيْكُمْ سَمْعُكُمْ وَلَا أَبْصَارُكُمْ وَلَا جُلُودُكُمْ إِلَى قَوْلِهِ فَأَصْبَحْتُمْ مِنْ الْخَاسِرِينَ.

7199 - يەنە بىر رىۋايەتتە ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقانىدىم، شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: سىلەر (دۇنيادىكى چېغىڭلاردا) قۇلىقىڭلارنىڭ، كۆزۈڭلارنىڭ، تېرىلىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ساقلانمىغان ئىدىڭلار (يەنى يامان ئىشلارنى قىلغان چېغىڭلاردا، رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ، كىشىلەردىن

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 22 - ئايەت.

يوشــۇرغان ئىــــدىڭلار، ۋەھـــالەنكى، ئەزالىرىڭلارنىـــڭ ســـىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار)، لېكىن سىلەر قىلمىشىڭلاردىن نۇرغۇن ئىشلارنى ''الله بىلمەيدۇ'' دەپ گۇمـــان قىلـــدىڭلار. پەرۋەردىگارىڭلارغـــا قىلغـــان ئەنە شـــۇ (قەبىـــھ) گۇنـــاھىڭلار ســـىلەرنى ھـــالاك قىلـــدى. شـــۇنىڭ بىـــلەن زىيـــان تارتقۇچىلاردىن بولدۇڭلار [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3249)

**7200 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَرَأَ إِن الـذِينَ قَالُوا رَبنَا اللهُ ثُم اسْتَقَامُوا قَالَ قَدْ قَالَ الناسُ ثُم كَفَرَ أَكْثَرُهُمْ فَمَنْ مَاتَ عَلَيْهَا فَهُوَ مِمـنْ اسْتَقَامَ.**

7200 ـــ ئەنەس ئىبنــى مالىــك رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تائالانىڭ: شۇبھىسىزكى، ''پەرۋەردىگارىمىز اللهتۇر'' دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: ''قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر'' دەيدۇ [3] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن: «بۇنى ھەممە كىشى دېدى، ئەمما كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كاپىر بولۇپ كەتتى، شۇڭا بۇ سۆزنى دەپ، ئاندىن شۇنىڭدا چىڭ تۇرغان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەنلەر توغرا يولدا بولغانلاردۇر» دېگەن[4].

(تىرمىزى: 3250)

[1] سۈرە فۇسسىلەت، 22 ـ ۋە 23 ـ ئايەتلەر.
[2] ئەلبانى (2591): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] سۈرە فۇسسىلەت، 30 ـ ئايەت.
[4] ئەلبانى (639): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

7201 ـ وقال ابن عَباسٍ (اْدفَعْ بِالِتي هِيَ أَحْسَنُ) الصبْرُ عِنْدَ الْغَضَبِ وَالْعفْوُ عِنْدَ الْإِسَاءَةِ فإذا فَعَلُوهُ عَصَمَهُمْ الله وَخَضَعَ لهم عَدُوهُمْ.

7201 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن [①] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: غەزەبلەنگەندە سەۋر قىلىش، ئازار بېرىلگەندە ئەپۇ قىلىشتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا، الله ئۇلارنى گۇناھتىن ساقلاپ، دۈشمەنلىرىنى ئۇلارغا گويا سىرداش دوستىدەك بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

7202 ـ عَنْ اْبنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أنه سُئِلَ عَنْ قَوْلِهِ إلا الْمَودةَ فِي الْقُرْبى فَقَالَ سَعِيدُ بْنُ جُبْيرٍ قُرْبى آلِ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ فَقَالَ اْبنُ عَباسٍ عَجِلْتَ إن النبِي صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ لَمْ يَكُنْ بَطْنٌ مِنْ قُرَيْشٍ إلا كَانَ لَهُ فِيهِمْ قَرَابَةٌ فَقَالَ إلا أَنْ تَصِلُوا مَا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ مِنْ الْقَرَابَةِ.

7202 ـ تائۇستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ الله تائالانىڭ: ‘‘پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشۈمگە چېقىلماسلىقىڭلارنى) تىلەيمەن’’ دېگىن [②] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى نېمە؟ ـ دەپ سورالغاندى، سەئىد ئىبنى جۇبەير ئالدىراقسانلىق بىلەن:

ـــ بۇ ئايەتتىن مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسى كۆزدە تۇتۇلغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا:

ـــ ئەي سەئىد! (جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بەكمۇ) ئالدىراقسانلىق قىلدىڭ، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ پۈتۈن جەمەتى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۇغقان كېلەتتى. بۇ ئايەتتىن: ‘‘مەن سىلەرنىڭ

① سۈرە فۇسسىلەت، 34 ـ ئايەت.

② سۈرە شۇرا، 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاراڭلاردىكى تۇغقانچىلىق ھەققىنى ئادا قىلىشىڭلارنى تىلەيمەن“ دېگەن مەنە مەقسەت قىلىنغان، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4818)

7203 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا أَسْأَلُكُمْ عَلَى مَا أَتَيْتُكُمْ بِهِ مِنْ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى أَجْرًا إِلا أَنْ تَودوا اللهَ وَأَنْ تَقَرَّبُوا إِلَيْهِ بِطَاعَتِهِ.

7203 ـــ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــادىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن [1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «يەنى، سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ئېنىق ئايەتلەر ۋە ھىدايەت ئۈچۈن، اللهنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق يېقىنلىشىشىڭلاردىن باشقا ھەق تەلەپ قىلمايمەن»[2].

(«ئەلكەبىر»: 11144؛ ئەھمەد)

7204 ـ عَنِ ابن عَباسٍ رضي اللهُ عنهما قال لَما نَزَلَتْ قُلْ لا أَسْأَلُكُمْ عليه أَجْرًا إلا الْمَوَدةَ في الْقُرْبَى قالوا يا رَسُولَ اللهِ من قَرَابَتُكَ هَؤُلاءِ الذِينَ وَجَبَتْ عَلَيْنا مَوَدتُهُمْ قال عَلِي وَفَاطِمَةُ وَابْنَاهُمَا رَضِي اللهُ عَنْهُمْ.

7204 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمـادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: “(پەيغەمبەرلىكنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى (يەنى پەرۋەردىگارىمنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈشكە چېقىلماسلىقىڭلارنى) تىلەيمەن“ دېگەن [3] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، ساھابىلار:

---

[1] سۇرە شۇرا، 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ھەيسەمى (11325): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ سەنەدىدە قۇزئە ئىبنى سۇۋەيد ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] سۇرە شۇرا، 23 ـ ئايەت.

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! دوست تۇتىشىمىز بىزگە ۋاجىب بولغان تۇغقانلىرىڭ كىملەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەلى، فاتىمە ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(«ئەلكەبىر»: 12259)

7205 ـ عن عمرو بن حريث قال نزلت هذه الآية في أهل الصفة (ولو بسط الله الرزق لعباده لبغوا في الأرض) لأنهم تمنوا الدنيا.

7205 ـــ ئەمىر ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر الله بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، ئۇلار ئەلۋەتتە زېمىندا پىتنە ـ پاسات تېرىيتتى [②] دېگەن ئايەت ئەھلى سۇففە ھەققىدە نازىل بولغان، چۈنكى ئۇلار دۇنيانى ئارزۇ قىلغانىدى، ـ دېگەن[③].

(«ئەلكەبىر»: 12259)

7206 ـ عن ابْن عَوْنٍ قَالَ كُنتُ أَسْأَلُ عَنْ الِانْتِصَارِ وَلَمَنْ انْتَصَرَ بَعْدَ ظُلْمِهِ فَأُولَئِكَ مَا عَلَيْهِمْ مِنْ سَبِيلٍ فَحَدثَنِي عَلِي بْنُ زَيْدِ بْنِ جُدْعَانَ عَنْ أُم مُحَمدٍ امْرَأَةِ أَبِيهِ قَالَ ابْنُ عَوْنٍ وَزَعَمُوا أَنهَا كَانَتْ تَدْخُلُ عَلَى أُم الْمُؤْمِنِينَ قَالَتْ قَالَتْ أُم الْمُؤْمِنِينَ دَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم وَعِنْدَنَا زَيْنَبُ بِنْتُ جَحْشٍ فَجَعَلَ يَصْنَعُ شَيْئًا بِيَدِهِ فَقُلْتُ بِيَدِهِ حَتى فَطنْتُهُ لَهَا فَأَمْسَكَ وَأَقْبَلَتْ زَيْنَبُ تَقَحمُ لِعَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَنَهَاهَا فَأَبَتْ أَنْ تَنْتَهِيَ فَقَالَ لِعَائِشَةَ سُبيهَا فَسَبتْهَا فَغَلَبَتْهَا فَانْطَلَقَتْ زَيْنَبُ إِلَى عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَقَالَتْ إِن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا وَقَعَتْ بِكُمْ وَفَعَلَتْ فَجَاءَتْ فَاطِمَةُ فَقَالَ لَهَا إِنهَا حِبةُ أَبِيكِ

---

[①] ھەيسەمى (11326): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەرب ئىبنى ھەسەن تەھھان، ھۇسەن ئەشقار ۋە قەيس ئىبنى رەبىئ قاتارلىق ھەرخىل باھا بېرىلگەن كىشىلەر بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] سۈرە شۇرا، 27 ـ ئايەت.

[③] ھەيسەمى (11329): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

وَرَب الْكَعْبَةِ فَانْصَرَفَتْ فَقَالَتْ لَهُمْ أَني قُلْتُ لَهُ كَذَا وَكَذَا فَقَالَ لِي كَذَا وَكَذَا قَالَ وَجَاءَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَلمَهُ فِي ذَلِكَ.

7206 ــ ئىبنــى ئەۋنــدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىــدۇ: زۇلۇمغــا ئۇچرىغـۇچى ئـادەم ئـىنتىقـامىنى ئالسا، ئـۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ[①] دېگەن ئايەت ھەققىدە دائىم سوراپ تۇراتتىم. ئەلـى ئىبنـى زەيـد ئىبنـى جۇدئان (مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ قېشـىغا پـات ـ پـات كـىرىـپ تۇرىـدىغان) ئـۆگەي ئانىسـى ئۇممـۇ مـۇھەممەدتىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىــپ بەردى: بىــر كــۈنى، مۇئمىنلەرنىــڭ ئانىســى ئائىشــەنىڭ قېشــىغا كىرگەنىــدىم، ئـۇ ماڭــا مۇنــداق ســۆزلەپ بەردى: قېشــىمدا (رەسـۇلۇللاھنىڭ ئايالى) زەينـەب بىنتـى جەھـش بـار ئىــدى، پەيغەمــبەر ســەلاللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ھۇجرامىغــا كىرىــپ، ماڭــا يېقىنلاشماقچى بولدى، مەن زەينەبنىڭ بارلىقىنى ئىشارەت قىلىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى تارتتى. بـۇنى كـۆرگەن زەيـنەپ مېنـى ئورۇنســىز يەرگە تىللاشـقا باشـلىدى. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ئـۇنى توســمۇ، ئـۇ بولـدى قىلمـاي تىلــلاۋەردى. شـۇنىڭ بىــلەن، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـــ ســەنمۇ تىلــلا! ــ دېـدى. مەن ئـۇنى تىلــلاپ، ئېغىـزىنـى ئېتىــپ قويدۇم. بۇنىڭغا چىدىمىغان زەينەب ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـــ ئائىشــە ســىلەرنى تىللىــدى، ـ دەپ چېقىشــتۇردى. فــاتىمە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـا دەرھـال يېتىــپ كىــردى. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ئۇنىڭغا:

ـ كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئائىشە ئاتاڭنىڭ مەھبۇبىسى. ئۇنىڭغـا بىــر نەرســە دېمىگىــن! ــ دېيۋىدى، فـاتىمە قايتىــپ كەتتـى. ئـۇ بېرىپ بەنى ھاشىم جەمەتىگە:

---

[①] سۈرە شۇرا، 41 ـ ئايەت.

ــ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ـ مۇنداق دېگەنىدىم، ئۇمۇ ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق دېدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4898)

7207 ـ وقال ابن عَباسٍ (وَلَوْلَا أَنْ يَكُونَ الناس أُمةً وَاحِدَةً) لَوْلَا أَنْ جعل الناس كُلهُمْ كُفارًا لَجَعَلْتُ لِبُيوتِ الْكُفارِ (سَقْفًا من فِضةٍ وَمَعَارِجَ ) من فِضةٍ وَهِيَ دَرَجٌ وَسُرُرَ فِضةٍ.

7207 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللہ تائالانىڭ: ئىنسانلار (كۇففارلارنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كۇفرىغا قىزىقىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ) ھەممىسى (كۇفرىدا) بىر ئۇممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى[2] دېگەن ئايىتىنى: ناۋادا (مال ـ دۇنيا) ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى كاپىر قىلىۋەتمەيدىغان بولسا ئىدى، كاپىرلارنىڭ ئۆيلىرىنى (ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق.) يەنى كۈمۈشتىن شوتا، پەشتاق ۋە كارىۋاتلار قىلىپ بېرەتتۇق، ـ دەپ تەپسىر قىلغان.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

7208 ـ عَنْ أَبِي يَحْيى قَالَ: قَالَ ابْنُ عَباسٍ قَالَ لَقَدْ عُلمْتُ آيةً مِنْ الْقُرْآنِ مَا سَأَلَنِي عَنْهَا رَجُلٌ قَط فَمَا أَدْرِي أَعَلِمَهَا الناسُ فَلَمْ يَسْأَلُوا عَنْهَا أَمْ لَمْ يَفْطِنُوا لَهَا فَيسْأَلُوا عَنْهَا ثُم طَفِقَ يُحَدثُنَا فَلَما قَامَ تَلَاوَمْنَا أَنْ لَا نَكُونَ سَأَلْنَاهُ عَنْهَا فَقُلْتُ أَنَا لَهَا إِذَا رَاحَ غَدًا فَلَما رَاحَ الْغَدَ قُلْتُ يَا ابْنَ عَباسٍ ذَكَرْتَ أَمسِ أَن آيةً مِنْ الْقُرْآنِ لَمْ يَسْأَلْكَ عَنْهَا رَجُلٌ قَط فَلَا تَدْرِي أَعَلِمَهَا الناسُ فَلَمْ يَسْأَلُوا عَنْهَا أَمْ لَمْ يَفْطِنُوا لَهَا فَقُلْتُ أَخْبِرْنِي عَنْهَا وَعَنْ اللاتِي قَرَأْتَ قَبْلَهَا قَالَ نَعَمْ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِقُرَيْشٍ يَا مَعْشَرَ قُرَيْشٍ إِنهُ

[1] ئەلبانى (1046): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] سۈرە زۇخرۇف، 33 ـ ئايەت.

لَيْسَ أَحَدٌ يُعْبَدُ مِنْ دُونِ اللهِ فِيهِ خَيْرٌ وَقَدْ عَلِمَتْ قُرَيْشٌ أَنَّ النَّصَارَى تَعْبُدُ عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا تَقُولُ فِي مُحَمَّدٍ فَقَالُوا يَا مُحَمَّدُ أَلَسْتَ تَزْعُمُ أَنَّ عِيسَى كَانَ نَبِيًّا وَعَبْدًا مِنْ عِبَادِ اللهِ صَالِحًا فَلَئِنْ كُنْتَ صَادِقًا فَإِنَّ آلِهَتَهُمْ لَكَمَا تَقُولُونَ قَالَ فَأَنْزَلَ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ وَلَمَّا ضُرِبَ ابْنُ مَرْيَمَ مَثَلًا إِذَا قَوْمُكَ مِنْهُ يَصِدُّونَ قَالَ قُلْتُ مَا يَصِدُّونَ قَالَ يَضِجُّونَ وَإِنَّهُ لَعِلْمٌ لِلسَّاعَةِ قَالَ هُوَ خُرُوجُ عِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ عَلَيْهِ السَّلَام قَبْلَ يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

7208 ـ ئەبۇ يەھيادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىزگە سۆز قىلىپ بېرىپ:

ـــ مەن قۇرئاننىڭ بىر ئايىتى ھەققىدە ئىلىم ئالغان ئىدىم، كىشىلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلەمدۇ ياكى ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدىمۇ ـ قانداق، ھېچكىم مەندىن ئۇ ئايەت توغرۇلۇق سوراپ باقمىدى، ــ دېدى. سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ يۇرۇپ كەتتى. بىز ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن سورىمىغانلىقىمىزغا ھەيران بولۇشۇپ، بىر ـ بىرىمىزگە تاپا ـ تەنە قىلىشتۇق. مەن:

ـ ئەتە دەرسكە كەلگەندە، مەن ئۇ ئايەتنى سورايمەن، ـ دېدىم.

ئەتىسى كەلگەندە، مەن:

ــ ئى ئىبنى ئابباس! تۈنۈگۈن سەن: قۇرئاننىڭ بىر ئايىتى ھەققىدە ئىلىم ئالغان ئىدىم، كىشىلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلەمدۇ ياكى ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدىمۇ ـ قانداق، ھېچكىم مەندىن ئۇ ئايەت توغرۇلۇق سوراپ باقمىدى، ـ دېگەن ئىدىڭ. شۇ ئايەت ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئايەتلەر ھەققىدە ماڭا سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ، ـ دېدىم. ئۇ مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيشكە: «ئى قۇرەيش خەلقى! اللهتىن غەيرى نېمىگە ئىبادەت قىلىنسا، بىلىڭلاركى، شۇنىڭدا خەير يوقتۇر» دېگەنىدى، قۇرەيشلەر خرىستىئانلارنىڭ مەريەم ئوغلى ئىيساغا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)كە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئى مۇھەممەد! سەن ئىيسانى ھەم پەيغەمبەر ھەم ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىدىن بىرى دەۋاتىمامتىڭ، ناۋادا گېپىڭدە راستچىل بولىدىغان بولساڭ، خرىستىئانلارنىڭ ئىلاھى بولغان ئىيسادىمۇ خەير يوقمۇ؟ ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: (قۇرئاندا) مەريەمنىڭ ئوغلى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام) مىسال كەلتۈرۈلسە، ناگاھان سېنىڭ قەۋمىڭ (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ[1]. مەن:

ـ ”سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ“ دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ ـ دەپ سورىسام:

ـ ۋارقىرىشىپ كېتىدۇ، ـ دېدى. ئۇ يەنە الله تائالانىڭ: ئۇ (يەنى ئىسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر[2] دېگەن ئايىتىنى: ئۇ، مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر، ـ دەپ تەپسىر قىلدى[3].

(ئەھمەد: 2921؛ «ئەلكەبىر»: 12740)

7209 ـ عَنْ مَسْرُوقٍ قَالَ كُنا عِنْدَ عَبْدِ اللهِ جُلُوسًا وَهُوَ مُضْطَجِعٌ بَيْنَنَا فَأَتَاهُ رَجُلٌ فَقَالَ يَا أَبَا عَبْدِ الرحْمَنِ إن قَاصا عِنْدَ أَبْوَابِ كِنْدَةَ يَقُص وَيَزْعُمُ أَن آيَةَ الدخَانِ تَجِيءُ فَتَأْخُذُ بِأَنْفَاسِ الْكُفارِ وَيَأْخُذُ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ كَهَيْئَةِ الزكَامِ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ وَجَلَسَ وَهُوَ غَضْبَانُ يَا أَيهَا الناسُ اتقُوا اللهَ مَنْ عَلِمَ مِنْكُمْ شَيْئًا فَلْيَقُلْ بِمَا يَعْلَمُ وَمَنْ لَمْ يَعْلَمْ فَلْيَقُلْ اللهُ أَعْلَمُ فَإِنهُ أَعْلَمُ لِأَحَدِكُمْ أَنْ يَقُولَ لِمَا لَا يَعْلَمُ اللهُ أَعْلَمُ فَإِن اللهَ عَز وَجَل قَالَ لِنَبِيهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْ مَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ وَمَا أَنَا مِنْ الْمُتَكَلفِينَ إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما رَأَى مِنْ الناسِ إِدْبَارًا فَقَالَ اللهُم سَبْعٌ كَسَبْعِ يُوسُفَ.

[1] سۈرە زۇخرۇف، 57 ـ ئايەت.

[2] سۈرە زۇخرۇف، 61 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11331): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى بەھدەلە ئىسىملىك ئۆزى ئىشەنچلىك، ئەمما ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

7209 ـ مەسرۇقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارىمىزدا ياتاتتى، بىز ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتۇق، بىر ئادەم كېلىپ:

ـ ئى ئەبۇ ئابدۇرراھمان! كىندە قەبىلىسىنىڭ مەھەللىسىدە بىر مەدداھ: ”قىيامەت كۈنى، ئىس ئالامىتى كېلىپ، كاپىرلارنىڭ نەپسىنى سىقىدۇ، مۇئمىننى بولسا زۇكامداپ قالغاندەك قىلىپ قويىدۇ“ دەۋاتىدۇ، ـ دېۋىدى، ئۇ غەزەپلەنگىنىچە رۇس ئولتۇرۇپ:

ـ ئى خالايىق! اﷲتىن قورقۇڭلار، كىمكى بىلسە، بىلىمى بىلەن سۆزلىسۇن. بىلمىسە: ”اﷲ ئوبدان بىلىدۇ“ دېسۇن. بىلمەيدىغان نەرسىنى: ”مەن بىلمەيمەن، اﷲ ئوبدان بىلىدۇ“ دېيىشمۇ بىلىمنىڭ قاتارىدىندۇر. قۇرەيشلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلماي يۈز ئۆرۈپ تۇرۇۋالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى اﷲ! بۇلارنى يۈسۈفنىڭ يەتتە يىلغا ئوخشاش، يەتتە قەھەتچىلىك يىلىغا مۇپتىلا قىلغىن!» دەپ بەددۇئا قىلغان ئىدى. اﷲ تائالا پەيغەمبىرىگە: ئېيتقىنكى، ”(اﷲ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىينى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئېيتىۋالغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن“ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(مۇسلىم: 2798)

7210 ـ عَنْ مَسْرُوقٍ قَالَ كُنا عِنْدَ عَبْدِ اللهِ فَقَالَ إِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما رَأَى مِنْ الناسِ إِدْبَارًا قَالَ اللهُم سَبْعٌ كَسَبْعِ يُوسُفَ فَأَخَذَتْهُمْ سَنَةٌ حَصتْ كُل شَيْءٍ حَتى أَكَلُوا الْجُلُودَ وَالْمَيْتَةَ وَالْجِيَفَ وَيَنْظُرَ أَحَدُهُمْ إِلَى السمَاءِ فَيَرَى الدخَانَ مِنْ الْجُوعِ فَأَتَاهُ أَبُو سُفْيَانَ فَقَالَ يَا مُحَمدُ إِنكَ تَأْمُرُ بِطَاعَةِ اللهِ وَبِصِلَةِ الرحِمِ وَإِن قَوْمَكَ قَدْ هَلَكُوا فَادْعُ اللهَ لَهُمْ قَالَ اللهُ تَعَالَى فَارْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي السمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ إِلَى قَوْلِهِ إِنكُمْ عَائِدُونَ يَوْمَ نَبْطِشُ الْبَطْشَةَ الْكُبْرَى إِنا مُنْتَقِمُونَ فَالْبَطْشَةُ يَوْمَ بَدْرٍ وَقَدْ مَضَتْ الدخَانُ وَالْبَطْشَةُ وَاللزَامُ وَآيَةُ الرومِ.

[1] سۈرە ساد، 86 ـ ئايەت.

7210 ـ مەسرۇقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا ئىدۇق، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرەيشنىڭ ئىسلامدىن باش تارتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى الله! يۇسۇفنىڭ يەتتە يىلىغا ئوخشاش يەتتە قەھەتچىلىك يىلى قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى، ئۇلارغا قەھەتچىلىك يېتىپ، بارلىق نەرسىلەرنى قۇرىتىۋەتتى. ھەتتا كىشىلەر تېرە، ھايۋان ئۆلۈكلىرى ۋە تاپلارنى يېيىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاسمانغا قارىسا، ئاچلىقتىن كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ئاسمان ئىس ـ تۈتەكتەك كۆرۈنەتتى. شۇ چاغدا، ئەبۇ سۇفيان كېلىپ:

ــ ئەي مۇھەممەد! سەن اللهقا ئىتائەت قىلىشقا، سىلە ــ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيسەن. سېنىڭ قەۋمىڭ ھەقىقەتەن ھالاك بولۇپ كەتتى، ئۇلار ئۈچۈن اللهقا دۇئا قىلىپ قويساڭ، ـ دېۋىدى. الله تائالا: (ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرۈنىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن [1] دېگەن ئايەتتىن: سىلەر ھەقىقەتەن (ئىلگىرىكى كافىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر. ئۇلارنى قاتتىق تۇتقان كۈنىمىزدە چوقۇم جازالايمىز [2] دېگەن ئايەتكىچە نازىل قىلدى. ئايەتتىكى: "قاتتىق تۇتىدىغان كۈن" دېگەن ئىبارىدىن بەدر ئۇرۇشىدىكى قاتتىق جازا كۆزدە تۇتۇلغان. (ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان) تۈتۈن، قاتتىق تۇتۇش، رىملىقلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئازاب قاتارلىق ئالامەتلەر مەيدانغا كېلىپ بولدى.

(بۇخارى: 1007)

7211 ـ وفي أخرى: فَأَصَابَهُمْ قَحْطٌ وَجَهْدٌ حَتى أَكَلُوا الْعِظَامَ فَجَعَلَ الرجُـلُ يَنظُرُ إِلَى السمَاءِ فَيَرَى مَا بَيْنَهُ وَبَيْنَهَا كَهَيْئَةِ الدخَانِ مِنْ الْجَهْدِ فَأَنْزَلَ اللهُ تَعَالَى فَارْتَقِـبْ يَوْمَ تَأْتِي السمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ يَغْشَى الناسَ هَذَا عَذَابٌ أَلِيمٌ قَالَ فَأُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ

---

[1] سۈرە دۇخان، 10 ـ ئايەت.

[2] سۈرە دۇخان، 16 ـ ئايەت.

عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقِيلَ لَهُ يَا رَسُولَ اللَّهِ اسْتَسْقِ اللَّهَ لِمُضَرَ فَإِنَّهَا قَدْ هَلَكَتْ قَالَ لِمُضَرَ إِنَّكَ لَجَرِيءٌ فَاسْتَسْقَى لَهُمْ فَسُقُوا فَنَزَلَتْ إِنَّكُمْ عَائِدُونَ فَلَمَّا أَصَابَتْهُمُ الرَّفَاهِيَةُ عَادُوا إِلَى حَالِهِمْ حِينَ أَصَابَتْهُمُ الرَّفَاهِيَةُ فَأَنْزَلَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ يَوْمَ نَبْطِشُ الْبَطْشَةَ الْكُبْرَى إِنَّا مُنْتَقِمُونَ قَالَ يَعْنِي يَوْمَ بَدْرٍ.

7211 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئۇلارغا قەھەتچىلىك يېتىپ، كىشىلەر قاتتىق قىينالغانلىقتىن ئۇستىخانلارنىمۇ يېدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ ئاسمانغا قارىسا، ئاسمان تۈتەكتەك كۆرۈنەتتى. شۇ چاغدا، الله تائالا: (ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرۈنىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن، (ئۇ تۈتۈن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر [1] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بىرسى (ئەبۇ سۇفيان) كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇزەرگە سۇ تەلەپ قىلىپ قويغىن، مۇزەر ھالاك بولۇپ كەتتى، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ مۇزەرگە سۇ تەلەپ قىلامدىمەن؟ سەن ھەقىقەتەن (اللهقا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن رەھمەت تىلەيدىغان) جاسارەتلىك ئادەم ئىكەنسەن! ـ دېدى. ئاندىن ئۇلارغا سۇ تەلەپ قىلىۋىدى، يامغۇر يېغىپ، ئۇلار سۇغا قاندۇرۇلدى. شۇ چاغدا: بىز ھەقىقەتەن ئازابنى (سىلەردىن) ئازغىنا ۋاقىت كۆتۈرىۋېتىمىز، (ئاندىن) سىلەر ھەقىقەتەن (ئىلگىرىكى كافىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر [2] دېگەن ئايەت نازىل بولدى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، راھەت ـ پاراغەت كۆرۈۋىدى، بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: ئۇلارنى قاتتىق تۇتقان كۈنىمىزدە چوقۇم جازالايمىز [3] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئابدۇللاھ

[1] سۈرە دۇخان، 10 ـ ۋە 11 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە دۇخان، 15 ـ ئايەت.
[3] سۈرە دۇخان، 16 ـ ئايەت.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ ئايەتتىن بەدر كۈنى مەقسەت قىلىنغان، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 4821)

7212 ـ عن عَبْد اللهِ قال: خَمْسٌ قَدْ مَضَيْنَ الدخَانُ وَالْقَمَرُ وَالرومُ وَالْبَطْشَةُ وَاللزَامُ فَسَوْفَ يَكُونُ لِزَامًا.

7212 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: تۈتۈن، رۇمنىڭ غەلىبىسى، ئاينىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى، قاتتىق تۇتۇش ۋە قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئازاب قاتارلىق بەش تۈرلۈك ئالامەت مەيدانغا كېلىپ بولدى.

(بۇخارى: 4767)

7213 ـ عن أَنسٍ بن مَالِكٍ قال قال رسول اللهِ ﷺ ما من مُؤْمِنٍ إلا وَلَهُ بَابَانِ بَابٌ يَصْعَدُ منه عَمَلُهُ وَبَابٌ يَنْزِلُ منه رِزْقُهُ فإذا مَاتَ بَكَيَا عليه فَذَلِكَ قَوْلُهُ عز وجل (فما بَكَتْ عليهم السمَاءُ وَالْأَرْضُ وما كَانُوا مُنْظَرِينَ).

7213 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر بىر مۇئمىننىڭ ئىككى ئىشىكى بولىدۇ، بىر ئىشىكتىن ئۇنىڭ ئەمەللىرى كۆتۈرىلىدۇ، يەنە بىر ئىشىكتىن رىزقى چۈشىدۇ. مۇئمىن ئۆلۈپ كەتسە، ئىككى ئىشىك ئۇنىڭغا يىغلايدۇ. ئۇلارغا ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ يىغلىمىدى، ئۇلارغا مۆھلەتمۇ بېرىلمىدى [1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر»[2].

(تىرمىزى: 3255)

[1] سۈرە دۇخان، 29 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (641): زەئىپ، ـ دېگەن.

**7214 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَالْمُهْلِ كَعَكَرِ الزيْتِ فَإِذَا قُربَ إِلَيْهِ سَقَطَتْ فَرْوَةُ وَجْهِهِ فِيهِ.**

7214 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالانىڭ: ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق)تۇر، ئۇ قورساقلاردا قاينايدۇ [1] دېگەن ئايىتىدىكى ”مىستەك“ دېگەن سۆز، قايىنىتىلغان ياغنىڭ تېگىدىكى دۇغىدەك مەنىگە ئىگە بولۇپ، كاپىر ئۇنىڭغا يېقىن كەلتۈرۈلسە، قىزىق تەپتىدىن يۈزىنىڭ تېرىسى ئالدىغا ئېقىپ چۈشىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2584)

[1] سۈرە دۇخان، 45 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (478): زەئىپ، ـ دېگەن.

## ئەھقاف، فەتھ ھۇجۇرات ۋە زارىيات سۇرىلىرى

7215 ـ يُوسُفَ بن مَاهَكَ قال كان مَرْوَانُ على الْحِجَازِ اسْتَعْمَلَهُ مُعَاوِيَةُ فَخَطَبَ فَجَعَلَ يَذْكُرُ يَزِيدَ بن مُعَاوِيَةَ لِكَيْ يُبَايَعَ له بَعْدَ أبيه فقال له عبد الرحمن بن أبي بَكْرٍ شيئا فقال خُذُوهُ فَدَخَلَ بَيْتَ عَائِشَةَ فلم يَقْدِرُوا فقال مَرْوَانُ إن هذا الذي أَنْزَلَ الله فيه وَالَّذِي قال لِوَالِدَيْهِ أُفٍّ لَكُمَا أَتَعِدَانِنِي فقالت عَائِشَةُ من وَرَاءِ الْحِجَابِ ما أَنْزَلَ الله فِينَا شيئا من الْقُرْآنِ إلا أَنَّ اللَّهَ أَنْزَلَ عُذْرِي.

7215 ـ يۇسۇف ئىبنى ماھەكتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەرۋاننى ھىجازغا ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى، ئۇ خۇتبە سۆزلەپ مۇئاۋىيەنىڭ ئوغلى يەزىدنى تىلغا ئېلىپ، ئاتىسىدىن كېيىن ئۇنى خەلىپە سايلاش ئۇچۇن يەزىدنىڭ تەرىپىنى قىلىپ تەشۋىق قىلغىلى تۇردى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېۋىدى، ئۇ:

ـ ئۇنى تۇتۇڭلار! ـ دېدى. ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغان ئىدى، ئۇلار ئۇنى تۇتۇشقا ئامال قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەرۋان:

ـ الله تائالا: ئاتا ـ ئانىسىغا: ”ۋاي ـ ۋۇي! سىلەر مېنى قايتا تىرىلىشتىن قورقۇتۇۋاتامسىلەر، (مەندىن ئىلگىرى) نۇرغۇن ئۈممەتلەر ئۆتتى (ئۇلاردىن ھېچ ئادەم تىرىلدۇرۇلگىنى يوق)“ دەيدىغان [1] دېگەن ئايەتنى مۇشۇ ئادەم ھەققىدە نازىل قىلغان، ـ دېۋىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ:

---

[1] سۇرە ئەھقاف، 17 ـ ئايەت.

ـ الله تائالا نۇر سۈرىسىدە مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ ئايەت نازىل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ ھەققىمىزدە ئايەت نازىل قىلغىنى يوق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 4827)

7216 ـ عن عَلْقَمَة أنا سَأَلْتُ ابْنَ مَسْعُودٍ فَقُلْتُ هَلْ شَهِدَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيْلَةَ الْجِن قَالَ لَا وَلَكِنا كُنا مَعَ رَسُولِ اللهِ ذَاتَ لَيْلَةٍ فَفَقَدْنَاهُ فَالْتَمَسْنَاهُ فِي الْأَوْدِيَةِ وَالشعَابِ فَقُلْنا اسْتُطِيرَ أَوْ اغْتِيلَ قَالَ فَبِتْنا بِشَر لَيْلَةٍ بَاتَ بِهَا قَوْمٌ فَلَما أَصْبَحْنا إِذَا هُوَ جَاءٍ مِنْ قِبَلَ حِرَاءٍ قَالَ فَقُلْنا يَا رَسُولَ اللهِ فَقَدْنَاكَ فَطَلَبْنَاكَ فَلَمْ نَجِدْكَ فَبِتْنا بِشَر لَيْلَةٍ بَاتَ بِهَا قَوْمٌ فَقَالَ أَتَانِي دَاعِي الْجِن فَذَهَبْتُ مَعَهُ فَقَرَأْتُ عَلَيْهِمْ الْقُرْآنَ قَالَ فَانْطَلَقَ بِنَا فَأَرَانَا آثَارَهُمْ وَآثَارَ نِيرَانِهِمْ وَسَأَلُوهُ الزادَ فَقَالَ لَكُمْ كُل عَظْمٍ ذُكِرَ اسْمُ اللهِ عَلَيْهِ يَقَعُ فِي أَيْدِيكُمْ أَوْفَرَ مَا يَكُونُ لَحْمًا وَكُل بَعْرَةٍ عَلَفٌ لِدَوَابكُمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَا تَسْتَنْجُوا بِهِمَا فَإِنهُمَا طَعَامُ إِخْوَانِكُمْ.

7216 ـ ئەلقەمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ــ بىرەرسىڭلار جىن كېچىسىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمراھ بولغانمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، ئۇ:

ـ ياق. ئەمما باشقا بىر كېچىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي، ساي ـ جىلغىلارنى قېزىۋەتتۇق، يەنىلا تاپالمىدۇق. ''ئۇنى جىن ئېلىپ قاچقانمىدۇ ياكى بىرەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانمىدۇ؟'' دېگەن ئەندىشە بىلەن كېچىنى ناھايىتى پەرىشان ھالدا ئۆتكۈزدۇق. تاڭ ئاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا تەرەپتىن چىقىپ كەلدى. بىز:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سېنى ئىزدەپ تاپالماي، كېچىچە بەكمۇ پەرىشان بولدۇق، ـ دېگەن ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ جىنلاردىن بىرى مېنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بېرىپ، ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەردىم، ـ دېدى. ئاندىن بىزگە

جىنلارنىڭ ۋە ئۇلار ياققان ئوتلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك تەلەپ قىلغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ اللهنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ گۆشى يېيىلگەن ھەر بىر سۆڭەك سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا گۆشى ئەڭ تولۇق ھالەتتە قايتىدۇ، ھەر بىر تېزەك سىلەرنىڭ ئۇلاغلىرىڭلارغا ھەلەپ بولىدۇ، ـ دەپتۇ. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېدى:

ـ شۇڭا ئۇ ئىككى نەرسىدە ئىستىنجا قىلماڭلار، چۈنكى ئۇلار جىن قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ تائامىدۇر.

(مۇسلىم: 450)

7217 ـ وفي رواية: وَكَانُوا مِنْ جِنِ الْجَزِيرَةِ.

7217 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇلار ئەرەب ئارىلىنىڭ جىنلىرىدىن ئىدى، ـ دەپ كەلگەن[1].

(تىرمىزى: 3258)

7218 ـ عن زر بن حبيش (وإذ صرفنا إليك نفرا من الجن يستمعون القرآن فلما حضروه قالوا أنصتوا) قال صه قال فكانوا سبعة أحدهم زوبعة.

7218 ـ زىر ئىبنى ھۇبەيش الله تائالانىڭ: (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر ـ بىرىگە): "جىم تۇرۇڭلار" دېيىشتى[2] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ئۇلار يەتتە نەپەر بولۇپ، بىرى زەۋبەئە (دېگەن جىن) ئىدى[3].

(بەززار: 2255)

---

[1] ئەلبانى (2596): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئەھقاف، 29 ـ ئايەت.

[3] ھەيسەمى (11343): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7219 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ نَزَلَتْ عَلَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِيَغْفِرَ لَكَ اللهُ مَا تَقَدمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَأخرَ مَرْجِعَهُ مِنْ الْحُدَيْبِيَةِ فَقَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقَدْ نَزَلَتْ عَلَي آيَةٌ أَحَب إِلَي مِما عَلَى الْأَرْضِ ثُم قَرَأَهَا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْهِمْ فَقَالُوا هَنِيئًا مَرِيئًا يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ بَينَ اللهُ لَكَ مَاذَا يُفْعَلُ بِكَ فَمَاذَا يُفْعَلُ بِنَا فَنَزَلَتْ عَلَيْهِ لِيُدْخِلَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ جَناتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنهَارُ حَتى بَلَغَ فَوْزًا عَظِيمًا.

7219 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ﷲنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېئمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق [①] دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن قايتقاندا نازىل بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ماڭا شۇنداق بىر ئايەت نازىل قىلىندىكى، ئۇ ماڭا نىسبەتەن زېمىن ئۈستىدىكى بارلىق نەرسىلەردىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، ـ دېدى، ئاندىن ئۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. ساھابىلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇبارەك بولسۇن. ﷲ تائالا سېنىڭ ئاقىۋىتىڭنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ، بىزنىڭ ئاقىۋىتىمىز قانداق بولار؟ ـ دېيىشتى. كۆپ ئۆتمەيلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئەر ـ ئايال مۇئمىنلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ قالىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشى ئۈچۈندۇر، ﷲنىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشى ئۈچۈندۇر، ﷲنىڭ دەرگاھىدا، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر [②] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[③].

(تىرمىزى: 3263)

[①] سۈرە فەتھ 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلەر.
[②] سۈرە فەتھ 5 ـ ئايەت.
[③] ئەلبانى (2601): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

7220 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إنا فَتحْنا لَكَ فْتحًا مُبِينًا قَالَ الْحُدَيْبِيَةُ.

7220 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق [1] دېگەن ئايەتتىكى ”فەتھ“دىن ھۇدەيبىيە سۈلھىسى مەقسەت قىلىنىدۇ. (بۇخارى: 4834)

7221 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ أَبِيهِ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَسِيرُ فِي بَعْضِ أَسْفَارِهِ وَعُمَرُ بْنُ الْخَطابِ يَسِيرُ مَعَهُ لَيْلًا فَسَأَلَهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ عَنْ شَيْءٍ فَلَمْ يُجِبْهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم سَأَلَهُ فَلَمْ يُجِبْهُ ثُم سَأَلَهُ فَلَمْ يُجِبْهُ وَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ ثَكِلَتْكَ أُمكَ يَا عُمَرُ نَزَرْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثَ مَراتٍ كُل ذَلِكَ لَا يُجِيبُكَ قَالَ عُمَرُ فَحَركْتُ بَعِيرِي ثُم تَقَدمْتُ أَمَامَ الْمُسْلِمِينَ وَخَشِيتُ أَنْ يَنْزِلَ فِي قُرْآنٌ فَمَا نَشِبْتُ أَنْ سَمِعْتُ صَارِخًا يَصْرُخُ بِي قَالَ فَقُلْتُ لَقَدْ خَشِيتُ أَنْ يَكُونَ نَزَلَ فِي قُرْآنٌ وَجِئْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَلمْتُ عَلَيْهِ فَقَالَ لَقَدْ أُنْزِلَتْ عَلَي اللَيْلَةَ سُورَةٌ لَهِيَ أَحَب إِلَي مِما طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشمْسُ ثُم قَرَأَ إنا فَتحْنا لَكَ فْتحًا مُبِينًا.

7221 ـ ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەرگە چىقتى. بىر كېچىسى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن شۇ سەپەردە بىللە كېتىۋېتىپ، بىر مەسىلە توغرۇلۇق سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە جاۋاب بەرمىدى. ئۆمەر قايتا سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە جاۋاب بەرمىدى. ئۆمەر ئۈچىنچى قېتىم يەنە سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئۆز ـ ئۆزىگە:

ـ ئەي ئۆمەر! ھالىڭغا ۋاي! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا جاۋاب بەرمىسە، كۆزىگە كىرىۋېلىپ، ئۈچ قېتىم قايتا ـ قايتا سورىغىنىڭ نېمىسى؟ ـ دەپ تاپا قىلدى. ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مەن تۆگەمنى دېۋىتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم، چۈنكى مېنى ئەيىبلەپ ئايەت چۈشۈپ قېلىشىدىن قورققانىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەيلا،

[1] سۈرە فەتھ 1 ـ ئايەت.

ئارقامدىن بىرەيلەننىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇ ئادەمگە:

ـ مېنى ئەيىبلەپ ئايەت چۈشۈپ قېلىشىدىن قورققان ئىدىم، ـ دېدىم ــ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ سالام قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ كېچە ماڭا سۈرە نازىل قىلىندى، بۇ مەن ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيادىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، ـ دېدى. ئاندىن: ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(بۇخارى: 4177)

7222 ـ عَنْ أَنسٍ أَن ثَمَانِينَ هَبَطُوا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَصْحَابِهِ مِنْ جَبَلِ التنْعِيمِ عِنْدَ صَلَاةِ الصبْحِ وَهُمْ يُرِيدُونَ أَنْ يَقْتُلُوهُ فَأُخِذُوا أَخْذًا فَأَعْتَقَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَنزَلَ اللهُ وَهُوَ الذِي كَف أَيْدِيَهُمْ عَنْكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ عَنْهُمْ الْآيَةَ.

7222 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: 80 كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، بامدات ۋاقتىدا تەنئىم تېغى تەرەپتىن يېتىپ كەلدى، لېكىن ھەممىسى تۇتۇلۇپ قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتتى. ئەنە شۇ چاغدا الله تائالا: الله ئۇلارنى سىلەرگە قول سېلىشتىن توستى ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىڭلاردىن كېيىن، مەككىنىڭ ئىچىدە (يەنى ھۇدەيبىيىدە) سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشتىن توستى، الله قىلىدىغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3264)

[1] سۈرە فەتىھ 24 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2602): سەھىھ ـ دېگەن.

7223 ـ عن أُبي بْنِ كَعْبٍ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَلْزَمَهُمْ كَلِمَةَ التقْوَى قَالَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ.

7223 ــ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (تەقۋا كەلىمىسى [1] «لا ئىلاھە ئىللەللاھتۇر» دېگەن[2].

(تىرمىزى: 3265)

7224 ـ عن عَبْد اللهِ بْنَ الزبَيْرِ أَخْبَرَهُمْ أَنهُ قَدِمَ رَكْبٌ مِنْ بَنِي تَمِيمٍ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَبو بَكْرٍ أَمرْ الْقَعْقَاعَ بْنَ مَعْبَدِ بْنِ زُرَارَةَ قَالَ عُمَرُ بَلْ أَمرْ الْأَقْرَعَ بْنَ حَابِسٍ قَالَ أَبو بَكْرٍ مَا أَرَدْتَ إِلا خِلَافِي قَالَ عُمَرُ مَا أَرَدْتُ خِلَافَكَ فَتَمَارَيَا حَتى ارْتَفَعَتْ أَصْوَاتُهُمَا فَنَزَلَ فِي ذَلِكَ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا لَا تُقَدمُوا حَتى انْقَضَتْ.

7224 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر ئۆمەك كەلدى. ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ قەئقائ ئىبنى مەئبەد ئىبنى زۇرارەنى ئۇلارغا ئەمىر قىلىپ تەيىنلىسەڭ، ـ دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى، ئۆمەر:

ـ ياق، ئەقرەئ ئىبنى ھابىسنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلەيلى، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى:

ـ سەن ھەر دائىم مېنىڭ پىكرىمگە زىت گەپ قىلىسەن، ـ دېۋىدى، ئۆمەر:

ـ مەن ساڭا زىت گەپ قىلىشنى مەقسەت قىلمىغانىدىم، ـ دېدى. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي، تۇۋلىشىپ كەتكىلى تاس قالدى. مۇشۇ ۋەقەلىك سەۋەبىدىن الله تائالانىڭ: ئى مۇئمىنلەر! سىلەر اللهنىڭ ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى)

[1] سۈرە فەتىھ 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەلبانى (2603): سەھىھ ـ دېگەن.

ئالدى بىلەن قىلماڭلار، اللهتىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئى مۆئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (تــوۋلاپ) يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تــوۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ [1] دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى.

(بۇخارى: 4367)

7225 ـ عَنْ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ قَالَ كَادَ الْخَيِّرَانِ أَنْ يَهْلِكَا أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ لَمَّا قَدِمَ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَفْدُ بَنِي تَمِيمٍ أَشَارَ أَحَدُهُمَا بِالْأَقْرَعِ بْنِ حَابِسٍ التَّمِيمِيِّ الْحَنْظَلِيِّ أَخِي بَنِي مُجَاشِعٍ وَأَشَارَ الْآخَرُ بِغَيْرِهِ

وفيه قال ابن الزبير: فَكَانَ عُمَرُ بَعْدُ ولم يذكر ذلك عن أبيه يَعْنِي أَبَا بَكْرٍ إذا حَدَّثَ النبي صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِحَدِيثٍ حدثه كَأَخِي السِّرَارِ لم يُسْمِعْهُ حتى يَسْتَفْهِمَهُ.

7225 ــ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبى مۇلەيكەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلغان ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار بەنى تەمىمنىڭ ئۆمەكلىرى كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئۈنلۈك سۆزلەپ قويغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكىلى تاسلا قالغان. ئىككىسىنىڭ بىرى بەنى مۇجاشىئ جەمەتىنىڭ تۇغقىنى ئەقرەئ ئىبنى ھابىسنى (ئەمىر قىلىپ تەيىنلەشنى) كۆرسەتسە، يەنە بىرى باشقا بىر ئادەمنى كۆرسەتتى.

ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق پەس ئاۋازدا گەپ قىلىدىغان بولۇپ كەتتىكى، ھەتتا پەيغەمبەر

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلەر.

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزىدە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالماي، قايتا سورايدىغان بولغان.

(بۇخارى: 7302)

7226 ـ عن زَيْدِ بن أَرْقَمَ قال جاءَ نَاسٌ مِنَ الْعَرَبِ فَقَالُوا انْطَلِقُوا بنا إلى هذا الرجُلِ فَإِنْ يَكُ نَبِيا فَنَحْنُ أَسْعَدُ الناس بِهِ وَإِنْ كان مَلِكًا عِشْنَا في جَنَاحِهِ فَانْطَلَقْتُ إلى رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَأَخْبَرْتُهُ بِمَا قالوا ثُم جاؤوا إلى حُجَرِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَجَعَلُوا يُنَادُونَ يا محمد يا محمد قال فَأَنْزَلَ اللهُ عز وجل إن الذِينَ يُنَادُونَكَ من وَرَاءِ الْحُجُرَاتِ أَكْثَرُهُمْ لا يَعْقِلُونَ وَأَخَذَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم بِأُذُنِي وقال لقد صَدَقَ اللهُ قَوْلَكَ يا زَيْدُ.

7226 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەرەبلەردىن بىر نەچچىسى:

ــ قېنى، ئۇ ئادەم (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ قېشىغا بېرىپ باقايلى، ئەگەر ئۇ راستىنلا پەيغەمبەر بولسا، ھەممىدىن بەختلىك بىز بولىمىز. ئەگەر پەيغەمبەر بولماي پادىشاھ بولسا، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ياشايمىز، ـ دېيىشتى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدۈم. كۆپ ئۆتمەي، ئۇلار يېتىپ كەلدى ۋە سىرتتا تۇرۇپلا:

ــ ئەي مۇھەممەد، ئەي مۇھەممەد! ـ دەپ توۋلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: شۈبھىسىزكى، سېنى ھۇجرىلار (يەنى پاك ئاياللىرىڭنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى) ئارقىسىدىن توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قۇلىقىمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 4 ـ ئايەت.

— ئى زەيد! الله سۆزۈڭنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 5123)

7227 ـ عَنْ الْأَقْرَعِ بْنِ حَابِسٍ أَنَّهُ نَادَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ مِنْ وَرَاءِ الْحُجُرَاتِ فَقَالَ يَا مُحَمدُ إِن حَمْدِي زَيْنٌ وَإِن ذَمي شَيْنٌ فَقَالَ ذَاكُمْ اللهُ عَز وَجَل.

7227 — ئەقرەئ ئىبنى ھابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇجرىلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ:

— ئەي مۇھەممەد! ـ دەپ توۋلىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يەنە:

— ئەي مۇھەممەد! مېنىڭ بىرىنى ماختىشىم ئىنتايىن چىرايلىق، سۆكۈشۈم بەكمۇ ياماندۇر، ـ دەپ توۋلىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ سەن ئېيتقان (ماختىشى گۈزەل، سۆكۈشى يامان) ئۇ زات الله ئەززە ۋەجەللەدۇر، ـ دېدى[2].

(ئەھمەد: 27247؛ «ئەلكەبىر»: 878)

7228 ـ اΣارث بن ضِرَارٍ الخزاعي قال قَدِمْتُ على رسول اللهِ ﷺ فدعاني إБ qاِسْلاَمِ فَدَخَلْتُ فيه وَأَقْرَرْتُ بِهِ فدعاني إБ الزكَاةِ فَأَقْرَرْتُ با وَقُلْتُ يا رَسُولَ اللهِ أَرْجِعُ إلي قومي فَأَدْعُوهُمْ إБ qاِسْلاَمِ وَأَدَاءِ الزكَاةِ فَمَنِ اسْتَجَابَ لي جَمَعْتُ زَكَاتَه فَيُرْسِلُ إِلَى رسول اللهِ ﷺ رَسُولاً qِبانِ كَذَا وَكَذَا لِيَأْتِيَكَ ما جَمَعْتُ مِنَ الزكَاةِ فلما جَمَعَ اΣـرث الزكَاةَ مِمنِ اسْتَجَابَ له وَبَلَغَ اqِبانَ الذي أَرَادَ رسول اللهِ ﷺ ان يُبْعَثَ إليه احْتَبَسَ عليه الرسُولُ فلم يَأْتِهِ فَظَن اΣرث أَنهُ قد حَدَثَ فيه سَخْطَةٌ مِنَ اللهِ عز وجل وَرَسُولِهِ فَـ دَعَا

[1] ھەيسەمى (11350): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە داۋۇد ئىبنى راشىد تەفاۋىي ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (11351): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەھمەدنىڭ بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

بِسَرَوَاتِ قَوْمِهِ فقال لهم إن رَسُولَ اللهِ ﷺ كان وَقتَ لي وَقْتاً يُرْسِلُ إلَى رَسُولَهُ لِيَقْبِضَ ما كان عندي مِنَ الزكَاةِ وَلَيْسَ من رسول اللهِ ﷺ الْخُلْفُ وَلاَ أَرَى حَبْسَ رَسُولِهِ الا مِـن سَخْطَةٍ كانت فَانْطَلِقُوا فنأځ رَسُولَ اللهِ ﷺ وَبَعَثَ رسول اللهِ ﷺ الْوَلِيدَ بن عُقْبَـةَ إБ اⅭرث لِيَقْبِضَ ما كان عِنْدَهُ مِما جَمَعَ مِنَ الزكَاةِ فلما أَنْ سَارَ الْوَلِيدُ حG بَلَـغَ بَعْـضَ الطريقِ فَرِقَ فَرَجَعَ فَأَتى رَسُولَ اللهِ ﷺ وقال يا رَسُولَ اللهِ إن اⅭرث منعt الزكَاةَ وَأَرَادَ قتلي فَضَرَبَ رسول اللهِ ﷺ الْبَعْثَ إБ اⅭرث فَأَقْبَلَ اⅭرث بِأَصْحَابِهِ إِذِ اسْتَقْبَلَ الْبَعْـثَ وَفَصَلَ مِنَ الْمَدِينَةِ لَقِيَهُمُ اⅭرث فَقَالُوا هذا اⅭرث فلما غَشِيَهُمْ قال لهم إБ من بُعِثْتُمْ قالوا إِلَيْكَ قال وَلِمَ قالوا إن رَسُولَ اللهِ ﷺ كان بَعَثَ إِلَيْكَ الْوَلِيدَ بن عُقْبَةَ فَزَعَمَ أنكَ مَنَعْتَـهُ الزكَاةَ وَأَرَدْتَ قَتْلَهُ قال لاَ والذي بَعَثَ مُحَمداً بِالْحَق ما رَأَيْتُهُ بَتةً وَلاَ أتاني فلما دخـل اⅭرث على رسول اللهِ ﷺ قال مَنَعْتَ الزكَاةَ وَأَرَدْتَ قَتلَ رسولي قال لاَ والذي بَعَثَـكَ بِالْحَق ما رَأَيْتُهُ وَلاَ أتاني وما أَقْبَلْتُ إلا حين احْتَبَسَ علي رسول اللهِ ﷺ خَشِيتُ أَنْ تَكُونَ كانت سَخْطَةً مِنَ اللهِ عز وجل وَرَسُولِهِ قال فَنَزَلَتِ الْحُجُرَاتُ (يا أَيهَا الذِينَ آمَنُـوا إن جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَينُوا أَنْ تُصِيبُوا قَوْماً بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا على ما فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ) إБ هذا الْمَكَانِ (فَضْلاً مِنَ اللهِ وَنِعْمَةً وَاللهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ).

7228 ـ ھارىس ئىبنى زىرار خۇزائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەنىدىم، مېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. مەن ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدۇم. ئاندىن مېنى زاكات بېرىشكە چاقىرىۋىدى، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولۇپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قەۋمىمگە قايتىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا ۋە زاكاتنى ئادا قىلىشقا دەۋەت قىلاي، دەۋىتىمنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ زاكىتىنى يىغاي. سەن ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق ۋاقىتلاردا ئادەم ئەۋەتكىن، مەن توپلىغان زاكاتنى ئېلىپ، ساڭا تاپشۇرسۇن، ـ دېدىم. مەن دەۋىتىمنى قوبۇل قىلغانلاردىن زاكاتنى توپلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتمەكچى بولغان ئادىمىنى ساقلاپ تۇردۇم. لېكىن ئۇ ئادەم كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ”الله تائالا ۋە ئۇنىڭ

رەسۇلىنىڭ غەزىۋى كەلگۈدەك بىرەر ئىش قىلىپ قويغان ئوخشايمەن“ دەپ ئويلاپ، قەۋمىمنىڭ ئاقساقاللىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولۇمدىكى زاكاتنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن بەلگىلىك ۋاقىتتا ئادەم ئەۋەتمەكچى بولغانىدى. پەيغەمبەر سۆزىدە تۇرىدۇ، ئادىمىنىڭ كەلمىگىنىگە قارىغاندا، غەزىپى كەلگۈدەك بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، شۇڭا بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارايلى! ـ دېدىم.

ئەسلىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنى ھارىسقا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى زاكات مالنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ئەۋەتكەنىدى، ۋەلىد يېرىم يولغا بارغاندا، قورقۇپ قايتىپ كەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ھارىس ماڭا زاكاتنى بەرگىلى ئۇنىماي، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، ـ دەپ مەلۇم قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ھارىسقا قوشۇن ئەۋەتتى. دەل شۇ پەيتتە، ھارىس ھەمراھلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، مەدىنە سىرتىدا قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قوشۇندىكىلەر:

ـ بۇ ھارىسقۇ؟ ـ دېيىشىپ، ئۇلارنى قورشىۋالدى. ھارىس ئۇلاردىن:

ـ سىلەر كىمگە ئەۋەتىلدىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ـ ساڭا، ـ دېدى، ھارىس:

ـ نېمە ئۈچۈن، ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنى ساڭا ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ كېلىپ، سېنىڭ زاكاتنى تاپشۇرمىغانلىقىڭنى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىڭنى ئېيتتى، ـ دېدى. ھارىس:

ـ ياق، مۇھەممەدنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى پەقەت كۆرۈپ باقمىدىم، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ زاكات تاپشۇرماي، ئادىمىمنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭمۇ؟ ـ دېۋىدى، ئۇ:

ـــ ياق، سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى پەقەت كۆرۈپ باقمىدىم، قېشىمغىمۇ كېلىپ باقمىدى. سەن ئەۋەتمەكچى بولغان كىشى كەلمەي، كۆڭلەر ئۆتتۈۋەرگەچكە، "الله تائالانى ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى غەزەبلەندۈرۈپ قويغان ئوخشايمەن" دەپ ئويلاپ، جامائەتنى باشلاپ ھۇزۇرۇڭغا يېتىپ كەلدىم، ـ دېدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ھۇجۇرات سۈرىسىدىكى: ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار. بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (اللهنىڭ پەيغەمبىرى) بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، لېكىن الله سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىللىرىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە فىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار اللهنىڭ پەزلى ۋە نېئمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1] دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى[2].

(ئەھمەد: 18482؛ «ئەلكەبىر»: 3395)

7229 ـ عَنْ أَبِي نَضْرَةَ قَالَ قَرَأَ أَبُو سَعِيدٍ الْخُدْرِي وَاعْلَمُوا أَن فِيكُمْ رَسُولَ اللهِ لَوْ يُطِيعُكُمْ فِي كَثِيرٍ مِنْ الْأَمْرِ لَعَنِتُّمْ قَالَ هَذَا نَبِيكُمْ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُوحَى إِلَيْهِ وَخِيَارُ أَئِمتِكُمْ لَوْ أَطَاعَهُمْ فِي كَثِيرٍ مِنْ الْأَمْرِ لَعَنِتُوا فَكَيْفَ بِكُمْ الْيَوْمَ.

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 6 ـ دىن 8 ـ ئايەتكىچە.

[2] ھەيسەمى (11352): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

7229 ــ ئەبۇ نەزرەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا اللّٰهنىڭ پەيغەمبىرى بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر چوڭ ئىماملار سانىلىدىغان تۇرۇقلۇق، ئەگەر ئۇ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار قىيىن ئەھۋالدا قالغان بولاتتى، ناۋادا بۇگۈن سىلەرگە ئىتائەت قىلىپ قالسا، ھالىڭلار نېمە بولۇپ كېتەر؟ ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3269)

7230 ـ عن أبي جَبِيرَةَ بْنُ الضحاكِ قَالَ فِينَا نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ فِي بَنِي سَلَمَةَ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ قَالَ قَدِمَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَيْسَ مِنا رَجُلٌ إلا وَلَهُ اسْمَانِ أَوْ ثَلَاثَةٌ فَجَعَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يَا فُلَانُ فَيَقُولُونَ مَهْ يَا رَسُولَ اللِه إنهُ يَغْضَبُ مِنْ هَذَا الِاسْمِ فَأُنزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ.

7230 ـ ئەبۇ جەبىيرە ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرىشماڭلار، ئىماندىن كېيىن فىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۇئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! [3] دېگەن ئايەت بىز بەنى سەلەمە جەمەتى توغرۇلۇق نازىل بولغان. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، ھەر بىرىمىزنىڭ ئىككى ــ ئۈچتىن ئىسمى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىمىزنى:

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 7 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2607): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[3] سۈرە ھۇجۇرات، 11 ـ ئايەت.

ـ ئى پالانى! ـ دەپ چاقىرسا، بىز:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداق دېمىگىن، ئۇ بۇ ئىسىمدىن خاپا بولۇپ قالىدۇ، ـ دېيىشەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ ئايەت نازىل بولدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4962)

7231 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا قَالَ الشُّعُوبُ الْقَبَائِلُ الْعِظَامُ وَالْقَبَائِلُ الْبُطُونُ.

7231 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق[2] دېگەن ئايىتىنى: مىللەتلەر ـ چوڭ قەبىلىلەردۇر؛ قەبىلىلەر بولسا ئۇرۇق ـ جەمەتلەردۇر، ـ دەپ تەپسىر قىلغان.

(بۇخارى: 3489)

7232 ـ عن أنس في قوله (ولدينا مزيد) قال يتجلى لهم كل جمعة.

7232 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ۋە بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزدا (ئۇلارغا) زىيادە (نېئمەتلەر) بار[3] دېگەن ئايىتىنى: الله تائالا ئۇلارغا ھەر جۈمە كۈنىدە بىر قېتىم تەجەللى قىلىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلغان[4].

(بەززار: 2258)

[1] ئەلبانى (4151): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت.

[3] سۈرە قاف، 35 ـ ئايەت.

[4] ھەيسەمى (11363): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئوسمان ئىبنى ئۇمەير ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

7233 ـ قَالَ ابْنُ عَباسٍ أَمَرَهُ أَنْ يُسَبحَ فِي أَدْبَارِ الصلَوَاتِ كُلهَا يَعْنِي قَوْلَهُ وَإِدْبَارَ السجُودِ.

7233 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: سەجدىدىن كېيىن تەسبىھ ئېيتقىن ① دېگەن ئايىتىنى: اللە تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر نامازدىن كېيىن، تەسبىھ ئېيتىشقا بۇيرىدى، ـ دەپ تەپسىر قىلغان.

(بۇخارى: 4852)

7234 ـ عَنْ أَنسٍ فِي قَوْلِهِ عَز وَجَل كَانُوا قَلِيلًا مِنْ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ قَالَ كَانُوا يُصَلونَ فِيمَا بَيْنَ الْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ.

7234 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ اللە تائالانىڭ: ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى ② دېگەن ئايىتىنى: شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا ناماز ئوقۇيتتى، ـ دەپ تەپسىر قىلغان③.

(ئەبۇ داۋۇد: 1322)

7235 ـ عَنِ ابن عُمَرَ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم ما فَتَحَ اللهُ على عَادٍ مِنَ الريحِ التي أُهْلِكُوا فيها إلا مِثْلَ مَوْضِعِ الْخَاتَمِ فَمَرتْ بِأَهْلِ الْبَادِيَةِ فحملت مَوَاشِيَهُمْ وَأَموَالَهُمْ فَحَمَلَتْهُمْ بين السمَاءِ وَالأَرْضِ فلما رَأَوْا ذلك أَهْلُ الْحَاضِرَةِ مِنَ الريحِ وما فيها قالوا هذا عَارِضٌ مُمْطِرُنَا فَأَلْقَتْ أَهْلَ الْبَادِيَةِ وَمَوَاشِيَهُمْ على أَهْلِ الْحَاضِرَةِ.

7235 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا ئاد قەۋمىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بوراننى ئۈزۈك چوڭلۇقىدىكى تۆشۈكتىن ئەۋەتكەنىدى، بوران سەھرالارغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى مال ـ ئۇلاغلىرى بىلەن قېتىپ ئاسمان بىلەن زېمىن

---

① سۈرە ھۇجۇرات، 40 ـ ئايەت.

② سۈرە زارىيات، 17 ـ ئايەت.

③ ئەلبانى (1174): سەھىھ ـ دېگەن.

ئارىلىقىدا ئۇچۇردى. شەھەر خەلقى بۇ بوراننى كۆرۈپ: «مانا بۇ، بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇتتۇر دېيىشتى»[1]. سەھرالىقلار ئۇلاغلىرى بىللە شەھەرلىكلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋېتىلدى»[2].
(«ئەلكەبىر»: 13553)

---

[1] سۈرە ئەھقاف، 24 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (11366): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسلىم مەلائىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## مۇندەرىجە


**ھەدىسلەر توپلىمى ........................................ 1**

بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 3

ئۇزۇك سېلىش ........................................ 9

زىننەت بۇيۇملىرى ۋە خۇشپۇراقلىق بۇيۇملار ........................................ 27

چاچ، ساقال ۋە بۇرۇت ........................................ 39

چاچ بوياش، قولغا خېنە يېقىش ۋە خەلۇق (زەپىران ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك بىر خىل خۇشپۇراق ئارىلاشمىسى) ئىشلىتىش ........ 51

خەتنە قىلىش، تىرناقلارنى ئېلىش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش، ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى ئېلىش، خال چەكتۈرۈش ۋە باشقىلار ........................................ 65

رەسىملەر، نەقىشلەر ۋە پەردىلەر ........................................ 73

خەلىپىلىك، ئەمەلدارلىق ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلار ........................................ 85

توغرا يولدا ماڭغان تۆت خەلىپە ۋە ئۇلارغا قىلىنغان بەيئەتلەر ........................................ 117

ئەمىرگە ئىتائەت قىلىش، جامائەتتىن ئايرىلماسلىق ۋە زالىم پادىشاھلار ........................................ 167

**تەپسىر بۆلۈمى ........................................ 195**

قۇرئاننىڭ پەزىلىتى، مۇئەييەن سۈرە ۋە ئايەتلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ........................................ 197

فاتىھە ۋە بەقەرە سۈرىلىرىنىڭ تەپسىرلىرى ........................................ 237

ئالى ئىمران سۈرىسى ........................................ 285

نىسا سۈرىسى ........................................ 309

مائىدە سۈرىسى ........................................ 355

ئەنئام سۈرىسى ........................................ 381

ئەئراف ۋە ئەنفال سۈرىلىرى ........................................ 395

بەرائەت (تەۋبە) سۈرىسى ........................................ 415

يۇنۇس، ھۇد، رەئد، يۇسۇف ۋە ئىبراھىم سۈرىلىرى ........................................ 457

ھىجر، نەھل ۋە ئىسرا سۈرىلىرى ........................................ 475

كەھف ۋە مەريەم سۈرىلىرى ........................................................ 491

تاھا، ئەنبىيا، ھەج ۋە مۆئمىنۇن سۈرىلىرى ..................................... 513

نۇر سۈرىسى ........................................................................... 523

فۇرقان، شۇئەرا، نەمل، قەسەس ۋە ئەنكەبۇت سۈرىلىرى ........................ 557

رۇم، لوقمان، سەجدە ۋە ئەھزاب سۈرىلىرى ..................................... 571

سەبەئ، فاتىر، ياسىن، ساففات، ساد ۋە زۇمەر سۈرىلىرى ....................... 595

مۆئمىن، سەجدە، شۇرا، زۇخرۇف ۋە دۇخان سۈرىلىرى ........................... 611

ئەھقاف، فەتھ، ھۇجۇرات ۋە زارىيات سۈرىلىرى ................................. 627